ليۇ زىشياۋ

# ئۇيغۇرلار تارىخى

## ئىككىنچى قىسىم (1)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
ئەخمەت رۇزى
ئەخمەتجان مۆمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

维吾族历史. 中编/刘志霄著;阿布来提·努尔东,艾合买提·肉孜,艾合买提江·木明译. —乌鲁木齐;新疆人民出版社,2003.6
ISBN 7—228—08108—0

Ⅰ.维... Ⅱ. ①刘... ②阿... ③艾...④艾...
Ⅲ维吾尔族—民族历史—近代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K928.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 050162 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:艾克拜尔·阿布来提
热孜瓦古丽·热合曼
封面设计:玉苏甫江·达吾提

**维吾尔族历史**(维吾尔文)
刘志霄 著
阿布来提·努尔东 等译
校定:阿布来提·努尔东

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆社会科学院印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 印张 54.25
2003 年 6 月第 1 版 2003 年 6 月第 1 次印刷
印数：1 — 500

ISBN 7—228—08108—0 定价(精装):105.00 元(全二册)



ئاپتور ليۇزىشياۋ (تارىخشۇناس، تەتقىقاتچى)



بۇ كىتاب (ئىككى قىسىم) نىڭ ئاساسلىق تەرجىمانى ۋە
تەرجىمە تەھرىرى ئابلەت نۇردۇن
(تارىخشۇناس، ئالىي مۇھەررىر)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# كىرىش سۆز

## سەيپىدىن ئەزىزى

1984 - يىلى 8 - ئايدا يولداش لىيۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) ناملىق ئەسىرىگە كىرىش سۆز يېزىپ بەرگىنىمدە ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) نى تاماملاش ئاساسىدا بۇ ئىلمىي پائالىيەتنى تېخىمۇ غەيرەت بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ھەر خىل تېمىلاردا تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر يارىتىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە لىيۇ زىشياۋ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى يىرىك ئەسىرى — «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى پۈتتۈردى.

لىيۇ زىشياۋنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن سىر ئەمەسكى، ئۇ 800 مىڭ خەتكە يېقىن «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى ئېغىر مەمۇرىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى ئۆتەش جەريانىدا يېزىپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانچىلىك يۈرەك قېنى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەسىپكە بولغان مىسلىسىز قىزغىنلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېشىمنىڭ چوڭىيىپ بېرىشى، بولۇپمۇ كونكرېت مەمۇرىيەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزگىنىمدىن كېيىن، بوش ۋاقىتلىرىمدا كۆپرەك تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە بەزى تارىخىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا خۇشتار بولۇپ قالدىم، يەنە پات - پاتلا مۇشۇ ساھەدىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئاساسىدا نەزەر

دائىرەمنى كېڭەيتىپ كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ كىتاب ئوقۇش تەسىراتلىرى، مۇھاكىمە نەتىجىلىرى ۋە سۆھبەت مەزمۇنلىرى ئاساسىدا تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەل بولغان بىر قاتار كونكرېت قاراشلىرىم شەكىللەندى. «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) غا يېزىپ بەرگەن «كىرىش سۆز» ۋە باشقا تۈرلۈك سورۇنلاردا ئۆزۈمنىڭ ئېلىمىز قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولغان دېگەن مەزمۇننى يادرو قىلغان خاس قارىشىمنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئوخشىمىغان دائىرىدە بايان قىلدىم ۋە شەرھلىدىم. بۇ خىل قارىشىمنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ تۇپرىقىدا ياشىدى، ئاۋۇدى ۋە ئەمگەك قىلدى. مىللەتلەرنىڭ بىر مەھەللىك زور كۆچۈش پائالىيەتلىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە چەكلەندى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىستىك ۋەتەنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ياشاۋاتقان بارچە مىللەتلەر ۋەتىنىمىزدىكى قەدىمىي ئاھالىلەر ئارىسىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ يىلتىزىنى تاپالايدۇ.

ئىككىنچى، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ تۇپرىقىدا ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتتى. بۇ نەتىجىلەر بولسا بۈگۈنگە قەدەر ئېلىمىز مىللەتلىرىنى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ تۇرماقتا.

ئۈچىنچى، مەيلى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم بولسۇن، مەيلى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر شەكلى بولسۇن، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى باشتىن - ئاخىر ۋەتىنىمىزنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللىرىدىكى تارىخىي تېررىتورىيىلىرىنى بىرلىكتە ئاچتى، ئىدارە قىلدى ۋە قوغدىدى.

مەن يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىنى ئېلىمىز تارىخىنىڭ ئاساسىي

ئەھۋالىنى يىغىنچاقلاپ، ئىلىمىز تارىخىنىڭ مول ۋە رەڭگا - رەڭ مەزمۇنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ھەمدە ئىلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە ئۆز ئورنى، رولى ۋە تۆھپىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، دەپ قارايمەن. يەنە كېلىپ مانا شۇ ئامىللار دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قۇدرەتلىك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ كەلدى.

تارىخ تەتقىقاتىدا مۇئەييەن بىلىش ساھەسىگە ئۆلىشىش ۋە بەلگىلىك ئەمەلىيەت جەريانىنى تاماملاشتا ھامان زامان جەھەتتىكى ئۇزۇكچىلىكلەر مەۋجۇت بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىدىلا ئىلىمىزدىكى بىر ئەۋلاد پېشقەدەم تارىخشۇناسلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى خاس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بىراق، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىشقا ئاشالماي كەلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ توسقۇنلۇقى يوقىتىلغان بولسىمۇ، بىزدە بۇ ساھە بويىچە يېتەرلىك كەسپىي خادىملارنىڭ بولماسلىق مەسىلىسى كۆرۈلدى.

يولداش لېۋ زىشياۋ خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تەربىيىلىنىپ چىققان مىللەتلەر تارىخى كەسپىدىكى مۇتەخەسسىس، ئۇ 80 - يىللاردا «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچىسىنى يېزىپ چىقتى. «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) غا مەن مۇنداق باھا بەرگەنىدىم: «بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدا قولغا كەلگەن مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشى

ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان چۈشەنچىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش، شۇنىڭدەك پۈتكۈل جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.»

«ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) دا ئالدىنقى كىتابنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بولغان مەزگىل بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندۇ.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن سانقۇچلۇقى تۈپەيلىدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى جاھانگىرلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىندى، جۇڭگونىڭ بايلىقى جاھانگىرلار تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىندى، جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلار تەرىپىدىن خارلاندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە جاھانگىرلارنىڭ قىلمىشلىرى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غەزىپىنى قوزغىدى. دېڭىز بويىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن يۈننەن ـ گۈيجۇ ئېگىزلىكىگىچە، ھىمالايا تاغلىرىغىچە، پامىر ئېگىزلىكىگىچە، ئىلى ۋادىسىغىچە، ئالتاي ئېتەكلىرىگىچە جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە لاۋۇلدىدى. ئۇيغۇر مىللىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە 100 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان جاھانگىرلىككە، فېئودالىزم دىكتاتورىسىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. بۇ كۈرەشلەر مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھايات ـ ماماتىدا بىرگە

بولۇش ۋە قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا تۇرتكە بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە يارىتىشتەك بۈيۈك مۇسابىقە، يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى بەخش ئەتتى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە ئۇيغۇر مىللىتى تاماملىغان سىياسىي ئىسلاھاتلار، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسى «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نىڭ ئاساسلىق غول ئىدىيىسىدۇر. شۈبھىسىزكى بۇ، ۋەقەلەر كۆپ يۈز بەرگەن، ھەق ـ ناھەق ئارىلىشىپ كەتكەن، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن دەۋر بولغاچقا، كۆپلىگەن تارىخشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتى ۋە بايانلىرىغا مۇئەييەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

قانداق قىلغاندا بۇ مۇرەككەپ ۋە كۆپ مەنبەلىك تارىخىي مەزمۇنلارنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ، چەك ـ چېگرالىرىنى ئايرىغىلى ۋە باھا بەرگىلى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىلىق ۋە بىرقەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىغا دائىر ئەسەرنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرا، ماتېرىيالنىڭ يېتەرلىك، پاكىتلارنىڭ توغرا ۋە بايانلارنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدۇر.

توغرا نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشتۇر. ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىمىزدىكى سىياسىي تۈرمۇشنىڭ مىزانى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلىمىي بىرىشىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيە، شۇنداقلا تارىخىي ۋەقەلەرنى پەرقلەندۈرۈش، بېكىتىش ۋە باھالاشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى،

ئۇ بىزنى مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق كۆزىتىشكە، پاكىتلارنى يەڭگىللىك بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ زىيانلىق ۋە خاتا يەكۈنلەرنى چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا يېتەكلەيدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى خاتىرىلەنگەن ۋە بايان قىلىنغان ۋەسىقە - ماتېرىياللار خېلىلا كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ خاتىرىلىرىمۇ، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرمۇ؛ جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ مەلۇماتلىرىمۇ؛ يازما بايان ۋە ئاغزاكى بايانلارمۇ بار. ھەرقانداق بىر ئاپتور ئوخشاشمىغان جەمئىيەت قاتلىمىغا ۋە ئوخشاشمىغان ھېسسىياتقا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر ۋەقەگە بولغان تونۇشى، چۈشەنچىسى ۋە خۇلاسىسى ھەممىشە خاس ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئوخشىمىغان تىپتىكى، ئوخشىمىغان شەكىلدىكى، ئوخشىمىغان تىلدىكى ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كەڭ كۆلەمدە توپلاش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مول خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كەڭ كۆلەمدە ماتېرىيال توپلاشتىكى مەقسەت پاكىتلارنى توغرا ئىگىلەشتۇر.

بىرەر تارىخىي ئەسەردە، ھەتتا بىرەر تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ھەممىشە مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى، جەريانى ۋە مۇشۇلاردا گەۋدىلەندۈرۈلگەن نەتىجە ۋە ئۈنۈم بولۇپ چىقىدۇ. بىر تارىخىي ماقالە، بىر تارىخىي ئەسەر پاكىتلارنى توغرا ئىگىلىيەلمىسە، خاتا ۋە تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ ئوقۇرمەنلەرنى روھىي جەھەتتىن زەربىگە ئۇچرىتىپ، سەلبىي ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

كۆپ قىسىم كىشىلەر تارىخ ئەسەرلىرىنى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. تارىخ ئەسىرىنىڭ بىر تۈرلۈك

ئوقۇشلۇق بولالىشى ئۈچۈن ئۇ ئەقەللىيسى پاساھەتلىك تىلدا يېزىلىشى كېرەك. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە بىر خىل ئەدەبىي ئۇسلۇب شەكىللەنگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «چوڭ تەنقىد» دەپ ئاتىشاتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەختتىن چۈشكىلى خېلى زامانلار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بەزى تارىخ ماقالىلىرى ۋە تارىخ ئەسەرلىرىنى كۆرگىنىمىزدە پات ـ پاتلا «چوڭ تەنقىد» تىپىدىكى نەرسىلەرنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. بۇ خىلدىكى بايانلارنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرى يىرىك، ئىشلىتىلگەن ئىبارىلىرى تېتىقسىز، قۇرۇلمىسىنىڭ تۇتامى يوق، بۇنداق بايانلار مەنتىقسىز بولۇشىغا قارىماي گېپىنىڭ ئۇرانى چوڭ، كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان، گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوق بەدەھەيۋەت نەرسىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغان. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن كىشىنىڭ تارىخ بىلىمى ئاشمايدۇ، پاساھەتلىك تىلدىن زوق ئالغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە ئادەم ھەسسىلەپ چارچاپ، ئېغىر بېسىم ھېس قىلىپ قالىدۇ.

ئەمدى «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. مېنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ھېس قىلغىنىم، بۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىپ يېزىلغان، بايانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك، نۇقتىئىنەزىرى توغرا بولغان ئەسەردۇر.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى جۇڭگونىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى تارىخىي پائالىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تارىخىي ۋەقەلەردە مۇجەسسەملەنگەن. مۇشۇ مەزگىلدىكى پۈتۈن مەملىكەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى

شەكىللەندۈرىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشى، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىشى، قانۇن ئۆزگەرتىپ يېڭىلىققا كۆچۈش، مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشى، مىللىي ئىنقىلاب، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىشلىرى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلدى. ئىجابىي مەنىدىكى مەنپەئەتلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشلىرىگە تۈرتكە بولغان بولسا، سەلبىي مەنىدىكى مەنبەلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيىتىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى، ھەتتا ئارقىغا چېكىنىشىگە سەۋەب بولدى.

بۇ دائىرىدىكى مەزمۇنلار «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) ناملىق مەزكۇر ئەسەردە مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۇرمۇشى پۈتۈن مەملىكەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلەش رىتىمى بىلەن تولۇق ماسلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان.

ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسى بىر مىللەتنىڭ تارىخىي پائالىيىتىدىكى ئاساسىي مەزمۇن بولۇپ، بىر مىللەت تارىخىنىڭ ئاساسلىق غول تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. مەيلى چوڭقۇر ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتايلى، ياكى زامان جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتايلى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەن

ئىلگىرى ئۇيغۇر تارىخى بايان قىلىنغان بەزى ئەسەرلەردە مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى سۈنئىي ھالدا سىياسىي تارىخقا، ھەتتا ئۇرۇش تارىخىغا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنچىۋالا كەسكىن مەسىلىلەر ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئەستايىدىل بايان قىلغان.

مەن شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىمكى، «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) دا ماتېرىياللار ناھايىتى مول. بۇ ماتېرىياللار بىر - بىرىنى دەلىللەپ، بىر - بىرىنى تولۇقلىغان، بۇ ماتېرىياللاردا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكى كۆپلىگەن پائالىيەتلىرى، رولى ۋە تۆھپىلىرى ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى كۆپلىگەن جەريانلار، ئالاھىدىلىكلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر بايان قىلىنغان.

تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق ۋە جەزىبىدار كېلىدۇ. ھەرقانداق يەككە تىللىق ماتېرىيال تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايدۇ. تارىخشۇناسلارنىڭ مەجبۇرىيىتى بولسا زور مىقداردىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆزىگە خاس ئىلمىي قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت.

مول ماتېرىياللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاپتور ماتېرىياللار بىلەن كۆپلەپ ئۇچرىشىشى كېرەك، يەنە ئۇنىڭ ماتېرىياللارنى

چۈشىنىش ئىقتىدارىمۇ بولۇشى كېرەك. بۇلاردىن ئەڭ قىيىنى تىل ۋە يېزىق ئىقتىدارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە يولداش ليۇ زىشياۋنىڭ تىل ۋە يېزىق ئىقتىدارى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى جەھەتتىكى قابىلىيىتى مۇھىم رول ئوينىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرۈپ باھا بېرەلىدى، شۇنداقلا ماتېرىياللارنى ئىلغاپ، تارىخىي تەرەققىياتلارنى توغرا ئىگىلىيەلىدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆز بايانلىرىنى تولۇق ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە دەلىللەپ چىقالىدى. ئاپتور ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنى تارىخنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدىن خەۋەردار قىلىش بىلەن بىرگە، تەتقىقاتقا ئۆزىنى ئاتىغان يەنە بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرنى ماتېرىيال ھەققىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، 800 مىڭ خەتكە يېقىن بۇ ئەسەرنى ئوقۇشچانلىقتا، ئىشەنچلىك سەۋىيىگە يەتكۈزدى.

ۋەقەلەرنى مول ماتېرىياللار ئاساسىدا بايان قىلىش — «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

بىرلىككە ئىنتىلىش، ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدىكى ئاساسىي يۈزلىنىش. جۇڭگو تارىخىدىكى زور ھەق ـ ناھەق ئىشلار مۇشۇ رامكىدىكى «ماسلىشىش» ۋە «قارشىلىق» ئارقىلىق بەلگىلىنىپ كەلگەن. بۇ خىل يۈزلىنىشكە ماسلاشقانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى، بۇ خىل تارىخىي يۈزلىنىشكە قارشى چىققانلار بولسا مۇقەررەر يوسۇندا ھالاك بولدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي پائالىيىتى شۈبھىسىزكى، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش بولدى. بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى شۇكى، ئۇيغۇر مىللىتى نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ تۇپرىقىدا

ياشىدى، ئەمگەك قىلدى ۋە ئاۋۇدى ھەمدە سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە كۈنسېرى گۈللەپ ياشنىدى.

«ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) مۇشۇ زور تارىخىي پاكىت ئاساسىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىدىكى كونكرېت ۋەقەلەرنى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە جانلىق بايان قىلىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى يەنە بىر قېتىم چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوردا كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، رۇسىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى.

بۇ جەرياننىڭ لوگىكىلىق تەرتىپى مۇنداق ئىدى: ئەڭ دەسلەپتە كۇچادا ياڭرىغان ئوق ئاۋازى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىغا ئوخشاشلا چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەققانىي كۈرەش ئىدى. چاررۇسىيە ۋە ياقۇپبەگ جۇڭگو زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بۇ قوزغىلاڭلارنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇۋەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلمىشى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى چاررۇسىيە ۋە ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتۇرۇۋالدى ۋە ۋەتەننىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ قالدى، شۇڭا ئۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس نەمۇنىلەردىن بولۇپ قالدى.

«ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان مۇشۇ بۆلەك تارىخنى يۇقىرىقى لوگىكىلىق تەرتىپتە ئېنىق ئايرىپ چىققان ھەمدە كۆپلىگەن ھەق ـ ناھەق، توغرا ۋە خاتا ھادىسىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىپ، كۆپلىگەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۆھپىسى ۋە

سەۋەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغانلىقىنى سۆزلىگەندە، ئاپتور ھەر تۇرلۇك مەنبەلەردىن ئىنچىكە نەقىللەر كەلتۇرۇش ئارقىلىق قوزغىلاڭچى ئارمىيە ۋە خەلقىنىڭ ۋەتىنىنىڭ زېمىنىنى قوغداشتىكى باتۇرلۇقى ۋە قىزغىنلىقىنى گەۋدىلەندۇرگەن. «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) يەنە ئوخشاش ئىستىبدات ۋە ئۇسلۇبتا كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ تارىم ۋادىسىدا ياقۇپبەگ بىلەن ئۇچ قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغانلىقى، بولۇپمۇ راشىدىن خوجىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئۆز نۆكەرلىرىنى ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىشقا چاقىرغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى كۇچلىرى ئارىسىدىكى چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن ئەھۋالنى زاھىر قىلىپ بېرىدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر ياقۇپبەگنىڭ ئىزچىل «ئاتالىق غازى» (غازاتچىلارنىڭ ئاتىسى) دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەنلىككە قارىتا گاڭگىراش تۇيغۇسىدا بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ يەردىكى ئىچكى سىر ياقۇپبەگنىڭ دىنداشلىقنى باھانە قىلىپ يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى توسۇغانلىقىدا ئىدى. «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) دا «تارىخى ھەمىدى» ۋە «تارىخى ئەمىنىيە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن كۆپلەپ نەقىللەرنى كەلتۇرۇش ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ خوتەندە نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى قىرغىن قىلغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشى بايان قىلىنغان ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ئۆلۇمگە پىسەنت قىلماستىن ياقۇپبەگ قوشۇنى بىلەن مەردانىلارچە كۇرەش قىلغانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇلغان. شۇنداقلا ئېپىنى كەلتۇرۇپ تۇرۇپ ياقۇپبەگنىڭ

ئەسلىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن بولغان راشىدىن خوجا، ھەبىبۇللا خوجا ۋە تومىڭ قاتارلىقلارنى قەتل قىلغان ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇزىنى ئىسلام ئاچقۇچى «ئاتالىق غازى» دەپ ئاتىۋالغان بۇ كىشىنىڭ ساختا ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىپ بېرىلگەن.

شۇبھىسىزكى، «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نىڭ يۇقىرىقى مەزمۇنلار ھەققىدىكى بايانلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. ئاپتور مۇۋاپىق لوگىكىلىق تەرتىپتە ماھىيەتلىك پاكىتلارنى گەۋدىلەندۇرۇپ، ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتا ھادىسىلەرنى ئېنىق ئايرىش مەقسىتىگە يەتكەن.

مەن ھەمىشە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بەزى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا بىر خىل بېسىم تۇيغۇسى ھېس قىلىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرى تۇتۇرۇقسىز، مەزمۇنى تېتىقسىز، ئۆلۈك شەكىلدىكى ئۆلۈك ئىبارىلەر تولىمۇ كۆپ بولغاچقا ئوقۇغانلار قېيىنىلىپ، زادىلا ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقالمايدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇب ۋەقەلەر كۆپ، شەخسلەر تېخىمۇ كۆپ، ئۆزگىرىشچان ۋە رەڭگارەڭ مەزمۇن بىلەن تولغان تارىخنى بايان قىلىشقا زادىلا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئابستراكت تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق تارىخنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلمايمەن. مېنىڭ تەكىتلەيدىغىنىم شۇكى، تارىخ ئەسەرلىرىمۇ بەلگىلىك ئەدەبىي دىت بىلەن يېزىلىشى لازىم.

«ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى ئوقۇغىنىمدا، پۈتكۈل ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. پۈتكۈل كىتابنىڭ تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك، قاتلاملىرى ئېنىق، بايانلىرى جايىدا بولۇپ، بۇ خىل ئۇسلۇبتا تارىخىي ۋەقەلەر سۆزلەنگەندە ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) دا بۇ خىل بەدىئىي

ئۇسلۇب تولۇق ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، بۇنى پۈتۈن كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى دېيىش مۇمكىن. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆز تارىخىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتى تارىخ ئېقىملىرىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىجادىي خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، شانلىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ياراتتى. بۈگۈنكى كۈندە يولداش لىۇ زىشياۋ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىش ئارقىلىق 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك سەھىپىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تارىخىنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ چىقتى. بۇ دۆلەتكە، خەلققە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىگە تەقدىم قىلىنغان تۆھپىكارلىق خىزمىتىدۇر. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا مۇشۇنداق زور ھەجىملىك ئەسەرنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا يولداش لىۇ زىشياۋ نامايان قىلغان كەسپچانلىق روھى ئۇنىڭ يېزىپ چىققان ئەسىرىگە ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولغۇسى.

ئەڭ ئاخىرىدا «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) غا يازغان «كىرىش سۆز» ۋمدىكى مۇنۇ بىر ئابزاسنى تەكرارلاش ئارقىلىق مەزكۇر بايانلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن: «ئەلۋەتتە، بۇنداق بىر چوڭ ھەجىمدىكى تارىخ ئەسىرىدە كەمچىلىك، ھەتتا ئايرىم خاتالىقلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»

1996 ـ يىلى يانۋار، بېيجىڭ

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1
مۇقەددىمە........................................ 1
بىرىنچى باب ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلار ........... 1
1- بۆلۈم ساراسىمىدە قالغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ... 1
1. ئەپيۇننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يوشۇرۇن كىرگۈزۈلۈشى ........................................ 1
2. چاررۇسىيە بىلەن قوقەند خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىمىزدىكى ئاساسىي تەھدىتكە ئايلىنىشى .......................... 5
3. چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشى ............ 13
4. ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشى ................ 18
2- بۆلۈم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدا كۆتۈرۈلگەن يېغىلىقلار ........................................ 27
1. يەتتە خوجا يېغىلىقى ................................ 27
2. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاقسۇغا توپلىنىشى ...... 32
3. يەتتە خوجىنىڭ قېچىپ كېتىشى .................... 36
4. ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى ............................ 39
5. ۋەلىخاننىڭ رەزىل قىلمىشى ........................ 49
6. ۋەلىخان توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنغان ئىشلار ........................................ 53
ئىككىنچى باب پاراكەندە يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ........................................ 71
1- بۆلۈم قىيىن شارائىتتا راۋاجلانغان ئۇيغۇر ئىقتىسادى ........................................ 71
1. يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ................ 71
2. دېھقانچىلىق، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ............ 82

2 ـ بۆلۈم تېڭىرقاش ئىچىدە گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى .............................................. 92

1. ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ........................ 92

2. مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ................................ 99

3. بىناكارلىق ........................................ 101

ئۈچىنچى باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى .......... 104

1 ـ بۆلۈم ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن كۈنلەر .............. 104

1. تۈگەپ قالغان ھەربىي راسخوت ........................ 104

2. كۈچا دېھقانلىرىنىڭ ئالۋان ـ سېلىققا قارشى كۈرىشى ... 117

3. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئەمەلدارلىرىغا بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشى .................................. 121

2ـ بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەند خانلىقى بىلەن قىلىشقان ئاخىرقى دىپلوماتىك پائالىيىتى .......... 126

1. قوقەند خانلىقى ئەلچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ............ 126

2. قوقەندنى بازا قىلغان باندىتلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قىلغان پاراكەندىچىلىكى ........................ 133

تۆتىنچى باب تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭلار .............................. 136

1 ـ بۆلۈم كۈچا قوزغىلىڭى ............................ 136

1. راشىدىننىڭ كۈچا قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولۇۋېلىشى...136

2. ئاقسۇدىكى ئۇرۇش ................................ 146

3. قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش ............................ 150

4. يەكەندىكى تۇنجى قېتىملىق جەڭ ...................... 153

5. يەكەننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئېلىنىشى .................. 156

6. يەكەننىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئېلىنىشى .................. 161

7. كۈچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ... 164

8. تۇرپان ۋە قۇمۇلنى ئىشغال قىلىش .................... 168

9. كۈچا قوزغىلىڭىنىڭ كىرىزىسقا يېتىپ قېلىشى ...... 176

2 ـ بۆلۈم خوتەن قوزغىلىڭى ............................ 181

1. خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ جەريانى ............................ 181
2. ھەبىبۇللا بىلەن كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ
توقۇنۇشۇپ قېلىشى ............................................ 186
3. ھەبىبۇللانىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرى ..................... 191
4. ھەبىبۇللانىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى يېتەرسىزلىكلىرى... 195
3 - بۆلۈم قەشقەر قوزغىلىڭى ..................................... 200
1. ھەرخىل كۈچلەرنىڭ قەشقەرگە توپلىنىشى ............ 200
2. ياقۇپبەگنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى .................. 207
3. بۇزرۇكنىڭ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىشى ............ 209
4. مۇقەررەپشابەگ ۋەقەسى........................................ 212
5. قەشقەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تەسلىم
بولۇشى ........................................................ 215
6. قوقەند قاچقۇنلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى ............ 219
7. بۇزرۇكنىڭ «بۇلاپ كېتىلىشى» ......................... 222
4 - بۆلۈم ئىلى قوزغىلىڭى ........................................ 230
1. ئابدۇرۇسۇلبەگ زامانى ......................................... 230
2. مەزەمزات زامانى ................................................. 252
3. پوچى مەھمۇد قېرى زامانى .................................. 260
4. موللا شەۋكەت ئاخۇن زامانى ............................ 263
5. ئەلاخان زامانى .................................................... 277
6. چارروسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشى........................ 284
بەشىنچى باب ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تەخرىتاغىنىڭ
جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ياقۇپبەگ باندىتلىرىغا قارشى
كۈرىشى .................................................... 295
1 - بۆلۈم ياقۇپبەگ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي
سەھنىسىدە .................................................... 295
1. ياقۇپبەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى ............................ 296
2. ئاق مەسچىت ھاكىمبېگى مەنسىپىدە .................. 298
3. بۇخاراغا تۇنجى قېتىم سەرسان بولۇش ............... 303
4. بۇخاراغا ئىككىنچى قېتىم سەرسان بولۇش.......... 306

5. موللا ئالىم قۇلنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ............ 310
6. قەشقەرگە يۈسۈپ كىرىش.................... 313
2 ـ بۆلۈم ياقۇپبەگنىڭ 1864 ـ يىلدىكى ئۇيغۇر
خەلق قوزغىلىڭىنى نابۇت قىلىشى .............. 322
1. ياقۇپبەگنىڭ خوتەن قوزغىلىڭىنى نابۇت قىلىشى...... 322
2. ياقۇپبەگنىڭ كۇچا قوزغىلىڭىنى نابۇت قىلىشى ...... 331
3. ياقۇپبەگنىڭ تەرگىرتاغنىڭ جەنۇبىنى بېسىۋېلىشى ... 340
4. ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشى ............ 351
3ـ بۆلۈم ياقۇپبەگنىڭ روسىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................ 371
1. ياقۇپبەگنىڭ روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... 371
2. ياقۇپبەگ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ........ 400
3. ياقۇپبەگنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى ........ 412
ئالتىنچى باب ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى.......... 425
1 ـ بۆلۈم ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ...................... 425
1. دېھقانچىلىق .............................. 425
2. قول سانائەت ............................. 438
3. سودا ئىشلىرى.................................. 444
4. قاتناش ئىشلىرى ............................ 454
2ـ بۆلۈم ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى ...................................... 467
1. دىن ........................................ 467
2. مەدەنىيەت ـ مائارىپ ............................ 477
3. ئۇسسۇل، مۇزىكا.................................. 483
4. ئەدەبىيات ........................................ 488
يەتتىنچى باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇب ـ شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىنىشى ...493
1ـ بۆلۈم ۋەزىيەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ كەسكىنلىك
بىلەن تەدبىر قوللىنىش.......................... 493

1. قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ...... 495
2. «دېڭىز مۇداپىئەسى» بىلەن «قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى»
ئوتتۇرىسىدىكى................................................ 498
3. ھەربىي خىراجەتنىڭ تەييارلىنىشى ................... 505
4. ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش ............ 510
2- بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ پەرمان بويىچە
قوۋۇقتىن چىقىشى ................................................ 518
1. قوشۇننىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى ................... 518
2. شىمالدا جەڭ قىلىپ، جەنۇبتا تۆھپە يارىتىش ...... 524
3. ئۈرۈمچى ئۇرۇشى.................................................. 530
4. داۋانچىڭ ئۇرۇشى ................................................ 538
5. ياقۇپبەگنىڭ كورلىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈشى ............ 544
6. بەگقۇلىبەگنىڭ ئەنجانغا قېچىپ كېتىشى............ 550
7. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى ئۈستىدىن
غەلىبە قىلىشىدىكى سەۋەبلەر ................................ 559
3- بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشى ... 580
1. جۇڭگو بىلەن رۇسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى
تالاش - تارتىشلىرى ........................................... 580
2. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيىنى ئوبيېكت
قىلغان ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ......................... 592
3. رۇسىيىنىڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۇشى ... 605
سەككىزىنچى باب شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن
كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار
رايوندا ئېلىپ بارغان زور ھەرىكىتى ................... 619
1 - بۆلۈم ئىقتىسادىي تەدبىر ................................ 619
1. دەريا - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش .................. 622
2. كەڭ - كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش .............. 629
3. باجنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، پۇلنى ئۆزگەرتىپ
بېكىتىش ........................................................... 636
4. يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش......................... 645
5. قاتناش يوللىرىنى ئېچىش .................................. 656

6. سودنى جانلاندۇرۇش ........................ 664
2 ـ بۆلۈم مەدەنىيەت تەدبىرلىرى ........................ 672
1. دىن ........................ 672
2. مائارىپ........................ 678
3. تىل ـ يېزىق ........................ 682
4. ئەدەبىي ئەسەرلەر ........................ 690
5. مۇزىكا ........................ 721
6. ئۇسسۇل ........................ 727
توققۇزىنچى باب شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇرلار ... 737
1 ـ بۆلۈم يېڭى سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرلارا رايونىدا يولغا قويۇلۇشى ........................ 737
1. ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى سىياسەتنى قوبۇل قىلىشى ...... 737
2. سودىنى گۈللەندۇرۇش ........................ 743
3. سانائەت بەرپا قىلىش ........................ 747
4. يېزا ئىگىلىكىنى كېڭەيتىش........................ 749
5. كان ئېچىش ........................ 754
6. مائارىپنى گۈللەندۇرۇش ........................ 759
2 ـ بۆلۈم تورپاقلارنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى كۆرىشى ...... 768
1. دېھقان شەرىۋللانىڭ ئۆلۈۋېلىشى ........................ 768
2. ۋاڭ ئوردىسىنى قورشاش........................ 771
3. ياڭ زېڭشىننىڭ ياراشتۇرۇشى........................ 774
4. قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارشى كۆرشىنىڭ باستۇرۇلۇشى ........................ 777
3ـ بۆلۈم ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى........................ 781
1. ئۇرۇمچى قوزغىلىڭى........................ 781
2. كۇرە قوزغىلىڭى ........................ 790
3. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ........................ 798
4 ـ بۆلۈم قۇمۇل، چىرا دېھقانلىرىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۆرەشلىرى ........................ 803

1. تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ........................................ 803
2. چېرا ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى ................................................ 818
ئونىنچى باب ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تەدبىرلىرى........................ 845
1 - بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى ... 845
1. قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ........................... 845
2. مىللەتلەرنىڭ تىنچ - ئىناقلىقىنى ئىزدەش ......... 857
3. ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش........................ 863
2 - بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى ... 871
1. مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش ................................ 871
2. ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ... 875
3. ئوقەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش.................................. 881
3 - بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ مەدەنىيەت تەدبىرلىرى ... 885
1. دىنغا تايىنىش ................................................ 885
2. تىل سىياسىتى ۋە ئەمەلىيەت ............................ 890
3. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قېلىشى ... 894
ئون بىرىنچى باب شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى........................................ 902
1 - بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى .................................................. 902
1. ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ........................... 902
2. جىن شۇرېنىڭ رەئىس بولۇشى ........................ 914
3. ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئۇتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكى .................................... 923
2- بۆلۈم «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەن» قۇمۇل ۋاڭلىقى ................... 937
1. قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى ........................................ 937
2. قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى ......................... 947
3. ۋاڭلىقنىڭ زاۋال تېپىشى.................................... 975

4. «مەمۇري تۇزۇم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ........................ 984
5. «مەمۇري تۇزۇم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» جەريانىدىكى خاتالىقلار ........................ 990
6. شوپۇل ۋەقەسى ........................ 995
ئون ئىككىنچى باب قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى ........................ 1008
1 - بۆلۈم خوجىنىياز ھاجىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ... 1008
1. خوجىنىيازنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ........................ 1008
2. بىرىنچى قېتىم ھاشارغا چىقىش ........................ 1012
3. ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۇرپانغا كېتىش ........................ 1017
4. مەككىگە بېرىش ........................ 1020
5. ئالتاي تەرەپلەرگە قېچىش ........................ 1026
6. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىش ...... 1031
7. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئەمەل تۇتۇش ........................ 1035
2 - بۆلۈم خوجىنىياز ھاجىنىڭ قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ باشلامچىلىقىغا كۆرسىتىلىشى ........................ 1040
1. جىن شۇرېننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ........................ 1040
2. خوجىنىيازنىڭ باش كۆتۈرۈشى ........................ 1046
3. ما جۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى ... 1054
4. تاراتتى يىغىنى ........................ 1066
ئون ئۈچىنچى باب تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى ........................ 1081
1 - بۆلۈم ئاستانە قوزغىلىڭى ........................ 1081
1. قەدىمكى ئىدىقۇت پايتەختىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن ... 1081
2. تۇرپاننى ئېلىش ........................ 1089
3. پىچانغا ھۇجۇم قىلىش ........................ 1099
2 - بۆلۈم خوجىنىيازنىڭ تەكلىپ بويىچە تۇرپانغا كېلىشى ........................ 1110

1. خوجىنىيازنىڭ تەكلىپ بويىچە تۇرپانغا كېلىشى ...... 1110
2. لۈكچۈن مۇھاسىرىسى ........................ 1116
3. توقسۇن قوزغىلىڭى ........................ 1120
4. بوستان ئۇرۇشى ........................ 1125
3 ـ بۆلۈم شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ ھوقۇق مەركىزىگە كىرىشى ........................ 1137
1. «12 ـ ئاپرېل» ئۆزگىرىشى ........................ 1137
2. ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ........................ 1151
3. جىمسار ئۇرۇشى ........................ 1160
4. خوجىنىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى بولۇشى ........................ 1166
5. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇشى ........................ 1173
6. خوجا نىيازنىڭ قاراشەھەردە مۇداپىئەدە تۇرۇشى ... 1183
ئون تۆتىنچى باب ھەرخىل كۈچلەرنىڭ قەشقەردىكى توقۇنۇشلىرى ........................ 1291
1 ـ تۆمۈر ئەلىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى ........................ 1291
1. تۆمۈر ئەلىنىڭ بۈگۈردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ...... 1291
2. تۆمۈر ئەلىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى ........................ 1297
2 ـ بۆلۈم سابىت دامولىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى ........ 1205
1. قاراقاش ئىسيانى ........................ 1205
2. سابىت دامولىنىڭ يەكەنگە كېلىشى ........................ 1211
3. تۆمۈر ئەلىنىڭ سابىت دامولىنى نەزەربەند قىلىشى ... 1217
3ـ بۆلۈم خوجىنىيازنىڭ قەشقەرگە كىرىشى ........ 1224
1. خوجىنىيازنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشى ........................ 1224
2. خوجىنىيازنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇپ قېلىشى ........................ 1229
3. خوجىنىيازنىڭ قەشقەرگە كىرىشى ........................ 1234
4. خوجىنىيازنىڭ سابىت دامولىنى قولغا ئېلىشى ... 1243
5. خوجىنىيازنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشى ........................ 1249

ئون بەشىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ داۋالغۇش ئىچىدىكى سىياسىي ھاياتى ........................ 1256
1 - بۆلۈم شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھوقۇق مەركىزىنى قۇرۇشى .................................... 1256
1. مىللىي كادىرلارنى كۆپەيتىش ........................ 1259
2. قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش - ئېنىقلاش ................ 1259
3. ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش ........................ 1265
4. ئىشپىيونلۇق تەشكىلىنى كۈچەيتىش .................. 1267
2- بۆلۈم شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي قىياپىتىنى ئاستا- ئاستا ئاشكارىلىشى ................................ 1721
1. «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» دىن «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كىچە ......... 1271
2. مەھمۇد مۇھىتى قوشۇننى پارچىلاپ، ئۇنى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە قىستاش ........................ 1280
3. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەسكەر ئارىيەتكە ئېلىپ ماخۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنى يوقىتىش ................ 1291
4. «جاسۇسلۇق جىنايىتى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ خوجىنىيازنى قولغا ئېلىش ........................ 1299
5. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ...... 1311
6. شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چەتكە قېقىش نىيىتىدە بولۇشى ........................ 1320
7. چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىنلارنىڭ قۇربان بولۇشى ... 1329
8. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن غىپپىدە كېتىشى ...... 1340
ئون ئالتىنچى باب قىيىنچىلىق ئىچىدە قايتىدىن باش كۆتەرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى ........................................ 1357
1- بۆلۈم قىيىنچىلىق ئىچىدە راۋاجلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان ئىگىلىكى ........................ 1357
1. يېزا ئىگىلىكىنى قايتىدىن قۇرۇش .................. 1373
2. سانائەتنى بەرپا قىلىش ................................ 1391
3. قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ........... 1401

4. زامانىۋى قاتناش ـ ترانسپورتنى راۋاجلاندۇرۇش ... 1401
2 ـ بۆلۈم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى زامان مەدەنىيىتى ......... 1426
1. يېڭىچە ئىجتىمائىي تەشكىلات ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ......... 1426
2. جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى زامان مەكتەپ مائارىپى ......... 1430
3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاساسى تېما قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى زامان ئەدەبىيات-سەنئىتى ......... 1442
4. ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ يەنمۇ قېلىپلىشىشى ... 1453
5. تەۋرەپ تۇرغان ئىسلام دىنى ......... 1458

ئون يەتتىنچى باب ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ......... 1466
1 ـ بۆلۈم ئۇلاستايدا ياڭرىغان ئوق ئاۋازى ......... 1466
1. ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ......... 1466
2. ۋۇ جۇڭشىنىڭ جىددىي پەيتتە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىشى ... 1484
3. ئۇلاستايدا ياڭرىغان ئوق ئاۋازى ......... 1498
4. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى ......... 1509
2 ـ بۆلۈم ماناس دەرياسى بويىدا ......... 1525
1. شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇشى ......... 1525
2. ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇشى ......... 1535
3. جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشى ......... 1542
4. تاشقورغان رايونىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ......... 1551
5. ماناس دەرياسى بويىدا ......... 1555

ئون سەككىزىنچى باب شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت ......... 1561
1ـ بۆلۈم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ......... 1561
1. «تىنچلىق بېتىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى ......... 1561

2. ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن ئايرىلىشى ...... 1581

3. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ... 1592

4. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى ...... 1602

**2 - بۆلۈم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى ...... 1615**

1. «25 - فېۋرال ۋەقەسى» ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ...... 1615

2. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرۇشى ... 1625

3. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ غۇلجىغا قايتىشى ...... 1632

**3- بۆلۈم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش ... 1638**

1. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىدىن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغىچە ...... 1638

2. تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىش ...... 1652

3. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى گۈللەندۇرۇش ...... 1661

4. پارلاق ئەتە ئۈچۈن ...... 1670

**خاتىمە ...... 1697**

# مۇقەددىمە

مىلادىيە 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگو تەدرىجىي يېرىم مۇستەملىككە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەتكە ئايلاندى. ئۇيغۇر مىللىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ئېغىر ۋە ھاقارەتلىك تارىخنى باشتىن كەچۈردى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا كۇچا قوزغىلىڭىنى باش قىلغان 1864 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭى، قۇمۇل قوزغىلىڭىنى باش قىلغان 1931 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭى، نىلقا قوزغىلىڭىنى باش قىلغان 1944 ـ يىلىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلىڭى قاتارلىق زور سىياسىي ۋەقەلەر يۈز بەردى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى جۇڭگو يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى پۈتۈن مەملىكەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈردۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشى، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىشى، قانۇن ئۆزگەرتىپ يېڭىلىققا كۆچۈش، مىلتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشى، مىللىي ئىنقىلاب، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى ھەمدە مۇشۇ مەزگىللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي

ساھەلەردىكى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئىجابىي مەنىدىكى سەۋەبلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگەن بولسا، سەلبىي مەنىدىكى سەۋەبلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى توختىتىپ قويدى.

«ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) — 1985 ـ يىلى ۋە 1987 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان شۇ ناملىق ئەسەرنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇنىڭدا 1840 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر، مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ھەمدە يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار زور ئۆزگىرىشلەر پىلانىدىكى «ئۇيغۇر تارىخى» (ئۈچىنچى قىسىم) ناملىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

# بىرىنچى باب ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلار

## 1- بۆلۈم ساراسىمىدە قالغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى

### 1. ئەپيۇننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يوشۇرۇن كىرگۈزۈلۈشى

19 - ئەسىردىن كېيىن جاھانگىر دۆلەتلەر تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مۇستەملىكىلىك كېڭەيمىچىلىكنى شىددەت بىلەن باشلىۋەتتى، بۇلاردىن ئەڭ گەۋدىلىكى ئەنگلىيە ئىدى. 1840 - يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشى ھارپىسىدا، ئەنگلىيە ئۆز زېمىنىدىن بىرقانچە ئون باراۋەر كەڭ مۇستەملىكىگە ئىگە بولغان، مۇستەملىكىلىرى ئافرىقا، ئاسىيا، ئوكيانىيە، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىغا تارقالغان، شۇ سەۋەبتىن ئەنگلىيە ئۆزىگە كۈن پاتماس ئىمپېرىيە دەپ تەمەننا قويغانىدى①.

ئاسىيادا ئەنگلىيە جەنۇبىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ھەم ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋالغاندىن كېيىن، مەھكەم بېكىنىۋالغان جۇڭگوغا تىمىسقىلاپ كىرىۋېلىشقا تەمشەلگەنىدى.

جۇڭگونىڭ پايانسىز زېمىنىدا ھاسىل بولىدىغان تاۋار

بازارلىرى ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئېھتىياج مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئىتىگە تەقەززا بولغان دۇنياۋى جاھانگىرلارغا نىسبەتەن، شۈبھىسىزكى غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان جۇڭگودا قۇدرەت تاپقان ھەربىي كۈچلەر دۇنيانى بىر قانچە قېتىم زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋە كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. روشەنكى، نوقۇل ھەربىي كۈچ ئارقىلىق جۇڭگودا ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاقىۋەتتە، مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تاۋار — ئەپيۇن زەمبىرەك ۋە مىلتىق ئورنىدا جۇڭگو زېمىنىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى ھەم كىشىنى چۆچۈتىدىغان سۈرئەت بىلەن يامرىدى، ھەتتا ئىچىملىك ۋە چېكىملىك مەنئى قىلىنىدىغان، مۇسۇلمان ئاھالىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىمۇ ئەپيۇن يامراشقا باشلىدى②.

جۇغراپىيىلىك سەۋەب ۋەجىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا توشۇلىدىغان ئەپيۇن قۇرۇقلۇق قاتناش يوللىرىنى ئاساس قىلغانىدى. كەشمىر ـ قورۇم تېغى رايونى ئارقىلىق تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىغا تۇتاشقان يول ئۇ قاتناش يوللىرى ئىچىدىكى ئاساسلىق قاتناش لىنىيىسى ئىدى. يەنە بىر قاتناش لىنىيىسى بەدەخشان ـ قوقەند ئارقىلىق تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا تۇتىشاتتى. ئۈچىنچى قاتناش لىنىيىسى سىبىرىيە ـ ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تارباغاتاي ۋە ئىلىغا تۇتىشاتتى.

ئەپيۇن سودىسىنى كەشمىر ـ قورۇم تېغى قاتناش لىنىيىسىدە، ئاساسەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىكى ھىندىستانلىقلار ۋە كەشمىرلىكلەر؛ بەدەخشان ـ قوقەند قاتناش لىنىيىسىدە ئاساسەن قوقەندلىكلەر؛ سىبىرىيە ـ ئالتاي تاغلىرى قاتناش لىنىيىسىدە ئاساسەن

رۇسىيىلىكلەر قىلالتتى③.

جۇڭگولۇقلار ئەپيۇننىڭ دۆلەت ئۇچۇن زور ئاپەت بولۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلدى. ئەپيۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ زېھنى ۋە سالامەتلىكىنى ۋەھشىيانە دەپسەندە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ئەر - ئاياللار ئەپيۇنگە خۇمار بولۇپ چۈشكۈن، زەئىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى، جۇڭگونىڭ سان - ساناقسىز ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ئەپيۇن تۆلىمى سۈپىتىدە چەت ئەلگە ئەكېتىلدى. ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بەزى ئاقىلانە ئەربابلار: «بۇنىڭغا بەخىرامان ھالدا يەنە سەل قارايدىغان بولساق، بىرقانچە ئون يىلدىن كېيىن ئىلىمىزدە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئەسكەر قالمايدۇ، مائاش ئورنىدا بەرگۈدەك كۈمۈشمۇ قالمايدۇ» دەپ قاتتىق تەشۋىشلەندى ④.

جامائەت پىكرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، پادىشاھ داۋگۇاڭ ھۆدەيچى مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى خۇاڭ جۆسىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئەپيۇننى مەنئى قىلىش قارارىغا كەلدى. داۋگۇاڭ 10 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1838 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى لىن زېشۈ خان مۇپەتتىشى بولۇپ تەيىنلىنىپ گۇاڭجۇدا ئەپيۇننى مەنئى قىلىشقا ئەۋەتىلدى. 1839 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە، لىن زېشۈ ئەنگلىيە، ئامېرىكا سودىگەرلىرى تاپشۇرۇپ بەرگەن 19 مىڭ 187 ساندۇق، يەنى تەخمىنەن 2 مىليون 300 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئەپيۇننى گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ خۇمېن دېڭىز ساھىلىدا كۆيدۈرۈۋەتتى⑤. بۇنىڭ بىلەن لىن زېشۈنىڭ نامى ئەپيۇننى مەنئى قىلىشتىن ئىبارەت بۇ شجائەتلىك ئىش بىلەن بىللە تارىخنامىلەرگە پۈتۈلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئەپيۇننى مەنئى قىلىش پائالىيىتى ئىلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن باشلىنىپ

كەتتى. 1839 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەدلىيە ئىشلىرى ۋەزىرى خۇفېڭ پادىشاھ داۋگۇاڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، چېگرا رايون بولغان شىنجاڭدىمۇ ئەپيۇننى مەنئى قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى پادىشاھ داۋگۇاڭ شىنجاڭدا ئەپيۇننى مەنئى قىلىش توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپ، ئىلى جاڭجۈنى ھەم ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق نازارەتچى، مەسلىھەتچى، ئىش بېجىرگۈچى ئامباللارغا ئۆز جايلىرىدا ئەپيۇننى قاتتىق مەنئى قىلىشنى تاپىلىدى⑥. بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا تەكشۈرتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا چەت ئەل سودىگەرلىرى ئېلىپ كىرگەن 100 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئەپيۇن مۇسادىرە قىلىندى. يەكەننىڭ ئۆزىدىلا 66 مىڭ يۈز نەچچە سەر ئەپيۇن مۇسادىرە قىلىندى. جۈملىدىن، كەشمىر سودىگەرلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغىنى 52 مىڭ 711 سەر، بەدەخشان سودىگەرلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغىنى 1424 سەر، ھىندىستان سودىگەرلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغىنى 11 مىڭ 984 سەر بولدى⑦.

ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ ئىلى جاڭجۈنى يى شەن قاتارلىقلار تۈزۈپ چىققان ئەپيۇننى مەنئى قىلىش نىزامىنى تەستىقلىدى⑧.

ئەپيۇن مەسىلىسىدە ئەكس ئەتكىنى، ماھىيەتتە جۇڭگو بىلەن جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي كۈچ سىنىشىش ئىدى. 19 ـ ئەسىردىن كېيىن جۇڭگو ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسى، ھەربىي قوشۇننىڭ قوراللىنىش سەۋىيىسى ھەم مەمۇرىيەت ئۈنۈمى جەھەتلەردە دۇنيا جاھانگىرلىرىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان، ھەتتا پۈتكۈل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىمۇ جۇرئەت ـ شىجائەتتىن مەھرۇم قالغانىدى. شۇڭا، 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۈچ يىل ئىچىدىلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىنگلىك ھوقۇقىغا ئۇقسان، دۆلەت غۇرۇرىغا نومۇس

كەلتۈرىدىغان «گۇاڭجۇ شەرتنامىسى»، «نەنجىڭ شەرتنامىسى»، «بەش پورتتا سودا قىلىش نىزامنامىسى» نى ئىمزالىدى.

ئەپيۇن كىرگۈزۈش جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئېلىمىزدىن ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۇندۇرۇۋېلىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستىسى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار مۇشۇ يول بىلەن بىرقانچە ئون يىلدىن كېيىنلا جۇڭگونى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئەسكەردىن، مائاش ئورنىدا بەرگۈدەك كۈمۈشتىن مەھرۇم قىلالايمىز، دېگەن ئىشەنچتە ئىدى. شۇڭا، مەيلى ئىقتىسادىي مەنپەئەت ياكى سىياسىي مەنپەئەت جەھەتتىن بولسۇن، دۇنيا جاھانگىرلىرى جۇڭگوغا ئەپيۇن كىرگۈزۈشنى ھەرگىزمۇ توختاتمىدى.

دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئەپيۇننى مەنئى قىلىش ئۈچۈن تۈزگەن ۋە يولغا قويغان بىر قاتار تەدبىرلىرى بارا - بارا ئۆز رولىنى يوقاتتى.

## 2. چاررۇسىيە بىلەن قوقەند خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىمىزدىكى ئاساسىي تەھدىتكە ئايلىنىشى

17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇكرائىنا قايتىدىن رۇسىيىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، رۇسىيە دۇنيادا زېمىنى كەڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. 18 - ئەسىردىن باشلاپ، 21 يىل ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق رۇسىيە ئاخىرقى ھېسابتا شۋېيتسارىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى بالتىق دېڭىزىغىچە كېڭەيتىپ، شىمالدىن دېڭىزغا چىقىش ھوقۇقى ۋە مۇھىتىغا ئىگە بولۇۋالدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە،

روسىيە يەنە تۈركىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، قارا دېڭىزدا ئەركىن قاتناش هوقۇقىغا ئىگە بولدى. دېمەك، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا، روسىيە ئۆز ئارزۇسى بويىچە شىمالدىن ۋە جەنۇبتىن دېڭىزغا چىقىش يولىغا ئېرىشتى.

يېڭى دېڭىز يوللىرى روسىيىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئاسانلاشتۇردى. ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان يېرىم بېكىنمە هالەتتە تۇرغان بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى دېڭىز قاتناش يوللىرىغا ئېرىشكەن هامان ئىلگىرى يىراق بىلىنگەن تۇرغۇن يەرلەر بىر ـ بىرلەپ روسىيىنىڭ دېڭىز قاتناش تورلىرىغا ئۇلاندى. بۇ ئۆزگىرىشلەر روسىيىگە غايەت زور سودا مەنپەئىتى كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، روسىيە هۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ سىياسىي تەمەسىنىمۇ زورايتىۋەتتى. 19 ـ ئەسىردىن كېيىن، روسىيىنىڭ تەسىر كۈچى ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونىغا كىردى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي رايونلىرى روسىيىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈشىنىڭ نىشانى بولۇپ قالدى . 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن كېيىن، روسىيە قوشۇنلىرى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلارنى بېسىۋالدى هەم ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدىن ئالاتاۋ تاغلىرىغىچە بولغان جايلارغا قورال كۈچىگە تايىنىپ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئاهالىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، 42 ئورۇندا ئاهالىلەر نۇقتىسىنى قۇردى⑨، هەتتا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى زېمىنلىرىمىزنىمۇ چاررۇسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىندى⑩.

روسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىدە قىلىۋاتقان كېڭەيمىچىلىكى چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرىنى قاتتىق ئەنسىزلىككە سالدى. پەقەت داۋگۇاڭ يىللىرىدىلا، ئىلى

جاڭجۇڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتىگە سۇنغان مەكتۇپلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ ئىلى جاڭجۇڭىگە چۈشۈرگەن پەرمانلىرى بىرقانچە ئون پارچىگە يەتتى ⑪. شيەنفېڭ يىللىرىدا بۇ مەزمۇندىكى مەكتۇپلار ۋە پەرمانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەند خانلىقى بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىسى، سۈركىلىشلىرى ۋە توقۇنۇشلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئىشى بولۇپ قالدى.

قوقەند خانلىقى پامىرنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ مەنبەسىگە جايلاشقان. ئۇ پامىر تاغلىرىدىكى ئاسىيا قاتناش يولى ئىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىغا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا كىشىلەر دىققەت قىلغانىدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت تارىخى خاتىرىلەنگەن هۆججەتلىرىدىمۇ مۇشۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە تەبىئىي مۇھىتى تىلغا ئېلىنغان.

16 ـ ئەسىردىن كېيىن ئاۋاتلاشقان يېڭى دېڭىز يوللىرى يىپەك يولىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى تەدرىجىي يوقاتقان بولسىمۇ، مەركىزىي ئاسىيادىكى قاتناش ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ مۇشۇ دائىرىدىكى سودا پائالىيەتلىرىدە، قوقەند خانلىقى يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى بىلەن سودا قىلىشىدىكى ئاساسلىق قاتناش تۈگۈنى ئىدى. جۇڭگودىن چاي، رەۋەنلەرنى كىرگۈزۈش — قوقەند خانلىقىنىڭ خاس سودىسى ئىدى. قوقەند خانلىقى يەنە پايدىلىق جۇغراپىيىلىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان سودىگەرلەردىن نۇرغۇن ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋالاتتى. لېكىن، تاشقى شارائىتقا باغلىنىشلىق بولغان بۇنداق ئىقتىسادىي مەنپەئەت تۇراقلىق بولمايتتى، بولۇپمۇ مال

كەلتۈرۈلىدىغان رايونلاردا كۆرۈلگەن سىياسىي داۋالغۇشلار ھەمىشە قوقەند خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. مەنپەئەتلەر باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاقتىن بۇيان قوقەند خانلىقى ئېلىمىز بىلەن ئىنچىل ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىدىن كېيىن قوقەند خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بەزى ئىناقسىزلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى، قوقەند خانلىقى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا پاناھ بولۇپ بەرگەنىدى. قوقەند خانلىقىنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ھەم ئۆزىگە خاس سىياسىي مۇددىئاسى بار ئىدى، ھەم دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغانىدى. بۇ ئىككى سەۋەبنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى سەۋەب مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. چۈنكى، خوجىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئادەتتە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىلاتتى. خوجىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش — دىندىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوقەند خانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ماقۇل كۆرمىدى. چىڭ سۇلالىسى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى بۇ سەۋەبلەردىنمۇ پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى كۈنلەردە چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىدە بەكمۇ چىڭ تۇرۇۋالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوقەند خانلىقىمۇ چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارىتىلغان كەسكىن ھەرىكەتلىرىنى ئاشكىلىق يوسۇندا چەكلەپ تۇردى. شۇ سەۋەبتىن قوقەند خانلىقى چىڭ سۇلالىسى بىلەن بىر قەدەر تىنچ سىياسىي مۇناسىۋەتتە بولدى. يېرىم ئەسىر

ئۆتۈپ، 1820 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ مۇناسىۋەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. چۈنكى، قوقەند خانلىقى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىغا ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق مەدەت بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، يەنە بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىپ قەشقەر شەھىرىدە مۇداپىئەلىنىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاقىۋەتتە، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنچىتىلغان ھامان، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن شىنجاڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان نا يەنچېڭنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، قوقەندكە قارىتا سودىنى توختىتىش، يېقىن ئارىدا ئېلىمىزدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان قوقەند پۇقرالىرىنى قايتۇرۇشتەك بىر قاتار يىرىك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئېلىمىزدە داۋاملىق ئولتۇراقلىشىشقا شەرتى توشىدىغان قوقەند مۇھاجىرلىرى بولسا ئولتۇراقلىشىش مۇددىتى، مال ـ مۈلۈك سېتىۋېلىش، ھۈنەر ـ كەسىپ تاللاش جەھەتلىرىدىمۇ بىرمۇنچە چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى.

روشەنكى، چىڭ سۇلالىسى مۇنداق بىر مۇھىم پاكىتقا سەل قارىغانىدى: 19 ـ ئەسىردىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگو كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان سىياسىي بوھرانغا ۋە جاھانگىرلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەند خانلىقىغا قاراتقان بىر قاتار جازالاش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلىرى قوقەند خانلىقىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىدى، بەلكى قوقەند خانلىقىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىۋەتتى. كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، قوقەند خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئارقا ـ ئارقىدىن باستۇرۇپ كىرىپ، چىڭ سۇلالىسىنى ئۆز سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. 1829 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ قوقەند مەسىلىسى توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپ، نا يەنچېڭنىڭ قوقەندتىن

جاھانگىر خوجىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى «مۇكاپاتقا ئېرىشىش كويىدا قىلىنغان»، «مېنىڭ ئارزۇ ـ مۇددىئايىمغا خىلاپ ئىش»[12] دەپ ئەيىبلىدى.

جازا تەدبىرلىرى قوقەند خانلىقىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەن يەردە، يول قويۇش ئۇسۇللىرى قوقەند خانلىقىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەسقاتمايتتى. دەرۋەقە، 1830 ـ يىلى كۈزدە قوقەند قوشۇنلىرى جاھانگىر خوجىنىڭ ئاكىسى يۈسۈپنى دەستەك قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەنگىچە پاراكەندىچىلىك سالدى. قوقەند تاجاۋۇزچىلىرىنى زېمىنىمىزدىن چېكىندۈرۈش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئىشقا سالغان ئەسكەرلەر 30 مىڭدىن، سەرپ قىلغان كۈمۈش 8 مىليون سەردىن ئاشتى[13]. بۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ھەربىي پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوقەندكە نىسبەتەن تامامەن مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە ئۆتتى[14]. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ قوقەند خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا چاڭلىڭغا پەرمان بېرىپ، قوقەند خانلىقىغا قارىتىلغان سودا چەكلىمىسىنى بىكار قىلدى[15].

پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ مۇشۇ پەرمانى بويىچە، قوقەند خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۆزىنىڭ سودا ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، باج تۆلىمەيدىغان ئىمتىيازغىمۇ ئېرىشتى. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ناھايىتى زۆرۈركى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى قوقەند سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ قانۇنى بويىچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە 30 دىن بىر ئۆلۈش بويىچە سودا بېجى تۆلەيتتى[16]. بىراق، بۇ ۋاقىتتا قوقەند خانلىقى سودا بېجى تۆلىمەسلىك ئىمتىيازى بىلەن قانائەت ھاسىل

قىلمىدى، ئۇلار يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە قوقەند خانلىقىنىڭ سودا مەسئۇللىرىنى تۇرغۇزۇپ، قوقەند سودىگەرلىرىدىن سودا بېجى يىغىشنى تەلەپ قىلدى. 1833 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوقەند خانلىقىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، قوقەند خانلىقىنىڭ ئېلىمىز زېمىنىدا سودا مەسئۇللىرىنى تۇرغۇزۇشىغا قوشۇلدى[17]. قوقەند سودىگەرلىرى سودا مەسئۇللىرىنى «ئاقساقال» دەيتتى. قوقەند ھۆكۈمەت تەرەپ بولسا ئۇلارنى «ھۆدەيدا» دەپ ئاتايتتى.

قوقەند خانلىقىنىڭ سودا مەسئۇلى دېگەن مەنسەپ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى يازما ماتېرىياللاردا پۈتۈلگەن بولۇپ، «ھۆدەيدالار قەشقەردە سودىگەرچىلىك قىلىدىغان قوقەندلىكلەرنىلا باشقۇرىدۇ. ھاكىمبەگلىرىمىز قوقەندلىكلەردىن ئېغىر ـ بېسىق، ياۋاشلىرىنى تاللاپ ھۆدەيدا قىلىپ تەيىنلەيدۇ» دېيىلگەن[18]. ئەمدى ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلار قوقەند خانلىقى تەرىپىدىن تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلىدىغان بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي قوقەند خانلىقى قەشقەردە ئۆزىنىڭ تۇنجى سودا مەسئۇلىنى تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇغوپۇر ئىدى. بۇ كىشى بەزىدە ئابدۇقاھار ياكى ئابدۇرۇسۇل دەپمۇ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنىڭ ئىسمى نامەتجان، ئۈچىنچىسى بايخان، تۆتىنچىسى شۇكۇرخان، بەشىنچىسى سەئىدخان، ئالتىنچىسى نەسرىدىن، يەتتىنچىسى نۇرمۇھەممەد، سەككىزىنچىسى سابىت شۇكۇر ئىدى[19]. «يەتتە خوجا يېغىلىقى» ئىككىنچى سودا مەسئۇلى نامەتجاننىڭ، ۋەلىخان تۆرە يېغىلىقى بەشىنچى سودا مەسئۇلى سەئىدخاننىڭ قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قوقەند سودىگەرلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە سادىر بولغان.

قوقەند سودا مەسئۇللىرى باشقۇرۇۋاتقان قوقەند سودىگەرلىرى ئېلىمىز زېمىنىدا تەدرىجىي يوسۇندا پەۋقۇلئاددە گۈرۈھقا ئايلىنىپ، جۇڭگو قانۇنلىرىدىن ھالقىغان ئىمتىياز ۋە

هوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. قەشقەر كوناشەھەردە ھەتتا قوقەند سودا مەسئۇلىنىڭ ئىلىمىز ھاكىمبەگنى قامچىلاپ ئۇرۇش ۋەقەسى سادىر بولغان. «تارىخىي خەمسەئى شەرقى» دە شۇ مەزگىلدىكى قوقەند خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «خان (قوقەند خانىنى دېمەكچى) قەشقەرنى ئۆز زېمىنى دەپ قارايدۇ» دېيىلگەن. «تارىخىي خەمسەئى شەرقى» نىڭ مۇئەللىپى دەلىل سۈپىتىدە چوقان ۋەلىخانوف ۋەقەسىنى مىسالغا ئالغان. شۇ چاغدا، نەسرىدىن ئالتىنچى قارار سودا مەسئۇلى بولۇپ، رۇسىيە قەشقەرگە مەخپىي ئەۋەتكەن قازاق بەگزادە چوقان ۋەلىخانوفنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ چەكلىمىگەنلىكى ۋە ئۆز ۋاقتىدا قوقەند دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، قوقەندگە چاقىرتىۋېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان⑳.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەندكە نىسبەتەن جازالاشتىن سۈكۈت قىلىشقا ئۆتكەنلىكى ۋە يەنە يول قويۇشقا ماقۇل بولغانلىقى نوقۇل ھالدا كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. چۈنكى، مەيلى سان جەھەتتىن ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، قوقەند خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا تەڭلىك يوق ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، قوقەند خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئەكس ئەتكىنى پەقەتلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا، گۈللىنىشتىن زەئىپلىككە ئۆتۈش جەريانى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھالسىزلىنىشىغا ئەگىشىپ قوقەند خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قاراتقان تەھدىتى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ئاخىر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا بىر قاتار پاراكەندىچىلىكنىڭ كۆرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى.

## 3. چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشى

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا، ھەربىي ئىشلار مۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار ھەتتا مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئۆلكىلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭمۇ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلدى. جۈملىدىن، ئىستراتېگىيىلىك جايلارنى تاللاش، مۇداپىئەچى قوشۇنلارنىڭ سانىنى بەلگىلەش قاتارلىق ئىشلار گەۋدىلىك مەزمۇن ئىدى. چاڭ لىڭ بىلەن يۇ لىننىڭ ئىستراتېگىيىلىك جايلار توغرىسىدىكى پىكىرلىرى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قارار چىقىرىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى پادىشاھ داۋگۇاڭ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقىدىن تەڭشەپ چىقتى. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يەكەننى مەركەز، قەشقەر، يېڭىسار، مارالبېشىنى تايانچ نۇقتا قىلىپ، كەڭ دائىرىدە مۇداپىئە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. چاڭ لىڭ بىلەن يۇلىن ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسكەر باشلاپ ماڭغانلار غالىب ئورۇندا تۇرغاندىلا، ئاندىن دۈشمەننى مەغلۇپ قىلالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، مەسلىھەتچى ئامبالنى يەكەنگە يۆتكەشنى لايىق تاپتۇق. يەكەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركىزى قەشقەرگە ئالتە بېكەتلىك يول، يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس. ئاندىن خوتەندە تۇرۇشلۇق چېرىكچى ئامبالنى زاپاس ئورۇنغا دەسسىتىش، قەشقەردە ئالماشتۇرغۇچى چېرىكچى ئامبالدىن بىرىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى يېڭىساردا تۇرۇشلۇق چېرىكچى ئامبال بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، مارالبېشىدا چېرىكچى ئامبالدىن بىرىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى شۇۋۇزنىڭ دالدىسى قىلىش

كېرەك. ئالتە شەھەرنىڭ مۇداپىئە نۇقتىلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىرقانچە يۈز چاقىرىمدىن ئاشمايدۇ»㉑.

مۇداپىئەدە تۇرىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى تامامەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيە ئەھۋالىغا باغلىق ئىدى. 19 ـ ئەسىردىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ھەربىي پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن باشقا، خۇبېي، سىچۇەن، خېنەن، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىمۇ زور ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. ئەسكەرلەرنىڭ يۆتكىلىش دائىرىسى جۇڭگونىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قورال ـ ئەسلىھەلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان يۆتكەشكە سان ساناقسىز كۇمۇشلەر، ئاشلىق ۋە تۇرمۇش خىراجىتى سەرپ قىلىنغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەپيۇننىڭ كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزدىكى كۇمۇشلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يوللار ئارقىلىق كىشىنى چۆچۈتىدىغان سۈرئەت بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ سىرتىغا ئېقىپ كېتىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيىسىدە ئېغىر جىددىيلىك پەيدا قىلىنغانىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى بەلگىلەشتە مۇقەررەر ھالدا چىقىمنى ئازايتىش پرىنسىپ قىلىناتتى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى مەسىلىسى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىنلا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. 1829 ـ يىل 3 ـ ئايدا، پادىشاھ داۋگۇاڭ نا يەنچېڭنىڭ تەكلىپىگە تەستىق سالغاندا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئاخىرقى خۇلاسە چىقاردى.

نا يەنچېڭنىڭ تەكلىپىدە، قەشقەر قاتارلىق غەربتىكى بەش شەھەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاۋۋال ئالتە مىڭغا

يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن ئۈچ يىلدىن كېيىن ئىككى مىڭنى قىسقارتىش، بەش يىلدىن كېيىن يەنە ئىككى مىڭنى قىسقارتىش، ئاخىرىدا ئىككى مىڭ ئەسكەر ساقلاپ قېلىش دەپ تەكىتلەنگەن. پادىشاھ داۋگۇاڭ بولسا .ئىككى يىلدىن كېيىن ئىككى مىڭ ئەسكەر قىسقارتىش، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە ئىككى مىڭ ئەسكەر قىسقارتىشنى قارار قىلدى. دېمەك، پادىشاھ داۋگۇاڭ بىرىنچى تۈركۈمنىڭ قىسقارتىلىش ۋاقتىنى بىر يىل ئالدىغا سۈردى. ئىككىنچى تۈركۈمنىڭ قىسقارتىلىش ۋاقتىنىمۇ بىر يىل ئالدىغا سۈردى. يەنى تۆت يىل ئىچىدىلا تۆت مىڭ ئەسكەر قىسقارتىش تەلەپ قىلىنىدى[22].

چاڭ لىڭ نا يەنچېڭنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قوقەندنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئىشلارنى بېجىرگەندە، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە: «قەشقەر قاتارلىق بەش شەھەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىش، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان قوشۇنلاردىن ئىلى، ئۈرۈمچىگە مەنسۇپ ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ قېلىش؛ شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىگە مەنسۇپ يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەردىن تۆت مىڭنى ئېلىپ قېلىش ۋە بۇلارنى قەشقەر قاتارلىق غەربىي بەش شەھەردە تۇرغۇزۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى 12 مىڭغا يەتكۈزۈش كېرەك»[23] دەپ تەكلىپ بەردى.

1831 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى بەش مىڭغا قىسقارتىش ۋە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى مىڭغا قىسقارتىش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. چاڭ لىڭنىڭ تەكلىپىگە سېلىشتۇرغاندا، پەقەت مۇشۇ ئىككى يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەردىنلا تۆت مىڭى قىسقارتىۋېتىلگەنىدى[24]. بىر ئايدىن

كېيىن پادىشاھ داۋگۇاڭ يەنە پەرمان چىقىرىپ مارالبېشىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەردىن 1 مىڭ 500 نى قىسقارتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خوتەن بىلەن يېڭىسارغا ئەسكەر ئەۋەتىش پىلانىنىمۇ بىكار قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭ ئەسكەر قىسقارتىلدى㉕. كېيىنكى يېرىم ئاي ئىچىدە، پادىشاھ داۋگۇاڭ غەربتىكى بەش شەھەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى توغرىسىدا قايتا پەرمان چىقىرىپ، مۇشۇ دائىرىدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى توققۇز مىڭ قىلىپ بېكىتتى ㉖. ئۇزاق ئۆتمەي، پادىشاھ داۋگۇاڭ غەربىي بەش شەھەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى يەنىمۇ قىسقارتىش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. 1832 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، يەنى ئالدىنقى قېتىمقى پەرمانلاردىن توققۇز كۈن كېيىن پادىشاھ داۋگۇاڭ ھەربىي ۋەزىرنى مارالبېشىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەردىن يەنە 500 نى قىسقارتىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئۈچ مىڭ قىلىپ بېكىتىشكە، يەكەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەردىن ئىككى مىڭنى قىسقارتىۋېتىشكە بۇيرۇدى㉗. ئاقسۇ، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارانلا 6 مىڭ 500 ئەسكىرى قالدى.

1833 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ غەربىي بەش شەھەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى يەنە بىر قېتىم زور مىقداردا قىسقارتتى. ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە مارالبېشىدا تۇرۇشلۇق ئىككى مىڭ ئەسكەر تامامەن قىسقارتىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پادىشاھ داۋگۇاڭ يەنە مۇشۇ يەرلەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن قوماندانلىرىدىن جايلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىدىن ئىككى مىڭنى قىسقارتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ داۋگۇاڭ بۇ قارارنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مۇشۇ سان بويىچە قىسقارتىۋېتىلد-

ىدىغان بولسا، خوٸيخې دەرياسى بويىدىكى ئۆلكىلەردىن ۋاقتىنچە ئېلىنىدىغان ئىككى مىڭ سەر كۇمۇشنى دەرھال توختاتقىلى بولىدۇ» ㉘ .

ئېنىقكى، بۇ مەسىلىدە ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. 1833 ـ يىلدىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى ئومۇمىي كۆلىمى بىر نەچچە يۈزمىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ زېمىندا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئارانلا 2 مىڭ 500 چە قالغان. ھالبۇكى، جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىسا ئەنگلىيىنىڭ ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىسى ھىندىستان بار ئىدى. غەربتە پامىردىن ھالقىسا، قوقەند خانلىقى بار ئىدى. بۇنچىلىك ئەسكەر بىلەن مۇنچىۋالا كەڭ دائىرىدىكى مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىكى قىيىنچىلىقلارنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى.

«تارىخىي خەمسەئى شەرقى» دە غەربىي بەش شەھەرنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «قوقەندلىك ئاقساقاللار بىرەر ئىشتىن جۇڭگو ئەسكەرلىرىگە كايىپ قالسا، 15 ـ 20 ئادەمنى تاغقا چىقىرىپ قويۇپ، ئوتۇن ـ سامانغا چىققان خىتاي ئەسكىرىدىن بىر ـ ئىككىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خوجىلار كېلىپ قاپتۇ دېگەن خەۋەرنى تارقىتاتتى. بۇ خەۋەر بىلەن خىتاي ئەسكەرلەر ئاقساقالغا كىشى قوياتتى. ئاقساقالمۇ خىتايدىن ئات، قورال ـ سايمان، خىراجەت قاتارلىق چىقىملارنى ئېلىپ، 5 ـ 6 كۈن سەھرالاردا ئوۋ قىلىپ يايلاقتا يۈرەتتى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ: ‹خوجىلار كەلگەن ئىكەن، ھەيدەپ سۈرۈپ قوغلىۋەتتۇق› دەپ، خىتايلارنى كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقى قىلىۋالغانىدى» ㉙ .

غەربىي چېگرا مۇداپىئەسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر چېگرا ئىشلىرىنى چۈشىنىدىغان ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ۋە ئاممىنى قاتتىق بىئاراملىققا سالدى ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى

جەلپ قىلدى. بىراق، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۇ چاغدا بۇنىڭدىنمۇ جىددىي مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە زادىلا قويۇلمىدى.

## 4. ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشى

18 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە، چىڭ سۇلالىسى شۇبھىسىزكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۈملىدىن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە قازانغان نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولدى. دەل مۇشۇ ھەربىي ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تايىنىپ، چىڭ سۇلالىسى مۇشۇ رايوندا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مۇقىم ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالىدى. بۇ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھاسىل قىلىشتا ئەھمىيەتلىك ھەربىي تەدبىرلەر، مەسىلەن، قوماندانلىق سىستېمىسى، ئارقا سەپ تەمىناتى، ئەسكەرلەرنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەددۇتلارنىڭ توغرا قىلىنغانلىقىدىن باشقا، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ چېگرا پاسىللىرىنى قوغداپ تۇرغانلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولۇشىمۇ ئاساسلىق شەرت ئىدى. لېكىن، كىتابىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئاشۇ شەرتلەر تامامەن دېگۈدەك يوقالغانىدى.

1815 ـ يىلى يۈز بەرگەن زىياۋۇدۇن ۋەقەسىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي دائىرىلىرىدە كۆرۈلگەن سەۋەنلىك

تۆپەيلىدىن، قىرغىز قەبىلىلىرىدە چىڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن نارازىلىق پەيدا بولدى㉚. نا يەنچىك جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئىشلىرىغا تەرەددۇت قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە چيەنلۇڭ يىللىرىدا قارار قىلىنغان قىرغىز قەبىلە باشلىقلىرىغا بېرىلىدىغان يىللىق مائاش ۋە قوشۇمچە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمتىيازىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قىرغىز قەبىلىلىرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئابرويىنى قايتا تىكلەش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى. لېكىن، نايەنچېڭنىڭ بۇ تەكلىپى پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. شۇنداق قىلىپ چىڭ سۇلالىسى ئۆز سەۋەنلىكىنى تۈگىتىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتىنــى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى. كېيىن يۈز بەرگەن يەتتە خوجا يىغىلىقى، ۋەلىخان توپىلىڭى ھەم ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى جەريانىدا، چىڭ سۇلالىسىنــىڭ قىرغىز قەبىلىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىــدە ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكىدىن پەيدا بولغان ئېغىر ئاقىۋەت كىشىلەردە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىيەت سىستېمىسىدا مۇشۇ مەزگىلدە كۆرۈلگەن ئەڭ زور ئىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئىسھاق دېلوسى» چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنــــىڭ كۈچلۈك دەلىلى. ئىسھاق دېلوسىدىكى ئىككى ئاساسلىق شەخس ئىسھاق بىلەن زالۇڭا ئىدى.

ئىسھاق كۇچالىق مەشھۇر زات ھادىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. چيەنلۇڭ يىللىرى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھادىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن پەخرىي ۋەزىر، بېلى دەرىجىلىك گۇسەن بەيسى دېگەن مەرتىۋە ھەم مەنسەپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە زىگۇاڭگې ئوردىسىدا ھادىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىشتەك شۆھرەت ئاتا قىلغان㉜. ئىسھاق ھادىنىڭ

مەنسەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى بەشىنچى ئەۋلاد كىشى[33]. ئىسھاقنىڭ ئۆزى جاھانگىر خوجىنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن يەنە ئىنانچىخانلىق مەنسىپىگىمۇ ئېرىشكەن. دېلو يۈز بەرگەندە، ئىسھاق قەشقەر ياردەمچى ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.

زالۇڭا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى ئىدى. قوقەند قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەسى زالۇڭا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە سادىر بولغان. ئىسھاق دېلوسىنىڭ مۇقەددىمىسى ياڭ فاڭنىڭ ئاقسۇدىن پادىشاھ داۋگۇاڭغا سۇنغان بىر پارچە مەكتۇپىدىن باشلانغان. ياڭ فاڭ ئۆزىنىڭ مەكتۇپىدا زالۇڭانىڭ قەشقەردىن مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «بۇ قېتىم باندىتلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدە، ئىچىمىزدىكىلەرنىڭ ماسلىشىپ بەرگەنلىكى ئاساسىي سەۋەب بولغان» دېگەن ھەم ئىسھاقنى ئىچىدىن ماسلىشىپ بەرگەن دەپ ئەيىبلىگەن[34].

1831 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە چۈشۈرگەن پەرمانىدا ئىسھاقنىڭ قوقەند خانلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[35]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنى پادىشاھ داۋگۇاڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە پەرمان چىقىرىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال، زالۇڭا قەشقەردىن پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ نامىغا ئىسھاقنىڭ قوقەند بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى دەلىللەيدىغان تۆت پارچە ئىسپاتنى ئەۋەتتى. 13 كۈندىن كېيىن، يەنى 1831 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى زالۇڭا پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ نامىغا يەنە ئالتە پارچە ئىسپاتنى ئەۋەتتى. بۇ ئىسپاتلارنى ئىسھاقنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، ھاكىمبەگ، ئاۋام پۇقرالار ھەم قوقەند ئەسىرلىرى بەرگەنىدى. بۇ ئىسپاتلاردا ئىسھاقنىڭ قوقەند خانلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى دەلىللەش مەقسىتىدە

مۇنۇلار ئاساسىي پاكىت قىلىنغان: (1) ئىسھاق قوقەند خانلىقىنىڭ باستۇرۇپ كىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەربىي ئاخباراتنى يوشۇردى؛ (2) ئىسھاق قوقەند خانلىقىغا مەخپىي خەت ئەۋەتىپ قوقەندلىكلەرنى قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا تەكلىپ قىلدى؛ (3) ئىسھاق غەربتىكى تۆت شەھەردە ۋالىي بولۇشقا ئۇرۇندى؛ (4) ئىسھاق جاھانگىر خوجىنىڭ چوڭ ئانىسىنى يوشۇرۇن قوغداپ قالدى ۋەھاكازالار.

ئىسھاق دېلوسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەنلا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلدى. ھەركىم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر خۇلاسىگە كېلەلمىدى. ئىلى جاڭجۈنى چاڭ لىڭ: «ئىسھاق ۋاڭلىق مەنسىپىنىڭ ۋارىسى، بالا - چاقىلىرى ئاقسۇدا، مال - دۇنياسى كۇچادا، ئۆزىدىن قىلچىمۇ ئەندىشە قىلماسمۇ»[36] دەپ قاراپ، ئىسھاقتا دۈشمەنگە ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتى يوق دەپ ھۆكۈم قىلدى. ۋەھالەنكى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇش قىلغان ئۇرۇمچى باش نازارەتچىسى خافىڭئا بىلەن گۇيۇەن، باش نازارەتچى ياڭ فاڭلار ئىسھاق ئۈستىدە قىلىنغان ئەيىبلەشنى قۇۋۋەتلىدى.

1831 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ ئىلى جاڭجۈنى چاڭ لىڭنى ئىسھاقنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ھەم قەشقەردە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان گۇۋاھچىلارنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ سوراق قىلىشقا بۇيرۇدى[37]. ئەمما، ئەمەلىي ئەھۋال پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ مۆلچەرىدىن كۆپ مۇرەككەپ ئىدى. زالۇڭا تۇرلۇك باھانە پەيدا قىلىپ ئىسھاق قاتارلىقلارنى ئاقسۇغا يۆتكەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى[38]. ئارىدا، ئۇرۇمچى باش نازارەتچىسى خافىڭئا پادىشاھ داۋگۇاڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، بۇ دېلونى بېيجىڭغا يۆتكەپ، پادىشاھ ئۆزى ۋەكىل تەيىنلەپ سوراق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، چاڭ لىڭغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چاڭ لىڭ

نائىلاج خافىئائىنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلۇپ، پادىشاھنىڭ ئۆزى ۋەكىل تەيىنلەپ سوراق قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۆزى بولسا، بېيجىڭغا قايتىپ بېرىپ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىسھاق دېلوسىنىڭ ماجىراسىدىن قۇتۇلۇش كويىدا بولدى. ئىسھاق دېلوسىنىڭ سوراق قىلىنىشى ئېغىر توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى.

ئىسھاق دېلوسى 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا يۈز بەرگەن خېلى ئېغىر دېلولارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئىشنىڭ بېشىدىلا بۇ دېلو پادىشاھنىڭ بىۋاسىتە سۈرۈشتە قىلىشىغا قويۇلدى. بۇ دېلوغا چېتىلىدىغانلار چېگرا ئەمەلدارلىرى بىلەن نەسەبلىك ۋاڭ - بەگ ئىدى. باش سوراقچى بولسا پادىشاھ تەيىنلىگەن ۋەكىل ئىدى. دېمەك، بۇ دېلونىڭ مۇكەممەل نەتىجىگە ئېرىشەلىشى ۋە ياكى ئېرىشەلمەسلىكى، بىرمۇنچە كىشىنىڭ سىياسىي ئىستىلاپىغا چېتىلىپلا قالماستىن، بەلكى چىڭ سۇلالىسى ئالىي ھۆكۈمدارنىڭ سىياسىي ئابرۇيىغىمۇ تاقىلاتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن، پادىشاھ داۋگۇاڭ ئىسھاق دېلوسىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە سادىر بولغان بۇ بۇرۇلۇشلىرىغا كەسكىن ئىپادە بىلدۈردى. ئۇ ئاۋۋال زالۇڭانى خىزمىتىدىن بوشاتتى، ئارقىدىنلا، زالۇڭانى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇنىڭغا ئۇلاپ، زالۇڭانى ئىسھاق بىلەن بىللە ئاقسۇغا يۆتكەپ سوراق قىلىشنى كۈتۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چاڭ لىڭنى دەرھال ئاقسۇغا قايتىپ بېرىپ ئىسھاق دېلوسىنى سوراق قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا، چاڭ لىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ ۋىلايىتىگە يېتىپ بارغانىدى㊵.

1831 - يىل 8 - ئايدا ئىسھاق دېلوسى ئاقسۇدا سوراق قىلىنىپ بولۇندى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ پەرمان چىقىرىپ، ئىسھاق دېلوسى توغرىسىدا ئاخىرقى

خۇلاسە چىقاردى. پادىشاھ داۋگۇاڭ مۇنداق دېدى: « مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغان قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى زالۇڭا چېگرا ئىشلىرى بويىچە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، چېگرىنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، يەڭگىللىك بىلەن مانجۇ ـ خەنزۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئاقىۋەتتە، تامامەن مەغلۇپ بولغان. بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۇ، بەگ، ئەسكەر، پۇقرا، ھەم مۇسۇلمانلارنى مۇۋاپىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ مۇداپىئەلىنىشكە سالالمىغان ھەم بەگلەرنىڭ كونا شەھەرگە قېچىپ كېتىشىگە سۇكۇت قىلغان. كونا شەھەر قولدىن كېتىپ پۇقرالار ھودۇقۇپ پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ كەتكەندە، مۇسۇلمانلارنى قارىسىغا تۇتقۇن قىلىپ نەزەربەنت ئاستىغا ئالغانلىقتىن، پۇقرالار بىلەن ئەسكەرلەر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، زالۇڭا ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىغان. بۇ جىنايەتتىن زالۇڭا تېنىۋالالمايدۇ. دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، زالۇڭا بۇزۇقلارغا يان بېسىپ، ناچار مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، باندىتلارنىڭ سىلىق سىلىش مەقسىتىدە تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالىرىدىن پايدىلىنىپ قەستەن دېلو پەيدا قىلىپ، ئىسھاقتا ئاسىيلىق قىلدى دېگەن بەتنامىنى چاپلىغان، كېيىن ئۇ ئەيىبلىنىپ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغاندا، يەنە يالغان ـ ياۋداق سۆز بىلەن ئۆز قىلمىشىدىن تېنىۋالماقچى بولغان. زالۇڭانىڭ ئىسھاقتا تۆھمەت چاپلىغانلىق جىنايىتىنى كىچىك ئىش دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئويدۇرما سۆز بىلەن مەكتۇپ سۇنۇپ پادىشاھنى ئالدىغانلىق جىنايىتى ئېغىر. ئەسلىدە پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى قەتلە قىلىۋېتىش ھەقلىق ئىدى، بىراق، قەشقەردە ئۇچ ئاي مۇداپىئەدە تۇرۇپ شەھەرنى قوغداشتا ئاز بولسىمۇ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، كەڭچىلىك

قىلىش ھېسابىغا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، كۆز كۆنلىرىدە ئىجرا قىلىش قارارىنىڭلارنى ماقۇل كۆردۇم، كېلەر يىلى پايتەختتە سوراق قىلىنىدىغان دېلولار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىنسۇن. ھازىرچە ئۇ ئاقسۇدا كىشەن بىلەن .ئىككى ئاي تۈرمىگە سولانسۇن. ۋاقىت توشقاندا ئىشەنچلىك ئەمەلدارلارنىڭ نازارىتىدە ئەدلىيە ۋازارىتىگە كەلتۈرۈلسۇن. ئىنانچىخان ئىسھاق ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تۆھپىسىنى ھەم ۋاڭلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغاننىڭ ئۈستىگە بېيجىڭغا چاقىرتىلىپ خىزمەتكە قويۇلىدۇ. بالىسى مەمەتنى ئۆزى بىلەن بىللە بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئىسھاقنىڭ چوڭ ئوغلى ئەمەت ئاقسۇدىكى ھاكىم بەگلىك ۋەزىپىسىگە قايتا قويۇلىدۇ»41.

شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق دېلوسى زالۇڭاغا كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئىسھاق ئۆزىنىڭ ھەربىي تۆھپىسىنى ۋە ۋاڭلىق مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن خۇلاسىلەندى.

ئىسھاق دېلوسى، دەرۋەقە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تەيىنلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي ئىقتىدارىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىمۇ دەلىللىدى. 1840 ـ يىلىدىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار زور سىياسىي بورۇلۇشلار، مۇشۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنى ئومۇمىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

پايدىلانمىلار

① جون سىرى: «ئەنگلىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى»، جۇ يىلياڭ باش تەھرىرلىكىدىكى «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» 55 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىنغان.
② «چىڭ شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 326 ـ جىلد، 321 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 362 ـ جىلد، 31 ـ بەت؛ « چاررۇسىيىنىڭ

جوڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى» 2 ـ توم، 140 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان؛ [رۇسىيە] ناروچنىسكىي قاتارلىقلار تۈزگەن: «يىراق شەرق مۇناسىۋەتلىرى تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2 ـ توم 3 ـ بېتىدىن نەقىل ئېلىندى.

④ «لىن زېشۈ ئەسەرلىرى. پادىشاھقا سۇنۇلغان مەكتۇپلار»، 601 ـ بەت.

⑤ «لىن زېشۈ ئەسەرلىرى. كۈندىلىك خاتىرىلەر»، 334 ـ بەتتىن 341 ـ بەتكىچە.

⑥ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 226 ـ جىلد، 29 —، 30 ـ بەتلەر.

⑦ جوڭگو بىرىنچى تارىخىي ئارخىپ سارىيىدا ساقلانغان خۇيفىڭ، ئىبنتىبخىبگئىبلارنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى 9 پارچە مەكتۇپى.

⑧ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 331 ـ جىلد، 10 — 11 ـ بەتلەر.

⑨ «روسىيىگە قارام ئوتتۇرا ئاسىيادا ساياھەت»

⑩ بابوكوف: «سىبىرىيىدىكى خىزمەتلىرىمدىن ئەسلىمە»، 21 ـ بەت.

⑪ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى».

⑫ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىپلوماتىيىسىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار. داۋگۇاڭ سەلتەنىتى 3 ـ كىتاب»، مىنگونىڭ 21 ـ يىلى گۇگۇڭ مۇزېيى تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلىنغان.

⑬ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 182 ـ جىلد، 18 — 19 ـ بەتلەر.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 184 ـ جىلد، 12 ـ، 13 ـ، 16 ـ بەتلەر.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 201 ـ جىلد، 16 — 19 ـ بەتلەر.

⑯ «چېگرا ئىشلىرى مەھكىمىسى نىزامنامىسى»، «مالىيە مەھكىمىسى نىزامنامىسى»، «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 151 ـ جىلد، 31 ـ بەت.

⑰ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 235 ـ جىلد، 21 — 22 ـ بەتلەر؛ موللامۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، 109 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ مۇھەممەد ئاتىف: «تەۋارىخى كاشغەر»،

310 ـ بەت. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى باسقان.

⑱ «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن مۇسۇلمانلار رايونىنى تىنچىتىپ ئاسىيلار ئەۋلادلىرىغا جازا يۈرۈش قىلىش تەدبىرلىرى» 3 ـ جىلد، 37 ـ بەت.

⑲ قورمان ئەلى ھاجى خالىد: «تاۋارىخ خەمسەئى شەرقىي»، 232 — 236 ـ بەتلەر؛ 1910 ـ يىلى قازاندىكى «ئۆرنۆك» نەشرىياتىدا بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئىنىستىتۇتى باستۇرغان.

⑳ «تاۋارىخى خەمسەئى شەرقىي»، 235 ـ بەت.

㉑ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى قولىيازمىلىرى»، 367 ـ جىلد، «چاڭلىڭ».

㉒ «مەرىپەتلىك، قەيسەر ھەزرەت نايەنچېڭنىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 75 ـ جىلد؛ «چىڭ شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 15 ـ جىلد، 31 — 32 ـ بەتلەر.

㉓ «چىڭ شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 193 ـ جىلد، 31 — 32 ـ بەتلەر.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 199 ـ جىلد، 17 — 18 ـ بەتلەر.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 201 ـ جىلد، 20 — 23 ـ بەتلەر.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 202 ـ جىلد، 20 — 23 ـ بەتلەر.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 203 ـ جىلد، 12 — 15 ـ بەتلەر.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 203 ـ جىلد، 23 — 26 ـ بەتلەر.

㉙ «تاۋارىخى خەمسەئى شەرقى»، 237 ـ بەت.

㉚ «مەرىپەتلىك، قەيسەر نايەنچېڭ ھەزرەتنىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 80 ـ جىلد.

㉛ «دوڭخۇا ھۆجرىسىدىكى خاتىرىلەر. جياچىڭ»، 40 ـ جىلد؛ «چىڭ شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 150 ـ جىلد، 11 — 12 ـ بەتلەر. يۇقىرىقى كىتاب، 151 ـ جىلد، 4 — 5 ـ بەتلەر؛ «مەرىپەتلىك، قەيسەر نايەنچېڭنىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 80 ـ جىلد.

㉜ خې نىڭ: «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 12ـ جىلد، 4ـ، 5ـ، 6ـ بەتلەر.

㉝ «پادىشاھ يارلىقــى بىـــلەن تۈزۈلگەن موڭغۇل، مۇسۇلمان رايونلىرىدىكى ۋاڭ ـ بەگلەر شەجەرىسى»، 12 ـ جىلد.
㉞ «چىڭ شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 181 ـ جىلد، 24 — 26 ـ بەتلەر.
㉟ يۇقىرىقى كىتاب، 181 ـ جىلد، 24 — 26 ـ بەتلەر.
㊱ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى قولليازمىلىرى»، 367 ـ جىــلد، «چاڭلىڭ».
㊲ «چىڭ شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 183 ـ جىلد، 6 ـ بەت.
㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 183 ـ، 6 ـ بەت.
㊴ يۇقىرىقى كىتاب، 184 ـ جىلد، 29 — 30 ـ بەتلەر.
㊵ يۇقىرىقى كىتاب، 184 ـ جىلد، 30 ـ بەت.
㊶ يۇقىرىقى كىتاب، 193 ـ جىــلد، 8 ـ 12 ـ بەتلەر.

## 2ـ بۆلۈم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆتۈرۈلگەن يېغىلىقلار

### 1. يەتتە خوجا يېغىلىقى

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا، جۇڭگو زېمىنىدا خۇاڭخې دەرياسى ئۈچ قېتىم يار ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خېنەن، شەندۇڭ، ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكىلەردە ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان ئاۋام خەلق داد ـ پەرياد ئېيتىپ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ ئېغىر كۆلپەت ئىچىدە جان تالىشىۋاتاتتى. ۋەھالەنكى، شۇ مەزگىللەردە جاھانگىرلار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرگە تايىنىپ، جۇڭگونىڭ يول ۋە دېڭىز پورتلىرى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ بايلىقى ۋە خام ئەشياسىنى ۋەھشىيانە تالان ـ تاراج قىلىۋاتقانىدى. چىــڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆرۈش ئارقىلىق بىر مەھەل مەنئى قىلغان ئەپيۇن سودىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا كەلگەندە،

يېگىۋاشتىن ئەۋج ئالدى، ئەپيۇننىڭ جۇڭگودا سېتىلىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50 مىڭ ساندۇققا يەتتى، بۇنى كۈمۈش تەڭگىگە سۇندۇرغاندا، 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىمپورت سودىسىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلىدى①. ئەپيۇننىڭ كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈشى، ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگونى ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈپ، جايلاردىكى داۋالغۇشنى كۈچەيتىۋەتتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئاقىۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىققا تېخىمۇ قاتتىق پېتىپ قالدى.

جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرا رايونىدا مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر يەتتە خوجا پېغىلىقى ۋە ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى ئىدى.

يەتتە خوجا دېگەندە مۇھەممەد ئىمىن خان خوجا (كاتتا تۆرە)، كىچىك خان خوجا، تەۋەككۇل خوجا، سابىرخان خوجا، ۋەلىخان خوجا، ئاق قوچقارخان خوجا، ئىشانخان خوجىلاردىن ئىبارەت يەتتە كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «خوجا» پارسچە سۆز بولۇپ، پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ يەتتە خوجىنىڭ ھەممىسى جاھانگىر خوجىغا بىۋاستە تۇغقان كېلىدۇ. بۇلارنىڭ نەسەبنامىسىنى داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارغا تەققاسلىنىدۇ. يەنە سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپئاق خوجىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ چىقىدۇ②.

1843 - يىلى ياز كۈنلىرىدە، مەمتىمىن خوجا خان باشلىق يەتتە خوجا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قوقەند قەلئەسىدىن ئايرىلىپ

قىرغىز دالاسىدا «ئىسلام ئاچىمىز» دېگەننى شوئار قىلىپ قوزغاتقۇلۇق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەتتە خوجىنىڭ يېنىدا 6 ـ 7 يۈزچە شېرىك توپلاندى. شۇ يىلى ياز پەسلىنىڭ ئاخىرى، كۈز پەسلىنىڭ باشلىرىدا، بۇ يەتتە خوجا ئۆز شېرىكلىرىنى باشلاپ ئوش ئارقىلىق قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. ئوش قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان. ئوشتىن سەپەرگە ئاتلانغان يەتتە خوجا، يەتتە كۈن يول يۈرۈپ مىڭيول قاراۋۇلخانىسىغا كەلگەندە، قاراۋۇلخانىنى ساقلاپ ياتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى③. قىسقىغىنە جەڭدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ مۇداپىئە قوشۇنى تامامەن يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، خوجىلار ھېچقانداق ئۇنۇملۇك قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، يەتتە خوجا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان 3 مىڭچە ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار چىلىخې دەرياسى بويىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دەرھال قەشقەر يېڭى شەھەرگە چېكىنىپ كەتتى④.

قەشقەردىن يوللانغان ياردەم تىلەش مەكتۇپى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېيجىڭغا يەتكۈزۈلدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ ئىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە قارار چىقارماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، يەتتە خوجا قەشقەر يېڭى شەھەر ۋە كوناشەھەرنى قورشاۋغا ئېلىپ بولغانىدى. دەسلەپتە، يەتتە خوجا قەشقەرنى بىر يوللا ئىشغال قىلىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى بۇ مۇھىم تايانچ نۇقتىسىنى نابۇت قىلىۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسكەر كۈچى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ 3 مىڭ ئەسكىرى تەرىپىدىن مەھكەم مۇداپىئەلىنىۋاتقان قەشقەر يېڭى شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ چاغدا

بەزىلەر خوجىلارغا ئاۋۋال قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىپ ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە دالدا بولغۇدەك ئورۇنغا ئىگە بولغان تۈزۈك دەپ مەسلىھەت بەردى. بىراق، قەشقەر كونا شەھەرنى ئېلىش خوجىلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تەسكە چۈشتى. قەشقەر كونا شەھەردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ۋە ھەربىيلەر دۈشمەننىڭ قايتا ـ قايتا قىلغان ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈپ تۇردى. كېيىنكى كۈنلەردە، شەھەر ئىچىدىكى قوقەند سودىگەرلىرىنىڭ ئىچىدىن ماسلىشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە شەھەرنى ئالدى.

«تەۋارىخى كاشغەر» دېگەن كىتابتا قەشقەر كونا شەھەرنىڭ قولدىن كېتىش جەريانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «خوجىلارنىڭ كوناشەھەرنى ئېلىش ئۈمىدى بارا ـ بارا يوققا چىقىشقا باشلىدى. كوناشەھەردىكى قوقەند سودا ئاقساقىلى، سىياسىي مەمۇرىي ئەمەلدارى نىمەتخان (نامەتجان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ قوقەندنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىككىنچى قارارلىق ئاقساقىلى) قوقەندلىك سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ شەھەرنى مۇھەممەد ئىمىن خانغا بېرىۋېتىشنى قارار قىلىشتى. ئۇلار مۇھەممەد ئىمىن خان كوناشەھەرنى مۇھاسىرە قىلغان سەككىزىنچى كۈنى كېچىسى مەخپىي ھالدا كونا شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچتى. مۇھەممەد ئىمىن خان شەھەرگە كىرىپ دەرھال جارچىلار ئارقىلىق پادىشاھ بولغانلىقىنى جاكارلىدى»⑤.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇرۇش ئاساسەن قەشقەر يېڭىشەھەر ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلدى. دۈشمەنلەر يېڭى شەھەر سېپىلىنى چۆرىدەپ قورغان قوپۇرۇپ، ئۈستىگە زەمبىرەك ئورنىتىپ سېپىل ئىچىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى بىۋاستە توپقا تۇتماقچى بولدى. شۇڭا، ئىككى تەرەپ بىر مەزگىل قورغان قوپۇرۇش ۋە قورغاننى بۇزۇش بىلەن بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى توختىماي قايتارما ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن،

دۈشمەننىڭ قورغان قوپۇرۇش مۇددىئاسى ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئاشمىدى. كېيىن دۈشمەن ئىلاجسىزلىقتىن سېپىلغا يۆلىنىپ لەخمە كولاشقا كىرىشىپ، لەخمە ئارقىلىق سېپىلنى پارتلىتىۋېتىش كويىدا بولدى. لېكىن، لەخمە كولاشتا دۈچ كەلگەن مۈشەققەتلەر خوجىلارنى مۇددىئاسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. قەشقەر يېڭىشەھەرگە قارىتىلغان ھەر خىل تەدبىرلەر ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، خوجىلار قىسمەن ئەسكىرىي كۈچىنى شەرققە يۆتكەپ، يېڭىسار قاتارلىق جايلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى.

يېڭىسار قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن ئىدى. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنى چاڭلىڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن يەكەنگە يۆتكىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن يېڭىسارنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مۇھىملىقى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. شۇ يىلى يازدا، يەتتە خوجا يېڭىسارغا ھۇجۇم باشلىۋەتتى، ئەمما يېڭىساردىمۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا دۈچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەكەندىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېڭىسارغا توختىماي ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خوجىلار تەرەپ ـ تەرەپتە جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاقىۋەتتە، يېڭىساردىكى جەڭ خوجىلارغا نىسبەتەن نەتىجىسىز داۋاملىشىپ تۇرۇۋەردى⑥.

خوجىلار يېڭىساردا مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، قوشۇنىنى يەكەنگە يۆتكىدى⑦. بۇنىڭ بىلەن خوجىلار تارىمنىڭ غەربىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ئۆزئارا ئالاقىلىشىشقا ئامالسىز قالدۇرۇپ، ئۇلارنى يېگانە ئۈچ قەلئەگە قاماپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەننى تايانچ قىلىنغان غەربكە يۈزلەنگەن مۇداپىئە سىستېمىسىدا غايەت

زور يوچۇق پەيدا بولدى. بۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر مەغلۇبىيەت ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارنى مەھكەم قوغداپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، خوجىلار قوشۇنى تەخمىنەن 500 چاقىرىم كېلىدىغان بىر تارچۇق ۋادىدا تارقاق جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ جەنۇبىدا پامىر ئېگىزلىكى، شىمالىدا تەكلىماكان بار ئىدى، مۇشۇ دائىرىدە خوجىلار قوشۇنى بىرەر ئىستىھكامنى قورىمىغانلىقى ئۈچۈن، پارچىلىنىپ يوقىتىلىپ تاشلىنىش خەۋپى هامان مەۋجۇت ئىدى. بۇ خوجىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى كاۋاك ئىدى.

## 2. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاقسۇغا توپلىنىشى

1847 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى سېشيالتاي مەسلىھەتچى ئامبال يامۇلىدىكى ھۇجرىسىدا ئۆزىگە خەنجەر تىقىپ ئۆلۈۋالدى. چېگرا ئىشلىرى ئەمەلدارىنىڭ ئۆلۈۋېلىشى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى ۋە ئۇلاردا گۇمان پەيدا قىلدى. پادىشاھ داۋگۇاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر سېشيالتاينىڭ ئۆلۈۋېلىشتىكى مۇددىئاسىدىن گۇمانلىنىپ، سېشيالتاي ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، دەپ قارىدى⑧. 1848 ـ يىلى قەمەرىيە 7 ـ ئايغا كەلگەندە، چېگرا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار سېشيالتاينىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ تېگى ـ تەكتى ئاندىن ئايدىڭلاشتى. سېشيالتاينىڭ ئۆلۈم دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان شەنشى ـ گەنسۇ باش ۋالىيسى، سېشيالتاينىڭ

ئاكسى بويانتاينىڭ پادىشاھ داۋگۇاڭغا سۇنغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەن: «سېشيالتاينىڭ بۈيرۈتتىن تېلا دېگەن كىشىنى تۇتقۇن قىلغان ۋە قەتلە قىلغانلىقى توغرىسىدا پادىشاھ ئالىيلىرىغا سۇنغان مەكتۇپىدا، چېگرا سىرتىدىكى باندىتلار تامامەن تازىلىنىپ بولۇندى، دەپ مەلۇم قىلىنغان. كېيىنچە باندىتلار يەنە كېلىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئانچە ـ مۇنچە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسىنى دېگۈدەك يوقىتالماي بەك تىت ـ تىت بولغان. يەنە ئەمىلدىن ئېلىپ تاشلانغان ئاغلاقچى ئامبال كەيمىڭئا قاتارلىقلار ئىلگىرى بىرلىشىپ يۇقىرىغا مەلۇمات سۇنۇپ، ئەمىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈنگەنىدى. سېشيالتاي ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، كېيىنچە تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىقتا دۇچ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىچى پۇشۇپلا يۈردى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۆلۈپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ كەڭ قورساق بولمىغانلىقىدىن بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ھەققىدە ئېنىقلاندى»⑨. مانا بۇ سېشيالتاينىڭ چېگرا سىرتىدىكى ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا يالغان مەلۇمات يوللاپ، مەسئۇلىيەتنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىشىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سېشيالتاينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا سەۋەب بولغان كۆڭۈلسىز يامانلىشىۋاتقان چېگرا مالىمانچىلىقى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلا دىققىتىنى تارتالمىغان، شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ئەڭ ئاخىرىدا ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

ئەمەلىيەتتە، سېشيالتاي يوشۇرغان چېگرا مالىمانچىلىقى يەتتە خوجىنىڭ چېگرىدىن باستۇرۇپ كىرىدىغانلىقىنىڭ سىگنالى ئىدى. ساختا ھەربىي ئاخبارات يوللاش ئىشىغا كەلسەك، ئۇ يالغۇز سېشيالتاينىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل

يەرلىك ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللانغان چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخباراتنىڭ پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەسلىكىدىكى بىر سەۋەب، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۇتۇقى قىلماقچى بولغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر سەۋەب ئۇرغۇن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىدىن پەقەتلا خەۋەرسىز ئىكەنلىكىدىن بولغان. خوجىلار قەشقەر شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغاندا، قەشقەردىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللانغان تۇنجى جىددىي مەلۇماتتا يۇقىرىقى ئەھۋاللار يەنىمۇ دەلىللەنگەن. بۇ مەلۇماتتا كۆز ئالدىدا تۇرغان دۈشمەننىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى مۇجمەل يېزىلغان. مەقسەتلىك ھەم تەشكىللىك ئاساستا بولۇۋاتقان بۇ تاجاۋۇزچىلىق مەزكۇر مەلۇماتتا: «قەشقەرنىڭ نېرىسىدىكى ئەنجان، بۇيرۇت دېگەن جايدىكىلەر مۇسۇلمانلار تېرىقچىلىق قىلىدىغان بۇ شەھەرگە توپلىشىپ مالىمانچىلىق تۇغدۇرماقچى» ⑩ دېيىلگەن.

خوجىلار قوشۇنى قەشقەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى يېڭىشەھەردە پۈتۈنلەي قورشاۋغا ئېلىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىكى ھەربىي تارماقلار ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاندىن ھېس قىلىپ، پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ پەرمانى بويىچە خوجىلار بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچى قوماندانلىق ئاپپارات تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا شەنشى ـ گەنسۇ باش ۋالىيسى بۇيانتاتنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى⑪. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئاۋۋال شەنشى، گەنسۇ، خېنەن، خۇبېي، سەنشى قاتارلىق بەش جايدىكى خەزىنىدە زاپاس خىراجەت ساقلاشنى⑫، ئۇرۇمچى خەزىنىسىدىن يەتتە مىڭ سەر كۈمۈش، بارىكۆل ھەربىي خەزىنىسىدىن ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، جىددىي ئەھۋالدا ئىشلىتىشنى⑬ قارار قىلدى.

قوشۇن يۆتكەش بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت پىلانىدىكى مۇھىم تۈر ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇيانتايىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن يۆتكەشنى قارار قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىدىن ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇننى شىنجاڭغا يۆتكەشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا بۇ قوشۇنلار ئاقسۇدا جەم بولدى⑭.

11 - ئاينىڭ بېشىدا ئىلى، ئۈرۈمچىدىن يۆتكەلگەن قوشۇن مۇددەتتىن بۇرۇن ئاقسۇغا كېلىپ بولدى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇغا يىغىلغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى رەسمىي جەڭگە كىردى.

بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىككى ئۇرۇش لىنىيىسى بار ئىدى: بىرى، ئۇدۇل قەشقەرگە بېرىش بولۇپ، بۇ چاڭ لىگېنىڭ جاھانگىر خوجا تۇپىلىڭىنى تىنچىتىشتا باسقان يولى ئىدى؛ يەنە بىرى، زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ ئېقىنغا قارشى مېڭىپ، شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ يەكەن شەھىرىگە بېرىش بولۇپ، بۇ جاۋخۇي چوڭ - كىچىك خوجىلار تۇپىلىڭىنى تىنچىتىشتا باسقان يول ئىدى.

ئۇرۇش لىنىيىسىنى تاللاش ئۇرۇشتىكى مەقسەت - نىشانغا باغلىق ئىدى. ئۇدۇل قەشقەر شەھىرىگە بارغاندا، دۈشمەننىڭ قېچىش يولىنى توسۇپ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتقىلى بولاتتى؛ بۇرۇلۇپ يەكەن شەھىرىگە بارغاندا، دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول ئېچىلىپ قالاتتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇ قېتىم يەكەن شەھىرىگە بارىدىغان يولنى تاللىدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلار يەكەندىكى كۆكراباتقا كەلدى. بۇ يەكەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر كەنت ئىدى. بۇ كەنتتە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ يەتتە خوجا باستۇرۇپ كىرگەندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ئارخىپلىرىدىكى ۋەسىقىلەردە بۇ ئۇرۇش «كۆكراباتتىكى ئېتىزلىقلاردا ھەر خىل قوراللانغان ئون مىڭچە كىشى بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە ئېلىشماقتا. مىلتىق - زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلىمەكتە، توپ - توپ يا ئوقى ۋىژىلداپ ئۇچماقتا، پالتا - قىلىچلار يالت - يۇلت پارقىرىماقتا» دەپ تەسۋىرلەنگەن⑮. ئۇرۇشتا خوجىلار قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇدۇل يەكەن شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى.

كۆكرابات ئۇرۇشىدىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ھەربىي ۋەزىيەتمۇ ئۆزگەردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەكەندە ئۇچراشقاندىن كېيىن، كۈچلۈك زاپاس كۈچ شەكىللەندى. يېڭىسار، قەشقەرنى ساقلاپ ياتقان قوشۇن مۇشۇ زاپاس ھەربىي كۈچكە تايىنىپ، ئەپچىل جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇشتىن ئىستىھكام قۇرۇشقا ئۆتتى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مۇشۇنداق تار ھەم ئۇزۇن دائىرىدە دۈشمەننىڭ كۈچىنى بۆلۈپ تۇردى. خوجىلار قوشۇنى مۇداپىئەدە تۇرغۇدەك ئىستىھكام قۇرمىغاچقا، بىۋاستە ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان دائىرىگە كىرىپ قالدى.

## 3. يەتتە خوجىنىڭ قېچىپ كېتىشى

كۆكرابات ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالى ئۆزلىرىگە ئايان بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئات ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىش ئىستىكىدە بولدى. خوجىلارنىڭ ئىرادىسى بوشاپ ئۇرۇشقىدەك مادارى قالمىدى. «تەۋارىخى كاشغەر» دە يەتتە خوجىنىڭ قەشقەردىن ئايرىلىپ قېچىش جەريانى مۇنداق بايان قىلىنغان: «قەشقەر ئاھالىسى چىڭ قوشۇنىنىڭ مارالبېشىغا كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلاندى، شۇڭا مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ ئىلگىرىلەشكە

جۇرئەت قىلالماي قايتقىنىنى كۆرۈپ، مۇھەممەد ئىمىن خاننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك قارارىغا كەلدى. سەۋەبى شۇكى، مۇھەممەد ئىمىن خان قوقەندلىكلەرگە تۈرلۈك ئىمتىيازلارنى بەرگەنىدى. بارلىق قوقەند ھەربىيلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ھەربىي ئۇنۋان، مەمۇرىي مەنسەپلەرگە ئېرىشكەنىدى، مۇھەممەد ئىمىن خان مال ـ مۈلۈك، پۇل توپلاشتىن باشقىغا نەزەر سالماي قەشقەر ئاھالىسىنى ئېغىر ئالۋان ـ ياساقلار بىلەن ئەزمەكتە ئىدى. ئاھالىلەر مۇھەممەد ئىمىن خان شەھەرگە كىرسە چىنلىقلار بىلەن بولغان ئىشى بىر باشقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئەھۋال مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ ناھايىتى تېزلا قولغا كەلگەن تەلىيىنى يوققا چىقاردى»⑯.

11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، يەتتە خوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن تامامەن ۋاز كېچىپ ساراسىمە ئىچىدە قەشقەردىن ئايرىلىپ، چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا يېڭىسار قەلئەسى بىلەن قەشقەرشەھىرى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. لېكىن يەتتە خوجا توغرىسىدىكى بايانلار بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. يەتتە خوجىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە يەنە ئىككى ۋەقە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، يەتتە خوجىنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى چېگرا سىرتىغا مەجبۇرىي كۆچۈرگەنلىكى؛ يەنە بىرى، يەتتە خوجىنىڭ چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئاقىۋىتىدۇر.

يەتتە خوجا توپىلىڭى خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەردە يەتتە خوجىنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى چېگرا سىرتىغا مەجبۇرىي كۆچۈرگەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە بۇ ۋەقەنىڭ سىياسىي تۈسى كۈپەرەك تەكىتلەنگەن. خەلق

ئارىسىدىكى خاتىرىلەردە بولسا، بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۈستىدە كۆپرەك توختالغان. مىسال ئۈچۈن «تەۋارىخى كاشغەر» دېگەن كىتابتىكى مۇنۇ بايانلارنى ئوقۇپ بېقىش بەكمۇ ئەرزىيدۇ: «قەشقەر ئاھالىسى مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ مەغلۇپ بولغان قوشۇنى ئارقىسىدىن مىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە قوقەندكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇلاغقا مىنگەن بولسا، بەزىلىرى پىيادە ئىدى. زۆرۈر نەرسىلىرىنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن قاتتىق سوغۇقتا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار 11 ـ كۈنى تەرەك داۋاندىن ئۆتتى، شۇ چاغدا ئۆلۈم ـ يېتىم، يارىلىنىش ئانچە كۆپ بولمىغانىدى. 12 ـ كۈنى تۇيۇقسىز قاتتىق قار يېغىپ يوللار پۈتۈنلەي توسۇلۇپ كەتتى. ماغدۇرى قالماي دەم ئېلىشنى ئىستىگەنلەر ھالاك بولۇپ جەسەتلىرى ئۈزۈلمەي يېغىۋاتقان قار بىلەن شۇئانلا كۆمۈلۈپ كېتەتتى. يۈرەكنى ئېزىدىغان ئەھۋالنىڭ بىرى، كېچىدە نۇرغۇن ئادەملەر يوللارنى ۋە ئۆڭكۈرلەرنى كۆرەلمەي ھاڭلارغا چۈشۈپ كەتتى. ھەممە يەردىن ئېچىنىشلىق ئىڭراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۇلارغا كەلگەن كېلىشمەسلىكنىڭ بىر قىسمى ئىدى. كېيىنچە يېمەك ـ ئىچمەك بۇ يەردىكى ئەڭ قىممەت نەرسە بولۇپ قالدى. ئازراق يېمەكلىك، ھەتتا بىر تاۋاق سۇ ئۈچۈنمۇ 5 ـ 10 سەر تەڭگە خەجلەشكە توغرا كەلدى. 15 تەڭگىگە ئاران بىر ئەسكى چاپان سېتىۋالغىلى بولاتتى. ئۇلاردا سانقۇدەك ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. ئوزۇقلۇقى ۋە پۇلى يوق بىچارىلەر ھەمراھلىرىدىن بۇرۇنراق جان بەردى. نۇرغۇن نەرسىگە ئارزاق يېمەكلىك تېگىشكەنلەر ھاياتىنى بىرقانچە كۈن ساقلاپ قالالىدى. قەھەتچىلىك شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، نەئاتا ئوغلىغا، نە ئەر خوتۇنىغا ياردەم بېرەلمەيتتى».

مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن بۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرى پامىرنىڭ قارلىق دالاسىدا داد ـ پەرياد ئېيتىپ نىشانسىز ھەر تەرەپكە

چېپىپ يۈرگەندە، يەنە قوراللىق باندىتلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا دۇچ كەلدى. «تەۋارىخى كاشغەر» دە ئىنتايىن قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغان بۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «يوللار تامامەن جەسەت بىلەن تولدى. يۇرەكنى ئېزىدىغان بۇنداق پاجىئەنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەستۇر».

مۇھەممەد ئىمىن خانلار شۇ قاچقان پېتى سوپىقورغان دېگەن جايغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ، شۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىپ قەشقەردىن تالان ـ تاراج قىلىۋالغان 16 تۆگىگە ئارتىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى خوجىلارغا بۆلۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتقاندا، قوقەند تەرەپتىن بىر تۈركۈم قىپچاقلار پەيدا بولدى. ئۇلار گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك مۇھەممەد ئىمىن خان قاتارلىقلارغا ھۇجۇم باشلىۋەتتى. مۇھەممەد ئىمىن خان ئۆز شېرىكلىرىگە قىپچاقلار بىلەن ئېلىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېرىكلىرى بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپ، مال ـ مۈلكىنى ھەتتا خوجايىنى مۇھەممەد ئىمىننى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. قىپچاقلار مۇھەممەد ئىمىن خاننى ۋە ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ھەمراھلىرىنى ئەسىر قىلىپ قوقەندكە ئېلىپ كەتتى.

1847 ـ يىلىدىكى يەتتە خوجىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. «تارىخى خەمسەئى شەرقى» دە تۆۋەندىكىدەك مەسخىرىلىك ئىبارىلەر بىلەن يەتتە خوجا يېغىلىقىغا باھا بېرىلگەن: «بۇ خوجىلارنىڭ قەشقەردە سۈرگەن سەلتەنىتى 70 كۈن داۋام قىلدى. ھەربىرى ئون كۈندىن دەۋر سۈردى».

## 4. ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى

يەتتە خوجا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن تەگرىتاغنىڭ

جەنۇبنى قاپلاپ كەتكەن سىياسىي داۋالغۇشلارمۇ پەسەيدى. شۇنداقتىمۇ، پاراكەندىچىلىككە سەۋەب بولىدىغان بىرمۇنچە ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئامىللار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى؛ (2) قوقەند خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەنپەئەتكە ئېرىشىش تەمەسىدىن يانمىدى؛ (3) خوجىلار ئېلىمىز زېمىنىنى پارچىلاپ دىنىي تۈس ئالغان ھاكىمىيەت قۇرۇش قارا نىيىتىدىن يانمىدى.

بىرىنچى ئامىل چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىدا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى؛ ئىككىنچى ئامىل شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، قوقەند خانلىقى تۈرلۈك يوللار بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سىياسىي ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئىنتىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنى قوقەندكە نىسبەتەن داۋاملىق يول قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە قىستايتتى. ئۈچىنچى ئامىل مەيلى سىياسىي تەمە ئاساسىدا بولسۇن ۋە ياكى دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا بولسۇن، خوجىلارنىڭ داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

1852 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ تەسەۋۋۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن دەلىللەندى. ئالدى بىلەن شۇ يىلى قەمەرىيە 5 ـ ئايلاردا، سالاھىيىتى نامەلۇم بىر تۈركۈم قورallىق باندىتلار قەشقەرگە قاراشلىق قاراۋۇلخانىلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىن، قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۈچتۇرپاندىكى بەدەل قاراۋۇلخانىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ قاراۋۇلخانا ئۆيلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، قورغاننى قوغداپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ قەشقەرگە يۈز چاقىرىم كەلمەيدىغان ئاتۇشمۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. تۆت كۈندىن كېيىن قەشقەرگە قاراشلىق ئاغۇ مەھەللىسى پاراكەندى- چىلىككە ئۇچرىدى ⑰.

بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك ئارىلىقى مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان قەشقەر بىلەن ئۇچتۇرپاندا چېگرىمىزغا چېتىلىدىغان بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى پادىشاھلىق تەختىگە چىققىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان شيەنفېڭنى قاتتىق بىئاراملىققا سالدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە «ئاسىيلارنىڭ ئەۋلادى زادى كىم؟ ئۇلار نېمە سەۋەبتىن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ؟ ھازىر ئۇلار نەدە قېچىپ يۈرىدۇ؟» دېگەن مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشقا پەرمان چۈشۈردى.

پادىشاھ شيەنفېڭ پەرمان چۈشۈرۈپ ئېنىقلىماقچى بولغان ئىشلارنىڭ جاۋابى ناھايىتى تېزلا تېپىلدى. مۇشۇ بىر قاتار تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋە پاراكەندىچىلىكنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان ئادەم ۋەلىخان ئىدى. ۋەلىخان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، جاھانگىر خوجا بىلەن بىر نەۋرە تۇغقانلاردىن ئىدى. يەتتە خوجا قوغلانغاندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە، ۋەلىخان خوجىلار ئارىسىدا پەيدىنپەي داڭلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالدى.

1854 - يىلى شاھ مۆمىن ئىسىملىك بىر كىشى قەشقەردىكى خانئېرىق دېگەن مەھەللىدە ئۆزىنى خوجا ئەۋلادىمەن دەپ يۈرۈپ ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، شۇ يەردىكى قاراۋۇلخانىغا ھۇجۇم قىلىپ قاراۋۇلخانا ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاراۋۇلخانىنى كۆيدۈرۈۋەتتى⑱. بۇ ۋەقەنىڭ ئا… تىلغا ئالغۇدەك ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ۋەقە يۈز بېرىپ سامۇمۇن ھەم ئۇنىڭ شېرىكلىرى قولغا ئېلىنىپ بىراق، «خوجا ئەۋلادىمەن» دېگەن سالاھىيەتلا

پۇقرالارنى ئۆز جېنىغا زامىن بولىدىغان تەۋەككۇلچىلىككە ماڭدۇرالىغانلىقى كىشىنى قاتتىق ئويلاندۇراتتى. بۇ، خوجىلارنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يەنىلا زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

بۇنىڭغا ئۇلاپ يۈز بەرگەن يەنە بىر ۋەقە شۇ بولدىكى، ئىككىنچى يىلى، يەنى 1855 - يىل قەمەرىيە 6 - ئايدا قوقەندلىك ھۇسەن ئىشان باشلىق 13 كىشى ئاتۇشقا يوشۇرۇن كىرىپ كىشىلەرنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىۋاتقاندا، ئۇيغۇر پۇقرالىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. سوراقتا، ھۇسەن ئىشان مۇنۇلارنى ئىقرار قىلدى: «مەن ئەنجانلىق بېدىل دېگەن كىشىنىڭ كۇشكۇرتۇشىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. ئۇ قەشقەر ئاستىن ئاتۇشتا مىس كېنى ئېچىلىۋېتىپتۇ، ئالۋان - ياساق ھېددىدىن زىيادە، مۇسۇلمانلار قاتتىق نارازى بولماقتا، شۇڭا ئۇلارنى ئېزىقتۇرماق ناھايىتى ئاسان، دېدى. بۇ كىشىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپ، مەن شېرىكلىرىمنى باشلاپ يوشۇرۇن كىرىپ ماجىرا تۇغدۇرۇش ئۈمىدىدە بولدۇم»⑲. سوراقتا، ھۇسەن ئىشان يەنە ۋەلىخاننىڭ پات ئارىدا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋەلىخان خوجا شېرىكلىرىنى باشلاپ چېگرىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ قەشقەر يېنىدىكى ئۇپال ئارت ۋە تۆشۈك تاغ قاتارلىق جايلاردا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەرنى بېسىۋالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇسەن ئىشاننىڭ دېلوسى خوجىلارغا باغلىنىپ قالدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ھۇسەن ئىشانغا قاتتىق جازا بەرمەكچى بولدى ⑳.

ھۇسەن ئىشان قوقەند پۇقراسى ئىدى. شۇڭا، ئۇ قوقەند خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل ماجىرالىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قوقەند خانلىقى «بۇ قېتىمقى پاراكەندىچىلىك سىلىش ۋەقەسىنى

ۋەلىخان خوجا مەقسەتلىك پەيدا قىلغان» دېگەننــــى سەۋەب، «ۋەلىخاننى تۇتۇپ بېرىشكە ئادەم ئەۋەتتۇق» دېگەننـى شەرت قىلىپ، ھۇسەن ئىشاننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى⑫.
1856 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پادشاھ شيەنفېڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە بۇ ئىش توغرىسىــدا مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: «ئەگەر خۇدايار (قوقەند خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى) ۋەلىخان خوجىنى جازالىشىمىزغا چىقىرىپ بېرىدىغان بولسا، ھۇسەن ئىشانغا كەڭچىلىك قىلىپ ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ. ئەگەر ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ باشقىدىن ۋەقە تۇغدۇرماقچى بولسا، مەزكۇر مــەھبۇس شــۇ جــاينىــڭ ئــۆزىدە قــەتلــە قىلىنسۇن»㉒. گەرچە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىــرى ھۇسەن ئىشان دېلوسىدا ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى دۆلەت كۈچىنىڭ زەئىپلىشىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. بۇ چاغدا تەيپىڭ تيەنگو نەنجىڭنى پايتەخت قىلىپ بولغانىدى، شۇڭا قوقەند خانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكــى خوجــــلارغا قارىتىلغان چەكلىمىلەرنىمۇ بىكار قىلىۋەتتى. ۋەلىخان خوجا مۇشۇ پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى.
1857 ـ يىلى ياز پەسلىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قاتتىق پاتىپاراقچىلىق كۆتۈرۈلدى. غەربىي شىمالدا ئاقسۇدىن تارتىپ شەرقىي جەنۇبتا خوتەنگىچە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھەرقايسى تايانچ نۇقتا بازىلىرىدىن توختىماي ياردەم تىلەش مەكتۇبلىرى يوللاندى. 6 ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى قەشقەر كونا شەھەر قولدىن كەتتى㉓. شۇ كۈنى يەنە يېڭىسار كونا شەھەر قولدىن كەتتى㉔. 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يېڭىسار يېڭىشەھەرمۇ قــولدىن كەتتـــى㉕. 20 ـ كۈنـــى مارالبېشىدىكى قاراۋۇلــخانــا قــاتتـــىق ھۇجــۇمغا ئۇچرىدى㉖.

بۇنىڭغا ئۇلاپ يەكەننىڭ يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەر مۇھاسىرىدە قالدى. ئارقىدىنلا خوتەنگە ئۇلاشقان قاتناش تۈگۈنى پوسكام، گۇما قاتارلىق جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بىر ئايغا قالماي تارىمنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېگانە ئارالLارغا ئوخشاپ قالغان ھەرقايسى تايانچ نۇقتىلارغا قامىلىپ قالدى. بۇ توپىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋەلىخان خوجا ئىدى. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەر كونا شەھەر قولدىن كەتتى. ۋەلىخان خوجا داغدۇغا بىلەن شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە مۇھەممەد ئىمىن خاننى دوراپ ئۆزىنى پاشا (خان) دەپ جاكارلىدى.

ۋەلىخان توپىلىڭىدىن ئىلگىرى، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە «ھەرقايسى شەھەرلەر چېگرىنى قاتتىق قوغداپ توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم، قىلچە بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ قايتا ـ قايتا دەپ تاپىلىغانىدى. بىراق كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن، مەيلى مۇداپىئە جەھەتتىن ئېيتايلۇق ياكى چەكلەش جەھەتتىن ئېيتايلۇق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئاقىۋەتتە، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەنسىرىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كۆلىمى ۋە سۈرئىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

قەشقەرنى قوغداۋاتقان قوشۇنلار ئەۋەتكەن ياردەم تەلەپ قىلىش مەكتۇبى بېيجىڭغا يەتكۈزۈلگەن كۈندىن تارتىپ 10 نەچچە كۈن ئىچىدىلا پادىشاھ شيەنفېڭ ۋەلىخان توپىلىڭى توغرىسىدا بىر قاتار پەرمان چىقاردى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋە 19 ـ كۈنى بىردىن پەرمان چۈشۈردى[29]. بۇ پەرمانلاردا قوشۇننى يۆتكەش ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھەربىي راسخوتنى تەييارلاش ئىشلىرى

ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ۋەلىخان توپىلىڭى يۈز بەرگەن 1857 - يىلى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا نۇرغۇن مۇھىم ۋەقەلەر بولۇۋاتقان ئالاھىدە يىل ئىدى. جۈملىدىن شى داكەي 10 تۈمەنگە يېقىن ئەسكەرنى باشلاپ جياڭسۇدىن ئايرىلىپ يۈننەن - گۈيجۇ ئېگىزلىكىگە كەتكەن؛ چارروسىيە خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئېلىمىزنىڭ بىر قانچە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى بېسىۋالغان؛ ئەنگلىيە گۇاڭجۇدا «يالو ناملىق پاراخوت ۋەقەسى» تۇغدۇرغانىدى. شى داكەي چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي جۇڭگودىكى ھەربىي كۈچىنى تەۋرىتىۋەتتى، چارروسىيە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى ھەربىي كۈچىنى بەند قىلىپ تۇردى، «يالو ناملىق پاراخوت ۋەقەسى» بولسا، ئەنگلىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغىشى ئۈچۈن باھانە بولدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ۋەلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىش چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئۈچۈن بىردىنبىر چارە بولۇپ قالدى. 7- ئاينىڭ 13 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەلىخان بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ ئاقسۇدا جەم بولۇشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يۆتكىلىش بۇيرۇقى بويىچە ئىلى قوشۇنلىرىدىن 1 مىڭ 200 كىشى، قارا شەھەردىكى تورغۇتلار ۋە خوشۇت موڭغۇل ئەسكەرلىرىدىن ئۈچ مىڭ كىشى ئاجرىتىلدى. 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە ئۈرۈمچى قوشۇنلىرىدىن 1 مىڭ 500 كىشى ئاجرىتىشنى قارار قىلدى[30]. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى، قارا شەھەر ۋە ئۈرۈمچىدىن ئاتلانغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاقسۇغا قاراپ يول ئالدى.

ئاقسۇدا جەم بولغان ئالتە مىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرى

ئۆزۈنلۈقى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان تارچۇق ۋادىدا نەچچە ئون مىڭلىغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغانىدى. بۇ جەرياندا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەسكىري كۈچ سىلىشتۇرمىسىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىپلا قالماي، يەنە پايانسىز كەتكەن چۆل – جەزىرە ۋە قۇملۇقلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىدا پەيدا قىلىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىشىگىمۇ توغرا كېلەتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ۋەلىخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزگەندە، ئىلگىرىكى ئۇسۇللاردىن ۋاز كېچىپ، ئۇرۇش قىلىش دائىرىسىنى تارايتىپ، ئۇرۇش قىلىش ئورنىنى كۆپەيتىش قارارىغا كەلدى. نەتىجىدە، خوتەن بىرىنچى ئۇرۇش قىلىش ئورنى قىلىپ بەلگىلەندى.

ۋەلىخان تۈپىلىگىدىن كېيىن خوتەن تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى ئاساسىي تۈگۈن بولۇپ قالغانىدى. گەرچە خوتەن رايونى كىچىك كۆلەمدىكى پاراكەندىچىلىك ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن تارىمنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قوغداۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېغىر بولدى. سەۋەبى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قاتتىق توسالغۇ ۋە تەھدىتكە ئۇچرىغانىدى. خوتەنگە يۇرۇش قىلغۇچى قوشۇن دەسلەپتە 500 ئەسكەردىن تەركىب تاپقانىدى. كېيىن يەنە 300 ئەسكەر قوشۇلۇپ، 800 كىشىلىك قوشۇنغا ئايلاندى(31). بۇ قوشۇننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇداپىئە سېپىنى ئۈزارتىپ، ئەسكىري كۈچىنى پارچىلاش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي

كۈچى مارالبېشى ئارقىلىق يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، يەكەن شەھىرىگە يېقىن توتەي دېگەن يەردە ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازاندى. بۇ 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بولغان ۋەقە ئىدى[32]. ئەتىسى يەكەن قەلئەسى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. ۋەلىخاننىڭ ئەسكىرىي كۈچى تامامەن يەكەننىڭ غەربىگە يۆتكەلدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەكەندە جەم بولغان ئالتە مىڭچە چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرى يېڭىسارغا يۈرۈش قىلدى. چوڭ كۆۋرۈكتىكى جەڭ ۋە سۆگەتلىكتىكى جەڭلەردىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېڭىسار كونا شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. يېڭىسار يېڭىشەھەرمۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇلدى. نەتىجىدە، ۋەلىخاننىڭ ئەسكىرىي كۈچى قەشقەردىلا چەكلىنىپ قالدى. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، ۋەلىخان ھەم ئۇنىڭ شېرىكلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋالغان نۇرغۇن بايلىقلارنى ئېلىپ چېگرىدىن قېچىپ كەتتى. ۋەلىخان توپىلىڭى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

چىيەنلۇڭ يىللىرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ۋەلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئېلىپ بارغان 6 - قېتىملىق ھەربىي پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى بەش قېتىملىق ھەربىي پائالىيەت داۋاچى، ئامۇرسانا، چوڭ - كىچىك خوجا، جاھانگىرخوجا، يەتتە خوجىلارغا قارىتىلغان. بۇ بەش قېتىملىق ھەربىي پائالىيەتكە نۇرغۇن ئۆلكىلەردىن ئەسكەر يۆتكەلگەن، بىرقانچە يۈز مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىنغان، كۆلىمى چوڭ، ھەيۋىسى زور بولغانىدى. لېكىن ۋەلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىشنى، مەيلى ھەربىي قوشۇننىڭ يۆتكىلىش دائىرىسى بويىچە ئېيتايلى ۋە ياكى ھەربىي راسخوتنىڭ راسلىنىش كۆلىمى بويىچە ئېيتايلى، ئۆتكەنكى بەش قېتىملىق ھەربىي پائالىيەتكە ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. چۈنكى، بۇيرۇق بويىچە جەڭگە

ئاتلانغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇندىن ئاجرىتىلغانىدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ سانى چەكلىك بولغاچقا، توپلانغان ئەسكىرىي كۈچمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. ھەربىي راسخوت ئەھۋالىغا كەلسەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارخىپلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەربىي راسخوتنىڭ تەرەددۇتى ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ئۇرۇندالغانىدى.

بىراق، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چەكلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچكە تايىنىپ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا غايەت زور غەلىبىنى تېزلا قولغا كەلتۈرەلىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىش ھەربىي پائالىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشىغا ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى. چىڭ سۇلالىسى ئارخىپلىرىدا پۈتۈلۈشىچە، ۋەلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىش داۋامىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىرقانچە ئون ئۇيغۇر ئەمەلدار چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەننىڭ ھاكىمبېگى، ئىنانچىخانلىق پەخرىي ئۇنۋانىغا ئىگە ئەفرىدۇن، تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشىكئاغابەگ، بېيلىلىق پەخرىي ئۇنۋانىغا ئىگە مۇھەممەد ئىمىن33، خوتەننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن ئابلاش، تۆمۈر، ھوشۇر، قۇتلۇق، ئۇچتۇرپاننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن ئالاۋۇدىن، ئاقسۇنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن ھامىت، قاسىم، ئىلىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن مەزەمزات قاتارلىقلار بار34. بۇلارنىڭ ئىچىدە، يەكەننىڭ ھاكىمبېگى، ئىنانچىخانلىق پەخرىي ئۇنۋانىغا ئىگە ئەفرىدۇن دېگەن كىشىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەكەننى قوغداش ۋە دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈشتە تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىش شەرىپىگە ئېرىشكەن. تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بەگ، بېيلىلىق پەخرىي ئۇنۋانىغا ئىگە

مۇھەممەد ئىمىنگە ئۆز قالپىقىغا قوش كۆزلۈك توز پېيى قاداش ۋە پادىشاھ قەسرى بولغان چيەنچىڭ قەسرىگە كىرىش ئىمتىيازى بېرىلگەن.

## 5. ۋەلىخاننىڭ رەزىل قىلمىشلىرى

«تاۋارىخى خەمسەئى شەرقى» نىڭ مۇئەللىپى قۇرمان ئەلى خالىدىن ۋەلىخان توپىلىڭى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «(ۋەلىخان) جەمئىي 3 ئاي 18 كۈن ھۆكۈم سۈردى. ئاخىرى كېلىپ ھاكىمىيەتنى ناھايىتى ئوڭايلا قولدىن بېرىپ قويدى». ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن: «ئۇلار (ۋەلىخان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى) شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن شەھەرنى باشتىن - ئاياغ تىنچىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ نەپسى - ئارزۇسىغا ئەگىشىپ ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىپ، خەلقنىڭ پايدا - زىيىنى بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمىدى. مۇشۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن يەنە قانائەت قىلماي ئالتە شەھەر ئاھالىسىنى ئۆزىنىڭ قۇللىرى دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ جان - ماللىرىنى خالىغانچە باشقۇرۇپ كەلدى ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان بەزىبىر ناتوغرا ئىشلارنىمۇ قىلىشتى. ئاھالە يېقىنىدىن تۆۋەنگىچە خوجىلارنىڭ مۇنداق قىلىقلىرىدىن دىللىرى رەنجىپ كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن نارازى ئىدى»㉟.

«تەۋارىخى كاشغەر» نىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئاتىپ ۋەلىخان ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ رەھىمسىزلىك ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن خەلققە ھەددى - ھېسابسىز سېلىق سالدى. يۇقىرىلار ۋەلىخاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق، ئۇلاغ بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە نەپسى بالا قوقەندلىكلەرگە پۇل بېرىشى كېرەك ئىدى، خاننىڭ (ۋەلىخاننىڭ) خەزىنىسى

ھەممىدىن ئىلگىرى تولۇشى لازىم ئىدى. بۇنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. پۇقرالار ئىقتىسادىي جەھەتتە شۇنچە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەندىن باشقا، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە پوتەيلەرنى ياساشقا مەجبۇر ئىدى، ئۇلار چوڭ بىر دەريانىڭ ئېقىنىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق غايەت زور مۇستەھكەم شەھەر سېپىلىنى ئۆرۈپ سۇنى قەلئە ئىچىگە ئېقىتىش ۋە يەر ئاستىدا لەخمە كولاشقا مەجبۇرلاندى. ۋەلىخان تۆرىنىڭ زالىملىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇ ھەركۈنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن بىر تۈركۈم بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرەتتى. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ باشلىرى دەريانىڭ ئەگىمىسىگە يىغىلىپ قالدى. ئاھالە ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن تويغانلىقتىن قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن غۇلجىدىن ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن چىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىنتايىن مەمنۇنىيەت بىلەن قارشى ئالدى»[36].

موللا مۇسا سايرامى يازغان «تارىخىي ھەممىدى» ۋە «تارىخىي ئەمىنىيە» دە پۈتۈلگەن ۋەلىخانىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ئادەمنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ. تۆۋەندىكى نەقىل «تارىخىي ھەممىدى» دىن ئېلىنغان:

«يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت بار، يەنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شاخكە تۆمۈرچى (قىلىچ ياسايدىغان ئۇستا) قىلىچ تەييارلاپ، تۆرەمگە كۆرۈنۈش بېرىپ، دۇئالىرىنى ئېلىپ بىر زىيارەت قىلىپ كەلسەم دېگەن نىيەت ۋە ئارزۇدا 18 ـ 19 ياشلاردىكى تېپىلماس بىر ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ، تۆرەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، كۆرۈنۈش بېرىپ، نەزىرىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ چاغدا تۆرەم: ‹ئەي ئۇستا، بۇ قىلىچىڭىز كېسەمدۇ؟›، دەپ سورىغانىكەن، ئۇستا: ‹بەك ياخشى كېسىدۇ›، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تۆرەم: ‹ئەي ئوغۇل، ماڭا يېقىن كەل›، دەپتۇ. بۇ بالا يېقىن بېرىشى بىلەنلا قىلىچ بىلەن ئۇ بالىنىڭ گەدىنىگە ئۇرغانىكەن، بالىنىڭ بېشى سەكرەپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

تۆرەم ‹كىيسىدىكەن، ئۇستىغا تون ئېلىپ چىق›، دەپ بىر چىت تون بېرىپ چىقارتىپتۇ»(37).

«تارىخىي ئەمىنىيە» بىلەن «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ مۇئەللىپى موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە يەنە كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان بىر ۋەقەنى خاتىرىلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ۋەلىخان ئادەم بېشى بىلەن تۆت كاللا مۇنارى ياسىغان، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى ئون ئىككى گەز مىقدارى كېلەتتى»(38). ياقۇپبەگ زامانىسىدا موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇ قەلئەسىنىڭ باجگىرى مىرزا بابابەگ ھىسارنىڭ كاتىپى بولغانىدى. موللا مۇسا سايرامى سىياسىي پائالىيەتكە كىرىشكەندە، ۋەلىخان توپىلىڭى سادىر بولغىنىغا ئون يىلمۇ بولمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرۈش، ئادەم جېنىغا زامىن بولۇشنى ھەۋەس قىلغان يالغۇز ۋەلىخانلا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ياۋۇزلۇق ۋە زالىملىق ۋەلىخان باشلىق ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭمۇ ھەۋەس ـ ئىستىكى بولۇپ قالغان.

«تاۋارىخىي خەمسەئى شەرقى» نىڭ مۇئەللىپىمۇ ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى خاتىرىلىۋالغان: «بىر كۈنى خوجىلاردىن بىرى كەچلىك زىياپەت تەييارلىغانىدى، بۇنىڭغا دۇتتار، ساتار نەغمىچىلىرى ھازىر قىلىنغان ۋە زىياپەتكە كاتتىلارنىڭ ھەممىسى دەۋەت بىلەن كەلگەن. يېرىم كېچىگە يېقىن بولغاندا، خوجا ‹جاللات!›، دەپ توۋلايدۇ، قىلىچنى يالىڭاچلىغان رەھىمسىز بەھەيۋەت ئىككى كىشى ھازىر بولىدۇ. تامام كىشىنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ، قايسى بىرىمىزدىن بىرەر جىنايەت ئۆتكەندۇ دەپ تۇرۇشقاندا، خوجام نەغمىچىنىڭ بىرىنى ئىشارەت قىلىدۇ، جاللاتلار دەرھال ئۇنى ئېلىپ چىقىپ

كاللىسىنى ئالىدۇ. بۇ بىچارىنىڭ گۇناھىنى بىلىدىغان ھېچ كىشى يوق، ھېچكىم ئىغىز ئاچالمايدۇ. بەزمە يەنە ئاۋۋالقىدەك قىزىپ كېتىدۇ، كېيىن بىر ئاقسۆڭەك: «مۇشۇ بەزمە مەجلىسىدىكى نەغمىچىنىڭ كەمچىلىكى نېمە؟ نېمە ئىش بولۇپ ئۇ ئۆلۈمگە لايىق بولۇپ قالدى؟» دەپ خوجامدىن سورىغاندا، خوجا: «ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى، دېگەن»㊴.

ۋەلىخانىنىڭ مىجەز - خۇلقىدا، دەرۋەقە دىنغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد مەۋجۇت ئىدى، لېكىن يەنە ئاچ كۆزلۈك، مۇدھىشلىك ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشتەك ئىللەتلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. موللا مۇسا سايرامى يەنە ۋەلىخانىنى «زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار كىشى ئىدى» دېگەن.

«تارىخىي ھەمىدى» دىكى بۇ بايانلار ۋەلىخانىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى چوڭقۇر ھەم كەسكىن ئېچىپ تاشلىغان بولسا، تۆۋەندىكى مۇنۇ مەزمۇننى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ: «كۇنلەرنىڭ بىرىدە سەھرالىق بىر قېرى مەزلۇم نان - توقاچ ۋە قېتىق - قايماقلارنى ئېلىپ، تۆرەمنىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ، ياساۋۇل بېشى «ئەي ئانا، نېمە ئەرزىڭىز بار؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «خوجامدىن ئىمان تىلەپ كەلدىم، بۇنىڭدىن باشقا ئەرزىم يوق» دەپتۇ. ياساۋۇلبېشى «ئەي ئانا، ئەنجاندىن ئېلىپ كەلگەن ئىمانلىرىمىزنى تامامىي ئادەملەرگە ئىنئام قىلىپ بەردۇق، ھالبۇكى، خوجامدا ياكى بىزدە ئىمان قالمىدى. ئەنجاندىن ئىمان ئېلىپ كېلىش ئۇچۇن نەچچە ئات چىقاردۇق. ئىمان كەلگەندە مەن خەۋەر قىلاي، شۇ چاغدا ئىمان ئېلىپ كېتىڭ» دەپ، ئۆز زامانىغا لايىق ئاقىللارچە ئاجايىپ ياخشى جاۋاب بېرىپتۇ»㊵.

ئىشىنىمىزكى، ئوخشاشمىغان دەۋردە ئوخشاشمىغان ئەسەرلەرگە پۈتۈلگەن بۇ بايانلارنى ئوقۇپ چىققان كىتابخانلار ۋەلىخان ۋە ئۇنىڭ خىلمۇخىل رەزىل قىلمىشلىرى توغرىسىدا جەزمەن چوڭقۇر تەسىرات ئالىدۇ.

## 6. ۋەلىخان توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنغان ئىشلار

ۋەلىخان توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى تۆت شەھەردە بىر مۇنچە ئىشلارغا دۇچ كەلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇلارنى سىياسىي، ھەربىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

غەربىي تۆت شەھەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىگە قايتا باھا بېرىش ئىدى.

قەشقەر قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان، ئادىمى كۆپ، بايلىقى مول شەھەر بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بىرىنچى سودا مەركىزى دەپ قارالغان. چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا غەربىي تۆت شەھەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال باشلىق غەربىي تۆت شەھەرگە مەسئۇل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ئورگىنىنى تەسىس قىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا قەدەر قەشقەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىدا تۇتقان ئورنىغا ھېچقانداق شۈبھە كەلتۈرمىگەن.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭى باشلىنىش بىلەنلا قەشقەر ھەممىدىن بۇرۇن قولدىن كەتكەن، ئاقىۋەتتە تارىمنىڭ غەربىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق سىستېمىسى ناھايىتى تېزلا پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ قالغان. جايلاردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۆز قوماندانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەغلۇپ بولغان. جاھانگىر

خوجا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھەربىي دائىرىلىرى قەشقەرنى چېگرىغا يېقىن جايلاشقان، مۇداپىئە توسۇقلىرى كەم، قوغدىنىش ئىقتىدارى ئاجىز، مۇئەييەن دائىرىدىكى مۇداپىئە قۇرۇلمىسىنىڭ مەركىزى قىلىشقا بولۇشقا بولمايدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتچى ئامبالنى يەكەنگە يۆتكەپ، يەكەن مەركەز، يېڭىسار ۋە مارالبېشى تايانچ قىلىنغان يېڭى مۇداپىئە قۇرۇلمىسىنى تۈزۈپ چىققان. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قاتار توپىلاڭلاردا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى مۇداپىئە قۇرۇلمىسى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتتى. ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ مۇشۇ مۇداپىئە قۇرۇلمىسىغا تايىنىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تارىمنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدا بەزى جايلارنى قوغداپ قالالىغان ھەم ئاخىرقى ھېسابتا دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى ياراتقان. لېكىن، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق كىچىك دائىرىلىك توپىلاڭدا قەشقەر بىرىنچى باسقۇچلۇق ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، ھەتتا دىنىي ساھە توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن. مۇشۇ ۋەجىدىن قەشقەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى قايتا مۆلچەرلەش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەبىئىيكى غەربىي تۆت شەھەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتا مۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالغان.

1858 - يىلى 11 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەلىخانغا قارشى ئۇرۇشتا ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولغان فافۇلىنىڭ غەربىي تۆت شەھەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ئالتە ماددىلىق مەلۇماتنامىسىنى تەستىقلىدى. بۇ مەلۇماتنامىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدىلا قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن قوماندانىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ،

قەشقەر چېرىكچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنى قەشقەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىغا ئۆزگەرتىش تەكىتلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا، قەشقەر چېرىكچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى پەقەت شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنغىلا قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە مەكتۇپ سۇنالمايتتى. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى مەكتۇپلىرى يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى ئارقىلىق مەركەزگە يەتكۈزۈلەتتى ۋە ياكى باشقىدىن مەكتۇپ تۈزۈلۈپ ئورنىغا سۇنۇلاتتى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن قوماندانىنىڭ دەرىجىسى چېرىكچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبالدىن ئىش بېجىرگۈچى ئامبالغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ قەشقەر ياردەمچى ئامبىلى، ئالماشتۇرغۇچى قوشۇن باش قوماندانى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلالايدىغان ھەم ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ سۇنۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى[41]. بۇ ئۆزگىرىشلەر قەشقەر بىلەن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر ئالاقىسىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپلا قالماستىن، بەلكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن قوماندانلىق ئورگىنىنىڭ ئۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىمۇ كۈچەيتتى. غەربىي تۆت شەھەر ئەمدى قەشقەر مۇداپىئە قۇرۇلمىسىنىڭ چېتى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مۇداپىئە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم تايانچ نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ۋەلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىش داۋامىدا تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ خىزمەت ئۆتىگەن زېمىن دائىرىسىدىن قارىغاندا، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىشىدىكى

مۇھىم بىر ئامىل ئىدى. ئىلى، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قەتئىي قوللىغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئېرىشكەن قوللاشلار ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاش، يۈك - تاق توشۇش، ھەتتا ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. مۇشۇ سەۋەبتىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر قوشۇنى تەشكىللەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى غەربىي تۆت شەھەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئىككىنچى مەزمۇنى قىلىپ، 700 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى تەشكىللەپ قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ئامانلىق ساقلاش ۋە قوغدىنىش ئىشلىرىغا قويدى ㊷

19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا كەلگەندە، جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىن ھىنگان تاغ تىزمىلىرىغىچە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنى يۆلەپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا جۇڭگو، جەنۇبىي، جۇڭگو، شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي جەنۇبىي جۇڭگودا ئۇرۇش ئوتى پەلەككە يېتىپ، ئۇرۇش قىقاس - سۈرەنلىرى تاغ - دەريالارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. جۇڭگونىڭ ئەڭ باياشات رايونلىرىدا جان تىكىپ سوقۇش قىلىۋاتقانلار ئىچىدە تالان - تاراج قىلىشنى ئۆز مەجبۇرىيىتى قىلىۋالغان جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بار ئىدى، شۇنداقلا ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوزغىلىپ كۆرەشكە ئاتلانغان دېھقانلارمۇ بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇۋاتقان چاغدا، بۈيۈك چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرا رايونىدا سادىر بولغان ۋەلىخان توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى كۈچەپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ھەربىي تەڭپۇڭلۇققا قاتتىق زەربە بولدى. بۇلار قوشۇنلارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە ھەربىي

راسخوتنىڭ تەييارلىنىشىدا روشەن ئەكس ئەتتى. لېكىن، ۋەلىخان توپىلىڭىنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەر ۋە مۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى ئوبيېكتىپ يوسۇندا ئويلىنىشنى خالىمىدى. توپىلاڭ باشلىنىش بىلەنلا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مۇداپىئەسىدە بىخۇدلۇق كۆرۈلگەن، باستۇرۇش كۈچلۈك بولمىغان، دەپ خۇلاسە چىقاردى. ۋەلىخان توپىلىڭى ئەدەپ كەتكەن كۈنلەردە، پادىشاھ شيەنفېڭ ئۆزىنىڭ بىر پەرماندا ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە يەرلىك ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىشنى تاپىلىغان ㊸.

ۋەلىخان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن پادىشاھ شيەنفېڭ 1857 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ27 ـ كۈنى ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، خىزمەتتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئەمەلدارلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىشنى قايتا تەكىتلىدى. سۈرۈشتە قىلىنىدىغان ئەمەلدارلار قاتارىغا ھەربىي قوشۇننىڭ ئاساسىي قوماندانى، مەمۇرىي مەسئۇللىرى، ھاكىمبەگلەر كىرگۈزۈلگەن. پادىشاھ شيەنفېڭ ئۆز پەرماندا مۇنداق دېگەن: «بۇ قېتىم باندىتلار باستۇرۇپ كىرىپ قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلغان، يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان، قەلئەدىكى ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلار مۇداپىئەگە سەل قاراش مەسئۇلىيىتىدىن ھەرگىزمۇ باش تارتالمايدۇ» ㊹.

پادىشاھ شيەنفېڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن يەرلىك ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار ۋە بەگلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى، خىزمەتتىكى سەۋەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش غەربىي تۆت شەھەرنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەزمۇن بولۇپ قالدى.

1858 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن ئەيىبلەنگەن

يەرلىك ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار ۋە بەگلەر ئىچىدە كۇچانىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى ئورچىنئا، يەكەننىڭ مۇلازىمەت ئىشلىرى زەنگىسى كۈينىڭ، قەشقەر باش چېرىكچىسى ئىجىنئا، چېرىكچى ئامبىلى. يارخاشان، يېڭىسار چېرىكچى ئامبىلى ئولشىنتاي، يەكەننىڭ بەشىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبېگى مۇھەممەد ئەلى، يېڭىسارنىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئىنايەت قاتارلىقلار بار ئىدى[45].

چىڭ سۇلالىسى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئەمەلدارلارنى جازالاش بىلەن بىرگە، يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەنسەپ تۈزۈمىنىمۇ قىسمەن تەڭشىدى. بولۇپمۇ كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلغىنى «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» بەلگىلىمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسىنى قايتا باھالاپ بېكىتىشتىن ئىبارەت بولدى. «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» بەلگىلىمىسى دەسلەپتە يەرلىك كۈچلەرنى چەكلەش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان سىياسەت ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ تەدبىر خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە جايلاردىكى فېئوداللارنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ كۈچلۈك ئىتتىپاق تۈزۈۋېلىشىنى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن مەھرۇم قالدۇردى. شۇ سەۋەبتىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئۆزىنىڭ بۇ چەكلىمە خاراكتېردىكى سىياسىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ باغلىغانىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر بۇ سىياسەتنىڭ سەلبىي تەرىپىنى ئاشكارىلاپ قويدى. بۇنىڭغا روشەن دەلىل شۇكى، «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» بەلگىلىمىسى بويىچە باشقا جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن بەگلەرنىڭ خىزمەت ئۆتەۋاتقان رايون بىلەن زىچ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بولمىغاچقا، بۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى خېلى دەرىجىدە ئاجىزلاشقان. ھەر قېتىمقى توپىلاڭدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادا

قىلمىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» بەلگىلىمىسى بويىچە باشقا جايلاردىن كەلگەن بەگلەر ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۆز يۇرتىدىن تەيىنلەنگەن بەگلەر بولسا ئۆز ۋەزىپىسىنى جان - دىلى بىلەن بەجا كەلتۈرگەن.

«ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» بەلگىلىمىسىنىڭ پايدا - زىيىنىنى قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» بەلگىلىمىسىنى قىسمەن تەڭشەش ۋە تولۇقلاشنى قارار قىلىپ، نۇرغۇن مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى باغلاش ئارقىلىق بەگلەرنىڭ خىزمەت ئۆتەۋاتقان رايونلارغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتمەكچى بولدى. مۇشۇ مەقسەتتە، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئالتىنچى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بەگلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن سايلىنىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى.

مال - مۈلكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى سايلىنىشنىڭ شەرتى قىلىنغانلىقتىن، سايلانغان بەگلەرنىڭ خىزمەت ئۆتەيدىغان رايونلار بىلەن بولغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بىرقەدەر كۈچەيتىلدى. بۇ ھال بەگلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزى خىزمەت ئۆتەۋاتقان رايونلاردىكى مەنپەئەتكە قاراتتى. شۇنداقلا بەگلەرنىڭ ئۆزى خىزمەت ئۆتەۋاتقان رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ۋە پۇقرالارنىڭ داد - پەريادىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەرلىك پۇقرالارنىڭمۇ بەگلەرگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشتى. بىر خىل تۈزۈم سۈپىتىدە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھەر ئۈچ ئايدا بەگلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى، ھەر يىلى بەگلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىگە بىر قېتىم باھا يېزىپ چىقىشنى ۋە مۇشۇلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بەگلەرنى

مەنسەپتىن قالدۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىدى.

چىڭ سۇلالىسى يۇقىرىقى تەڭشەش ۋە تولۇقلاشلاردىن كېيىنمۇ يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ يېڭىۋاشتىن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بوشاشتۇرمىدى. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى بۇ قېتىمقى ئۆزگەرتىشنى پەقەتلا قەشقەر دائىرىسى بىلەنلا چەكلىدى. بۇنىڭدىن باشقا رايونلاردا «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» بەلگىلىمىسىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ تۇردى[46]. ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەربىي راسخوتى مەركەزنىڭ مەخسۇس ياردىمى ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كەلگەنىدى. بۇ ياردەم چاڭجياڭ دەرياسى بويلىرىدىكى، ھەتتا دېڭىز بويلىرىدىكى ئۆلكىلەردىن كېلەتتى. ئەپيۇن ئۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. نەتىجىدە شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان ياردەم راسخوتلار ئېغىر توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلدى. ۋەلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىش داۋامىدا ئەسكەرلەرنىڭ يۆتكىلىشى، ئۇرۇش قىلىش دائىرىسىنىڭ بەلگىلىنىشى تامامەن مالىيە ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانىدى. شۇڭا، ۋەلىخان توپىلىڭى تىنچىتىلىش بىلەنلا مالىيە مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالدى. مالىيە ئىشلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي سىياستى چىقىمنى ئازايتىپ، كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت بولدى. ئەسكەرلەرنى ئازايتىش مالىيە چىقىمنى ئازايتىشنىڭ بىرىنچى تەدبىرى قىلىندى. ۋەلىخان توپىلىڭى تىنچىتىلىشى بىلەنلا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى قەشقەردە توپلانغان ھەربىي قوشۇنلارنى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇشقا كىرىشتى. 1857 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتناشقان خوشۇت،

تورغۇت قوشۇنلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز سۈرئەتتە قاراشەھەردىكى ئۆز مۇداپىئە ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇشنى ۋە بۇيرۇق بويىچە يۆتكىلىۋاتقان قوشۇنلارنىڭ كەلگەن يېرىدە توختاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى㊼. ئارىلىقتا بىر ئاي ۋاقىت ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىلى، ئۇرۇمچىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئۆز مۇداپىئە رايونلىرىغا قايتىپ كېتىشىنى بۇيرۇدى㊽. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارقا ـ ئارقىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ ئۆز مۇداپىئە رايونلىرىغا قايتىشقا پەرمان تاپشۇرۇۋالغان قوشۇنلارنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرمەسلىكنى تەكىتلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئەسكەرلەرنى قىسقارتىش دائىرىسى چېگرا قاراۋۇل قىسىملىرىغىچە كېڭەيتىلىپ، چېگرا قاراۋۇل ئەسكەرلىرىنىمۇ مۇناسىپ ئازايتىش تەلەپ قىلىندى㊾. چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئەسكەرلەرنى قەتئىي ئېغىشماي قىسقارتىشتىكى سەۋەبنى ھېچبىر يوشۇرماستىن خىراجەتنى تېجەش، دەپ ئېتىراپ قىلدى㊿.

ئادەتتىكى يىللاردا شىنجاڭ دائىرىسىدە ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇرىدىغان قوشۇنلارغا سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيتتى. مۇداپىئەگە ئالمىشىدىغان قوشۇنلار بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە نۇرغۇن ئۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن يول ئۈستىدىكى سەرپىيات مۇداپىئە سەرپىياتىدىن كۆپ ئېشىپ كېتەتتى. پادىشاھ شيەنفېڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ: «ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇرىدىغان قوشۇنلارغا سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەتلەر مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ئالمىشىش سەپىرىگە سەرپ قىلىنماقتا» دېگەنىدى ㉛.

مۇشۇ تونۇش ئاساسىدا غەربىي تۆت شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى

بىر تەرەپ قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىگە قارىتا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە غەربىي تۆت شەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ تۇرۇش مۇددىتى ئالتە يىلغا ئۇزارتىلىپ، مۇشۇ يول بىلەن قوشۇنلارنىڭ يۆتكىلىش سەپىرىگە كېتىدىغان خىراجەتنى تېجەپ قالماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە مۇداپىئە ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىلىشى قوشۇنلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش، قوماندانلارنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان جايلارنىڭ جۇغراپىيە شارائىتىنى ھەم پۇقرالارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى چۈشىنىۋېلىشىغىمۇ پايدىلىق ئىدى. ھەربىي خىراجەتنى ئازايتىشنىڭ تەدبىرى سۈپىتىدە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن ئەسكەر ئېلىشنى قارار قىلدى. مۇشۇ تەدبىرنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا پادىشاھ شيەنفېڭنىڭ تەسەۋۋۇرى مۇنداق ئىدى: «مۇداپىئەدە تۇرۇشقا شۇ جايدىن بىر ئەسكەر كۆپ ئېلىنسا ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلىدىغان ئەسكەرلەردىن بىرى ئازىيىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئەسكەرلەر سانى ئۆزلۈكىدىن ئازىيىپ كېتىدۇ - دە، خىراجەتمۇ تېجەپ قېلىنىدۇ»[52]. بۇ تەدبىرنىڭ پايدا - زىيىنىنى مۇشۇنداق ئۆلچەشنى ھەرھالدا مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى يەنە باج كۆپەيتىش بىلەن باج كەچۈرۈم قىلىشنى مالىيە مەنبەسىنى كۆپەيتىشنىڭ يولى قىلدى. ئالدى بىلەن قەشقەر ۋە ئاقسۇدا خام بوز بېجى، تۇرپاندا پاختا بېجى تەسىس قىلىندى، كېيىن قەشقەر ۋە ئاقسۇدا يەنە چاي بېجى تەسىس قىلىندى. پەقەت ئاقسۇنىڭ ئۆزىدىلا يىلىغا 6 مىڭ تىزىق يارماق چاي بېجى يىغىۋالغىلى بولاتتى[53].

چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ مەزگىلدە يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا سېلىقنى كېمەيتىشنى قارار قىلدى. ئالدى بىلەن قەشقەردە «ئورۇندالمىغان يېڭى، كونا ئالۋان - ياساق ھەم

كۆپەيتىلىدىغان غەللە - پاراق» كەچۈرۈم قىلىندى(54). ئاندىن يەكەندىن ئېلىش بەلگىلەنگەن خام - بوز سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى(55). 1858 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ قەشقەردە ئورۇندالمىغان يېڭى، كونا ئالۋان - ياساق ھەم كۆپەيتىلىدىغان غەللە - پاراقلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەستىقلىغاندا، بۇ قېتىم كەچۈرۈم قىلىنىدىغىنى پەقەت ۋەلىخانىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدە زىيان تارتقان قەشقەردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئائىلىلەر ۋە ئۇيغۇر دېھقانلىرى دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ يەكەندىن ئېلىنىدىغان خام - بوز سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەستىقلىغاندىمۇ بۇ قېتىم كەچۈرۈم قىلىنىدىغىنى پەقەت يەكەندىكى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان جايلاردىن ئېلىش بەلگىلەنگەن خام - بوز سېلىقىدۇر، دەپ تەكىتلىگەن. ئېنىقكى، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەلىخانىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان قەشقەر ۋە يەكەندىن ئېلىنىدىغان باج - ئالۋاننى كەچۈرۈم قىلىش مۇشۇ ئىككى رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ۋە يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان. قىسقىغىنە بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە چىڭ سۇلالىسى ئۆز ئەمەلدارلىرىنىڭ نىزام - قائىدىگە بويسۇنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتنىڭ زىيىنىنى جىق تارتقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قېتىم تۈزۈپ چىققان ھەر خىل تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ جان - دىلى بىلەن ئىجرا قىلىش - قىلماسلىقىغا باغلىق ئىدى. 1858 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ مۇشۇ مەقسەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلارغا مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ ئۇلارغا مۇنۇلارنى

تاپىلدى: «ھەرقايسى قەلئەدىكى ئامباللار ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، خىزمەتنى قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، ئۆزىگە قارام بەگلەرنى قاقتى - سوقتى قىلمىسىلا بەگلەرمۇ قانۇندىن قورقۇپ ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا ئۆز مەيلىچە ئېغىرچىلىق سالالمايدۇ. ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۆز تىرىكچىلىكىنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋالسا، تەبىئىيكى ۋەقە - ماجىرالار پەيدا بولمايدۇ. ئايرىم تېگى پەس بەگلەر يامان نىيەت بىلەن توپىلاڭ قىلسىمۇ ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ جازالىغاندا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ. ئىشنىڭ يولىنى مۇشۇنداق تۇتماي بەگلەرگە پايلاقچىلارنى قويۇۋەرگەن بىلەن ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. ئىلى جاڭجۈنىدىن تارتىپ جەنۇبىي يولدىكى ھەرقايسى قەلئە ئامباللىرى بىردەك پەرمانىمىغا ئىتائەت قىلىپ، جەزمەن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىپ، بۇرۇنقى يامان ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىپ پاراكەندىچىلىكنىڭ مەنبەسىنى تۈگىتىشى لازىم» [58].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ۋەلىخانغا قارشى ئۇرۇشتا خوتەن بىلەن يەكەننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ شەرقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ مەلۇم ئارىلىقنى بوش قالدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ۋەلىخان تالان - تاراج قىلىۋالغان نۇرغۇن بايلىقلارنى ئېلىپ قوقەند خانلىقى تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتەلىگەنىدى[59].

ۋەلىخان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش دائىرىسىنى قاتتىق چەكلەپ: «ئىچكىرىلەپ قوغلىماسلىق كېرەك، چېگرىمىزنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ ئۇلارنىڭ چېگرىمىزغا قايتا كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى[59].

بۇ بەلگىلىمىنىڭ قانداق مۇددىئادا چىقىرىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ۋەلىخاننىڭ قوقەندكە قېچىپ كېتىشىگە سۈكۈت

قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەند خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا دىپلوماتىك ماجىرا پەيدا بولدى. ئاقىۋەتتە، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسىگە، بىر ئۇلۇش مۇشەققەت كۆپەيدى.

دەسلەپتە، چىڭ سۇلالىسى بۇ قېتىممۇ ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا ۋەلىخاننىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىنى قوقەندنىڭ سودىلىشىش تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدى (61). ئۇزاق ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان قوقەند سودىگەرلىرىنى شەھەر ـ بازارغا ئىككى، ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان سەھرالارغا كۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۈبھىسىزكى، چىڭ سۇلالىسى بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چوڭ دۆلەت سالاھىيىتى ۋە ھەيۋىسىنى نامايان قىلغانىدى. بىراق توغرىسىنى ئېيتقاندا، شۇ يىللاردا چىڭ سۇلالىسى قوقەند بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇش شەرتىدىن ئاللىقاچان مەھرۇم بولۇپ ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلاپ بولغانىدى. 1857 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى گۇاڭجۇ شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشى باش نازارەتچىسى يې مىڭشېننى ئەسىر ئالدى. 1858 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى تيەنجىننى توپقا تۇتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نائىلاج ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىلەن «تيەنجىن شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەندكە تۇتقان قاتتىق پوزىتسىيىسى تېزلا بوشىشىپ كەتتى. قوقەند خانلىقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە شەرىئەت بويىچە ۋەلىخاننى جازالايمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرگەندىن كېيىن، پادىشاھ شيەنفېڭ 1858 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پەرمان

چىقىرىپ: «ئەگەر قوقەند خانلىقى ۋەلىخاننى ئىسلام قائىدىسى بويىچە جازالىغان بولسىلا، ئۇلارنىڭ كېلىپ سودىلىشىشىغا يول قويساق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق جازالىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلمىساقمۇ بولىدۇ» دېدى[62].

پادىشاھ شىيەنفېڭنىڭ بۇ پەرمانى ئەمەلىيەتتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەلىخاننى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك تەلەپتىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىدا دۇچ كەلگەن دىپلوماتىيە جەھەتتىكى يەنە بىر رەقىبى چارروسىيە ئىدى. پادىشاھ شىيەنفېڭ قوقەندكە يول قويۇش پوزىتسىيىسى تۇتۇۋاتقاندا چارروسىيە تارباغاتايغا يېقىن جايدا ئەسكەر جۇغلاپ چىڭ سۇلالىسىگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. 1855 ـ يىلى تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ چارروسىيىنىڭ تارباغاتايدىكى سودا ئورنىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى چارروسىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولدى. 1851 ـ يىل چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە زورلۇق بىلەن «جۇڭگو ـ چارروسىيە ئىلى، تارباغاتايدا سودىلىشىش نىزامنامىسى» نى ئىمزالاتقاندىن كېيىن، چارروسىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ تارباغاتاي رايونىدا چارروسىيە جۇڭگو زېمىنىغا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تارباغاتاي قارمىقىدىكى ئالتۇن كېنى يارگاتۇنى بېسىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق كانچىسىنى ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن چېگرىدىكى پۇقرالارنىڭ قاتتىق غەزىپى قوزغالدى. 1855 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تارباغاتاي شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ چارروسىيىنىڭ تارباغاتايدىكى سودا ئورنىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. مۇشۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا چىڭ سۇلالىسى چارروسىيىنىڭ

ئىرادىسىگە تامامەن بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن چارروسىيە بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. شۇ يىلى، يەنى 1855 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چارروسىيە بىلەن «جۇڭگو ـ چارروسىيە تارباغاتايدىكى تۆلەم ئىشلىرى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. مۇشۇ شەرتنامە بويىچە چىڭ سۇلالىسى «جىنايەتچىلەر» نى تۇتۇپ قانۇن بويىچە جازالاشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغاندىن تاشقىرى يەنە ئۈچ يىل داۋامىدا چارروسىيىگە 135 مىڭ 680 سەر كۈمۈش تۆلەشتەك مەسئۇلىيەتنىمۇ زىممىسىگە ئالدى. بۇ تۆلەم چارروسىيىنىڭ تارباغاتايدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ماللىرىنىڭ ھېسابىغا بېرىلگەنىدى.

شۇ يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوقەند بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە يېڭىلىپلا قالماي، بەلكى چارروسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتىمۇ ئوخشاشلا يېڭىلدى. ئەگەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخىدىكى ئەڭ چۈشكۈن، ئەڭ قاباھەتلىك بىر يىل بولدى.

### پايدىلانمىلار

① خۇشبېك: «ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن 4 ـ ماي ھەرىكىتىگىچە» (1 ـ قىسىم)، 91 ـ، 75 ـ، 97 ـ بەتلەر، خەنزۇچە نۇسخا.

② «مۇسۇلمانلار رايوننى تىنچىتىپ ئاسىيلار ئەۋلادلىرىغا جازا يۈرۈش قىلىش تەدبىرلىرى» ، 51 ـ جىلد، 15 ـ بەت، 63 ـ جىلد، 11 — 12 ـ بەتلەر؛ «چىڭ شۇەنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە» ، 449 ـ جىلد، 9 — 12 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي خەمسەئى شەرقى» 229—، 230 —، 244 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ باستۇرۇلغان؛ «تەۋارىخى كاشغەر» 330 ـ بەت ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر

تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرجىمە قىلىپ باسقان.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ بەت.
④ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى» ، 448 ـ جىلد، 23 — 34 ـ بەتلەر.
⑤ «تەۋارىخى كاشغەر» ، 332 ـ بەت.
⑥ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى» ، 447 ـ جىلد، 6 — 8 ـ بەتلەر.
⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 448 ـ جىلد، 11 — 12 ـ بەتلەر.
⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 445 ـ جىلد، 13 — 15 ـ بەتلەر.
⑨ «چىڭ شۆەنزۇڭ خاتىرىلىرى» ، 457 ـ جىلد، 19 ـ بەت.
⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 446 ـ جىلد، 2 ـ بەت.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 446 ـ جىلد، 2 ـ بەت؛ 445 ـ جىلد 6 — 7 ـ بەتلەر؛ 423 ـ جىلد، 10 ـ بەت.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 446 ـ جىلد، 12 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 447 ـ جىلد، 2 ـ بەت.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 447 ـ جىلد، 10 ـ بەت. 446 ـ جىلد، 25 — 23 ـ بەتلەر؛ 19 — 21 ـ بەتلەر.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 448 ـ جىلد، 23 — 25 ـ بەتلەر.
⑯ «تەۋارىخى كاشغەر» ، 336 ـ بەت.
⑰ «چىڭ ۋېنزۇڭ خاتىرىلىرى» ، 66 ـ جىلد، 4 ـ بەت؛ 67ـ جىلد، 3 ـ بەت؛ 70 ـ جىلد، 79 — 80 ـ بەتلەر.
⑱ «دۇڭخۇا ھۆجرىسىدىكى خاتىرىلەر. شيەنفېڭ» ، 28 ـ جىلد.
⑲ «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن شەنشى ـ گەنسۇ ـ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، 186 ـ جىلد، 9 — 10 ـ بەتلەر.
⑳ «دۇڭخۇا ھۆجرىسىدىكى خاتىرىلەر. شيەنفېڭ» ، 34 ـ جىلد؛ «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن شەنشى ـ گەنسۇ ـ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، 1 — 2ـ بەتلەر.
㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ جىلد، 2 — 5 ـ بەتلەر.

㉒ «چىڭ ۋېنزوڭ خاتىرىلىرى»، 186 ـ جىلد، 9 — 10 ـ بەتلەر.
㉓ «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن شەنشى ـ گەنسۇ ـ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 2 ـ جىلد، 13 — 14 ـ بەتلەر.
㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ جىلد، 18 ـ بەت.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ جىلد، 8 ـ بەت؛ «چىڭ ۋېنزوڭ خاتىرىلىرى»، 330 ـ جىلد، 14 ـ بەت.
㉖ «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن شەنشى ـ گەنسۇ ـ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 3 ـ جىلد، 1 — 2 ـ بەتلەر.
㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 4 ـ جىلد، 17 — 18 ـ بەتلەر.
㉘ «چىڭ ۋېنزوڭ خاتىرىلىرى»، 64 ـ جىلد، 6 — 7 ـ بەتلەر.
㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 228 ـ جىلد، 15 — 17 ـ بەتلەر.
㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 16 — 17 ـ بەتلەر؛ 29 — 30 ـ بەت.
㉛ يۇقىرىقى كىتاب، 232 ـ جىلد، 18 —، 19 ـ بەتلەر.
㉜ «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن شەنشى ـ گەنسۇ ـ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 6 ـ جىلد، 1 ـ بەت.
㉝ «چىڭ ۋېنزوڭ خاتىرىلىرى»، 236 ـ جىلد، 5 ـ بەت.
㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 37 ـ جىلد، 12 — 6 ـ جىلد، 258 ـ بەت.
㉟ «تارىخىي خەمسەئى شەرقى»، 239 — 240 ـ بەتلەر.
㊱ «تەۋارىخى كاشغەر»، 357 — 358 ـ بەتلەر.
㊲ «تارىخىي ھەمىدى»، 111 — 112 ـ بەتلەر.
㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 111 ـ بەت؛ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 62 ـ بەت.
㊴ «تارىخىي خەمسەئى شەرقى»، 241 ـ بەت.
㊵ «تارىخىي ھەمىدى»، 111 ـ بەت.
㊶ «چىڭ ۋېنزوڭ خاتىرىلىرى»، 258 ـ جىلد، 6 — 7 ـ

بەتلەر.
㊷ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
㊸ يۇقىرىقى كىتاب، 228 ـ جىلد، 16 — 17 ـ بەتلەر.
㊹ يۇقىرىقى كىتاب، 235 ـ جىلد، 24 — 25 ـ بەتلەر.
㊺ يۇقىرىقى كىتاب، 24 — 25 ـ بەتلەر، 265 ـ جىلد، 3 — 4 ـ بەتلەر؛ 230 ـ جىلد، 25 ـ بەت، 229 ـ جىلد، 25 — 26ـ بەتلەر.
㊻ يۇقىرىقى كىتاب، 258 ـ جىلد، 6 —7 ـ بەتلەر.
㊼ يۇقىرىقى كىتاب، 235 ـ جىلد، 18 ـ بەت.
㊽ يۇقىرىقى كىتاب، 237 ـ جىلد، 9 ـ بەت.
㊾ يۇقىرىقى كىتاب، 237 ـ جىلد، 14 — 15 ـ بەتلەر.
㊿ يۇقىرىقى كىتاب، 237 ـ جىلد، 9 ـ بەت.
(51) يۇقىرىقى كىتاب، 244 ـ جىلد، 1 ـ بەت.
(52) يۇقىرىقى كىتاب، 271 ـ جىلد، 16 — 17 ـ بەتلەر.
(53) يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
(54) يۇقىرىقى كىتاب، 258 ـ جىلد، 12 ـ بەت.
(55) يۇقىرىقى كىتاب، 266 ـ جىلد، 16 ـ بەت.
(56) يۇقىرىقى كىتاب، 258 ـ جىلد، 16 ـ بەت.
(57) يۇقىرىقى كىتاب، 66 ـ جىلد، 126 ـ بەت.
(58) يۇقىرىقى كىتاب، 267 ـ جىلد، 4 — 5 ـ بەتلەر.
(59) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.
(60) «چىڭ ۋېنزۇڭ خاتىرىلىرى» ، 236 ـ جىلد، 1 — 2 ـ بەتلەر.
(61) يۇقىرىقى كىتاب، 238 ـ جىلد، 19 ـ بەت.
(62) يۇقىرىقى كىتاب، 247 ـ جىلد، 13 ـ بەت.

# ئىككىنچى باب پاراكەندە يىللاردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى

## 1- بۆلۈم قىيىن شارائىتتا راۋاجلانغان ئۇيغۇرلار ئىقتىسادى

### 1. يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى

يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى بويىچە ئېيتقاندا، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار رايونىدا دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، فېئوداللار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، پومېشچىكلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، دىنىي ئاپپاراتلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر دەپ تۆت خىل يەرگە ئىگىدارچىلىق شەكلى مەۋجۇت ئىدى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا دۆلەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق يەرلەر دەسلەپتە ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە ئاجرىتىلىپ بېرىلگەن مائاش يەرلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ خىلدىكى يەرلەر بەگلەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئاجرىتىلىپ بېرىلگەن بولۇپ، بەگلەر ئۆستۈرۈلسە ياكى يۆتكىلىپ كەتسە، ۋە ياكى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانسا، مائاش ئورنىغا بېرىلگەن بۇ يەرلەرنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ خىزمەت ئورنىغا تەيىنلەنگەن يېڭى بەگلەرگە بېرەتتى. بەگلەر مائاش يېرىنىڭ پەقەتلا ئىشلىتىش

ھوقۇقىدىنلا بەھرىمەن بولالايتتى. كېيىنكى يىللاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى ھەم ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى، مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى، مۇسۇلمانلارنىڭ (ئۇيغۇرلار) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى دەپ ئايرىلىپ چىقتى. چىڭ سۇلالىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، يەرنى ئۇلاغ، ئورۇق بىلەن بىر قاتاردا دۆلەتنىڭ سېلىنمىسى قىلغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر ئۆزلىرى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان بوز يەرگە نىسبەتەن پەقەتلا ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. 1854 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالدى دېگەن جىنايەت بىلەن خالزاتنى ئىلى ھاكىمبەگلىكىدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يەرگە بولغان ھوقۇقىنى قوغداشتا قىلچىمۇ يۈز - خاتىر قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى①.

19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۆزىگە بىۋاستە قارام يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. پەقەت لىن زېشۇ كۆزدىن كەچۈرگەن يەرلا 689 مىڭ 718 موغا يەتكەن②.

كىتابىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى فېئودال يەر ئىگىلىرى ئۇنۋانلىق ئېسىلزادە پومېشچىكلار گۇرۇھى ۋە ئاۋام ئېسىلزادە پومېشچىكلار گۇرۇھىدىن تەركىب تاپقان.

ئۇنۋانلىق ئېسىلزادە پومېشچىكلار گۇرۇھىغا چىڭ سۇلالىسى ئاتا قىلغان پەخرىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن جەمەتتىكىلەر كىرەتتى. ئۇلار شۆھرەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى يەنە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكلىرىگە تايىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئۆز

ئىلكىگە ئېلىنىۋېلىپ، سالاھىيەت، يۇرتچىلىق، نىكاھ ۋە نەسەبكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇقىم ئورۇنغا ئىگە ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇنىۋانلىق ئېسىلزادە پومېشچىكلار گۇرۇھى ئىنچىل يوسۇندا روناق تېپىپ كەلدى. بولۇپمۇ، ئۇلار ئىگىلىۋالغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. ھادى جەمەتىدىكىلەر ئىگىلىۋالغان يەرلەر كۇچادىن مۇشۇ جەمەتنىڭ ئەۋلادلىرى خىزمەت ئۆتىگەن يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇلارغىچە يەتكەن.

1848 ـ يىلى لىن زېشۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوز يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قۇمۇلغا يېتىپ بارغاندا، شۇ يەردىكى پۇقرالار ئەبەيدۇللانىڭ يەتتىنچى ۋارىسى بېشىرنىڭ يەرلەرنى ئۆزىگە قانۇنسىز قوشۇۋالغانلىقى ئۈستىدىن لىن زېشۇگە ئەرز قىلغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ھۆكۈمەتكە قارام ئۈچ ئورۇندىكى بوز يەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قۇمۇلدىكى باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بېشىر تۈرلۈك ناملار بىلەن ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ياكى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. لىن زېشۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بېشىر نائىلاج دۆڭشىڭ مەھەللىسىدىكى بىر تۈمەن مو يەرنى چىقىرىپ بەرگەن③.

تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا جەمەتىگە قارام يەرلەر تۇرپاندىن قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ يەتكەن. ئىمىن خوجا جەمەتىدىن ئورانزىپ غۇلجىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىلا 5000 مو يەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان (بەش كورە ئۇرۇق سېلىنىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى بىرمو دەپ ئاتىلىدۇ) ھەم مۇشۇ تېرىلغۇ يەر ئۈچۈن مەخسۇس ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، ئۇنى «ھاكىمبەگ

ئۈستىگە» دەپ ئاتىۋالغان④.

ئاۋام پومېشچىكلار مۈلكىي ئەمەلدارلار، سەھرا زېمىندارلىرى ۋە يەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەھەر سودىگەرلىرى، جازانىخورلاردىن تەركىب تاپقان.

19 - ئەسىردىن كېيىن ئاۋام پومېشچىكلار گۇرۇھى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدا تولۇپ تاشقان جۇشقۇنلۇق بىلەن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ نېگىزلىك كۈچىنى ھەر دەرىجىلىك بەگلەر يادرو قىلىنغان مۈلكىي ئەمەلدارلار تەشكىل قىلاتتى.

مۈلكىي ئەمەلدارلار توپى چيەنلۇڭ 28 - يىلى (1763 - يىل) ھەربىي ئىشلار ۋازارىتى تۈزۈپ چىققان «بەگلەرنى تەيىنلەش مىزانى» دىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ مىزان ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى 294 كىشى قىلىپ بەلگىلىگەن ھەم ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بەگلەر ئۈچۈن قانۇنىي مۇئامىلە قائىدىسى، يەنى ئىش ھەققىنى بەلگىلەپ چىققان، بەگلەرنىڭ ئىش ھەققى يانچى ۋە يەردىن تەركىب تاپاتتى. مەسىلەن، 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگنىڭ مائاش يېرى 150 پاتمان؛ 4 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگنىڭ مائاش يېرى يۈز پاتمان بولغان ( بىر پاتمان 5 دادەن ئۈچ كۈرەگە تەڭ) . بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى سېلىنغان ئۇرۇقنىڭ سانى بويىچە ھېسابلىناتتى. بىر پاتمان يەر بەش دادەن ئۈچ كۈرە ئۇرۇق سېلىنىدىغان يەر كۆلىمىنى كۆرسىتەتتى.

گەرچە، بەگلەر ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مائاش يېرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولمايتتى. يەرلەر ئەمەلدارلار گۇرۇھى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تۇراقلاشقان يەرگە ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى بولۇپ قالدى.

زامانىمىزغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان بىرمۇنچە جايلارنىڭ ناملىرى ئەينى يىللاردىكى بەگلەرنىڭ يەر ئىگىلەش ۋە يەر ئىشلىتىش ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. غۇلجا سەھرالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك مەھەللىلىرىنىڭ نامى ئەڭ دەسلەپتە شۇ مەھەللىنى باشقۇرغان بەگنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا، غۇلجىدا يەنە بەگ ئۆستىڭى، ئىشىكئاغا بەگ ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى بار. شۈبھىسىزكى، بۇ سۇ ئىنشائاتلىرى مەخسۇس ياكى ئاساسەن بەگلەر، ئىشىكئاغا بەگلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلەتتى.

ئەمەلدارلار گۇرۇھىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى چىڭ سۇلالىسى بەلگىلەپ بەرگەن مەمۇرىي ھوقۇق ئاساسىغا قۇرۇلغان. مۇشۇنداق مەمۇرىي ھوقۇقىغا تايانغان ئەمەلدارلار گۇرۇھىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا سالغان مۇداخىلىلىرى مەيلى كەڭلىكى بويىچە ئېيتايلۇق ۋە مەيلى چوڭقۇرلۇقى بويىچە ئېيتايلۇق، ئۇنۋانلىق ئېسىلزادىلەردىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ مەمۇرىي ھوقۇقلار ئەمەلدارلار گۇرۇھىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

بەزى يازما ماتېرىياللاردا بەگلەرنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۇيغۇرلار رايونىدا قىلغان زومىگەرلىكلىرى توغرىسىدا تەنقىدىي خاراكتېرلىك مەزمۇنلار پۈتۈلگەن. «مۇسۇلمانلار رايونى توغرىسىدا نەزمە» نىڭ مۇئەللىپى شاۋشۇن مۇنداق دەپ يازغان: «ئۆتمۈشتە، جەنۇبىي سەككىز قەلئەدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ھاكىمبەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغانىدى. نەپسى يامان بەگلەر خالىغىنىچە قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇقرالارنى قاتتىق قاقشىتىۋەتكەنىدى»[5].

پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى بىر

تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان نا يەنچېك بۇ ھەقتە يازما مەلۇمات قالدۇرغان ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار ماكانىدا ھۆل - يېغىن ئاز بولغانلىقتىن تېرىلغۇ يەرلەر ئېقىن سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ.. ھاكىمبەگلەر ۋە چوڭ - كىچىك بەگلەر يەر سۇغىرىش مەزگىلىدە ھامان ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتىپ ئېقىن يولىنى توسۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەن ئېقىندىكى مۇسۇلمانلار يېرىدىن ھوسۇل ئالالماي، نامراتلىرى كۆپ زىيانغا ئۇچراپ تۇرغان»⑥.

ياقۇپبەگ يوقىتىلغاندىن كېيىن، لىۇ جىنتاڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى كونا تۈزۈملەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «شۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى ھاكىمبەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغانىدى. لېكىن بۇ بەگلەر ھەمىشە ھوقۇقلىرىغا تايىنىپ پۇقرالارنى ئۆز مەيلىچە بوزەك قىلىپ، قىلچىمۇ تەپ تارتمىغان» ⑦.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، پومېشچىكلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى تۇراقلىق كۈچىنى ۋە ئىزچىل داۋاملىشىش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭدا قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ دۆلەت يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، يەكەن خانىدانلىقىنىڭ خان جەمەتى يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، ئاپاق خوجىنىڭ دىنىي ئاپپارات يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈملىرىمۇ تەڭ مەۋجۇت بولغان. بىراق، پومېشچىكلار تەبىقىسى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى تەسىر كۈچى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بۇنىڭ روشەن ئالامىتى شۇكى، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا نەق «پومېشچىك» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇ يوق ئىدى.

ئۇيغۇر رايونىدىكى پومېشچىكلار تەبىقىسى سىياسىي

شۆھرەتتىن بەھرىمەن بولالمىغان ھەم مەمۇرىي ھوقۇقتا ئېرىشەلمىگەن. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلارغا قارام يەرلەر مۇقەررەر يوسۇندا پارچە ـ پۇرات، تارقاق بولۇپ، سان جەھەتتە ئۇنۇۋانلىق ئېسىلزادىلەر بىلەنمۇ، ئاۋام نەسەبتىكىلەر بىلەنمۇ تەڭ ئورۇندا تۇرالمىغان، بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولسا، پومېشچىكلار تەبىقىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەشكىللەش جەھەتتە سەل قاراشقا بولمايدىغان رولالارنى ئوينىغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش دائىرىسىدە پومېشچىكلار تەبىقىسى بۇ رايوندىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا خېلى بىر قىسىم مەسئۇلىيەتنى ئۈز زىممىسىگە ئالغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋام ئەتكەن تۇراقلىق ۋەزىيەت بۇ رايوندىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى پومېشچىكلار تەبىقىسىنىڭ ئۆز كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغىمۇ پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تەسىر كۈچى تېخى بېرىپ يەتمىگەن يىراق سەھرالاردا پومېشچىكلار مۇشۇ پەۋقۇلئاددە ماكاننىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرغۇچىلارغا ئايلىنىپ قالدى. دېھقانلارنىڭ مۇشۇ باشقۇرغۇچىلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش جەريانىدا ھاسىل بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىجارىگە بېرىش بىلەن ئىجارىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى مەھسۇلاتنى بۆلۈشۈۋېلىش شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. تېرىلغۇ يەر، سۇ، ئۇرۇق، ئۇلاغ ھەم

دېھقانچىلىق سايمانلىرى مەھسۇلاتنى بۆلۈشۈۋېلىشتىكى ماددىي شەرتلەر ئىدى ھەم مۇشۇلار ئاساس قىلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىش نۆۋىتى بەلگىلىنەتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، پومېشچىكلار دېھقانلارنى يەر، ئۇرۇق، سۇ، ئۇلاق ھەم تېرىلغۇ سايمانلار بىلەن تەمىنلەيتتى. ئاقىۋەتتە، دېھقانلار تامامەن پومېشچىكلارغا تايىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، ھەتتا پومېشچىكلارغا باغلىنىپ قالغان. سەۋەب، پومېشچىكلار يەر، سۇ ، ئۇرۇق، ئۇلاق ۋە تېرىلغۇ سايمانلار بىلەن تەمىنلىگەندىلا، دېھقانلار ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنالايتتى.

پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي باغلىنىشلا بولۇپ قالماي، بەلكى كۆپ ۋاقىتلاردا ئىقتىسادتىن ھالقىغان باغلىنىشلارمۇ بار ئىدى. ئىقتىسادتىن ! ھالقىغان باغلىنىش ئاساسەن دىنىي جەھەتتە ئىپادىلەنگەن. چۈنكى، كۆپلىگەن پومېشچىكلارنىڭ ئۆزى شۇ مەھەللىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى، ياكى مەسچىتنىڭ سېلىنىشىغا مەبلەغ قوشقانلار ۋە ياكى مەبلەغ قوشۇشقا باشلامچىلىق قىلغانلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى، ھەتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئېيتايلۇق، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن ئىشلىرى ھەممىشە پومېشچىكلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشى ياكى ۋاسىتىلىك باشقۇرۇشىدا بولاتتى. نەتىجىدە، دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە روھىي جەھەتتىكى بويسۇنۇش، ھەتتا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت يەنە بىر مەنىۋى يۈك قوشۇلدى.

ئىقتىسادىي ۋە ئىقتىسادتىن تاشقىرى باغلىنىشلار تەرىپىدىن جىپسىلاشتۇرۇۋېتىلگەن پومېشچىكلار تەبىقىسى بىلەن دېھقانلار تەبىقىسى 19 - ئەسىردىن كېيىن بارا - بارا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئېنىق ۋە مۇكەممەل قىياپەتتە مەيدانغا چىقتى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ،

يېزىلاردىكى ئىككى چوڭ تەبىقىنى بىلدۈرىدىغان مەخسۇس ئاتالغۇلار پەيدا بولدى. باي دېگەن سۆز پومېشچىك دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش ۋە ئىپادىلەشكە مايىل بولدى. دېھقان، خورجا، سەھرالىق .دېگەن سۆزلەر دېھقان دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش ۋە ئىپادىلەشكە مايىل بولدى. دېھقان دېگەن سۆز پارسچە، خورجا دېگەن سۆز خەنزۇچە بولۇپ، «سەھرالىق» نىڭ مەنىسى ھەممىگە چۈشىنىشلىك.

«باي» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا گەرچە ئۇزاق تارىختا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن خېلى ئۇزۇن مەزگىللگىچە باي سۆزى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى بىلدۈرۈش ۋە ئىپادىلەشتە قوللىنىلىپ، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى قاتارلىق ئىقتىسادىي ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىدىن يىراق ئىدى. 19 ـ ئەسىردىن كېيىن، كىشىلەر بارا ـ بارا باي سۆزىنى يېزا ـ سەھرالارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان پومېشچىكلار تەبىقىسىنى بىلدۈرۈش ۋە ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان بولدى.

«باي» دېگەن سۆزنىڭ پومېشچىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈش ۋە ئىپادىلەش تارىخى بىر ئەسىرچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، بۇ سۆز كەڭ دائىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىپ سودا، چارۋىچىلىق ھەم باشقا كەسىپتىكى باياشات كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولدى. لېكىن، بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى قانچىلىك كېڭەيتىلىشتىن قەتئىينەزەر، بۇنىڭ نېگىزلىك مەنىسىدە يەنىلا مال ـ مۈلۈك سىمۋول قىلىنغان.

دىنىي ئاپپارات ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر تۈزۈمى، يەنى ۋەخپە يەر تۈزۈمى ئۇنىۋانلىق ئېسىلزادىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر تۈزۈمى، ئاۋام نەسەبتىكىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر تۈزۈمى، پومېشچىكلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر تۈزۈمى بىلەن بىللە 19 ـ

ئەسىردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەيدانغا كەلگەن يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلدى.

ۋەخپە يەر تۈزۈمى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئاپاق خوجا مەزگىلىدە روناق تاپقان دېيىشكە بولىدۇ. دەسلەپتە ۋەخپە يەر تۈزۈمى دىنىي جەمەتچىلىكلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان. قەشقەر، يەركەن، كۇچادىكى ۋەخپە يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاپاق خوجا جەمەتى، ئىسھاق ۋەلى جەمەتى ۋە ئەرشىدىن جەمەتىگە مەنسۇپ ئىدى. توختىماستىن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي داۋالغۇشتا، دىنىي جەمەتچىلىكلەر پات - پاتلا يەكلەشلەرگە ھەتتا زەربىگە ئۇچراپ تۇردى. بەزىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى، مەسىلەن ئاپاق خوجا جەمەتىدىكىلەر؛ بەزىلەر چىڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، مەسىلەن ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىكىلەر؛ بەزىلەر جىددىي ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ كېتەلمەي ھالىدىن كېتىپ قالدى، مەسىلەن ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر. بۇ يەردىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇنۋانلىق ئېسىلزادىلەر گۇرۇھى ۋە ئاۋام پومېشچىكلار گۇرۇھىنىڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكلىرىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى روناق تاپتۇرۇش يولىدىكى ئىنتىلىشلىرى، دىنىي جەمەتچىلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئورنىنى كۇنسايىن ئاجىزلاشتۇرۇپ تۇردى.

بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىپادىسى شۇ بولدىكى، دىنىي جەمەتچىلىكلەرنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشى ئالماشتى.

19 - ئەسىردىن كېيىن ۋەخپە يەرلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى

ۋە شىمالىدا كەڭ ئومۇملاشتى، مەسچىتلەر بارلا يەردە ۋەخپە يەرلەر مەۋجۇت ئىدى. جۈملىدىن ۋەخپە يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتى، يەكەندىكى ئالتۇنلۇق مازىرى، خوتەندىكى قوشقار ئاتا مازىرى، غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى، تۇرپاندىكى قازىخانا، ئاقسۇدىكى جالالىدىن مازارلىرىنىڭ نامىدا ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى بويىچە ئېيتقاندا، ۋەخپە يەر تۈزۈمى ئۆزىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىنئام ئورنىدا بېرىلگەن يەرلەر ۋەخپە يەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىدى. بولۇپمۇ ھاكىمىيەتلەر پات - پات ئالمىشىپ تۇرغان يىللاردا، ھەربىر يېڭى مۇسۇلمان ھۆكۈمران پۇقرالارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جايلاردىكى دىنىي جەمەتتىكىلەرگە بەس - بەستە نۇرغۇن يەرلەرنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەنىدى.

چيەنلۇڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىنچىتىپ يەرلىك باج تۈرلىرىنى ئىخچاملىغاندا، ۋەخپە يەر ھەم دىنىي باجلارنى قانۇننىڭ قوغدىشىدىن مۇستەسنا ھالدىكى ئالۋان - ياساقلار تۈرىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەخپە يەر ئىنئام قىلىشنى توختاتقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇنداق كەسكىن تەدبىر قوللىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ بايلىققا بولغان تەمەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن يەرلەرگە موھتاج ئىدى. شۇڭا، مەيلى سىياسىي خاھىش جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئەمەلىي ئىمكانىيەت جەھەتتىن بولسۇن، بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئاپپاراتلارغا داۋاملىق ۋەخپە يەر ئىنئام قىلىشنىڭ شەرتى ۋە مۇھىتى ئاللىقاچان يوقالغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىنئام قىلىش يولىنى بوغۇپ تاشلىغاندىن كېيىن پۇقرالار يەنىلا يەر تەقدىم قىلىپ تۇردى. بىراق، پۇقرالار تەقدىم قىلغان يەرلەرنى كۆلەم جەھەتتىن بولسۇن، ئىجتىمائىي ئەھمىيەت جەھەتتىن بولسۇن ھۆكۈمەت ئىنئام قىلغان يەرلەرگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ۋەخپە يەرنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يەر تۈزۈمىنىڭ بىر خىلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

## 2. دېھقانچىلىق، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يولغا قويغان مۇھىم تەدبىرلىرىنىڭ بىرى. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى باھالاشتىكى ئۆلچەملەرنىڭ بىرى قىلدى. 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغىچە ئومۇملاشتى. قەشقەردىكى قاراقوي بىلەن مارالبېشى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم جايلاردىن بولۇپ قالدى. 1834 - يىلى قەشقەردىكى قاراقۇيدا 20 مىڭ 240 مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، مارالبېشىدا 24 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى⑧. 1840 - يىلى ئىلىدا يەنە 200 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. بۇ ئىشقا مەسئۇل ئىلى جاڭجۈنى بۇيانتاي مۇشۇ سەۋەبتىن پادىشاھ داۋگۇاڭ تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى⑨. بۇنىڭدىن كېيىن، 1844 - يىلى 8 - ئايدا ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى جى رۇي چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە: «بوز يەرنى تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاپ

ئۆزەم چىقىم قىلىپ ئاچقۇزۇپ، مۇسۇلمان ئاھالىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردىم» دەپ مەلۇم قىلدى» ⑩. ئارقىدىنلا خوتەن، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قەشقەر، يەكەن ھەم قاراشەھەردىكى ئەمەلدارلارمۇ ئۆستەڭ ياساش، توسما ياساش، پۇقرالارنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان بەزى ئەمەلدارلار ھەتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆز جىنايىتىنى يۇيۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، دەپ قارىدى. مەسىلەن، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئاشلىق ئامباللىقىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن تەن چوڭتەي «داۋگوڭ 17 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن مارالبېشىغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇ يول بويى يۈزدەك ئائىلىنى يىغىپ ئۇلارغا يۈزدەك ھارۋا ھەم يول خىراجىتى راسلاپ بەردى. ئۇ ھەر يىلى ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، ئېچىلغان بوز يەرلەرنى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ، ھەممە ئىشنى ئۆز يولىدا ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالتىنچى دەرىجىلىك قالپاق ئىنئام قىلىنىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنغان» ⑪.

1845 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لىن زېشۈ ئۆزى سۈرگۈن قىلىنغان ئىلىدىن بۇيرۇق بويىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يېڭى بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈشكە ماڭدى. ئۇ 321 كۈن ئىچىدە بىرقانچە مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ، قاراشەھەر، كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان 689 مىڭ 718 مو بوز يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. دېمەك، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان بوز يەرلەرنى ھېسابقا ئالغاندا، شىنجاڭدا ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان بوز يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 880 مىڭ مودىن ئاشقان⑫.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىلىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئۆتتى. شىمالىدا قۇرۇلۇش كۆلىمى زور بولغان ئاق ئۆستەڭ گەۋدە قىلىنغان هالدا شىمالغا پەيدىنپەي تەكشى يېيىلغان سۇ ئىنشائات تورلىرى شەكىللەندى. غۇلجىدا شەرقتىن جەنۇبقا ۋە غەربتىن جەنۇبقا ئاقىدىغان ئىككى ئۆستەڭ ياسالدى. غەربتىن جەنۇبقا ئاقىدىغان ئۆستەڭ ئىشىكئاغا بەگ ئۆستىڭى دەپ ئاتالدى. شەرقتىن جەنۇبقا ئاقىدىغان ئۆستەڭ هاكىمبەگ ئۆستىڭى دەپ ئاتالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىشىكئاغا بەگ ئۆستىڭىنى مەنبە قىلغان هالدا يەنە ئۈچ ئۆستەڭ چېپىلدى. ئۇلار ئاخۇن ئۆستىڭى، بەگ ئۆستىڭى، روزىيۈزى ئۆستىڭى دەپ ئاتالدى⑬.

1844 - يىلى، لىن زېشۈنىڭ پىلانلىشى ۋە باشلامچىلىقىدا ئىلى ئاق ئۆستىڭىنىڭ قاش دەرياسىدىن سۇ باشلايدىغان يېڭى ئېغىز قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئېغىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە چاقىرىم بولۇپ، تۆت ئاي ۋاقىت ئىچىدە 200 نەچچە مىڭ هاشارچى بىلەن تامام بولدى. يېڭى ئېغىز قۇرۇلۇشى ئاق ئۆستەڭگە كىرىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتتى. پەقەت ئار بوز بىلەن كۆرەدىكى ئۈچ دەرەخ مەهەللىسى ئارىلىقىدىلا 200 مىڭ مو يەر ئېقىن سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغان بولدى ⑭.

شۇ مەزگىلدە، تۇرپاندىكى كارىز سۇ ئىنشائاتىمۇ كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتى. ئۇنىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن هالقىغان قۇرۇلمىسى، كىشىنى هەيران قالدۇرارلىق كۆركەم قىياپىتى هەم تۇرپان ۋادىسىغا بەخش ئەتكەن هاياتىي كۈچى، خۇمىندا ئەپيۈن كۆيدۈرگەنلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە دۇنياغا داڭقى كەتكەن لىن زېشۈدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. داۋگۇاڭ 28 - يىلى (1845 - يىلى) 1 - ئاينىڭ

19 ـ كۈنى لىن زېشۇ تۇرپاندىكى بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈۋېتىپ كارىزلارنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «يول بويى نۇرغۇن توپا دۆۋىلىرى كۆزۈمگە چېلىقتى. بۇ نېمىدۇر دەپ سورىسام، بۇنى كارىز دەيدىكەن. كارىز ئارقىلىق يىراق يەردىكى سۇلار باشلاپ كېلىنىدىكەن. ئۇ جەنۇبتىن شىمالغا بارغانسېرى ئۆرلەپ ماڭىدىكەن، سۇ يەر ئاستىدىن تېشىپ ئاقىدىكەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئىشكەن. بۇ ماكانىنىڭ يېرى مۇنبەت، يىلدا ئېلىنىدىغان پاختىسىنىڭ ھېسابى يوق، ھەممىسى مۇشۇ كارىزلاردىن نەپ ئالىدىكەن» ⑮. لىن زېشۇ جەنۇبتىكى سەككىز شەھەردىكى بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىنى خاتىرىلەۋېتىپ، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ياسىلىۋاتقان ۋە تېخىمۇ تاكامۇللاشقان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئالغان. ئەمدىلا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشكەن يەكەندىكى قوغان دېگەن يەردە لىن زېشۇ غەربتىن شىمالغا ئاقىدىغان ۋە شەرقتىن جەنۇبقا ئاقىدىغان ئىككى ئۆستەڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ بەش يەردە قۇم دۆۋىلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. لىن زېشۇ قۇم دۆۋىلىرى ئالدىغا تاش بىلەن توغان ياساپ، توغاننىڭ ئالدىغا لىملارنى تۇرغۇزۇشنى تەكلىپ قىلغان ۋە مۇشۇنداق قىلغاندا «قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئۆستەڭلەرگە كۆمۈرۈلۈپ چۈشۈشىنى توسقىلى بولىدۇ، ئۆستەڭ يوللىرىمۇ راۋانلىشىپ ئېكىنزارلىقلارغا تولۇق مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ» دەپ ھېسابلىغان⑯.

لىن زېشۇ يەنە قەشقەردە ئۆزلەشتۈرۈلۈۋاتقان بوز يەرگە سۇ باشلاپ كېلىدىغان پۇچۇق ئۆستەڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن⑰، ئاقسۇدىكى لۇڭقا ئېرىق ئۆستىڭى⑱ ھەم خوتەندىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنى مەنبە قىلغان راۋاق سۇ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرگەن⑲. لىن زېشۇنىڭ خاتىرىلىرى شۇ مەزگىلدىكى

ئۇيغۇر رايونىدا روناق تېپىۋاتقان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

شۇ ۋاقىتتا يەكەندىكى بىر ئۇيغۇر شائىرى يەكەن ھاكىمبېگى ئاپئاقنى مۇنداق شېئىرىي ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلىگەن: «ھەر يەردە، ئەگەر دەشتلەرگە سۇ چىقمىسا ناگاھ ئاڭا ئۈستەڭ. يۇرت قىلماق ئۇچۇن، چۆللەرنى ئاۋات قىلىڭ بار، شاھىن ئاڭا شۇ بار» ㉑.

مۇشۇ مەزگىلدە سودا ئىشلىرى ئۇيغۇر رايونىدا بىرقەدەر روناق تاپقان ساھە ئىدى. جۈملىدىن، چەت ئەل بىلەن قىلىنىدىغان سودا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇر رايونىنىڭ چەت ئەل بىلەن بولغان سودىسىدا قوقەند خانلىقى يەنىلا ئاساسلىق شېرىكلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ مەزگىلدە، قوقەند خانلىقى قولدىن قولغا تىجارەت قىلىدىغان چاي، رەۋەن، فارفور بۇيۇملار، قولدا توقۇلغان رەختلەر ۋە يىپەك توقۇلمىلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز ئەتراپىدىن ئىيۇنىدىن كەلتۈرۈلەتتى. ئۇيغۇر رايونى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدە قوقەندتىن قالسا، چاررۇسىيە ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. دەسلەپتە، چاررۇسىيە بىلەن قىلىنىدىغان سودا قازاق يايلىقى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. چاررۇسىيە قازاق يايلىقىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى بىلەن بىۋاسىتە سودا قىلىدىغان بولدى. 1851 ـ يىلى چاررۇسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە «جۇڭگو ـ چاررۇسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» نى ئىمزالاتقاندا، قەشقەر رايونىدىمۇ سودا مەنپەئىتى ئۈندۈرۈۋېلىشقا تەمشەلگەنىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدى㉑.

1852 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن چاررۇسىيىگە توشۇلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 550 مىڭ فوند ستېرلىڭغا يەتكەنىدى. 1854 ـ يىلى 780 مىڭ فوند

ستېرلىڭغا يەتتى. 1859 ـ يىلى بىر مىليون 16692 فوند ستېرلىڭغا كۆپەيدى(22). 1855 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىپ چارروسىيىنىڭ سودا ئورنىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتىكى ئىرادىسى ۋە شجائىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە چارروسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا كۆلىمىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ھاياتقا كۆرسەتكەن تەسىرىنىمۇ سۇرەتلەپ بەردى.

كەشمىر ۋە ھىندىستاننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كەشمىر، ھىندىستان يەنىلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسىي سودا شېرىكلىرى ئىدى. 1839 ـ يىلى شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى «ئەپيۇننى مەنئى قىلىش بويىچە 39 ماددىلىق يېڭى نىزامنامە» گە بىنائەن مۇسادىرە قىلغان ئەپيۇن ئىگىلىرىنىڭ تىزىملىكلىرىدە كەشمىر ۋە ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ ئىسىملىرى، ئادرېسى پۈتۈلگەن. پەقەت يەكەندىلا كەشمىر ۋە ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ ئەپيۇنى 164 مىڭ 600 سەردىن ئاشقان(32). كەشمىر ۋە ھىندىستاننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بىلەن قىلىدىغان سودىسىدا ئەپيۇن بىردىنبىر تاۋار ئەمەس ئىدى. كەشمىر ۋە ھىندىستان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن ئاساسەن چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، خام ـ بوز ھەم ھەر خىل پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يەل ـ يېمىشلەرنى سېتىۋالاتتى. دورا ماتېرىياللىرى، تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى ۋە ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن ماللارنى ئەكىلىپ ساتاتتى. ئۇيغۇرلار ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن بۇ ماللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ پەرەڭ مىلى دەيتتى. ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى فرانسىيىدە ئىشلەنگەن ماللار دېگەنلىك

ئىدى، لېكىن كېڭەيتىلگەن مەنىدە ياۋروپادا ئىشلەنگەن پۈتكۈل سانائەت بۇيۇملىرىنى بىلدۈرەتتى.

بۇ مەزگىلدە قولدا رەخت توقۇش ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كەسىپكە ئايلانغان.

1862 ـ يىل 6 ـ ئايدا يى شەن، بۇيانتايلار چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە سۇنغان مەكتۇبىدا: «ئىلىنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلاۋاتقان خام ـ بوزغا يولدا توشۇلۇۋاتقانلىرىنى قوشقاندا 470 مىڭ توپقا يېتىدۇ. ۋەھالەنكى، يىللىق سەرپىياتى 20 مىڭ توپتىن ئاشمايدۇ، ئەگەر بالدۇرراق چارىسىنى قىلمىساق، كۆپلەپ يىغىلىپ قېلىپ چىرىپ كېتىشى چوقۇم» دەپ تەشۋىشلەنگەن[24].

قولدا توقۇلغان رەختلەر يەنە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئالىدىغان ئاساسىي باج تۈرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى چاي بېجىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى[25].

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەسىدە بۇ مەزگىلدە يىپەك توقۇمىچىلىقى خام ـ بوزدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.
ئەمەلدارلار يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئاساسىي ئىستېمالچىلىرى ئىدى. ئۇلار يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنى سوۋغا ـ سالام قىلىپ ئۆزئارا تەقدىم قىلىشاتتى ياكى ئولپان قىلىپ ئوردىغا تاپشۇراتتى. «مەرىپەتلىك، قەيسەر نا يەنچىڭ ھەزرەتنىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇبلىرى» دا ئۇيغۇر رايونىدىكى بۇ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى «مۇسۇلمانلار كىمخابى»، «زەر باسقان دۇردۇن»، «زەر باسقان شايى» دەپ ئاتالغان. «مۇسۇلمانلار رايونى توغرىسىدا تەزكىرە» دە بۇ يىپەك تۇقۇلما بۇيۇملار «رەختى كىمخاب» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار بولسا ئۇلارنى «شايى ئەتلەس» دەپ ئاتايتتى. قەشقەر، يەكەن، بولۇپمۇ خوتەن يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى

ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاساسلىق جايلار ھېسابلىناتتى.
بۇ ۋاقىتتا يەنە سەنئەتكىمۇ، ھۈنەرۋەنچىلىككىمۇ ياتىدىغان بىر خىل كەسىپ مەۋجۇت ئىدى. ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئىستېمال قىممىتى نەزەردە تۇتۇلغاندا، نەققاشچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىككە مەنسۇپ ئىدى. ئۇيغۇر نەققاشچىلىقى مېتال نەققاشچىلىقى ۋە خىش، ياغاچ نەققاشچىلىقى دەپ ئايرىلاتتى. مېتال نەققاشچىلىقى ئاساسەن ئالتۇن، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىدا گەۋدىلەنگەن. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلاردىن چىققان يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ كىيىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كىيىملەرگە قادىلىدىغان ھەر خىل مېتال بېزەكلىرى بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشتىكى كىيىم - كېچەكنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلارنىڭ 饴 يېنىدىن ئايرىلمايدىغان نەرسە - كېرەكلەر، ھەتتا ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى، ھارۋا جابدۇقلىرىمۇ نەقىشلەنگەن بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ بېزەكلەر كىشىلەرنىڭ سالاھىيەت بەلگىسى ھەم بايلىق بەلگىسى ئىدى. خىش، ياغاچ نەققاشچىلىقىنىڭ ئىستېمال دائىرىسى مېتال نەققاشچىلىقىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەنىدى. كۆركەم ئىمارەتلەردىن تارتىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىچە ھەممىسى دېگۈدەك ئويمىچىلىق نەقىشلىرى بىلەن بېزەلگەن.
كۇندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان جەمئىيەت ئېھتىياجى ئۇيغۇر رايونىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئائىلىۋى دائىرىدىن ھالقىپ ئۆز ئالدىغا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى بولۇپ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلار ئادەتتە دۇكان دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەھۋال شۈبھىسىزكى، ئۆزىگە خاس ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئىش تەقسىماتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتقان شارائىتتا تاكامۇللاشتى ۋە

يىغىلىنىپ تۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، قەشقەردە زەمبىرەك ياساشتەك تېخنىكا تەلەپچان ئىنتايىن يۇقىرى مەشغۇلاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى㉖.

پايدىلانمىلار

① «چىڭ ۋېنزوڭ خاتىرىلىرى» 141 ـ جىلد، 2 ـ بەت.

② «چىڭ سۇلالىسى تارىخىي قولىيازمىلىرى» 382 ـ جىلد، «بۇيانتاي»؛ «سۇلالىمىزنىڭ ئەجدادلىرىغا ئائىت ۋەقەلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، 5 ـ جىلد.

③ لىن زېشۇ: «جى سى يىلىدا پۈتۈلگەن كۈندىلىك خاتىرىلەر»؛ «چىڭ شۈەنزوڭ خاتىرىلىرى»، 438 ـ جىلد، 2 ـ بەت، 428 ـ جىلد، 9 ـ بەت.

④ تېيىپجان هادى: «غۇلجا ئاتالغۇسى ۋە غۇلجا شەھىرى توغرىسىدا»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىلى 5 ـ سانىدىن ئېلىندى.

⑤ شاۋشۇن: «مۇسۇلمانلار رايونى توغرىسىدا نەزمە»، 2 ـ جىلد.

⑥ «مەرىپەتلىك، قەيسەر نا يەنچېڭ ھەزرەتنىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 77 ـ جىلد.

⑦ ليۇ جىنتاڭ: «جايلاردىكى مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنى قىسقارتىش ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن مۇسۇلمان ئاقساقاللىرىنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى تەكلىپىم»، «مەمۇرىي مەكتۇبلار توپلىمى » 18 ـ جىلدتىن ئېلىندى.

⑧ «چىڭ ۋېنزوڭ خاتىرىلىرى»، 249 ـ جىلد، 1 —، 2 ـ بەتلەر.

⑨ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىي قولىيازمىلىرى»، 382 ـ جىلد، «بۇيانتاي».

⑩ جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «پادشاھ تەستىق سالغان مەكتۇبلار. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا. داۋگۇاڭ 24 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جىرۋي سۇنغان مەكتۇب».

⑪ لىن زېشۇ: «يازغى ھۆجرىسىدا پۈتۈلگەن خاتىرىلەر».

⑫ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىي قولىيازمىلىرى»، «بۇيانتاي»؛ «سۇلالىمىزنىڭ ئەجدادلىرىغا ئائىت ۋەقەلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان»،

5 ـ جىلد؛ دىڭ تىڭجىن: «شىۋاڭيەن ھۆجرىسىدا پۈتۈلگەن نەزمىلەر»، «ئەپيۈن ئۇرۇشى» 2 ـ تومدىن ئېلىندى، جۇڭگو تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، شىڭخەي گوگۇاڭ نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان، 579 ـ بەت؛ «بۈيانتاينىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇبلىرى»، «ئەپيۈن ئۇرۇشى» 3 ـ توم، 512 — 513 ـ بەتلەر؛ لىن زېشۈ: «جى سى يىلىدا پۈتۈلگەن كۈندىلىك خاتىرىلەر».

⑬ «غۇلجا ئاتالغۇسى ۋە غۇلجا شەھىرى توغرىسىدا»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن ئېلىندى.

⑭ «بۈيانتاينىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇبلىرى»، «ئەپيۈن ئۇرۇشى» 3 ـ توم ، 512 — 513 ـ بەتلەر.

⑮ «لىن زېشۈ ئەسەرلىرى. كۈندىلىك خاتىرىلەر»، 448 ـ بەت.

⑯ جۇڭگو 1 ـ تارىخىي ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان «پادىشاھنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىگە چۈشۈرگەن پەرمانلىرى. داۋگۇاڭ 25 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى».

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، داۋگۇاڭ 25 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، داۋگۇاڭ 25 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، داۋگۇاڭ 25 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

⑳ مەتتىمىن باقىز: «كۆچا ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»، «ئاقسۇ قەدىمكى ئەسەرلىرى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.

㉑ «چەت ئەل بىلەن قىلىشقان دىپلوماتىك ئىشلار. شيەنفېڭ يىللىرى»، 5 ـ جىلد، 5 — 11 ـ بەتلەر.

㉒ ليۇ شۈەنمىن: «جۇڭگو بىلەن چاررۇسىيىنىڭ دەسلەپكى سودا ئىشلىرى توغرىسىدا»، «يەنجىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 25 ـ سانىدىن ئېلىندى.

㉜ جۇڭگو 1 ـ تارىخىي ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان «چېگرا ئىشلار ۋەزىرى خۇفېڭ بىلەن يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى ئېنتىخىڭئا قاتارلىقلار شىنجاڭدا ئەپيۈننى مەنئى قىلىش توغرىسىدا پادىشاھقا سۇنغان توققۇز پارچە مەكتۇب»؛ «چىڭ ۋېنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 330 ـ جىلد، 29 — 30 ـ بەتلەر.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 61 ـ جىلد، 2 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 275 ـ جىلد، 2 — 3 ـ بەتلەر.

يۇقىرىقى كىتاب، 258 ـ جىلد، 6 — 7 ـ بەتلەر.
يۇقىرىقى كىتاب 266 ـ جىلد، 16 ـ بەت.
㉖ «تەۋارىخى كاشغەر»، 7 ـ بەت.

# 2ـ بۆلۈم تېخىرقاش ئىچىدە گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

## 1. ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مەشھۇر ئەدىبلەر يېتىشىپ چىققان دەۋر بولدى. بۇ ئەدىبلەر ئىچىدە قەشقەردە يېتىشىپ چىققان ئەدىبلەر زور سالماقنى ئىگىلىدى.

ئابدۇرېھىم نىزارى، ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، تۆردى نازىم غېرىبى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىي، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئىدى. ئابدۇرېھىم نىزارى 1770 ـ يىلى قەشقەردىكى بۇلاقبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى بوياقچى ئىدى. نىزارى باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ خانلىق مەدرىستە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن ھەم خەتتاتلىقتا نامى تارقالغان. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ھۈنىرى كېيىنچە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بېقىپ، تۇرمۇشىنى قامداشتىكى ئاساسلىق ۋاستە بولۇپ قالغان. نىزارى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە باشقىلارغا سالام خەت يېزىپ بېرىش، پۈتۈكچىلىك قىلىش بىلەن جان باققان.

1830 ـ يىلى قەشقەر ھاكىمبېگى زۆھورىدىن نىزارىنى باش مىرزىلىققا تەيىنلىدى. يۇقىرى مەرتىۋە ۋە باياشات تۇرمۇش

نىزارىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىنى زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىت بىلەن تەمىن ئەتسە، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا يۈرگەن نەچچە 10 يىللىق ھايات كەچۈرمىشى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى مۇستەھكەم، مول تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە قىلغانىدى.

نىزارى مىرزىلىقتا تەيىنلىنىپ 8 ـ يىلى، يەنى 1838 ـ يىلى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى — «مۇھەببەت داستانلىرى» نى تاماملىدى. بۇ ئەسەر 48 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئوخشاش قىسمەتلەرگە يولۇقۇپ، مۇھەببىتىنىڭ تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ داستان «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق 18 پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان①.

نىزارى «مۇھەببەت داستانلىرى» نى تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد ۋارىسى ئەفرىدۇننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۇرپانغا بېرىپ تاماملىغان. داستاندا ئەقىل ـ پاراسەت، مېھرىبانلىق ۋە ھاياتقا بولغان قىزغىنلىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شائىر مېھرىبانلىق، سەمىمىيلىك ۋە باتۇرلۇقنى ئوخشىمىغان ھالقا، شارائىت ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەسەردىكى شەخسلەرگە يۈكلەش ئارقىلىق تەسىرلىك ۋەقەلىك توقۇپ چىقىپ، شانلىق ئوبراز ياراتقان.

نىزارى «مۇھەببەت داستانلىرى» نى تاماملاپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1839 ـ يىلى يەنە «زاتئۇل نىجات» دېگەن كىتابنى پۈتتۈردى. بۇ بىر پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇنلار ئەخلاق ـ نىزاملار مۇھاكىمە قىلىنغان. نىزارى بۇ ئەسىرىدە مەھكىمىلەرنىڭ ئەخلاق ـ نىزام بويىچە ئىش قىلىشىنى،

ۋەدىسىدە تۇرۇشىنى، ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىشىنى تەكىتلىگەن. ئەسەر سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە بولۇپ، 88 مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، 92 جاۋاب بېرىلگەن. كىتابتا مۇدبىر خۇدبىن دېگەن كىشى سوئال سورىسا، مۇقبىل رەۋشەندىل دېگەن كىشى جاۋاب بېرىدۇ. مۇدبىر خۇدبىن دېگەن ئىسىم شەخسىيەتچىلىك مەنىسىگە، مۇقبىل قۇتبىدىن دېگەن ئىسىم ھەقىدىللىك مەنىسىگە ئىگە.

نىزارىدىن كېيىن، قەشقەردىكى ئەدىبلەر ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم شەخس ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرىدۇر. سەبۇرى ئەزەلدىن ئەمەل ـ مەنسەپ يولىنى تۇتماي ئاددىي ـ ساددا ياشىغان. سەبۇرى تونۇلغاندىن كېيىن، زوھورىدىن بەگ تۈمەن دەرياسى بويىدىن ئۇنىڭغا بىر پارچە يەر بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن سەبۇرى مۇشۇ يەرگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان ۋە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن.

زوھورىدىن بەگ سەبۇرىغا يەر بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن نەۋائىينىڭ «مەنتىقۇت كەيىر» (قۇشلار تىلى) دېگەن ئەسىرىگە ئوخشىتىپ بىر نەسرىي ئەسەر يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان. سەبۇرى زوھورىدىن بەگنىڭ تۇرتكىسىدە ئۇزۇن مەزگىل تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق «ماقالات» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

بۇ ئەسەر 20 پارچە ئايرىم ماقالىدىن تەشكىللەنگەن، ئۇنىڭ بەزىلىرى قاپىيىلىك مىسرا شەكلىدە، بەزىلىرى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە تىرىشقان. ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق قۇرۇلمىسى جەمئىيەت تەرتىپىدە ئىپادىلىنىشى كېرەك، جەمئىيەت تەرتىپى قانۇن نىزامى ۋە ئەخلاق نىزامىدىن تەركىب تاپىدۇ، دەپ قارىغان.

قەشقەردىكى ئەدىبلەر ئىچىدە تۆردى نازىم غېرىبىنىڭ ئەسەرلىرىدە كەڭ قورساقلىق، ئوچۇق - يورۇقلۇق كەيپىياتى ئەڭ روشەن گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ھاياتقا قايتىدىن نەزەر سالدىغان تەسىرات بېرىدۇ. «كىتابىي غېرىب» ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرىدۇر.

تۆردى نازىم غېرىبى 1802 - يىلى قەشقەردە بابكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ رەخت توقۇشنى باشلىغان. ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى بىرىنچى بولۇپ بايقاپ ئۇنىڭغا خەتتاتلىقنى ئۆگەتكەن. نىزارى زۆھورىدىن ھاكىمبەگكە كاتىپ بولغاندىن كېيىن، تۆردى نازىمنى دەرھال يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى قىلىۋالغان. نىزارى «مۇھەببەت داستانلىرى» نى تاماملاپ 2 - يىلى، يەنى 1839 - يىلى تۆردى نازىمغا ئۆزىنىڭ «كىتابىي غېرىب» دېگەن ئەسىرىنى تۈگەتكەن.

«كىتابىي غېرىب» تا ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە ئىقىۋاتقان 23 خىل ھۈنەرنىڭ تەپسىلاتى ئىنتايىن ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەر شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى 1 - قول ماتېرىيال بولالايدۇ.

نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىنىڭ 1839 - يىلى يازغان «مۇھزىنۇل ۋائىزىن» (مۇڭلۇق ۋەز - نەسىھەتلەر) داستانى ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرىدۇر. بۇ داستان ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. 1 - قىسىمدا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە كەچۈرمىشلىرى، 2 - قىسىمدا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە تەبىئەت بىلىملىرى، 3 - قىسىمدا قەشقەردىكى ئۆرپ - ئادەتلەر بايان قىلىنغان. بۇ داستان جەمئىي 4 مىڭ 800 مىسرادىن پۈتۈلگەن②.

قەشقەردىكى ئۆرپ - ئادەتلەر، ئاپتورنىڭ توي - تەپەككۇرى، ئىچكى ھېس - تۇيغۇسى ۋە تۇرمۇش

كەچۈرمىشلىرىنىڭ مەنبەسى. ئەسەر تولۇپ - تاشقان مېھىر - مۇھەببەت، گۈزەل، ئوبرازلىق سۆز - جۈملىلەر بىلەن پۈتۈلگەن.

نورۇز ئاخۇن زۆھورىدىنىنىڭ قول ئاستىدا 14 يىل ئىشلىگەن. كېيىن ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ ئىككى يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، ئىگە - چاقىسىز قېلىپ، يالغۇزچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

قەشقەردىن چىققان سەلەي چاققان بىلەن تۇرپاندىن چىققان موللا زەيدىن مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلارنىڭ چاقچاق - ھەزىللىرى ئاممىباب، يۇمۇرلۇق بولۇپ، مەردلىك، ئۆچمەنلىك، باتۇرلۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

سەلەي چاققان 1816 - يىلى قەشقەر ئوپالدا تۇغۇلغان③. بالىلىق چاغلىرىدا ھەزىلكەشلىك قىلغان. ئۇ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلغا ئامراق بولۇپ، بارغانلا يېرىدە قابىلىيىتىنى نامايان قىلغان. بولۇپمۇ تېتىملىق، قىزىقارلىق تىل ماھارىتى بىلەن يۇرتداشلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا چاققان دەپ لەقەم قويۇپ قويغان. ئۇ چوڭ بولغاندا قەشقەردىكى تۆۋەن قاتلام خەلقلىرى ئارىسىدا تونۇلغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى، مەسەللىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقالدى.

تۆۋەندىكىسى سەلەي چاققان توغرۇلۇق قەشقەردە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت:

«بىر كۈنى قەشقەر ھاكىمبېگى زۆھورىدىن سەلەي چاققانغا: ‹ئەگەر بىرى مەندىن دۇنيادا نېمە ئەڭ سوغۇق دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا مەن خوتۇنۇمنى كۆرسەتكەن بولاتتىم› دەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ ياز كەپتۇ. زۆھورىدىن زىياپەت بېرىپ بارلىق ئەمەلدار - ئاقسۆڭەكلەرنى چىللاپتۇ. مېھمانلار يىراقتىن

كەلگەچكە، ئۇسساپ ھالى قالماپتۇ، ئاخىرى ساھىبخانغا: «ھۆرمەتلىك ھاكىمبەگ جانابلىرى، مۇشۇ پەيتتە بىزگە ئازراق ئۇسسۇزلۇق بەرگەن بولسىلا، بىز كۆپ رەھمەت ئېيتقان بولاتتۇق، دەپتۇ. ھاكىمبەگ: ‹ھوي سەلەي، مېھمانلارغا دەرھال سوغۇق ئىچىملىك ھازىرلا، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، دەپ يېنىدا تۇرغان سەلەيگە ۋارقىراپتۇ.

سەلەي چاققان: ‹جانابلىرى، دۇنيادىكى ئەڭ سوغۇق نەرسىنى ئەكىرسەم بولامدۇ؟›، دەپتۇ.

زۆھورىدىن: ‹ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى›، دەپ ئالدىراتقانلىق ئىشارىسى قىلىپ، ئاندىن مېھمانلارغا تەكەببۇرلۇق بىلەن: ‹ئاللاغا شۈكۈر، ھەرقايسىلىرى ئىچمەكچى بولغان ئۇسسۇزلۇق ھوزۇرىمىزدىن تېپىلماي قالمايدۇ›، دەپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي سەلەي چاققان زۆھورىدىن بېگىمنىڭ خوتۇننى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ ۋە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ: ‹بېگىم، دۇنيادىكى ئەڭ سوغۇق نەرسە مېنىڭ خوتۇنۇم دېمىگەنىمىدىلە›، دەپتۇ.»

موللا زەيدىن 1815 ــ يىلى تۇرپاندىكى باغرى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياخشى تەربىيە ئېلىشى ئۈچۈن بەكمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. 17 ياشقا كىرگەندە ئۇ «قۇرئانى كەرىم» نى يادلاپ بولغان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى موللا زەيدىن دەيدىغان بولغان.

موللا زەيدىن توقۇغان لەتىپە، قوشاق ۋە مەسەللەر ئىنتايىن قىزىقارلىق، مەسخىرىلىك ھەم راۋان. «ئالمىخان» دېگەن قوشاقنىمۇ موللا زەيدىن ئالماقچى بولغان ئالمىخان دېگەن قىزغا ئاتاپ توقۇغانىكەن. موللا زەيدىننىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئېيتقان مۇنداق بىر يۇمۇرى بار: ‹بىر كۈنى موللا زەيدىن ھەمساۋاقلىرى بىلەن ئويناۋاتقانىكەن، خەلپىتىم ئۇلارنى ناماز ئۆتەشكە

بۆيرۇپتۇ، باللارنىڭ ھەرىكىتى سەل ئاستا بولۇپ قالغانىكەن، خەلپىتىم باللارنىڭ بېشىغا پالاق بىلەن ئۇرۇپتۇ. موللا زەيدىننىڭ بېشىغىمۇ بىر پالاق تېگىپتۇ. باللار يىغلىغان پېتى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. باللارنىڭ يىغىسى مۇدەررىسنى چۆچۈتۈۋېتىپتۇ. مۇدەررىس باللارغا تەسەللى بېرىپ: «يىغلىماڭلار، زامان ئاخىر بولغاندا سىلەر پالاق يېگەن جايغا گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ»، دەپتۇ. مۇدەررىسنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە ئاغرىغان بېشىنى سىلىغان موللا زەيدىن: «ئۇنداق بولسا بىزمۇ خەلپىتىمنى ئۇرمىساق بولمىغۇدەك، بولمىسا زامان ئاخىر بولغاندا، خەلپىتىم گۈلى يوق ئادەم بولۇپ قالامدۇ»، دەپتۇ. مۇدەررىس نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي: «ئۇنداق قىلماڭلار، مەن سىلەرگە سىلەر ئەڭ ئامراق خەلپەتتىن بىرنى تېپىپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟»، دەپتۇ».

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، مەيلى ئىلى، قەشقەر، مەيلى خوتەندە بولسۇن كىشىلەر موللا زەيدىن لەتىپىسىنى سۆزلىگەندە تۇرپان شىۋىسىدە سۆزلەشكە بەكمۇ ئامراق ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا يەرلىك ئالاھىدىلىك ھەقىقىي نامايان بولىدۇ.

موللا زەيدىننىڭ كۆپ ۋاقتى فېردۇننىڭ ئۆيىدە ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فېردۇن بېيجىڭغا جياچىڭ خانغا سالامغا بارغاندا موللا زەيدىنمۇ بىللە بارغانىمىش. موللا زەيدىن گەپنى يۈز - خاتىر قىلماي ئۇدۇل دەۋېرىدىغان، ھوقۇقى بارلاردىن قورقمايدىغان بولغاچقا، فېردۇن ئۇنى سەككىز قېتىم خىزمىتىدىن بوشاتقان، بىراق توققۇزىنچى قېتىم ئۇنى يەنە ئۆيىدىغا چاقىرتقان. فېردۇن موللا زەيدىننى «شېرىن سۆزلۈك دۈشمىنىم» دېگەن.

1860 - يىلى موللا زەيدىن ئۆيىدىن ئايرىلىپ يۇرتىدا قوغۇن تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. 1880 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 2. مائارىپ ۋە مەدەنىيەت

بىرمۇنچە ئاتاغلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسىنىڭ تەرجىمىھاللىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونىدا مائارىپ ئىشلىرى خېلى روناق تاپقان. ئومۇمىي ھالەتتىن قارىغاندا، دىنغا بولغان بېقىنىشتىن قۇتۇلۇش شۇ زامانىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى بولغان. گەرچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەھرا ئىپتىدائىي مائارىپ سورۇنلىرى ھېلىھەم سەھرا مەسچىتلىرىنىڭ قارىمىقىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچى بىلەن دىندارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمچىلىق خېلى ئېنىق بولدى. مەسچىتتىكى دىندارلار ئىمام، مەزىن دەپ ئاتىلىدۇ. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار — مۇدەررىس دەپ ئاتىلاتتى. نىزارى باشچىلىقىدىكى يازغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ماھارىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى ھەم ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرلىرى ئۇلارغا بىلىم ئۆگەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ھەم بىلىم دائىرىسىنى نامايان قىلدى. بىراق، شۇنداقتىمۇ، بىز بايان قىلىۋاتقان بۇ مەزگىل ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنىڭ دىنىي مائارىپتىن ئۈزۈل - كېسىل مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغان مەزگىل ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى ئىسلام دىنى مائارىپى مائارىپ سورۇنلىرىدا يەنىلا روشەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە داڭقى چىققان ئۇيغۇر ئەدىب، ئالىم، پەيلاسوپلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كەمبەغەل ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر شۇ شارائىتتا يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا قاتلامدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭمۇ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئوقۇش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن

نۇرغۇن كۆركەم يېرىك بەدىئىي ئەسەرلەر شۇنى نامايان قىلىدۇكى، ئۇيغۇر تارىخىدا پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دەۋر ئاياغلاشقان. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ يەرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەپەككۇر نەتىجىسىنى خاتىرىلەيدىغان ۋاستە بولۇپ قالغان.

بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلى ئۆز لېكسىكىسىنى ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ساپلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. بولۇپمۇ ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىپ كېلىنىۋاتقان پارسىي ۋە ئەرەبىي ئاتالغۇلار زور دەرىجىدە ئازايتىلدى.

پارسىي ۋە ئەرەبىي ئاتالغۇلارنى ساپلاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا نۇرغۇن خەنزۇچە ئاتالغۇلار كىرىپ قوشۇلدى. بۇ خەنزۇچە ئاتالغۇلار ئاساسەن ئەمەل ناملىرى ۋە باج ئاتالغۇلىرىدىن ئىبارەت. ئايرىم خەنزۇچە ئاتالغۇلار ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنغاندا ئاھاڭدا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن ياكى جۈملە تەرتىپىدە ئالمىشىش كۆرۈلگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئەينەن مەنىسى چۈشىنىكسىز بولۇپ قالغان⑤.

يەرلىك شېۋىلەر ئايرىم جايلاردا ھېلىھەم مەۋجۇت بولغان. بىراق، يەرلىك شېۋىلەردە كۆرۈلگەن پەرقلەر توسقۇنلۇق قىلىش رولىدىن ئاللىقاچان مەھرۇم قالغان، بەلكى يەرلىك شېۋىلەردە خېلى نۇرغۇن قەدىمىي ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋاملىق راۋاج تېپىشىدا زور مەنبە بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى، ئىملا قائىدىسى ۋە گراماتىكا تۈزۈلۈشى تەكىتلەندى ۋە يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يەنىمۇ تاكامۇللاشقانلىقى مۇشۇ

ئۆتمۈشنى ۋە نەتىجىنى دەلىللىدى. نىزارى ۋەكىللىكىدىكى قەشقەردىكى يازغۇچىلار تۈپىنىڭ ئەسەرلىرى 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆرنەكلىرى دەپ تونۇلغان. ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى، جۈملە قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى، ھەتتا سۆز ئىزىش قائىدىلىرى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى رىئايە قىلىدىغان مىزان بولۇپ قالغان.

## 3. بىناكارلىق

تۇرپانغا بارغانلار سەل - پەل دىققەت قىلسىلا، ئېگىز بىر مۇنار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە چېلىقىدۇ. ياغاچ، توپا بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تېشىغا رومبا شەكىللىك نۇسخا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، تۈپىنىڭ تەبىئىي رەڭگى جىلۋىلىنىپ تۇرغان. ئۇ كۆركەم، گەۋدىلىك بولۇپ، تۇرپان ۋادىسى بويىچە ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش دەپ تونۇلغان.

ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بويىچە ئېيتقاندا، سولايمان ۋاڭ مۇنارى بۇددا دىنى مۇنارى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، ئىسلام دىنىغا خاس گۈمبەز شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرۈپ، تۇرپان ۋادىسىدا بىر ھەيۋەتلىك مەنزىرە بولۇپ قالغان.

19 - ئەسىر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا راسا ئەۋج ئالغان مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغىنى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ئىدى. «غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرى» دە قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ: «ۋاڭ ئوردىسى قەلئەنىڭ شەرقىي قىسمىغا سېپىلغا يانداپ كۆتۈرمە قىلىپ سېپىلدىنمۇ ئېگىز سېلىنغان. ئىككىنچى دەرۋازىنىڭ ئىچى ھويلا بولۇپ، ئۈچ قات

ئىمارەت تۈز يەرگە سېلىنغان. ئىمارەتلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پەلەمپەي ئارقىلىق كۆتىگە چىقىدۇ. كۆتىمىدە ئۆي ـ ئىمارەتلەر چەمبىرەكسىمان رەتلىك سېلىنغان. دېرىزىلىرىدىن تۆۋەنگە نەزەر سالغاندا، پۈتۈن هويلا كۆزگە چېلىقىدۇ. هويلىنىڭ سول تەرىپىگە تىكىلگەن ئۇزۇنغا كەتكەن ئۈستى يېپىقلىق كارىدورنى بويلاپ مېڭىپ يەنە بىر دەرۋازىغا كىرگەندە باغ كۆرۈنىدۇ⑤.
باغدا بىرقانچە ئورۇنغا سېلىنغان مېۋىلىك دەرەخلەر قاتارلىشىپ بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن. تۈرلۈك گۈللەر تەشتەكتە تىكىلگەن پېتى قاتار قىلىپ رەتلىك قويۇلغان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى باغ مەنزىرىسىنىڭ ئۆزى ئىكەن. بۇ گۈللەرنى رەهمەتلىك بىشىرۋاڭ پايتەختتە ئالتە يىل خىزمەت ئۆتەش جەريانىدا قىممەت باهادا سېتىۋېلىپ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئېلىپ كەلگەن. ئەينى يىلدا، بۇ ئوردا هەقىقەتەنمۇ هەم گۈزەل، هەم هەشەمەتلىك ئىدى »⑥.
قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا جەمەتى ئوردا سالدۇرغاندىن باشقا، تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا جەمەتى، كۇچادىكى هادى جەمەتى ۋە ئاقسۇدىكى غوجەش جەمەتىمۇ ئوردا سالدۇرغان. ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ئوردىسى لۈكچۈن قەلئەسىگە سېلىنغان. ئۇنىڭ كۆلىمى ۋە هەشەمەتلىك دەرىجىسى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ قۇرۇلۇش هەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ قارىساق خاتا بولمايدۇ. بۇ ئوردا هويلا، باغ، خىزمەتچىلەر تۇرار جايى بولۇپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىلغان. هەربىر قىسىمنى دەرۋازىلار ئايرىپ تۇرىدۇ. پەلەمپەي بىلەن ئۆرلەپ ئەڭ ئېگىز يەرگە ۋاڭنىڭ ئىشخانىسى جايلاشقان.
شىپاڭ، مۇنار، بالىخانىلار ئوردىدا ئۆز رېتى بويىچە سېلىنغان. ئۇلارنىڭ لىم تۈۋرۈكلىرى تۈرلۈك ئويما رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، هەشەمەتلىك بىلەن هەيۋەتلىكلىكى ئۆزىگە تەڭلا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.
ئىلى جاڭجۈن مەهكىمىسى ۋەكىللىكىدىكى هەرقايسى ئىش

بىجىرگۈچى، چىرىكچى ئامباللارنىڭ يامۇللىرى بولسا تامامەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ پاسونىدا سېلىنغان. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى تارقىتىشتا ئۆرنەك بولغان.

مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋەكىل بولالايدىغىنى كېڭەيتىپ سېلىنغان قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامائەسى ۋە قايتا بېزەلگەن ئاپاق خوجا مازىرى ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغىنى ئىلىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى بىلەن ئۇۋەيس مازىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە رەڭلىك ساپاللار قاپلانغان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى بالىخانا شەكلىدە ئىدى.

### پايدىلانمىلار

① 1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، تېيىپجان ئېلىيوف ئىزاھ بەرگەن «نىزارى داستانلىرى» نىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: « ‹مۇھەببەت داستانلىرى› نى رەتلەش داۋامىدا شۇنى بايقىۋالدۇقكى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ داستان نىزارى بىلەن زامانداش زىيائى ۋە تۇردىنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەن»

② ھاجى ئەخمەت: «زۇھورىدىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەر رايونىدىكى ھايات ۋە ئەدەبىيات»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

③ يۇقىرىقى كىتاب.

④ مەخمۇت زەيدى: «موللا زەيدىن گەپچى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 1 ـ سان.

⑤ ئىلى خەلق قوشاقلىرىدا «ۋاڭخۇلى» ياكى «ۋاڭخۇلۇ» دېگەن باجغا ئائىت خەنزۇچە ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. ھازىرغىچە كىشىلەر ئۇنىڭ خەنزۇچە ئوقۇلۇشىنى تاپالمىدى.

⑥ «غەربىي يۇرت نەزمىلىرى» 2 ـ جىلد.

# ئۈچىنچى باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

## 1- بۆلۈم ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن كۈنلەر

### 1. تۈگەپ قالغان ھەربىي راسخوت

1859 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شيەنفېڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: «گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى قەلئەلىرىگە لازىملىق يىللىق مائاش خىراجىتى جەمئىي 4 مىليون سەر كۈمۈشتىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلىدىغان ياردەم خىراجىتى بىلەن قامدىلىدۇ. ھەرقايسى ئۆلكىلەر بەلگىلەنگەن مىقداردا ياردەم خىراجىتىنى ئەۋەتىپ تۇرمىغاچقا جىيايۈيگۇەننىڭ سىرتىغا ئەۋەتىلىدىغان خىراجەتمۇ يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ ماڭغان. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يىل سەنشى ئۆلكىسى ئاران 70 مىڭ سەر كۈمۈش ئەۋەتكەن. شەنشى ئۆلكىسى ئاران 85 مىڭ سەر كۈمۈش ئەۋەتكەن. خېنەن ئۆلكىسى ئاران 17 مىڭ 5 يۈز سەر كۈمۈش، 15 مىڭ تىزىق يارماق ئەۋەتكەن. شەندۇڭ ئۆلكىسى ئاران 10 مىڭ سەر كۈمۈش

ئەۋەتكەن. ناۋادا خېدۇڭ يولىدىن ئەۋەتىلگەن 450 مىڭ سەر كۈمۈش يېتىپ بارالمىغان بولسا، ئۇلار ئالىقاچان ھالىدىن كېتىپ قالغان بولاتتى» ①.

مۇشۇ پەرماندا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، 1859 - يىلى گەنسۇ بىلەن شىنجاڭغا ھەربىي راسخوت ئۈچۈن 4 مىليون سەردىن ئارتۇق كۈمۈش كەتكەن. ۋەھالەنكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭ بىلەن گەنسۇغا ئەۋەتىلگەن ھەربىي راسخوت ئاران 600 نەچچە مىڭ سەر - كۈمۈشكە يەتكەن بولۇپ، ئەمەلىي ئېھتىياجنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنىلا قامدىيالىغان. مۇنداق پەرقلەر ئەلۋەتتە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنى قايمۇقتۇراتتى ۋە تەشۋىشكە سالاتتى. شۇ ۋەجىدىن پادىشاھ شيەنفېڭ ئۆز پەرمانىدا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى: «ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قەلئەلەر خىراجەتتىن قىسىلىپ مائاشقا تەقەززا بولماقتا، مالىيە ۋازارىتىنىڭ گەنسۇ خەزىنىسى ۋاكالىتەن چىقىم قىلىۋېرىپ ئۆزىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئەگەر ئەۋەتىش بەلگىلەنگەن ياردەم خىراجەتلەر يەنىلا كېچىكتۈرۈلىدىغان بولسا جىيايۈگۈەنىنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭلا مائاشى ئۈزۈلۈپ قالماستىن ئىچىدىكىلەرنىڭمۇ مائاشىمۇ ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، تېزدىن راسخوت ھازىرلاپ ئەۋەتىلىشى لازىم. چوڭئىن، يىڭگۇ، خېڭفۇ، زېڭ ۋاڭيەنلەر مالىيە، باج، تۇزچىلىق تارماقلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، زېمىن خۇسۇمەتچىلىكىنى تۈگىتىپ، گەنسۇغا ئەۋەتىلىدىغان ياردەم خىراجەتلىرىنىڭ كەملەپ قالغان قىسمىغا ئامال قىلىپ، ئالدى بىلەن يۈزمىڭ سەر كۈمۈشنى تېزدىن راسلاپ، ئەمەلدار قويۇپ مالىيە ۋازارىتىنىڭ گەنسۇدىكى خەزىنىسىگە يەتكۈزۈپ بەرسۇن. كەملەپ قالغىنىنىمۇ تېزدىن راسلىشى لازىم، غەربىي رايوننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلىپ كېچىكتۈرۈشكە

بولمايدۇ» ②.

ئارىلىقتىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ شيەنفېڭ يەنە ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۈچتۇرپانغا يەتكۈزۈلىدىغان ھەربىي خىراجەتنى بىۋاسىتە سۈرۈشتە قىلدى. شۇ چاغدا، ئۈچتۇرپان بېرىش بەلگىلەنگەن راسخوتنى كۆرمىگىنىگە ئىككى يىل بولغانىكەن. ئەسكەرلەرگە مائاش بەرمىگىنىگىمۇ 20 نەچچە ئاي بولغانىكەن ③.

«چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى خاتىرىلىرى» دىن مەلۇم بولۇشىچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربىي راسخوت قىسىنچىلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىرلاشقان. 1859 - يىلىغا كەلگەندە ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئۈچتۇرپان، قاراشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، بارچۇق (يەنى مارالبېشى) ھەربىي راسخوت قىسىنچىلىقى توغرىسىدا تەڭلا جىددىي تەكلىپنامە چىقارغان④. جايلار تەلەپ قىلغان ھەربىي راسخوتنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بىر مىليون سەر كۈمۈشتىن ئاشقان. مەيلى چىڭ سۇلالىسى ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ پەرمانلىرى بولسۇن ۋە ياكى چېگرا ئەمەلدارلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە سۇنغان مەكتۇپلىرى بولسۇن، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆرۈلۈۋاتقان ھەربىي راسخوت قىسىنچىلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرگە تولۇق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇ چاغدا پەرمان بويىچە شىنجاڭغا ھەربىي خىراجەت راسلاپ بېرىدىغان ئۆلكىلەرنىڭ ئىچىدە شەندۇڭ، سەنشى، خېنەن، شەنشى، سىچۈەن قاتارلىق جايلار بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى گەنسۇدا مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ خىراجەت راسلاش، تەقسىملەش، يۆتكەش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان. بىراق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل دۆلەت كۈچى ھالىدىن كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن راسلاپ

بېرىلىۋاتقان خىراجەت بىلەن ئەمەلىي ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور بولدى. 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە ھەرقايسى ئۆلكىلەر بېرەلمەي قالغان ياردەم خىراجىتى يىغىلىپ 10 مىليون سەر كۆمۈشكە يەتكەن⑤.

ھەربىي راسخوتتا كۆرۈلگەن قىيىنچىلىق ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى ۋە ھەربىي ئىنتىزامىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى. 1861 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قوشۇن مائاشىنىڭ تايىنى بولمىغاچقا غوۋغا كۆتۈرۈپ يەرلىك ھەربىي مەمۇرىي ئورگانلارنى قورشىۋالدى. يەرلىك دائىرىلەر ھەربىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى ئاران بېسىقتۇردى⑥. 1862 ـ يىلى قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئامبالنى بارىمتايلىققا تۇتۇپ قالغانلىقى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. «چىڭ مۇزوڭ خاتىرىلىرى» نىڭ 48 ـ جىلدىدا بۇ ۋەقە خاتىرىلەنگەن: «مەلۇم بولۇشىچە بۇ يىل (تۇڭجى 1 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا بارىكۆل ـ ئۈرۈمچى ئامبىلى شۈيىڭ قۇتۇبى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئەسكەرلەردىن بىرقانچىسى شۈيىڭنىڭ هارۋىسىنى توسۇۋالغان. بارگاھ لەشكەر بېشى بىلەن بارگاھ تەپتىشى ئارىلاشقان بولسىمۇ ئەسكەرلەر بوي بەرمەي ئامبالنى بارگاھ ئىچىدىكى بۇتخانىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ، بېرەلمەي قالغان مائاشنى تەلەپ قىلغان. بارگاھ لەشكەر بېشى يەرلىك جاڭ فامىلىلىك باي سودىگەرگە يالۋۇرۇپ قەرز بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئەسكەرلەرگە ئەتىدىن قالماي مائاش تارقىتىپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئىش قوزغىغان ئەسكەرلەرنىڭ سەركەردىسى ئاندىن ئامبالنى قويۇپ بەرگەن».

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆرۈلگەن ھەربىي خىراجەتتىكى قىيىنچىلىق چىڭ سۇلالىسىنى ساراسىمىگە سېلىپ قالماستىن، يەرلىك مەسئۇل ئەمەلدارلارنىمۇ ساراسىمىگە سالدى. شۇڭا، مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش چېگرا

ئىشلىرى بويىچە ئەڭ كەسكىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1862 ـ يىلى قەشقەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى يۈەن يىڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ سۇنۇپ 200 سەر كۈمۈش ئىئانە قىلغان گايىت ئىسمىلىك ياندىش بەگنى رەسمىي ۋەزىپىگە قويۇشنى، 500 سەر كۈمۈش ئىئانە قىلغان يىڭ دېچۇن ئىسمىلىك ياندىش ئەمەلدارنى بارچۇق ئاشلىق ئىشلىرى نازارەتچىسى قىلىپ تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلدى[7].

بۇ تەكلىپ بېيجىڭغا يەتكەن ھامان پادىشاھ تۇڭجى قاتتىق ئەيىبلىدى ھەم پەرمان چىقىرىپ مۇنداق دېدى : «سۇلالىمىزنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى قەلئەلەرگە رەسمىي قويۇلىدىغان ئەمەلدارلار ياكى ياندىش قىلىپ قويۇلىدىغان ئەمەلدارلاردىن ئىئانە تەلەپ قىلىش ئىشلىرى تامامەن مەنئى قىلىنسۇن»[8]. بىراق، ھەربىي راسخوت قىسىنچىلىقى ئازابىنى تارتىۋاتقان چىڭرا ئەمەلدارلىرى پادىشاھ تۇڭجىنىڭ پەرمانىغا پەرۋا قىلماي ئىئانە توپلاش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. 1862 ـ يىل 9 ـ ئايغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە ئەنگە ئېلىنغان ئىئانە بېرىپ ئەمەل ئالغۇچىلاردىن كۇچانىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبېگى، ئاقسۇنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك ئىشىكئاغابېگى، بارچۇقنىڭ ئاشلىق نازارەتچىسى قاتارلىقلار بار ئىدى. كۇچانىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىكىنى ئابلاش ئىسمىلىك كىشى 500 سەر كۈمۈش ئىئانە بېرىپ سېتىۋالغان. ئاقسۇنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بەگلىكىنى مەمەت ئابدۇللا ئىسمىلىك كىشى 1000 سەر كۈمۈش ئىئانە قىلىپ سېتىۋالغان. بارچۇقنىڭ ئاشلىق نازارەتچىلىك ئەمەلىنى ئولشىسۇ ئىسمىلىك كىشى 500 سەر كۈمۈش ئىئانە قىلىپ سېتىۋالغان[9]. كېيىنكى كۈنلەردە خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان كۇچا جۇڭۋاڭى ئەمەت يەكەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىغا ئىئانە بەرگەنلىكى ئۈچۈن جىنايىتى كەچۈرۈم

قىلىنغان⑩. كېيىن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان تۇرپان جۇنۋاڭى ئاقلايدۇ يەكەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىغا ئىئانە بەرگەنلىكى ئۈچۈن جىنايىتى كەچۈرۈم قىلىنغان⑪.

ئەمەل سېتىش ئاخىرى كېلىپ چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.

موللا مۇسا سايرامى بۇ ھادىسە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق جايدىكى نامسىز ۋە نىشانسىز ئوغرى، قىمارۋاز، سەرگەردان بولسىمۇ، پەقەت پۇللا بەرسە مەنسەپكە ئىگە بولالايتتى . . . . . . . تۇڭچى ـ تىلماچلارمۇ دەرھال دەللال بولۇپ، مەنسەپنى خۇددى سېتىقچىلاردەك ئاشكارا پۇلغا ساتىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئەسلىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن بۇيان ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، يۇرت سوراپ، ياخشىلىق قىلىپ كەلگەن بەگلەر ۋە بەگزادىلەر بولسا خاننىڭ يېڭى ئەمەلدارلىرى ۋە مەنسەپنى سېتىۋالغانلارنىڭ ئالدىدا خار ۋە ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرپانلىق ئەپرىدۇن ۋاڭ بېگىم يەكەنگە ھاكىمبەگ ئىدى، مۇھەممەد ئىمىن ۋاڭ بېگىم ئىشكىئاغا ئىدى. بىر گۇناھ بىلەن ئەپرىدۇن ۋاڭ بېگىمنى بىكار قىلىپ، خوتەنلىك رۇستەمبېك دېگەندىن ئىككى مىڭ يامبۇ ئېلىپ، ئۇنى يەكەنگە ھاكىمبەگ قىلدى. رۇستەمبېك بولسا ئەسلىدە مۇھەممەد ئىمىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى يېتىلەپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلغان ۋە نۆكەر مۇقامىدا ئىززەت ـ ئىكراملىرىنى قىلىپ، بۇنى ئۆزىگە پەخىر ـ ئىپتىخار دەپ بىلىپ كەلگەن ئادەم ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ۋاڭ بېگىم بۇنداق بىر ئادەمنى پۇل بەردى دەپ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ قىلىپ، ۋاڭ مۇھەممەد ئىمىننى يەنىلا ئىشكىئاغالىق مەنسىپىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويغانلىقىنى ئار ـ نومۇس بىلىپ، مۇنداق يۈرۈپ ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم مىڭ مەرتىۋە

ياخشى دەپ، ئۆزىنى ھالاكەتكە يەتكۈزدى دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ. يەنە كۇچالىق مىرزا ئىسھاق ۋاڭ بېگىم ۋە مىرزا ئەھمەد ۋاڭ بېگىملەرگە نۆكەر بولۇپ كەلگەن كۇچالىق قۇتلۇق بېگ قەشقەرگە ھاكىم بولدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سەئىدبېگ 1 مىڭ 500 يامبۇ بېرىپ ئاقسۇغا ھاكىم بولدى»⑫.

موللامۇسا سايرامى ئۆز ئەسىرىدە يەنە: «ئەمەل سېتىش ئېلانلىرى ھەتتا كوچىمۇكوچا چاپلانغان» دەپ يازغان. موللامۇسا سايرامى چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان بۇ سەت قىلىقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ئۇنى يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ھەربىي راسخوت قىسىنچىلىقىغا باغلاپ قارىغان⑬.

ئوخشاش ئېھتىياجنىڭ قىستىشى بىلەن 1861- يىلى 1- ئايدا ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى مىيەن شىن چىڭ سۇلىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە جايلاردىكى ھاكىمبەگلەر ئۆز ئالدىغا يىغىۋالىدىغان باجنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەكلىپ قىلدى. مىيەن شىننىڭ كونكرېت تەكلىپى مۇنداق: بەگلەر ئۆز ئالدىغا يىغىۋالىدىغان باجنىڭ يېرىمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىپ، قالغان يېرىمىنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش. مىيەن شىن ئۆزىنىڭ بۇ تەدبىرىنى «شەخسلەر ئالىدىغان باجنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆزگەرتىش» دەپ تەرىپلىدى. مىيەن شىن پادىشاھ شيەنفېڭغا ئۆز تەكلىپىنى شەرھلىگەندە مۇنداق دېدى: «ئىشنى مۇشۇنداق قىلغاندا «پۇقرالارنىڭ ئېغىرچىلىقى ئازىيىدۇ. خىراجەتنىڭ يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلىشقىمۇ پايدىلىق. بۇنىڭ بىلەن ئىچكىرىي ئۆلكىلەردىن يۆتكىلىدىغان خىراجەتلەر بىلەن پايتەخت ئەسكەرلىرىنىڭ مائاش ئېھتىياجىنى قامداشقا بولىدۇ»⑭. مۇشۇ ۋەجىدىن مىيەنشىننىڭ تەكلىپىنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي

ھۆكۇمىتى ماقۇل كۆردى ۋە ئالدى بىلەن ئاقسۇدا سىناپ بېقىشقا رۇخسەت قىلدى.

مىيەن شىن پادىشاھقا تۇغقان كېلەتتى. ئېھتىمال مىيەنشىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سىياسىي سالاھىيىتىگە بەكرەك ئىشىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تەستىقىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى يولغا قويدى. خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئاقسۇ ھاكىمبېگى ھامۇت ھەم ئىش بېجىرىش ئامبال يامۇلىنىڭ زەنگىسى گوۋەن مىيەن شىنىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، مىيەن شىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە «شەخسلەر ئالىدىغان باجنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆزگەرتىش» دېگەن تەكلىپنى سۇنۇشتىن ئىلگىرىلا ئاقسۇدا تۈز بېجى دەپ ئاتالغان باجنى تەسىس قىلىپ، ھەربىر پۇقرادىن ئايدا ئىككى پۇل، 3 ـ دەرىجىلىك بەگلەردىن 7 ـ دەرىجىلىك بەگلەرگىچە دەرىجىسى بويىچە 50 پۇلدىن 30 پۇلغىچە باج ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىيەن شىن يەنە ئاقسۇدا تىجارەت قىلىپ تۇرغان ئەنجان سودىگەرلىرىدىنمۇ ئايدا تۈز بېجى ئالغان⑮.

«تارىخىي ھەمىدى» دە موللا نىياز ئاخۇن ئىسمىلىك كىشى مۇئەللىپكە ئۆزىنىڭ مۇنۇ سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بەرگەن: «ئاقسۇنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى مەندارىن دېگەن ئادەم ئاقسۇنىڭ ھاكىمى باشلىق مەنسەپدارلارنى ھازىر قىلىپ، ئاقسۇنىڭ ئادەم ۋە ئۆي نوپۇسىنى خەتلەپ، ھەر ئۆيلۈك ئادەمگە ئىككى تەڭگىدىن مىس پۇل قويدى. بۇنى ‹چوقىقا بېجى› دەپ ئاتىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ پۇقرالاردىن ئون تۆت مىڭ تەڭگە ‹چوقىقا بېجى› ئالدى. . . بىر ئادەمدىن ھەر ئايدا ئۈچ داچەن، يەنى ئالتە پۇل ئېلىشنى قارار قىلدى. بۇنى ھېسابلاپ كۆرگەندە، پۈتۈن ئاقسۇ تەۋەلىكىدە بىر يىلدا ئون بەش مىڭ نەچچە يۈز تەڭگە يىغىلىدىكەن. نەتىجىدە بۇ پۇلنى ئېلىشقا ھۆكۈم جارى بولۇپ،

ئۈچ ئاي توشقاندىن كېيىن، يۇرتنىڭ ئەمەلدارلىرى يۇقىرىقى تۈزۈم بويىچە پۇقرالاردىن بۇ پۇللارنى يىغىۋالدى ۋە ئۇنى ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىپ، بۇ تۈز بېجىنى ساناشقا پېقىر موللائاخۇن مىرزىنى تەيىنلىدى. بۇ پۇلنى ئېلىپ تۇرغان كۈنلەردە، قەدىمدىن بۇيان پەرغانە خانلىقىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇپ يەر ـ زېمىن ۋە مۈلۈككە ئىگە بولغان ھەم دېھقانچىلىق قىلىپ ئۇلۇغ چىن خاقانىنىڭ ساڭلىرىغا ئاشلىق تۆلەيدىغان 1500 ئۆيلۈكتىن ئازراق پۇقراسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مىرزاباي دېگەن بىر ئاقساقىلى بار ئىدى. ئاقسۇ ھاكىمبېگى مىرزا بايغا ‹قول ئاستىدىكى پۇقرالىرىدىن ھەر ئايدا بىر داچەندىن تۈز بېجى ئېلىپ خەزىنىگە تاپشۇرسا› دەپ ھۆكۈم خەت بېرىپتۇ»⑯.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى گەرچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەربىي راسخوت قىسىنچىلىقىغا پېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇلارنى مىيەنشىننىڭ تەكلىپىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئويلىشىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلار «شەخسلەر ئالىدىغان باجنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆزگەرتىش» جەريانىدا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاقتى ـ سوقتى قىلىش ياكى يولسىز ئالۋان سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداقلا، شەخسلەر ئالىدىغان باجنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن جايلاردىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ تارتقان زىيىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئاستىرتتىن ئالۋان كۆپەيتىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. ئاقىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى قاقتى ـ سوقتى قىلىش بولسۇن، مەيلى ئالۋان كۆپەيتىش بولسۇن، ھەممىسى پۇقرالارنى ئەندىشىگە سېلىپ، جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلاتتى. ئاخىر كېلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سىياسىي مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتاتتى. شۇڭا، مىيەن شىننىڭ تەكلىپى چىڭ سۇلالىسى

مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈلگەن ھامان دەرھال مىيەن شىنغا ئىبھەتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش، ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن پەخەس بولۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن[17].

لېكىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىدىن چىڭ سۇلالىسى تامامەن بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. پادىشاھ شيەنفېڭنىڭ مىيەن شىننىڭ تەكلىپى ئۈستىدە چىقارغان بىر قاتار كۆرسەتمىلىرى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ بىر مەزگىل ئىككىلىنىپ ھاڭ ـ تاڭ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى مىيەن شىننىڭ تەكلىپىدە يولغا قويۇشقا بولىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمىغان ھەم ئۇنى يەرلىك ھەربىي راسخوت قىسىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر چارىسى دەپ قارىغان. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مىيەن شىننىڭ تەكلىپىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1861 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ ئىلى جياڭجۈنىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، «ئادەم ئەۋەتىپ ئاقسۇدا شەخسلەر ئالىدىغان باجنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆزگەرتىش تەدبىرىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈپ، نەتىجىسىنى تەپسىلىي مەلۇم قىلىش» قا بۇيرۇدى[18].

ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدە گەرچە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى مىيەن شىننىڭ تەكلىپىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇشىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتلار بېرىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق، «تارىخىي ھەممىدى» دە تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى موللا نىياز ئاخۇننىڭ بايانلىرىدا بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار بار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قوقەندلىك مىرزا باي ئاقسۇ ھاكىمبېگىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن

‹ كاشغەردىكى ئۇلۇغۇمغا مەلۇم قىلىپ، ئاندىن كېيىن تۇز بېجىنى ئېلىپ بېرەي› دەپ، بۇ ھۆكۇم خېتىنى كاشغەردىكى چوڭ ئاقساقالغا ئەۋەتىپتۇ. چوڭ ئاقساقال بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئەرز قىلىپ، بۇ ھۆكۇم خېتىنى يەكەندىكى خان ئامبالغا ئەۋەتىپتۇ. خان ئامبال بۇ خەتنى كۆرۈپ، يەنىمۇ راستىنى بىلەي دەپ ئاقسۇغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپتۇ. ئۇ ئادەم يەكەنگە يېنىپ بېرىپ ۋەقەنىڭ راستلىقىنى خان ئامبالغا مەلۇم قىلىپتۇ. بۇ كۈنلەردە باي ھاكىمبېگى قاسىم بېك مەنسەپ توغرىسىدىن يەكەنگە بارغانىكەن. بۇ بەگدىنمۇ راستىنى ئېنىقلاپ تىلخەت ئېلىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۇلۇغ خانغا ‹ ئاقسۇدىكى مەندارىن دېگەن ئەمەلدار ئۇلۇغ خاننىڭ شانۇ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇپ، تۇزدىن باج ئېلىپتۇ. بۇ ھال يىراق ـ يېقىن مەملىكەتلەرگە ئاڭلانسا ياخشى بولمايدۇ› دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتىپتۇ ۋە ‹ بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى ئېنىقلاشقا ئادەم ئەۋەتىشنى تىلەيمەن› دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. بۇ خەت ئۇلۇغ خانغا يېتىپ، جۇنلەپ (تەستىقلىنىپ ـ ت) كۈن دارېن دېگەن ئامبالنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپتۇ. ئاقسۇنىڭ ئامبىلى مەندارىن ئۇنىڭ يارلىق بويىچە ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئاقسۇغا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئاقسۇ ھاكىمبېگى باشلىق چوڭ ـ كىچىك خىتاي ۋە يەرلىك ئەمەلدارلاردىن 72 ئەمەلدارنىــــڭ تىلىدىن ‹ تۇزغا باج ئالمىدۇق، بۇ بىر يالغان سۆز› دەپ تىلخەت ئالدى. پېقىر موللائاخۇن مىرزىدىنمۇ ‹ پۇل ئالمىدىم› دەپ تاندۇرۇپ تىلخەت ئالدى. ئۇنىڭغىچە مەزكۇر تەكشۈرگۈچــى ئامبال ئاقسۇغا كەلدى. تۇز بېجى ئېلىنغانلىقىنىڭ راستلىقىنى پۇقرالاردىن ئېنىقلاپ بىلدى ۋە كەمىنە مىنىمۇ ئېلىپ بېرىپ سوئال سورىدى. يالغان سۆزنى راست سۆزنىڭ جايىغا ئەكېلىش ناھايىتى مۇشكۇل ئىش بولدى. ‹ راستلىق ھالاللىقتۇر› دېگەن ئەقىدىنى مەھكەم تۇتۇپ، ‹ بىر ئۆيلۈك ئادەمدىن بىر ئاي ئىچىدە

تۆز بىجىغا بىر داچەندىن پۇل ئېلىپ ماڭا تاپشۇردى، جەمئىي بىر مىڭ ئالتە تەنگە ئالتە پۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ خان بۇ توغرىدىن كايىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق پۇل ئېلىنمىدى› دەپ، مەلۇم قىلدىم، ئۇ ‹بۇ پۇل هازىر قولۇڭدا بارمۇ؟› دەپ سورىدى. مەن ‹بەزىسى بار، بەزىسىنى ئۇستۇمدىكى دېۋانبېگى ئۆتنە ئېلىپ ئىشلەتتى، يەنە بۇنىڭ ئورنىغا پۇل سېلىپ قويىمىز دەپ ئالغاندى، بۇ دەپتىرىمدە يېزىقلىق› دەپ مەلۇم قىلدىم. ئۇ بۇ سۆزۈمنىڭ راستىلىقى ئۈچۈن تىلخەت ئالدى. ئاقسۇنىڭ ئامبىلى بۇنى ئاڭلاپ ماڭا ‹مەن ئىقرار قىلما دېسەم يەنە نېمە ئۈچۈن ئىقرار بولىسەن› دەپ كايىپ، ئىككى جىڭلىق پالاقتا سەكسەن تاياق ئۇردى ۋە دېگىزىدا مەهكەم قىلىپ سولاپ قويدى. ئارىلىقتا سەكسەن كۈن ئۆتتى. ئۇلۇغ خاندىن ‹تۆز پۇلى تۆتقان موللىنى، ئاقسۇ هاكىمبېگى هوشۇر، باي هاكىمى قاسىم ۋە دېۋانبېگى موللا هوشۇرنى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ، جاڭجۇن ۋە خان ئامباللار ئۆزى سوراق قىلىپ، ۋەقەنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئېنىقلىسۇن› دېگەن يارلىق كەلدى. يارلىق هۆكۈمى بويىچە بۇ تۆت كىشىنى ئىلىغا ئېلىپ باردى. جاڭجۇن ۋە خان ئامبال باشلىق ئون ئىككى نەپەر كاتتا مەنسەپدار دەرقەم تۇرۇپ قاتار ئولتۇرۇپ، بىزدىن بىر ـ بىرلەپ ناهايىتى نازۇك ۋە ئىنچىكىلەپ ئالدىرماي سوراق سورىدى. بىر كۈندە تۆت ـ بەش نۆۋەت سۆز سورايتتى، بەزى كۈنلەردە ئۈچ ـ تۆت نۆۋەت سۆز سورايتتى. شۇنداق قىلىپ سەككىز ئاي سوراق سورىدى»⑲.

ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈش سوراش، قايتا ـ قايتا تاللاشتىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى سىياسىي مەنپەئەتنى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، مېنىڭ ئەنزىسى ئۈستىدە ئاخىرقى هۆكۈم چىقاردى. 1861 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ ئۆزىنىڭ بىر

پەرماندا مىيەن شىننىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «مىيەن شىن مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى ئۆزگەرتىشتە مېنىڭ پەرمانىمنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۆزىچە يولغا قويغان. چاڭچىنلار بۇنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ئۇ يەنە ئۆز قىلىقىدا چىڭ تۇرغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان باشباشتاقلىق»[20].

پادىشاھ تۇڭجى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن مىيەن شىن ئەنزىسىنى داۋاملىق سۈرۈشتە قىلدى. 1862 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، پادىشاھ تۇڭجى ئۆزىنىڭ بىر پەرماندا، مىيەن شىننىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «سابىق ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى مەزكۇر قەلئەنىڭ ھاكىمبەگ يامۇلى ئۆز ئالدىغا يىغىۋالغان باجنى، گوۋەنىنىڭ ئۆسەك سۆزىگە ئىشىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتىشى لازىم، دەپ ئۆزگەرتمەكچى بولغاندا، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرمايلا يولغا قويۇپ مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغانلىقى ئۈچۈن چوڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشقا تاس قالغان»[21].

بۇ يەردە تۇڭجىنىڭ تەكىتلىگىنى «مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغانلىقى ئۈچۈن چوڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشقا تاس قالغان» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئېنىقكى مىيەن شىننىڭ ئاقسۇدىكى قىلمىشى يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلغانىدى. مانا بۇ تۇڭجى پادىشاھنىڭ بۇ ئەنزىگە چېتىلغانلارنى قاتتىق جازالىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. مىيەن شىن جىلىنغا سۈرگۈن قىلىندى، گوۋەن خېيلۇڭجياڭغا سۈرگۈن قىلىندى، ئەمەت جۇنۋاڭ كۈچاغا قايتۇرۇۋېتىلىپ نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىندى[22].

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەربىي راسخوتنىڭ قىسىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە قىلغان بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىكى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

بىراق، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆرۈلۈۋاتقان ھەربىي راسخوت قىيىنچىلىقى بولسا، كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى ھەم چىڭ سۇلالىسى مەركىزىنى ۋە يەرلىك دائىرىلىرىنى داۋاملىق قىستىدى.

## 2. كۇچا دېھقانلىرىنىڭ ئالۋان - سېلىققا قارشى كۈرىشى

1855 - يىلىنىڭ باشلىرىدا كۇچالىق مەمتىلى ۋە نىياز ئىسىملىك ئىككى كىشى مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا يوشۇرۇن بېرىپ ئىلى جياڭجۈنى زالافىنتايغا كۇچادىكى بەگلەرنىڭ تۈرلۈك ناملار بىلەن ئۆز ئالدىغا ئالۋان - ياساق سېلىۋاتقانلىقى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. ئىلى جياڭجۈنى زالافىنتاي بۇ ئەرزنى يەكەن ئىش بېجىرىش ئامبىلى چاڭچىڭگە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا چۈشۈرۈپ بەردى. چاڭ چىن كۇچا ئىش بېجىرىش ئامبىلى ئورچىنئاغا ئالاقە چۈشۈرۈپ «بەگلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئالۋان - ياساق سالىدىغان ئىشلار بولمىسۇن» دەپ جېكىلىدى.

بۇ ۋەقەنىڭ باشلىنىشى مۇنداق ئىدى: 1851 - يىلىدىن 1854 - يىلىغىچە كۇچا، شايارلاردا نۇرغۇن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، بىرمۇنچە ئىنشائاتلار يېڭىدىن بىنا بولدى ياكى كېڭەيتىپ ياسالدى. بۇنىڭ بىر قىسمى پۇقرالارغا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆۋرۈك، تۈگمەن ۋەھاكازالار ئىدى؛ بىرمۇنچىسى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ لەنگەر (ئەسكەرلەر پونكىتى) قاتارلىقلار ئىدى؛ يەنە بەزىلىرى دىنىي قۇرۇلۇشلارغا كېتىدىغان خىراجەتلەر ئىدى، ۋەنشۇڭلي قاتارلىق يەتتە سودا دۇكىنىدىن قەرز ئېلىنغىنى جەمئىي 2 مىڭ 8 يۈز 11 تىزىق 8 يۈز 65 يارماق

ئىدى. 1855 ـ يىلى قەرز قايتۇرۇش مۇددىتى يېقىنلىشىپ كۇچا ھاكىمبېگى مەمەت سىدىق كۇچا ئىش بېجىرىش ئامبىلى ئورچىنئانىڭ رۇخستىنى ئېلىپ بۇ قەرزنى كۇچا، شاياردىكى دېھقانلارغا ئالۋان قىلىپ چاچتى. بىراق، ئىجرا قىلىش داۋامىدا دېھقانلاردىن ئالۋان قىلىپ ئالغان پۇللار ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن كۇچا دېھقانلىرى مەمتىلى، نىياز باشلىق كىشىلەرنى ئىلى جاڭجۇنى زالافىنتايغا بەگلەرنىڭ «ئۆز ئالدىغا ئالۋان ـ ياساق سېلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە ئەرز قىلىشقا» ئەۋەتكەن.

يەكەن ئىش بېجىرىش ئامبىلى چاڭچىننىڭ كۇچا ئىش بېجىرىش ئامبىلىغا: بەگلەر «بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئالۋان ـ ياساق سالمىسۇن» دەپ ئالاقە چۈشۈرگەنلىكى، مەمتىلى، نىيازلار ئىلىغا بېرىپ ھاكىمبەگلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئالۋان ـ ياساققا قارشى بۇ كۈرەشتە قازىنىلغان غەلىبە، شۈبھىسىزكى، مەمتىلى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك دېھقانلار مەمتىلىنى خەلىپە دەپ ئىززەتلەيدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتىلا بۇ كۈرەشكە قاتناشقان ھەم رەھبەرلىك قىلغان ئىبراھىم شاھنى رەھبەر دەپ ئىززەتلىدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ كۇچادا بىكار تۇرۇۋاتقان جۇڭۋاڭ ئەمەت ئوردا باش نازارەتچىسى ئەلىنى قوناس جاڭزىسىغا بېرىپ ئىجارە ھەققى يىغىۋېلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئىش بېجىرىش داۋامىدا گەپ تالىشىپ قېلىپ جاڭجاللىشىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىدۇ ـ دە، ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. يەرلىك پۇقرالار قوزغىلىپ ئەلىنى پۇت ـ قولىدىن باغلاپ قامچىلايدۇ، ئاندىن ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ كوچىدا سازايە قىلىدۇ. ۋەقە سادىر بولغاندىن كېيىن جۇڭۋاڭ ئەمەت

دەرھال كۆچا ئىش بېجىرىش يامۇلىغا بېرىپ ئۇرچىنئادىن ئىبراھىم ھەم قۇناس مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇرچىنئا ۋەقەنىڭ .كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈز بېگى ھېيىت تۇردىنى ئۇرچىنئانىڭ خېتىنى ئېلىپ ئىبراھىم بىلەن مەمتىلىنى يامۇلغا چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئىبراھىم بىلەن مەمتىلى بۇنى ئەمەت بىلەن ئۇرچىنئانىڭ قەستلەپ قويغان قەستى دەپ قاراپ، يامۇلغا بېرىشنى رەت قىلىدۇ ھەم ئۇرچىنئانىڭ چاقىرىق خېتىنى شۇ مەيداندا يىرتىپ تاشلايدۇ. خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇرچىنئا غەزەپلىنىپ، ئىبراھىم بىلەن مەمتىلىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەسكەر ماڭدۇرىدۇ. ئاقىۋەتتە، ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپ قېلىپ ئۇرچىنئانىڭ ئەسكىرى مەغلۇپ بولىدۇ.

ئۇرچىنئا قاتتىق ئۈچۈغدالغاندىن كېيىن ئىشنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىپ، دىنىي ساھەدە ئابرۇيلۇق بىرنەچچە زاتنى ئىبراھىم ۋە مەمتىلىگە نەسىھەت بېرىشكە سالىدۇ. ئىككى تەرەپ سۆزلەشكەندە ئۇرچىنئا ئىشقا سالغان بۇ دىنىي زاتلار «تەقدىرگە تەن بېرىش» نى قايتا ـ قايتا تەرغىب قىلغاندىن باشقا، ئىبراھىم بىلەن مەمتىلىنىڭ يامۇل بىلەن ئوردا سالغان ئېغىر ئالۋان ـ ياساقلارنىڭ پۇقرالارنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى توغرىسىدا مىسال ئالغان پاكىتلارغا قىلچە ئېتىبار قىلمايدۇ.

ئارقىمۇئارقا قازانغان غەلىبىلەر دېھقانلارنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بولدى. ئۇلار ئۆز تەلەپلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىش بېجىرىش ئامبىلى ئۇرچىنئادىن: «دېھقانلار پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ بەش خىل سەيسىنى ئادا قىلىدۇ» دەپ ئېلان چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇرچىنئا نائىلاج ماقۇل بولۇپ، «تۆت پارچە ئېلان چىقىرىپ ئۆگەن ۋە تاغ ئېرىق سېپىل دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا چاپلاپ،

مۇسۇلمان پۇقرالىرىغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: ئۆتەشكە تېگىشلىك ھۆكۈمەت سەيسىلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. بەلگىلىمىنىڭ سىرتىدىكى ئالۋانلار بولسا، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەلگىلىمىدىن تاشقىرى پۇل يىغىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئەرز قىلىشقا بولىدۇ».

ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. بۇ ئارىلىقتا جۇڭۋاڭ ئەمەت ئورچىنئاغا ئىبراھىم قاتارلىقلارغا يول قويغاندا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ، ئاخىر ئورچىنئانى ئۆز پىكرىگە كەلتۈردى. ئورچىنئا شايار ھاكىمبەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئىبراھىم، مەمتىلىلەرنى مەخپىي قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى. لېكىن بۇ خەۋەر تارقاپ كەتكەچكە، ئىبراھىم بىلەن مەمتىلى دەرھال ئادەم يىغىپ كۇچانىڭ ھاكىمبەگ يامۇلىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ھۇجۇم قىلدى.

روشەنكى، ۋەقە كېڭىيىپ كەتمەكتە ئىدى. ئامالسىز قالغان ئورچىنئا ھاكىمبەگنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ غەزىپىنى باسماقچى بولدى. بۇ قېتىمقى كۈرەش ئورچىنئانى ھاكىمبەگنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپلا قالماي، مۇھىمى دېھقانلارنىڭ كۈچىنى نامايان قىلدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا ئىنتىلىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بىرىنچى، «بەگئاخۇنلار خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇشى لازىم»؛ ئىككىنچى، پاھىششىخانىدا تۇتۇپ قېلىنغان ئۇيغۇر ئاياللىرى قويۇپ بېرىلىشى لازىم؛ ئۈچىنچى، «ھۆكۈمەتنىڭ بەش خىل سەيسىنىلا ئورۇندايمىز، باشقا ھەرقانداق ئالۋاننى ئورۇندىمايمىز»؛ تۆتىنچى، «يامۇللاردىكى گاشىھا (يايى)، مۇسۇلمان يانچىلار بىكار قىلىنىشى لازىم»؛ بەشىنچى، بەگ، تۇڭچى (تەرجىمان) لار ئىگىلىۋالغان

«پەيلۇردىكى بېدىلىك ئىگىسىگە تامامەن قايتۇرۇپ بېرىلىشى لازىم» .

شۇ مەزگىلىنىڭ ئۆزىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئارقىمۇ ـ ئارقا زەربىگە ئۇچراپ تۇرغانىدى. باجغا قارشى، سەيسىگە قارشى، ئالۋان ـ ياساققا قارشى كۈرەشلەر جايلاردا توختىماي ئەۋج ئالماقتا ئىدى. بولۇپمۇ، ئاتۇشتىكى كانچىلارنىڭ كۈرىشى خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى. ھەرقايسى جايلاردا يۈز بەرگەن كۈرەش ۋە زىددىيەتلەر نەتىجىسىدە، مەمتىلى ۋە ئىبراھىم ئۆزلىرىنىڭ كۈرىشىنى يەنىمۇ ئۆلغايتىشقا نىيەت باغلىدى. 1857 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەمتىلى بىلەن ئىبراھىم ئۇيۇشتۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان بىرنەچچە مىڭ دېھقان كۈچا سىپىلىغا بەش چاقىرىم كېلىدىغان يالغۇز تېرەك دېگەن مەھەللىگە توپلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەييارلىق كۆرۈپ قويغاچقا، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. مەمتىلى بىلەن ئىبراھىم ئاقسۇ تەۋەسىدىكى قارايۇلغۇن دېگەن يەردە ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

## 3. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئەمەلدارلىرىغا بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشى

مىيەن شىن دېلوسى جاۋابكار چېگرا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى يەرلىك مەمۇرىي فۇنكسىيىسىنىڭ مالىمانچىلىققا پېتىپ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولسا، كۈچا دېھقانلىرىنىڭ ئالۋان ـ ياساققا قارشى كۈرىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئېغىر ئىجتىمائىي كرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. لېكىن مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، شۇ

مەزگىلىنىڭ ئۆزىدە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەزىيەتنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقىمۇ تىرىشتى. يۈن يىن دېلوسى بۇنىڭ دەلىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۈن يىن دېلوسىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان ۋەقە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، يەكەن شەھىرىگە يېقىن سەھرادىكى بىر تۇركۈم ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇ قەلئەنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئەفرىدۇننىڭ بەلگىلىمىدىن تاشقىرى سالغان سېلىقلىرىغا نارازى بولۇپ مەھەللىدىكى ئىمام باشلىق مۆتىۋەرلەرنى يەكەن ھاكىمبەگ يامۇلىغا ئەرز بايان قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئىمام باشلىق سەككىز نەپەر مۆتىۋەر ئەفرىدۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قاماققا ئېلىنغان. شۇ چاغدا يەكەن ئىش بېجىرىش ئامبىلى يۈن يىن ھاكىمبەگ يامۇلىدا بولغان بۇ ۋەقەگە ئارىلاشمىغان ياكى توسۇمىغان.

تۈرلۈك شۇملۇقلار ھەممىلا يەردە كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، بۇ ۋەقە نېمە ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى شۇنچىۋالا قوزغىۋېتىدۇ؟ سەۋەبىنىڭ بىرى شۇكى، پادىشاھ تۇڭجىننىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، «يەكەن مۇسۇلمان رايونىنىڭ باش شەھىرى. جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرنى باشقۇرۇشتا، مۇسۇلمان پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ھالقا» ئىدى[23]. سەۋەبىنىڭ يەنە بىرى، ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا يۈن يىن دېلوسى سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى جاھانگىر خوجىنىڭ نەۋرىسى كاتتا تۆرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى (1861 ـ يىلى) يۈز بەردى. كېيىن يەنە ئابدۇرەھىم ئىسىملىك كىشىنىڭ باستۇرۇپ كىرىش ۋەقەسى يۈز بەردى. مۇشۇ ۋەجىدىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ دېلونى سۈرۈشتە قىلىشقا كىرىشكەندىلا، ئۆز مەقسىتىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرى «ئۆز دەردىنى ئېيتالمىغانلىقىدىن ۋەقە چىقىرىپ

قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دەپ تەكىتلىدى. دېمەك، بۇ ۋەقە باشلىنىشى بىلەنلا قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان. يۈن يىن دېلوسى سۈرۈشتە قىلىنىش جەريانىدا يۈن يىننىڭ يەنە بىر ئېغىر سەۋەنلىكى بايقالدى. يەنى 1860 - يىلى، يۈن يىن بەلگىلىگەن ئىش تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغان. پادىشاھ چيەنلۇڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى تىنچىتقاندىن بېرى، ئەدلىيە ھوقۇقى، بولۇپمۇ ئۆلۈم جازاسى ھوقۇقى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىگىلا مەنسۇپ ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، چىڭ سۇلالىسى مەمۇرىي ئىقتىدارىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان ئامىللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. جۈملىدىن ئەمەلدارلار ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. ئەمەلدارلار ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى، بەزىدە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ، ئېيتايلۇق، ميەن شىنغا ئوخشاشلار بەزىدە چاكىنىلىق قىلىپ ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىسىمۇ، ئېيتايلۇق، يۈن يىنغا ئوخشاشلار چىڭ سۇلالىسىنى شەرمەندە قىلىۋاتقىنى، كۆپلىگەن ئەمەلدارلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بېرىپ خىزمەت ئۆتەشتىن ئۈركۈپ يۈرگەنلىكى. چۇڭ ئېن بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ. چۇڭ ئېن ئەسلىدە سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باش نازارەتچىسى ئىدى.

1862- يىلى چۇڭ ئېن مەنسىپىدىن چۈشۈرۈلۈپ، ئاقسۇ ئىش بېجىرىش ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ تۈرلۈك باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ 4 - ئايغىچە سەپەرگە چىقماي ياتقان[27]. چۇڭئېنىڭكىگە ئوخشاش ئەھۋاللار ئارقىمۇ ئارقا يۈز بېرىپ سادىر بولغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئاخىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلارنىڭ سەپەرگە چىقىش ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش

مۇددىتىنى ئېنىق بەلگىلەپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بەلگىلىمىدە سەپەرگە چىقىش مۇددىتى ئىككى ئاي قىلىپ بېكىتىلدى. سەپەر داۋامىدىكى مۇددەت مۇنداق بەلگىلەپ چىقىلغان: ئىلىغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 193 كۈن. تارباغاتايغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 161 كۈن، ئۈچتۇرپانغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 177 كۈن، يەكەنگە يېتىپ بېرىش مۇددىتى 195 كۈن، ئاقسۇغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 173 كۈن، خوتەنگە يېتىپ بېرىش مۇددىتى 208 كۈن، قەشقەرگە يېتىپ بېرىش مۇددىتى 203 كۈن، كۇچاغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 161 كۈن ، قاراشەھەرگە يېتىپ بېرىش مۇددىتى 145 كۈن، تۇرپانغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 134 كۈن، ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىش مۇددىتى 142 كۈن، گۇچۇڭغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 137 كۈن، بارىكۆلگە يېتىپ بېرىش مۇددىتى 123 كۈن، قۇمۇلغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 117 كۈن. كۆرخارائۇسۇ (شىخو) غا يېتىپ بېرىش مۇددىتى 151 كۈن ㉘.

خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بېرىش مۇددىتىنى بەلگىلەپ چىقىش بىلەن تەڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە بەلگىلەنگەن مۇددەتتە خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بارمىغان ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، دەپ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش چىقاردى.

سەپەرگە چىقىش مۇددىتى ۋە خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بېرىش مۇددىتىنى بەلگىلەپ چىقىشتىكى مەقسەت، خىزمەتكە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلارنىڭ ۋاقتىدا خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بېرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىدى. لېكىن، چىڭ سۇلالىسى بۇ مەسىلىدە مەقسەتكە يېتەلمىدى. 1863 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچىمۇ تۇرپان چېرىكچى ئامبىلى، كۆرخارا ئۇسۇ چېرىكچى ئامبىلى، يەكەن ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، قەشقەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، خوتەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، ئۈچتۇرپان ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، ئاقسۇ ئىش

بېجىرگۈچى ئامبىلى، قۇمۇل ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلار بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا يېتىپ بارالمىغان㉙. 1864 - يىلى يازدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ شەپىسى چاغدىمۇ، مۇھىم خىزمەتكە تەيىنلەنگەن 12 ئەمەلدار ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا يېتىپ بارالمىغان㉚. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىدا دەسلەپكى ئۆز خىزمىتىگە ساداقەتمەن بولۇپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەش مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئۇتۇق قازىنىشقا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مۇشۇ ئەۋلاد ئەمەلدارلاردا قىلچىمۇ بولمىدى. ئاقىۋەتتە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا قانۇن - مىزاننى تەرتىپكە سېلىش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، مەيلى «ئالۋان - ياساقنى ئازايتىپ پۇقرالارنى باياشات قىلىش» مەقسىتى بويىچە قارايلى ۋە ياكى «سوراق — ھۆكۈمنى ئادىل قىلىپ پۇقرالارنى قاقشاتماسلىق» مەقسىتى بويىچە ئېيتايلى، ھەقىقىي نەتىجە ھاسىل قىلالمىدى. بۇلار پەقەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى سۈپىتىدە تارىخقا پۈتۈلدى، خالاس.

## پايدىلانمىلار

①② «چىڭ ۋېنزۇڭ خاتىرىلىرى»، 272 - جىلد، 15 — 16 - بەتلەر.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 24 — 25 - بەتلەر.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 278 - جىلد، 278 -، 281 -، 286 -، 287 -، 307 - بەتلەر.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 313 - جىلد، 16 —، 18 - بەتلەر.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 336 - جىلد، 20 - بەت.
⑦ «چىڭ مۇزۇڭ خاتىرىلىرى» 30 - جىلد، 36 — 37 - بەتلەر.
⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 30 - جىلد، 36 — 37 - بەتلەر.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 37 - جىلد، 32 —، 33 - بەتلەر.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 68 ـ جىلد، 34 — 35 ـ بەتلەر.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 82 ـ جىلد، 64 ـ بەت .
⑫ «تارىخىي ھەممىدى» ، 176 ـ 177 ـ بەتلەر.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 176 ـ بەت.
⑭ «چىڭ ۋېنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە» ، 337 ـ جىلد، 18 ـ بەت؛ 202 ـ جىلد، 19 ـ بەت.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 342 - جىلد، 6 — 9 ـ .
⑯ «تارىخىي ھەممىدى» 618 — 619 ـ بەتلەر.
⑰ «چىڭ ۋېنزۇڭ خاتىرىلىرى» ، 342 ـ جىلد، 6 — 7 ـ بەتلەر.
⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 337 ـ جىلد، 18 — 19 ـ بەتلەر.
⑲ «تارىخىي ھەممىدى» ، 618 — 619 ـ بەتلەر.
⑳ «چىڭ مۇزۇڭ خاتىرىلىرى» ، 2 ـ جىلد، 2 — 3 ـ بەتلەر.
㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 16 ـ جىلد، 16 — 17 ـ بەتلەر.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب ، 16 ـ جىلد، 19 — 21 ـ بەتلەر.
㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 2 ـ جىلد، 8 — 9 ـ بەتلەر.
㉔ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 25 ـ جىلد، 45 — 46 ـ بەتلەر، 29 ـ جىلد، 25 ـ بەت.
㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 25 ـ جىلد، 45 — 47 ـ بەتلەر.
㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 40 ـ جىلد، 22 — 23 ـ بەتلەر.
㉘ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 80 ـ جىلد، 26 ـ بەت.
㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 107 ـ جىلد، 21 — 23 ـ بەتلەر.

## 2 ـ بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەند خانلىقى بىلەن قىلىشقان ئاخىرقى دىپلوماتىك پائالىيىتى

### 1. قوقەند خانلىقى ئەلچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

1860 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەكەن مەسلىھەتچى ئامبال يامۇلىدا بىر مەيدان گىرەلەشمە ئېلىشىش بولدى. نەق

مەيداننىڭ ئۆزىدە 13 ئادەم ياردار بولدى، 25 ئادەم ئۆلدى. تۇتۇشۇپ قالغۇچىلار قوقەند خانلىقىنىڭ ئولپان ئەلچىسى ئېلچىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن، يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى يۇرۇينىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدى. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدىكى مەلۇمات يەكەندىن بېيجىڭغا ئەۋەتىلدى.

ئېلچىن بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن قوقەند خانلىقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تەقدىم قىلىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىدى. بىراق، شۇ يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەر بەگلىرىنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ پادىشاھقا سالام قىلىش نۆۋىتى بىكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئېلچىن ھەرقايسى شەھەر بەگلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانىدى.

1859 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى پادىشاھ شيەنفېڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ: «قوقەند بېگىنىڭ ئولپان تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىسىگە مەزكۇر مەسلىھەتچى (يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى يۇرۇينى دېمەكچى) : بۇ يىل ھەرقايسى قەلئە بەگلىرىنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ پادىشاھقا سالام قىلىش نۆۋىتى بىكار قىلىندى، ئېلچىن بېيجىڭغا بارمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ كۆڭۈل قويۇپ نەسىھەت قىلغان. كېيىنكى مەكتۇپلارغا قارىغاندا، قوقەند ئەلچىسى ئۆزىنىڭ سەمىمىي ئارزۇسىنى ۋاكالىتەن ئىزھار قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۆزى بولسا مۇشۇ قەلئەدە تۇرۇپ جاۋابىنى كۈتىدىغانلىقىنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان.

قوقەند بېگىنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلماقچى بولغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ماختاشقا لايىق. بىراق نەسىھەت قىلىنغان ئىكەن، مەزكۇر ئەلچى ئېلىپ كەلگەن ئولپاننى ئالغاچ قايتىپ كېتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر بۇ بەگ بۇنىڭغا ماقۇل بولغانلىقىنى خەت ئارقىلىق بىلدۈرسە، ئىش پۈتتى خالاس. ئەگەر ئولپان

تەقدىم قىلىش ئارزۇسىنى ۋاكالىتەن ئىزھار قىلىپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە ماقۇل بولۇنسىمۇ بولىدۇ. ئۇلپانلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇكاپات ئورنىدا تېگىشلىك تارتۇق بېرىپ قويايلى. ئۇلپاننى يۇرۇي جاۋابكار بولۇپ بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ قويسۇن. مەن قائىدە بويىچە ئوتۇغات بېرىمەن ھەم ئۆز نامىمدىن مەكتۇب ئەۋەتىمەن» ①.

كېيىنكى كۈنلەردە ئېلچىن يەكەندە تۇرۇپ قېلىپ ئۇلپاننى ئۆزى بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەسلىھەتچى ئامبال يامۇلىدا يۈز بەرگەن تۇتىشىش ئەنە شۇ ئىشلار ۋەجىدىن سادىر بولغان. يۇرۇي يەكەندىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىگە يوللىغان مەلۇماتىدا ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن: ئېلچىنغا پەرماننى يەتكۈزگەندىن كېيىن «ئېلچىن پەرمان بويىچە قايتىپ كېتىشكە ئۇنىماي، ئەكسىچە، كوناشەھەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ۋە پۇقرالىرىمىزنى باغلاپ ئۇرغان. مۇسۇلمان ئاياللىرىنى بۇلاپ كېتىپ باسقۇنچىلىق قىلغان ياكى زورمۇزور نىكاھىغا ئالغان. مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ھاكىمبېگىمىز بىرقانچە قېتىم نەسىھەت بەرگەن بولسىمۇ، مەزكۇر ئېلچىن بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، قىلىچ - پالتا ئالغان ئەنجانلىق مۇسۇلمانلارنى سېپىلغا باشلاپ كىرىپ كەمىنە بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. كەمىنە مۇكاپات - تارتۇقلارنى راسلاپ، داستىخان يېيىپ ئۇنى قوبۇل قىلدىم ھەم پەرماننى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەردىم. بىراق ئىلچىن رىئايە قىلىشقا زادىلا ئۇنىماي، ئاغزىنى بۇزۇپ چالۋاقاپ تۇرۇۋالدى. كەمىنە شۇئان ھاكىمبەگكە ئۇنى چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدۇم. ئىلچىن قارامىلىق قىلىپ ئۆز شېرىكلىرىگە قىلىچ، پالتا چىقىرىشنى بۇيرۇدى - دە، 13 مۇھاپىزەتچىمنى ياردار

قىلدى. ئەسكەرلىرىم ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كىرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال قوزغىلىپ ئىلچىن باشلىق 25 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى»②.

شۈبھىسىزكى، ئاشۇ شارائىتتا بۇ ئىش كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان چوڭ بىر ۋەقە ئىدى. شۇڭا، مۇشۇ ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بىر تەرەپتىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋەقە توغرىسىدا مەلۇمات يوللىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرنى يىغىپ تەييارلىدى. جۈملىدىن ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلچىن شېرىكلىرى ئىشلەتكەن قىلىچ، پالتىلارنى پېچەتلەپ ساقلاپ قويدى. ئاندىن بۇلاپ كېتىلگەن ھەنىپە قاتارلىق 17 نەپەر ئۇيغۇر ئايالدىن تىلخەت ئالدى ھەم يەكەن قەلئەسىدىكى قوقەند مۇھاجىرلىرىنىڭ باشلىقىنى سوراققا تارتتى. بۇ كىشى ئىلچىننىڭ قوقەند مۇھاجىرلىرىنى توپلاپ كۆتۈرۈشكە كۇشكۇرتكەنلىكىنى پاش قىلدى③. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەكەن ھاكىمبېگى بۇيرۇققا بىنائەن قوقەند دائىرىلىرىگە ئالاقە ئەۋەتىپ ۋەقەنىڭ جەريانىنى ۋە سەۋەبىنى چۈشەندۈردى④.

ئۆتكەنكى ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى قوقەند خانلىقىنىڭ قوللىنىش ئېھتىمالى بولغان ھەرىكەتلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، يەرلىك ھەربىي ئورگانلارغا بۇ ۋەقەنى ئەتراپلىق، مۇۋاپىق بىر ياقلىق قىلىشنى ھەم جايلاردىكى مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، قوقەند خانلىقىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىنتىقام ئېلىشتىن پەخەس بولۇشنى قايتا - قايتا جېكىلىدى. دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەي، قوقەند 5 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ مۇز داۋانىنى بېسىۋېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان قاتناش يوللىرىنى ئۈزۈۋەتمەكچى، دېگەن خەۋەر تارقالدى⑤.

3 ـ ئايدا، بىر تۈركۈم قوقەند مۇھاجىرلىرى يېڭىسارنىڭ بەش گەي مەھەللىسىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭ تېزلا تىنچىتىلدى. قوقەندنىڭ يېڭىساردا تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن ھۆدەيداسى (ئاقساقال) غاپپار دېگەن كىشى بۇ توپىلاڭنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن شۇ هامان قولغا ئېلىندى.

قوقەند ئەسكەرلىرىنىڭ ئاقسۇغا يېقىن جايغا توپلىنىشى بىلەن يېڭىساردىكى قوقەند مۇھاجىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەرچە بىۋاستە باغلىنىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ھاسىل قىلغان داغدۇغىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ھەربىي كۈچىنى جەلپ قىلىپ تۇرغانلىقىمۇ راست ئىدى. 1860 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پادىشاھ شيەنفېڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە چۈشۈرگەن بىر پەرمانىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆرۈلۈۋاتقان ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى قىيىن شارائىت ۋە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ساراسىمىگە چۈشكەن ھالىتى ئاشكارىلاپ قويۇلغان. پادىشاھ شيەنفېڭنىڭ بۇ پەرمانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىلىغا ئەۋەتىشى بەلگىلەنگەن مائاش راسخوتىنىڭ ئۈچ ئۈلۈشى كەم ئەۋەتىلگەن. كەم ئەۋەتىلگەن قىسمىنىڭ ئومۇمىي سانى مىليون سەر ـ كۈمۈشتىن ئاشىدۇ. ئالدىنقى كۈنلەردە ۋەزىرلەر چىقارغان قارارىدا، سەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەر 300 مىڭ سەرچە كۈمۈش راسلاپ، مائاش ئورنىدا ئاۋۋال گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئەۋەتىپ، ئاندىن ئىلىغا يەتكۈزۈلۈپ بېرىشى ھەم بۇ ئۆلكىلەر ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇ بىرقانچە يۈز مىڭ سەر ـ كۈمۈشنى كېچىكتۈرمەي گەنسۇغا تولۇق ئەۋەتىپ بېرىشى بەلگىلەنگەن. بىراق، مۇشۇ مەخسۇس ئېھتىياجغا ئىشلىتىلىدىغان كۈمۈش ھازىرغىچە گەنسۇغا يەتكۈزۈلمىدى. مەزكۇر جاڭجۈن (ئىلى جاڭجۈن زالافىنتاينى دېمەكچى) بىر قانچە قېتىم مەكتۇپ يوللاپ

ئالدىراتقان بولسىمۇ، ھېچقانداق جاۋاب كەلمىگەن. ھازىر، بۇ خىراجەتلەر جايلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدىمۇ؟ ياكى تېخىچە يېتىپ بارالمايۋاتامدۇ؟ يېقىندا قوقەند ئەلچىسى يەكەندە ۋەقە تۇغدۇرغاندا ئەسكەرلىرىمىز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، قوقەند خانلىقى ئەسكەر چىقىرىپ مۇزداۋانغا يېقىن جايغا كېلىپ قوشۇنىمىزنىڭ يولىنى توسۇماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر تارقىلىپ يۈرىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن ۋەقە سادىر بولمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىش تەس. جەنۇبىي يولدىكى ھەرقايسى قەلئەلەردە مۇبادا توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قالسا، ئۇزۇق - تۈلۈكنىڭ تايىنى بولمىغان شارائىتتا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى ھەرگىزمۇ كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ»⑥.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، پادىشاھ شيەنفېڭ ھەم ئىلى جاڭجۈنى زالافىنتاينىڭ دەككە - دۈككىدە بولۇشى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئېلىچىن ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنلەردە ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاررۇسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنىمىزنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىراق كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە، ئېلىچىن ۋەقەسى سادىر بولۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئاندىن قوقەند خانلىقى ئەزىمبابا بىلەن قوزىبېك ئىسىملىك ئىككى كىشىنى قەشقەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىدىن ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتە قىلىپ بېقىپلا قوقەندكە قايتىپ كەتكەن. زالافىنتاي پادىشاھ شيەنفېڭغا يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى يۈرۈينىڭ بۇ ھەقتىكى دوكلاتىنى يەتكۈزگەندە: «ئۇلارنىڭ (قوقەند ئەلچىلىرىنى دېمەكچى) گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا خېلى مۇلايىم ئىتائەتچاندەك كۆرۈنىدۇ» دېگەن⑦.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، قوقەند نەسرىدىن ئىسىملىك كىشىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن ئېلچىن ۋەقەسىنىڭ قالدۇق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. قوقەندنىڭ بۇ ئەلچىسى چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئېلچىن ئۆزىگە ئۆزى بالا كەلتۈرگەن، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە مۇز داۋان يېنىدا قوقەند خانلىقىنىڭ ئەسكەر توپلىمىغانلىقىنى دەلىللىدى، ھەتتا يەكەندە تۇرۇشلۇق ئۆز ھۆدەيداسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قوقەندنىڭ مۇنداق مۇرەسسە - ماداراچىلىق پوزىتسىيىسىدىن چىڭ سۇلالىسى بىرمەھەل ھەيران قالدى. شۇ سەۋەبتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ كۈتۈلمىگەن ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى جىددىي تاپىلىغاندىن تاشقىرى، يەنە قوقەندنىڭ غەيرىي نورمال ئىپادىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ بېقىشنى جېكىلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، چىڭ سۇلالىسى شۇ ۋاقىتتا قوقەند ھۆكۈمران تەبىقىسىدە قاتتىق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. يەتتە خوجا يېغىلىقىدىن تارتىپ ۋەلىخان توپىلىڭىغىچە چىڭ سۇلالىسى قوقەندنىڭ ھۆكۈمرانى خۇدايار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. 1858 - يىلى خۇدايارنىڭ ئاتا باشقا ئىنىسى مەلىخان (مەمەتىلىخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەختنى تارتىۋالدى. خۇدايار بولسا بۇخاراغا قېچىپ بېرىپ خىۋا خانلىقىدىن پاناھ ئىزدىدى. قوقەندمۇ، خىۋامۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەمەسىدە ئىدى. شۇڭا، خۇدايار تەبىئىيكى خىۋانىڭ قوقەندكە قارشى تۇرۇشىدا مۇھىم قورال بولۇپ قالدى. مەلىخان غەربتىن كېلىۋاتقان بۇ تەھدىتنىڭ ئاقىۋىتىنى سۆزسىز چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە مەلىخان ئۈچۈن تەھدىت دەپ قارالغان يەنە چاررۇسىيەمۇ بار ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدە چاررۇسىيىنىڭ كۈچى پۈتكۈل قازاق يايلىقىغا يېيىلىپ

بولغان ھەم قوقەند خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا بۆسۈپ كىرگەنىدى. ئىلىچىن ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنلەردە، چاررۇسىيە قوشۇنلىرى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە بىشكەك، توقماق قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىش پىلانىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغانىدى⑨.

دېمەك، شۇ تاپتا مەلىخانىنىڭ غەربىدىمۇ، شىمالىدىمۇ بىسىم كۈرۈلدى. مۇشۇنداق قاتتىق بېسىم ئاستىدا، مەلىخان ئۆزىنىڭ شەرقىدە يەنە بىر دۈشمەنىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى. مەيلى قوقەند بولسۇن، مەيلى چىڭ سۇلالىسى بولسۇن ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئىلىچىن ۋەقەسىنى ئىمكانقەدەر تېز بىر تەرەپ قىلىپ بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يېڭى ماجىرادىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، يېرىم يىلدىن كۆپرەك سۆزلىشىش ئارقىلىق ئىلىچىن ۋەقەسى توغرىسىدا ئاخىرى كېلىشىم ھاسىل قىلدى. قوقەند تەرەپ ئىلىچىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۆلۈمنى ئۆزى تاپقان دەپ قارىدى. چىڭ سۇلالىسى بولسا ئولپاننى داۋاملىق قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولدى ھەم قوقەندنىڭ جۇڭگو بىلەن داۋاملىق سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى⑩.

## 2. قوقەندنى بازا قىلغان باندىتلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قىلغان پاراكەندىچىلىكى

ئىلىچىن ۋەقەسى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەند ئۆز قىيىنچىلىقلىرى بىلەن بەند بولۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىككىلا تەرەپ توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن خالىي بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئېھتىياجى دەپ بىلەتتى. ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا ئىككى تەرەپ ئىپادىلىگەن ئۆزئارا يول قويۇش پوزىتسىيىسى ۋە ئىشنى ئاياغلاشتۇرۇشقا

بولغان تەقەززالىقى ئاشۇ سىياسىي ئېھتىياجىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى. بىراق، قوقەند بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق راۋان مۇناسىۋەت تېزلا يوقىلىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئىپادىسى شۇكى، 1861 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ، قوقەندنى بازا قىلغان قوراللىق باندىتلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا ھەربىي پونكىتلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەلىرى توختىماي يۈز بەردى. 1861 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىككى يۈزچە باندىت قاراڭغۇ قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ قەشقەر كوناشەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، يەنە بىر تۈركۈم قوراللىق باندىت قەشقەر ئەتراپىدا پاراكەندىچىلىك سالدى. بۇ ئىككى تۈركۈم باندىتلارنىڭ باشلىقى كاتتا تۆرە (يەنى مەمتىمىن) ئىدى. 1862 ـ يىلىدىن كېيىن قورالىق باندىتلارنىڭ چېگرىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەسى تېخىمۇ كۆپەيدى. پەقەت 1862 ـ يىلى 6 ـ ئايدىلا قەشقەر ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى بەش قېتىمدىن ئاشقان. تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بۇ باندىتلارنىڭ سانى ئاز دېگەندە بىرنەچچە يۈز ئادەمگە يەتكەن. بەزىدە بەش ـ ئالتە يۈزگە يەتكەن، شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، ۋەلىخان مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق باندىتنى باشلاپ چېگرىمىزدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى بۇزۇپ قەشقەر بوستانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە چىڭ سۇلالىسى مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا قاتمال سىياسىي قىيىنچىلىققا پېتىپ قالغانلىقتىن ئۇلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھالى تېخىمۇ خاراب ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ كېتىدىغان قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ پارتلاش ئېھتىمالى كۈندىن ـ كۈنگە نامايان بولماقتا ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشۇ بىر قاتار باستۇرۇپ كىرىش ۋەقەسى ئۈستىدە قوقەندكە قارىتا ئۈنۈملۈك دىپلوماتىيە يۈرگۈزۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە قوقەند ھۆكۈمران تەبىقىسىدىمۇ قاتتىق

ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1861 ـ يىلى مەلىخان ئۆلتۈرۈلۈپ، شامۇرات ئىسىملىك كىشى قوقەند خانى بولدى. شامۇراتنىڭ كۆچى ۋە زېھنى خۇدايار بىلەن بولغان كۆرەشتە كۆپلەپ خوراپ كەتتى. بۇخارادا پاناھلىنىپ تۇرغان خۇدايار مەلىخاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تاشكەنتكە باردى. تاشكەنتتە خۇدايار زور بىر قوشۇن ئۇيۇشتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىۋاشتىن خانلىق تەختكە چىققانلىقىنى جاكارلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، خۇدايار ئىسسىقكۆل بويلىرىدا شامۇراتنى قايتا ـ قايتا مەغلۇپ قىلىپ تۇردى. شۇڭا قوقەند دائىرىلىرىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار قوقەندنى بازا قىلغان قورالىق باندىتلارنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى پاراكەندىچىلىكلىرىنى چەكلەش ياكى توسۇش ئىمكانىيىتىدىن تامامەن مەھرۇم قالدى.

پايدىلانمىلار

① «چىڭ مۇزۇلۇڭ خاتىرىلىرى» 293 ـ جىلد، 19 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 308 ـ جىلد، 18 — 19 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 310 ـ جىلد، 4 — 5 ـ بەتلەر.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 310 ـ جىلد، 5 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 314 ـ جىلد ، 9 — 10 ـ بەتلەر.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 314 ـ جىلد، 318 ـ بەت.

⑧ تېرېنتىېف: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» 1 ـ توم، شاڭخۇ باسمىخانىسى 1983 ـ يىل نەشرى ، 28 ـ، 72 ـ، 88ـ، 289 ـ بەتلىرى

⑨ «چىڭ مۇزۇلۇڭ خاتىرىلىرى» 325 ـ جىلد، 23 — 24 ـ بەتلەر.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 354 ـ جىلد، 23 — 24 ـ بەتلەر.

⑪ مۇھەممەت زارىپ: «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» ، 1964 ـ يىلى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، 53 ـ، 54 ـ، 58 ـ بەتلەر.

# تۆتىنچى باب تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭلار

## 1 - بۆلۈم كۇچا قوزغىلىڭى

### 1. راشىدىننىڭ كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولۇۋېلىشى

1864 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەھەردە كۇچا شەھرىدە تۇيۇقسىز ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى ۋە بارا - بارا چۇقان - سۈرەن، قىر - چاپ، مىلتىق - زەمبىرەك ئاۋازلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ، كۇچا، خوتەن، قەشقەر، ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بەش قوزغىلاڭ مەركىزىنى ھاسىل قىلدى. تۆۋەندە بۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسىنى بايان قىلىمىز.

مولla مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتابىدا مۇنۇلارنى يازغان: «دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن بالا، خۇدادىن قازا كەلگەندەك بىرقانچە تۇڭگانى بىر كېچىدىلا بۇزۇلۇپ، كۇچا شەھرىدىكى ۋەيشاڭ بازارلىرىغا ئوت قويۇپ ۋە كۆزىگە كۆرۈنگەن كاپىرلارنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا يېڭىسار ھاكىمىنىڭ ئوغلى ئاللا ياربېك

بىرقانچە دەردمەن مۇسۇلماننى باشلاپ، يار ۋە ھەمداستىخان بولۇپ، ھەممە يەكدىل ۋە بىر تەرەپ، بىر ئىتتىپاقتا بولغان ھالدا مەنسەپدار، ئامباللارنىڭ يامۇللىرىغا ئوت قويۇپ تاڭ ئاتقۇچە تولا كاپىرلارنى يوق قىلدى»①.

موللا مۇسا سايرامى يەنە ئۆزىنىڭ «تارىخي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىدا يۇقىرىقى مەزمۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان. «ھىجرىيىنىڭ 1281 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى، شەنبە كۈنى، كۇچادىكى تۇڭگانلاردىن ماشيۇرئاخۇن، مالۇڭئاخۇن، شەمشىدىن خەلىپە قاتارلىقلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋەيشاڭ بازىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئەمەلدار ـ چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بۈيۈك خاننىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىشتى»②.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججەتلىرىدە يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «تۇڭجىنىڭ ئۈچىنچى يىلى 4 ـ ئايدا، كۇچادىكى تۇڭگانلاردىن مالۇڭ قاتارلىقلار كۇچا سىرتىدىكى تيەنمەنلا ۋە سۇمەنلا قاتارلىق باندىتلار بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ كۇچادا قالايمىقانچىلىق چىقاردى ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ كۇچا شەھىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. 5 ـ ئايدا ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى سالىڭئانى، يېڭىسار ئاغلاقچى ئامبىلى ۋېنيىنى، يەكەننىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ۋۇ رېنيۇلەرنى ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى»③.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەيىبلەش مەنىسىدىكى بەزى سۆزلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، ئاساسلىق ئەھۋاللارنىڭ تەسۋىرى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەزمۇنلارغا ئاساسىي جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ، شۇڭا كۇچا قوزغىلىڭىنى بىر قېتىملىق ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ بولغان ۋەقە، دەپ قاراش كېرەك.

كۇچا شەھىرىنىڭ سىرتىدا، ئادەملەرنىڭ قىساس ـ

چۇقانلىرى ۋە مىلتىق - زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى ياڭراۋاتقاندا، ئىچكىري ئۆلكىلەردە تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىنىڭ يۈز بەرگىنىگە 13 يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ قالغان، نيەنجۈن (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنخۇينىڭ شىمالىي قىسمىدا ۋە خېنەن ئەتراپلىرىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئاتىلىشى. ۋاقتى 1852 - يىلدىن 1868 - يىلغىچە بولغان — ت) قوزغىلىڭى ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان چاغ ئىدى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. گەرچە قاتناش ۋە تىل جەھەتتىكى ئامىللار سەۋەبىدىن تەيپىڭ تيەنگو، نيەنجۈن ۋە شەنشى - گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقىلىشى تۇسالغۇغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېغىر زەربىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى رېئاللىقىنى كىشىلەر ھېس قىلالايتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدىكى شۆھرىتىنى ئېغىر دەرىجىدە يەرگە ئۇرغان. مانا بۇ كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ ئومۇمىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى.

كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كونكرېت سەۋەبلەرنى تىلغا ئالغاندا، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونلىرىدا 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۆتكۈزگەن بىر قاتار سەۋەنلىكلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، بەزىلىرى ئەمەلدارلارنىڭ ساپاسىغا چېتىشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاس مەزمۇنى ۋە نەتىجىسى بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ كۇچا ئۇيغۇر پۇقرالىرى شيەنفېڭنىڭ 5 - يىلىدىكى مەتىلى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ

كۆرەشلىرىنى ئېسىگە ئالغان. مەمتىلى قاتارلىقلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى خەلق ناخشىسى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەتتا كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە «خەلىپە (مەمتىلى كۆرستىدۇ) ئۈچۈن قىساس ئالايلى» دېگەن شوئارمۇ كىشىلەرنى قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا ئىنتايىن قىزىقتۇرغان.

ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت كۇچا بوستانلىقىنى نۇرغۇن مۇھىم تارىخىي ۋەقە بىلەن چېتىشلىق قىلىپ قويغان. 15 - ئەسىردىن كېيىن كۇچا ئىشانلار مەزھىپىنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاساسلىق مەركىزى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ ۋەكىلى ئەرشىدىن جەمەتىدۇر. 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن ھادى جەمەتى دىندىن تاشقىرى كۈچ سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇچا بوستانلىقىدىكى مۇھىم سىياسىي كۈچكە ئايلانغان. مانا مۇشۇنداق كونكرېت شارائىتتا قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى، ئىككى ۋەقە بىلەن قوزغىلاڭنى تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغۇزدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھادى جەمەتىنىڭ ئەزاسى ئەھمەد قوزغىلاڭغا قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچىسى ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ ئەزاسى راشىدىن كۇچا قوزغىلىڭىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى.

كۇچا قوزغىلىڭى گەرچە كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پارتلىشى ئىنتايىن تۇيۇقسىز بولغان. بۇنىڭ ئېنىق دەلىلى شۇكى، قوزغىلاڭچىلار كۇچا قەلئەسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھە دېگەندىلا ئۆزلىرىنىڭ سەركىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، ئالدىراپ - تېنەپ بىر داھىي بولىدىغان ئادەمنى ئىزدەشكەن. ئەينى چاغدىكى كۇچادا، مەيلى جەمەتنىڭ ئىناۋىتى جەھەتتىن بولسۇن ياكى شەخسنىڭ كەچۈرمىشى جەھەتتىن بولسۇن ھادى جەمەتىنىڭ ئەزاسى

ئەھمەدنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بار ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە داھىيلىققا تاللىغان ئادىمى ئەھمەد بولدى.

ئەينى چاغدىكى ئەھۋال «تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇ چاغدا ئەھمەد ۋاڭ بېگىم ياركەنت ھاكىملىقىدىن بىر گۇناھ بىلەن بىكار قىلىنىپ، خاننىڭ يارلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان كۇچادا يارلىق ساقلاپ تۇراتتى. تۇڭگانلار، مۇسۇلمانلار ئەھمەد ۋاڭ بېگىمگە ئىلتىجا قىلىپ ‹سىلە ئابائى — ئەجدادلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن، ھۆكۈمەتدارلىق ئاساسىنى ۋە سىياسەتدارلىق رەۋىشىنى ئوبدان بىلىلا، شۇڭلاشقا بىزدەك چوڭ ـ كىچىك مۇسۇلمانلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆز ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ بەرگەن بولسىلا، بىز سىلىگە جان ـ دىلىمىز بىلەن خىزمەتكار ۋە پەرمانچىلىق يولىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھەممە مەمۇرىي مەملىكەتدارلىق ئىشلىرىدا سىلىنى مۇقەددەم ۋە پېشۋا بىلىپ، خان مۇقامىدا كۆرسەك›، دەپ ئىلتىجا ۋە ئىلتىماس قىلدى. ئەھمەد سىلەر ئاز، خىتايلار بولسا ناھايىتى تولا، بۇلارغا قارشىلىق قىلغىلى بولماس. مەن بولسام نەچچە ئاتا ۋە بوۋامدىن تارتىپ ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ چوڭ مەنسەپ تېپىپ، يەر، سۇ، زېمىن، بەلكى نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، پۇشتۇمدىن پۇشتۇمغىچە جۇلدۇ ـ جاساقدارلىق بولغاندىن تاشقىرى، يەنە نەچچە نۆۋەت ئۇلۇغ خاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. مەن ئۇلۇغ خانغا قانداق قىلىپ يامانلىق قىلالايمەن؟ گەرچە ئۇ دىنسىز ۋە كاپىر بولسىمۇ، ئابائى ـ ئەجدادلىرىمدىن تارتىپ ئۇنىڭ تۇزىنى يەپ، دۆلىتىنى كۆرگەنىدىم، ئەمدى مەيلى قانداق بولسىمۇ تۇز بەرگەن ئۇلۇغىمىزدىن يۈز ئۆرۈمەيمەن، تۇز ھەققىنى ساقلاش باشقا ھەممە ئىنسان گەردىنىغا پەرز ۋە ۋاجىپ. مەن سىزلەرنىڭ

سۆزىڭىزلەرگە كىرىپ ئۇلۇغ بولۇپ، ئۆزۈمنى ھالاكەتكە تاشلىمايمەن. باشقا كىشىنى ئىختىيار قىلىپ باشلىق قىلىمەن دېسەڭلار شۇنى قىلىڭلار، ھازىر يېشىم 70 كە يەتتى. كۆرىدىغان دۆلەت ۋە ئىززەتنى كۆرۈپ بولدۇم. ئەمدى مۇنداق ئارزۇ ۋە ھەۋەس قالمىدى، دەپ جاۋاب بەردى»④.

ئەھمەد قوزغىلاڭنىڭ داھىيسى بولۇشنى رەت قىلىپ ئاللىقاچان يۈز بەرگەن قوزغىلاڭغا ئوچۇق - ئاشكارا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلگەن.

قوزغىلاڭچىلار ئەھمەدنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزگىرىپ ئەرشىدىن جەمەتىدىن⑤ بولغان ئەڭ يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە راشىدىننىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلغان. «تارىخي ھەمىدى» دە راشىدىننىڭ كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولۇش جەريانىنى مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ چاغدا كۇچا خوجىلىرىدىن راشىدىن خوجام مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا دۇئا - تىلاۋەت بىلەن ياتقان بولۇپ، ھېچ كىشىگە ئارىلاشمايدىغان ۋە دەرۋىش تەرىقىسىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەم ئىدى، ھەممە مۇسۇلمان گۇرۇھى ۋە تۇڭگانى تائىپىلىرى ئۇنىڭغا مۇرىت - مۇخلىس بولۇپ، بۇ ئادەمگە باش ئېگەتتى. مەزكۇر ئادەمنى ئىبادەتخانىدىن ئىختىيارسىز ئېلىپ چىقىپ: ‹سىلە بىزگە بۇرۇنمۇ پېشۋا ۋە يول باشچى ئىدىلە، ئەمدىمۇ پېشۋا ۋە يول باشچى بولۇپ خانلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ بىزگە باش بولۇپ، ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ بەرسىلە› دەپ ئۇنىڭ خالىغان ياكى خالىمىغانلىقىغا قويماي، ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ بۇرۇنقى سۇلتانلىق قائىدىسى بويىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. توختى ئىشىكئاغا بېكنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى⑥. ئارقىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە راشىدىننى ھۆرمەتلەپ ‹پەيغەمبەرنىڭ تاللانغان ئەۋلادى، غەلىبىنىڭ ئاتىسى› دەپ ئاتىدى»⑦.

راشىدىندىن ئىبارەت بۇ ئەسلىدىنلا دۇئا - تىلاۋەت بىلەن

كۆن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ئادەم، 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى قاپلىغان قوزغىلاڭ دولقۇنىدا ئۇيۇقسىز كۆچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىيسى بولۇپ قالدى. كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە راشىدىننىڭ رەھبەرلىك قىلىپ تەشكىللىشى بىلەن كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى، غەربتە قەشقەر يەكەنلەرگىچە، شەرقتە ئۈرۈمچى قۇمۇللارغىچە كېڭەيدى. راشىدىن ئۆز نامىدا قۇيدۇرغان تەڭگە پۇللىرى بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى بىر ۋاستىچى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، راشىدىن مۇشۇ دەۋردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن چوڭ ـ چوڭ ۋەقەلەر بىلەن باغلىنىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى⑧.

كۇچا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى دۇتۇڭى (باش نازارەتچى) پىڭ رۇي ئالدىراپ ـ تېنەپ نەچچە يۈز كىشىلىك بىر قوشۇننى تەشكىللەپ، قارائۇسۇننىڭ چېرىكچى ئامبىلى ۋېن يۈڭنى كۇچانىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى قىلىپ بەلگىلەش بىلەن بىرگە بۇ قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ كۇچادىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ماڭغۇزدى. لېكىن بۇ قوشۇن كۇچاغا 600 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئۇششاقتالدا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى⑨.

راشىدىن خان دەپ ئاتىلىپ ئۈچىنچى كۈنى، 168 كىشىدىن تەشكىل تاپقان قوشۇننى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇندا 150 نەپەر ئۇيغۇر، 18 نەپەر خۇيزۇ بولۇپ، تېخى ئون دانە يېنىك زەمبىرەك بىلەن قوراللانغانىدى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانى راشىدىننىڭ تاغىسى بۇرھانىدىن (بۇ كىشى كېيىن خېتىپ خوجا دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان) بولۇپ، راشىدىن ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنى بۇرھانىدىننىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىگەن. يەنە موللا ئوسمان ئىسىملىك

بىر كىشىنى بۇ قوشۇننىڭ قازىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان بىر ئىش شۇكى، بۇ قوشۇن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال راشىدىن قوماندان بۇرھانىدىن قاتارلىقلارغا بىر ئىشنى ئەمىر قىلغان. «تارىخىي ھەمىدى» ۋە «تارىخىي ئەمىنىيە» گە بۇنىڭ تولۇق تېكىستى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئاتالمىش «كاپىر» لىقىدىن ئىبارەت سەۋەنلىك، رەزىللىكلىرى ئەيىبلەنگەندىن باشقا، يەنە راشىدىننىڭ ئاساسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ دائىرىسى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈلگەن.

راشىدىن بۇيرۇقىدا بۇرھانىدىن قاتارلىقلاردىن ئالدى بىلەن سايرام بىلەن باينى ئېلىش، ئاندىن ئاقسۇنى ئېلىشنى، كېيىن ئاقسۇ شەھىرىگە تايىنىپ قەشقەر، يەكەنلەرنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمەلىيەتتە راشىدىننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك نەزىرى بۇ يەرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ مېڭىش ئالدىدا تۇرغان بۇرھانىدىن قاتارلىقلاردىن پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تېخىمۇ غەربتىكى جايلارغا كېڭىيىشنى تەلەپ قىلغان. راشىدىن ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسى توغرىسىدا ئۆز بۇيرۇقىدا مۇنداق چۈشەنچە بەرگەن. «ئاقسۇ، قەشقەر، ياركەنت ئىشلىرىدىن بىكار بولغاندىن كېيىن، قوقەند، بۇخارا ئۇلۇغلىرى ئاشناچىلىق قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئىناۋەت قىلىپ باش ئېگىشنى ئۆزلىرىگە لازىم ۋە راۋا كۆرسە، ئىش تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بۇنى لايىق كۆرمەي، باش ئەگمەي توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا سىزلەرگە يەنە ياردەم قىلىپ كۈچ ئەۋەتىمەن. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە غەرب تەرەپتىكى يۇرتلارنى قولغا كىرگۈزۈڭلار» ⑩. ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە غەربكە ماڭغان بۇ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى ئۇرۇش غەلىبىسى دېگەندىن كۆرە سىياسىي غەلىبە دېگەن تۈزۈك. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇش قىلمايلا

سايرام بىلەن باينى ئىشغال قىلىدۇ، شۇ يەردىكى پۇقرالار بەس - بەس بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۇچادىن چىققاندا ئارانلا 168 ئادەمى بولغان بۇ قوشۇن ھەش - پەش دېگۇچىلا زورىيىپ ھەيۋەتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ ئامما قالايمىقان بىر توپقا ئايلىنىدۇ. ئۇلار قورال ھېسابىغا قوللىرىغا كالتەك - توقماقلارنى ئېلىۋالغان بولۇپ ھەتتا بەزىلىرىنىڭ قولىدا كەتمەن، ئورغاق قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىمۇ بار ئىدى.

قالايمىقان ۋەزىيەت بىرئاز تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ئەكرەم شاھ ئەلەمئاخۇنۇم دېگەن كىشى سايرامنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە، ئاپئاقئاخۇن ئىسىملىك كىشى باينىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ نەتىجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى غەربكە قىلىنغان يۈرۈش كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇرھاندىن باشلاپ ماڭغان قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاقسۇغا 130 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان قارا يۇلغۇندا ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى سەئىدنىڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇرھاندىن قاتارلىقلار ئۇرۇشتا يېڭىلىپ كۇچاغا قېچىپ كېتىدۇ. قوشۇن قازىسى موللا ئوسمان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. «تارىخىي ھەمىدى» دە كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قارا يۇلغۇندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ. «شۇ كۈنى كەچتە، ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر ياغدى ۋە شىۋىرغان چىقتى. خېتىپ خوجام (بۇرھاندىننى كۆرسىتىدۇ) باشلىق ھەممە ئادەم ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ ئۇيقۇغا كەتتى. لەشكەرلىرىمۇ دەرەخ ۋە تام قاتارلىق نەرسىلەرنى پاناھ قىلىپ، ئات ئېگەرلىرىنى بېشىغا قويۇپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە جامدىكى خىتايلار ۋە ئاقسۇ ھاكىمى سەئىدبېك باشلىق نۇرغۇن چېرىكلەر باستۇرۇپ كېلىپ، زەمبىرەكلەرگە ئوت تۇتاشتۇردى.

بۇلار ئويغىنىپ قارىسا، قارا چېرىكلەر ئالدىراپ قاچقان قورشاپ بولغانىكەن. ئۇلار دەرھال تۇرۇپ، بەزىلىرى ئېگەرلىك ئاتلىرىغا، بەزىلىرى يايداق ئاتقا مىنىپ، بەزىلىرى پىيادە بولۇپ، قورقۇنچ ۋە زىلزىلە ئاستىدا، ئارقىغا قاراپ قاچتى. خىتاي چېرىكلىرى چاپ - چاپ قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ھالاك قىلدى. 2 مىڭ 800 دىن كۆپرەك ئادەم ۋاپات بولدى»⑪.

مەيلى ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن ياكى ئۇرۇشنىڭ دەرىجىسى جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، قارايۇلغۇن جېڭى ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولماي قالدى. بىراق قارايۇلغۇن ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار كۇچا قوزغىلىڭىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئىشلار ئىچىدە ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى، ئاندىن قالسا مەمۇرىي ھوقۇق تەشكىلىي تۈزۈم ئىشى، ئەڭ ئاخىرىدىكىسى راشىدىننىڭ داھىيلىق سالاھىيىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلگەن ئىشلاردۇر.

بۇرھانىدىن بۇيرۇق بويىچە غەربكە يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ سالاھىيىتى «ئەمىرلەشكەر» بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئاساسلىق مەنىسى قوشۇننىڭ باشلىقى دېگەنلىك ئىدى. راشىدىن ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ماخمۇتنى بۇرھانىدىننىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلەپ، ئارمىيىدىكى بىرىنچى قول ۋە ئورۇنباسارلىق ۋەزىپە تۈزۈمىنى تۇرغۇزغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا موللا ئۇسماننى «قازى ئەسكەر» لىككە تەيىنلىگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئاساسلىق مەنىسى ھەربىي قوشۇننىڭ دىنىي قانۇن باشلىقى (دىنىي ھەربىي سوتچى) دېگەنلىك ئىدى. بۇ مەنسەپنىڭ قوشۇننىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىدىن باشقا يەنە ھەربىي ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش ئالاھىدە ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىرىنچى قول ۋە ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىلىرى ھەمدە دىنىي ئەدلىيە ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بىرلىشىپ

قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈملەر كېيىن كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ قائىدىسى بولۇپ قالدى.

كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سايرام بىلەن بايغا ھاكىمبەگ تەيىنلەش ئىشى ئادەمگە ئاجايىپ تەسىر بېرىدۇ. كېيىن مەيلى غەربتە قىلغان ئۇرۇشلىرىدا بولسۇن ياكى شەرقىي يۈنىلىشتە قىلغان ئۇرۇشلىرىدا بولسۇن ھاكىمبەگلەرنى تەيىنلەپ، يەرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى تەشكىللەش، باشتىن - ئاخىر ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. قارايۇلغۇندىكى ئوڭۇشسىزلىق ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، راشىدىن ئۆزىنىڭ داھىيلىق ساپاسىنى نامايان قىلدى. راشىدىن ئوڭۇشسىزلىقنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، تۆت ھەربىي ئەمەلدارنى دارغا ئېسىپ جازالىغان ھەمدە بۇرھانىدىننى قاتتىق ئەيىبلىگەن. بۇ ئارقىلىق راشىدىن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تەرتىپسىز بولماستىن، بەلكى مەلۇم تەرتىپ - ئىنتىزامنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغان. قارايۇلغۇن مەغلۇبىيىتىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، راشىدىن يەنە بىر قېتىم غەربكە جازا يۈرۈشى تەشكىللىدى. كېيىنكى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، كۇچا قوشۇنى بۇ يۆنىلىشتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇلار ئاقسۇ ئۇرۇشى، ئۇچتۇرپان ئۇرۇشى، قەشقەر ئۇرۇشى، ۋە ئۈچ قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشلىرىدۇر.

## 2. ئاقسۇدىكى ئۇرۇش

قارايۇلغۇندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ساۋاقنى كۆزدە تۇتۇپ راشىدىن ئۆزىنىڭ ئاكىسى جامالىدىننى ئاقسۇ جېڭىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ ئاپتورى

جامالىدىنغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ كىشى يىراقنى كۆرەلەيدىغان، تەدبىرلىك، دۆلەت ئىشلىرىدا شىجائەتلىك، تېبابەتچىلىك ئىلمىدە ناھايىتى ماھىر، دىلى قاتتىق ۋە غەيرەتلىك كىشى ئىدى».

جامالىدىن كۇچادىن يولغا چىققاندا، 800 ئەسكەر ۋە مۇناسىپ توپ ـ زەمبىرەكلەرگە ئىگە ئىدى، سايرام، باي قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەندە جامالىدىننىڭ قول ئاستىغا توپلانغان كىشىلەرنىڭ سانى ئىككى مىڭغا يېقىنلاشتى. راشىدىننىڭ جامالىدىنغا بەرگەن بۇيرۇقىدا گەرچە ئېنىق ھالدا: بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ مەقسىتى ئاقسۇنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جامالىدىن توساتتىن قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. يېقىن ئادىمى بار بۇ قوشۇن ئىلىغا بارىدىغان چوڭ يولغا قەدەم باستى. ئۇلاردا تەگرىتاغ يولى بىلەن مېڭىپ بىۋاستە ئىلىغا بارىدىغاندەك قىياپەت بىلىنىپ تۇراتتى. تاغ ئىچىدىكى ئارا شور دېگەن جايغا يېقىنلاشقاندا، بۇ قوشۇن جامالىدىننىڭ يېتىپ بارغان جايدا بۇيرۇقۇمنى كۈتۈپ تۇرسۇن دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاراشورغا تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن ئىلىغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، جۇڭغار خانلىقىدىن باشلاپ، تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن جۇڭغار خانلىقىغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. جامالىدىننىڭ قوشۇنىنى ئاراشورغا باشلاشتا، ھەم ئاقسۇدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ئېزىقتۇرۇش ھەم ھەربىي تەمىنات، قورال ـ ياراغلارنى كۆزلەش پىلانى بار ئىدى. چۈنكى، خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ زور بىر تۈركۈم ھەربىي ماددىي ئەشيالىرى ئاراشورغىدا جەم بولۇپ ئىلىغا توشۇلماقچى ئىكەن. شۇنداق دېيىش كېرەككى، جامالىدىن بىكارغا يۈرۈش قىلمىغان. ئۇ دەرۋەقە زور تۈركۈمدىكى ھەربىي

ماددىي ئەشيالارغا، بولۇپمۇ نۇرغۇن ماتاغا ئېرىشكەن.

جامالىددىن ئاراشوردا 20 كۈن تۇرغاندىن كېيىن جىمجىتلا ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشكە مېڭىپ، ئۇدۇللا جام ئۆتكىگە قاراپ يول ئالدى. جام ئۆتكىنىڭ ئاقسۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 چاقىرىم كېلەتتى. ئۇ ھەم تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قاتناش يولى ئۈستىدىكى مۇھىم بىر تۈگۈن، ھەم ئاقسۇنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تايانچ نۇقتىسى ئىدى. بۇ يەرگە قورغان سېلىنغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى دائىملىق تۇراتتى. جامالىددىن قول ئاستىدىكىلەرگە ئاراشوردا قولغا چۈشكەن ئاق ماتالارنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋېلىشنى بۇيرۇدى. بۇ كىشىلەر تاغ جىلغىلىرىدا پەيدا بولغان چاغدا ئاق قوي توپىغا، چۆل باياۋاندا پىيادە ماڭغان چاغدا بەئەينى لەيلەۋاتقان ئاق بۇلۇتقا ئوخشاپ قالاتتى⑬.

جام جېڭى ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتى. مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاقسۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاقسۇ قەلئەسى ئىچىگە توپلىنىپ، سېپىلنى دالدا قىلىپ، بۇ قەلئەنى قوغداپ قالماقچى بولدى. 1864 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جامالىددىننىڭ قوماندانلىقىدىكى كۆچا قوشۇنى ئەڭ ئاخىرى ئاقسۇ قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى.

راشىدىن جامالىددىننى ئاقسۇنىڭ ھاكىمبەگلىككە، كۆچالىق ئابدۇراخمان دوپپىگىنى جامالىددىننىڭ ئورۇنباسارلىقىغا تەيىنلەپ، يېڭى مەمۇرىي ئورگاننى تەشكىل قىلدى.

ئاقسۇ جېڭى ئاخىرلىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، قارا يۇلغۇندا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن ئائىلىسىدە بىكار

تۇرۇۋاتقان خېتىپ (يەنى بۇرھانىدىن ) 600 كىشىلىك بىر قوشۇننى باشلاپ ئۈچتۇرپان قەلئەسىنى ئېلىشقا بۇيرۇق ئالدى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىق قاتلىمىدا خېتىپتىن باشقا، يەنە خېتىپنىڭ چوڭ ئوغلى ھامىدىن، قوشۇن قازىسى موللا ئابدۇللاارمۇ بار ئىدى. ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 200 چاقىرىم بولۇپ، ئاقسۇنىڭ غەربىي جەنۇبىي يۆنىلىشىگە جايلاشقان خېتىپ قاتارلىق كىشىلەر كۆچادىن يولغا چىقىپ، تاغ يولى بىلەن تۆت كۈن يۈرۈش قىلىپ، ئۈچتۇرپان تەۋەسىدىكى ئاچاتاغ ئەتراپىغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكامى بار ئىدى. ئىككى تەرەپ رەسمىي ئېلىشىپ بولغۇچە، يېقىن ئەتراپتىكى پۇقرالار تۈركۈم - تۈركۈملەپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ قارشى تەرەپنىڭ لاگېرىغا سەلدەك ئېقىشتى ھەمدە خېتىپ باشلىق كىشىلەرنى ئالقىشلاپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئاخىرىدا، بۇ جاينىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئۈچتۇرپان قەلئەسىنىڭ ھاكىمبېگىمۇ خېتىپقا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن خېتىپ ئۇدۇللا ئۈچتۇرپان قەلئەسىگە قاراپ يول ئالدى. خېتىپ قول ئاستىدىكىلەرگە قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇنتىزىم قوراللارنى ئىشلىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەندىن سىرت، يەنە سېپىل ئەتراپىغا ياغاچتىن سېپىلغا تەڭ ئېگىزلىكتە زەمبىرەك سۇپىسى ياساپ، سېپىل ئىچىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى بىۋاستە توپقا تۇتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، قوزغىلاڭچى قوشۇن يەنە سېپىلنىڭ ئاستىغا بارغىلى بولىدىغان لەخمە كولاپ، پارتلاتقۇچ دورا قويۇپ سېپىلنى پارتلاتماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇ چارىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنۈم بەرمىدى. خېتىپ قاتارلىق كىشىلەر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۈچتۇرپان قەلئەسى ئىچىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئوق - دورا ئامبىرى ئۇشتۇمتۇت پارتلاپ ئوت

كەتتى. ئاشۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەنلەر تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوت كەتكەن هامان مەيلى خىتايلار بولسۇن ياكى تاملار، قورال ـ جابدۇقلار، بۇتخانىلار ۋە مۆلجەر تېغى خۇددى توزاندەك كۆككە ئۇچتى. كىشىنى كىشى تونۇممىدى. ھەتتا بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيتتى. كۇندۇزدىكى كۈن گوياكى كېچىنىڭ قاراڭغۇسى بولدى. كاپىرلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى دورىنىڭ كۈچى بىلەن بىر تاش ياكى ئىككى تاش مىقدارى يەرگە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بەزىلىرىنىڭ باش ياكى بەدىنى دەل ـ دەرەخلەرگە ئېسىلىپ قاپتۇ»⑭.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈچتۇرپان قەلئەسى بۇ قېتىمقى ئوق ـ دورا پارتلاشتا ئاسانلا قولدىن كېتىپ قالدى. خېتىپ ئۈچتۇرپاندا داغدۇغىلىق ھالدا قەلئەگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەم ئۈچتۇرپان قەلئەسىنىڭ سابىق ھاكىمبېگى توختىنى داۋاملىق ھاكىمبەگلىككە قويدى، باي مۇھەممەدنى داۋاملىق قازى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ راشىدىننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە يەنە بىر شەھەر ـ ئۈچتۇرپان قوشۇلدى.

## 3. قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش

ئۈچتۇرپان جېڭى ئاخىرلىشىپ تەخمىنەن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، راشىدىن سىدىق ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قەشقەر كوناشەھەرنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان. سىدىق قىرغىز بولغاچقا، ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى راشىدىننىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولۇپ قالدى. 1864 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۈچتۇرپاننى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان خېتىپ راشىدىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، قوشۇن باشلاپ ئۈچتۇرپاندىن قەشقەرگە ئاتلاندى، بۇ مىڭ كىشىدىن ئاشىدىغان قوشۇن ئىدى⑮.

قەشقەر تەۋەسىدىكى قارابۇلاق كەنتىگە يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى چۆللۈكتە ئىلى جاڭجۇنىگە مەكتۇپ ئېلىپ ماڭغان سودىگەرچە ياسىنىۋالغان ئىككى كىشىنى ئەسىر ئالدى. خېتىپنىڭ ئوغلى ھامىددىن بۇ ئىككى كىشىنى ئۆزى سوراق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بىرى ئاقسۇ قەلئەسىنىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمبېگى، يەنى قارا يۇلغۇندا خېتىپ (شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىسمى بۇرھان ئىدى) قا يوشۇرۇن زەربە بەرگەن سەئىد بولۇپ چىقتى. سەئىدبەگ ئاقسۇ قەلئەسى قولدىن كېتىدىغان چاغدا قەلئەنى تاشلاپ قەشقەرگە قېچىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاكىسى قەشقەر قەلئەسىنىڭ ھاكىمبېگى ئىدى. سودىگەرچە ياسىنىۋالغان يەنە بىر كىشى بولسا سەئىدنىڭ تۇڭچىسى (تەرجىمانى) ئىدى. ھامىددىن سەئىدنىڭ قارا يۇلغۇندا خېتىپ قاتارلىق كىشىلەرگە يوشۇرۇن زەربە بەرگەنلىك قىلمىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، سەئىدكە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بېكىتتى. كېيىن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن، سەئىد راشىدىنغا ساداقەتمەن بولۇشقا قەسەمياد قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەرگەن ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەربىي مەنسەپ بەردى. كېيىن، خېتىپ باشلىق كىشىلەر قەشقەرگە قاراپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. خېتىپ مىللىي تەۋەلىكىنىڭ ئەھمىيىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ قالدى. ئۇ، قەشقەر ھاكىمبېگى قۇتلۇق تېگى ـ تەكتى كۇچالىق ئۇيغۇر، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئىنىسىمۇ ماڭا ئەل بولدى، دەپ قاراپ، قۇتلۇق چوقۇم مەن بىلەن بىرلىشىپ سىدىقتا ھۇجۇم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر پۇقرالىرىنىڭ كۇچا خوجىلىرىنى قارشى ئېلىنىشىدەك داغدۇغىلىق مەنزىرە پەيدا بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى ⑯.

ھالبۇكى، خېتىپ باشلىق كىشىلەر قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغىنى قارشى ئالغىلى

چىققانلار بولماستىن، بەلكى سەپ تارتىپ تەييار تۇرغان قوراللىق قىرغىزلار بولۇپ چىقتى. ئىككى تەرەپ دەرھال جەڭگە ئاتلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي، سىددىقنىڭ بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇيرۇقىدا قول ئاستىدىكىلەردىن ئۇرۇشنى توختىتىپ، كۆچا خوجىلىرىنىڭ كوناشەھەرگە كىرىشىنى داغدۇغىلىق مۇراسىم بىلەن كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگىنى بىر قاتار كومېدىيىلىك ۋەقەلەر بولدى: خىتىپ باشلىق كىشىلەر گۈللۈك ھويلا - ئاراملىق تۇرالغۇ جايغا ئورۇنلىشىپ، ئەتراپلىق كۈتۈلۈشكە مۇيەسسەر بولدى. بىراق، خىتىپ باشلىق كىشىلەر تېزلا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ ئالقانچىلىك يەرگە بەند قىلىپ قويۇلغانلىقىنى بايقاشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوغدىغۇچى قىسمىدىن، ئات - ئۇلاغلىرىدىن، قورال - ياراغلىرىدىن مەھرۇم قالدى. توپتوغرا توققۇز كۈنگىچە خىتىپ باشلىق كىشىلەر سىددىقنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتىپ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاخىر چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا، قەشقەردىكى بەزى مەشھۇر مۆتىۋەرلەر خىتىپقا تەكلىپ بېرىپ، سىدىق بىلەن ياخشىلىشىپ قېلىشنى ھەمدە ھەر ئىككىيلەندىن ئۆز چېگرىسىغا ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، خىتىپ باشلىق كىشىلەر ئامالسىزلىقتىن بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولدى. ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىن مارالبېشى پاسىلىدىن ئۆتمەسلىك توغرىسىدا كېلىشكەندىن كېيىن، سىدىق قەشقەر قەلئەسىنىڭ سىرتىدا داغدۇغىلىق ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ خىتىپ باشلىق كىشىلەرنى ئۇچتۇرپانغا ئۇزىتىپ قويدى. خىتىپ ۋە قول ئاستىدىكىلىرى ئۇزۇن يول بېسىپ شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۇچتۇرپانغا يېتىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ھەر ئىككى تەرەپ ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ھېچقايسىسى ئورتاق پاسىلدىن ئۆتمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، راشىدىن قەشقەرنى ئېلىشتەك ئۇلۇغۋار ئارزۇسىدىن يانمىدى.

بۇنىڭ ئىسپاتى شۇ بولدىكى، راشىدىننىڭ ئۇزاق ئۆتمەي يەكەنگە قارىتا قوزغىغان ئۈچ قېتىملىق ھەربىي ھەرىكىتى، ئەمەلىيەتتە قەشقەرنى ئېلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانىدى.

## 4. يەكەندىكى تۇنجى قېتىملىق جەڭ

1865 ـ يىلى باھار پەسلى، راشىدىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يەكەننى ئىشغال قىلىشقا بەل باغلىغان 7 مىڭ 500 كىشىلىك كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى يەكەن قەلئەسىنىڭ يېنىغا توپلاندى. بۇ قوشۇننىڭ 1 مىڭ ئەسكىرى ئاقسۇدىن، 1 مىڭ 500 ئەسكىرى ئۇچتۇرپاندىن، 4 مىڭ 500 ئەسكىرى كۇچادىن كەلگەنلەر ئىدى. راشىدىن بۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئاكىسى شەيخ نەزەرىدىنگە تاپشۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، خېتىپ ھەم ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھامىدىنمۇ بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ، غەربكە يۈرۈش قىلىنغاندىن بۇيان راشىدىن راسلىغان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قوشۇن ئىدى. بۇ قوشۇن بارچۇقتىن ئۆتىدىغان چاغدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇشۇ جايدا ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئاشلىق ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى ئولجا ئالدى. دېمەك، بۇ قوشۇن ئادەم سانى جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ماددىي ئەشيا ۋە قورال ـ ياراغ جەھەتلىرىدىمۇ خېلى ھالىنىپ قالغانىدى. يەكەندە، ئۆز ئالدىغا ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ئۈچ خىل كۈچ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن تىركەشتى. بۇ كۈچلەرنىڭ بىرى، سابىق يەكەن ھاكىمبېگى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى يەرلىك كۈچ؛ ئىككىنچىسى سۇلايمان باشچىلىقىدىكى خۇيزۇ قوراللىق گۇرۇھى؛ ئۈچىنچىسى يەكەن يېڭىشەرگە قاپسىلىپ قالغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىدى. بۇ ئۈچ خىل كۈچلەر ئىچىدە، بىرىنچى بولۇپ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن تۇتۇشقىنى ئابدۇراخمان

باشچىلىقىدىكى يەرلىك كۈچ بولدى. ئىككى تەرەپ بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشقاندىن كېيىن ئابدۇراخمان كۈچى تەڭ كېلەلمەي ئۆزلۈكىدىن تىركىششنى توختىتىپ قويدى. سۇلايمان باشچىلىقىدىكى خۇيزۇ قوراللىق گۇرۇھى بولسا، تۇرۇپ كۈچا قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ، تۇرۇپ سۈلھىلىشىپ مۇناسىۋەتلىرى زادى تۇراقلاشمىدى. يېڭىشەھەرنى ساقلاپ ياتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بولسا مۇكەممەل ئىستىھكامغا تايىنىپ مۇداپىئەدە تۇرغاندىن سىرت يەنە پات ـ پات ئەسكەر چىقىرىپ كۈچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ لاگېرلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. ئېنىقىراق قىلىپ ئېيتقاندا، شەيخ نەزەرىدىن قاتارلىقلارنىڭ «خوجىلىق» سالاھىيىتى مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەكەنلىك مۇسۇلمان پۇقرالىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىن باشقا، شەيخ نەزەرىدىن يەكەندە زادى ئۈنۈملۈك مەمۇرىي ئاپپاراتنى تىكلەپ چىقالمىدى. يەكەننى ئەمەلىيەتتە ھەر خىل كۈچلەر پارچىلاپ ئىگىلەپ تۇراتتى. بۇ جەرياندا، بىر تاسادىپىي ۋەقە يۈز بەردى: نىيازبەگ ئىسىملىك بىر كىشى يالغاندىن بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىسىملىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئاللىبۇرۇن قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياقۇپبەگكە خەت يېزىپ ياقۇپبەگدىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ يەكەننى ئىشغال قىلىشنى تەلەپ قىلدى. نىيازبەگ ئىسىملىك بۇ كىشى ئەسلىدە يەكەننىڭ مۇئاۋىن ھاكىمبېگى بولۇپ، كېيىن خۇيزۇ قوراللىق گۇرۇھىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. كېيىن يەنە كۈچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئارىسىدا قاتىراپ يۈرگەنىدى. نىيازبەگ ھەم ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ياقۇپبەگ باشلاپ كەلگەن قوشۇن يەكەن كوناشەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، كوچىمۇ كوچا كۈچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش راسا كەسكىنلەشكەندە، جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھامىدىن توساتتىن ئۆز ئەسكەرلىرىگە سېپىل دەرۋازىسىنى

تاقىۋېتىڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ياقۇپبەگنى سېپىلنىڭ
ئىچىگە سولاپ يوقاتماقچى بولدى. «تارىخىي ھەممىدى» دە شۇ
چاغدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇنۇلار پۈتۈلگەن: «قۇشبېگىنىڭ
سىپاھلىرى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جان غىمى ۋە
ئەندىشىلىرىدىن قورقۇپ، سېپىلدىن ئات سەكرىتىپ چۈشۈپ،
ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ قاچتى ۋە بىرقانچىسىنىڭ قول ـ
پۇتلىرى سۇنۇپ ياردار بولدى. لېكىن بىر دەرۋازا ئوچۇق
قالغانىكەن. قۇشبېگى جېنىنى جايلاپ قېچىپ چىقىپ، قاراڭغۇدا
خەندەككە چۈشۈپ كېتىپ، ئاتتىن ئاجراپ قالغاندا، مۇھەممەد
بابادەھباشى دېگەن ئادەمگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئېتىغا مىنگىشىپ،
ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى ـ دە، قەشقەرگە
كەتتى» ⑰.

ياقۇپبەگنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شەيخ نەزەرىدىن
پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، يەكەن يېڭىشەھەرگە قورشاپ
ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى مۇداپىئە جېڭى سەككىز ئاي داۋام
قىلدى. بۇ مەزگىلدە، توختىماي ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ۋە
زەمبىرەك ئاۋازى ھەر خىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى
ئېلىشىشلارنى بىر مەھەل ئۇنتۇلدۇردى. بىراق، يېڭىشەھەرنىڭ
ئېلىنىشى بىلەن تەڭ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر يەنە
قايتىدىن باشلىنىپ كەتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال خۇيزۇ قوراللىق
گورۇھى بىلەن كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتتە يىرىكلىك پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا ئابدۇراخماننىڭ
كۈچلىرى يېڭىۋاشتىن قۇتراشقا باشلىدى. ھەتتا يەكەنگە قارام
كىچىككىنە بازار پوسكامدىكى جامالىدىن ئىسىملىك بىر كىشىمۇ
بىرمۇنچە ئادەم باشلاپ كېلىپ، يەكەندىكى ماجىرالارغا
ئارىلاشقىلى تۇردى. ۋەھالەنكى شەيخ نەزەرىدىن تولىمۇ مەمەدان،
قوپال مىجەزلىك ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى
ئۆزلىرىنى شەيخ نەزەرىدىندىن يىراق تۇتتى. «تارىخىي ھەممىدى»

نىڭ مۇئەللىپى ئۇ توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نەزەرىدىن شەيخ خوجامنىڭ مىجەزى مۇقىم ۋە تۇراقلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گويا ئۆزىنى ئىككىنچى ئەمىر كىبىر تېمۇركۆراگانى دەپ چاغلاپ، ياركەنتتىكى كاتتا ھەزرەت ئىشانلارنى، تۇڭگان ئىماملىرى باشلىق يۇرت ئېسىلزادىلىرىنى ئادەم ئورنىدا كۆرمىدى. بۇ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشالماسلىققا سەۋەب بولدى»⑱.

مۇشۇنداق شارائىتتا بىرىنچى بولۇپ ھامىدىن يەكەندىن كېتىپ قالدى. يەكەن كوناشەھەردە ياقۇپبەگنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان ئەنە شۇ ھامىدىن ئىدى. ھامىدىننىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي پائالىيىتى، كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن تەڭ باشلانغان. قارا يۇلغۇندا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ھامىدىن غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلغانىدى. شۇڭا، ھامىدىننىڭ كېتىپ قېلىشى، كۇچا قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۋەتتى. ھامىدىننىڭ كېتىپ قېلىشى يەنە كۇچا قوشۇنى قوماندانلىق قاتلىمىدا زىددىيەتلەر چېكىگە يەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. ھامىدىن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي خېتىپمۇ ئۆز قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ يەكەندىن كېتىپ قالدى. ئاخىرى، شەيخ نەزەرىدىننىڭ ئۆزىمۇ شۇنچىۋالا كۆپ سىياسىي كۈچلەرگە تەڭ كېلەلمەي، نائىلاج كۇچاغا قايتىپ كەتتى. راشىدىننىڭ يەكەنگە قارىتا قوزغىغان تۇنجى قېتىملىق ھەربىي ھەرىكىتى مۇشۇنداق جىمجىتلا كەيپىياتتا ئاخىرلاشتى.

## 5. يەكەننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئېلىنىشى

ئىككىنچى قېتىم يەكەنگە يۈرۈش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاساسلىق كىشى جامالىدىن ئىدى.

ئاقسۇ قەلئەسىنى ئېلىش جېڭىدە جامالىدىن نامايان قىلغان تەمكىنلىك ۋە باتۇرلۇق ھەققىدە يازما ماتېرىياللاردا كەڭ خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئاقسۇ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، راشىدىن ئۇنى ئاقسۇ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇڭا، ئۇ ئاقسۇ قەلئەسىنى ئېلىشتا قازانغان شۆھرىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن يېڭىلمەس سەركەردە، دەپ قارىلىپ كەلدى. شەيخ نەزەرىدىن يەكەننى تاشلاپ قايتىپ كەلگەندە، جامالىدىن غەزەپ بىلەن : «ئۆزۈم ئاتلىنىپ چىقىپ ياركەنت ۋە كاشىغەرنى پەتھى ۋە تەسەررۇف قىلىپ، قۇشبېگى دېگەننى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ قۇل ئەسىر قىلىپ، ئۇنى ئىنسان گۇرۇھىنى كۆرمىگەن خارلىق ۋە زارلىقلارغا يەتكۈزۈپ، ئېتىمنىڭ ئالدىدا پىيادە ھەيدەپ ھەيۋىسىنى يوقاتمىسام، نىزامىددىن خوجا شەيخنىڭ ئوغلى بولماي قالاي ۋە سەئىدلىكىممۇ بىكار بولسۇن» دېدى⑲ .

جامالىدىننىڭ يەكەنگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىش تەكلىپى تېزلا راشىدىننىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتكۈل يازنى جامالىدىن يەكەنگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىش تەرەددۇتلىرىنى راسلاشقا سەرپ قىلدى. بۇ جەرياندا، قورال - ياراغ ياسايدىغان ئىشخانىلار ئاقسۇدا تۈركۈملەپ كۆپىيىشكە باشلىغانىدى. ھۈنەرۋەنلەر بۇيرۇققا بىنائەن بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئۆزىگە بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ بولۇشقا ئالدىرايتتى. تۈركۈم - تۈركۈم ئەمەلدارلار سەھرا ۋە يايلاقلاردا يۈرۈپ ئوزۇق - تۈلۈك ھەم يەم - خەشەكلەرنى توپلاشقا كىرىشتى.

1865 - يىلى 7 - ئايدا، جامالىدىن باشلاپ ماڭغان قوشۇن نۇرغۇن قورال - ياراغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئېلىپ، تومۇز ئىسسىقتا ئاقسۇدىن يەكەنگە ئاتلاندى⑳ . جامالىدىن بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلانغانلار ئىچىدە يەنە كۇچادىن كەلگەن ئاخۇن خوجا

ئەلەم، ئۆچتۆرپاندىن كەلگەن خېتىپ ھەم ئۆنىڭ ئوغلى
ھامىدىنلارمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا، جامالىدىن بىلەن ئۆزۈن
مەزگىل بىللە بولغان يېقىنلىرىدىن ئابدۇل بابابەگ، قاسىم قازى
باشلىق بىر تۈركۈم ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ بار ئىدى.
جامالىدىن زور قوشۇن باشلاپ يەكەنگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن
خەۋەر يەكەندىكى ھەر خىل كۈچلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە
سالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمدى قارشىلىق
كۆرسىتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن
ئۇلار بەس - بەستە جامالىدىن بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا
ئىنتىلدى. جامالىدىن قاتارلىقلار يەكەنگە ئۈچ چاقىرىم
كېلىدىغان جايغا كەلگەندە، مۇلايىم، بىچارە قىياپەتلىك بىر توپ
ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. «تارىخىي ھەمىدى»
نىڭ مۇئەللىپى بۇ توغرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ياركەنتنىڭ
ۋالىي ۋە ئاھالىلىرى، ھەزرەت - ئىشانلار، تۆگكان ئىماملىرى
قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئۇلۇغلار، مۆتىۋەر زاتلار توپ - توپ،
گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ، سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ ئالدىغا
چىقىپ، زەپەر ئۆزەڭگىلىرىگە يۈزىنى سۈرتۈپ، قوللىرىنى
كۆتۈرۈپ، ئاللا دەرگاھىنىڭ ئالدىدا ئاجىز ۋە سۇنۇقلۇقىنى
ئىپادىلەپ دۇئا قىلىشىپ، پەتىھى ئايەتلىرىنى ئوقۇپ،
خوجىلارنىڭ ئۆمۈر دۆلەتلىرىگە دۇئالارنى قىلىپ، بېشىنى
تۆۋەن سېلىپ، خىجالەتنىڭ قارا تەرلىرىگە غەرق بولۇپ،
ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تۇردى»㉑.

جامالىدىن قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە تايىنىپ ھېچقانداق
توسالغۇغا ئۇچرىمايلا پۇتكۇل يەكەننى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ۋە شۇ
ھامان بۇ بوستانلىقنىڭ ئاسمىنىدا: «ئەمدى زامان راشىدىن
خاننىڭ زامانى!» دېگەن تەنتەنە ياڭراپ كەتتى. يېقىنقى بىر
نەچچە ئەسىردىن بۇيان، يەكەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى
مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ

كەلگەن. ئىشانلار مەزھىپى ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقالغاندىن كېيىن، يەكەن يەنە ئىشانلار مەزھىپىنىڭ مۇھىم پائالىيەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شۇڭا، يەكەننىڭ ئىشغال قىلىنىشى شۈبھىسىزكى. راشىدىننىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ئاشۇردى، شۇنداقلا جامالىددىننىڭ تۆھپىسىنىمۇ گەۋدىلەندۈردى. جامالىددىن قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىشنى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلدى. شۇڭا، جامالىددىن يەكەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن كۇچالىق ئاخۇن خوجا ئالەمنى يەكەننىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا يەكەندىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بەردى. ھالبۇكى، جامالىددىننىڭ ئۆزى بولسا پۈتۈن زېھنى ۋە كۈچىنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا قويدى.

1865 - يىلى 8 - ئايدا، جامالىددىننىڭ قوماندانلىق شتابى يەكەندىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. «تارىخىي ھەمىدى» دە يېزىلىشىچە، جامالىددىن باشلاپ ماڭغان بۇ قوشۇن 72 مىڭ ئادەمدىن تەركىب تاپقانىكەن㉒. ئېنىقكى، مۇشۇ سانغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ، بىراق، مۇئەللىپنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىگە شۈبھە كەتمەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خوجاملار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن بۇيان، بۇنداق كۆپ ئەسكەر توپلىنىپ ئاتلانغان ئەمەس ئىدى»㉓.

شۇ بەتنىڭ ئۆزىدە، ئاپتور يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن: «خوجاملار قورال - ياراغتىن باشقا، يەنە ئىككى يۈز ھارۋىدا غول زەنجىر - كىشەنلەرنى ئېلىپ ‹كاشغەرگە بارىمىز ۋە بۇ جاينى ئالىمىز، قىپچاق، ئەنجانلىقلارنى قول - ئەسىر قىلىپ، غول زەنجىرلەر بىلەن

مەھكەم باغلاپ ئېلىپ كېلىمىز، دېدى»[24].

جامالىدىن باشلىق كىشىلەر شۇنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمىغانكى، يېڭىسارنىڭ خانئېرىق دېگەن مەھەللىسىدە جەڭ باشلىنىش بىلەنلا، جامالىدىننىڭ بىرنەچچە ئون مىڭلىغان ئەسكىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋال «تارىخى ھەمىدى» دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «خوجاملار ئىلاجىسىز بولۇپ ۋە ‹ ھەدىس شېرىپ› كۆرسەتكەن ‹كۇچى يەتمەي چىداشلىق بېرەلمىگەندە، قاچماقلىق پەيغەمبەرنىڭ يولى› دېگەن سۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە لازىم ۋە ۋاجىپ دەپ ھېسابلاپ، قوش پىلتىرلىق قورال - جابدۇقلار ھەم چېدىر - بارگاھ ۋە باشقا قورال - ياراغلىرى، يېمەك - ئىچمەكلىرى، مال - دۇنيا، خەزىنە قاتارلىق خىلمۇخىل ئەشيالىرىغا قارىماي، ئات قامچىسىنى مەغلۇبىيەتكە شىلتىپ، ئاقسۇ يولىغا قاراپ مېڭىشنى ئىختىيار قىلدى.

خوجاملار ئىككى يىل ئىچىدە ئاقسۇ، كۇچا، ياركەنت، ئۇچتۇرپان ۋە كورلىغىچە بولغان يۇرتلارنىڭ خىراجىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ھەم جېنى بىلەن تەييارلانغان ئۇسكۈنە ۋە قورال - ياراغلارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئەقەللىي ئىككى سائەتمۇ باراۋەرلىك قىلالماي، خۇددى چاڭ - توزاندەك توزۇپ كەتتى»[25].

خانئېرىق جېڭى راشىدىننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى قوزغىغاندىن بۇيان ئۇچرىغان ئەڭ قاتتىق ئوڭۇشسىزلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىكنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىش نىيىتى تەۋرىنىپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە، مەيلى ئەفكار ئاممىدا بولسۇن ۋە ياكى ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولسۇن، قەشقەرنى ئىشغال قىلىش شوئارى خانئېرىق جېڭىدىن قايتقان كىشىلەردە ھېچقانداق چاقىرىق كۈچى ھاسىل قىلالمىدى.

ۋەھالەنكى، ياقۇپبەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خانئېرىق جېڭى ئۇنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىنى 14 يىلغىچە بېسىۋېلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ ياقۇپبەگنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا قازانغان تۇنجى مۇھىم غەلىبىسى ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خانئېرىق جېڭى راشىدىن ئۈچۈنمۇ، ياقۇپبەگ ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەردىن بولۇپ قالدى. ئوخشىمايدىغىنى پەقەتلا بىرى غەلىبە قىلدى، يەنە بىرى مەغلۇپ بولدى.

## 6. يەكەننىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئېلىنىشى

ئىككىنچى يىلى، يەنى 1866 ـ يىلى راشىدىن يەكەنگە يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، بارىكۆلدە جەڭ قىلىۋاتقان ئىسهاق راشىدىننىڭ چاقىرتقان بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىسهاق كۇچا قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى، ئىسهاق تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا جايمۇجاي ئۇرۇش قىلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ۋە شۆھرەت قازىنىپ كۇچادىكى خوجىلار ئىچىدە خېلى نامدار زات بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسهاق يەنە راشىدىن بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان ئىدى. راشىدىن ئۆزى بۇيرۇقىدا بۇ قېتىمقى مۇھىم يۈرۈش قىلىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «قىرغىز، قىپچاقلار قەشقەرنى ئالدى ۋە يار كەنتنىمۇ بېسىۋاپتۇ. بۇ تەرەپتىكى خوجىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەلدى. تولالەشكەر، قورال ـ ياراغ ۋە خەزىنە زىيان بولدى. ئۆزلىرى دەرھال لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئەنجانلىق ۋە قىپچاقلاردىن بۇ شەھەرلەرنى ئاجرىتىپ ئالمىساڭلار، دۈشمەنلەر كۇچىيىپ كەتكەندىن كېيىن ئىش

ياخشى بولماس. چۈنكى، بۇلار بىزگە يېقىن كېلىپ قالغان ئەڭ يامان دۈشمەنلەر» ㉖.

1866 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىسھاق قوماندانلىقىدىكى بىرقانچە مىڭ ئەسكەر شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن يەكەن كوناشەھەر ۋە يېڭىشەھەرگە بىراقلا ئاتلاندى㉗.

ئۆتكەن ئىككى قېتىمقىسىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئىسھاق ھۇجۇم قىلغان يەكەن ئەمدىلىكتە ياقۇپبەگنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئىدى. جامالىدىن خانئىبرىقتا مەغلۇپ بولغاندىن بىرى، ياقۇپبەگ يەكەندە ئۆزىگە تولۇق ئىتائەت قىلىدىغان مەمۇرىي ئاپپاراتنى قۇرۇپ چىققان ھەم كىچىك خان ئىسىملىك بىر كىشىنى يەكەن ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ قېتىم، ياقۇپبەگ ئۇدۇللا يەكەنگە ئاتلىنىپ ئۆز رەقىبى بىلەن بىۋاستە تۇتۇشماي، بەلكى ئاۋال بارچۇقنى ئىشغال قىلىۋېلىپ ئىسھاقنىڭ ئۆز ئارقا سېپى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بۇغۇپ، ئاندىن بېرىپ يەكەننى قورشاۋغا ئېلىش پىلانىنى يولغا قويدى ㉘.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پىلان ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ قوشۇنى باشلاپ يەكەنگە قىستاپ كېلىپ، شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن ئىسھاقنىڭ قوشۇنىنى قايتا ـ قايتا مەغلۇپ قىلدى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ئۇزلۇكسىز غەلىبە قازانغان بۇ كىشىنى ئاھانەت ئىچىدە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. «تارىخىي ھەممىدى» نىڭ مۇئەللىپى بىرمۇنچە دەلىللەرگە ئاساسەن بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى مۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەن: «ئىسھاق خوجام قۇشبېگىنىڭ چېدىرىغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يېتىپ بېرىپ سۇلھى تۈزۈشتى. قۇشبېگى كاتتا زىياپەتلەرنى قىلىپ، كۆپ سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنى مىرزا ئەھمەد قۇشبېگىنىڭ چېدىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، لەشكەرلىرىدىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئايرىپ قويدى ھەم ئۇنى يەنە ئالدىغا چاقىرىپ، مېھرىبانلىق قىلغاندەك، ئىسھاق خوجامنىڭ خاپا بولغانلىقىنى

سىزىپ، چاقچاق تەرىقىسىدە «ئەگەر مۇشۇنداق يول بىلەن بىز ئۆزلىرىنىڭ قولىغا چۈشسەك نىمە قىلار ئىدىلەر» دەپ سورىدى. خوجام «مۇبادا سىز مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن بولسىڭىز ئىدى، سىزنى ئاتقا تېڭىپ، مەھكەم باغلاپ، كوچاغا ماڭدۇرار ئىدىم. بۇ كەمگۈچە سىز مارالبېشى ئەتراپىغا يەتكەن بولار ئىدىڭىز» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆز ئاتالىق غازىغا ناھايىتى ماقۇل چۈشتى. ئۇ خۇشال بولۇپ، ‹ئەي تۆرەم، راست سۆزنى ئېيتتىلا، ئۆزلىرى بولسا راست سەيىد ئىكەنلا. مەن تەستىق قىلدىم» دەپ كۆپ ياقتۇرۇپ ئاپىرىن ئوقۇدى. قۇشبېگى يەنە «راشىدىن خان خوجا ئاقسۇنى ئۆزلىرىگە بەرسۇن، ئۆزلىرى ئاقسۇدا تۇرۇپ مارالبېشىنىڭ ئۇ تەرىپىگىچە بولغان جايلارنى سورىسىلا. بىز بۇ تەرىپىنى سورايلى. ئۆزلىرى خىتايلار بىلەن كۆپ غازات قىلىپ غازىلىق دەرىجىسىگە مۇيەسسەر بولۇپتىلا، ئەمدى بىز ئىتتىپاقلىشىپ، ئارىمىزدا خەت - ئالاقە ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرساق، مۇبادا بىرگە - بىر تەرەپتىن دۈشمەن كەلسە، بىر - بىرىمىزگە يار - مەدەت بەرسەك. ئەگەر خان خوجا ئاقسۇنى ئۆزلىرىگە بەرمىسە، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىشىم مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئالەمنىڭ قۇدرەتلىك ئىگىسى بولغان ئاللا پەتىھى غەلىبىسىنىڭ ئىشىكىنى قايسىمىزغا قارىتىپ ئاچسا، بىز بۇنى ئۆزىمىزنىڭ بەخت - تەلىيىدىن كۆرسەك»، دېدى»㉙.

ياقۇپبەگ تەكلىپىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئىسھاق ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاقسۇنى باشقۇرۇش ھەم ياقۇپبەگ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋەھاكازالار. ئېنىقكى، بۇنىڭدا ئىسھاقنى ئۆز يېنىغا تارتىش مۇددىئاسى يوشۇرۇنغانىدى. لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ كوچا خوجىلار جەمەتىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىش سۇيىقەستى ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا ياقۇپبەگنىڭ ئىسھاقتا قانداق ئىنكاس

بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە پۈتۈلمىگەن. پەقەتلا ئىسھاققا ياقۇپبەگنىڭ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بەرگەنلىكى ۋە ئادەم قوشۇپ بارچۇققىچە ئۇزىتىپ قويغانلىقى بايان قىلىنغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئاشكارا بولۇشىچە، ئىسھاقنىڭ يەكەندە مەغلۇپ بولۇشى، راشىدىنىنىڭ مۇددىئاسىغا تامامەن خىلاپ ئەمەس ئىكەن. چۈنكى ئىسھاقنىڭ باشلامچىلىقىدا يەكەنگە ئۇرۇش قىلىشقا ماڭغان ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۇچا ۋە ئاقسۇدا يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان بازار لۈكچەك ـ مۇتتەھەملىرى ئىدى. ئۇلار يا ئىنتىزام تەربىيىسى، يا ئۇرۇش مەشىقىنى كۆرمىگەن. ۋەھالەنكى ئىسھاقنىڭ قوماندانلىقىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش سىنىقىنى جىق كۆرگەن قوشۇنلار بولسا، راشىدىنىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كۇچا ۋە ئاقسۇدا تۇرۇپ قالغان. ئاندىن قالسا، ئىسھاققا راشىدىن ۋەدە قىلغان ئۇچتۇرپان، ئاقسۇدىن ياردەمگە ئەۋەتىلىدىغان قوشۇنلار تاكى ئىسھاق يەكەن قەلئەسىگە تامامەن قاپسىلىپ قالغانغا قەدەر يەكەنگە يېتىپ بارالمىغان. ئىسھاقنىڭ يەكەندىن قايتىپ كېتىشى، ياقۇپبەگنىڭ يەكەندە ئۆز كۈچىنى تىكلىۋالغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە راشىدىن يەكەنگە زادىلا چېقىلىپ باقمىدى.

## 7. كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى

راشىدىن غەربكە يۈرۈش قىلىشنى ئويۇشتۇرۇپ ئاقسۇ جېڭى، ئۇچتۇرپان جېڭى، قەشقەر جېڭى ھەم بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق يەكەن جېڭىنى تەشكىللەش بىلەن تەڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشنىمۇ ئويۇشتۇرغان. شەرققە يۈرۈش قىلىش داۋامىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم جەڭلەر ئۇششاقتال جېڭى،

تۇرپان جېڭى ۋە قۇمۇل جېڭىدىن ئىبارەت.

«تارىخىي ھەمىدى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرققە يۈرۈش قىلىش راشىدىننىڭ بىر قېتىملىق ۋەزى ئارقىسىدا باشلانغان. شۇ چاغدا راشىدىن «خۇدا ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەق يولىدا جېنىنى پىدا ۋە تەقدىم قىلىپ، كاپىر - دىنسىز ۋە زالىملار بىلەن غازات قىلىپ، غازىلىق مەرتىۋىسىنى خوش كۆرىدىغان ۋە شاھادەتلىك دەرىجىسىنى ئىزدىگەن بىرەر مەرد باھادىر بارمىكىن؟» دېگەندە، توختى مۇھەممەد يۈزبېشى دېگەن بىر ئادەم كېلىپ، «مەن ئۇشبۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ دەرىجىلەرنى ئارزۇ - ھەۋەس قىلغانىدىم» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. خان خوجام ئىلتىپات قىلىپ يۈز ئادەم تەيىنلىدى» ㉚.

بۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل ۋاقىت كەتكەن شەرققە يۈرۈش قىلىش باشلىنىپ كەتتى. توختى مۇھەممەد باشلاپ ماڭغان 100 كىشى بۈگۈرگە يېتىپ كەلگەندە قەلئە ئىچىدىكى خۇيزۇ پۇقرالىرىنىڭ مەدەت ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى تېزلا بۈگۈر قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. بۇ كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى كۇچانى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىشغال قىلغان تۇنجى قەلئە ئىدى. غەلىبىدىن ئىلھاملانغان كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كورلىنى ئالدى. ئەمدى، قاراشەھەر ئۇلارنىڭ يېڭى نىشانى بولۇپ قالدى. گەرچە قاراشەھەر بىلەن كورلىنىڭ ئارىلىقى يۈز چاقىرىمغىمۇ يەتمىسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن تەبىئىي توسالغۇلار بار ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئىسھاق كورلىغا ئەۋەتىلىپ قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. كۇچا خوجىلار جەمەتىدە ئىسھاقنىڭ تەمكىنلىكتە ۋە زېرەكلىكتە داڭقى چىققانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسھاق شەرققە يۈرۈش قىلىش داۋامىدا باشتىن - ئاخىر قوماندان ئورنىدا ۋە سىياسەت ئورنىدا تۇردى. كۆپچىلىك قاراشەھەرنى قانداق

قىلغاندا ھۇجۇم بىلەن ئالالايمىز دەپ جىددىي مەسلىھەت قىلىشىۋاتقاندا، ئىسلام خەلىپە ئىسمىلىك بىر زات ئىسھاققا: «باغراش ئارقىلىق ئۈششاقتالغا بېرىپ، ئاندىن ئۈششاقتالدىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلساق» دەپ تەكلىپ بەردى. ئىسلام خەلىپەنىڭ تەكلىپىنى ئىسھاق ماقۇل كۆردى.

شۇ تاپتا، كورلىغا توپلانغىنى كۇچادىن كەلگەن قوزغىلاڭچى قوشۇندىن باشقا يەنە بۇگۇر، كورلا قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ قىلغان دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار ئىدى. ئىسھاق بۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا كەلتۈرىدىغان ئېغىرچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قوشۇننى يېڭىۋاشتىن قۇراشتۇرۇپ ئەسكەرلىككە ئېلىنمىغانلارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى. لېكىن ئىسھاق ئۆزىنىڭ بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى، جايلاردىن كەلگەن بۇ قوزغىلاڭچىلار ئىسھاقنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى كېلىپ، ئىسھاق نائىلاج بۇ كېلەڭسىز ئادەم توپىنى باشلاپ باغراش ئارقىلىق تۆت كۈن يول يۈرۈپ ئاران ئۈششاقتالغا يېتىپ باردى. ئۈششاقتال بىلەن قاراشەھەرنىڭ ئارىلىقى 160 چاقىرىم كېلەتتى. ئۈششاقتالنىڭ قاتناش ترانسپورتىدىكى ئەھمىيەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىشىلەر بۇ ئۆتەڭگە ئۇنچىۋالا دىققەت قىلىپمۇ كەتمىگەن بولاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر تارماق قوشۇنىمۇ ئۈششاقتالغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇمچى دۇتۇڭى (باش نازارەتچىسى) پىڭرۇي كۇچا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئۇيۇشتۇرۇپ چىققان بىرقانچە 100 كىشىلىك قوشۇن ئىدى. ئىككى تەرەپ تۇتۇشقان ھامان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قورشاۋدا قالدى.

بۇ بىر مەيدان سېپى ئۆزىدىن دالا ئۇرۇشى بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئەڭ ئاددىي ئىستىھكامنى قۇراشتۇرۇپ

چىقىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيلا مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ بولغان شارائىتتا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئىسهاقنىڭ باشلاپ ماڭغىنى گەرچە كېلەڭسىز بىر قوشۇن بولسىمۇ، بىراق ئادەم سانى جەھەتتە، بولۇپمۇ، دىنىي ھېسسىياتنىڭ تەسىرىدىن ھاسىل بولغان جەڭگىۋارلىقى زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ھالبۇكى، بۇلار دالا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەر ئىدى. ئۇششاقتال جېڭى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇرۇش تاماملىنىشى بىلەنلا، ئىسهاق قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا ئاتلىنىپ قاراشەھەرگە قاراپ يول ئالدى. تېۋىلغۇ، تېرەكلىك قاتارلىق جايلاردا كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئالدىغا چىقىپ قالغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ئۇدۇللا قاراشەھەر قەلئەسىگە قىستاپ باردى.

قاراشەھەردە، ئىسهاق تۇنجى قېتىم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە دۇچ كەلدى. كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئۇششاقتالدىكى دالا ئۇرۇشى ئىپادىلىگەن ئۈستۈنلۈكلىرى، مۇكەممەل ئىستىھكام ئالدىدا ئۆز رولىنى يوقىتىپ قويدى. قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلىپمۇ قاراشەھەرنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ئىسهاقنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن 200 ھارۋا تەييارلاپ قويۇلدى. بۇ ھارۋىلارنىڭ ئۈستىگە سۇغا راسا چىلانغان كىگىز ۋە تۆگە توقۇملىرى يېپىپ قويۇلدى. ھارۋىنىڭ ئاستىغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئەسۋابلارنى ئالغان ئەسكەرلەر يوشۇرۇپ قويۇلدى. ۋاقىت - سائىتى كەلگەندە، بۇ ھارۋىلار تەڭلا سېپىل دەرۋازىلىرىغا قاراپ يۆتكەلدى. سېپىل دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، ھارۋىلارغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئەسكەرلەر دەرھال قوللىرىدىكى ئوت تۇتاشتۇرغۇچنى يېقىپ سېپىل دارۋازىلىرىغا ئاتتى. 1864 - يىلى 6 - ئاينىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، قاراشەھەر ئاسمان پەلەك يالقۇن ئىچىدە ئىشغال قىلىندى.

## 8. تۇرپان ۋە قۇمۇلنى ئىشغال قىلىش

ئىسھاق قاراشەھەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى شۇ يەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى تۇرپان يېڭىشەھەرگە قاپسىۋالغانىدى. تەبىئىي تۇسالغۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاراشەھەردىن تۇرپانغىچە ئىسھاققا نىسبەتەن ھېچقانداق پۇتلىكاشاڭلار قالمىغانىدى. شۇڭا، ئىسھاق قاراشەھەردە ئەسكەرلىرىنى ئازراق ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن، دەرھال تۇرپانغا ئاتلاندى. تۇرپان قەلئەسىنىڭ يېنىدا، مەخسۇمخان خوجا، قاسىم چاڭگا، ۋاھىت خەلىپە قاتارلىق كىشىلەر ئىسھاقنى كۈتۈۋالدى. بۇ كىشىلەر 6 ـ ئايدىن بۇيان تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلامچىلىرى بولۇپ كەلگەن. تۇرپاندىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ھەم جەڭ تەييارلىقى قاراشەھەردىكىدىن كۆپ ئەۋزەل ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىسھاقنىڭ قاراشەھەردە ئىشلەتكەن ئۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يول باشچىلىرى تومىن (ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى داۋۇت ئىدى) ۋە سوخۇەنجاڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئىسھاقتىن ياردەم تەلەپ قىلدى. تومىن ۋە سوخۇەنجاڭلار كۇچا قوزغىلىڭىدىن كېيىن شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ قىلغان ھەم شۇئان ئۈرۈمچى يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلغانىدى. مۇشۇ تاپتا بولسا ئۈرۈمچى مەنچىڭ قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالغانىدى. ئىسھاق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تومىن بىلەن سوخۇەنجاڭنىڭ تەلىپى ئىسھاق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى

ۋە باھاۋدۇن خوجىنى 3 مىڭ ئەسكىرى بىلەن دەرھال ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. باھاۋدۇن خوجىغا مەخسۇم خوجا، ۋاھىت خەلىپە، نۇراخۇن (خۇيزۇ)، ئەلى خەلىپە قاتارلىق بىر تۈركۈم سەردارلىرىنى ھەمراھ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسھاق يەنە رەھمەت باتۇر، ھاجى باقىلارنى مىڭغا يېقىن ئەسكەر باشلاپ زاپاس كۈچ سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. ئىسھاق ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرغان بۇ ئىككى قوشۇن كۆرۈنەرلىك جەڭ نەتىجىسىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئۈرۈمچىدە ئۇنۇم ھاسىل قىلالمىغاندىن كېيىن، غەربكە يۈزلىنىپ ماناس، قارائۇسۇ (شىخو)، جىڭ قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلدى. تومىن بىلەن سوخۇەنجاڭنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ ئۈرۈمچىگە ئەسكەر ماڭدۇرۇش بىلەن تەڭ، ئىسھاق يەنە ئايدىڭ خوجا، ھەسەن قاسىم باتۇر، خۇ خەلىپە (خۇيزۇ) قاتارلىق 10 نەچچە سەردارنى 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن تەگرىتاغ ئارقىلىق چىقتىم جىلغىسىغا ماڭدۇردى. بۇ قوشۇن چىقتىم ئارقىلىق تەگرىتاغنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، تازبۇلاق دېگەن مەھەللىدە ئازراق ئارام ئالغاندىن كېيىن، يول بويى ئۇرۇشۇپ مورىغا قىستاپ باردى. بۇ يەردە، ئايدىڭ خوجىلار ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي مورىغا كېلىپ قالغان باھاۋدۇن خوجا باشلامچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن جەم بولدى. مورى ئىستىھكام سېلىنمىغان ئاھالىلەر نۇقتىسى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى مۇشۇ يەردە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن قاتتىق تۇتۇشتى. مەغلۇپ بولغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شەرققە سۈرۈلۈپ باركۆلگە قاراپ قاچقاندا، ئايدىڭ خوجا ۋە باھاۋدۇن خوجا قوماندانلىقىدىكى كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىمۇ دۈشمەن ئىزىدىن قوغلاپ باركۆلگە كەلدى. ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بەك تېز بولۇپ كەتكەچكە، كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان

ئەسۋابلارنى يول بويى ئالدىراپ - تېنەپ ياساپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلىدى. بۇ ھالەت، ئۇلارنىڭ بارىكۆلدە نەتىجە ھاسىل قىلالماسلىقىنى ھەم بارىكۆل قەلئەسى يېنىدا تۇرۇپ قېلىشىنى بەلگىلىدى. زىمىستان قىش يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۆچا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۇرپان ئويمانلىقىغا قايتىپ كەلدى. بەزى تارىخىي ھۆججەتلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قەھرىتان سوغۇققا ئادەتلەنمىگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قار - شىۋىرغاندا قالغاندا، مەيلى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى بولسۇن، مەيلى ھەممىلا يەردە تۆكۈلۈپ ياتقان ئۆلجىلار بولسۇن ھېچقايسىسى ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرالمىدى. بۇ جەرياندا، تۇرپان قەلئەسىنىڭ يېنىدا بولۇۋاتقان ئۇرۇشلار بىر خىلدا داۋام ئەتمەكتە ئىدى. «تارىخىي ھەمىدى» دە تۇرپاندىكى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «شەھەر پەتھى بولماي سەككىز ئايدىن ئاشتى. بۇ چاغدا خوجاملار يول ئېرىق ئەتراپىنى توسۇغان لەشكەرلىرىنى ياندۇرۇپ كېلىپ، «ئەمدى خىتايلار بىجىن تەرەپكە كەتسۇن، شەھەرنى بىكار قىلسۇن، بىز يول بېرىمىز» دەپ ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەممە خىتاي شەھەردىن چىقىپ يول ئېرىققا بارغاندا، چاپ - چاپ قىلىپ ھەممىنى قىردى. تىغ سىياسەتتىن ئاشقانلىرىنى بولسا ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ خىزمىتىگە سالدى»㉜.

بۇ ئابزاس نەقىلنى، ئىسھاقنىڭ تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىش تەپسىلاتىنى ھەم قوللانغان ئۇسۇلىنى چۈشەندۇرۇشتە ناھايىتى يېتەرلىك دەپ قارىساق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، تۇرپاندىكى ئۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانى تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. چۈنكى، ئۇزاق ئۆتمەيلا لۈكچۈندىكى ۋاڭ جەمەتىنىڭ بەزى ئەزالىرى ئىسھاققا قارشى بايراق كۆتۈرۈپ

چىقتى. بۇنىڭغا ئىبراھىم خان، ھاپىزۇللاخان، يولۋاسخان، شامەخلۇق قاتارلىق كىشىلەر باشلامچى بولۇپ بەردى. ئۇلار لۇكچۇندىكى پۇقرالارغا ئۆزلىرىنىڭ كۇچا خوجىلىرىنى جەزمەن قوغلاپ چىقىرالايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىبراھىم خان تەكلىپ قىلىپ كەلگەن موردىكى بىرقانچە مىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى لۇكچۇنگە يېتىپ كەلدى دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ تارقالغانىدى㉝.

بىرقانچە مىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرىنىڭ لۇكچۇنگە كەلگەنلىكىدىن ئېنىق خەۋەر تاپقان ئىسھاق، لۇكچۇن ۋەقەسىگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ پارچە - پۇرات ئەسكەرلىرىنى چىقىرىپ قويۇپ، لۇكچۇن ۋەقەسىنى بىر يولىلا بېسىقتۇرماقچى بولدى. بىراق، يولغا سالغان كۇچا ئەسكەرلىرى، لۇكچۇن قەلئەسىنىڭ يېقىنىدىلا تامامەن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. بۇ ئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، ئىسھاق بۇ قېتىم ئۆزى قوشۇن باشلاپ لۇكچۇنگە ئاتلاندى. «تارىخىي ھەممىدى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىسھاق باشلاپ ماڭغان بۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانى 15 مىڭدىن ئاشىدىكەن. لۇكچۇنگە قىلىنغان يۈرۈش ئىسھاقنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، ئىسھاق ئەسكەرلىرىنى لۇكچۇندە قىرغىنچىلىق قىلىشقا قويۇپ بەردى. كېيىنكى كۇنلەردە بۇ خىل زوراۋانلىق تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يىراق سەھرالىرىغىچە كېڭىيىپ كەتكەن. ئىسھاققا قارشى چىققان ھېلىقى كاتتىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دارغا ئېسىلدى. قالغانلىرىنىڭ بەزىسى قۇمۇلغا قاچتى، بەزىلىرى باركۆلگە قاچتى ㉞.

ئىسھاق ھاشىر تاجىبەك ئىسىملىك بىر كىشىنى لۇكچۇننىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. قاسىم چاڭگانى تۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ كىشىلەر ئىسھاققا دەسلەپتىلا ھەمكارلاشقان ئەربابلار ئىدى. بولۇپمۇ لۇكچۇندىكى ئىبراھىم

خان قاتارلىقلارغا قارشى ئۇرۇشتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملەشكەنىدى. لۈكچۈن ۋەقەسىدىن كېيىن ئاندىن تۇرپان جېڭى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. تۇرپاندا ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ئىسھاق تۇرپاننى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئارقىمۇئارقا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ئەسكەر ماڭدۇرۇپ شەرقتە باركۆلدىن تارتىپ، غەربتە جىڭخىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىدى. مۇشۇنداق كەڭ زېمىن دائىرىسىدە جەڭ قىلىش، راشىدىننىڭ شۇ مەزگىلدە قوزغىغان ئۇرۇشلىرى ئىچىدە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. مۇنۇ ئىككى ۋەقە سەۋەبىدىن ئىسھاق قومۇلغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. بۇلارنىڭ بىرى شۇكى، ئىسھاق قومۇلغا ئەۋەتكەن موللا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى قومۇل كوناشەھەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بۇ قەلئەنى ئاسانلا ئىلكىگە ئالدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئونى ئۇيغۇر، ئالتىسى خۇيزۇ ئىدى. موللا تۆمۈر خەلىپە قاتارلىقلارغا ئىسھاق تاپشۇرغان ئەسلى ۋەزىپە، قومۇل ۋاڭى بەشىرگە سوۋغا - سالام يەتكۈزۈپ، بەشىرنىڭ يېقىندا راشىدىنغا تارتۇق ئەۋەتكەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەشىر ۋاڭنىڭ راشىدىنغا ئەۋەتكەن تارتۇقلىرى ئىچىدە نۇرغۇن گۆھەر، مەرۋايىتلىرىدىن باشقا، جاھانگىر خوجىنىڭ ئەينى يىللاردىكى قوراللىرى ۋە ساۋۇتلىرىمۇ بار ئىكەن㉟.

موللا تۆمۈر خەلىپە سوۋغا - سالامنى يەتكۈزۈپ بولۇپ بەشىرگە ئۆزلىرىنىڭ قومۇل كوناشەھەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قومۇل قەلئەلىرىنى ئىشغال قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، قومۇل ۋاڭى بەشىر ئۆزىگە كېلىدىغان پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن موللا تۆمۈر خەلىپىنىڭ تەكلىپىگە سۈكۈت قىلدى ھەم ئاستىرتىن بىر تۈركۈم قورال - ياراغلارنى ئۇلارغا

ياردەم قىلدى. جىددىي تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن موللا تۇمۇر خەلىپە قوشۇل كوناشەھەرنى ئىشغال قىلدى.

باركۆل قەلئەسىدە ساقلىنىۋاتقان مول ھەربىي قورال - ياراغلار، ئىسھاقنى قوشۇنلىغا يۈرۈش قىلىشقا قىزىقتۇرغان، يەنە بىر سەۋەب بولدى.

ئايدىڭ خوجا مورىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن باركۆل قەلئەسىگە بىرمەھەل ھۇجۇم باشلىغانىدى. گەرچە، ئۇلار باركۆلدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسھاققا باركۆل قەلئەسىدە ساقلىنىۋاتقان قورال - ياراغلار توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يەتكۈزۈپ بەردى. تۇرپاندىكى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش بىلەنلا، ئىسھاق قوشۇن باشلاپ تۇرپاندىن قۇمۇلغا قاراپ يول ئالدى. تۇرپان بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقى 12 كۈنلۈك مۇساپە ئىدى. يول بويى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە ئەسكىرىي كۈچى بولمىغاچقا، ئىسھاق قوشۇنىنىڭ سەپىرى ناھايىتى راۋان بولدى. قۇمۇلغا يەنە بەش كۈنلۈك يول قالغاندا، بەشىر ۋاڭ قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئىسھاقنىڭ ئالدىغا چىقتى. بەشىر ۋاڭ قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ 6 - ئەۋلادى ئىدى. بەشىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ بايلىقى ۋە مەرتىۋىسى ۋايىغا يېتەتتى. «تارىخي ھەمىدى» دىن ئېلىنغان مۇنۇ رىۋايەت، بەشىرنىڭ بايلىق ۋە مەرتىۋە تۈپەيلىدىن بولغان تەلۋىلەرچە چوڭچىلىقىنى نامايان قىلىدۇ: «مەيلى باشقا ۋاڭ، گۇڭ قاتارلىق كاتتا مەنسەپدارلار بولسۇن، ياكى موللا، پازىل، ئۆلىما، ئىشان، ھەزرەت ۋە ئەپەندىلەر بولسۇن، ۋاڭ ئۆزى ئۇلار بىلەن بىۋاستە سۆزلەشمەيتتى، ياكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ بىۋاستە ئاڭلىمايتتى، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىۋاستە كىرمەيتتى. ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى نەپەر مەلۇمچى دېگەن بېكلىرى بار ئىدى. ۋاڭ خانلىقىنىڭ ھەر خىل يارلىق ۋە بۇيرۇقلىرى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنى

مەلۇمچىلارغا دەيدىكەن. مەلۇمچى بولسا ۋاڭ خانلىقىنىڭ بۇ يارلىق بۇيرۇقلىرىنى ‹ۋاڭ خاننىڭ يارلىقى ۋە بۇيرۇقى› دەپ ئېلان قىلىدىكەن. ئەگەر باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى بولسا، مەلۇمچىلار ‹ئۇ مۇنداق بىر تەرىقىدە ئەرز قىلىدۇ› دەپ مەلۇم قىلىدىكەن. ئەگەر بىرەر كىشى ۋاڭ خان بىلەن بىر ئۆي ۋە بىر جاي - ماكاندىكى بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ سۆزلەشسىمۇ، مەلۇمچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ۋاڭ خان ئۆزىنى زور، يارلىقلىرىنى ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە بۇ ئۇلۇغ سۆزلەرگە ئۇششاق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى چىدىمايدۇ دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنى مەلۇمچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر دەرىجە پەسەيتىپ ئاندىن ئۇلارغا يەتكۈزۇشنى يارلىق قىلغان»㊱.

نام - شۆھرىتى شۇنچە سەلتەنەتلىك ئىسھاق ئالدىدىمۇ، بەشىر ئۆزىنىڭ بۇ غەلىتە ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. «تارىخىي ھەمىدى» گە بۇ رىۋايەتمۇ كىرگۈزۈلگەن: «مۇنداق بىر ئاجايىپ رىۋايەت باركى، ئىسھاق خوجا تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەنسەپدارلار، چېرىكلەر ۋە نەچچە تۈمەن، نەچچە مىليون كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ، بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن قامۇلنى بويسۇندۇرماقچى بولۇپ، نەچچە مىڭ قانخۇمار ئەسكەر بىلەن ئاتلىنىپ، ‹ئەگەر ۋاڭ ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭ مال - جېنىنى ۋە يۇرت ئەھلىنى ئۆزىگە ئىنئام قىلىپ، ئامانلىق بېرىمەن. مۇبادا ئىتائەتتىن باش تارتسا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىمەن› دەپ ۋاڭلىقنىڭ بېشىغا تىغ تارتىپ بارغان چاغدا، ۋاڭ خان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خوجام بىلەن بىر يا مىقدارى يېقىن ئىككى سەندەلدە ئولتۇرغانىكەن. شۇ چاغدا ۋاڭ خان ‹خوجاملارنىڭ ئىسلام ئېچىپ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا مۇبارەك بولغاي› دەپتۇ. مەلۇمچى بۇ سۆزنى ۋاڭ خانلىق بۇ تەرىقىدە يارلىق قىلىدۇ، دەپ ئىسھاق خوجامغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئىسھاق خوجامنىڭ سۆزنى بولسا خوجام بۇ تەرىقىدە ئەرز مەلۇم

قىلىدۇ، دەپ ۋاڭغا يەتكۈزۈپتۇ. مەلۇمچى يەنە سۆز باشلىغاندا، ئىسھاق خوجام «ئەي مەلۇمچى بېك، ئۆز جايىڭىزغا بېرىڭ، ۋاڭ خاننىڭ تىلىنى مەن بىلىمەن. مېنىڭ سۆزۈمنى ۋاڭ خان پەملىيەلەيدۇ»، دەپ ئۆزلىرى سۆزلىشىپتۇ»㊲.
قۇمۇلدا، ئىسھاق كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلالمىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا قۇمۇل يېڭىشەھەر مۇنقەرز بولغانىدى. ئەمدى، ئىسھاقنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى پەقەتلا قۇمۇلنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باركۆل قەلئەسىنى ئېلىش ئىدى. بىر مەھەل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن ئىسھاق قوشۇن باشلاپ تەڭرىتاغ جىلغىسىغا كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىسھاق بىرقانچە يەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، باركۆل قەلئەسىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىمۇ قاتتىق زور چىقىمغا ئۇچرىدى. تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋال شۇكى، توختىماي كۆرۈلۈۋاتقان ئۆلۈم ۋە زەخىم ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى قاتتىق بوشاشتۇرۇۋەتتى. ئاقىۋەتتە، باركۆل قەلئەسى يېنىدىكى جەڭ دەرھال ئۇنۇم ھاسىل قىلالمىدى. ئىسھاق تازا ئارىسالدى بولۇۋاتقاندا، راشىدىننىڭ ئىسھاقنى دەرھال كۇچاغا قايتىپ كېلىپ 3 ـ قېتىملىق يەكەن جېڭىگە قوماندانلىق قىلىشقا چاقىرتقان بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى. بۇ بۇيرۇق رەسمىي ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا، پۈتكۈل قوشۇن تارقىلىپ كەتتى. كۇچالىق ئەسكەرلەر تەنتەنە قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېتەلىگەنلىكىگە شۈكۈر ئېيتىشتى㊳.
ئىسھاق بۇيرۇقنا بىنائەن دەرھال چېكىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپلا قوشۇننى باشلاپ جەڭ مەيداندىن چېكىنىپ چىقىپ، باركۆلدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىزىدىن قوغلاپ توختىماي پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان ئەھۋالدا، ماڭغان يولنى بويلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن

يول ئېلىپ كۇچاغا قايتىپ بېرىپ، 3 ـ قېتىملىق يەكەن جېڭىگە قوماندانلىق قىلىشقا ماڭدى. بۇ ۋەقەگە ئائىت مەزمۇنلار كىتابىمىزنىڭ مۇشۇ بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار قىسىملىرىدا بايان قىلىنغانىدى.

قۇمۇل جېڭىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى باركۆل قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ شۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان زور تۈركۈمدىكى ھەربىي لازىمەتلەرنى ئولجا ئېلىش ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسھاق ئۆز مۇرادىغا يېتەلمىدى. لېكىن، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسھاق قۇمۇل جېڭىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، راشىدىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىن دائىرىسى شەرقتە خېلى يىراق يەرگىچە كېڭەيدى. ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، قۇمۇل بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقى ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئاشاتتى. ئىسھاق قۇمۇلدىن ئايرىلىشى بىلەنلا، راشىدىننىڭ شەرققە قوزغىغان ھەربىي پائالىيىتىمۇ ئاياغلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، راشىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ئاشۇ ھەيۋەتلىك، ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتنى تەكرارلاش پۇرسىتىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قالدى. ئىسھاقنىڭ ئۆزى بولسا، پات ئارىدا يەكەندە مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن نام ـ شۆھرىتىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلىپ قالغانىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، قۇمۇل جېڭى مەيلى كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى ئۈچۈن بولسۇن، ۋە ياكى شەرققە قوماندانلىق قىلغان ئىسھاققا نىسبەتەن بولسۇن چوڭ بىر بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى، بەلكى ئامەت ـ سائادەتتىن قىلچە ئەسەر يوق بۇرۇلۇش ئىدى.

## 9. كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ كىرىزىسقا پېتىپ قېلىشى

ئىسھاقنىڭ باركۆلدىن كۇچاغا جىددىي چاقىرتىلغانلىقى

كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا يىرىكلىك پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ۋەھالەنكى ئۈچىنچى قېتىملىق يەكەن جېڭىدە ئىسهاقنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتى بۇ يىرىكچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. «تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ: «چۈنكى، ھەممە چوڭ ـ كىچىكنىڭ ئاغزىدا، ھەتتا ھەممە شەھەردە ئىسهاق خوجىنىڭ نام ـ شۆھرەت تېپىپ ھەممە لەشكەر ۋە پۇقرالار ئىسهاق خوجا تەرىپىگە مايىل بولغانىدى. شۇنداقلا ئىسهاق خوجا قانداق شەھەرگە قەدەم قويسا، شۇ جايدا زەپەر ئىشىكى ئېچىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن خان ياركەنت ۋە قەشقەرنى باھانە قىلىپ، ئۇنى لەشكەرلىرى، قورال ـ ياراغلىرى ۋە سۆلەت ـ شەۋكەتلىرىدىن ئايرىماقچى بولغانىدى»(39).

كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا غەلىتە كەيپىيات كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان شارائىتتا، ھامىدىننىڭ ئاقسۇدىكى ئاقيار مەھەللىسىنى بېسىۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئاقيار مەھەللىسى ئۇچتۇرپان بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇرۇندىن تارتىپ ئاقسۇغا تەۋە ئىدى.

دەسلەپتە، ھامىدىن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن جەڭلەردە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى، نام ـ شۆھرىتى، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتە تارتقان زىيانلارغا تۆلەم ھېسابىغا ئاقيارنىڭ پۈتكۈل باج غەللىسىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىپ جامالىدىنغا ئىلتىماس سۇنغانىدى. بىراق، ھامىدىننىڭ بۇ تەلىپى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا جامالىدىن تەرىپىدىن رەت قىلىنىۋېتىلگەنىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھامىدىن تۇساتتىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئاقيار مەھەللىسىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەيلى ئاقسۇنىڭ باج ئەمەلدارى بولسۇن ۋە ياكى ئامانلىق ساقلاش ئەمەلدارى بولسۇن، مۇشۇ مەھەللىگە قەدەم قويالمىدى. ئاقيار مەھەللىسىنىڭ پۈتلىكاشاڭ

بولۇشى سەۋەبىدىن، ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپان ئوتتۇرىسىدىكى نورمال بېرىش ـ كېلىشلەرمۇ بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى.

روشەنكى، ھامىدىنىڭ ئاقيار مەھەللىسىدىكى قىلمىقى جامالىدىنىڭ نوپۇزى ۋە مەنپەئىتىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا چېقىلىش ئىدى. سەۋەب جامالىدىننى راشىدىن ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىكى ئالىي ۋەكىلى دەپ بېكىتكەن. بۇ سالاھىيەت ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئورنىتىلغان. ئاندىن قالسا، جامالىدىنىڭ ئاقسۇ ھاكىمبېگى دېگەن ئەمەلى مەنبە قىلغان. جامالىدىن ئاددىيغىنە ئالدام خالتىنى يېپىپ ھامىدىننى ئاقسۇغا كەلتۈرگەن. ئاندىن ھامىدىننى نەزەربەند ئاستىدا كۇچاغا يەتكۈزۈپ راشىدىنغا جازالاپ بېرىشكە تاپشۇرغان.

كۇچا خوجا جەمەتىدە بولۇۋاتقان بۇ جېدەل ـ ماجىرادىن ياقۇپبەگ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ياقۇپبەگ مۇشۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن بىر قىرغىز چارۋىچىغا مۇكاپات بېرىدۇ ۋە ناھايىتى كۆرەڭلەپ مۇنداق دېگەن: « ئەلھەمدۇلىللا، ئەمدى ئاقسۇ، كۇچا جەڭ ـ جېدەلسىز قولۇمغا كىرىدىكەن»㊵.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا بەل باغلىغانلار ئىچىدە ياقۇپبەگدىن باشقا، يەنە تۇرپان ئىمىن خوجا جەمەتىدىكىلەرمۇ بار ئىدى. ھامىدىن ئاقيار مەھەللىسىنى بېسىۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىمىن خوجا جەمەتىدىكىلەر لۈكچۈندىكى بىر قىسىم خۇيزۇ ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئىسھاق تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن تۇرپان ھاكىمبېگى ئايدىڭ خوجىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئۇلار چۆل ـ جەزىرىلەردىن كېسىپ ئۆتۈپ قاراشەھەرنى ئىشغال قىلىش بىلەن تەڭ، كورلىغىچە قىستاپ باردى. ئىلاجىسىزلىقتا قالغان راشىدىن يەكەندە مەغلۇپ بولۇپ، كۇچاغا قايتىپ كەلگەن ئىسھاق ۋە يېقىندا كۇچاغا يالاپ ئەكەلگەن ھامىدىننى يېڭىۋاشتىن خىزمەتكە قويۇپ قاراشەھەرگە كېلىپ قالغان تۇرپانلىقلارغا سالدى. بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇشتىن كېيىن، ئىسھاق ئۇرۇش

لىنىيىسىنى قاراشەھەر قەلئەسىنىڭ يېنىغىچە ياندۇرۇپ، كۆچاغا شەرقتىن كەلگەن تەھدىتنى ۋاقتىنچە يەڭگىلەتتى. لېكىن، شۇ تاپتا كۆچاغا غەربتىن يېڭى تەھدىت پەيدا بولدى. بۇ تەھدىت ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تۈرۈپ شەكىللەندۈرۈلگەنىدى. ياقۇپبەگ ھاسىل قىلغان بۇ تەھدىتكە، مەيلى زېمىن دائىرىسى بويىچە بولسۇن ۋە ياكى كەلگۈسى ئاقىۋەت بويىچە بولسۇن تۇرپانلىقلارنى ھەرگىزمۇ تەڭلەشتۈرۈشكە بولمايتتى.

پايدىلانمىلار

①موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي مىللەتلەر نەشرىياتى، 182 ـ بەت.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمىنىيە»، 1988 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 54 ـ بەت. ئاپتوردىن ئەسكەرتىش: بۇ ئابزاسنىڭ كېيىنكى قىسمى 1988 ـ يىلى نەشردىن چىققان يېڭى نۇسخىسىدا سەۋەبسىز چىقىرىۋېتىلگەن. كىتابقا نەقىل كەلتۈرگىنىمدە، مەرھۇم ئابدۇرېشىت ئىسلام ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي ـ تارىخىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ نەقىل قىلدىم.

③ ۋېي گۇڭتاۋ: «شىنجاڭنى تىنچىتىش خاتىرىسى» ، 1 ـ جىلد

④ «تارىخىي ھەمىدى» ، 183 ـ بەت.

⑤ ئەرشىدىن بولسا جالالىددىننىڭ ئوغلى. ئۇلار ئاتا ـ بالا ئىسلام دىنىنى چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا بىرىنچى بولۇپ تارقاتقان. شۇڭا، 15 ـ ئەسىردىن بۇيان بۇ جەمەت تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ناھايىتى زور تەسىر كۆچكە ئىگە بولۇپ كەلگەن.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 184 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 197 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 323 ـ بەت.

⑨ «چىڭ مۇزۇڭ خاتىرە» 105 ـ جىلد، 105 — 100 ـ بەتلەر.

⑩ «تارىخىي ھەمىدى» ، 186 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 193 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 198 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 199 — 100 ـ بەتلەر.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 204 ـ بەت.
⑮ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 210 ـ بېتىدە، جەمئىي 3500 ئەسكەر دېيىلگەن. جۇملىدىن ھامىدىن باشلاپ ماڭغىنى 2000 ئەسكەر، خېتىپ باشلاپ ماڭغىنى 1500 ئەسكەر.
⑯ «تارىخىي ھەمىدى»، 210 ـ 212 ـ بەتلەر.
⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 215 ـ بەت.
⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 219 ـ بەت.
⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 220 ـ 221 ـ بەتلەر.
⑳ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 222 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جامالىدىن باشلاپ ماڭغان قوشۇن 2600 كىشىدىن ئاشىدۇ».
㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 222 ـ بەت.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 223 ـ بەت.
㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 224 ـ بەت.
㉔ يۇقىرىقى كىتاب، شۇ بەت.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 227 ـ، 243 ـ، 142 ـ بەتلىرى.
㉖ يۇقىرىقى كىتاب 296 — 297 ـ بەتلەر.
㉗ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 166 ـ بەت.
㉘ «تارىخىي ھەمىدى»، 353 — 354 ـ بەتلەر.
㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 303 — 04 ـ بەتلەر.
㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 255 ـ بەت.
㉛ يۇقىرىقى كىتاب، 278 ـ بەت .
㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 281 ـ بەت.
㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 286 — 287 - بەتلەر.
㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 284 ـ بەت.
㉟ يۇقىرىقى كىتاب، 292 — 293 ـ بەتلەر.
㊱ يۇقىرىقى كىتاب شۇ بەتلىرى.
㊲ يۇقىرىقى كىتاب، 297 ـ بەت.
㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 305 ـ بەت.
㊴ «تارىخى ئەمىنىيە»، 171 ـ بەت.
㊵ «تارىخى ھەمىدى »، 310 ـ بەت.
㊶ «تارىخى ھەمىدى»، 310 ـ بەت.

# 2- بۆلۈم خوتەن قوزغىلىڭى

## 1. خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ جەريانى

19- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاتناشقان موللا مۇسا سايرامى كۇچا قوزغىلىڭىدىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن كەسكىن ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا مۇنداق تەھلىل يۈرگۈزگەن: «بۇ ئالتە شەھەرگە كۇچا گويا بىر دەرۋازا ئورنىدا بولۇپ، بېجىندىن كەلگەن چېرىكلەر ئالدى بىلەن كۇچانى باسماي تۇرۇپ، باشقا يەرگە بارالمايتتى. بۇنى بىلگەن يەتتە شەھەر ئادەملىرى كەينى-كەينىدىن بۇزۇلۇپ، ھەر قايسى شەھەرنىڭ ئادەملىرى بىر ئادەمنى سەردار قىلىپ، يەنى بىر ئادەمگە پەرمانبەردار بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇلكىي تاۋايىف (تەۋەلىك دۆلەت — ت) قۇردى①.

روشەنكى، بۇ ئابزاس تەھلىل گەرچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تەڭلا كۆتۈرۈلگەن بۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى يېشىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي، شىمالىدا شىددەتلىك سىياسىي بۇرۇلۇش پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا تىرىپىرەن بولۇپ كېتىشتىكى سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە، شۈبھىسىزكى، خېلى قايىل قىلارلىق كۈچكە ئىگە. چۈنكى، پايانسىز كەتكەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قاتناش ئالاقىسى تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدىكى بىر قاتار يېگانە بوستانلىقلار ئارقىلىقلا راۋان بولۇپ

تۇرالىغان. بۇ بوستانلىقلارنىڭ تاشقى چېتى كوئىنلۇن تېغى، پامىر ئېگىزلىكى، تەڭرىتاغ ئىدى. بۇ بوستانلىقنىڭ ئىچكى چېتى بولسا، تەكلىماكان قۇملۇقى ئىدى. تاغلار بىلەن قۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىقلاردىن. هاسىل بولغىنى قاتناش يولى ئىدى. بۇ قاتناش يولى پەقەت ئۇدۇلىغىلا سوزۇلاتتى، توغرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىرى ناهايىتى ئاز ئۇچرايتتى. شۇڭا، مۇشۇ قاتناش يولىنىڭ هەر قانداق بۆلەكلىرىدە كۆرۈلىدىغان توسقۇنلۇق، پۈتۈن يولنى بىراقلا ۋەيران قىلىۋېتىشى، هەتتا پالەچ هالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ تاشقى ئامىلىنى ئۇنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيە مۇهىتى هاسىل قىلغان دەپ قارالسا، ئۇنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا تۆمۈر ئەلىشىر ئىسىملىك كىشىنى قويۇشى مۇمكىن②.

تۆمۈر ئەلىشىرنىڭ تېگى ـ تەكتى خوتەنلىك بولۇپ، كۇچا قوزغىلىڭى پارتلىغان چاغدا، بايدا هاكىمبەگ ئىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغاچقا، تەبىئىي هالدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن قارىمۇقارشى مەيداندا تۇرغان. تۆمۈر ئەلىشىر كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باي ۋە سايرامنى ئىشغال قىلىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قارا يۇلغۇندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئاڭلىغان. تۆمۈر ئەلىشىر بايدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئاقسۇدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا خوتەنگە يوشۇرۇن قايتىپ كەلدى.

خوتەندە، تۆمۈر ئەلىشىر ئالغاچ كەلگەن خەۋەر، يەرلىك ئاهالىلەر ئارىسىدا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. شۇڭا، بەزىلەر كۇچالىقلاردىن ئۇدۇم ئېلىپ ئىش كۆرەيلى دېگەن چاقىرىقنى چىقارغان هامان، بىر كېچىدىلا خوتەننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تامامەن باشقىچە تۈس ئالدى. توپ ـ توپ خوتەنلىكلەر قوللىرىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان توقماق، كالتەك ۋە تۈرلۈك دېهقانچىلىق

سايمانلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى قەلئە سىرتىدا بەزىدە توپلىشىپ، بەزىدە تارقىلىپ يۈردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بولسا تامامەن قەلئەنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالدى. قەلئە سىرتىدىكىلەر بىر قانچە قېتىم كېڭىشىش ئارقىلىق ھەبىبۇللانى ئۆزلىرىنىڭ يول باشچىسى قىلىپ سايلاپ چىقىپ، خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 1864 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار خوتەن قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى.

ھەبىبۇللا خوتەننىڭ مۇفتىسى ئىدى. مۇفتىدىن ئىبارەت بۇ مەرتىۋە، ئىسلام روھانىيلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى مەرتىۋە بولۇپ، مۇفتى بولغان كىشى «قۇرئان»، «ھەدىس» ۋە «شەرىئەت» لەرنى شەرھلەش ئىمتىيازىغا ئىگە ئىدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خوتەننىڭ مۇفتى مەرتىۋىسى ھەبىبۇللانىڭ بوۋىسىدىن تارتىپلا مۇشۇ جەمەتكە مەنسۇپ بولۇپ كەلگەنىكەن③.

شۇ سەۋەبتىن، خوتەنلىكلەر ھەبىبۇللانى ئىسمى بىلەن مەرتىۋىسىنى قوشۇپ ھەبىبۇللا مۇفتى دەپ ھۆرمەت بىلەن ئاتايدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھەبىبۇللا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئادەتتە، ئۇنىڭ ئىسمىغا يەنە ھاجى دېگەن نام قوشۇلغان. ئەمەلىيەتتە، ھەبىبۇللانىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى ھەبىبۇللا ئەھمەد خوجا ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭمۇ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاشقا توغرا كەلسە قالسا ئۇ، ھەبىبۇللا ئەھمەد خوجا مۇھەممەد تۆمۈر دەپ ئاتىلاتتى④.

ھەبىبۇللا كىچىكىدىن تارتىپ مۇكەممەل ئىسلام دىنى تەربىيىسى كۆرگەن بولۇپ، كۈچلۈك دىنىي ئېتىقاد ھاسىل قىلغان. ئۇ، ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ ياشاش پرىنسىپى بويىچە ئۆزى دېھقانچىلىق قىلىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان. ھەتتا، ئۇ خوتەن مۇفتىسى بولۇپ سايلانغاندىن

كېيىنمۇ بۇ ئادەتنى تاشلىمىغان، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھەببۇللا مۇفتىلىق سالاھىيىتى بىلەن باشقىلار ئۇچۇن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىمۇ، ساھىبخانلارنىڭ تائاملىرىغا ئېغىز تەگكۈزمەيدىكەن. ساھىبخانلارنىڭ سوۋغا ـ سالىمىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ھەتتا ئىجارە چاينىمۇ ئۆزى ئالغاچ بارىدىكەن⑤.

ھەببۇللا ياشىنىپ قالغاندا، مۇفتىلىقتىن ئىستېپا بېرىپ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان ھەم مەككە ۋە مەدىنىدە يەتتە يىل تۇرۇپ قالغان. بۇ يەتتە يىل داۋامىدا، ھەببۇللا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل زېھنى ۋە ۋاقتىنى ئىسلام تەلىماتىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلغان. بۇ جەھەتتە، ئۇ بېرىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىسلام تەلىماتى بويىچە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ مۇجاۋۇرلۇق (مەككىنىڭ پەخرىي ئاھالىسى) دەرىجىسىگە ئېرىشكەن⑥.

ھەببۇللا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يەتتە يىل تۇرغاندىن كېيىن، نۇرغۇن مۇساپە بېسىپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندە، كۆچا قوزغىلىڭى ئەمدىلا پارتلىغانىدى. ھەببۇللا ئايرىلغىنىغا يەتتە يىل بولغان يۇرتى خوتەننىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋىرى بولمىغاچقا، دەسلەپكى كۈنلەردە، ئۇنىڭدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش ئىگى ياكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۆلەش ئىگى ئۈنچىۋالا ئېنىق ئەمەس ئىدى. روشەنكى، ھەببۇللانىڭ خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىيسى بولۇشقا دەسمايە قىلغىنى سىياسىي ئابرۇيى ئەمەس، بەلكى، دىنىي بىلىمى ۋە ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ھاسىل قىلغان ئىسىل پەزىلىتى ئىدى.

خوتەندەك ئۆزگىچە جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا، ھەببۇللا شەرقتە نىيىدىن تارتىپ، غەربتە گۇمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ناھايىتى تېزلا تازىلاپ بولدى. بىراق ھەببۇللا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرماقچى بولغاندا، خوتەننىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئۆز

نۆۋىتىدە، ھەببۇللا ئۈچۈن ئېغىر تۇسالغۇ بولۇپ قالدى. ئېيتايلۇق، شەرقتە، ھەببۇللانىڭ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت قالمىدى. چۈنكى، خوتەننىڭ شەرقى چىڭخەي ـ شىنجاڭ ئېگىزلىكىگە تاقاشقان. مەيلى بايلىق نۇقتىسىدىن قارايلى ۋە دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن قارايلى، چىڭخەي ـ شىنجاڭ ئېگىزلىكى ھەببۇللاغا نىسبەتەن ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. شۇنداق بولغاندا، ھەببۇللا ئۈچۈن پەقەت غەربلا قالغانىدى. غەربتە قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مۇھىم قەلئەلەر ھەم تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار باز ئىدى. ھەببۇللاغا ئايانكى، غەربتە گەرچە ئۆزى ئۈچۈن تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىشقا تەبىئىي ماكان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەرنىڭ سىياسىي ماكانى ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى تار ئىدى. سەۋەبى، غەربتە قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق جايلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان جامالىدىننىڭ تەسىر كۈچى⑦، يەكەننى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ئابدۇل راخماننىڭ تەسىر كۈچى⑧، قەشقەرنى تۇتۇپ تۇرغان سىدىقنىڭ تەسىر كۈچى بار ئىدى. ھەببۇللا بۇ تەسىر كۈچلەردىن ھالقىپ ئۆتەلىگەندە، ئاندىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە شىمالى رايونلىرىغا كىرەلەيتتى. ھالبۇكى، ھەببۇللانىڭ خوتەندىكى چەكلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچكە تايىنىپ بۇ تەسىر كۈچلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشى، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چىقىش يوللىرىنىڭ بىرى دەپ قاراپ، ھەببۇللا ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇراخمان خاننى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن كوئىنلۇن تاغ يوللىرى ئارقىلىق، يەكەن، قەشقەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قوقەند ھۆكۈمرانى شامۇراتتىن ياردەم تىلەشكە ئەۋەتتى. شامۇرات يۈكسەك قائىدە ـ يوسۇنلۇق ھەببۇللانىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇراخمان خاننى كۈتۈۋالدى. بىراق، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قوقەندنىڭ ئىچكى قىسمىدا خۇدايارنىڭ

پاراكەندىچىلىكى، تاشقى قىسمىدا چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان پاتىپاراق ئىچىگە پېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە، شامۇراتتا قوقەندنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارغا داخىل بولغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. ئابدۇراخمان خان قوقەندتە بىر مەزگىل مېھمان بولۇپ، شامۇرات ئاتا قىلغان سۇدۇرلۇق ھەربىي ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا، شامۇراتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يارمۇھەممەد پەرۋانچى ئىسمىلىك ھەربىي ئەمەلدار ۋە مىرزابابابېك ھىسار ئىسمىلىك مۇلكىي ئەمەلدار باشلامچىلىقىدىكى 250 نەپەر تولۇق قوراللانغان ئەسكەرنى ئابدۇراخمانغا قوشۇپ خوتەنگە ئەۋەتتى. ئېھتىمال داغدۇغا پەيدا قىلماقچى بولسا كېرەك، شامۇرات ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ يارمۇھەممەد پەرۋانچىگە ئەمىر دەپ ئۇنۋان بەردى. مىرزابابابېك ھىسارغا بولسا مىرزا بېشى دەپ ئەمەل بەردى.

ئابدۇراخمان قوقەندتىن ئايرىلغاندا، دەل شەيخ نەزەردىن باشلامچىلىقىدىكى كۇچا قوشۇنلىرى يەكەن قەلئەسى يېنىدا ياقۇپبەگ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، راشىدىن قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشى ئاياغلىشاي دەپ قالغان مەزگىلگە توغرا كەلدى. ياقۇپبەگ يەكەننى ئىگىلەپ بولۇشىغا ئابدۇراخمان باشلىق كىشىلەرمۇ يەكەن چېگرىسىغا كېلىپ قالدى، ياقۇپبەگ ئۇلارنى توسۇۋېلىپ يارمۇھەممەد پەرۋانچى ھەم 250 نەپەر ئەسكەرلەرنى يەكەندە قالدۇرۇپ قويۇپ، مىرزابابابېك ھىسار بىلەن ئابدۇراخماننىلا خوتەنگە ماڭدۇرۇۋەتتى⑨.

## 2. ھەبىبۇللا بىلەن كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشى

ھەبىبۇللا ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇراخماننى قوقەند ھۆكۈمرانى شاھ مۇپتىدىن مەدەت تىلەش مەقسىتىدە قوقەندگە

ئەۋەتىپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىدەك پۇرسەت كېلىپ قالدى. بۇ پۇرسەت راشىدىن قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشى جەريانىدا ھاسىل بولغانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بويلىرىدىكى كۇچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قەشقەردىكى ياقۇپبەگ، كۇچادىكى راشىدىن، يەكەندىكى ئابدۇراخمان ھەم قاغىلىقتىكى جامالىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ ئۇرۇش - جېدەلگە ئارىلىشىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ھەبىبۇللا قوقەندىنىڭ ئىپادىسىنى كۇتۇپ تۇرمايلا، ئۆزىنىڭ دىنىي ئابرۇيىغا تايىنىپ غەربتە ھۆكۇمران دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ جەھەتتە قاغىلىقنى بىرىنچى نىشان قىلدى. ھەبىبۇللانىڭ غەربىي چېگرىسى بولغان گۇمىنىڭ قاغىلىق بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 چاقىرىم ئىدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چولاق ساي جايلاشقان بولۇپ، ھەبىبۇللانىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك، خوتەن قوشۇنلىرى قاغىلىقتا يېقىنلىشىپ قالغاندا، يېقىن - يىراقتىكى پۇقرالار توپ - توپ بولۇشۇپ يولنىڭ قاسناقلىرىدا تۇرۇپ، ھەبىبۇللانىڭ ئىسمىنى تۆۋلاپ ھۆرمەت بىلدۇردى. شۇبھىسىزكى، بۇ ھالەت ھەبىبۇللانىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن قوشۇنلىرى ھەبىبۇللانىڭ بۇيرۇقىغا ھېچقانداق تەييارلىق كۆرمەيلا داغدۇغا بىلەن يەكەنگە قاراپ يول ئالدى.

بىرىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشى گەرچە ئاخىرقى ھېسابتا كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، بىراق ھەبىبۇللا تاللىۋالغان بۇ پەيت كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى يەكەندە غەلىبە قىلىۋاتقان مۇقەددىمىگە توغرا كېلىپ قالغانىدى. كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق قاتلىمىدىن تارتىپ ئەسكەرلىرىگىچە، ھەممىسى تولۇپ تاشقان كۆتۈرەڭگۈ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى. بولۇپمۇ بىرىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغۇچى شەيخ نەزەردىن

ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان بىر مەمەدان زات ئىدى. ئۇنىڭ پىلانىدا، بۇ قېتىمقى يەكەن ئۇرۇشى ئارقىلىق قەشقەردىكى ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى يوقىتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى خوتەندىكى ھەبىبۇللانىمۇ يوقىتىپ تاشلاش كېرەكمىش. شۇڭا، خوتەن قوشۇنلىرى تېخى يەكەنگە يېقىنلىشىپ كەلمىگەن شارائىتتا، ھاجى خەزىنىچى باشلىق 2 مىڭ ئەسكەر شەيخ نەزەرىدىنىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھەبىبۇللانىڭ قوشۇنىغا قارىمۇ قارشى يول ئېلىپ خوتەنگە ئاتلاندى. شەيخ نەزەرىدىنىنىڭ ھاجى خەزىنىچىگە بەرگەن بۇيرۇقىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «سىلىنىڭ خوتەنگە بارغانلىرىنى موللا ھەبىبۇللا ھاجى پاشا ئۆزىگە پەخرىي ـ ئىپتىخار دەپ بىلىپ، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، گەدىنىنى تۆۋەن قىلىپ ئالدىلىرىغا چىقىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، سىلىنى تەخت ـ سەلتەنەتتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى خىزمەتدارلىق رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەيدىغان بولسا ناھايىتى ياخشى. ئەگەر سىلىدىن يۈز ئۆرۈپ قارشىلىق قىلسا ياكى سىلىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا جان ـ دىللىرى بىلەن كۈچ كۆرسىتىپ، خوتەننى قولغا كىرگۈزۈپ، ھاجى پاشانى ئەۋلادى بىلەن مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ئەۋەتسىلە»⑩.

ھاجى خەزىنىچى باشلاپ ماڭغان بۇ قوشۇنغا، مەيلى ئادەم سانىدىن قارايلى، مەيلى ئۇرۇش تەجرىبىسىدىن قارايلى، ھەبىبۇللانىڭ قوشۇنىنى ھەرگىز تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، يەكەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان خوتەن قوشۇنلىرى كۈچا قوشۇنى بىلەن تۇتۇشقان ھامان تارمار بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاۋۋال گۇمىغا چېكىندى. ئاندىن قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن مەھەللىسىگە قايتىپ بېرىپ ئىستىھكام قۇرۇپ مۇداپىئەلەندى. ھەبىبۇللاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ ئارقىغا چېكىنىشىنىڭ چېكى ئىدى. چۈنكى، يەنە 100 چاقىرىم ماڭسا خوتەن

قەلئەسىنىڭ ئۆزىگە بېرىپ تاقىشىپ قالاتتى⑪.

ھەببۇللا ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىبراھىم خاننى ئۈچ مىڭ ئەسكەر باشلاپ زاۋادا كۈچا قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇرۇش قىلىش مۇھىتى توساتتىن ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، كۈچا قوشۇنى نۇرغۇن يېڭى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ، كۈچا قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى چولاق سايىنىڭ ئېغىر توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن كۈچا ئەسكەرلىرىنىڭ جىسمانىي كۈچىمۇ زور دەرىجىدە خوراپ كەتكەنىدى. ئاقىۋەتتە، ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خوتەن قوشۇنى روشەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. ھەممىدىن ئاۋۋال، يېقىن ئارىدىن توختىماي كەلتۈرۈلۈۋاتقان ئۇزۇق - تۈلۈك خوتەن قوشۇنىنى ئاسانلا غەمدىن خالاس قىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، خوتەن قوشۇنلىرى يەرلىك پۇقرالارنىڭ ھەيۋىسى ئىنتايىن زور مەدەتلىرىگە ئېرىشتى. يېقىن ئەتراپتىكى پۇقرالار جەڭ مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ھەببۇللانىڭ ئىسمىنى ۋە «ئۆلسە شېھىت، قالسا غازى» دېگەن شوئارنى بولۇشىغا توۋلاپ، خوتەن ئەسكەرلىرىنى جەڭگە ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۇردى. ھەققانىي غەزەپكە تولغان ۋە دىنىي ھېسسىياتىدىن ئىلھاملانغان خوتەن ئەسكەرلىرى «يائاللا! يارەسۇل! » دەپ ۋارقىرىشىپ توپ - توپ بولۇپ، كۈچا قوشۇنىنىڭ ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇرۇش ئىككى كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئىككىلا تەرەپ قاتتىق چىقىمغا ئۇچرىدى.

ئۈچىنچى كۈنگە كەلگەندە، ھاجى خەزىنىچى پارچە - پۇرات بولۇپ كەتكەن كۈچا قوشۇنىنى باشلاپ جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەببۇللامۇ قاتتىق چىقىمغا دۇچار بولغانلىقى ئۈچۈن، گويا ئەتراپىغا سۇرۇلۇپ بېرىپلا توختاپ قالدى.

مۇشۇ مەزگىل كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ روناق تېپىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە شىمالىدا قوزغىغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختىماي غەلىبە قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، چەت - ياقا خوتەندىكى ھەبىبۇللاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەقىلگە مۇۋاپىق قارار راشىدىن بىلەن ئۆز ئارا دەخلى قىلماسلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ئىدى. دېگەندەك كېيىنكى كۈنلەردە ئەھمەد مۇراپبەك ئىسىملىك بىر كىشىنى ھەبىبۇللا نۇرغۇن سوۋغا - سالام ۋە خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بىلەن كۇچاغا بېرىپ راشىدىنغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ ئەلچى يەنە ھەبىبۇللانىڭ راشىدىنغا ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان بىر پارچە خېتىنى ئالغاچ باردى. ھەبىبۇللا ئۆز خېتىدە خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۇچا ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان.

ھەبىبۇللا يەكەن تەرەپكە ئەسكەر ماڭدۇرۇشتىكى مەقسىتىنى راشىدىننىڭ ئىستەكلىرىگە ئوخشاشلا ئىسلام ئېچىش دەپ ئىزھار قىلدى. ھالبۇكى ئۆزىنىڭ زاۋادا كۇچا ئەسكەرلىرى بىلەن تىركەشكەنلىكىنى ھاجى خەزىنىچىگە قارشىلىق بىلدۈرۈش دەپ چۈشەندۈردى. سەۋەبى، ھاجى خەزىنىچى كۇچا ۋاڭ جەمەتىدىن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خىزمىتىدە بولغانمىش. ئەھمەد مۇراپبەگ ئاقسۇ ۋە باي ئارقىلىق كۇچاغا بىر كۈنلۈك مۇساپە كەلگۈدەك مەنزىلگە كەلگەندە، كۇچادىن كەلگەن بىر ئەمەلدار ھەبىبۇللانىڭ بۇ ئەلچىسىنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا كۇچاغا بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئىككى تەرەپ سوۋغا - سالامنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھەبىبۇللانىڭ ئەلچىسى شۇ يەردىكى بىر ئاھالىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈنگىچە ھەبىبۇللانىڭ سەممىي ئىسپادىسىگە

راشىدىن لام ـ جىم دېمىدى. ھەبىبۇللانىڭ ئەلچىسى راسا ئارىسالدى بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ تۇرار جايىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىنىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى سايرام بازىرىغا يالاپ كېتىلىپ، .سايرام ھاكىمبېگىنىڭ نەزەربەند قىلىنىشىغا تاپشۇرۇلدى. راشىدىن ئەنە شۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەبىبۇللانى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەبىبۇللانىڭ بۇ ئەلچىسى تاكى ياقۇپبەگ كۇچانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، نەزەربەندتىن قۇتۇلغان.

## 3. ھەبىبۇللانىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرى

قوقەندتىكى سەپەر نەتىجىسى ۋە زاۋادىكى جەڭ ئاقىۋىتى، ھەبىبۇللانىڭ خوتەننىڭ سىرتىغا كېڭىيىش نىيىتىنى قاتتىق زەربىگە ئۇچراتتى. بىراق ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ۋەزىيەت ئەبەدىي خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ھەبىبۇللا ئۆز سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ سىرتقا ئىنتىلىشتىن ۋاز كەچسىلا، ئۇنى چەكلەش مەقسىتىدە ھاسىل بولغان كەيپىيات مۇھىتلارمۇ بارا ـ بارا سۇسلىشىپ قالاتتى. بۇلارلا ئەمەس، ئۇلار ھەتتا ھەبىبۇللا ئۇچۇن بىر خىل يوشۇرۇن دالدىغا ئايلىنىپ، سىرتتىن كېلىدىغان بېسىمنى يەڭگىللىتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە راشىدىن بىلەن ياقۇپبەگ يەكەن قەلئەسىنىڭ يېنىدا ئۇرۇشۇپ ئۇنىڭ ئايىغى چىقمايۋاتقان شارائىتتا، مەيلى راشىدىن بولسۇن ۋە مەيلى ياقۇپبەگ بولسۇن ھېچكىم ئۆز كۈچىنى يەكەننىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ماڭدۇرالمايتتى. مۇنداق شارائىتتا ھەبىبۇللا ئۆزىنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش قەدىمىنى باشلىۋەتتى. ھەبىبۇللانىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭدا ئۆزىنى جىھاد قىلىشقا بېغىشلىغاندىن تاشقىرى، يەنە تۆرلۈك جىنايى قىلمىشلارنى، ئېيتايلۇق، ئوغرىلىق،

قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، قاتىللىق قاتارلىقلارنى تۈگىتىش مەسئۇلىيىتىمۇ بار ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر كىشى ئېتىز بېشىدا بىرىنىڭ كەتمىنىنى ئوغرىلىغان. ھەببۇللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بۇ ئادەم ئوق - دورا قاچىلانغان. زەمبىرەك ئېغىزىغا تېڭىلىپ، قازى شەرىئەت ئەتراپقا ئولىشىۋالغان پۇقرالارغا ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەندۈرۈپ بولۇشىغا، زەمبىرەككە ئوت تۇتاشتۇرۇلغان - دە، بىر تال كەتمەننىلا ئوغرىلىغان بۇ كىشى شۇئان پارتىلىتىپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن. يەنە بىر كىشى بىرسىنىڭ ئېتىزلىقىدىن ئالتە دانە كۆك باش كۆممىقوناق ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان ⑯.

ھەببۇللا ئۆزىنىڭ ئامانلىق تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق بۇيرۇق چىقارغانكى، ھەممە دېھقان مېھنىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن سايمانلىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئۇلارنى شۇ پېتى ئېتىزلارغا تاشلاپ قويۇشى كېرەك. ئۇ يەنە ھەممە ئاھالىلەر كېچىدە ئىشىكلىرىنى تاقىماسلىقى، بازاردىكى دۇكانلارمۇ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋەتمەسلىكى كېرەك، دەپ بۇيرۇق چىقارغان. ھەببۇللا ياشىنىپ قالغانلىقتىن چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاڭلاش ئىقتىدارىدىكى كەمچىلىكتىن باشقا، ئېغىزىمۇ ئۇنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىغا مەلۇم قىيىنچىلىق كەلتۈردى. شۇڭا، ھەببۇللا بەزى ئىشلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغاندا، بولۇپمۇ جىنايى ئىشلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغاندا، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئۆز لىۋىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇۋالسىلا، ئۆلۈم جازاسى دېگەن شۇ ئىكەن ⑯.

سۆزسىزكى، ھەببۇللانىڭ بۇ تەدبىرلىرى يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرۇپ، بىرقەدەر تىنچ جەمئىيەت تەرتىپىنى تۇرغۇزدى. بولۇپمۇ ئەخلاق - پەزىلەتكە زىت ئىجتىمائىي قىلىقلار

قاتتىق چەكلەشلەرگە ئۇچرىدى. ھەبىبۇللا ساقچىلىق تەدبىرىنى جەمئىيەتنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى دەپ قارىغان. ۋەھالەنكى، مائارىپنى بولسا كىشىلەرنىڭ دىلىنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىغان. شۇڭا، ھەبىبۇللا بۇ تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. مائارىپ ئىشلىرىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ھەبىبۇللا ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى ئايىماي شەھەر - بازار ھەم يېزا - سەھرالاردا نۇرغۇن مەسچىتلەرنى سالدۇردى. بۇ مەسچىتلەر شۇ يەرنىڭ دىنى ھەم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. ھەبىبۇللا سەلتەنەت بۇيرۇقى چىقىرىپ، شەھەر - بازارلاردىن تارتىپ، تاكى يېزا - سەھرالارغىچە ئەر - ئايال دېمەستىن، ھەممىسى ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىشى لازىم، دەپ چاقىرىق چىقاردى. ھەر ئون ئادەم ئۈچۈن بىردىن خەلپەت بەلگىلەپ دەرس ئۆتۈشكە مەسئۇل قىلدى. ھەبىبۇللانىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەر - ئايال نامازدا ئوقۇلىدىغان 90 پارە سۈرىنى يادلاپ بولۇشى ۋە روزا تۇتۇش، ئۆشرە - زاكات ئايرىش، ھەج قىلىش قائىدىلىرىنى پىششىق بىلىشى شەرت ئىدى ⑰.

ھەبىبۇللا يۇقىرى تەربىيە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام باشلانغۇچ مائارىپىنى يولغا قويۇش بىلەن تەڭ، يېڭىچە باشلانغۇچ مائارىپىنىمۇ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەبىبۇللادىن ئىبارەت بۇ ئېتىقادى كۈچلۈك مۇسۇلمان ئاياللارنى ئانچىمۇ كەمسىتىپ كەتمىگەن. بۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى، ھەبىبۇللا بەلگىلەپ بەرگەن دىنىي دەرسلىك ۋە يېڭىچە دەرسلەرگە ئاياللار كىيسەللىكى توغرىسىدىكى بىرمۇنچە مەزمۇنلار، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تۇغۇتقا ئائىت بىلىملەر قوشۇلغان ⑱.

ھەبىبۇللا ئىسلام ئەخلاقىنى ئىككى چوڭ مەزمۇنغا ئايرىپ چىققان. ئۇنىڭ بىرى كىشىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان نەپسانىيەتچىلىكىنى چەكلەش؛ يەنە بىرى كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى يېتىش بولغان. ئالدىنقىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ھەبىبۇللا باشقىلارنىڭ مېھنەت مېۋىسىگە خىيانەت قىلىشتىن قاتتىق يىرگەندى. كېيىنكىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، دېھقانچىلىق مەۋسۇمىگە قاتتىق نازارەت قىلدى ۋە دېھقانلارنى ئۆز ئىشلىرىنى بېرىلىپ ئىشلەپ خاتىرجەم تۇرمۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈندىدى. ھەبىبۇللا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەن تەڭ، ئۆشرە ـ زاكاتتىن باشقا ھەممە باجنى بىكار قىلدى. ھەبىبۇللانىڭ ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان يەر بىلەن قامدايتتى . ھەبىبۇللا ياش ۋاقتىدا دېھقانچىلىق قىلىپ ئائىلىسىنى باققان، ياشىنىپ قالغان ھەم بىر دائىرىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان كۈنلەردىمۇ، ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئىشلارغا پات ـ پات قاتنىشىپ تۇراتتى. ھەبىبۇللا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىيسى بولغاندىن كېيىن ئەڭ كۆپ سۇرۇشتە قىلغان ئىش دېھقانچىلىق ئىدى. ئۇ قىمارۋاز، مۇتتەھەم، پاھىشىۋازلارنى جازالىغاندا، تولىسى توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىدى دېگەننى سەۋەب قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، توغرا كەسىپ دېھقانچىلىقتۇر. ئۇ چۈشەندۈرۈش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: قىمارۋاز، مۇتىھەم، پاھىشىۋازلار باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە خىيانەت قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ دۇنيادا ياشىيالىغان. ئىجتىمائىي ئۇنۇمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەبىبۇللانىڭ نازارەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان دېھقانچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۇ ئىنشائاتلىرى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. نىيە دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قارىقاش دەرياسى، بولۇپمۇ، بۇ دەريالارنىڭ سۇ باشلاش لوڭكۇ قۇرۇلۇشلىرى، ھەبىبۇللا ھۆكۈمران قىلىپ تۇرغان يىللاردا

كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى ۋە ياسالدى. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ـ بازار، يېزا ـ سەھرالارنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسىي يوللارمۇ كېڭەيتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى. ھەرقايسى چوڭ ـ چوڭ دەريالار ئۈستىدىكى كۆۋرۈكلەرمۇ پۇختىلاندى ۋە مۇستەھكەملەندى.

## 4. ھەبىبۇللانىڭ مىجەز ـ خۇلقىدىكى يېتەرسىزلىكلىرى

ھەبىبۇللانىڭ مىجەز ـ خۇلقىدا روشەن كەمچىلىكلەر مەۋجۇت ئىدى. ئۇ جىمغۇر، كۆڭلىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاسانلىقچە سىرتىغا چىقارمايتتى. گەرچە، ئۇ بۇ تەدبىرلەر بىلەن جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، كۈچلۈك دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ مەفكۇرىسىنى بوغۇپ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي پاراۋانلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا قورقۇنچتىن خالىي بولالمىدى. ھەبىبۇللا پەقەت جۈمە كۈنىلا خوتەندىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتكە بېرىپ جامائەت بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئوقۇيتتى. باشقا كۈنلەردە، ئۇ پەقەتلا ئوردىدىكى مەسچىتتە ناماز ئوقۇيتتى. ھەبىبۇللا جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندا، ھەمىشە يالاڭئاياغ قىلىچنى تۇتۇپ تۇرغان 12 نەپەر ئەسكەر ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قاتىللاردىن پەخەس بولۇپ تۇراتتى. كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەبىبۇللا جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتىنى ۋە تەرتىپىنى قەستەن ئىخچاملاشتۇرغان⑲.

ھەبىبۇللانىڭ خوتەندە قازانغان سىياسىي نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش پائالىيىتى ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن شان ـ شۆھرەت كەلتۈردى. ئۇنىڭغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى چىن قەلبلەردىن ئۇرغۇپ چىققان. لېكىن،

سۆخەنچىلەرنىڭ خۇشامەت قىلىش ئۇچۇن توقۇپ چىققانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇلار ھەببۇللانىڭ ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە تەمەننا قويۇش مىجەزىنى، ھەتتا ئىستىبداتلىقىنى خېلى دەرىجىدە ئېچىپ بەردى. ھەببۇللانىڭ بۇ قىلىقلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە تەمەننا قويۇش ۋە ئىستىبداتلىق مىجەز ـ خۇلقىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تارىخىي ھۆججەتلەرگە مۇنداق يېزىلغان: «خوتەن ئەھلىگە ھادىسىلەر يۈز كەلتۈرۈشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، ھاجى پاشانىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ ئەندىشە قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ سالامدىن كېيىن ئۆلىمالار، مۆتىۋەرلەر، پازىللار ۋە ئۇمۇ ئەيىبلەرنى (چۈش ئۆرىگۈچىلەر — ت) ھازىرلاپ، كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ: ‹مەن خوتەن ئاھالىسىنىڭ تەنلىرى بار، باشلىرى يوق چۈش كۆرۈپتىمەن. بۇ چۈشنىڭ تەبىرى نېمە؟›، دەپ سوراپتۇ. ھەممە كىشى ھەيران بولۇپ، تەپەككۇر قىلىپ، بىرنەرسە ئېيتالماي تۇرغاندا، ھاجى پاشانىڭ ئۆزى ‹بۇ چۈشنىڭ تەبىرى بەلكى خوتەن ئەتراپىدىكى بارلىق مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى ئادەم بويى مىقدارى قىلىپ كېسىپ باش ياسالسۇن دېگەنلىك بولسا كېرەك›، دەپ تەبىر بەردى». ئارقىدىنلا ئۇ پەرمان چىقىرىپ خوتەن دائىرىسىدىكى مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ئۇستى تەرىپىنى تامامەن كېسىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن پايانسىز كەتكەن خوتەن بوستانلىقىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇستى تەرىپى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىنىپ، ئادەم بويى مىقدارى قۇرۇق كۆتەكلەرلا قالدى. مەيلى بۇ ئىشتىن ئاۋۋال بولسۇن، ۋە ياكى بۇ ئىشتىن كېيىن بولسۇن، ھەببۇللانىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن بىرمۇ كىشى مۇنداق غەلىتە قىلىقلارغا نىسبەتەن باشقا پىكىردە بولالمىغان»⑳.

ھەببۇللانىڭ ھاياتى ياقۇپبەگنىڭ قولىدا ئاخىرلاشقان. «تارىخىي ھەمىدى» دە بۇ ۋەقە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن: «ھاجى

پاشاغا بولسا دۆلەت ئىشكى ئېتىلدى، زۇلمەت دەرۋازىسى ئېچىلدى ۋە ئەقلى كۆزى يېپىلدى. شاھزادە بىلەن ئەمىرلەشكەرلەر گوياكى تەقدىر قازىسىنىڭ ئىككى قۇدرەتلىك ھايداقچىسىدەك ھاجى پاشانى جاھالەت زۇلمەتكە ۋە ھالاكەت تەرەپكە ھەيدىدى. شۇنداق قىلىپ، ھاجى پاشا ئۆز ئايىغى بىلەن ئاچ شىر ۋە ئۇسسۇز ئارسلانغا دۇچار بولدى. بىراق، ھاجى پاشا چۈشۈم بۇزۇلغاندى، غايىب ئۆز پەردىسىدىن يەنە قانداق ئىشلارنى كۆرسىتەر دەپ ئېھتىيات قىلىپ بىر مىڭ مەھرەم يىگىت، ياساۋۇلنى ئېلىپ، مەقسەت تەرەپكە راۋان بولدى ۋە يېتىپ كەلدى، چېدىر - بارگاھلارغا كۆزى چۈشتى. قۇشبېگىمۇ يىراقتىن كۆرۈپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھاجى پاشانىڭ ئۈزەڭگىسىگە يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولغا ئېلىپ، بەزىدە چۇلۋۇرنى بويىنىغا سېلىپ، تۆت پانسات تۆت تەرەپتىن يۈرۈپ، بارگاھ ئالدىغا كەلگەندە ئاندىن كۆتۈرۈپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ، قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ بارگاھقا ئېلىپ كىرىپ ھەدىستە «كىمىكى بىر ھاجىنى ياكى غازاتچىنى قۇچاقلاپ بويىنغا قول سېلىپ كۆرۈشسە، مىڭ پەيغەمبەرنى قۇچاقلاپ كۆرۈشكەندەك بولىدۇ» دېگەن سۆزى بويىچە، «ئۆزلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قول سېلىپ كۆرۈشۈشكە مۇمكىن بولارمىكىن» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تىك قاراپ تۇردى. ھاجى پاشامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇچاقلىدى. قۇشبېگى ھاجى پاشانىڭ بوينىغا قول سالغانچە كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيگە ئادەم تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇلار ھاجى پاشانى تۇتتى - دە، يىقىتتى، باغلاپ ئېگىن - ئاياغلىرىنى سالدۇرۇۋالدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى ۋە بىلمىدى»[21].

مۇشۇ بايانني قىلىپ بولغاندىن كېيىن «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ مۇئەللىپى ھەسرەت بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئەگەر

ئاچسە تەلىسغە (ھىيلە ـ مىكىر) ئاغزى، بىچارە بولۇر ئىنلىس لەئىن بى تەمزى (ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان)»[22].

ياقۇپبەگنىڭ خوتەننى مۇتەھەررز قىلىش جەريانى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھەبىبۇللانىڭ مۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى تامامەن چۈشىنىشلىك بولدى.

ھەبىبۇللا ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشى، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەن بوستانلىقىدا قوراللىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتنىششتا، ھەبىبۇللانىڭ قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن ۋە قانداق نىشان تىكلىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 ئاي ۋاقىت ئىچىدە، ھەبىبۇللا خوتەن بوستانلىقىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى بولدى. بۇ مەزگىلدە مۇشۇ بوستانلىقتا كۆرۈلگەن تەنتەنە ۋە مەغلۇبىيەتلەر ئەلۋەتتە ھەبىبۇللادىن ئىبارەت بۇ زات بىلەن باغلانغان. ھەبىبۇللانىڭ ئىشلەتكەن مۆھۈرىگە: «ھۇۋالھەبىبۇللەزى تۇرجاشفا ئەتھۇ (پەيغەمبەر بولسا ئاللانىڭ ھەبىب ـ دوستى، ئۇنىڭدىن شاپائەت ئۈمىد قىلىنىدۇ — ت)» دېگەن سۆز ئويۇلغان[24].

ھەبىبۇللا خوتەن بوستانلىقىدا 30 ئاي ۋاقىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ كۆرۈنەرلىك يالداما، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قۇيدۇرغان كۈمۈش پۇللىرى بولدى. خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن بۇ كۈمۈش پۇللار بازاردا ئايرىۋاشلىنىدىغان بىردىنبىر ۋاستە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئىشلىتىلگەن. ھەبىبۇللا خوتەندە قۇيدۇرغان بۇ كۈمۈش پۇللارنىڭ ۋەزنى ئىككى سەر بولۇپ يۈزىگە: «لائىلاھە ئىللاللاھۇ، مۇھەممەدەن رەسۇلىللا» دېگەن ئايەت چۈشۈرۈلگەن. ئارقىسىغا: «زەربى خوتەن لەتىف

(گۈزەل خوتەندە سوقتۇرۇلدى — ت) دېگەن خەتلەر ئويۇلغان»㉕.

**پايدىلانمىلار**

① «تارىخىي ھەمىدى»، 247 ـ بەت.
② بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ كىشى تۆمۈر خەزىنىچى دەپ ئاتالغان.
③ «تارىخىي ھەمىدى»، 377 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 338 ـ بەت.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 379 ـ بەت.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 217 ـ بەت.
⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 216 ـ بەت.
⑧ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
⑨ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
⑩ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 248 ـ بەت.
⑫ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 249 ـ بەت.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 2532 —، 2534 ـ بەتلەر.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 383 ـ بەت.
⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 384 ـ بەت.
⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 382 ـ بەت.
⑱ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
⑲ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 384 ـ بەت
㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 366 — 367 ـ بەتلەر.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 367 ـ بەت
㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 383 ـ بەت
㉔ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 383 ـ بەت

# ئۈچىنچى بۆلۈم قەشقەر قوزغىلىڭى

## 1. ھەر خىل كۈچلەرنىڭ قەشقەرگە توپلىنىشى

1864 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (تۇڭجى 3 - يىل 9 - ئاينىڭ 7- كۈنى)، ئىلى جاڭجۈنى چاڭچىڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا سۇنغان دوكلاتىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭىسار چېرىكچى ئامبىلى توكتوبۇنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدىم ئۇ ئۆز مەكتۇپىدا مۇنداق دەيدۇ: 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، مەن يەكەندىكى تۇڭگانلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ھامان، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم، ئەۋەتكەن ئادەملىرىم يول ئۈستىدە يەكەننىڭ ئورۇنباسار زەڭگىسى سەيساچۈن ۋە ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ چىققان ئەسكەر پۇقرالارغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇلار 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى (7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)، يەكەندىكى تۇڭگانلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، سېپىل دەرۋازىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقىنىلا دېدى - يۇ، مەسلىھەتچى ئامبال ۋە باشقا ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق خەۋىرى يوق ئىكەن. . . شۇنىڭدىن كېيىن تاپشۇرۇۋالغان توكتوبۇنىڭ يەنە بىر مەكتۇپىدا 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (7- ئاينىڭ 29 - كۈنى) يېڭىسار ئوتتۇرا بارگاھىنىڭ باشلىقى لەن فاچۈن تۇڭگانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بازار كۈنى ۋەقە تۇغدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ دېگەن. قەشقەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى كۈيىن، لەشكەر بېشى فۇلىنالارنىڭ مەكتۇپىدا ئېيتىلىشىچە: قەشقەر ئوتتۇرا بارگاھىنىڭ باشلىقى ۋاڭ دېچۈن تۇڭگانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

(7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) ، توپىلاڭ كۆتۈرگەنىكەن»①. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى. پادىشاه تۇڭجىنىڭ كېڭەش بەگلىرى هەم هەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە چۈشۈرگەن پەرمانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «يەكەن تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇهىم جاي، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، بۇ يەردىكى تۇڭگانلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەلئەنى مۇنقەرز قىلغان. . . يېڭىسار هەم قەشقەردىمۇ ئەسكەرلىرىمىز تۇڭگانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ئەسكەرلىرىمىز ئۇلاردىن 100 نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەنىكەن. هازىر يەكەن قولدىن كەتتى. ۋەهالەنكى قالغان ئىككى قەلئەدىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ هەممىسى يېگانە ـ يېگانە چەت جايغا جايلاشقان. شۇڭا، مۇداپىئەنى جەزمەن كۈچەيتىش لازىم. كۈيىن، توكتوبۇلار بارلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ، ئۆز قەلئەلىرىنى مەهكەم قوغدىشى، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم. چاڭ چىڭ بۇ قەلئەلەرگە تېزدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش بىلەن تەڭ مۇز داۋان يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاقسۇدىن ئىلگىرىلەپ، يەكەننى تېزدىن قايتۇرۇۋېلىش لازىم. مۇشۇ پەرمانىم تولۇق بەجا كەلتۈرۈلسۇن»②.

چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەدبىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، كۇچا قوزغىلىڭى پارتلاپ 1 ئاي 27 كۈندىن كېيىن قەشقەر قوزغىلىڭى باشلانغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر ئوتتۇرا بارگاهىنىڭ باشلىقى ۋاڭ دېچۈن بۇنىڭغا باشلامچىلىق قىلغان. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆججەتلىرىدە، جىن شاڭيىن، سىدىق

قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى كۆپ تەكىتلەنگەن. بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە: «ئۇلار قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، تۇرپان ھەم ئۈرۈمچىنىمۇ بېسىۋالغان» دېسە، بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە: «ئۇلار قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، جەنۇبتىكى سەككىز قەلئەنى خانىۋەيران قىلغاندىن باشقا، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنى ئون يىل دەپسەندە قىلغان» دېيىلگەن④.

روشەنكى، بۇ مەلۇماتلار جىن شاگىيىن، سىدىقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ كەتكەن شۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭنى تامامەن جىن شاگىيىن بىلەن سىدىقنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىغان. شۇنداقتىمۇ، بۇ مەلۇماتلار قەشقەر قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىش مەزگىلدىكى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشتە، سۆزسىز زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

دېمەك، ۋاڭ دېچۇن باشلىق كىشىلەرنىڭ قوزغىلىڭى تېزلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى. لېكىن ۋاڭ دېچۇن باشلاپ بەرگەن قوراللىق قوزغىلاڭ كەيپىياتى قەشقەردە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ باردى ۋە جىن شاگىيىن، سىدىقلار قوزغىلاڭنىڭ يېڭى يول باشچىسى دەپ تونۇلۇشقا باشلىدى. جىن شاگىيىن قەشقەر تۇڭگانلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن باي ئىدى. سىدىق قىرغىز بولۇپ، تاشمىلىقتا ھاكىمبەگ بولغان.

كۇچادىكى راشىدىن ۋە خوتەندىكى ھەبىبۇللاغا سېلىشتۇرغاندا، مەيلى جىن شاگىيىن بولسۇن ۋە مەيلى سىدىق بولسۇن، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى نامايان قىلالمىدى. ئەقەللىيسى، ئۇلار كۆپچىلىك تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ داھىيلىق ئورنى، پۈتۈنلەي قوراللىق كۈچكە تايىنىپ تۇرغۇزۇلغان. جىن شاگىيىننىڭ تايانغىنى تۇڭگان قوراللىق كۈچلىرى. شۇ مەزگىلدە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە

شىمالىدا يۈز بەرگەن قوراللىق قوزغىلاڭلاردا تۇتقان قوراللىق كۈچلىرى مۇھىم كۈچ دەپ قارالغان، قەشقەردە بولسا، جىن شاڭىن رەھبەرلىكىدىكى قوراللىق كۈچ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشى جەڭدە ئاساسىي كۈچ ئىدى. سىدىقنىڭ تايانغىنى قىرغىز قوراللىق كۈچلىرى. ئۇلارنىڭ جەڭدىكى قەيسەرلىكى، ئات مىنىش تېخنىكىسى ھەم كوللېكتىپ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئاللىقاچان داڭقى كەتكەنىدى.

قەشقەر قوزغىلىڭىنىڭ باشقا جايلاردىكى قوزغىلاڭلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى يەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە قەشقەردىن تارتىپ، يېڭىسار، يەكەنگىچە قوزغىلاڭچىلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلكىدە، پەقەتلا شۇ جايلاردىكى كوناشەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر بار ئىدى. شۇ جايلاردىكى يېڭىشەھەرلەر بولسا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. قەشقەر قوزغىلىڭىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكىدە شۇنى كۆرسىتىش مۇمكىنكى، قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشان بولسىمۇ، بىراق ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشتە بىر پىكىردە بولالمىدى. بۇ ئەھۋال قوزغىلاڭنىڭ قەدىمىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاستىلىتىۋەتكەن. بۇلارلا ئەمەس، جىددىي سىياسىي بۇرۇلۇشتا ئىجتىمائىي مەنپەئەتتىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغانلىقتىن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى باراۋەرلىكمۇ يوقالغان. جۈملىدىن، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدا، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا يىرىكلىشىش روشەن ئىپادىلەندى. قىرغىز قوراللىق گورۇھىنىڭ باشلىقى سىدىق ئۆزىنىڭ قەشقەر قوزغىلىڭىدىكى يول باشچى ئورنىنى مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي

شارائىتتا تىكلىگەن. خېتىپنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش جەريانى خاتىرلەنگەن تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1864 - يىلى 12 - ئايدىلا، سىدىق قەشقەر قوزغىلىڭىنىڭ بىردىنبىر يول باشچىسى بولغان. سەۋەب، خېتىپ باشلىق كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى قەشقەر كوناشەھەرگە ئېزىقتۇرۇپ ئاپىرىپ، قورالسىزلاندۇرغان ھەم خېتىپنى بارچۇقتا پاسىل ئايرىشقا ماقۇل كەلتۈرگەن دەل مۇشۇ سىدىق ئىدى⑤.

خېتىپنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىش مۇددىئاسىمۇ مەغلۇپ بولدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ۋەقەدىن سىدىقمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىنى چۈشەنگەن بولدى. شۇ چاغدا، شەرقىدىكى يېڭىساردا ئېزىز بېك ئىسىملىك بىر كىشى ئۆزىنى يېڭىسارنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ جاكارلىغان. يەكەندە، مۇشۇ قەلئەنىڭ سابىق ھاكىمبېگى ئابدۇل راخمان كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ يول باشچىسى قىلىپ سايلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا راشىدىننىڭ قۇدرىتى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ، بىرمۇنچە قەلئە - بازارلارنى ئىشغال قىلغانىدى. شۇ تاپتا سىدىقنى ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىنى كۇچا خوجىلىرىنىڭ سەئىد دېگەن سالاھىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتى قەشقەردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىچىدە كۈنسايىن كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلماقتا ئىدى.

1864 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، سىدىق قوقەندىنىڭ خان نازارەتچىسى ئالىم قۇلىدىن مەدەت تىلەش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ ئالىم قۇلىدىن خوجىلىق سالاھىيەتكە ئىگە بىرەر كىشىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، قەشقەردىكى جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. « تارىخىي ھەمىدى» دە مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىدىق قوقەند سەلتەنىتىگە ‹تۆرەملەردىن بىرىنى تىلەيمەن، بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا قىلىپ

بەرسە، مەنكى كەمىنىلىرى كاشغەرنى قوقەند دارۇ سەلتەنىتىگە ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلدۇرسام، دېگەن مەزمۇندا ئەرز ئەۋەتتى »⑥.

سىدىقنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، قوقەندكە ئەۋەتىدىغان خوجىنىڭ رولى سىدىقنىڭ ئىشلىرىنى پەردازلاشتىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە، سىدىق قەشقەرنى نامدا قوقەندنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇراتتى. شۇ كۈنلەردە قوقەندتە تۇرۇپ قالغان خوجىلار خېلى كۆپ ئىدى. جۈملىدىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا نۇرغۇن پاراكەندىچىلىك سالغان ھېلىقى يەتتە خوجىمۇ بار ئىدى. بۇ نۇرغۇن خوجىلاردىن ئالىم قۇل خىللاپ يۈرۈپ بۇزرۇكنى تاللىۋالدى. بۇزرۇك جاھانگىرنىڭ ئوغلى بولۇپ، نەسەبنامىسىدىن قارىغاندا ھېلىقى يەتتە نەپەر خوجا بىلەن قوۋم - قېرىنداش بولۇپ، ھەممىسى ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. 1865 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا، بۇزرۇك قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بىر تۈركۈم قوقەندلىك قوراللىق كىشىلەر بۇزرۇككە ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە بىللە كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ياقۇپبەگ ئىسىملىك كىشىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ مەزگىلدە پۈتۈلگەن خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، مۇھەممەد ياقۇپبەگ دېگەن ئىسىم ئاگۇبو (《阿古柏》) دېگەن ئۈچ خەت بىلەن يېزىلدى.

بۇزرۇك قەشقەرگە كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر تېزلا تارقالدى ۋە بۇزرۇك ئۆتىدىغان يولغا جايلاشقان چوڭ - كىچىك سەھرا - كەنتلەردە ئاۋام خەلق ھاياجانغا چۆمۈلۈپ، كەيپىيات ئىنتايىن قىزىپ كەتتى.

سىدىقنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى خوجا سالاھىيىتىگە ئىگە بىرەر كىشى ئارقىلىق كۇچا خوجىلىرىنىڭ تەسىرىنى سۇندۇرۇش ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققان رېئاللىق بولسا، قوقەندتىن كەلگەن بۇزرۇكتىن ئىبارەت بۇ خوجىنىڭ ئۇيغۇر

پۇقرالىرى ئارىسىدا پەيدا قىلغان سىدىققا قارشى كەيپىيات ئىدى. سىدىق ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

بۇزرۇك باشلىق كىشىلەر قەشقەرگە يېقىن جايغا كەلگەندە، بۇزرۇكنى قارشى ئېلىشقا سىدىق ئازغىنە ئادەم ئەۋەتتى. شۇ ئارىدا، سىدىق ئۆزىنىڭ بۇزرۇككە تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ بەكمۇ سۇس بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇزرۇكنىڭ ئالدىغا ئۆزى چىقتى ھەم بۇزرۇكنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. كېيىنكى كۈنلەردە، بۇزرۇكنى سىدىق تەپسىلىي كۆزەتتى ۋە بايقاپ ماڭدى. بۇزرۇكنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت بولالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ تىكلىگەندىن كېيىن، سىدىق ئاندىن بۇزرۇكنى قەشقەر كوناشەھەر ھاكىمبېگىنىڭ ھويلىسىغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇزرۇك ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى.

بۇزرۇك ئالدى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ چەۋرىسىلىك سالاھىيىتى بىلەن قەشقەردىكى ئاپاق خوجا قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى، ئاندىن ئاتۇشتىكى بۇغراخان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى. بۇ پائالىيەتلەر بۇزرۇكنىڭ تەسىر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىۋەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، سىدىقنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى كۈندىن ـ كۈنگە چۈشمەكتە ئىدى.

شۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، بىر كۈنى بۇزرۇك قەشقەردىكى ھېيتگاھقا جۈمە نامىزىغا باردۇ. نامازدىن كېيىن، بۇزرۇك نۇرغۇن ھەمراھلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ھېيتگاھتىن چىقىپ كېلىۋاتقاندا، ئادەم توپىدىن بىر كىشى تۇيۇقسىزلا ئۈنلۈك قىلىپ: «خوجاملار كەلدى، قىپچاقلارنى ئۇرۇپ ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك! » دەپ توۋلىدى . شۇ ئەتراپتىكى ئادەملەرنى بىردىنلا قالايمىقانچىلىق باستى ـ دە، قوللىرىغا چىققان توقماق، كالتەكلەرنى كۆتۈرۈپ، ئۇچرىغانلىقى قىرغىز ئەسكەرلىرى ۋە پۇقرالىرىنى دۇمبالىغىلى تۇردى. مالىمانچىلىق تېزلا پۈتكۈل

قەشقەرگە يېپىلدى. ئاخىرى كېلىپ، سىدىق ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى قەشقەر كوناشەھەرنى تاشلاپ، تاغقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى، بۇزرۇكنىڭمۇ خىيالىدا يوق، سىدىقنىڭمۇ خىيالىدا يوق ئىدى. ئەسلىدە، بۇزرۇك سىدىقنىڭ كۈچىگە سۈيۈنۈپ قەشقەردە جاھاندارچىلىق قىلماقچى ئىدى. ئەمدى، تۇيۇقسىز بولغان بۇ پاتىپاراقچىلىق بۇزرۇكنى سىدىق بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى قىلىپ قويدى. سىدىق ئەسلىدە بۇزرۇكنىڭ خوجىلىق سالاھىيىتىگە سۈيۈنۈپ كۈچا خوجىلىرىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى ئىدى. ئەمدى، سىدىق ئۆزى كۈتكەن ياردەملەرگە ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر كۈندىلا قەشقەر كوناشەھەردىن ھەم مۇناسىپ سىياسىي ئابرۇيى ۋە نۇرغۇن بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئەمەلىي كۈچ بويىچە ئېيتقاندا، سىدىق تاسادىپىي ئۆزگىرىشتىن ھاسىل بولغان بۇ پاكىتنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايتتى.

## 2. ياقۇپبەگنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

سىدىق قەشقەردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۇدۇللا ئۆزىنىڭ يايلىقى پاراشقا يول ئالدى. بۇ يەردە، سىدىق يېڭىۋاشتىن يەتتە مىڭچە تاغلىق قىرغىز چارۋىچىنى يىغىپ قەشقەرگە ئاتلىنىپ، كوناشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇنى قايتىدىن تارتىۋېلىشنى پىلانلىدى.

ئىككىلا تەرەپكە ئايان ئىدىكى، ئەمدى ئىتتىپاق بۇزۇلغانىدى. ياقۇپبەگنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بۇزرۇك قەشقەر پۇقرالىرىغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلاردىن قوراللىنىپ سىدىققا

قارشى جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلدى. خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن بىر مەھەل مالىمانچىلىق كۆرۈلدى. بەزىلەر بالا - چاقىلىرىنى سەھرالىرىغا كۆچۈرۈۋېتىپ، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن خالىي بولماقچى بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر قورال - ياراغلارنى راسلاپ جەڭگە قاتنىشىشقا بەل باغلىدى.

بۇ، ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە كەلگەندىن بۇيان قوماندانلىق قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى ئىدى. جەڭ راسا كەسكىنلىشىۋاتقاندا، قەلئەنىڭ سىرتىدا جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان سىدىقتا كۈتۈلمىگەن يەردىن ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن نەچچە مىڭ قوراللىق قىرغىز تاغچىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى شۇئان سۇندى. دەسلەپتە، ئۇلار سەپ تارتىپ چېكىندى. ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن سەپ پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى⑧. بۇ قېتىمقى جەڭدە، ياقۇپبەگ جامائەتكە بىرىنچى قېتىم تونۇلدى.

سىدىقنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن قەشقەر قوزغىلىڭىدا مۇھىم بۇرۇلۇش بولدى. بۇ سىدىقنىڭ قەشقەردىكى ئورنىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇزرۇك باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم قوقەندلىكلەرنىڭ دەسسىگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، مۇشۇ تاپتا بۇزرۇكنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تېخى پۈتكۈل قەشقەرنى قاپلاپ بولالمىغانىدى. چۈنكى، قەشقەر يېڭىشەھەردە يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرى مۇداپىئەلىنىپ تۇرماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەرگە ئۇنچە يىراق بولمىغان جايلاردا سىدىقنىڭ قوشۇنلىرى توختىماي ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى.

بۇزرۇك ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېغىر سىياسىي ۋەزىيەتتىن ئانچە ئەندىشە قىلمىدى. «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ ئاپتورى بۇزرۇكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:

«تۆرەم بولسا كېچە ـ كۈندۈز نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، شاد ـ خۇراملىق، ئويۇن ـ كۈلكە، ھاي ـ ھۇيلىرى بىلەن بىغەم ـ خاتىرجەم بولۇپ، ياكى يۇرتدارچىلىق ياكى دادخۋا ـ ئەسكەرلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سوراش ۋە ياكى بىرەر ئىشقا تەدبىر ياكى مەسلىھەت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى زادىلا ئۆزىنىڭ دىل ئەينەكلىرىگە چۈشۈرمىدى»⑨.

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ياقۇپبەگ كۇچالىق ئۆمەر ھاكىمبەگ سالدۇرۇۋالغان كۆرۈمسىز سارايدا قوشۇن كېڭەيتىش، قورال ـ ياراغ راسلاش ئىشلىرىغا قېتىرقىنىپ بېرىلىپ كەتكەن. كېيىنكى كۈنلەردە، ياقۇپبەگ خىراجەت جەھەتتە بىرئاز قىينالغاندا، يەرلىك بايلاردىن نۇرغۇن پۇل ئارىيەت ئېلىپ، ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىشكە سەرپ قىلدى.

بۇزرۇكنى ياقۇپبەگكە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردا ئىقتىدار، ئارزۇ ـ تىلەك ھەم تۇرمۇش پەزىلىتى جەھەتتە نۇرغۇن پەرقلەر كۆرۈنسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خوجايىنلىق بىلەن خىزمەتكارلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ياقۇپبەگ ھەممە ئىشتا بۇزرۇكتىن يولپورۇق سورايتتى ۋە ئىجرا نەتىجىسىنى بۇزرۇككە مەلۇم قىلىپ تۇراتتى.

## 3. بۇزرۇكنىڭ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىشى

كۇچادىكى راشىدىن بىرىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشىنى قوزغىغاندا، بۇزرۇك بىلەن ياقۇپبەگ يەكەندە بولۇۋاتقان ئۇرۇشلارغا ئانچىمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنىدى. سەۋەبى، شۇ چاغدا ئۇلاردا كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشقۇدەك ئەمەلىي كۈچ يوق ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئاخىر كېلىپ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن يەكەندە تىركىشىپ قالدى. بۇ توقۇنۇشقا سەۋەبچى بولغىنى ھېلىقى نىيازبەگ ئىسىملىك يەكەننىڭ سابىق ئىشكئاغا بېگى ئىدى.

نىيازبەگ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى بىر مەھەل قوللىغاندى. بىراق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىيازبەگ ئىختىيارسىز كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ھامىدىننىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان. شۇ ۋەجىدىن، ھامىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نىيازبەگنى يالىڭاچ قىلىپ دارغا ئاستۇرۇپ ھاقارەتلىگەن.

قىساس ئېلىش مەقسىتىدە، نىيازبەگ بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئىسىملىرىنى توقۇپ ياقۇپبەگكە خەت يېزىپ، ياقۇپبەگنى يەكەن كوناشەھەرنى ئىشغال قىلىشقا دەۋەت قىلدى ھەم بولسا قەلئە ئىچىدىن ماسلىشىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ يەكەندە كەچۈرگەن شۇ قېتىمقى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى كىتابىمىزنىڭ مۇشۇ بۆلۈمىدە بىرىنچى قېتىملىق يەكەن جېڭىنىڭ جەريانى سۆزلەنگەندە تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق. ياقۇپبەگ يەكەندە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋاتقاندا، بۇزرۇك يېڭىسساردا شان - شۆھرەت قازاندى.

1865 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، يېڭىسسار يېڭىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان جاللات ئېزىزبەگ شەھەرنى ئېلىشنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى قىلىپ بولۇپ، بۇزرۇكنى يېڭىسسارغا كېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا، بۇزرۇك يېڭىسساردا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايىش قىلدۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، تەكلىپ كەلگەن ھامان، نۇرغۇن مەھرەم ۋە خىزمەتكارلارنى باشلاپ، قەشقەردىن داغدۇغىلىق ھالدا سەپەرگە ئاتلاندى. بۇزرۇك يېڭىسسارغا يېتىپ بارغان كۈنى، جاللات ئېزىز بەگ يېڭىشەھەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، سېپىلنىڭ تېگىگە كۆمۈلگەن پارتلاتقۇچ دورىغا ئوت تۇتاشتۇرۇلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى

تايانچ قىلغان سىپىللار كۆمتۈرۈلۈپ چۈشتى. سىپىل ئىچىدىكى چىڭ سۈلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى تەسلىم بولدى. سىپىلنى پارتلىتىش جەريانىدا، بۇزرۇك باشتىن - ئاخىر ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس راسلاپ قويۇلغان سۇپىدا ئولتۇرۇپ جەڭ جەريانىنى كۆرۈپ تۇردى. لېكىن، بۇزرۇكنىڭ شېرىكلىرى جەڭنى نازارەت قىلىپ تۇردى دەپ تەرغىب قىلدى، ھەتتا ئاتالمىش كارامەت كۆرسەتتى دەپ ئەپسانە توقۇپ چىقىشتىنمۇ يانمىدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭىسار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سىپىلنى بۇزۇپ تاشلاش جېڭىدە قازانغان غەلىبىسى تامامەن بۇزرۇكنىڭ نامىغا مەنسۇپ قىلىندى.

يېڭىسار جېڭىدىن كېيىن بۇزرۇك دەرھال قوقەندكە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، قوقەند خان نازارەتچىسى موللا ئالىم قۇلىغا غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى موللا ئالىم قۇلىغا ئاتاپ نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئالغاچ ماڭدى. بۇ سوۋغا - سالام توققۇز خىتاي زەمبىرىكى، بىر توققۇز پاكىز دىلغا مۇۋاپىق نازىنىن بىجىن قىزلىرى، بىر توققۇز ساقال - بۇرۇتسىز چىرايلىق ماچىن يىگىتلىرى، بىر توققۇز قازاق ۋە قالماق ئېتى، بىر توققۇز بىجىن يامبۇ - كۈمۈشلىرى، توققۇز توققۇز جانان چىنە، خاكسە، تاۋار - دۇردۇن ۋە كەم ئۇچرايدىغان خۇش پۇراق چاي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

قوقەند خان نازارەتچىسىنىڭ بۇزرۇككە ئاتاپ قىلغان تارتۇقلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تاج بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەممە ئېگەر - جابدۇقلىرى تامامەن ئالتۇندىن يېرىم چەمبىرەك قىلىپ بېزەپ نەقىشلەنگەن بىر دانە ئات، ئىككى نەپەر كۈچلۈك ۋە ئاۋازى ياخشى شائىر، توققۇز توققۇز نىمچە تون، خەسە، ئېگەر - جابدۇقلىرىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن توققۇز ئات ۋە بىر توققۇز مىلتىق بار ئىدى⑪.

ئالىم قۇلىنىڭ بۇزرۇككە ئالتۇن تاج تارتۇق قىلغانلىقى قوقەند خانلىقىنىڭ بۇزرۇكنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، ئەلچىلەر ئۆمىكى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇزرۇك دەرھال تاج كىيىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە شۇ كۈنى ئاتۇشلۇق مەھمۇت باشلىق بىر تۈركۈم ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى.

## 4. مۇقەررەبشاھبەگ ۋەقەسى

خان بولغانلىقىنى جاكارلاش، ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش، شۇنىڭدەك يېڭىسارىدىكى غالىبىيەتنىڭ ھەممىسى بۇزرۇكنىڭ ئابرۇيى، ئورنى ۋە ھوقۇقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. بۇ ھالەت قەشقەردىكى سىياسىي ئەرباىلار ئىچىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇزرۇكنىڭ ئەتراپىغا يېڭى كۈچلەر جۇغلىنىشقا باشلىدى.

ياقۇپبەگ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى سىياسىي ئورنىغا زادى قانچىلىك زىيان - زەخمەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلگىسى كېلەتتى. شۇ ۋەجىدىن، ياقۇپبەگ يەكەنگە قايتا يۈرۈش قىلىش كېرەك دېگەننى باھانە قىلىپ بۇزرۇكتىن ھەربىي قوشۇننى يەنىمۇ كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلدى. كۈتۈلمىگەن يەردىن، ياقۇپبەگنىڭ بۇ تەكلىپى بۇزرۇك تەرىپىدىن شۇئان رەت قىلىندى. بۇزرۇكنىڭ مۇنداق قىلغىنىغا ياقۇپبەگ قاتتىق ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ ئۆزى تەربىيىلىگەن قوشۇننى باشلاپ كۈپ - كۈندۈزدە قەشقەر كوناشەھەرنى كېسىپ ئۆتۈپ سەمەن بازىرىغا كۆچۈپ كەتتى. ياقۇپبەگنىڭ بۇ قىلىقى كىشىلەرنى ھەر

خىل ئۇيغا سالدى، ھەتتا بۇزرۇكنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

بۇزرۇك سەمەن بازىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. نۇرغۇن سالام ـ سۇلھىلىرى ئارقىلىق ياقۇپبەگ بۇزرۇككە يۈزەكى ناماقۇل بولغان بولۇپ، ئاندىن قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەر كوناشەھەرگە داغدۇغا بىلەن قايتىپ باردى.

ياقۇپبەگنى بۇزرۇك قەشقەر كوناشەھەرگە تەكلىپ قىلىپ ياندۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، مۇقەررەبشاھبەگ ئىزىز جاللات، موللا ئىبراھىم باشلىق بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار بىرلىكتە بۇزرۇككە تەكلىپ سۇنۇپ ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. مۇقەررەبشاھبەگ باشلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپىنى شەرھلىگەندە، بۇ پىلاننى شۇنداق ئىنچىكىلەشتۇرۇۋەتتىكى، گويا بۇزرۇك بىر پەرمان چۈشۈرسىلا مۇقەررەبشاھبەگ باشلىق كىشىلەر شۇ زامان ياقۇپبەگنىڭ كاللىسىنى كېسىپ بۇزرۇكنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرەلەيدىغاندەك ئىدى. بۇزرۇك مۇجمەل قىلىپ: «سەۋر قىلىڭلار، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەھدۇپەيمانلار ۋە ئانت ـ قەسەملەر بار»⑫ دەپلا ئىشنى خالاس قىلىۋەتتى. بۇزرۇكنىڭ بىر مەھرىمى ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى شۇ ھامان ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈپ قويدى. مۇقەررەبشاھبەگ باشلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىپى توغرىسىدا بۇزرۇكنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ياقۇپبەگ شۇ كېچىدىلا ئادەم ئەۋەتىپ قەشقەر كوناشەھەردە مۇقەررەبشاھبەگ، ئىزىز جاللات، موللا ئىبراھىم قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى ۋە سوراقسىزلا مۇقەررەبشاھبەگكە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ياقۇپبەگ ئەنە شۇنداق كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئىمتىياز ھەم ئورنىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇزرۇك ئۆزىنىڭ

ياقۇپبەگنى تىزگىنلەشكە لايىق ئەمەس ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدى. ئامالسىز قالغان بۇزرۇك يەرلىك باي ۋە مۆتىۋەرلەردىن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ياراشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە مۇقەررەبشاھبەگ قاتارلىق كىشىلەر ياقۇپبەگ ئالدىدا توۋا قىلغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئاندىن مۇقەررەبشاھبەگلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

مۇقەررەبشاھبەگ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. شۇ يەردە مۇقەررەبشاھبەگ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىمىز، دەپ جاكارلىدى. مۇقەررەبشاھبەگنىڭ يۇرتى مۇغال تېرىم دېگەن مەھەللە قەشقەرنىڭ شەرقىدە بولۇپ، قەشقەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. مۇغال تېرىم گەرچە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن سۇ مەنبەسى مول، نوپۇسى زىچ، ھۈنەر ـ كەسپى كەڭ ئىدى. مۇقەررەبشاھبەگنىڭ تېخىمۇ چوڭراق ئىش قىلىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، ياقۇپبەگ ئۆزى قوشۇن باشلاپ مۇغال تېرىمغا يۈرۈش قىلدى. ياقۇپبەگ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بۇزرۇكتىن بىللە مېڭىشنى ھەم قەشقەر جامائەتچىلىكى ئالدىدا مۇقەررەبشاھبەگنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى خائىنلىق دەپ جاكارلاشنى تەلەپ قىلدى. قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بۇزرۇك نائىلاج ياقۇپبەگنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈردى.

ياقۇپبەگ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن مۇقەررەبشاھبەگ ئالدىراشچىلىقتا سەپەرۋەر قىلغان سەھرا خەلقىنى ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ قىلىۋەتتى.

ئۇرۇش داۋامىدا، ئىككى تەرەپتىن قازا بولغان ۋە زەخىملەنگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇرۇش

ئاياغلاشقاندىن كېيىن ياقۇپبەگ مۇغال تېرىمدە ۋەھشىيانە بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلدى. تەكلىماكان گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ ئاۋات سەھرا بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ئادەم نەزەر سالغۇسىز دەرىجىدە خارابىلىككە ئايلىنىپ قالدى. ھەممىلا يەردە ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە يېيىلىپ ياتقان ئۆلۈكلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ياقۇپبەگنىڭ موغال تېرىمدىكى قىلمىشىدە، سۆزسىزكى، بۇزرۇككە پوپوزا قىلىش مەقسىتى يوشۇرۇنغان. لېكىن ئەڭ مۇھىمى قەشقەردىكى ئۇيغۇر پۇقرالارغا تەھدىت سېلىش ئىدى.

مۇقەررەبشابەگ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاقسۇغا قېچىپ بېرىپ راشىدىننىڭ خىزمىتىدە بولغاندا، كۇچادا راشىدىن تەرىپىدىن قىزغىن كۇتۇۋېلىندى. ئىككىنچى يىلى، يەنى 1865 ـ يىلى جامالىدىن ئىككىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشىنى قوزغاشتا، مەلۇم دەرىجىدە مۇقەررەبشاھبەگ رىغبىتىدىن ئىلھام ئالغان. مۇقەررەبشاھبەگ شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلگەن خانئېرىق جېڭىگە قاتناشقان.

## 5. قەشقەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تەسلىم بولۇشى

مۇقەررەبشاھبەگ ۋەقەسىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋەقە، راشىدىن قوزغىغان ئىككىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى راشىدىننىڭ ئاكىسى جامالىدىن ئۇيۇشتۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، ياقۇپبەگنى ھەيدەپ چىقىرىپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. بىراق، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ چەكلىك ئەسكىرى كۈچى ئارقىلىق ئۆزىدىن ئۈچ ھەسسە كۈچلۈك رەقىبىنى يەڭدى. جەڭدە ياقۇپبەگنىڭ ئېرىشكەن غەنىيمەتلىرى ناھايىتى كۆپ

بولدى. تارىخىي ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، جامالىدىن قاتارلىقلار يەككە - يېگانە ھالدا جەڭ مەيدانىدىن قاچقان. يەكەندىن يولغا چىقىدىغان چاغدا كۇچا قوشۇنلىرى ئېلىپ ماڭغان قورال - ياراغ، جۈملىدىن ياقۇپبەگ ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىغا سالىدىغانغا تەييارلانغان، ھېلىقى 200 ھارۋىغا قاچىلانغان كويزا - كىشەنلەرمۇ ياقۇپبەگنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندى. بۇ ئولجىلار ئىچىدە كىشىلەرنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى 2 مىڭ نەپەر تۇڭگان زەمبىرەكچىدىن ھاسىل قىلىنغان زەمبىرەكچى قوشۇن ئىدى. ياقۇپبەگ بۇ زەمبىرەكچى قوشۇنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

بۇرۇن قەشقەر يېڭىشەھەردە مەسلىھەتچى ئامبال يامۇلى بار ئىدى. 1831 - يىلى مەسلىھەتچى ئامبال يەكەنگە يۆتكىۋېتىلگەندىن كېيىن، قەشقەرگە پەقەت چېرىكچى ئامباللا تەسىس قىلىنىپ، ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلگەن. 1847 - يىلى يەتتە خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن قەشقەردە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ياردەمچى چېرىكچى ئامبال ۋە ئالماشتۇرغۇچى قوشۇننىڭ باش سەركەردىسى قويۇلۇپ، دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر تۆت مىڭ ئەتراپىدا بولدى.

قەشقەر قوزغىلىڭى تاسادىپىي باشلانغانلىقى ئۈچۈن، بىرقانچە مىڭ كىشىلىك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمايلا قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاپسىلىپ قالدى. شۇ چاغدا، شەنشى - گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى راسا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان پەيت ئىدى. دېمەك، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەمەلىيەتتە تامامەن

ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم سېپىل ۋە مول ھەربىي لازىمەت بولغانلىقى ئۈچۈن قەشقەر يېڭىشەھەرنى 13 ئايغىچە قوغداپ قالالىغانىدى⑬.

ئىككىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشىدىن كېيىن، قەشقەر يېڭىشەھەردە ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ شەرت - شارائىتىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئوق - دورىلىرى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تامامەن تۈگەپ بەربات بولۇشقا يۈزلەنگەنىدى. ھالبۇكى، ياقۇپبەگ قوشۇنى بولسا، ئەسكەر كۈچى، قورال - ياراغ ھەم ئوزۇق - تۈلۈكى تولۇقلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشقانىدى. ياقۇپبەگ يېڭىدىن قولغا چۈشكەن تۆگىگان زەمبىرەكچى قوشۇنىنى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىمالال كۆرەلەيدىغان دائىرىدە سەپ تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياقۇپبەگ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن راسلاپ قويۇلغان نۇرغۇن سايمان - جابدۇقلارنى قەستەن ئۇيان - بۇيان ماڭدۇرۇپ، كۆز - كۆز قىلدى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئۆز ئەلچىسىنى سېپىل تۆۋىگە ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن تەسلىم بولۇش شەرتلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە قويىدى. ياقۇپبەگنىڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش تەدبىرى، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق قاتلىمىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى كۈن يىن باشلىق بىر تۈركۈم ھەربىي ئەمەلدارلار تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئۆزى ياققان ئوتتا ئۆلدى. يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ سەركەدىسى خې بۇيۈن باشلىق بىر تۈركۈم ھەربىي ئەمەلدارلار بولسا ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى. خې بۇيۈن بىلەن بىللە ياقۇپبەگ تەرەپكە ئۆتكەن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئۈچ مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى چىڭ

سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئۆتۈك قازانغانلىقىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. ياقۇپبەگ چىقارغان جارچىلار قەلئە - بازارلاردا، سەھرا - يېزىلاردا چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇنايلارغا تەڭكەش قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ پەتھى بولغانلىقىنى توختىماي جاكارلاپ تۇردى. بىراق، بۇ غەلىبىگە پىسەنت قىلمايۋاتقانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بۇزرۇكنىڭ يېقىنلىرى ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، توختىماي قازىنىۋاتقان غەلىبىلەر نەتىجىسىدە ياقۇپبەگنىڭ كۈنسايىن ئۆرلەۋاتقان ئابرۇيى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياقۇپبەگنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇنىڭ ھوقۇقتا بولغان تەمەسى ۋە ئىنتىلىشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. ئاقىۋەتتە، بۇزرۇك بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەرىجىسى ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى بىلەن بىۋاستە باغلىنىپ قالدى. بۇ ئىككىيلەن بۆلۈشۈۋالغان ھوقۇق دائىرىسىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكلىشىش شۇنچە ئېغىرلىشىپ كەتتى.

تەسلىم بولغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ياقۇپبەگنىڭ زەمبىرەكچى قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلدى. ياقۇپبەگ خې بۇيۇننى بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. ئارقىدىنلا ياقۇپبەگ خې بۇيۇننىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ خې بۇيۇننىڭ كۈيئوغلى، خې بۇيۇن ياقۇپبەگنىڭ قېيناتىسى بولۇپ قالدى[14]. قەشقەرنىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن تەڭ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى پۈتۈنلەي تارمار بولدى، كېيىنكى كۈنلەردە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشى ئون نەچچە يىلغىچە ئۈزۈلۈپ قالدى.

## 6. قوقەند قاچقۇنلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى

1865 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قوقەند خانى مۇراتنىڭ ھامىيسى موللا ئالىم قۇل تاشكەنتتە چاررۇسىيە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشقاندا ئوق تېگىپ قازا تاپتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن دەل مۇشۇ موللا ئالىم قۇل بۇزرۇككە ئالتۇن تاج تارتۇق قىلىپ، بۇزرۇكنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. موللا ئالىم قۇل قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى بىلەن تاشكەنت ھاكىمى قۇشپەرۋانچى باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار تاشكەنتنى تاشلاپ، قوقەند قەلئەسىگە ئاتلاندى. ئۇلار قوقەند قەلئەسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سەئىد مۇراتنى چۈشۈرۈۋېتىپ ھۇدەي قۇلنى يېڭى خان قىلىپ تىكلەپ، بۇخاراغا قېچىپ كەتكەن خۇدايارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى.

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، بۇخارا شاھى مۇزەپپەر قوشۇن باشلاپ قوقەند چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، قوقەند قەلئەسىنى مۇقەررز قىلىش بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققىنىغا ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان ھۇدەي قۇلنى قاماققا ئالدى ۋە خۇدايارنى خان قىلىپ تىكلىدى. خۇدايار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى رەقىبلىرىنى دەھشەتلىك باستۇردى. ئالىم قۇلغا ياردەملىشىپ خۇدايارنى غۇلىتىپ تاشلاشقا قاتنىشىپ قالغان ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە دىنىي ئەربابلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ياكى قاماققا ئېلىندى، ياكى ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى.

ئالىم قۇل تەرىپىدىن قوقەند قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەنگەن مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى ئۆز ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالىم قۇلنىڭ بۇرۇنقى ھەمراھلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قەشقەرگە بېرىپ

بۇزرۇكتىن پاناھ تىلەش قارارىغا كەلدى. بۇ قاچقۇنلار ئىچىدە تاشكەنتتىنىڭ سابىق ھاكىمى قۇشپەرۋانچى، ئالىم قۇلىنىڭ كاتىپى مۇھەممەد يۇنۇس، بىشى بىك مۇھەممەد قۇرچىلار بار ئىدى.

بۇ قاچقۇنلار ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ پامىر ئېگىزلىكىگە قاراپ يوشۇرۇن ماڭدى. ئۇلار قىزىل قورغان، سوپى قورغانلاردىن ئۆتۈپ ئوشقا يېتىپ كەلگەندە، ئاندىن خۇدايار قوشۇنىنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلدى[15]. ئوشتا، قاچقۇنلارنىڭ ئادەم سانى 6 مىڭغا يېقىنلاشتى. مىرزامۇھەممەد قۇشبېگى باشلاپ ماڭغانلار ئوشقا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلاردىن بۇرۇنراق قوقەندتىن قېچىپ چىققان كاتتا تۆرە باشچىلىقىدىكى خوجىلارمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ قاچقۇن خوجىلارنىڭ ھەممىسى بۇزرۇك بىلەن بىر نەۋرە ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كاتتا تۆرە (يەتتە خوجا توپىلىڭىدا بۇ زات مەتىمىن دەپ ئاتىلاتتى) دىن باشقا، يەنە كىچىكخان، ۋەلىخان، ھېكىمخانلارمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە ھېكىمخاننىڭ ئىسمىنى (كېيىنكى كۈنلەردە بۇ زات ھېكىمخان تۆرە دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى) ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ، كاتتا تۆرىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ياقۇپبەگ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بېسىۋالغان يىللاردا، ھېكىمخان مۇھىم ۋەزىپىدە بولدى. ئاپاق خوجا جەمەتىدىن ياقۇپبەگنىڭ خىزمىتىدە ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى مۇشۇ ھېكىمخان ئىدى[16].

بىرنەچچە مىڭ قوقەند قاچقۇنلىرىنىڭ تاغ يوللىرى بىلەن پامىرنىڭ شەرقىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى قەشقەردە تېزلا تارقىلىپ كەتتى. قوقەند قاچقۇنلىرى قەشقەرگە تۆت كۈنلۈك كېلىدىغان تېرەك داۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە، ياقۇپبەگ ئەۋەتكەن ئىككى نەپەر پانسات باشلاپ ماڭغان بىر بۆلەك ئەسكەر ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ، مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى ۋە كاتتا تۆرىدىن

ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرىگە مۇنداق دېدى: «يۇرتىمىزنى ئورۇسلار بېسىۋالدى. بىز جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەرقانچە بولسىمۇ ھەمدىيارلىق رىئايە شەپقىتى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ئېچىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئەگەر خىزمەتكە سالمىسا، بىرنېمە قىلىپ كۈن ئالارمىز دەپ باشپاناھ ئىزدەپ كەلدۇق»[17].

ياقۇپبەگ بۇ قوقەند قاچقۇنلىرىنىڭ باشقا نىيەتتە ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى ھەم خوجىلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى قەشقەرگە باشلاپ كەلدى. قەشقەرگە قەدەم باسقان ھامان، ۋەلىخاننىڭ شېرىكلىرى توساتتىن ناغرا ـ سۇناي ياڭرىتىپ، يول بويى : «ئەمدى زامان ۋەلىخاننىڭ زامانى! » دەپ تەلۋىلەرچە توۋلاشقا باشلىدى. بۇ، قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ پەتىھى بولغىنىغا بىر ھەپتىگىمۇ يەتمىگەن مەزگىل بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نورغۇن تەرتىپلىرى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەنىدى. شۇڭا، ۋەلىخاننىڭ قىلمىشى يەرلىك پۇقرالارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ۋەلىخان ھەم ئۇنىڭ شېرىكلىرى قولغا ئېلىندى.

ۋەلىخاننىڭ تەلۋىلىكىنى ياقۇپبەگ بۇزرۇككە باغلاپ قارىدى ۋە ئۇنى ئاپاق خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق، مەرتىۋىسىنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنغانلىقى دەپ ھېسابلىدى. قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپپاق خوجا جەمەتىدىكىلەرگە ئېنىق ۋە قاتتىق ئاگاھ بېرىش نىيىتىگە كەلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ۋەلىخانغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ۋەلىخاننىڭ تەلۋىلىكىگە تايىنىپ ياقۇپبەگنىڭ نوپۇزىنى

سۇندۇرماقچى بولغان بۇزرۇك ھەم باشقىلار يەرلىك مۇتىۋەرلەرگە ئۇتتۇرىغا چۇشۇپ مۇرەسسە قىلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ ۋەلىخاننى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى مەقسىتى — قەشقەر پۇقرالىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ئىمتىيازىنى نامايان قىلىش ئىدى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئارزۇسىغا يەتكەندىن كېيىن، ۋەلىخانغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلدى. ۋەلىخاننىڭ ئىككى نەپەر ناغرىچىسى ۋە ئۈچ مەھرىمىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ قاتاردا ۋەلىخاننىڭ ئۆزى يېڭىسارغا سۈرگۈن قىلىندى. ۋەلىخان يېڭىسارغا كېتىۋېتىش سەپىرىدە ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. ۋەھشىيلىك ۋە تەلۋىلىكتە داڭقى كەتكەن ۋەلىخان ئاخىر كېلىپ ئۆزى بىرمەھەل ياۋۇزلۇق بىلەن دەپسەندە قىلغان قەشقەر بوستانلىقىدا جان بەردى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ياقۇپبەگ ئاۋۋال خانئېرىقتا كۇچالىق جامالىدىن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، ئارقىدىنلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلدۇردى. بۇنىڭغا ئۇلاپ 7 مىڭ قوقەند قوراللىق قاچقۇنلىرى پاناھ ئىزدەپ قەشقەرگە كەلدى. بولۇپمۇ مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە قەشقەردە بىرقانچە قېتىم پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغان ئاپاق خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ياقۇپبەگكە باش ئەگكەنلىكى، ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي ئورنىنى خېلى مۇستەھكەملەپ بەردى. روشەنكى، بۇ ياقۇپبەگنىڭ تارىخىدا يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان مەزگىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 7. بۇزرۇكنىڭ «بۇلاپ كېتىلىشى»

قەشقەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى تەسلىم قىلدۇرغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا

قەشقەردىكى باش قېتىنچىلىقى بىردىنلا ئازلاپ قالدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ياقۇپبەگ يەكەننى ئىشغال قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ قېتىم ياقۇپبەگ باشلاپ ماڭغان قوشۇنلارنىڭ ئىچىدە ئۆزبېك، تەۋە ئەسكەرلەردىن باشقا، يېڭىدىن تەسلىم بولغان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ۋە تۇنگان قاچقۇنلارمۇ بار ئىدى، شۇنداقلا بۇ قېتىممۇ بۇزرۇكنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇ ياقۇپبەگنىڭ يەكەن تۇپرىقىغا ئىككىنچى قېتىم قەدەم بېسىشى ئىدى. بۇ قېتىم يەكەندە ياقۇپبەگ بىلەن تۇتىشىدىغانلار كۈچا خوجىلىرى بولماستىن، بەلكى يەكەن يېڭىشەھەرنى تايانچ قىلغان تۇڭگان قورالىق كۈچى ئىدى.

1864 ـ يىلى يەكەندە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تارمار بولغاندىن كېيىن، تۇڭگان قوراللىق كۈچى يەكەن رايونىدا مۇھىم كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. راشىدىن قوزغىغان ئىككى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشىدا، تۇڭگان قوراللىق گۇرۇھى گەرچە بۇنىڭ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى سۇلھى تۈزۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانىدى. شۇ سەۋەبتىن يەكەندە باشتىن ـ ئاخىر تۇڭگان قوراللىق كۈچىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر كۈچ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. جامالىدىن خانئېرىقتا مەغلۇپ بولۇپ ئاقسۇغا قايتقاندىن كېيىن، يەكەندىكى تۇڭگان قوراللىق كۈچىمۇ بۇنىڭغا يارىشا كۈچىنىڭ باشقۇرۇشىدىن باش تارتىپ، نىيازبەگ بىلەن يەكەننى بۆلۈشۈۋالدى . نىيازبەگ كونىشەھەردە تۇردى، تۇڭگان قوراللىق كۈچى يېڭىشەھەردە تۇردى.

تۇڭگان قوراللىق كۈچىنىڭ شىددەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى ياقۇپبەگ زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇرۇش كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىپ راسا ئەۋجىگە چىققاندا، ياقۇپبەگ يېڭىدىن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن قوقەند

قاچقۇنلىرىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى بىرىنچى سەپكە ماڭغۇزدى ھەم ئۇلارغا يەكەن يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىش مۇددىتىنى بەلگىلەپ بەردى. قوقەندلىكلەر ئۇرۇشقا كىرگەن ھامان ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغىلى تۇردى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا يېڭىشەھەر ئەتراپىدىكى خەندەكلەر قوقەندلىكلەرنىڭ جەسىتى بىلەن تولۇپ كەتتى.

بۇ ھال قوقەند قوشۇنلىرى ئارىسىدا قاتتىق ساراسىمە پەيدا قىلدى. ئۇلار مۇشۇنداق خەتەرلىك مۇھىتتىن قۇتۇلۇشقا ناھايىتى ئىنتىزار ئىدى. بىر كۈنى كەچتە قوقەند قاچقۇنلىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان بېك مۇھەممەد قۇرچى ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرىگە تۇيدۇرماي، بۇزرۇكنىڭ ھويلىسىغا يوشۇرۇن كىرىپ، بۇزرۇكتىن ياقۇپبەگنىڭ قوقەندلىكلەرنى قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا ھەددىدىن زىيادە زورلاۋاتقانلىقىنى چەكلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇزرۇك ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەندە، بېك مۇھەممەد قۇرچى شۇ كېچىدىلا بۇزرۇكنى ئېلىپ قەشقەرگە قاچتى[19].

بېك مۇھەممەد قۇرچى يول بويى ئۆزىنىڭ بۇزرۇكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە «سەئىد» نى قوغداپ قەشقەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يول بويى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان توسۇپ زەربە بېرىش ياكى قورشاۋدا قېلىش خەتەرلىرىدىن ئاسانلا قۇتۇلدى.

بېك مۇھەممەد قۇرچى قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇدۇللا قەشقەر يېڭىشەرگە كىرىۋالدى ھەم ئادەم چىقىرىپ كوناشەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا ناغرا ـ سۇناي ياڭرىتىپ: «ئەمدى زامان بۇزرۇكخاننىڭ زامانى» دەپ جاكارلاتقۇزدى. تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان بۇ خەۋەر ۋە تۈركۈم ـ تۈركۈم قوقەند ئەسكەرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، قەشقەر ئاھالىلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇزرۇكنىڭ تۇيۇقسىز

كېتىپ قېلىشى يەكەندە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ياقۇپبەگنىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە، ياقۇپبەگ بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئۈچ ئىشنى قارار قىلدى: بىرىنچىدىن، قوقەند ئەسكەرلىرىنى دەرھال ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ياندۇرۇپ چىقىش، ئۆلگەنلەرگە مول نەپىقە بېرىش، بۇنىڭ بىلەن دەككە ـ دۈككىدە قالغان قوقەندلىكلەرنى خاتىرجەم قىلدى. ئىككىنچىدىن، بۇزرۇكنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى كاتتا تۆرە ھەم ئابرۇيلۇق بىر تۈركۈم دىنىي زاتلارنى قەشقەرگە بېرىپ يەرلىك ئاھالىلەرگە بۇزرۇكنى بېك مۇھەممەد قۇرچى بۇلاپ كەتكەن دەپ تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۈچىنچىدىن، يەكەن يېڭىشەھەردە مۇداپىئەلىنىۋاتقان تۇڭگان قوراللىق كۈچلىرى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ ئۇرۇشنى توختاتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ياقۇپبەگ بۇنىڭدىن كېيىن يەكەندىكى تۇڭگان قوراللىق گۇرۇھى باشقۇرۇۋاتقان دائىرىگە ھەرگىزمۇ قول سالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

كاتتا تۆرە باشلىق كىشىلەر قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، بېك مۇھەممەد قۇرچى بىلەن بۇزرۇكنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىۋالغانلىقىدىن ئېنىق خەۋەر تاپتى. كاتتا تۆرە ئەۋەتكەن ئادەملەر بېك مۇھەممەد قۇرچى بىلەن بۇزرۇكنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلەشكەندە، بېك مۇھەممەد قۇرچى كاتتا تۆرىنىڭ ئەلچىسى ئالدىدا بۇزرۇكتىن قەلئەدىن چىقىپ كېتىشنى خالىمىسىز دەپ سورىغاندا، بۇزرۇك لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. دېمەك، سۆھبەت نەتىجىسىز بولدى.

ئىككى تەرەپ شۇنىڭدىن باشلاپ جىددىي جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا 10 كۈن ۋاقىت ئۆتتى.

يەكەندە، ياقۇپبەگ كۈچى قوراللىق تۇڭگان بىلەن ئۇرۇش توختىتىش سۈلھىسى قىلىشقاندىن كېيىن، ئېغىر قوراللارنى يەكەنگە تاشلاپ قويۇپ قەشقەرگە جىددىي يۈرۈش قىلدى.

ياقۇپبەگ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان شىددەتلىك ئوت كۈچى بىلەن يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇنى بىر تەرەپتىن بۇزرۇككە، بولۇپمۇ بېك مۇھەممەد قۇرچىغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىساق، يەنە بىر تەرەپتىن ياقۇپبەگ بۇزرۇكنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىدىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراشقىمۇ بولاتتى.

چۈنكى، ئاشۇ شارائىتتا، بۇزرۇك ياقۇپبەگ بىلەن سىياسىي جەھەتتە مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىسا ۋە ياقۇپبەگنى سىياسىي جەھەتتىن ئەيىبلىسە، ياقۇپبەگنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالالمىغان تەقدىردىمۇ سىياسىي ئابرۇيىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتاتتى. سەۋەب، شۇ كۈنلەردە مۇتلەق كۆپچىلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ نەزىرىدە ياقۇپبەگ ھەرگىزمۇ داھىي سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى، بەلكى پەقەت ھەربىي جەھەتتىلا يارامLIق كىشى دەپ قارالغانىدى. روشەنكى، ياقۇپبەگ پەقەت بۇزرۇككە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن بۇنداق ئاقىۋەتتىن خالىي بولالايتتى⑳.

قەشقەر يېڭىشەھەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇداپىئە ئىقتىدارى ھېلىھەم كۆرۈنەرلىك ئىدى. بېك مۇھەممەد قۇرچى دەل مۇشۇ قەلئەگە تايىنىپ ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇملىرىنى ئۈزلۈكسىز چېكىندۈرۈپ تۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. قار - شىۋىرغانلىق قەھرىتان قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. ياقۇپبەگ بارا - بارا بېك مۇھەممەد قۇرچى باشچىلىقىدىكى قوقەندلىكلەر مەھكەم ساقلاۋاتقان بۇ قەلئەگە نىسبەتەن ئەڭ قاتتىق ھۇجۇملارمۇ ئەسقاتمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا، ياقۇپبەگ سۈلھى قىلىش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلماقچى بولدى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق بېك مۇھەممەد قۇرچىغا قىسقا ھەم ئېنىق بىر تەلەپنى يەتكۈزۈپ قويىدى: بۇزرۇكنى تاپشۇرۇپ

بەرگەن ھامان، قەلئەگە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم دەرھال توختىتىلىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىسى يەنە بېك مۇھەممەد قۇرچىغا يۇقىرىقى شەرتلەر ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، بېك مۇھەممەد قۇرچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان بارلىق قوقەندلىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى قوغداپ قېلىنىدۇ، دەپ ۋەدە قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، قوقەندكە قايتىپ كېتىشنى خالايدىغان ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەر بولسا، ئۇلارغا زۆرۈر خىراجەتلەرمۇ بېرىلىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ئۇرۇش توختىغان كۈنى، بېك مۇھەممەد قۇرچى باشچىلىقىدىكى 200 دىن ئارتۇق لەشكەر سېپىل دەرۋازىسىدىن چىققاندا، ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى ئالدىغا ئېتىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن بېك مۇھەممەد قۇرچى باشلىق كىشىلەرگە ئوق چىقارغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى يەنە سېپىل دارۋازىسىغا قويۇق ئوق ياغدۇرۇپ، چىقىش يولىنى بوغۇپ تاشلىۋەتتى، ھېچكىمنى سىرتقا چىقارمىدى. بېك مۇھەممەد قۇرچى قاتارلىقلار شۇ قاچقانچە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، قوقەندكە قايتىپ كەتتى. بېك مۇھەممەد قۇرچىنىڭ قەلئە ئىچىدە قالغان ئەسكەرلىرى ھەم ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى تۇگەل ياقۇپبەگكە ئەسىر بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىندى، بەزىلىرى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىندى㉑.

ئەمدى، قالغان ئىش بۈزرۈكنى بىر تەرەپ قىلىش بولدى. شۇ دەۋردە ھاسىل بولغان بىرمۇنچە تارىخىي ھۆججەتلەردە بۈزرۈكنىڭ بۇلاپ كېتىلىش جەريانى ئۈستىدە قەستەن داجىپ ئۆتكەن. شۇنداقتىمۇ، مۇنۇ بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، يەنى ياقۇپبەگنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى ئۆز خوجايىنىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكلىكنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى بۇ ۋەقەنىڭ كونكرېت ئارقا كۆرۈنۈشى بولدى. ياقۇپبەگنىڭ

بۇزرۇكنى ئۆزى بىلەن بىللە يەكەنگە بېرىشقا قىستاشتىكى مەقسىتى بۇزرۇكنى بىۋاسىتە نازارەت ئاستىغا ئېلىش ئىدى. ۋەھالەنكى بۇزرۇكنىڭ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا بېك مۇھەممەد قۇرچى بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىشى ھەم بېك مۇھەممەد قۇرچىنىڭ ئۆزىنى قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇتۇپ تۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى، روشەنكى، ياقۇپبەگكە قاتتىق نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بۇلارلا ئەمەس، بۇزرۇك يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېك مۇھەممەد قۇرچىنى دوراپ قەشقەرگە كېلىپ ئۆزى بىلەن جەم بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ياقۇپبەگنىڭ بۇزرۇككە قوللىنىدىغان جازاسى مۇقەررەر يوسۇندا ئۇزۇل - كېسىل چەك - چېگرىنى ئايرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «تارىخىي ھەمىدى» دە ياقۇپبەگنىڭ بۇزرۇكنى بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ جەريانى توغرىسىدا مۇنۇلار پۈتۈلگەن: «بۇزرۇكخان تۆرەم خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى ئۈستۈن قىلالمىدى. شۇنداق ھالەتتە قۇشبېگى ئۇنىڭ يىگىت، مەھرەملىرىگە ئىنئام ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارغا تون - كېچەكلىرىنى ياپتى. «ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلىدۇر»، ھەممە قوشۇن يىگىتلىرى قۇشبېگىنىڭ كەينىگە ئەگەشتى. بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ 600 چە خاس يىگىتلىرى بار ئىدى. بۇلارمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ قۇشبېگى تەرەپكە ئۆتتى. تۆرەم پەقەت 50 چە يىگىتى بىلەنلا قالدى. ئاخىرى قۇشبېگى تۆرەمنى بەش نەپەر يىگىتى بىلەن يېڭىسارغا ئەۋەتتى ۋە بۇ بەش نەپەر يىگىتنىمۇ ئايرىپ تەنھا تۇتۇپ، ئۆز يىگىتلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى تۆرەمنىڭ خىزمىتىگە قويۇپ، ئۇنى نەزەربەند ئورنىدا مۇھاپىزەت قىلدى»㉒.

بۇزرۇك بىلەن ياقۇپبەگ چېگرىغا كىرگەندىن تارتىپ، قەشقەر قوزغىلىڭى ئۆزىنىڭ ئەسلى ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويدى. كېيىنكى كۈنلەردە، بۇزرۇك قەشقەر قوزغىلىڭىنىڭ

مېۋىسىنى دەپسەندە قىلىپ قەشقەرنى ئۆزى ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ياقۇپبەگ بولسا، قەشقەر قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ، قەشقەرنى ئۆزى ئۈچۈن بايلىق ۋە ھوقۇق ئاپىرىدە قىلىدىغان بازىغا ئايلاندۇردى.

بۈزرۈك بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش، سۈركىلىش ۋە توقۇنۇشۇپ قېلىشتىكى قىسمەن سەۋەب ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ئىنتىلىشلىرى ھەم ئىستەكلىرىگە باغلانغان، لېكىن ئەڭ مۇھىمى پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىگە باغلانغان. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تىنماي ئۇزاق مۇددەت كۈچ سىناشقان. بۇ كۈچ سىنىشىش ئاخىرقى ھېسابتا بۈزرۈكنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاياغلاشتى. مۇنداق ئاقىۋەت بۈزرۈككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۆزسىزكى، بىر خىل پاجىئە ھېسابلىناتتى. بىراق بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىش شۇكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياقۇپبەگ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىنى 10 يىلغىچە بېسىۋالدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا قەشقەر قوزغىلىڭى تامامەن مەغلۇپ بولۇش بىلەن ئاياغلاشتى.

پايدىلانمىلار
① «گەنسۇ ـ شەنشى ـ شىنجاڭ مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، 77 ـ جىلد.
② «چىڭ موزۇلۇڭ خاتىرىلىرى» ، 14 ـ جىلد، 34 — 36 ـ بەتلەر.
③ «شەنشى ـ گەنسۇ ـ شىنجاڭ مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، 307 ـ جىلد.
④ ياڭ يۇشۇ: «مۇسۇلمانلارنى تىنچىتىش توغرىسىدا خاتىرە» ، 7 ـ جىلد.
⑤ «تارىخىي ھەمىدى» ، 211 —، 212 ـ بەتلەر.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 333 ـ بەت.
⑦ ليۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى » (بىرىنچى قىسىم) ، 585 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 336 ـ بەت.
⑨ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 337 ـ بەت.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 338 ـ بەت؛ (ئەنگلىيە) چارلىز بولگېر: «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، شاڭخۇ كىتابخانىسى، 1970 ـ يىل نەشرى 84 ـ بەت؛ (روسىيە) كروپاتكىن: «قەشقەرىيە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى، 138 ـ بەت.
⑫ «تارىخىي ھەمىدى» ، 341 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 345 ـ بەت.
⑭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
⑮ مۇھەممەد زارىف : «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» ، 62 — 171ـ بەتلەر؛ «قەشقەرىيە » ، 136 —، 137 ـ بەتلەر.
⑯ «تارىخىي ھەمىدى» ، 346 ـ بەت؛ «فەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» ، 173 ـ بەت.
⑰ «تارىخىي ھەمىدى» ، 347 ـ بەت؛ «قەشقەرىيە » ، 136 ـ بەت؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 91 ـ بەت.
⑱ «تارىخىي ھەمىدى» ، 347 —، 348 ـ بەتلەر.
⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 379 ـ بەت؛ «قەشقەرىيە» ، 137 ـ بەت؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 92 ـ بەت.
⑳ «قەشقەرىيە» .
㉑ «تارىخىي ھەمىدى» ، 349 — 351 ـ بەتلەر.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 350 —، 351 ـ بەتلەر.

# 4- بۆلۈم ئىلى قوزغىلىڭى

## 1. ئابدۇرۇسۇلبەگ زامانى

1864 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچى مەنچىڭ قەلئەسى ئىشغال قىلىنغاندا، ئۈرۈمچى باش نازارەتچىسى پىڭ رۈي ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

چىڭ سۇلالىسى بىلەن چاررۇسىيە ئىلىمىزنىڭ تارباغاتاي قەلئەسىدە «جۇڭگو - چاررۇسىيە غەربىي شىمال چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختامنامىسى» نى ئىمزالاپ، چاررۇسىيە بىر يولىلا ئىلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم تېررىتورىيىسىدىن 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەرنى تارتىۋالدى. 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاخشىمى، نىڭيۈەن (بۈگۈنكى غۇلجا) دىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن تۇڭگان پۇقرالىرى قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇرۇۋاتقان نىڭيۈەن (غۇلجا) قەلئەسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى ئىلى قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى.

1761 - يىلدىن 1780 - يىلغىچە، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەلكە، خۈييۈەن (كۈرە)، سۈيدۇڭ، نىڭيۈەن (غۇلجا)، گۇاڭرېن (لوسىگۇڭ)، جەندې (چىڭسىخوزا)، گۇڭچېڭ (قورغاس)، شىچۈن (چىپەيزە) قاتارلىق توققۇز قەلئە سالدۇردى. جۈملىدىن خۈييۈن (كۈرە) ئىلى جاڭجۈنىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىدى. ئىلىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرىغا جاۋابكار ئورگان تۇرغۇزۇلغاندىن باشقا، يەنە تۇرلۇك تۈيۈقسىز يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان زاپاس ئەسكىرىي كۈچ تۇرغۇزۇلغانىدى.

ئىلى قوزغىلىڭىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «غازات دەر مۈلكىي چىن» دېگەن ئەسەردە ئىلى قوزغىلىڭىغا بىۋاسىتە سەۋەبچى بولغان ۋەقەلەر توغرىسىدا مۇنۇلار پۈتۈلگەن: «بۇ خەۋەرنى (چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەرلىك تۇڭگانلار ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق قىلىدىغان) ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىدىن ھوشۇر، خەنزەئاخۇن، ئىسمائىلئاخۇن، ياقۇپلار زار - زار يىغلاپ ياشلىرىنى باھار

بۇلۇتىدەك تۆكۈپ ئوردىغا ئابدۇرۇسۇلبەگكە كىرىپ دېدىكى: «ئى، ئېسىل كىشى، ئىشىڭغا خۇدايىم ياردەم بېرىپ مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن. مانجۇلار كېلىپ بىزلەرنى چاپقۇدەك، ئوق يامغۇرىغا تۇتقۇدەك. خىتايدىن نۇرغۇن چېرىكلەر كېلىپ بىزلەرنى ئۆلتۈرۈپ بىرىمىزنىمۇ تىرىك قويمىغۇدەك. بىز كۆڭلى سۇنۇقلارغا ياردەمدە بولۇپ بۇ ئېغىر كۈنلەردە بىزگە مەدەت قىل» دەپ ئەمىرنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلدى.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇل: ‹قورقماڭلار بىزگە خۇدا يار بولسۇن. مەن بۇ ئىشنى قازىدىن سوراي. قازىئاخۇنۇم نېمە دېسە شۇنداق قىلاي. بۈگۈن كېچە سىزلەر بېرىپ دەم ئېلىپ ئەتە كېلىڭلار، دەپ ئۇلارنى قايتۇردى. . . بۇلار قايتقاندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل هاكىمبەگ كېچىلەپ قازىئاخۇنۇمنى چاقىرتتى. بۇ قازىئاخۇنۇمنىڭ جىسمى رۇستەم (ئىران ئەفسانىسىدىكى قەهرىمان) دەك زور، ئۆزى شىردەك باتۇر، ئەقىللىق كىشى ئىدى. ئاخۇنۇم ئوردىغا كەلدى. هاكىمبەگ ئالدىغا چىقتى. تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان زىياپەت داستىخانلىرى يېيىلدى. تاماقتىن كېيىن، ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ تۇڭگانلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئاخۇنۇم بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۈلدەك ئېچىپ، بۇلبۇلدەك سايراپ دېدىكى، ‹ئى پاشايىم ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن. سۇمرۇغدەك كۆڭۈلنى ئۇنتۇقچى بول، باشقىلارغا ياردەم قىلىش نىيىتىدە بولغىل ۋە بۇ تۇڭگانلارغا يېتەرلىك ياردەم قىل. بۇ بىچارىلەرگە رەھىم قىلىپ خۇدانىڭ ئالدىدا غازىلىق شەرىپىگە ئىگە بولغىن›. . جاسارەتلىك بۇ قازىئاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى تەخت ئىگىسى قوبۇل قىلدى»①.

گەرچە، بۇ ئابزاس نەقىلنىڭ ئايرىم جايلىرىغا بەدىئىي تەسۋىرلەر كۆپرەك ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىش سەۋەبى ۋە

جەرياننى چۈشەندۈرگەنلىكىگە كۆز يۇمۇشقىمۇ بولمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، يەرلىك تۇڭگان پۇقرالىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قورقۇپ ئابدۇررۇسۇلدىن ياردەم سورىغان، قازىئاخۇننىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئابدۇررۇسۇل قوزغىلاڭ قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان.

ئابدۇررۇسۇل چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، غۇلجىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمبېگى ئىدى. 1860 ـ يىلى قار قارادا چاررۇسىيە قوشۇنىغا تۇسۇپ زەربە بېرىشتە ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ، چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ لاگېرىغا ھۇجۇم قىلىپ، چاررۇسىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك پۇقرالار ئارىسىدا قەھرىمان دەپ قارىلىپ يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان②. شۇڭا، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ئابدۇررۇسۇلنىڭ يول باشچى بولۇپ سايلىنىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى. ئابدۇررۇسۇل قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە نىيەت باغلىغاندىن كېيىن، دەرھال ھوشۇر، خەنزە ئاخۇن باشلىق تۇڭگان يول باشچىلىرى بىلەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ھوشۇر، خەنزە ئاخۇنلار «قۇرئان» تۇتۇپ تۇرۇپ ئابدۇررۇسۇلنى ئۆزلىرىنىڭ يول باشچىسى قىلىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى③. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئابدۇررۇسۇل ئەمىر نامى بىلەن غۇلجىدىكى 80 يۈز (مەھەللە) نىڭ باشلىقلىرىغا④ جەڭگە قاتنىشالايدىغان بارلىق ئەر كىشىنى يىغىپ نىڭيۈەن (غۇلجا) قەلئەسىنىڭ يېنىدا جەم بولۇشنى مۇراجىئەت قىلدى⑤. بۇ 80 يۈز ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنىڭ شىمالىدىكى ئەتراپى بىرقانچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىگە جايلاشقان. مۇشۇ ئۇزۇن سەپەردە خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئابدۇررۇسۇل ھەسەن ـ ھۈسەن دەپ ئاتالغان ئىككى بەگكە تاپشۇردى⑥. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىككى بەگنىڭ خىزمىتى نەتىجىلىك بولدى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا 80 يۈزنىڭ

باشلىقلىرى ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ ئابدۇررۇسۇلنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

لېكىن، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ تېزلىكتە ئورۇندىغان خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىۋەتتى. بۇ ئىككى بەگ جىددىي تۈردە مەھەللىمۇ مەھەللە ئارىلاپ ئابدۇررۇسۇلنىڭ خېتىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتقاندا، بەزىلەر ئابدۇررۇسۇلغا چىڭ سۇلالىسى تۇرغاۋۇتلاردىن ئالۋان ئالغان 1200 ئات ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىغا جايلاشقان ياماتۇغا ئېلىپ كېلىندى، دەپ خەۋەر قىلدى⑦. ياماتۇ ئىلى جاڭجۇنى تۇرۇشلۇق كۈرە (خۇيييۈەن) گە شەرقتىن 230 چاقىرىم كېلەتتى. ئابدۇررۇسۇل دەرھال شۇنى ھېس قىلدىكى، ناۋادا بۇ ئاتلار كۈرەگە يەتكۈزۈلسە، زور بىر تۈركۈم چىڭ سۇلالىسى پىيادە ئەسكەرلىرى ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ چىقاتتى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارى جەزمەن ئاشاتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئابدۇررۇسۇل قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىنكى جۈمە كۈنى ئاخشىمى (غۇلجا) قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىشنى بەلگىلىدى.

نىڭيۈەن (غۇلجا) قەلئەسى 1762 ـ يىلى بىنا قىلىنغان. سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تۆت چاقىرىم بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر جاڭ ئالتە چى، تۆت قوۋۇقى بار ئىدى. شەرقىي قوۋۇقى جىنشۇ، جەنۇبىي قوۋۇقى جياخۇي، غەربىي قوۋۇقى خۇەنيىن، شىمالىي قوۋۇقى گۇڭجى دەپ ئاتىلاتتى.

1864 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار بىرىنچى بولۇپ شەرقىي قوۋۇق، يەنى جىنشۇي قوۋۇقىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئابدۇررۇسۇل، نەسرىن، شەۋكەتئاخۇن، ئەھمەد خەزىنىچى، ئىسھاقبەگ قاتارلىق كىشىلەر بۇ جەڭگە قاتناشتى ھەم قوماندانلىق قىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى مەزكۇر بۆلۈمدە بايان

قىلىنىدىغان بىرمۇنچە زور ۋەقەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئالاھىدە ئاتاپ ئۆتۈلدى.

شۇ كۈنى كېچىدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غۇلجا قەلئەسىنى تاشلاپ قويۇپ بايانداي قەلئەسىگە كىرىۋالدى. تۇنجى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان قوزغىلاڭچىلار ئەتىسى غۇلجا بىلەن بايانداي ئوتتۇرىسىدىكى شىچۈن قەلئەسى (چىلپەگزە) نى ئىشغال قىلدى. شىچۈن قەلئەسى ئەمەلىيەتتە بىر ئاددىي قورغان بولۇپ، پەقەت يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلارلا تۇراتتى، سىپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئارانلا ئىككى چاقىرىمچە ئىدى. شۇڭا، شىچۈن قەلئەسىنى ئېلىش، نىڭيۈەن قەلئەسىنى ئېلىشتىن كۆپ ئاسانغا چۈشتى. قوزغىلاڭچىلار شىچۈندىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال باياندايغا قاراپ يول ئالدى.

بايانداي نىڭيۈەن قەلئەسىگە غەربىي شىمالدىن 30 چاقىرىمچە يەرگە جايلاشقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى مۇھىم ھەربىي بازىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ قەلئەدە چېرىكچى ئامبال، ئاشلىق ئىشلىرى ئەمەلدارى، چارلىغۇچى ئەمەلدارلار تۇرغۇزۇلغان. سىپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە چاقىرىمدىن ئاشاتتى، ئېگىزلىكى بىر جاڭ تۆت چى كېلەتتى. سىپىلىنىڭ تۆت قوۋۇقى بولۇپ، شەرقىي قوۋۇقى چاڭخۇي، جەنۇبىي قوۋۇقى زۇڭگۇ، غەربىي قوۋۇقى جاۋفېن، شىمالىي قوۋۇقى چىڭشۇ دەپ ئاتىلاتتى.

قوزغىلاڭچىلار نىڭيۈەن، شىچۈن قاتارلىق قەلئەلەرنى ئىشغال قىلىپ بايانداي قەلئەسىگە توپلانغاندا، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى ياماتۇغا يېقىن ئەتراپتىكى سەھرا مەھەللىلىرىدىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار تۇرغاۋۇتلاردىن ئات ھەيدەپ كېلىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى بىر يولىلا يوقاتتى. بۇ جەڭدە، قوزغىلاڭچىلار مىڭدىن ئارتۇق ئات غەنىيمەت ئالدى. قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ ئولجىلارنى ئېلىپ غۇلجىغا

كەلگەندە، ئابدۇرۇسۇل ھەرەمباغدا تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى تەبرىكلىدى⑧.

ياماتۇ ئۇرۇشىدا، ئەھمەد خوجا ئىسىملىك كىشى ئاجايىپ تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە باتۇرلۇقى، قەيسەرلىكىنى نامايان قىلدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، كېيىنكى بىر قاتار ۋەقەلەردە، ئەھمەد خوجىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى تامامەن سەلبىي خاراكتېر ئالدى. ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا ئەھمەد خوجا بىردىنبىر «سەئىد» سالاھىيىتىگە ئىگە ئەرباب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەھمەد خوجا ياماتۇ ئۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ سەھرادا ياشاپ كەلگەن بۇ يېزا ئاخۇنى بىردىنلا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىك قەھرىمانغا ئايلاندى. يېڭى ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئەھمەد خوجا قىلچىمۇ ھېيىقمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ھوقۇق تەمەسى بۇ جەرياندا تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەھمەد خوجىنىڭ دەسلەپكى تەمەسى قازىلىق مەنسىپىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ، ھېچبىر تارتىنماستىن قازىلىق مەنسەپ خوجىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىگە مەنسۇپ بولۇشى لازىم دەپ بايانات ئېلان قىلدى. شۇ چاغدا، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كەلگەن مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلار باياندايى قەلئەسى يېنىدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئەھمەد خوجا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ باشلاپ باياندايى ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئەھمەد خوجىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باياندايى بىلەن ياماتۇ تۈگەل ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇرۇش مۇھىتى ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە، ئەھمەد خوجا ئۆزىنىڭ باياندايدا ياماتۇ ئۇرۇشىدىكىدەك جەڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بارا ـ بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى. گەرچە ئەھمەد خوجا باياندايدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ،

بىراق، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باياندايغا قوزغىغان كۈچلۈك ھۇجۇملىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قاتتىق بىسىم بولدى. ئىلى جاڭجۈنى چاڭ چىڭ ھەربىي ۋاسىتىدىن باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە نىيەت باغلىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، 1864 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «ئەسكىرىي ئوزۇق ـ تۈلۈكنى راسلاشقا كۈچ چىقارمىدى» دىگەن بەتنام بىلەن قاماپ قويۇلغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغان مەزەمزات تۈرمىدىن قويۇپ بىرىلدى. مەزەمزات چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، غۇلجىنىڭ ھاكىمبىگى ئىدى. ئۇنىڭ نەسەبنامىسى مۇنداق: مەزەمزات ـ خالزات ھېكىم ـ ئورانزىپ گۇڭ ـ مۇساگۇڭ ـ ئىمىن خوجا ۋاڭ[9]. ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزەمزاتنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىلى قوزغىلىڭى باشلىنىش ھارپىسىدا، مەزەمزات ئىلى جاڭجۈنى ئۈچۈن بەش يۈز ئۇيغۇر ئەسكىرى يىغىپ بەرگەن ھەم نۇرغۇن ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلىغان [10]. شۇنداقتىمۇ، ئىلى جاڭجۈنى ئەسكىرىي ئوزۇق ـ تۈلۈكنى راسلاپ بىرىشتە كۈچ چىقارمىدى دىگەن بەتنام بىلەن مەزەمزاتنى قولغا ئېلىپ كۆرەدىكى زىندانغا تاشلاپ، قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان[11]. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەزەمزاتنى قولغا ئېلىشتىن كۆزلىگەن ئۈنۈم ھاسىل بولمىدى. غۇلجىدا قوزغىلاڭ بەرىبىر باشلاندى. مەزەمزات ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئىلى قوزغىلىڭىدا ئارقىمۇئارقا كۆرۈلگەن ئىچكى توقۇنۇشنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، «غازات دەر مۈلكىي چىن» نىڭ مۇئەللىپى موللا بىلال يۈسۈپ مەزەمزات قويۇپ بىرىلىدىغاندا ئىلى جاڭجۈنى بىلەن مەزەمزات قىلىشقان سۆزنى نەزمىي شەكىلدە تەسۋىرلىگەن.

گەرچە، مۇئەللىپ ئۆز بايانىغا بەدىئىي مۇبالىغە ئارىلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى باشقا تارىخىي ھۆججەتلەردە دەلىللەندى. بۇ ئابزاس نەزمىي باياننىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەزەمزاتنىڭ ئىلىي جاڭجۇڭى ئۇچۇن ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەزەمزات قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ۋەقەلەر سۆزلەنگەن، كېيىنكى قىسمىدا مەزەمزاتنىڭ ئەھمەد خەزىنىچىنى ئۆلتۈرۈش قەستىنى پىلانلاش جەريانى سۆزلەنگەن. كېيىنكى كۇنلەردە، ئالدىنقى قىسمىدا دېيىلگەنلەر مەزەمزات پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولالمىدى. چۇنكى، مەزەمزاتنىڭ ئىلىي جاڭجۇنى ئالدىدا بىرمۇنچە ۋەدە بېرىشتىكى مەقسىتى پەقەتلا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇنلا ئىدى. مەزەمزاتنىڭ ئاساسىي پائالىيەت مەزمۇنى بولغىنى ئۇنىڭ بىلەن ئەھمەد خەزىنىچى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرالار بولدى.

موللا بىلالنىڭ بايانىغا قارىغاندا، مەزەمزات قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالنى مۇنداق يەكۇنلەش مۇمكىن: مەزەمزات ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال قوشۇنچى مەھەللىسىدە توختىدى. ئاندىن بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە باردى. بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە شەمشىدىن خەلىپە ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنى كۇتۇۋالدى. شەمشىدىن خەلىپە ئىسىملىك بۇ زات ئەينى ۋاقىتتا ئەھمەد خوجا بىللەن ياماتۇ جېڭىگە قوماندانلىق قىلغان. شەمشىدىن خەلىپە ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ جەريانى ۋە باياندايدا ئەتراپىدىكى ئۇرۇش ئەھۋاللىرىنى مەزەمزاتقا تونۇشتۇرغاندا، مەزەمزات بۇ ئىشلارغا ئانچىمۇ ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئۇ شەمشىدىنگە ئۆزىنىڭ ئەھمەد خوجا بىلەن بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە دەرھال كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا، ئەھمەد خوجا قازىلىق مەنسىپىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەننىڭ ئۇستىگە، باياندايدىمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمەي مەھەللىسىگە قايتىپ بېرىپ ئۆيدە بىكار تۇرغانىكەن.

ئەھمەد خوجا دېگەن ۋاقىتتا بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە كېلىپ مەزەمزات بىلەن كۆرۈشتى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئانچە مۇ كۆرۈنۈپ كەتمىگەن بۇ كىچىككىنە مەھەللىدە، مەزەمزات بىلەن ئەھمەد خوجا بىرلىكتە ئەھمەد خەزىنىچىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ سۈيىقەستىنى يوشۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىمىن خوجا جەمەتىدىكى بۇ زات ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا رەسمىي كىرىشتى. مەزەمزاتنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغان بىردىنبىر كىشى — ئەھمەد خەزىنىچى ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى ئاداۋەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەھمەد خەزىنىچى نۆۋەتتە ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئاساسىي يۆلەنچۈكى ئىدى. ئۇ خەزىنىچى دېگەن ئەمەل بىلەن قوزغىلاڭچىلار توپلايدىغان پۇتۇن بايلىقلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇراتتى. باياندايدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل باشلىق كىشىلەر مەزەمزاتنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى، بولۇپمۇ مەزەمزات بىلەن ئەھمەد خوجىنىڭ مەخپىي ئۇچراشقانلىقى توغرىسىدا قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. مەزەمزات بىلەن ئەھمەد خوجا ئەھمەد خەزىنىچىنى ئۆلتۈرۈش سۈيىقەستىنى پىلانلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئايرىلدى. ئەھمەد خوجا غۇلجىدىكى ئۆز مەھەللىسىگە قايتىپ كەتتى. مەزەمزات بولسا شۇ ئەتراپتا مەخپىي يوسۇندا ئەسكەر تەييارلىدى. ھەممە ئىش تەخمۇتەخ بولغاندا، مەزەمزات ۋاقىتىنچە يىغىۋالغان بىر كىچىك قوشۇننى باشلاپ بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىن ئايرىلىپ غۇلجىغا ئاتلاندى. ئۇنىڭغىچە، مەزەمزاتنىڭ غۇلجىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەھمەد خوجا ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ تەرغىب قىلىشى بىلەن غۇلجىدا كەڭ يېيىلىپ كەتتى. ئابدۇرۇسۇل بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال باياندايدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلى دەرياسى بويىدا مەزەمزاتنىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئىلگىرى مەزەمزات بىلەن

ئەھمەد خەزىنىچى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئابدۇرۇسۇل بۇ قېتىم ئەھمەد خەزىنىچىنى ئالاھىدە بىللە ئېلىپ مەزەمزاتنى قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئىككى تەرەپ كۆرۈشكەندە، ئەھۋاللاردىن خەۋەردار كىشىلەر مەزەمزات بىلەن ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ ئىناقسىز ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇردى. «غازات دەرمۇلكىي چىن» نىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد خەزىنىچىنى تونۇشتۇرغاندا مۇنداق دېدى: «ئۇ ئىش كۆرگەن، ئاقىل، سىياسىي كىشى ئىدى»⑫.

قارشى ئېلىش مۇراسىمىنىڭ قانچىلىك سەلتەنەتلىك بولۇشى ۋە جامائەتنىڭ قانچىلىك ھۆرمەت - ئىكرام قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىرمەھەل ئابدۇرۇسۇلدىن يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان مەزەمزات ئەمدىلىكتە، ئابدۇرۇسۇلنىڭ جامائەت داھىيسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ كۈنكى كونكرېت ئەھۋال مەزەمزاتنىڭ ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. مەزەمزات غۇلجىغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، دەرھال ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى.

تۇرلۇك تارىخىي ھۆججەتلەردە مەزەمزاتنىڭ ئەھمەد خەزىنىچىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئىلى قوزغىلىڭى داۋامىدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە دەپ پۈتۈلگەن. سەۋەبىنىڭ بىرى، بۇ ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە رەھبەرلىك قاتلىمىدا سادىر بولغان ئېغىر ئىچكى توقۇنۇش ئىدى؛ ئىككىنچى سەۋەب، مۇشۇنى مۇقەددىمە قىلغان كېيىنكى ئالتە يىل داۋامىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىچكى توقۇنۇش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى توختىماي يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ ئىچكى توقۇنۇش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەرگە ئەگىشىپ ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ داھىيلىرى تۆت قېتىم ئالماشتى. بۇ ئەھۋال، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ كەتكەن

قوراللىق قوزغىلاڭ داۋامىدا كەم ئۇچرايدۇ. موللابىلال يۈسۈپ ئۆزىنىڭ «غازات دەرمۇلكىي چىن» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇ ۋەقەنى بايان قىلغاندا، ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە يازغانلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ⑬: «بىر كۈنى تاج ـ تەختنىڭ لايىقى، بەخت گۈلىستانىنىڭ گۈلى بولغان ئابدۇررۇسۇلبەگ تۇغ ـ بايراقلارنى كۆتۈرۈپ باياندايغا قاراپ يول ئالدى.

قورغاندىن چىقىپ سايغا يەتكەندە، ئەمىر ئابدۇررۇسۇلبەگ-نىڭ ئارقىسىدىن ئەھمەد خان (خوجا)، مەزەمخانلارمۇ يېتىپ كەلدى. بۇلار يېتىپ كەلگۈچە، ئابدۇررۇسۇل بەگ توختىدى. لېكىن بۇلارنىڭ خىيالى باشقىچە ئىدى. مەزەم خان بىلەن ئەھمەد خان ئىككىيلەن ياندىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ كەلمەكتە ئىدى ۋە مەقسىتى ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، ئابدۇررۇسۇلبەگ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۇقمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا، مەزەمخان ئەھمەدخانغا بىر بايراق تۇتقۇزۇپ تېزدىن شەھەر تەرەپكە يولغا سالدى. بۇ ئىشتىن خەلقنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇلار: بۇلار بىر كىشىنى يوق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلغاندەك تۇرىدۇ، دېيىشتى. بۇ ئىشتىن ئەمىر دىلىدىن بىر داغ ۋە گۇمان تۇغۇلۇپ دىققەت ئىچىدە بارگاھىغا كۆڭلى غەمكىن هالدا كېلىپ چۈشتى. . . غۇلجىدا، ئەھمەد خەزىنىچى بەگ «خوجام كەلدى» دەپ ئاڭلاپ، بۇ يالغان خەۋەرگە ئىشىنىپ گوياكى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئۆزى سەۋەب بولغاندەك، قارشى ئېلىش ئۈچۈن خوجامنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە خوجام بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. خوجا، ئېيتتى: لىنكوغا دۈشمەن كېلىپ خەلقنى قورقۇتۇپ يۈرەكنى يېرىپ تاشلاپتۇ، شۇڭا كەلدىم، دەپ ئەھمەد خەزىنىچىگە بىر خەتنى بەردى. بۇ خەت

تامامەن يالغان خەت ئىكەن. بەگ دېدى: بۇ خەت يالغان خەت. دۈشمەنلەر گۇرۇھى ھازىر تۇرغۇتتا، بۇ خەتنى ياخشى ھەقىقەت قىلىپ ئاندىن بارغايلا. خوجا، مۇنداق دېدى: سەن مېنى توسۇۋاتىسەن! ھېلى تىغ بىلەن بىر سالىمەن، خارلىقتا ئۆلىسەن. ئەھمەد خەزىنىچى بەگ: بۇ قانداق سۆز؟ مەن دۈشمەن بولمىسام، كۆڭلۈم تۈز. قىلغان سۆزۈم سىزگە پايدىلىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىسىز؟ خوجا غەزەپلىنىپ قولىغا تىغنى ئېلىپ بەگنىڭ بېشىغا ئايىماستىن چاپتى. ئەھمەد خەزىنىچى بەگ ئاللا دەپ يەرگە يىقىلدى. ئوغلى ئاتىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ يىقىلدى. خوجىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىرمۇنچە لۈكچەكلەر ئەھمەد خەزىنىچى بەگنىڭ بېشىنى كېسىپ قارنىنى ياردى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى قاسىمبەگ، ئاخۇنبەگلەرنى لۈكچەكلەر قوغلاپ ئاخۇنبەگنى تۇتۇپ قارنىنى يېرىپ شېھىت قىلدى. قاسىمبەگنى خۇدايىم ئۆز پەزلىتى بىلەن ساقلاپ قۇتقۇزدى»⑭.

مۇشۇنچىۋالا ئېغىر قانلىق ۋەقە، غۇلجىدىكى ئەسكەر ۋە پۇقرالارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر باياندايي ئالدىنىقى سېپىگە يەتكۈزۈلدى. ئابدۇررۇسۇل خەۋەر تاپقان ھامان باياندايدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالاشقاندا، ئابدۇررۇسۇل ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ بالا - چاقىلىرىغا ئەھمەد خوجىنى جەزمەن ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇيمەن، دەپ ۋەدە بەردى⑮.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئابدۇررۇسۇل ئەھمەد خوجىنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىدىكەن دېگەن خەۋەرلەر كوچىلاردا تارقىلىپ كەتتى. ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ھەم نۇرغۇن ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچىلار ئەھمەد خوجىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى. مۇشۇ ھالەتكە

كەلگەندە، ئەھمەد خوجا ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشىدىن بولىدىغان ئاقىۋەتتىن قورقتى. ئۇ يوشۇرۇن ھالدا مەزەمزاتنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھ تىلىدى. ئۆزىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلغان مەزەمزات ھېچبىر يوشۇرماستىن ئەھمەد خوجىغا: ئابدۇرۇسۇل ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر ئىشەنچلىك ئادىمى ئىسھاقنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن سەن ھازىرقى خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيسەن، دېدى. دېمەك مەزەمزات ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا نىيەت قىلدى. ئەھمەد خوجا ئېھتىياتچانلىق بىلەن: ئابدۇرۇسۇل قاتارلىقلارنى يوقاتقاندىن كېيىنكى ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، مەزەمزات ئىككىلەنمەستىن: بۇ كىشىلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىلىدىن ئىككىمىز بەھرىمەن بولىمىز، دەپ جاۋاب بەردى⑯ .

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئابدۇرۇسۇل ئۆزىنىڭ ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان بولسا، ئېھتىمال تۆۋەندىكى ئامىللار رول ئوينىغان بولسا كېرەك. بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سەۋەب شۇكى، ئەھمەد خوجىنىڭ سانى خېلىلا كۆرۈنەرلىك بىر قوشۇنى بار بولۇپ، بۇ قوشۇن ھەرىكەتتە ئەھمەد خوجىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنغاندىن تاشقىرى، روھى جەھەتتىمۇ بۇ «سەئىد» نىڭ يولىيورۇقىغا ئىتائەت قىلىدىكەن. گەرچە موللا بىلال يۈسۈپ ئەھمەد خوجىنىڭ قوشۇننى بىر توپ لۈكچەك، مۇتتەھەملەر دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ قوشۇن ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى ئىچىدە يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سەۋەب شۇكى، باياندايدىكى ئۇرۇش تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. نېگىزىدىن قەلئەسىدىن باشقا قەلئەلەر يەنىلا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ

كونتروللۇقىدا ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ناۋادا ئابدۇرۇسۇل ئەھمەد خوجا بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەھمەد خەزىنىچى دېلوسىدىن ئۆز ۋاقتىدا يەكۈن چىقىرىلمايۋاتقانلىقى ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ دوست - يارەنلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ھەتتا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىمۇ مۇشۇ دېلو بويىچە قاتتىق پىكىر ئىختىلاپلار كۆرۈلدى. بۇ پىكىر ئىختىلاپلار كەسكىنلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئابدۇرۇسۇل باشچىلىقىدىكى ۋە مەزەمزات باشچىلىقىدىكى ئىككى گۇرۇھ پەيدا بولدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، بىرمۇنچە ئاقىلانە ئەربابلار بىرلىككە كەلگەن نوپۇزلۇق رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇپ چىقىپ، كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇشنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى. 1864 - يىلى 11 - ئايدا، باش قازى نەسرىدىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ مەزەمزاتنى سۇلتان، ئابدۇرۇسۇلنى ئەمىر، نەسرىدىننى باش قازى، شەۋكەتئاخۇننى مۇئاۋىن باش قازى، موللا روزىنى مۇفتى قىلىپ سايلاپ چىقتى. شۇ يىغىندا يەنە يۈز بېشىدىن يۇقىرى مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار تەيىنلەندى⑰.

يېڭى تۈزۈلمە مەلۇم دەرىجىدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى ۋە ئىتتىپاقلاشتۇردى. رەھبەرلىك قاتلىمىدا كۆرۈلگەن يىرىكلىك ناھايىتى زور دەرىجىدە تۈگىتىلدى. بۇ تۈزۈلمىدە مەزەمزات قانۇن تىكلەش ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى ئابدۇرۇسۇلغا مەنسۇپ بولدى. باش قازىنىڭ يۈرگۈزىدىغىنى ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ساقچىلىق ھوقۇقى بولدى. ھوقۇقنى قايتا تەقسىم قىلىش داۋامىدا كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى تەبىئىيكى يېڭى نىشانغا جەلپ قىلىندى. مەنسەپكە ئېرىشىپ

بولغانلار ئۆز مەنپەئىتى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار ئەربابلارنىڭ قانداق ھوقۇق ۋە مەنسەپكە ئېرىشكەنلىكىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندا، ئەھمەد خەزىنىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بارا - بارا جەمئىيەتنىڭ مەركىزىي سۆز تېمىسى بولۇشتىن قالدى. مەزەمزاتنىڭ ئورنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئەھمەد خەزىنىچى دېلوسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلار تېخىمۇ جىم بولۇپ قالدى.

شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1864 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاڭچېڭنى ئىلى جاڭجۈنلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئىلى مەسلىھەت ئامبىلى مىڭ شۈينى ئىلى جاڭجۈنى قىلىپ تەيىنلىدى. مىڭ شۈي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، بولۇپمۇ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن مىڭ شۈي خىزمەتكە كىرىشىش بىلەنلا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىلى قوزغىلىڭىنى غەيرىي ھەربىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى، مەزەمزات بىلەن سۆزلىشىشكە مىڭ شۈي ئادەم ئەۋەتتى. مىڭ شۈي ماقۇل بولغان شەرت: ئىلى پۇقرالىرىدىن ئۈچ يىللىق غەللە - پاراقنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسىپىنى بېرىشتىن ئىبارەت بولدى⑱.

قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرت بولسا، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شەرتسىز تەسلىم بولۇش، كۆرەدە قامىلىپ تۇرغان 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى⑲. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇندىن باشقا ھەر ئىككى تەرەپ يەنە باشقا بىرمۇنچە تەپسىلىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. سۆزلىشىش نەتىجىسىدە 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى

قويۇپ بېرىش مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي، كۆرەدە قاماپ قويۇلغان 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پۇقرالىرى قويۇپ بېرىلدى⑳.

مىڭ شۈي بىلەن مەزەمزات ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بۇ كېلىشىم، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان تەسىرات پەيدا قىلدى. مەزەمزات قاتارلىقلار بۇنى ئىلى جاڭجۈننىڭ ئاجىز، ئىقتىدارسىزلىقى دەپ بىلىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئاددىي ئەسكەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك لەشكەر باشلىقلىرى ئىلى جاڭجۈننىڭ ئۈچ يىللىق غەللە ـ پاراقنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى مەقسەتكە يەتتۇق دەپ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئىنتىزامى بىر دىنلا بوشاپ كېتىشتى، ھەتتا تۇپلىشىپ قوشۇندىن كېتىپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىدا ئابدۇرۇسۇل خېلى ئەقىل ـ ئىدراكلىق زات ئىدى. ئۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ بىر قاتار كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاغلارغا جايلاشقان ھەرقايسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ئابدۇرۇسۇلنىڭ مەقسىتى، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بايلىق ۋە شۆھرەتكە ئالدىراۋاتقانلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ئارقىلىق ئەسكەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىش ئىدى. بۇ ئۇرۇشلار كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئەزىز پالۋان باشلامچىلىقىدىكى بىر تارماق قوشۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي تاغ رايونىدىكى بەييائگۇ قاتارلىق تۆت ئورۇندىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نۇقتىسىنى ئىشغال قىلىپ نۇرغۇن قوي ـ كالىلارنى ئولجا ئالدى㉑.

يېڭى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە، گەرچە مەزمەزات باش ئورنىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ھەربىي پائالىيەتلەر شۇ چاغدا ئاساسىي مەزمۇن بولغاچقا، مەيلى نامدا بولسۇن ۋە مەيلى ئەمەلىيەتتە بولسۇن ئاساسىي رەھبەرلىك ھوقۇقى يەنىلا ئابدۇررۇسۇلنىڭ قولىدا ئىدى. ئابدۇررۇسۇل ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە باشقا جايلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئىنتىلدى. 1864 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئابدۇررۇسۇل يۈزبېشى خوجىنىيازنى ماناس، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يول باشچىسى تومىن (داۋۇت) بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا تىرىشتى. 40 نەچچە ئادەم خوجىنىيازغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى. خوجىنىياز باشلىق كىشىلەرنىڭ ئورۇندايدىغان ۋەزىپىسى تومىندىن مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئىلىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن [22]. ئابدۇررۇسۇلنىڭ بۇ تەلىپىگە تومىن ئېنىق ۋەدە بېرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن خوجىنىيازلار ئۈرۈمچىدە مەقسىتىگە يېتەلمىدى. كېيىن ئۇلار بۇ تەلەپنى ئېلىپ تەڭرىتاغ يولى ئارقىلىق كۇچاغا بېرىپ راشىدىندىن مەدەت تىلىمەكچى بولدى. بۇ مەزگىل دەل راشىدىن غەرب ۋە شەرقىي يۆنىلىش بويىچە ھەربىي پائالىيەتنى باشلىۋەتكەن ۋاقىت ئىدى. شۇڭا، راشىدىن تەڭرىتاغنىڭ ئۇ يېقىدىكى ئىلىنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەنىدى. ئاقىۋەتتە، خوجىنىيازنىڭ مۇددىئاسى كۇچادىمۇ ئىشقا ئاشمىدى[23]. گەرچە، خوجىنىيازلارنىڭ ئالاقە ئورنىتىش پائالىيەتلىرىدىن كونكرېت نەتىجە ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ، سەل قاراشقا بولمايدىغىنى شۇكى، مۇشۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغىچە كېڭەيدى. خوجىنىياز باشلىق كىشىلەر

ئۈرۈمچى، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداۋاتقاندا، ئابدۇرۇسۇل ئۆزىنىڭ ئاساسىي زېھنىنى ۋە كۈچىنى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ يېڭى ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە تەشكىللەشكە قاراتتى. 1864 - يىلى ئىلىنىڭ قىش پەسلى ھەددىدىن زىيادە بالدۇر باشلاندى. 11 - ئاي كىرىش بىلەنلا شىۋىرغان ئارىلاشقان قار كەڭ دالانى زىچ قاپلاپ كېتىپ چوڭقۇرلۇقى ئادەم تىزىغىچە كەلدى. بۇ ھال قوشۇننىڭ يۆتكىلىش ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىغا، بولۇپمۇ بايانداي ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرنىڭ ئىسسىنىشىغا ئېغىر قىيىنچىلىق كەلتۈردى. ئابدۇرۇسۇلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئاۋام خەلقنىڭ چانىلىرى جىددىي يىغىۋېلىنىپ، باياندايى ئالدىنقى سېپىگە ئوتۇن، كۆمۈر توشۇشقا سېلىندى. بىر كۈنى ئاخشىمى، ئابدۇرۇسۇل جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىۋاتقاندا، ئاكوپتىكى ئەسكەرلەر ئۈنلۈك قىلىپ ئۈنىگە: «باياندايى قەلئەسى ئىچىدە سوغۇقتىن دالدا بولغۇدەك شۇنچە جىق ئۆيلەر تۇرۇقلۇق بىز نېمە ئۈچۈن ھۇجۇم بىلەن ئىچىگە كىرمەيمىز؟» دەپ سوئال قويدى. ئەسكەرلەرنىڭ بۇ سوئالى ئابدۇرۇسۇلغا ئىلھام بولدى. ئۇ ھەمراھلىرىغا: «بۇ ئوبدان ئەقىل بولدى» دېدى. ئابدۇرۇسۇلغا ئايانكى، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىغا تايىنىپ باياندايدەك ناھايىتى مۇكەممەل مۇداپىئەلەنگەن قەلئەنى ئىشغال قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ لەخمە كولىتىپ سېپىلنى پارتلىتىش قارارىغا كەلدى. ئابدۇرۇسۇل بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى سادىر پالۋان ئىسىملىك كىشىگە تاپشۇردى. سادىر پالۋاننىڭ باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، بولۇپمۇ سادىر پالۋان ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئۆزى ئېيتقان ئىلى پۈرىقىدىكى ناخشا - قوشاقلار، خېلى بۇرۇنلا سادىر پالۋاننى ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا ئوبدان تونۇش ئەربابقا ئايلاندۇرغان. سادىر

پالۋاننىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سادىر پالۋاننىڭ ئەسلى يۇرتى خوتەن ئىكەن. ئۆزى بولسا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مولتوختىيۇزىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، بالا چېغىدىن تارتىپ دادىسى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق قىلغانىكەن. دادىسىنىڭ ئىسمى خوش ئەھمەد خوجا بولۇپ، ئۇنىڭ بەش ئوغلى، ئىككى قىزى بار ئىكەن㉔.

سادىر پالۋان ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئون نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ سېپىلنىڭ تېگىگىچە بىر لەخمە كولاپ چىقتى. سادىر پالۋانلار قىلىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ سىرىنى قاتتىق ساقلىدى. ھەتتاكى، بايانداي ئالدىنقى سېپىگە بىرقانچە قېتىم كەلگەن مەزەمزاتمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپالمىغان. پارتلىتىش ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن دەرھال سېپىلنىڭ يوچۇقىدىن بۆسۈپ كىردى. لېكىن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۇرۇش پىلانىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر بايانداي قەلئەسىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىق قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. بولۇپمۇ جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ غۇلجىغا توشۇپ كېلىنگەندە پۇقرالار ئارىسىدا قاتتىق تەشۋىشلەر پەيدا قىلدى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىسى ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ ئىمكانقەدەر ئازايتىلىشىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئابدۇرۇسۇل نائىلاج ئەمدى يېڭى ھۇجۇملار ئېلىپ بېرىلمايدۇ، دەپ بۇيرۇق چىقاردى. 1865 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئېيىدا، مىڭ شۈي 71 مىڭ ئەسكەر (چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە 2 مىڭ دېيىلگەن) ۋە 300 قازاق چەۋەندازنى باياندايدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىشكە ماڭدۇردى㉕ . ئابدۇرۇسۇل ياردەمگە كېتىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە يېرىم يولدىلا توسۇپ زەربە بېرىش قارارىغا كەلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن كۈرە

بىلەن بايانداي ئارىلىقىدىكى ئېدىرلىقتا ئىستىھكام قۇردى. بۇ ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق دالا ئۇرۇشى ئىدى. ئۇرۇش داۋامىدا تۇڭگان قوزغىلاڭچى ئەسكەرلىرى يۈكسەك باتۇرلۇق كۆرسەتتى. جەڭ بىر كۈن داۋام قىلىپ، قايتا ـ قايتا ئېلىشىشلار ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ كۈرەگە چېكىندى. «ئىلى تارىخى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، قوزغىلاڭچى قوشۇن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا 96 دانە زەمبىرەك، 60 هارۋا ئوق ـ دورا ھەمدە نۇرغۇن ئوزۇق ـ تۈلۈك ئولجا ئالغان. «ئىلى تارىخى» دا بۇ قېتىمقى جەڭ بولغان كۈن رەجەپ ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى (شەنبە كۈنى) دەپ پۈتۈلگەن[26]. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دەپ پۈتۈلگەن. ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى جەڭنى مۇھىم بىر غەلىبە دەپ قاراش تامامەن ھەقلىق. بىراق، مۇشۇ قېتىمقى جەڭ مۇقەددىمە قىلىنغان يەنە بىر ۋەقە بۇ قېتىمقى جەڭدىنمۇ زور تەسىر پەيدا قىلىنغان. ئۇ بولسىمۇ، ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئىدى. «ئىلى تارىخى» دا بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «بۇ جەڭدە پۈتۈن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى باھادىر دەپ مەدھىيىلىگەن سۆزلەر كۆپ بولۇندى. سۇلتان ئىشىتىپ كۆپ خىجىل بولۇپ ئابدۇرۇسۇلبەگنى يوقىتىشنى قارار قىلدى»[27].

ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەزەمزات ئابدۇرۇسۇلنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. مەزەمزاتنىڭ سۇيىقەستىگە شېرىك بولغۇچى يەنە ھېلىقى ئەھمەد خوجا بولۇپ چىقتى. «غازات دەر مۈلكىي چىن» دە، مەزەمزاتنىڭ ئابدۇرۇسۇلنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جەريانى مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «ئەلقىسسە سۆز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سۇلتان مەزەمخان بىر كۈنى بەزمە قىلىپ ئەمىرنى شېھىت قىلىشقا قەتئىي بەل باغلاپ، ئەھمەد خوجىنى

يېنىغا ئېلىپ، ئۇنى مەنسەپ، مال ـ مۈلكى بىلەن گوللاپ شۇنداق دېدى: ئەمىر ۋە ئىسھاقبەگنى يوقاتساق، بىز شاﻻلىقنى ئالىمىز، چېرىك قورقۇپ لام ـ جىم دېيەلمەيدۇ. ئەگەر بىر نەرسە دېسە، ئۇنىڭ ھۆددىسى ماڭا. ئەھمەد خوجا: ئى، سۇلتانىم بۇنداق قىلساق ئەسكەرلەر قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، دېدى سۇلتان: سىز بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلماڭ. دانىيالبەگ كېلىپ مانجۇچە بىر تۆھمەت خەت يازىدۇ. بۇ خەتنى يوشۇرۇنچە ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىمىز. ئەمىر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چېرىكلەرنى يىغىمىز. خەتنى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ ئوقۇيمىز، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئەمىردىن گۇمانلىنىپ ئۇنى يامان كۆرىدۇ. ئاندىن قازى كالاننى باغلايمىز، كىشەنلەپ زىندانغا تاشلايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇن تەلەپ قىلىدىغان كىشى قالمايدۇ، ئىش تۈگەيدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق مەسلىھەت قىلىشىپ تارقاشتى. بۇ سۆز ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كىشىلەر ئارىسىغا يېيىلدى. قۇتۇبىدىن ياساۋۇل، جالال دورغىلار، شۇنىڭدەك موللا ھۇشۇر باقى، مۇھەممەد شاھ ياساۋۇل، ياساۋۇل بەگ، ئىسلام زور، دۆلەت سوفى، ياقۇپ مىرابلار كېلىپ يىغىلىشىپ شۇنداق دېدى: ئى تۇرانلەر شاھى، بۇ يەردىن يۆتكىلىپ شەھەرگە كېتىڭ. ئىش يامان. ئەھمەد خان بۈگۈن سىزنى ئۆلتۈرگۈدەك، غەزەپ ئوتىدا كۆيدۈرگۈدەك. ئەمىر: مەزەم خان، ئەھمەد خانلار بىلەن كاﻻ مۇللانى تۇتۇپ قەسەم قىلىشقان. مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا ئۇلار كاﻻ مۇللا تۇتىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەم شېھىت بولىمەن. تاڭلا قىيامەتتە دەرىجە تاپىمەن. بارات ئېيىنىڭ بەشىنچى كۈنى ئەمىرنىڭ پېيىدە بولۇۋاتقان ئەھمەد خوجا بارگاچقا كەلدى. ئۇ خەنجەرنى يوشۇرۇن ئىچىگە تىقىپ، ئەمىرنىڭ چېدىرىغا سالام قىلماي باستۇرۇپ كىردى. ئاشۇ ۋاقىتتا ئەمىر ئىشنى خام قىلغانلىقىنى بىلدى. خوجا بىللە توختىئاخۇن يۈزبېگى سوغۇق مۇزدەك

رەھىمسىز كۆرۈنۈش بىلەن كىردىلەر. ئەمىر تەختىدە ئولتۇراتتى، سورىدى: خوجام بۇ ۋاقىتتا نىمە ئۈچۈن كېلىپ قالدىكى؟ ئەھمەد خان جاۋاب بەرمەستىن تىغ سالدى. تىغ بىر بۆلەك يېرىنى كېسىپ تاشلىدى. تىغ ئەمىرنىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ پېشانىسىگە كېلىپ توختىدى. توختى يۈزبېگى نەيزە سانجىدى. ئەمىرنىڭ كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ بولدى. ئاللاھۇئەكبەر دەپ يىقىلدى»㉘.

## 2. مەزەمزات زامانى

ئابدۇرۇسۇل ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى، ئىسھاقبەگمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئەتىسى باش قازى نەسرىدىن زىندانغا تاشلاندى. مەزەمزات ئاخىرقى ھېسابتا ئەھمەد خەزىنىچىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندە پىشۇرۇپ قويغان پۈتكۈل سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئابدۇرۇسۇل باشلىق كىشىلەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتەك شۇملۇق، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئالىي رەھبەرلەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، مەزەمزاتنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى باشلاپ بەرگەن بۇ خىل قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتە ئۆلتۈرۈلۈپ تاشلاندى. ئابدۇرۇسۇلنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئېغىر تەشۋىش پەيدا قىلدى. كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىدىن بەك ئەندىشە قىلىپ كەتكەچكە، ئۆز زىممىسىدىكى خىزمەتلىرىگە تولۇق زېھنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلالمىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىلى دەرياسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان تېكەس، كۈنەس، نىلقا، زورغا، سۈمبۇ قاتارلىق جايلاردىكى موڭغۇللار باشلامچى بولۇپ مەزەمزات بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقتىن چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرەپكە ئۆتتى. ئارقىدىنلا،

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى شىۋەلەرمۇ مەزەمزاتقا قارشى چىققۇچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى[29]. ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى سېزىپ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مەزەمزات باياندايغا يېڭى ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىپ، يېڭى غەلىبىلەر ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرىگە تەھدىت سالماقچى بولدى. 1865 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن قوزغىلاڭچى قوشۇنلار باياندايدا ھازىر بولغاندىن كېيىن، مەزەمزات ئۆزىنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى جاكارلىدى. سادىر پالۋان يەنە بىر قېتىم چاقىرتىۋېلىنىپ لەخمە كولاشقا سېلىندى. سادىر پالۋان ئۆتكەن قېتىم ئاچقان لەخمىلەردىن پايدىلىنىپ، سېپىلنىڭ تېگىگە يېقىنلاشقاندا، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، پارتلاتقۇچى دورا قويۇلىدىغان جاينى بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق كېڭەيتتى. سادىرنىڭ ئىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. پارتلىتىپ تاشلانغان سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرنەچچە جاڭغا يېتىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى يوچۇقنى توسۇۋېلىشقا زادى ئۈلگۈرەلمىدى. 1865 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، قوزغىلاڭچى قوشۇن سادىر پالۋان پارتلىتىپ ئاچقان سېپىل يوچۇقىدىن باياندای قەلئەسىگە بۆسۈپ كىردى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كوچىمۇ كوچا قاتتىق جەڭ قىلىپ، لەشكەر ئامبىلى ياMۇلدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، باياندای قەلئەسى تامامەن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قولىغا ئۆتتى. باياندای چېرىكچى ئامبىلى مۇكدىڭ ئۆزى ياققان ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى[30]. بۇ ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن بۇيان قازانغان مۇھىم غەلىبىسى ئىدى. قەلئە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، باياندايدا ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى ھەربىي لازىمەتلەر تۇگەل قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئولجىسى بولدى. موللا بىلال يۇسۇپ ئۆزىنىڭ «غازات دەرمۇلكي چىن» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئالتۇن

كۆرمىگەنلەر باي بولدى. ئېشەك مىنگەنلەر تاي مىندى. ئارپىبەدىيان ئۈچمىگەنلەر كۆك چاينى ياراتمايدىغان بولدى. ئالتۇن بىلەن خولىنى ئايرىيالمايدىغان مېڭىسى خام كىشىلەر كۈمۈشتىن تەخسە ياسىتىپ تاماق يەيدىغان بولدى» ㉛.

بايانداي جېڭگە ھەممىدىن كۆپرەك مەزەمزات كۆڭۈل بۆلدى. چۈنكى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى بەلگىلەيتتى. توپتوغرا ئۈچ كۈن داۋام قىلغان كەسكىن ئۇرۇشتا، مەزەمزات باشتىن - ئاياغ ئۇرۇش سېپىنىڭ ئالدىدا تۇردى، ھەتتا چېكىنگەنلەرنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتەك قاتتىق چارىلەر بىلەن جەڭگە قاتتىق نازارەتچىلىك قىلدى. جەڭ نەتىجىسى مەزەمزاتقا نۇرغۇن بايلىقلارنى كەلتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزەمزاتنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇ بايانداينى ھۇجۇم بىلەن ئالالىغان ئىكەنمىز، كۆرەنمۇ ئالالايمىز دەپ جاكارلىدى. شۇ يىل 2 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مەزەمزاتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى چانا بىلەن كۆرە قەلئەسىنىڭ يېنىدىكى قىزىلدۆڭ دېگەن يەرگە توشۇپ ئاپاردى. قوزغىلاڭچى قوشۇن قىزىلدۆڭ دېگەن يەردە خەندەك كولاپ، ئىستىھكاملارنى ياسىدى ھەم ئۆزىگە يارىشا تەييارلىنىپ، كۆرەگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇ يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئۆزىنى «سەئىد» دەپ ئاتىۋالغان بىر خوجا ئىلى قوزغىلىڭى تارىخىدىكى يەنە بىر زور ۋەقەگە سەۋەبچى بولدى. بۇ خوجىنىڭ تولۇق ئىسمى پوچى مەھمۇد قېرى ئىكەن. پوچى دېگەن سۆزدە ئىپادىلەنگىنى، شۇبھىسىزكى ئۇنىڭ ھۈنەر - كەسپى دېمەك ، ئۇ زەمبىرەك ياساشقا ماھىر ئىكەن. قېرىنىڭ مەنىسى ناھايىتى چۈشىنىشلىك. پوچى مەھمۇدنىڭ سەپەرگە كېتىۋېتىپ غۇلجىدىن ئۆتۈپ

كېتىۋاتقانلىقى ۋە ياكى مەخسۇس غۇلجىغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان يازما ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك. بىراق، ئۇ مۇشۇ زېمىنغا قەدەم باسقان ھامان يەرلىك يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋالدى. مەزەمزاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، غۇلجىدىكى ئاھالىلەر شەھەرگە يېقىن مۇشۇ يەردە «سەئىد» ئۈچۈن تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئۇزاق ئۆتمەي، غۇلجا پۇقرالىرى ئىچىدە مەھمۇد قېرىنىڭ تۆرلۈك كارامەتلىرى توغرىسىدا، جۈملىدىن مەھمۇد ياغاچتا زەمبىرەك ياسىيالايدىكەن، دېگەن رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەتتى㉜.

ئالدىنقى رىۋايەت، يەرلىك پۇقرالارنىڭ مۇشۇ «سەئىد» كە بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوزغىدى. كېيىنكى پاراڭ، قورال ـ ياراغقا ئىنتىزار بولغان ھەربىي ساھەدىكىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئۇلار بۇ رىۋايەتنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن مەزەمزاتقا يەتكۈزدى. بىر قېتىملىق زىياپەتتە، مەزەمزات مېھمانلار ئالدىدا، مەھمۇد قېرىدىن: «سىزنى ياغاچتا زەمبىرەك ياسايدۇ دېگەن رىۋايەت باشقىلارنىڭ توقۇلمىسىمۇ، ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ھۈنىرىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا، مەھمۇد ئىككىلەنمەستىنلا: «مەندە ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ھۈنەر بار» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، پوچى مەھمۇد قېرىغا ياغاچتىن زەمبىرەك ياساش ۋەزىپىسىنى بەردى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا، پوچى مەھمۇد قېرى غۇلجىنىڭ ئەتراپلىرىدىن نۇرغۇن تۆمۈرچى، ياغاچچى ھەم سالچىلارنى يىغىپ مىرباقى ئىسىملىك بىر باينىڭ بېغىدىن نۇرغۇن دەرەخنى كېسىۋېلىپ ياغاچتىن زەمبىرەك ياساشقا كىرىشىپ كەتتى㉝.

ھەربىي زاتلارنىڭ نەزىرىدە، ياغاچتىن زەمبىرەك ياساش ئىنتايىن مەخپىي قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار

مەزەمزانتقا مۇشۇ قۇرۇلۇش ئۇچۇن بىر قورۇقچى ئەترەت قۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە، پوچى مەھمۇد قېرى 100 كىشىلىك بىر ساقچى ئەترەتكە ئىگە بولدى. پوچى مەھمۇدقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر ئامەت ئىدى. كىشىلەر تېزلا شۇنى بايقاپ ئالدىكى، پوچى مەھمۇد يالغۇزلا ياغاچتا زەمبىرەك ياساپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەربىي ئىشلار بىلەنمۇ پىششىق تونۇش ئىكەن. ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرى بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزلىرى ئاجرىتىپ بەرگەن ئاشۇ قورۇقچىلارنى قايتا كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي ئىسكەتى ۋە ئەسكىرىي ئىنتىزامىدا تۈپتىن ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن تارتىپ، سەپ تۈزۈش ئۇسلۇبىغىچە ئەترەت قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ نەمۇنىسى بولۇشقا تامامەن لايىق ئىدى. ئەمدى پوچى مەھمۇد قېرى رىۋايەتتىكى شەخس بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەممە كىشىگە تونۇش ئادەم بولۇپ قالدى. كېيىنكى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پوچى مەھمۇد قېرى مۇشۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلاندى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۇنى ئۆز ئارىسىغا ئالغانلىقىنى غەنىيمەت بىلىپ ئىلىدىكى قەدىمىنى تېزلەتتى. ئالدى بىلەن ئۇ قوزغىلاڭچى قوشۇندىكى يۇقىرى قاتلام ئەرباپلار بىلەن مەقسەتلىك ھالدا ئارىلاشتى. جۈملىدىن، ئۇ ئارىلاشقان ئەڭ مۇھىم شەخس ھېلىقى ئەھمەد خوجا ئىدى. مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىۋالغانلىقتىن، ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن پوچى ھەم «سەئىد» دەپ ئاتىۋالغان بۇ مەھمۇد قېرى ھەممە كىشىگە تونۇش ئەرباب بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سالاھىيىتى، ئۇنىڭ ھۈنىرى ھەم ئۇنىڭ ئاتالمىش كارامەتلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. پوچى مەھمۇد قېرىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى تېزدىن ئۆرلەپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئورنىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەزەمزات پوچى مەھمۇد قېرىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە دىققەت

قىلىشقا باشلىدى. بىر قېتىملىق زىياپەتتە، مەزەمزات مۇنۇ سۆز ـ ئىبارىلىرى بىلەن پوچى مەھمۇد قېرىنى سۆكتى: «خالايىق، قېرى خوجىنىڭ ياغاچ توپلىرىغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەڭلار، ياغاچ توپ بىلەن جەڭ قىلىشقا بولامدۇ؟ بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ قېرى خوجا بىر ئالدامچى، قېرى خوجىنىڭ مۇنداق قالايمىقان قىلىقىمۇ ئالدامچىلىقتۇر»㉟. مۇشۇنچىۋالا قاتتىق گەپ مەزەمزاتنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى، پوچى مەھمۇد قېرىغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇ قاتتىق تەشۋىش بىلەن ئەھمەد خوجىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇن بېرىپ ئەھمەد خوجىغا قۇتۇلۇشقا يول كۆرسىتىپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئەھمەد خوجىنىڭ پوچى مەھمۇد قېرىغا كۆرسەتكەن چارىسى پوچى مەھمۇد قېرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئەھمەد خوجىنىڭ پوچى مەھمۇد قېرىغا بەرگەن تەكلىپى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: قورال كۈچى ئارقىلىق زىنداندىن باش قازى نەسرىدىننى ئازاد قىلىش، بۇنىڭ بىلەن مەزەمزاتقا قارشى چىققۇچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئەھمەد قىلچە تەپ تارتماستىن پوچى مەھمۇد قېرىغا مۇنداق دېدى: گەرچە، بۇ ئۇسۇل ئەينى ۋاقىتتا نەسرىدىننى زىندانغا تاشلىغان. مەن ئەھمەد خوجىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خىل مەسخىرىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى.» ئۆزىنى سەئىد دەپ ئاتىۋالغان پوچى مەھمۇد قېرىنىڭ ئىلىدىكى قىلىقلىرى ئۇنىڭ ھوقۇق تاماسىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەزەمزات بىلەن بىۋاستە تىركىشىش دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، پوچى مەھمۇد قېرى ئېنىق قىلىپ ئەھمەد خوجىغا ئۆزى مۇددىئاسىنىڭ پەقەتلا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش چارىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندە، ئەھمەد خوجا پوچى مەھمۇد قېرىغا ئەينى يىلدا مەزەمزات مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن باشقىلاردىن ھوقۇق ۋە ئورۇننى تارتىۋالغان، دەپ چۈشەندۈردى.

پوچى مەھمۇد ئاخىر كېلىپ ئەھمەد خوجىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

ئەتىسى، پوچى مەھمۇد قېرى مەزەمزاتقا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن زىنداندىكى باش قازى نەسرىددىننى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەزەمزاتنىڭ بۇ ھەقتە جاۋاب بېرىشنى كۇتۇپ تۇرمايلا، پوچى مەھمۇد ئۆزىنىڭ يۈز كىشىلىك ساقچى ئەترىتىنى ھەم تۆت ياغاچ توپنى ئېلىپ مېڭىپ، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن توپتوغرا نىڭيۈەن (غۇلجا) قەلئەسىدىكى زىندانغا بېرىپ نەسرىددىننى ئازاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە باشقا بىر مۇنچە مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى㊱.

پوچى مەھمۇدنىڭ بۇ قىلمىقىغا نىسبەتەن، بەزىلەر قاراپ تۇردى، بەزىلەر چۆچۈدى، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قوللىدى. سەۋەبى، كۆپ ساندىكى پۇقرا ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قەلبىدە باش قازى نەسرىددىن ئادىل ۋە قانۇننىڭ سىمۋولى دەپ قارالغانىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پوچى مەھمۇد ئەھمەد خوجىنىڭ تەكلىپىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردى. بۇلا ئەمەس، پوچى مەھمۇد قېرى مەزەمزاتنى نەسرىددىننى قويۇپ بېرىشكە زورلىغانلىقى ئۈچۈن ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. شۇ زامان، پوچى مەھمۇدنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ئالدى ئاۋاتلىشىپ كەتتى. بەزىلەر تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كەلدى، بەزىلەر خىزمەت قىلىپ بېرىش يۈزىسىدىن كەلدى، بەزىلەر مەدەت تىلىگىلى كەلدى، بەزىلەر دەرد ـ ئەلەم بايان قىلغىلى كەلدى. نۇرغۇن سورۇنلاردا، كىشىلەر پوچى مەھمۇدنىڭ ئىسمىنى مەزەمزاتنىڭ ئىسمى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ ئاتايدىغان بولدى. مەزەمزات توساتتىن كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە پوچى مەھمۇدنىڭ قىلمىشىدىن تەشۋىشلەندى. چارە ـ تەدبىرگە پىششىق مەزەمزات كۆرۈنۈشتە پوچى مەھمۇد قېرىنىڭ قىلمىش ـ

ئەتمىشلىرىگە لام ـ جىم دېمىدى. ھەتتا قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە قىلماقچى بولغان مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاشنى رەت قىلدى. ئارىدا، بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، مەزەمزات توساتتىن پوچى مەھمۇد قېرىغا ئۆز قورۇقچىلىرى ۋە زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ، مەزەمزات بىلەن بىللە كۆرەگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇقتا يەنە، باش قازى نەسىرىدىننىمۇ بىللە مېڭىش تەكىتلەنگەن. قوشۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ بىر شاللىقا كەلگەندە، مەزەمزاتنىڭ ئەھمەد خوجىباقى ئىسىملىك مۇھاپىزەتچىسى مەزەمزات بىلەن قاتار كېتىۋاتقان نەسىرىدىننى بىردىنلا ئېتىپ تاشلىدى[37]. نەسىرىدىن مىلتىقنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاتتىن يىقىلغاندا، پوچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەق مەيداندىكى لەشكەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ قالدى. پەقەت مەزەمزاتلا قىلچە پىسەنت قىلماستىن ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

ئېنىقكى، مەزەمزات ئۆز سىياسىي رەقىبىنى يوقاتماقچى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پوچى مەھمۇدنىمۇ ئاگاھلاندۇرماقچى، بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق ئادەم ئۈستىدىن ئۆلۈم جازاسى يۈرگۈزەلەيدۇ. نەسىرىدىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى نەق مەيداندا كۆرگەن پوچى مەھمۇد قېرى ئۆزىنىڭ خەۋپ ـ خەتەردە قالغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى پوچى مەھمۇد قېرى ئەھمەد خوجىنى ئۆز بارگاھىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا نەسىرىدىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئەھمەد خوجا شۇ مەيداندىلا پوچى مەھمۇدقا: «بۈگۈن كېچىدە، ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار جەزمەن پانىي دۇنيادىن ئايرىلىشىڭلار مۇمكىن.» دەپ ھۆكۈم چىقاردى. پوچى مەھمۇد قېرى بىلەن ئەھمەدنىڭ شۇ كېچىدە پۈتۈشكەن مەسلىھىتى ئىمكانقەدەر مەزەمزاتنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى. ئەھمەد خوجا بارگاھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن،

پوچى مەھمۇد كىچىلىك يۈرۈش قىلىش باھانىسى بىلەن زەمبىرەكچى قوشۇننى ھەم قورۇقچىلىرىنى باشلاپ ئۇدۇللا مەزەمزاتنىڭ لاگېرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، مەزەمزاتنىڭ بارگاھىنى توپقا تۇتتى. پۈتۈن لاگېر شۇ زامان پاتىپاراقتا قالدى.
مەزەمزات يالغۇز قېچىپ كېتىۋاتقاندا، پوچى مەھمۇد تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. تاڭ ئاتقاندا، پوچى مەھمۇدنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مەزەمزاتنى زەبىھ قىلىپ (بوغۇزلاپ) ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن مەزەمزاتنىڭ كاللىسىنى غۇلجىغا ئېلىپ بېرىپ سازايى قىلدۇردى(38).
مەزەمزاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئىككى ئادەم سەۋەبچى بولدى. بىرى، مەزەمزاتنى بىۋاستە ئۆلتۈرگەن پوچى مەھمۇد قېرى، يەنە بىرى بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان ئەھمەد خوجا. دەل مۇشۇ ئەھمەد خوجا، ئۆز ۋاقتىدا مەزەمزات بىلەن بىللە ئەھمەد خەزىنىچىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. كېيىن يەنە، بىرلىكتە ئابدۇرۇسۇلنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەمدى، مەزەمزاتنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئۆلدى.

## 3. پوچى مەھمۇد قېرى زامانى

قەستلەپ ئۆلتۈرۈش چارىسى بىلەن مەزەمزاتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىشى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بولۇپ، مەيلى مەزەمزاتنىڭ تەرەپدارلىرى بولسۇن ۋە ياكى پوچى مەھمۇد قېرىنىڭ تەرەپدارلىرى بولسۇن، مۇشۇنداق ۋەقە بولىدىغانلىقىغا ھېچقانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقى يوق ئىدى. شۇڭا، مەزەمزات ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەھمەد خوجىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن پوچى مەھمۇد قېرى ھېچقانداق رەسمىيەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنسىزلا ئۆزىنى ئىلى سۇلتانى دەپ جاكارلىغاندا كۆپچىلىك ھەممىسى سۈكۈت قىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەھمۇد قېرىنىڭ قىلمىشى

ئەيىبلەندى ۋە قارشىلىققا ئۇچرىدى. بۇ ئەيىبلەش ۋە قارشىلىقنىڭ بەزىلىرى مەزەمزاتنىڭ ئادەملىرىدىن كەلگەن، بەزىلىرى دىنى يۇقىرى تەبىقىدىن كەلگەن. كېيىنكى كۈنلەردە، ھەتتا پوچى مەھمۇد قىبرىغا بىر مەزگىل يار - يۆلەكتە بولغان ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلارمۇ پوچى مەھمۇد قىبرىنىڭ قىلمىشىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلىدى. مەزەمزاتتىن ئۇدۇم ئېلىپ پوچى مەھمۇد قىبرىمۇ قىرغىنچىلىق چارىسى بىلەن ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. پوچى مەھمۇد قىبرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بۇرۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بولغان ئۇيغۇر بەگلىرى ئۇشتۇمتۇت قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى[39].

شۇ قاتاردا، چىڭ سۇلالىسىدە مۇھىم مەنسەپتە بولغان مەڭلىك شاڭبېگى، دانىيال، موللا ھۇشۇر، نۇرمۇھەممەد مىڭبېگى ھەم شائىر مىرزا بېكلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ قىرغىنچىلىق مەزەمزات ئائىلە - تەۋەلىرىگىچە كېڭەيدى. مەزەمزاتنىڭ 17 ياشلىق بالىسى خىزىر ھەم ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى باباق خوجا بىرىنچى تۇركۇمدە قازا قىلدى[40].

بارا - بارا بۇ قىرغىنچىلىق شەھەر ۋە سەھرالارغىچە يامراپ، كەڭ كۆلەملىك تېررورلۇققا ئايلاندى. موللا بىلال يۇسۇپ شۇ ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى: «بۇلاڭچى لەشكەرلەر شەھەرگە كېلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ بالىلىرىنى بۇلاپ - تالاش بىلەن سۇلتاننىڭ ئوردىسىنىمۇ تالان - تاراج قىلىپ، پۈتۈن مال - مۈلۈكلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى. دېمەك، جاھانغا مۇشۇنداق غوۋغا توشۇپ شەھەر ئىچى زىلزىلىگە كەلدى. ئاداۋەتنىڭ ئۇرۇقىنى دىل زېمىنلىرىغا تېرىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىپ ئادالەت يوقالدى، نىيەت بۇزۇلدى، كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما، قىساس ئالغۇچى ۋە خۇن دەۋاسى قىلغۇچى

بولمىدى»㊶.

شۇ چاغدا مۇنداق بىر ئۇيغۇر قوشىقى كەڭ تارقالغان: «ياغلىقىدىن ياغ ئاقار، ياخشى يامانغا كىم باقار، ئەل بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ بوپتۇ، بىز تۇرىمىزمۇ؟»㊷.

بۇ قىرغىنچىلىق راسا ئەۋجىگە چىققاندا، مەزەمزاتنىڭ باش مەھرىمى ئەلاخان يوشۇرۇنچە غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. مەزەمزاتنىڭ بارگاھى توپقا تۇتۇلۇۋاتقاندا، ئەلاخان مۇھاپىزەتچىلەرنى باشلاپ پوچى مەھمۇدقا قارشى جەڭ قىلغانىدى. مەزەمزات ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەلاخان تاغقا قېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئەلاخان غۇلجىغا قايتىپ كېلىش بىلەنلا پوچى مەھمۇد قېرىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدى. پوچى مەھمۇد قېرى ئەلاخاننى تۇتۇۋالغان يەردىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بىراق، ئەھمەد خوجىنىڭ سۈلھ قىلىشى نەتىجىسىدە ئەلاخان ئۆلۈمدىن خالىي بولۇپ، زىندانغا تاشلاندى㊸.

شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرگە مۇشۇ قىستۇرمىنى پۈتۈپ قويدۇقكى، كېيىنكى بايانىمىزدا، ئەلاخان بىر قاتار چوڭ ۋەقەلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. پوچى مەھمۇد قېرى قوزغىغان قىرغىنچىلىق بىرئاز جىمىققاندىن كېيىن، كىشىلەر قورقۇنچتىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ چىقتى. ئارائۆستەڭدىكى شەمشىدىن ئىسىملىك بىر دىنىي زات پوچى مەھمۇد قېرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. شەمشىدىن مەزەمزاتنىڭ تاغىسى بولاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ پوچى مەھمۇد قېرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، تەبىئىيكى قىساس ئېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئارائۆستەڭ غۇلجىغا 80 چاقىرىم يىراق يەرگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شەمشىدىن ھەم ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ پوچى مەھمۇد قېرىنى ئۆلتۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىۋېلىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت ھەم ماكان مەۋجۇت ئىدى. شەمشىدىن ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتىدە،

پوچى مەھمۇد قىبرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەلاخاننى ئىلى سۇلتانى قىلىپ تىكلەش قارارى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە㊹.

پوچى مەھمۇد قىبرىنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسى تۇردى يۇزبېشى ئىسىملىك كىشىگە تاپشۇرۇلدى. ھەممە ئىشلار تەقمۇتەق بولغاندىن كېيىن، تۇردى يۇزبېشى ئارائۆستەڭدە تەييارلىغان كىچىككىنە بىر قوشۇننى باشلاپ يول بويىدىكى قاراۋۇللاردىن داجىپ ئۆتۈپ، غۇلجىغا بۆلۈنۈپ يوشۇرۇن كىرىپ، تاڭ سەھەردە، پوچى مەھمۇد قىبرىنىڭ تۇرالغۇسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. گىرەلەشمە جەڭدە پوچى مەھمۇد قىبرى زەربە يەپ يەرگە يىقىلغاندا، تۇردى يۇزبېشى ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ نەيزىگە سانجىپ كوچىلاردا سازايە قىلدۇردى. پوچى مەھمۇد قىبرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 36 كۈن داۋام ئەتتى. قىزىق يېرى شۇكى، پوچى مەھمۇد قىبرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان ھېلىقى ئەھمەد خوجا شەمشىدىننىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى㊻.

شۈبھىسىزكى، ئارائۆستەڭلىك شەمشىدىن ئۇيۇشتۇرغان پوچى مەھمۇد قىبرىنى ئۆلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان پىلان ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشتى. بىراق، شەمشىدىننىڭ ئەلاخانغا ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۇتقۇزۇش مۇددىئاسى ئىشقا ئاشمىدى. سەۋەبى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەيلى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە بولسۇن ۋە ياكى پۇقرالار ئارىسىدا بولسۇن، ئەلاخان تېخى زۆرۈر سىياسىي تەسىر كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەلاخان توغرىسىدا كىشىلەر ئۇنىڭ مەزەمزانىقا باش مەھرەم بولغان، ئۇستا مەرگەن، كۈچلۈك، باتۇر، جاسارەتلىك ھەربىي ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى.

## 4. موللاشەۋكەت ئاخۇن زامانى

پوچى مەھمۇد قىبرىنىڭ ئورنىغا موللاشەۋكەتئاخۇن

ئىسلىلىك دىنىي ئەرباب چىققتى㊼. موللاشەۋكەتئاخۇن دىندار زاتنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مۇكەممەل دىنىي تەربىيە ئالغان. شۇڭا، دىنىي بىلىمگە بىرىلىدىغان «موللا» دېگەن شۆھرەتكە ئېرىشكەن ۋە بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن يەنە «ئاخۇن» دەپ ئاتالغان. ئىلى قوزغىلىڭى داۋامىدا، موللاشەۋكەتئاخۇن كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلالىغۇدەك سىياسىي ياكى ھەربىي پائالىيەتلىرى بولمىغان. بىراق، موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ مول دىنىي بىلىمى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى كەمتەرلىكلىكى ۋە مەردانىلىقى سەۋەبىدىن، غۇلجا پۇقرالىرى ئارىسىدا ئۆزى ئۈچۈن يۈكسەك ئىززەت - ئابرۇي تاپقان. دەل مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، موللاشەۋكەتئاخۇن ئەلاخان بىلەن ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىش جەريانىدا ھېچقانداق ئارتۇقچە زورۇقمايلا غەلىبە قىلىپ، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ يېڭى داھىيسى بولۇۋالدى. رەھبەرلىك قاتلىمىدا توختىماي جېدەل - ماجىرا ۋە توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، ئەمدى موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنى ئىنتايىن مالىمانچىلىققا تولغان سىياسىي ۋەزىيەت ئىدى. موللا بىلال يۈسۈپ ئىلىنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمدى، ئىلى خەلقى قانىتى يوق قۇش، بېشى يوق تەن بولۇپ قالدى» ㊽.

موللاشەۋكەتئاخۇن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئورنىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى غۇلجىدىن سىدەن دېگەن مەھەللىگە كۆچۈرۈپ چىققتى. سىدەن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورنى بولۇپ، غۇلجىغا 30 چاقىرىم يول، كۈرەگە 60 چاقىرىم يول كېلەتتى. موللاشەۋكەتئاخۇن سىدەننى ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىپ تاللاشتا، روشەنكى،

غۇلجىدىكى مۇرەككەپ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن خالىي بولۇشنى مەقسەت قىلغان. لېكىن بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، موللاشەۋكەتئاخۇن مۇشۇ يول بىلەن جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قوزغىلاڭچى قىلىپ كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان. سىدەندە موللاشەۋكەتئاخۇن ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلارنى قايتا تەيىنلىدى. جۈملىدىن، شەمشىدىن باش قازى، ئەسقەر مۇئاۋىن قازى، نۇرۇز ئاخۇن خەزىنىچى قىلىپ تەيىنلەندى. موللاشەۋكەتئاخۇن ھەربىي قوشۇننىڭ باشلىقلىقى، يەنى ئەمىرلىك ئورۇننى قەستەن بوش قالدۇرۇش بىلەن ئەسكىرىي ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا قويىدى. ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار تەيىنلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ رىياسەتچىلىكىدە قەسەمياد مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. موللاشەۋكەت قەسەمياد يىغىنىدا كۆپچىلىكنى ئاداۋەتتىن ساقلىنىپ، پۈتۈن كۈچىنى كۇرەنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا چاقىردى. موللا شەۋكەتنىڭ قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان بۇ تەدبىرى قوزغىلاڭچىلارغا ئىلھام بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن قايتا جانلاندى. موللاشەۋكەتئاخۇن ئىلىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنى، بولۇپمۇ ئىلى ئەتراپىدىكى سىياسىي مۇھىتنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئەينى يىللاردا، ئابدۇرۇسۇل دەل موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئۇرۇمچى، كۇچا قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇشۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا كىرىشكەنىدى. موللاشەۋكەتئاخۇن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدا، شۇنداقلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى قىسمەن جايلاردا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تامامەن يوقالغان، پەقەت ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىلا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى قوغداپ تۇرۇۋاتقان كۈرە قەلئەسىگە قاراپ تۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن موللا

شەۋكەتئاخۇن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئۇستىدە غەلىبە قىلغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ، بولۇپمۇ كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىغا ئوخشاش قۇدرىتى بارلارنىڭ مەدىتىگە زور ئۇمىد باغلىغان، موللا شەۋكەتئاخۇننىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەدەتلەر ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى.

بىر مەھەل جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن، موللاشەۋكەتئاخۇن كۇچادىكى راشىدىنغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە موللا قۇربان خېتىپ باشچىلىق قىلغان بولۇپ، 40 كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى㊾.

بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە تاپشۇرۇلغان بىرىنچى ۋەزىپە، راشىدىندىن مەدەت تىلەش ۋە ئۇنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچى ۋەزىپە، راشىدىندىن ئابدۇرۇسۇل ئەينى ۋاقىتتا ئەۋەتكەن ئىككى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئىدى.

بۇ راشىدىننىڭ راسا روناق تېپىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى تارىمنىڭ غەربىدە ئارقىمۇئارقا غەلىبە قىلىۋاتقان ۋە شەرق يۆنىلىشىگە قىلىنىۋاتقان يۈرۈشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، راشىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىيالىغا تازا مەپتۇن بولۇۋاتاتتى. مۇنداق شارائىتتا، راشىدىن ئۆزى بىلەن سىياسىي مەنپەئەت بۆلۈشۈۋالماقچى بولغان سىياسىي كۈچلەرگە پىسەنتمۇ قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، موللا قۇربان خېتىپ باشلىق ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا، شۇ يەردە توختىتىپ قويۇلدى. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مۇرەسسە قىلىشى نەتىجىسىدە، راشىدىن موللا قۇربان خېتىپ باشلىق بۇ 40 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ كۇچاغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئاڭغىچە، موللا قۇربان خېتىپلار ئۈچتۇرپاندا ئىككى ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغانىدى. كۇچادا يەنە تۆت ئاي تۇرۇپ

قالغاندىن كېيىن، ئاندىن راشىدىن ئىلى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قىسمەن تەلەپلىرىگە ماقۇل بولدى(50).

راشىدىن ماقۇل بولغان بىرىنچى ئىش، ئابدۇرۇسۇل ئەۋەتكەن بىرىنچى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى، يەنى نەسرىدىن باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. نەسرىدىندىن بۇرۇن ۋە كېيىن كەلگەنلەر، جۈملىدىن موللا قۇربان خېتىپنىڭ ئۆزى ھەم ئۇنىڭ باشلىقىدىكى كىشىلەر بولسا، كۇچادا داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلدى. راشىدىن ماقۇل بولغان ئىككىنچى ئىش، ئۆزىنىڭ سەئىد ئىسىملىك بىر تۇغقىنىنى 250 ئەسكەرنى باشلاپ، مەدەت بېرىش ۋە قوللاش يۈزىسىدىن نەسرىدىن بىلەن بىللە ئىلىغا ئەۋەتىشتىن ئىبارەت بولدى(51).

سەئىد باشچىلىقىدىكى 250 ئەسكەر نەسرىدىننىڭ يول باشلىشىدا تەڭرىتاغ يولى ئارقىلىق ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كەلگەندە موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، پۈتۈن قوشۇن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. سەئىد كىيىم - كېچەك ۋە قورال - ياراغتىن ئايرىلىپ، قىپيالىڭاچ قاچقان پېتى ئارانلا تۇتقۇن قىلىنىشتىن قۇتۇلدى. شۇ سەۋەبتىن كېيىنكى كۈنلەردە، كىشىلەر سەئىدكە «يالىڭاچ خوجا» دەپ لەقەم قويۇشتى(52).

تەسەۋۋۇر قىلىش تامامەن مۇمكىنكى، مۇشۇنداق رەسۋا ھالغا چۈشۈپ قالغان سەئىد خوجا ئەلۋەتتە موللاشەۋكەتئاخۇنغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. «تارىخىي ھەمىدى» دە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «موللاشەۋكەتئاخۇن سەئىد خوجىغا قىممەتلىك كىيىم - كېچەك ۋە تۇرالغۇ تارتۇق قىلدى، لېكىن ئۇنىڭغا مۇرىت بولمىدى»(53).

موللاشەۋكەتنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى غۇلجا بىلەن كۇچا ئوتتۇرىسىدا قاتىراپ يۈرگەندە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا بىر قاتار ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي پائالىيەت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. موللا بىلال يۈسۈپنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە،

كۆرەدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى پۈچى مەھمۇدتىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچكى قىسىمدىكى تۇرلۇك يۈزلىنىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرغانىكەن. بولۇپمۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىچكى قىسىمدىكى ئۆزئارا قىرغىنچىلىقنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەنىيمەت بىلدى. ئىلى جاڭجۇنىنىڭ پەملىشىچە، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى باشلىقلار قالمىغانلىقتىن بىر - بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، سەردارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قانىتى يوق قۇشتەك غېرىبلاشقان»[54].

1865 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كۆرەدىن ئاتلىق ۋە زەمبىرەكچى ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ لاگېرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىدىن ھەممىدىن بۇرۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرى خەۋەر تاپتى. بىراق، بۇ خەۋەر موللا شەۋكەتنىڭ بارگاھىغا يەتكۈزۈلگەندە، موللاشەۋكەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلالمىدى. تاڭ ئېتىش بىلەن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىنى گۇمران قىلدى، قاراۋۇل قوماندانى قۇۋام شىبەك يالغۇز قېچىپ قۇتۇلدى. ئارقىدىنلا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى موللاشەۋكەتنىڭ بارگاھىغا ئېتىلىپ باردى ھەم بارگاھنى تويقا تۇتۇپ موللاشەۋكەتنى ئۆز بارگاھىدا يوقاتماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا، تۇڭگان ئەسكەرلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى توسۇۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، موللاشەۋكەتئاخۇن خەتەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلىدى[55]. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتى، موللاشەۋكەتئاخۇن بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەرگە ئىلھام بېغىشلىدى. بىرىنچى بولۇپ موللاشەۋكەتئاخۇنغا قارشى چىققانلار تاغلىق موڭغۇللار بولدى. ئۇلار تېكەس دەرياسى، كۈنەس دەرياسى ۋە نىلقا دەرياسىنى بويلاپ، جايلاردىكى ئۇيغۇر

مەھەللىلەرگە ئارقىمۇئارقا ھۇجۇم قىلدى. جۈملىدىن، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىسى توققۇزتارا بولدى. بۇ خەۋەر غۇلجىغا تارقالغاندىن كېيىن تېكەسلىك ئەسكەرلەر توپ - توپ بولۇشۇپ، ئۈزلىرىنىڭ سەركەردىسى ئەلبەگ بىلەن ھۇشۇر باقىنىڭ بارگاھلىرىغا بېرىپ، ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۈزلىرىنى باشلاپ تۇققۇزتاراغا قايتىپ بېرىپ جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلدى [65].

تۇققۇزتارا غۇلجىغا شەرقتىن 240 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ بىر ئاۋات بازىرى ئىدى. نۇرغۇن دەريا - ئېقىنلار ئايرىپ تۇرغاچقا، توققۇزتارا بىلەن غۇلجىنىڭ ئالاقە ئىشلىرى راۋان بولۇپ كېتەلمىگەنىدى. توققۇزتارادىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىلى قوزغىلىڭىغا ئەڭ بۇرۇن قاتناشقانلار ئىدى. 1864 - يىلى 10 - ئايدا ئىلى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈش ھارپىسىدا، ياماتۇدا ئات ھەيدەپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش جېڭى توققۇزتارا قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، توققۇزتارا ئاھالىلىرىدىن تەركىب تاپقان قوزغىلاڭچى قوشۇن باياندای ئۇرۇشىغا قاتناشقان. موللاشەۋكەتئاخۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن 1 مىڭ 200 نەپەر توققۇزتارالىق ئەسكەرنى غۇلجىدا تۇرغۇزۇپ، ئەلبەگ بىلەن ھۇشۇر باقىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان. توققۇز تارالىق ئەسكەرلەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، توققۇزتارالىق ئەسكەرلەر توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى دەپ بۇرمىلاندى. شۇڭا، ئەلبەگ بىلەن ھۇشۇر باقى موللاشەۋكەتنىڭ بارگاھىغا بېرىپ ئەسكەرلەرنىڭ تەلەپلىرىنى بايان قىلغاندا، موللاشەۋكەتئاخۇن نەق مەيداندا قىلچە ئىككىلەنمەستىن رەت قىلدى ھەم كۆپچىلىك ئالدىدا ئەلبەگ بىلەن ھۇشۇر باقىنى يولدىن چىقماقچىمۇ، دەپ سۆكتى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي

توققۇزتارادا 700 ـ 800 ئۇيغۇر ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلدى دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئەمدىلىكتە، موللاشەۋكەتئاخۇن ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئەلىبەگ، ھۇشۇر باقىنى ئەلاخان بىلەن بىللە 1 مىڭ 200 نەپەر توققۇزتارالىق ئەسكەرنى باشلاپ توققۇزتاراغا بېرىپ جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، گەرچە ئەلىبەگ، ھۇشۇر باقىلار باشلاپ ماڭغان ئەسكەرلەر توققۇزتارانى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئەلىبەگ، ھۇشۇر باقى ۋە توققۇزتارالىق ئەسكەرلەر ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى موللاشەۋكەتئاخۇندىن كۆردى. بۇ موللاشەۋكەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا مۇھىم بىر سەۋەب بولۇپ قالدى.

ئىلى قوزغىلىڭىدىن كېيىن، شىبەلەر بىر تەرەپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي ھەم ھەربىي تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ، ئۆزلىرى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى قورال كۈچى بىلەن تۇتۇپ تۇرغان. توققۇزتارا ۋەقەسىدىن كېيىن، شىبەلەر ئولتۇراقلاشقان ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم يولى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، توققۇزتارا ۋەقەسى تىنچىتىلىش بىلەنلا، ئابلاھاجى، سېيىتۋالدى باتۇر قاتارلىق كىشىلەر موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ شىبەلەرگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. قوشۇنلار ئاتلىنىش ھارپىسىدا، موللاشەۋكەتئا-خۇن توساتتىن بۇيرۇق چىقىرىپ ئەلاخانمۇ مۇشۇ قوشۇن بىلەن بىللە ماڭىدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئەمما، ئەلاخانغا ئېنىق ۋەزىپە ۋە ھوقۇق بېرىلمىدى. بۇ يەردىكى ئۇرۇشلار تېزلا ئاياغلاشتى. شىبەلەرنىڭ باشلىقى موللاشەۋكەتكە نۇرغۇن ئات ۋە قورال ـ ياراغ ئىئانە قىلىپ، قايتا يارىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەيلى

توققۇزتارا ئۇرۇشى بولسۇن ۋە ياكى شىبەلەرنىڭ تۇرار جايىغا قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشلەر بولسۇن، موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەۋقۇلئاددە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئەكسىچە، مۇشۇ ئىككى قېتىملىق ھەربىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئەلاخاننىڭ ئىززەت - ئابرۇيى كۈندىن - كۈنگە تىكلىنىشكە باشلىدى. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، موللاشەۋكەتئاخۇن ھاكىمىيىتىدە، ئەلاخان سىياسەت بەلگىلەش مەركىزىدىن خېلى يىراقتا تۇرغانىدى. ئەمما، ئەلاخاننىڭ سەۋرچانلىقى ۋە سېخىيى، مەرد مىجەز - خۇلقى موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ ئۆزىگە بولغان گۇمانلىرىنى بارا - بارا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئەلاخان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توققۇزتارا ۋە شىبەلەرگە قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتناشتۇرۇلغان. بۇ ئىككى قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتلەردە ئەلاخاننىڭ قوماندانلىق قابىلىيىتى ۋە جەڭدىكى باتۇرلۇقى كەڭ لەشكەر بېشى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ماختىشىغا ۋە ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. شىبەلەر رايونىدىكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئابلاھاجى، سېتىۋالدى باتۇر قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار بىۋاسىتە موللاشەۋكەتئاخۇنغا ئەلاخاننى ئەمىرلىككە قويۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بېرىش تەكلىپىنى بەردى. ئەپسۇسكى، بۇ تەكلىپ شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە موللاشەۋكەتئاخۇن تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىۋېتىلدى. موللابىلال يۈسۈپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەلاخان بۇنىڭدىن نومۇس قىلىپ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئارىسىدا ئاداۋەت تۇغۇلدى»[58].

1865 - يىلى قىشتا، قوزغىلاڭچى قوشۇن سۈيدۈڭ، گوڭچېن (قورغاس)، جەندې (چىڭسۇ خېزە)، گۇاڭرېن (لۇسكۇڭ) قاتارلىق جايلارغا ئارقىمۇئارقا ھۇجۇم قىلىپ بۇ

قەلئەلەرنىڭ كۆرەگە ئاشلىق توشۇيدىغان يوللىرىنى بۇغۇپ تاشلىدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، كۆرەدىن ئاچارچىلىقتا قالغان ئادەملەرنىڭ بىر بىرىنى يەپ جان تالىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر توختىماي تارقىلىشقا باشلىدى. موللاشەۋكەتئاخۇن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆرەگە ئاخىرقى ھېسابتا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. ئومۇمىي ھۇجۇم ياساشتىن ئاۋۋال كۆرەگە يانتاياق بولىدىغان سەندۇڭ جاڭزىنى ئىشغال قىلىشنى بېكىتتى.

ئۇرۇش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا، يىغىن قاتناشچىلىرى موللاشەۋكەتتىن ئەلاخاننى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلەشنى بىردەك تەلەپ قىلدى. «ئەلا پالۋاننىڭ ئەمىر بولۇپ ئەسكىرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى سۇلتان موللاشەۋكەتئاخۇنغا مەنزۇر كەلمىدى، لېكىن خەلقنىڭ تەلىپىدىكى قەتئىيلىك ئەلا پالۋاننى قوماندان بولۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى[59].

1866 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەلاخان قوماندانلىقىدىكى بىرقانچە ئون مىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن كۆرە قەلئەسىگە تەڭلا ھۇجۇم باشلىدى. «غازات دەر مۇلكىي چىن» دېگەن ئەسەرنىڭ 184 - بېتىدىن 186 - بېتىگىچە بۇ قېتىمقى ھەربىي پائالىيەتكە قاتناشقان موللاشەۋكەتئاخۇن، ئەلاخان باشلىق تەخمىنەن 60 قوماندانىنىڭ ئىسمىلىكى پۈتۈلگەن. ئۆتكەنكى تەجرىبىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى سەندۇڭ جاڭزىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئاتلىرىنى تاشلاپ پىيادە بولۇپ قورغانغا ئاتلاندى. كەسكىن ئېلىشىشلار ئارقىلىق قوزغىلاڭچى قوشۇن سەندۇڭ جاڭزىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنى ئىشغال قىلدى. بىرمەھەل ئۇرۇشقاندىن كېيىن، سەندۇڭ جاڭزىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، پاتىپاراق بولۇپ قېچىپ كېتىشتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇنجى قېتىملىق جەڭدىلا غەلىبە قازاندى. قوزغىلاڭچى قوشۇن غەلىبىسىرى

ئىلگىرىلەپ كۆرە قەلئەسىگە قىستاپ باردى. بۇ كەمگۈچە، كۆرە
قەلئەسىنىڭ مۇھاسىرىدە قالغىنىغا ئۈچ يىل بولغانىدى.
كۆرەنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى قەلئەلەر ئۇزۇق ـ تۈلۈكلەر بىلەن
ئۈزۈلدۈرمەي تەمىنلەپ تۇرغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى
كۆرەنى ساقلاپ قالالىغانىدى. 1865 ـ يىلى قىش مەۋسۇمىدە،
كۆرە قەلئەسىنىڭ غەربىدىكى قەلئەلەر قوزغىلاڭچى قوشۇن
تەرىپىدىن بىر ـ بىرلەپ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، كۆرەنىڭ
سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەمەلىيەتتە تولۇق ئۈزۈلۈپ
قالغانىدى. بۇ چاغدا، كۆرەگە ئەڭ يېقىن دەپ ھېسابلانغان چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ لاگېرىمۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم
يىراقلىقتا ئىدى. كۆرەدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياردەمنى كۈتۈپ تۇرۇۋېرىشنىڭمۇ ۋە ياكى
مۇھاسىرىنى بۆزۈپ تاشلاپ چېكىنىشنىڭمۇ ئەمەلىي ئەھمىيىتى
قالمىغان، پەقەتلا يا ئۆلۈم، يا تەسلىم بولۇشلا قالغانىدى.
1866 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مىڭ شۈينىڭ بۇيرۇقىغا
بىنائەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى مىڭ شۈينىڭ بۇيرۇقىغا
بىنائەن سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن
بىلەن تەسلىم بولۇش شەرتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشتى.
قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرىدىن چىپاش
مىراب، خۇدابەردى بەگ، ئەمىر شامۇرا قاتارلىقلار ئەسكەرلەر
ئالدىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتى.
سۆزلىشىشتىن كونكرېت كېلىشىم ھاسىل بولمىدى. چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەلچىسى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاخىرقى
جاۋابنى بېرىشكە ۋەدە بەردى(60).
شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا «غازات دەر مۇلكىي
چىن» دېگەن ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنغان: «مۇسۇلمان
باشلىقلىرى (موللاشەۋكەتئاخۇن بىلەن ئەلاخاننى دېمەكچى) بۇنى
ئاڭلاپ غەلىبىدىن خۇرسەنلىنىپ شۇنداق دېدى: ‹ ماقۇل،

جياڭجۇن ئۆزىدىن باشقا باشلىقنى باشتا چىقىرىپ بەرسۇن. ئۆزىگە ئامانلىق بەرگەنلىك تېشىدا، قەلئەسىنى ئۆزىگە بېرىپ ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئۆلۈمدىن ئەمىن قىلىمىز. سىزلەر بېرىپ خىتاي ئەلچىلىرىگە مۇشۇ سۆزلەرنى دەڭلار، تۇڭچىلار (تەرجىمانلار) بۇ سۆزنى چىلىڭ لويىغا (چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەلچىسى) دېدى. چىلىڭ لويى قايتىپ بېرىپ ئۆز باشلىقلىرى جاڭجۇنگە ئېيتقاندىن كېيىن، جاڭجۇن: «ئىككى تۇڭگان (مۇسۇلمان) كىرسۇن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن زادى نېمە قىلماقچىلىق توغرىسىدا سۆز ئاڭلاي، ئاندىن قارارىمنى دېسەم» دەپ چىلىڭ لويىنى چىقاردى. سۇلتان بىلەن ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ، كىشى كىرگۈزۈش قارارىغا كېلىپ بەگزات مىراپبەگنى خىتاي شاھى قېشىغا كىرگۈزدى. بۇلار كىرىپ ئەلچىلىكنىڭ رەسىم-قائىدىلىرىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، جاڭجۇن بىلەن كونا جياڭجۇن نۇرغۇن سىپاھلارنى چىقىرىپ بېرىپ، قەلئە دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا ئامانلىق بېرىشنى ئېيتتى. قۇۋاشبەگ بىلەن ئەلچىلەر قايتىپ چىقىپ بۇ خەۋەرنى سۇلتان شەۋكەتئاخۇن، ئەمىر ئەلاخانغا يەتكۈزدى. سۇلتانمۇ بۇنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەتىسى، كاپىرلار شامال دەرۋازىسىنىڭ قىبلە تەرىپىدىن تۆشۈك تېشىپ كاپىر باشلىقلىرىدىن كونا جياڭجۇننى، تودارېن، يى دارېن، سادارېن ھەم ئۇلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى مال-مۈلۈكلىرى بىلەن چىقىرىپ مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. لەشكەرلەر بۇلارنى غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى. ئەمما، كاپىرلار قەلئە دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ ئۈچ كۈن بولغاندىمۇ ئاچمىدى. سۇلتان قۇۋاشبەگ، چىپاشبەگ، يۈسۈپبەگ، ئېمىرزاتبەگلەرنى سامساق تۇڭچى بىلەن قوشۇپ خىتايلار قېشىغا ئەۋەتتى. بۇلار قەلئە يېنىغا كېلىپ ۋارقىرىدى: «ئى ناكەسلەر، نېمە ئۈچۈن دەرۋازىنى ئاچمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئالدامچىلىق قىلىسىلەر؟»

نېمە ئۈچۈن توختامغا خىلاپلىق قىلىسىلەر؟ چىڭ دالويى چىقىپ دېدى: ‹باتۇر يىگىتلەر، جاڭجۈن بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇشۇڭلارنى، ئۆزىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئېچىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ›. بەگلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يانماقچى بولۇپ تۇرغاندا، سېپىل ئۈستىدىن مىلتىق ئېتىپ سامساق تۇڭچى شېھىت بولدى»⑥1 .

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئابزاستا دېيىلگەن ئاخىرقى ۋەقە يۈز بەرگەن كېيىن، بىرمەھەل جىمىقىپ قالغان كۆرەنىڭ ئەتراپى ئۇشتۇمتۇتلا مىلتىق ئاۋازى ۋە چۇقان ـ سۈرەنلەرگە تولۇپ كەتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرەپ ـ تەرەپتىن سېپىلغا قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلدى. كۆرەنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئىلىدىكى توققۇز قەلئە بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغاچقا، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھۇجۇملىرى نەتىجىلىك بولمىدى. ئەلاخان باياندايدا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. ئەلاخان ئەۋەتكەن ئادەم غۇلجىنىڭ مولتوختىيۈزىگە بېرىپ سادىر پالۋاننى تەكلىپ بىلەن ئەكەلگەندىن كېيىن، كۆرە سېپىلىنى پارتلىتىش ۋەزىپىسى سادىر پالۋانغا تاپشۇرۇلدى.

سادىر پالۋان ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن جىددىي ئىشلەپ قەلئەنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدا سېپىلنىڭ تېگىگىچە بىرقانچە يول لەخمە كولىدى. لەخىملەرگە قوزغىلاڭچى قوشۇندا بار ھەممە پارتلاتقۇچ دورىنى سالدى. 1866 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇن لەخمىدىكى بارلىق پارتلاتقۇچ دورىغا ئوت ياقتى. شۇ ھامان قاتتىق پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئاسمان ـ پەلەكنى چاڭ ـ توزانلار قاپلاپ كەتتى. قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر قىيان سۇدەك شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن سېپىلنىڭ يوچۇقلىرىغا ئېتىلىپ بېرىپ، قەلئە ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. شۇ كۈنكى ۋەقە خاتىرىلەنگەن يازما مەلۇماتلاردا،

قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۆرەگە ھۇجۇم قىلىش جەريانى، بولۇپمۇ، ئارقىمۇ ئارقا ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك ئېلىشىش ئەھۋاللىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. شۇ كۈنى ئىلى جياڭجۇنى بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلدى. كۆرەدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن توختىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى قالمىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا قايتا پەيدا بولغاندا، توپتوغرا 17 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

كۆرە قەلئەسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، ئىلى قوزغىلىڭى داۋامىدىكى ئەڭ مۇھىم غەلىبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ غەلىبە موللاشەۋكەتئاخۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە قازىنىلغان. شۇڭا، بۇ غەلىبە موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ شەنىگە مەنسۇپ بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. بىراق، كىشىلەر بۇ غەلىبىنى تۆگەل ئەلاخاننىڭ تەشكىلىي ئىقتىدارى ۋە قوماندانلىق قابىلىيىتىگە مەنسۇپ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەر مۇندىن بىر يىل ئىلگىرى سادىر بولغان توققۇزتارا ۋەقەسىنىڭ سەۋەبىنى تامامەن موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ بىقارارلىقى ۋە ھەسەتخورلۇقىدىن كۆردى.

موللاشەۋكەتئاخۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن بۇيان، ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ھېلىقى ئەھمەد خوجا تۆھمەتكە يېقىنىراق بۇ گەپ - سۆزلەرنى موللاشەۋكەتئاخۇنغا يەتكۈزدى ھەم موللاشەۋكەتئاخۇنغا ئەلاخان ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش تەمەسىدە، دەپ چېقىمچىلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا، موللاشەۋكەتئاخۇن تۇيۇقسىز بۇيرۇق چىقىرىپ، ھېچقانداق چۈشۈندۈرۈش بەرمەي ئەلاخاننى ئەمىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

نۇرغۇن ئەمەلدارلار بۇ ۋەقەنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ

رەھبەرلىك قاتلىمىدا يېڭى بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى پەملىدى. موللا بىلال يۈسۈپ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بارلىق مەنسەپدارلار سۇلتان شەۋكەتئاخۇندىن ئەلاخاننىڭ گۇناھىنى تىلىدى. شەۋكەتئاخۇن ماقۇل بولمىدى. ھەتتا تۇڭگانلارنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ياگۇر سۇلتان، جىسەن، بايەنشى، لۇجۇر يەمشەي لايەنشىلەر كېلىپ ئاخۇندىن ئەلاخاننىڭ گۇناھىنى تىلىدى. ئۇنىمىدى. ئاخىر خۇدايار يېزىسىدىن موللاسالىش ئىمام، ئۆلەندى يۈزبېشى، موللا مەشھۇر ئىماملار كىرىپ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ‹ئى ئاخۇنۇم ... شاھلىق ئۇچۇن ھېكمەتلىك ئاقىل ۋەزىر، ئەمىر لازىمدۇر. شاھ شۇنداق كىشىلەر بىلەن راھەت بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئەلاخاننىڭ مەنسىپىنى ئەلۋەتتە بېرىشلىرى لازىم. ئىنايەت قىلسىلا. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىلا، يۇرت قولدىن كېتىپ ئىشىنىڭ ئاخىرىدىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققۇسى، ئۇ ۋاقىتتا پۇشايماندىن پايدا چىقمايدۇ. دۆلەت قولدىن كېتىپ قالسا، قايتىپ كەلمەيدۇ ...› سۇلتان شەۋكەتئاخۇن بۇ سۆزلەرنىڭ رائىقرار قىلسىمۇ، لېكىن ئەلاخاننىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ مەنسەپنى بېرىشكە ئۇنىمىدى. موللاسالىش ئىمام، تۇڭگانلار سورىدىلەر: ‹ئەلاخاندا مۇنچە قىلغۇدەك زادى قانداق جىنايەت بار؟›، ‹ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆزۈم بىلمەن›. بۇنداق غەزەپ ئۆزگە زىيان قىلىدۇ دەپ بۇلار قايتىپ چىقتىلەر. لېكىن ھەممە چوڭ - كىچىكنىڭ كۆڭلى شەۋكەتئاخۇندىن قالدى» [62].

## 5. ئەلاخان زامانى

ئەلاخان ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ھامان ئىز - دېرەكسىز

يوقالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئەلاخان ئۈچۈن موللاشەۋكەتئاخۇن بىلەن جىددىي سۆزلىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، ئەلاخان غۇلجىغا شەرقتىن بىر يۈز نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان قاش دەرياسى بويلىرىغا مۆكۈنۈۋالدى. ھېلىقى ئەھمەد خوجا بۇ خەۋەرنى كىچىكتۈرمەي موللاشەۋكەتئاخۇنغا يەتكۈزۈپ قويدى ھەم موللاشەۋكەتئاخۇنغا ئادەم ئەۋەتىپ قاش دەرياسى بويلىرىدا ئەلاخاننى ئاختۇرۇپ تېپىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. موللاشەۋكەتئاخۇن قاش دەرياسى بويلىرىغا ئەلاخاننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەندە، ئەھۋال بىردىنلا كەسكىنلەشتى. ئۇلار غۇلجىدىن 50 چاقىرىم نېرىغا بارغاندا سالاھىيىتى نامەلۇم بىر توپ ئادەملەرنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرىدى. موللاشەۋكەتئاخۇن بىلەن ئەلاخان ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش شۇنىڭ بىلەن رەسمىي باشلاندى. بۇنىڭغا ئۇلاپ نۇرغۇن مۇھىم ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار غۇلجىدىن يوشۇرۇن ئايرىلىپ قاش دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ ئەلاخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. 1867 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئەلاخان قاش دەرياسى بويىدا ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ بەشىنچى سۇلتانى بولۇپ سايلاندى. شۇ كۈنى، ئەلاخان بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى. توختىئاخۇن ئەمىرلىككە، موللاروزى باش قازىلىققا، ئابدۇراخمانبەگ، تاھىربەگ، ئابلابەگ، ئابدۇۋاھىتبەگ قاتارلىق كىشىلەر خەزىنىچى بولۇپ تەيىنلەندى ⑭.

ئەلاخان قاش دەرياسىدىن غۇلجىغا قاراپ سەپەرگە ئاتلانغاندا، يۈز نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يولدا ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچراپ باقمىدى. غۇلجا قەلئەسىگە يېقىن جايغا كەلگەندە، ئەلاخاننىڭ ئالدىغا موللاشەۋكەت، ئىمام يۈزبېشى تولەندى باشلىق بىر تۈركۈم نامدار زاتلار چىقىپ داغدۇغىلىق قارشى ئالدى. ئەلاخان بىر تال ئوق چىقارمايلا غۇلجا قەلئەسىگە

كىردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى. ئەلاخان مەزەمزات ھەم پوچى مەھمۇد قىرىلارنىڭ ئۆز سىياسىي رەقىبلىرىگە قوللانغان ئۇسۇللىرىنى تەكرارلىمىدى. پەقەت موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۇرار جايىدىن ئايرىلىشىنىلا مەنئى قىلدى[65].

ھەربىر يول باشچىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھمەد خوجا تېخىمۇ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلۇپ، سىياسىي ئىشلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ئارىلاشماسلىقى بەلگىلەندى[66]. ئەلاخاننىڭ شەخسىي تارىخىغا پۈتۈلگەن يەنە بىر ۋەقە تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئىشنى ئەلاخاننىڭ سىياسىي پائالىيەت دائىرىسىگە ئەلاخاننىڭ يېنىدا سادىر بولغان بىر تاسادىپىي ۋەقە باشلاپ ئېلىپ كىرگەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەلاخان ئەمىر توختىبەگنى زىياپەتكە چاقىرىدۇ. زىياپەتتىن كېيىن توختىبەگ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ كېيىن بىردىنلا قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. توختىبەگ تاماققا ئەلاخان زەھەر سالدى، دەپ گۇمانلاندى. ئېغىر تەشۋىشكە چۈشۈپ قالغان توختىبەگ دەرھال ئۆزى كىچىك دادىسى ئەھمەد خوجىغا خەت ئەۋەتىپ قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا سىياسىي جەھەتتە ئېغىر ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەھمەد خوجا ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بۇ تۇغقىنىنىڭ ھالىغا ئانچىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەنىدى. ئەھمەد خوجىنىڭ مەقسىتى، بۇ ۋەقەنى داۋراڭ قىلىش ئارقىلىق ئەلاخان گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئىدى. ئەھمەد خوجا ئۆز يۇرتى ئارائۆستەڭدە بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلەرنى توپلاپ، غۇلجىغا قاراپ يول ئالدى. . ئۇلار يول بويى: «ئەلاخان ئەمىرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى!» دەپ داۋراڭ سېلىپ غۇلجىغا

يېقىن جايغا كەلگەندە، ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئون مىڭدىن ئاشتى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا دەرۋەقە ھەقىقەتنى ياقىلىغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس، لېكىن قالايمىقانچىلىق ئىچىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش خىيالىدا بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، تاماشا كۆرگۈچىلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. كېلىۋاتقىنى شۇنداق بىر زور ھەم كېلەڭسىز قوشۇن بولغاچقا، ئۇلار ئەلاخان ئەسكەرلىرىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەلاخاننىڭ ئەسكەرلىرى كىمگە ئوق چىقىرىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئەھمەد خوجا غۇلجىغا كىرىش بىلەنلا، ئادەملىرىنى باشلاپ موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ تۇرار جايىغا كېلىپ، موللاشەۋكەتئاخۇننى ھۆرمەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كۆپچىلىككە: «موللاشەۋكەتئاخۇن ئەلاخاننىڭ ئورنىغا چىقتى» دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەھمەد خوجىغا ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلەرگە موللاشەۋكەتئاخۇن نامىدىن بۇيرۇق چىقىرىپ كۆپچىلىكنى ئەلاخانغا جازا يۈرۈش قىلىشقا چاقىردى. بۇ چاغدا پۈتكۈل غۇلجا پاتىپاراقچىلىقتا قالدى. ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئەھمەد خوجىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئەلاخاننىڭ تۇرار جايىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ داغدۇغىسىدىن قورقۇپ كەتكەن ئەلاخاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. ئەسكەرلىكتىن كېلىپ چىققان ئەلاخان بىرنەچچە مەھرەمنى باشلاپ، ئەھمەد خوجىنىڭ ھۇجۇمىنى ئارقىمۇئارقا يەڭدى. شۇ ئارىلىقتا، گايىت ئىسىملىك بىركىچىك بەگ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئەلاخانغا ياردەم قىلغىلى كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي موللا سالىش ئىمام باشلامچىلىقىدىكى بىر قوشۇن كېلىپ ئەھمەد خوجىغا يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا، ئەلاخان ئەمىرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى دېگەن پىتنە ـ ئىغۋالارمۇ بەربات بولدى. توختىبەگدە باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلمىگەن بولۇپ پەقەت

ئىچى قاتتىق سۇرۇپ كەتكەنىدى[67].

قاتتىق ئېلىشىشلاردىن كېيىن، ئەھمەد خوجىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مەغلۇپ بولۇپ قېچىشتى. مالىمانچىلىقتا، ئەھمەد خوجا موللاشەۋكەتئاخۇننى ئېلىپ غۇلجىدىكى تۇڭگانلار مەسچىتىگە قېچىپ كىرىپ پاناھلاندى[68].

مەيلى مەجبۇرىي يوسۇندا بولسۇن ۋە مەيلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان بولسۇن، موللاشەۋكەتئاخۇن ئەمەلىيەتتە ئەلاخاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە قىلىنغان بۇ توپىلاڭغا ئارىلىشىپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئەھمەد خوجا بۇ توپىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئىدى. شۇڭا، ئەلاخان بۇ ئىككىيلەننى ھەرھالدا ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم دۈشمىنى دەپ بىلدى. ئەلاخان تۇڭگان مەسچىتىدىن ئەھمەد خوجا بىلەن موللاشەۋكەتئاخۇننى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يول باشچىسى ياگۇر قاتارلىقلار تەرىپىدىن رەت قىلىندى ۋە دەرھال موللاشەۋكەتئاخۇن بىلەن ئەھمەد خوجىنى كىشىلەرگە بىلىندۈرمەي سۈيدۈڭگە ماڭدۇرۇۋەتتى. «غازات دەر مۈلكىي چىن» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرى يول باشچىسىنىڭ مۇنداق قارارغا كېلىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «تۇڭگانلارنىڭ باشلىقلىرى بۇ ئىككى باشلىقنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىدىن بەك خۇشال بولدى. ئۇلار: ‹ئىككى باشلىق بىز تەرەپكە ئۆتتى، ئەمدى يۇرت بىزنىڭ بولىدۇ. تارانچىلار بىزگە باج بېرىدۇ، دەپ بەتنىيەتلىك قىلىشقا باشلىدى»[69].

بۇ ئابزاسنىڭ تەسۋىرلىرى قارىماققا بەكرەك رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي مەنپەئەتتىن قارىغاندا، «غازات دەر مۈلكىي چىن» دىكى يۇقىرىقى بايان، تۇڭگان قوزغىلاڭچى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆز قارارىنى چىقىرىشتا

كۆزلىگەن مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشتە، مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن بۇيان، ئىلىدىكى تۇڭگانلار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەشتە مۇھىم كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. 1864 ـ يىلى 10 ـ ئايدا غۇلجىدا بىرىنچى بولۇپ ئابدۇررۇسۇلغا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلەر دەل ياگۇر قاتارلىق بىر تۈركۈم تۇڭگان يول باشچىلىرى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، تۇڭگان قوراللىق كۈچلىرى ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئۇلار ئىلى ۋادىسىدىكى ھەممە ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. بولۇپمۇ كۆرە قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالغان بىرقانچە يىل داۋامىدا، تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنى جەڭدە غايەت زور تۆھپە ياراتقان. بۇ جەرياندا، خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىرى 1864 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئابدۇررۇسۇل ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇپ ئىلى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ باشلىقى دەپ بىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئابدۇررۇسۇل، مەزەمزات، موللاشەۋكەتئاخۇنلارمۇ، تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇردى. ياگۇر تۇڭگانلارنىڭ سۇلتانى بولۇپ كەلدى. ياگۇردىن باشقا يەنە ۋەزىر، مىرزىبەگلەر تەيىن قىلىنغانىدى[70].

بىراق شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى بولغان بىلەن، چەك ـ چېگرىسى ئېنىق زېمىن دائىرىسى يوق ئىدى. ياگۇر ئۆزى غۇلجىدا تۇراتتى.

كۆرە ئېلىنغاندىن كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر، موللاشەۋكەتئاـ خۇن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان كۆرەنى تۇڭگان قوزغىلاڭچى

قوشۇنغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئۆزىگە خاس باشقۇرۇش دائىرىسىگە ئىگە بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە، تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنى سۈيدۈڭ بىلەن كۈرەنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ مۇداپىئە بازىسى قىلدى. موللاشەۋكەتئاخۇن بىلەن ئەھمەد خوجا ئەنە شۇنداق شارائىتتا باگۇردىن پاناھ ئىزدەپ تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنى تەرىپىگە ئۆتكەن.

موللاشەۋكەتئاخۇن گەرچە سىياسىي ماغدۇرىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، بولۇپمۇ موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ دىنىي ئوبرازى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھېلىھەم كۈچلۈك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى. ياگۇر موللا شەۋكەتئاخۇننىڭ تەسىر كۈچىگە سۆيۈنۈپ ئەلاخانغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى . 1866 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ياگۇرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سۈيدۈڭ ۋە كۈرەدىن ئاتلانغان زور بىر تۈركۈم تۇڭگان ئەسكەرلىرى موللاشەۋكەتئاخۇن ۋە ئەھمەد خوجىنىڭ باشلامچىلىقىدا داغدۇغا بىلەن غۇلجىغا قاراپ يول ئالدى.

ئەلاخان چىلپەنزىدە ئىستىھكام قۇرۇپ سەپ تارتىپ مۇداپىئەلىنىپ تۇردى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئۇرۇشۇپ، جەڭ قىلىش دائىرىسىنى ھەتتا غۇلجىنىڭ شىمالى، شەرقى قىسىملىرىغىچە كېڭەيتىۋەتتى. ئۇرۇش ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە، تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشكە باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا، ئەلاخان غۇلجىدا ياگۇر قاتارلىق تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ بىرمۇنچە باشلىقلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ ⑪، جۇسەن ئىسىملىك بىر تۇڭگان ئاخۇننى تۇڭگانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى⑫.

ئەھمەد خوجا ئۆز يۇرتى ئارائۆستەڭگە قېچىپ كېتىۋاتقاندا

تۇتۇلدى ۋە ئەلاخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈلدى. موللاشەۋكەتئاخۇن سۇيدۈڭگە قېچىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇۋېلىنىپ، ئەلاخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر تاغارغا سولىنىپ ئىلى دەرياسىغا تاشلىۋېتىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر ئاۋام مۇسۇلمان كۆرەگە يېقىن ساسلىقتا موللاشەۋكەتئاخۇننىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپقان. بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا بىۋاسىتە سەۋەبچى بولغان توختىئاخۇن ئەمىرلىكتىن ئېلىپ تاشلانغان ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن[37].

چىلپەڭزىدىكى ئۇرۇش راسا كەسكىنلەشكەندە، ئەلاخان ئۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن سادىر پالۋاننى ئۇرۇشقا ياردەملىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. سادىر پالۋان: «مەن بولسام قېرىدىم، ئۇرۇش قىلالمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن[74]. بىر مەزگىل داڭقى كەتكەن سادىر پالۋان توغرىسىدىكى يازما ماتېرىيال مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىن سادىر ئۆزىنىڭ مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى ناماز - ئىبادەت ۋە دۇئا - تىلاۋەتكە سەرپ قىلغان.

## 6. چاررۇسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشى

ئەلاخاننىڭ شەخسىي تارىخىدىكى ئەڭ زور بۇرۇلۇش، چاررۇسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشىدىن ئىبارەت بولدى. 1871 - يىلىنىڭ بېشىدا، يەتتەسۇ رايونىدىكى ئالبان قەبىلىسىدىن چولتاباي تازابېك ئىسىملىك سەردار چاررۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئۆز ئاۋۇلىدىكى مىڭچە ئائىلىنى باشلاپ ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كۆچۈپ كېلىپ ئەلاخاندىن پاناھ تىلىدى[75].

شۇ يىلى 5 - ئايدا ئەلاخان چاررۇسىيە يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ

گوبېرناتورى كالپاكوۋسكىنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلدى. چاررۇسىيىنىڭ بۇ ئەلچىسى ئەلاخانغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇبىنى ئالغاچ كەلگەن. خەتتە: «بىر مۇتتەھەم قاراقچى بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىن سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدىكى رايونغا قېچىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان مەزكۇر مۇتتەھەم قاراقچىنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز» دېيىلگەن[76].

ئەلاخان چاررۇسىيە يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورىغا جاۋاب خەت يازغاندا، ئۆزىدىن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن ھەربىر مۇسۇلماننى ئاسراش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئەمەلىيەتتە چاررۇسىيە يەتتەسۇ ئۆلكىسى گوبېرناتورىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. چاررۇسىيىنىڭ ئەلچىسى قايتىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، چاررۇسىيە قوراللىق كۈچ ئارقىلىق ئەلاخاننى بويسۇندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر تارقىلىپ كەتتى. ئەلاخان بۇ خەۋەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن، چاررۇسىيە چېگرىسى ئىچىگە مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتتى. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چاررۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىن ماڭدۇرۇلغان خەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز ئەلاخانغا يەتكۈزۈلۈپ تۇردى. بۇ خەۋەرلەر چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ بولۇخۇگىردە توپلىنىپ بولغانلىقىنى دەلىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چاررۇسىيىنىڭ يەنە بىر بۆلەك قوشۇنى ئىلى ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كەتمەن تېغىغا يۆرۈش قىلماقتا دېگەن خەۋەر تارقالدى. شۇ ئارىلىقتا، بۇ خەۋەرنىڭمۇ راست ئىكەنلىكى دەلىللەندى. 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بولۇخۇگىردىكى چاررۇسىيە قوشۇنلىرى قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە كۆرۈندى. «بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن قورغاسقا

توپلاندى. سېتىۋالدى، باتۇر، ئابدۇل ئەزىز يۈزبېگى، روزى يۈزبېگى، باۋۇدۇن يۈزبېشى، ئەھەت باقى، مەھمۇد توختى سادىق پەھلىۋانى، جاھانباقىلار باشچىلىقىدا ئىككى مازارنى تۇرار جاي قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (ھىجرىيە سامۇل (بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ يەركەت شەھىرى) تەرەپتىن بىر قازاق كېلىپ رۇسلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. سېتىۋالدى، باتۇر باشلىق كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جەم بولۇشۇپ، مەسلىھەت قىلىشىپ، سۇلتانغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ سۇلتانغا خەت يېزىپ تېز يېتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆزلىرى بارلىق كۈچلىرىنى توپلاپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇردى. ئەتىسى ئورۇسلار يېتىپ كەلدى. بۇ بەرەپتىن مازا ۋە بازار ئەسكەرلىرى ھەربىرى غەزەپتىن مەست تۆگىدەك بولۇشۇپ، توپ ـ توپ لەشكەرلەر، تۇڭگانى مۆمىنلەر دەريادەك تولغىنىپ ئورۇسلار بىلەن جەڭگە چۈشۈپ كەتتى، بۇ سوقۇشتا ئەڭ زور قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن باۋۇدۇن يۈزبېشى، قۇربان باقى يۈزبېگى شېھىت بولدى. ناسارا (خرىستىئان دىنىدىكى رۇسلارنى دېمەكچى) لارنىڭمۇ كۆپلىرى ئۆلدى. قازاقلاردىن توررۇسبەگ، ساغرۇق تۇرەبالباي؛ قىرغىزدىن دۇرەتۇرىلەر سېتىۋالدى، باتۇر بىلەن قوشۇلۇپ قاتتىق باتۇرلۇق كۆرسىتىشلىرى نەتىجىسىدە ئورۇسلار مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىسىغا قارىماستىن سامۇل تەرەپكە قوپۇپ قاچتى. نەسرانى ئورۇسلار بىرنەچچە كۈن سامۇلدە تۇرغاندىن كېيىن گېنېرال مايورلىرىنى يىغىپ، چېرىكلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ بىر بۆلۈكنى كەتمەن تەرەپكە ئەۋەتتى. يەنە بىرىنى دۇبۇن تەرەپكە يولغا سالدى. دۇبۇندا ئورۇنلاشقان مۇسۇلمان لەشكەرلىرى بىلەن ناسارالار ئارىسىدا قاتتىق جەڭ باشلاندى. قان دەريا بولۇپ ئاقتى. ئورۇسلار تاقەت قىلىپ تۇرالماي يەنە ئارقىغا چېكىندى.

مۆمىنلەر غەلىبە بىلەن خۇرسەن بولدى. كەتمەن دېگەن يەرگە بارغان ئورۇسلار بىلەن ئىسلام لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش قاتتىق داۋام قىلىپ پۈتۈن كۈن بويى جەڭ قىلىشتى. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى يېڭەلمەي شام ۋاقتى بىلەن ئۇرۇش توختىدى. تۈن يېرىم ۋاقتىدا بىر توپ مۇسۇلمان ئورۇسلارغا شەپ خۇن كېچىلىك ھۇجۇم ياساپ ئورۇس لەشكەرلىرى ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن ناسارانىڭ باشلىرىنى كېسىپ چىقىپ دەرەخلەرگە ئاستى. گېنېرال بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆز كىشىلىرىنى سامۇل تەرەپكەياندۇرۇپ ئېلىپ كەتتى»⑦⑦.

مۇشۇ ئابزاس نەقىل ۋەقەنىڭ جەريانى ۋە بىرمۇنچە تەپسىلاتلار ئۈستىدە تولۇق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ۋەقەلىكنىڭ سادىر بولغان ۋاقتى توغرىسىدا بەزى تولۇقلاشلارنى بېرىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چاررۇسىيە قوشۇنلىرى قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە قىستاپ كەلگەن. 19 ـ كۈنى مازار قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان. 22 ـ كۈنى چاررۇسىيە قوشۇنلىرى ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن چاررۇسىيە چېگرىسى ئىچىگە چېكىنىپ كەتكەن. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چاررۇسىيىنىڭ يەنە بىر تارماق قوشۇنى كەتمەن تاغلىق رايونىنى بويلاپ ئىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇرۇش 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، چاررۇسىيە قوشۇنىنى ئۆز چېگرىسى ئىچىگە چېكىندۈرگەن. بۇ مەزگىلدە، ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇق شىجائىتى ۋە ئۆزىنى قۇربان بېرىش روھىغا رۇسىيىلىكلەرمۇ ئاپىرىن ئوقۇماي

تۇرالمىدى. روسىيەلىكلەر شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىكى، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشۋاتقانلاردىن «تارانچىلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن خەنزۇ، قالماق، قىرغىز (قىرغىز يايلىقىدىكى قازاقلارنى دېمەكچى) ۋە تۇڭگانلارمۇ بار ئىكەن»⑱.

ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ غەلىبىلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەم رولىنى بەكرەك ئۇستۇن كۆرۈپ، چارروسىيە قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە قارا نىيىتىگە سەل قارىغان. شۇ سەۋەبتىن زۆرۈر جەڭ تەييارلىقى، ئېيتايلۇق، ئىستىھكاملىرىنى رۇسلاش، ئوق - دورىنى تولۇقلاش، ئەسكىرىي كۈچىنى تەڭشەش قاتارلىق ئىشلار تۇگەل بىر ياققا قايرىپ قويۇلدى. شۇڭا، چارروسىيە قوشۇنلىرى قايتا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى بىرنەچچە كۈندىن ئىلگىرى قازانغان ھېلىقى غەلىبىلەرنى زادىلا تەكرارلىيالمىدى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چارروسىيە يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورى ئەلاخانغا يەنە بىر قېتىم ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چولتاباي تازا بېكنى دەرھال تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ شەرت ئورۇندالمىسا چارروسىيە قوشۇنى نىڭيۈەن (غۇلجا قەلئەسى) نى ھۇجۇم بىلەن ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەلاخان چارروسىيە يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورىغا جەڭنامە يوللاپ چارروسىيىنىڭ تەلەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلدى ھەم ھەرقانداق ئۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چارروسىيە قوشۇنى قورغاسقا باستۇرۇپ كىردى. 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چارروسىيە قوشۇنى چىڭسىخوزىغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ يەردە چارروسىيە قوشۇنى ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چارروسىيە قوشۇنى سۈيدۈڭگە باستۇرۇپ كىردى. سۈيدۈڭدە، چارروسىيە

قوشۇنى ئەلاخانغا يەنە ئۇلتىماتۇم يوللاپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. ئىگىيۇەن قەلئەسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ 2. ئەلاخان ئۆزى چارروسىيە قوشۇنى تۇرۇۋاتقان يەرگە بېرىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش؛ 3. چولتاباي تازابېكنى تاپشۇرۇپ بېرىش. ئەلاخان چارروسىيە قوشۇنىنىڭ يۇقىرىقى شەرتلىرىگە دەرھال ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى. پەقەتلا كىبىر بېك ئىسىملىك كىشىنى بەش نەپەر ئەمەلدارنى باشلاپ چولتاباي تازابېكنى باغلاپ سۇيدۈڭگە يەتكۈزۈپ چارروسىيە قوشۇنىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەلاخان چارروسىيە قوشۇنىنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ شەرتلىرىگە ئېنىق جاۋاب بېرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن چارروسىيە قوشۇنى سۇيدۈڭدىن غۇلجىغا قاراپ يول ئالدى. 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چارروسىيە قوشۇنى باياندايىنى مۇنىقەرز قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ مەركىزى غۇلجىنى ئىشغال قىلدى. ھەم شۇ كۈنى ئەلاخانىنىڭ سۇلتانلىق ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىۋەتتى. چارروسىيە قوشۇنى نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا تېز ھەم ئاسانلا ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتالىدى؟ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بىرمۇنچە كىشىلەر بۇنىڭدىن شۈبھىلەندى. مۇرەككەپ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «ئىلى تارىخى» نىڭ مۇئەللىپى نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈش بەرگەن: «تۇنۇگۇن كەتمەن ئۇرۇشىدا ئورۇسلارنى قاچۇرغان باھادىر تارانچىلارنىڭ بۈگۈنكى ئۇرۇشتا ھېچ غەيرەت كۆرسەتمەستىن ئەسىر بولۇشىدا ئەلۋەتتە بىر سىر بار ئىدى. مېنىڭچە، سۇلتاندىن كۆڭۈل ئاغرىغان بىشىر بەگ جىلىل ئوغلى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بۇ تەرەپتە زېمىن راسلىغاندىن كېيىن، ئورۇسلارنى چاقىرىپ كەلدى. بۇنداق بولمىسا، كەتمەننى كۆرگەن ئورۇسلار بۇنداق چاپسان يۈرمەس

ۋە بەلكى ئالدىرىمىغان بولۇر ئىدى دېگەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇ گۇمانلارنى شەھەر ئەسكەرلىرىنىڭ تەسلىم ھەرىكىتى ئىسپات قىلغاندەك بۇ بىشرىبەگنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمەتلىرىگىمۇ قايىل. رۇسىيە دۆلىتىدىن بارۇنلۇق دەرىجىسىنى ئېلىشىمۇ تەكىتلىنىدۇ» ⑲.

كېيىنكى كۈنلەردە، چاررۇسىيە ئەلاخاننى ئالمۇتاغا يالاپ ئېلىپ كەتكەندە، غۇلجىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى شەھەرنىڭ سىرتىدا جەم بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ ئەلاخاننى ئۇزىتىپ قويىدى⑳. ئارىلىقتا ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1873 ـ يىلى ياز پەسلىدە، ئەلاخان چاررۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆز يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆز ئەجىلى بىلەن قازا بولدى. جەسىتى تېرەك مازىرىدا دەپنە قىلىندى㉑.

1871 ـ يىلدىن كېيىن ئىلىنى چاررۇسىيە 11 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بېسىۋالدى. ئىلى قوزغىلىڭىمۇ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قوزغىلاڭلارمۇ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەن. ئوخشىمايدىغىنى، ھەبىبۇللا بىلەن راشىدىن ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەن. ئىلى قوزغىلىڭى بولسا رۇسىيە تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن.

## پايدىلانمىلار

① موللا بىلال يۇسۇپ: «غازات دەرمۈلكىي چىن»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە يەشمىسى، 20 ـ، 24 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

② ئىمىنجان باھاۋدۇن: «ئىلى تارىخى»، (ئۇيغۇرچە)، 26 — 27 ـ بەتلەر، مۇشۇ بۆلۈمدە بېسىلغان نۇسخا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

③ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 27 ـ بەت.
④«ئىلى تارىخى» دا 82 مەھەللە دېيىلگەن.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 27 ـ بەت.
⑥«غازات دەرمۇلكىي چىن»، 27 ـ بەت.
⑦يۇقىرىقى كىتابنىڭ 27 ـ بېتىدە 1200 ئات دېيىلگەن؛ «ئىلى تارىخى» 28 ـ بەتتە 2000 ئات دېيىلگەن.
⑧ «ئىلى تارىخى »، 29 ـ بەت.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 24 ـ بەت.
⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 26 ـ بەت.
⑪ «غازات دەرمۇلكىي چىن »، 45 ـ بەت.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 49 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 52 ـ بەت.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 49 — 54 ـ بەتلەر.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 58 ـ بەت.
⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 60 ـ بەت.
⑰ «ئىلى تارىخى»، 32 ـ بەت؛ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 71ـ بەت.
⑱ «ئىلى تارىخى»، 62 ـ بەت؛ «شىۋە يىگىنىڭ باش نازارەتچىسى قوشۇمچە چېرىكچى ئامبىلى كارماگىنىڭ مەكتۇبى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (2 ـ قىسىم) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1890 ـ يىل نۇسخىسى، 114 ـ بەتتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.
⑲ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 71 ـ بەت.
⑳ «ئىلى تارىخى»، 63 ـ بەت؛ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 71 — 72 ـ بەتلەر.
㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 85 — 89 ـ بەتلەر.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 86 — 89 ـ بەتلەر.
㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 93 ـ بەت.
㉔ «ئىلى تارىخى»، 32 ـ بەت.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 66 ـ بەت.
㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 67 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
㉘ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 142 — 143 ـ بەتلەر.
㉙ «ئىلى تارىخى» ، 71 ـ بەت.
㉚ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 162 ـ، 163 ـ، 164 ـ بەتلىرى؛ «چىمەك مۇزۇۋك خاتىرىلىرى»، 126 ـ جىلد، 7 — 11 ـ بەتلەر؛ 127 ـ جىلد، 28— 30 ـ بەتلەر؛ 130 ـ جىلد، 34 — 36 ـ بەتلەر؛ 144 ـ جىلد، 31— بەت، 147 ـ جىلد، 17 — 19 ـ بەتلەر.
㉛ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 180 — 181 ـ بەتلەر.
㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 191 — 192 ـ بەتلەر.
㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 198 ـ بەت.
㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 195 ـ بەت.
㉟ «ئىلى تارىخى» ، 75 ـ بەت.
㊱ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 206 — 706 ـ بەتلەر؛ «ئىلى تارىخى»، 77 ـ بەت.
㊲ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 206 — 207 ـ بەتلەر؛ «ئىلى تارىخى»، 77 ـ بەت.
㊳ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 217 — 218 ـ بەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇ قاتاردا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە يەنە مەگىلىك شاگىپىگى، موللا ھوشۇر، نۇرمۇھەممەد مىگىبېشى، مەنسۇر دورغا يۈزبېشى روزمۇھەممەد قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى». «ئىلى تارىخى» 77 ـ بەت.
㊴ «غازات دەرمۇلكىي چىن» 217 ـ، 219 ـ بەتلەر.
㊵ «ئىلى تارىخى »، 78 ـ بەت.
㊶ «غازات دەر مۇلكى چىن»، 223 ـ بەت.
㊷ «ئىلى تارىخى»، 78 ـ بەت.
㊸ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
㊹ يۇقىرىقى كىتاب، 79 ـ بەت.
㊺ يۇقىرىقى كىتاب، 80 ـ بەت.
㊻ «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 227 ـ بەت؛ «ئىلى تارىخى»، 80 ـ بەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پوچى مەھمۇد قىبرى ئۆز كارىۋىتىدا يۈزبېشى تۇردى تەرىپىدىن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن».
㊼ «غازات دەرمۇلكىي چىن»، 228 ـ بەت.

(48) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 239 ـ بەت؛ «ئىلى تارىخى» ، 81ـ بەت؛ «تارىخىي ھەممىدى» ، 247 ـ بەت.

(49) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 239 ـ بەت.

(50) «تارىخى ھەممىدى» ، 150 — 251 ـ بەتلەر.

(51) «تارىخىي ھەممىدى» ، 251 ـ بەت؛ «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 240 ـ بەت.

(52) «تارىخىي ھەممىدى» ، 251 ـ بەت.

(53) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 256 ـ بەت؛ «تارىخىي ھەممىدى» ، 252 ـ بەت.

(54) «تارىخىي ھەممىدى» ، 252 ـ بەت.

(55) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 258 ـ 260 ـ بەتلەر.

(56) يۇقىرىقى كىتاب، 262 ـ بەت.

(57) «تارىخىي ھەممىدى» ، 81 ـ بەت.

(58) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 276 ـ بەت.

(59) «ئىلى تارىخى» ، 86 ـ بەت.

(60) يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش؛ «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 298 ـ بەت.

(61) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 299 ـ بەت.

(62) يۇقىرىقى كىتابنىڭ 310 — 313 ـ بەتلەر.

(63) يۇقىرىقى كىتابنىڭ 299 ـ 301 ـ بەتلەر.

(64) يۇقىرىقى كىتابنىڭ 310 — 313 ـ بەتلەر.

(65) «ئىلى تارىخى» ، 90 ـ بەت.

(66) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 314 ـ بەت.

(67) «ئىلى تارىخى » ، 92 ـ بەت.

(68) يۇقىرىقى كىتاب، 91 ـ بەت.

(69) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 345 ـ 347 ـ بەتلەر.

(70) يۇقىرىقى كىتاب، 346 ـ بەت.

(71) يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

(72) «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 346 — 347 ـ بەتلەر.

(73) «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى » ، 116 ـ جىلد؛ «خىنەن ئەسكەرلىرى توغرىسىدا خاتىرە» ، 16 ـ جىلد؛ «ئىلى تارىخى» ، 96 ـ بەت.

⑭ «ئىلى تارىخى» ، 96 ـ بەت.
⑮ «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 363 — 364 ـ بەتلەر؛ «ئىلى تارىخى» ، 96 ـ بەت؛ «تارىخىي ھەمىدى» ، 252 ـ بەت.
⑯ «ئىلى تارىخى» ، 96 ـ بەت.
⑰ «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 364 ـ بەت.
⑱ تىرىنتېيېف: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» ، (2 ـ قىسىم) ، شاڭخۇ نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى، 39 ـ بەت.
⑲ «ئىلى تارىخى» ، 102 ـ بەت.
⑳ «غازات دەرمۇلكىي چىن» ، 370 — 371 ـ بەتلەر.
㉑ «ئىلى تارىخى» ، 104 ـ بەت.

# بەشنچي باپ ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياقۇپبەگ باندىتلىرىغا قارشى كۈرىشى

## 1- بۆلۈم ياقۇپبەگ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدە

1877 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ياقۇپبەگ كورلا قەلئەسىنىڭ سىرتىدىكى ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە ئىشلەنگەن بارگاھىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇ يىلى ياقۇپبەگ ئەمدىلا 57 ياشقا قەدەم قويغانىدى①.

«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ ئاپتورى ياقۇپبەگنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى يەكۈنلىگەندە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا قاراشلىق يۇرتلار شەرقتە گۇمۇدى، غەربتە سارىقولغىچە يۈز كۈنلۈك مەنزىل ئىدى. شىمالى مۇز داۋان ۋە زۇك، جەنۇبى قاراڭغۇ تاغقىچە بولۇپ 80 كۈنلۈك يول ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچى بىلەن يەتتە شەھەر② دائىرىسىدىكى چوڭ - كىچىك 34 ھاكىمبەگ باشقۇرۇۋاتقان شەھەرگە ئون تۆت يىل خان بولدى»③.

شەكسىزكى، ياقۇپبەگ شىنجاڭ تارىخىدىكى نۇرغۇن چوڭ - چوڭ ۋەقەلەرگە ئالاقىدار مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى.

## 1. ياقۇپبەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى

ياقۇپبەگنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ياقۇپبەگ. تەكتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇنداق ئاتاشتا ئاتىنىڭ ئىسمى ئالدىغا، بالىنىڭ ئىسمى كەينىگە كېلىپ قالىدۇ④.

ياقۇپبەگ تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى پىسكەنت كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ياقۇپبەگنىڭ بالىلىق دەۋرى توغرىسىدا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ۋەقە يوق دېيەرلىك. ياقۇپبەگ ھەربىر مۇسۇلمان بالىغا ئوخشاش ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئىپتىدائىي مائارىپنى قوبۇل قىلغان. 12 ـ 13 ياشقا كىرگەندە، ياقۇپبەگكە تۇرمۇش يولىنى تاللىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى ياكى مەدرىستە ئوقۇپ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندە «قارى» بولۇش. مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ياش ـ ئۆسمۈرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ دىندارلىق سالاھىيىتىنى تىكلەشنىڭ ئاساسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ بىر خىل ۋاستىسى ئىدى. قارىلىق دەرىجىسىگە ئېرىشكەن كىشى ناۋادا تىرىكچىلىكتە قىيىنىلىپ قالسا، «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىپ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپمۇ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالىغۇدەك تاپاۋەتلەرگە مۇيەسسەر بولالايتتى.

ياقۇپبەگ جەمەتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا، ياقۇپبەگ ئېھتىمال مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ مەدرىستىن ئىبارەت ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئىسلام دىنىي بىلىملىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەرقايسى پەنلەرنى ئۆگىنىپ، بۇخاراغا بېرىپ موللا ئاتالغان بولسا كېرەك. ئەگەر ياقۇپبەگ ئۆزىنى ئىلىمگە ھەقىقىي بېغىشلىغان بولسا مىسىرغا بېرىپ قاھىرە ئەزھەر مەدرىسىدە ئوقۇپ «شەيخ» دەرىجىسىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىراق ياقۇپبەگ بۇ يولدىن ۋاز كەچكەن. ياقۇپبەگ

دەسلەپكى دىنىي ئوقۇشنى تۈگىتىپلا ئەلنەغمىچىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىغان. بۇ ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تەسىرىدە، ياقۇپبەگ نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن بالا ۋاقتىدىلا بەدەن تۈزۈلۈشى راۋۇرۇس، پۈت ـ قوللىرى چەبدەس بولغان ياقۇپبەگ تېزلا پىسكەنت كەنتىدە ئۇسسۇل بىلەن نام چىقارغان. ياقۇپبەگ 16 ياشقا كىرگەن يىلى، مۇھىم بىر بۇرۇلۇشقا دۇچ كەلدى. شۇ يىلى، ياقۇپبەگنىڭ بىر ھەدىسى نارمۇھەممەد ئىسىملىك كىشى بىلەن توي قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، نارمۇھەممەد تاشكەنتنىڭ ھاكىمبېگى ئىدى. تاشكەنت قوقەند خانلىقىدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، قوقەند خانلىقىنىڭ يۈزلىگەن، مىڭلىغان مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئىچىدە نارمۇھەممەدنىڭ ئورنى ۋە ئەمەلىي كۈچى يۇقىرى ئىدى.

يۈكسەك ئىمتىياز ۋە ھوقۇققا ئىگە ھاكىمبەگ بىلەن نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىدىكى بىر ئۇسسۇلچى قانداقمۇ تەڭ ئورۇندا تۇرالىسۇن؟ نارمۇھەممەدنىڭ ياردىمى بىلەن ياقۇپبەگ تاشكەنت ھاكىمبېگىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىغا قوبۇل قىلىنىدۇ ھەم دەھبېشى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ چاغدا، ياقۇپبەگنىڭ بويى ئۆسۈپ قاۋۇل يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئۆزى بولسا پالۋان ئىدى. بۇلارغا ياقۇپبەگنىڭ نارمۇھەممەد بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى قوشۇلۇپ، گەرچە ئۇ بىر دەھبېشى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يۇقىرى ھەم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئىدى.

نارمۇھەممەدتىن كېيىن تاشكەنتكە قانائەتشاھ دېگەن كىشى ھاكىمبەگ بولىدۇ. قانائەتشاھنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تاشكەنتنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتىپ چاررۇسىيىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. قانائەتشاھ يولغا قويغان بىر قاتار تەدبىرلەر ئىچىدە ھاكىمبەگنىڭ

مۇھاپىزەتچى قوشۇننى كېڭەيتىش مەزمۇنىمۇ بار ئىدى. كېڭەيتىپ تەشكىللەنگەن مۇھاپىزەتچى قوشۇندا ياقۇپبەگ يۈزبېشى مەنسىپىگە تەيىنلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. يۈزبېشى بولغان ئوفىتسېرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش ئىدى.

ياقۇپبەگنىڭ كېيىنكى سىياسىي، ھەربىي ھاياتىدا، يۈز بېشى مەزگىلىدە ھاسىل بولغان مىجەز - خۇلقى ھەمىشە كۆرۈنۈپ تۇرغان. بولۇپمۇ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشتا ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى قاتتىق، ۋاستىسى دەھشەتلىك بولغان. يۈزبېشى مەنسىپىدە تۇرغاندا ياقۇپبەگنىڭ خىزمىتى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، قانائەتشاھ باشلىق كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 1844 - يىلى ياقۇپبەگ ئاق مەسچىتكە ئەۋەتىلىپ، شۇ يەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى - ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

ئاق مەسچىت سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، تاشكەنتكە 12 كۈنلۈك يول ئىدى. ھەقىقىي مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر ھەربىي قورغان ئىدى. بۇ قورغان پايانسىز كەتكەن قازاق يايلىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، قورغاننىڭ ئىچىدە ئاق سېغىز توپا بىلەن قوپۇرۇلغان بىر مەسچىت ئۇنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ قورغان «ئاق مەسچىت» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

## 2. ئاق مەسچىت ھاكىمبېگى مەنسىپىدە

مۇشۇ پاراگرافتىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، قوقەند خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قەبىلە، مىللەت ئوتتۇرىسىدا يامان نىيەت بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىش سىياسىي كۈرەشتىكى نورمال ۋاستە بولۇپ قالغان. ياقۇپبەگ ئاق

مەسچىتكە مەمۇرىي باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن مەزگىللەردە، قوقەند خانلىقىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى قىپچاقلار گۇرۇھىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇ گۇرۇھنىڭ باشلىقى مۇسۇلمانقۇل ئىدى. 1850 ـ يىلى مۇسۇلمانقۇل قوقەند قەلئەسىدە بىر كېچىدىلا موللا خالىبېك قۇشبېگى قاتارلىق بىر توپ ئاساسلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى⑥.

نارمۇھەممەد ۋە مەھرەمبېشى كېرىم قۇل، مۇناجىم قۇلبابا قاتارلىق بىر تۈركۈم ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار تاشكەنتتە جەم بولۇپ مۇسۇلمانقۇلنىڭ قىلمىشىنى ئاشكارا ئەيىبلەيدۇ ۋە قوقەند قەلئەسىگە يۈرۈش قىلىپ مۇسۇلمانقۇلنى جازالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمانقۇل پەرغانىدە تۇرۇشلۇق ھەممە قوشۇنلىرىنى يىغىپ تاشكەنتكە ئاتلىنىدۇ. نارمۇھەممەد ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانقۇلغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاق مەسچىتتىكى ياقۇپبەگنى جىددىي چاقىرتىدۇ. ياقۇپبەگ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئالتە كۈندە 12 كۈنلۈك يولنى بېسىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاشكەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن، ياقۇپبەگ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن تاشكەنت قەلئەسى سىرتىدىكى چىلچى دەرياسى بويىدا مۇسۇلمانقۇلنىڭ تۈمەنلىگەن ئەسكىرىنى بىر يولىلا مەغلۇپ قىلىدۇ⑦. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ياقۇپبەگنىڭ ئابرۇيىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مەغلۇپ قىلغىنى داڭقى چىققان مۇسۇلمانقۇل ئىدى.

ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ياقۇپبەگ يەنە بىر قېتىم ئاق مەسچىتكە ئەۋەتىلىدۇ. بۇ قېتىم ياقۇپبەگكە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئاق مەسچىتكە قاراپ كېلىۋاتقان رۇسىيىنىڭ بىر تارماق قوشۇنىنىڭ يولىنى توسۇش ئىدى. ياقۇپبەگ ئاق مەسچىتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، رۇسىيىنىڭ ھېلىقى قوشۇنى ئاللىقاچان ئاق مەسچىتنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانىدى. ياقۇپبەگ نېمە قىلارىنى

بىلەلمەي تۇرۇۋاتقان چاغدا، رۇسىيە ئەسكەرلىرى تۇساتتىن زەمبىرەكنى ئارقىغا بۇراپ ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپقا تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئامالسىزلىقتا قالغان ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاق مەسچىت قەلئەسىگە قاراپ ئاتلىنىپ، قەلئەگە بۆسۈپ كىرىۋالىدۇ⑧. ياقۇپبەگنىڭ بۇ ھەرىكىتى تېزدىنلا رۇسىيە ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان زور غەلىبە دەپ رىۋايەت قىلىنىشقا باشلايدۇ.

رۇسىيە قوشۇنى بىلەن بولغان ھەممىلا جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ كېلىۋاتقان قوقەند قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەنە شۇنداق تاسادىپىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ياقۇپبەگ تەبىئىيكى كاتتا قەھرىمان دەپ قارىلىدۇ. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ياقۇپبەگ دەسلەپتە تاشكەنت قەلئەسىنىڭ سىرتىدىكى چىلچى دەرياسى بويىدا مۇسۇلمانقۇل ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئاندىن ئاق مەسچىت قەلئەسىدە رۇسىيە قوشۇنىنىڭ قورشاۋىنى بۆزۈپ تاشلاپ، ئاق مەسچىت قەلئەسى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگ ئۈچۈن كاتتا شۆھرەت كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ ئۆزىگە يېڭى پۇرسەت يارىتىش ئۈچۈن ئاق مەسچىتتەك چەت ـ ياقىدىكى جايدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، رۇسىيە ئەسكەرلىرى ئاق مەسچىتتىن چېكىنىشى بىلەنلا، ياقۇپبەگمۇ ئاق مەسچىتنى تاشلاپ تاشكەنتكە قايتىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا، تاشكەنتتىكى بىر نەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار قوقەندكە ئەسكەر چىقىرىپ، قىپچاقلار گۇرۇھىنى يوقىتىشنى مەخپىي پىلانلاۋاتاتتى. تاشكەنتتە پەيدا بولۇپ قالغان ياقۇپبەگ بىردىنلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئادىمى بولۇپ چىقىدۇ. «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىشتەك بىر قاتار رەسمىيەتلەردىن كېيىن، ياقۇپبەگ بۇ مەخپىي تەشكىلاتقا قاتنىشىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

«پەرغانە ۋە كاشغەر تارىخى» نىڭ مۇئەللىپى شۇ ۋەقەگە داخىل بولغۇچى يۇنۇسجاننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ: «بىز قوقەند تەرەپكە يۈزلەندۇق. قۇندۇز دېگەن جايدىن ئۆتۈپ، شاھدەن دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. بۇ يەردە قەسىمىمىزنى تەكرارلىدۇق. شاھدەن بازىرىدىن ئايرىلىپ چىل مەھرەم دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، قوقەندكە ماڭغان خوجىكالان تۆرەم، كىرىم مۇختار، مۇھەممەد نەزەرپەرۋانچى، مۆمىن خوجا دادخا (خوجەندنىڭ ھاكىمى) قاتارلىقلارنىڭ ئەلچىلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە مەخپىي يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار بىز بىلەن قۇرئان تۇتۇپ ئەھدى - قەسەم قىلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپ خاتىرجەم بولۇپ ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى. شۇ كۈنى سەيھۇن (سىر دەرياسى) دىن ئۆتۈپ چارباغ تۇرالغۇسىدا قوندۇق. بۇ جايدىن تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى يولغا چىقتۇق. ياقۇپبەگ غازى قوشۇننى باشلاپ ئالدىدا ماڭدى. كۈن چىقىش ۋاقتىدا قوقەند شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى غىرچە سايدا ھازىر بولدۇق. قىپچاقلار ھەم سالام ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىن توپ - توپ بولۇپ چىقىشتى. شۇ چاغدا ياقۇپبەگ غازى بىلەن سىپاھلار توپى ۋە ئەسكەرلەر قىلىچلىرىنى غىلاپتىن چىقىرىپ، مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، شەھەردىن چىققانلارغا قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ياقۇپبەگ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «قىپچاقلارنى ئۆلتۈرەيلى» دەپ بۇيرۇق قىلدى. چۇقان - سۈرەن بىلەن ئەرك (خان ئوردىسى) كە كىرىپ قىپچاقلارنى توسۇپ، قوينى بوغۇزلىغاندەك ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ھەتتا قىپچاقلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن خاننىڭ دەستۇرخانىدا ئولتۇرغانلارنىمۇ تاشقىرىغا ئاچىقىپ ئۆلتۈردى»⑩.

بۇ قېتىمقى قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىشتە، ياقۇپبەگ گەرچە قىرغىنچىلىق ۋە تالان - تاراجغا بىۋاسىتە داخىل بولغان بولسىمۇ، بىراق ياقۇپبەگ ھەمدەملەشكۈچى بولغانلىقتىن مەنسەپ

بۆلۇشكەندە ئاران ياساۋۇللۇق ئەملى نېسىپ بولدى. يېڭى ئەمەل گەرچە ياقۇپبەگنى خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بىلەن بىۋاستە دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، مەركەزدە ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغانلارغا سېلىشتۇرغاندا، ياساۋۇللۇق ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىشقا داخىل بولۇشتىكى مەقسىتىدىن خېلى يىراق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ياقۇپبەگ يەنە يېڭى پۇرسەت ئىزدەشكە باشلىدى.

ياقۇپبەگ داخىل بولغان بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش خۇدايارنى ئۆز ھىمايىچىسى بولغان مۇسۇلمانقۇل بىلەن زىددىيەتلەشتۈرۈپ قويدى. سەۋەب سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلار خۇدايارنىڭ خانلىق ئورنىغا چىقىلمىدى. مۇشۇنىڭ بەدىلىگە خۇدايار مۇسۇلمانقۇلنى خانلىقنىڭ دۈشمىنى دەپ جاكارلىدى.

مەيلى مۇسۇلمانقۇلنىڭ خانلىقتىكى ئەمەلىي ئورنى بويىچە ئېيتايلۇق ۋە ياكى ئۇنىڭ خۇدا يارنىڭ تەختكە چىقىشىدا قوشقان تۆھپىسى بويىچە ئېيتايلۇق، مۇسۇلمانقۇل نەچچە كۈن ئىچىدىلا يۈز بەرگەن بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلالمايدۇ. مۇسۇلمانقۇل جىددىيچىلىكتە توپلىۋالغان زور تۈركۈمدىكى قوراللىق قىپچاق ۋە قىرغىزلارنى باشلاپ زور ھەيۋە بىلەن قوقەند قەلئەسىگە يۈرۈش قىلىدۇ. مۇسۇلمانقۇل باشلاپ ماڭغان قوشۇن يەكسۇدا خۇدايار باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. يازما ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يەكسۇدا بولغان جەڭ قوقەند خانلىقىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەڭ دەھشەتلىك جەڭلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان⑪. خۇدايارنىڭ مەھرىمى بولغان ياقۇپبەگ جەڭ مەيدانىدا ئىزچىل تۇردى. جەڭ نەتىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانقۇل ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغان. ياقۇپبەگ بولسا، خۇدايارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. چۈنكى ئۇرۇش ئەڭ كەسكىنلەشكەندە، خۇدايارغا ياقۇپبەگ: «زادى بولالمىغان چاغنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خاننىڭ

بايرىقىنى ھەرگىز يۆتكىمەسلىك لازىم، ساراسىمىلىكنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دەل ياقۇپبەگنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن خۇدايار جەڭدە غەلىبە قازانغان. بەزى مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، جەڭ گىرەلەشمە ھالەتكە يېتىپ بارغاندىمۇ خۇدايارنىڭ قوماندانلىق ئورنى تەۋرەنمەي تۇرغاچقا، ئەسكەرلىرى قاتتىق ئىلھاملانغان⑫.

ياقۇپبەگنى يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگىنى خۇدايارنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى مەللىبېكنىڭ تاشكەنتتە قىلغان توپىلىڭى بولدى. توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، خۇدايار ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن قوقەند قەلئەسىنىڭ ھاكىمبېگى بىلەن مەللىبېكنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار، دەپ قارىدى. شۇڭا، خۇدايار قوشۇن باشلاپ تاشكەندكە ئاتلىنىش سەپىرىدىلا ياقۇپبەگنى خوجەندكە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى⑬. خوجەندكە ھاكىمبەگ بولۇش ياقۇپبەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىككىنچى قېتىم يەرلىك ئەمەلدار بولۇش ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ خوجەندتىكى ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ ئاق مەسچىتتىكى ۋەزىپىسىگە سېلىشتۇرغاندا، مەيلى باشقۇرۇش دائىرىسى ۋە مەيلى ھوقۇق جەھەتتىن بولسۇن ھەرگىزمۇ تەڭلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ.

## 3. بۇخاراغا تۇنجى قېتىم سەرسان بولۇش

خوجەندتە ياقۇپبەگنىڭ شەخسي بايلىقىنىڭ تېز كۆپەيگەنلىكى بۇ يېڭى ئەمەلنىڭ ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خۇدايار تاشكەنتتىكى توپىلاڭنى تىنچىتىپ بولۇپ، قوقەندكە قايتىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياقۇپبەگ خۇدايارغا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىپ

غەلىبە قىلغانلىقىنى قۇتلۇقلىدى. بۇ سوۋغا ـ سالام توققۇز بالاغەتكە يەتكەن قىرغىز ۋە قازاق قىزى، توققۇز كېلىشكەن بوز يىگىت، توققۇز راۋۇرۇس ئارغىماقلاردىن تەركىب تاپقانىدى⑭. گەپ ـ سۆزلەردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى خۇدايارغا ھېچكىم مۇنچىۋالا ئېسىل، مۇنچىۋالا كۆپ سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلغۇچى بولمىغانىكەن. مۇشۇنداق كاتتا سوۋغا ـ سالام ۋەجىدىن خۇدايار ياقۇپبەگنى كاتتا كۇتۇۋالغان ۋە ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلغان.

ياقۇپبەگنىڭ ئۆرلىشى بەكمۇ تېز بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، كېيىنكى كۈنلەردە خۇدايارنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەر بارا ـ بارا ياقۇپبەگ ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇلار قانداقتۇ ياقۇپبەگ خوجەندتە نۇرغۇن بايلىق توپلىغان، خۇدايارغا تەقدىم قىلغىنى ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرگەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ھەتتا خۇدايارنىڭ ئۆزىگە: «ياقۇپبەگنىڭ مۇنچىۋالا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىشىدا تاشكەنتنىڭ ھاكىمبېگى بولۇش تەمەسى بار» دەپ چېقىمچىلىق قىلغان ھەمدە ياقۇپبەگ ئۆز مۇرادىغا يەتكەن ھامان خاننى غۇلىتىشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلىشقان ⑮.

خۇدايار ئاخىر ياقۇپبەگدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن خۇدايار ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمەيلا ياقۇپبەگنىڭ پۈتكۈل مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى قوقەند قەلئەسىگە تۇتۇپ كېلىپ، قازىخانىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چىقىرىدۇ. ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىن 40 ئەسكەر خۇدايارنىڭ پەرمانى بويىچە خوجەندكە قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىن ئابدۇللا ئىسىملىك يۈز بېشى بۇ خەۋەرنى ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

تۆۋەندىكى نەقىل «تارىخى ھەمىدى» دىن ئېلىندى. ئۇنىڭدا ياقۇپبەگ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىنكى ئىشلار بايان قىلىنغان: «مۇھەممەد ياقۇپبەگ قول ئاستىدىكىلەرگە، دار سەلتەنەت قوقەندتىن مېھمانلار كەلگۈدەك، دەرھال ئالدىغا چىقىپ، ئۇچرىغان يەردىلا زىياپەت بېرىپ، ئاندىن ماڭا ئۇچۇرىنى بېرىڭلار. ئۆزۈم ئالدىغا چىقىپ باشلاپ كېلىمەن دەپ ياساۋۇللىرىنى يولغا سېلىپ، ئۇچ مەنزىلچە بولغان يەرگە ئادەم ئەۋەتتى. بارغان مۇلازىملار ياساۋۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇچۇرىنى بەرگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ يەنە قالغان ئەمىر ۋە يىگىتلىرىنى بۇ ياساۋۇللارغا بېرىپ تۇرۇڭلار، مەن يېرىم كېچىدە ئاتلىنىپ ئارقاڭلاردىن بارىمەن دەپ شەھەرنى خالىي قىلىپ، كونا خىزمەتچىسى ئالاشبىينى ھەمراھ قىلىپ، پۇل ـ نەقدىنەلەرنى يەكدانلارغا قاچىلاپ، كېچە بىلەن يولغا چىقىپ، بۇخارا شەھىرىگە راۋان بولدى. خان ھەزرەت ئەۋەتكەن ياساۋۇللار ياقۇپبەگ چىقماپتۇ، نېمە ھادىسە بولغاندۇر دەپ شەھەرگە كەلسە، ئۇنىڭدىن ئەسەر ـ نىشانمۇ يوق. ياساۋۇللار خان ھەزرەتنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ياقۇپبەگنى قوغلاپ سىر دەرياسىنىڭ بويىدا كەينىدىن قوغلاپ يەتتى. ياقۇپبەگ بىر نەچچە ئۆشكىنى تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپ تەييارلىغانىكەن. ئۇ بۇ تۇلۇملارنىڭ ئىچىگە پۇۋلەپ يەل توشقۇزۇپ، ئاغزىنى مەھكەم قىلىپ ئېتىپ، ئۇستىگە چىقىپ، ئاتلىرىنى ئۇزدۇرۇپ، خەتەرلىك دەريادىن خەتەرسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللار بولسا دەريادىن ئۆتەلمەي، نائىلاج يېنىپ كەپتۇ. ياقۇپبەگ تىنچ ـ ئامان بۇخاراغا بېرىۋاپتۇ» ⑯.

بۇ چاغدا تاشكەنتتە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ چىققان مەللىبېكمۇ پاناھ ئىزدەپ بۇخارادا تۇرۇپ قالغانىكەن. ياقۇپبەگ ئۆز خىزمەتكارى ئالاشبىيى ئارقىلىق مەللىبېك بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە مەللىبېك قوقەند

خانلىقىنى ئىلكىگە ئالغاندا، بۇ مۇناسىۋەت ياقۇپبەگنىڭ قوقەند سىياسىي سەھنىسىگە يېڭىۋاشتىن چىقىشىغا ئۇچۇن ئاساس سالىدۇ.

1857 - يىلى خۇدايار پەرمان چىقىرىپ مەللىبېكنىڭ قىلمىشىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئاغا - ئىنى ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. خۇدايارنىڭ ئەلچىسى مۇشۇ پەرماننى ئېلىپ بۇخاراغا يېتىپ كەلگەندە، كونى ئاران ئۆتتۈۋاتقان مەللىبېك خۇدايارنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى دەرھال ئىزھار قىلىدۇ ھەم ئۇزاق ئۆتمەيلا، قوقەند ئەلچىسى بىلەن بىللە قوقەندكە قايتىپ، ئاكىسى خۇدايارنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ⑰.

مەللىبېكنىڭ قىلمىشىنى كەچۈرۈم قىلىش خۇدايار يولغا قويغان كەچۈرۈم پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇ قاتاردا، ياقۇپبەگكە ئوخشاش زور بىر تۈركۈم مۇھىم ھەربىي - مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىشىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» دىكى شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ياقۇپبەگنىڭ خوجەندتە بۇخارا قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلاردىن، ياقۇپبەگنىڭ مەللىبېكتىن كېيىنلا قوقەندكە قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە يېڭىۋاشتىن خوجەند ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ⑱.

## 4. بۇخاراغا ئىككىنچى قېتىم سەرسان بولۇش

1858 - يىلى خۇدايار ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق زىياپەتتە، مەللىبېك خاننىڭ يېنىدىكى يامان ئادەملەرنى يوقىتىمەن دېگەن باھانە بىلەن مىرزائەھمەدبەگ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەمەكچى بولۇپ مۇرادىغا يېتەلمىگەنلىكتىن، قوقەند قەلئەسىدىن يەنە بىر قېتىم قېچىپ چىقىپ كەتتى⑲. ئوشقا قېچىپ كەلگەن مەللىبېك

ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، ھاكىمىيەتنى ئىلكىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1858 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەللىبېك خۇدايار ئەۋەتكەن قوشۇنىنى ئارقىمۇئارقا مەغلۇپ قىلىپ، قوقەند قەلئەسىگە بارا ـ بارا قىستاپ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، خۇدايار قوقەند قەلئەسىنى تاشلاپ پاناھ ئىزدەپ بۇخاراغا چىقىپ كەتتى، مەللىبېك قوقەند قەلئەسىدە خان بولغانلىقىنى جاكارلىدى[20].

ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ بۇخارادا مەللىبېك بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ خوجەند قەلئەسىنىڭ ھاكىملىقىدا تۇرۇۋەردى.

بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، «مەللىبېك تەرسا، ئاچچىقى يامان، قەھىرلىك ئادەم ئىدى. ئازغىنە ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن كايىپ كېتەتتى. مەسىلەن، بىر قاچا قىمىزنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئەمىرلەشكەر موللا ئالىم قۇلدەك سادىق كىشىگە غەزەپ قىلىپ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىغان»[21].

گەرچە، ياقۇپبەگ ھەممە ئىشتا مەللىبېككە قاتتىق ئىتائەتمەن بولسىمۇ، گۇمانخورلۇقتىن خالىي بولالمىدى. بەزىلەر مەللىبېككە: «ياقۇپبەگ خوجەندتە ئوزۇق ـ تۈلۈك جۇغلاپ ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەۋاتىدۇ» دەپ چېقىشتۇرغاندا، مەللىبېك ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىشىدىن چوقۇم باشقا نىيەت بار دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ياقۇپبەگ بۇنى ئاڭلىغان ھامان پاناھ ئىزدەپ بۇخاراغا يەنە بىر قېتىم قاچىدۇ. ياقۇپبەگ ئىشتىن ئاۋۋال يول بويى نۇرغۇن ئات تەقلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇخاراغا قېچىپ بېرىش جەريانىدا ئات ـ ئۇلاغدىن ئانچە قىينىلىپ قالمايدۇ[22]. بۇ قېتىم ياقۇپبەگنىڭ ئىككى خىزمەتكارى، يەنى ئالاشبىيى ۋە مۇھەممەد بابا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدۇ.

ياقۇپبەگ بۇخاراغا قېچىپ بارغاندا، مەللىبېكنىڭ بۇخارا ئەمىرىگە ئەۋەتكەن مەكتۇبىمۇ بۇيەرگە يېتىپ كېلىدۇ. مەللىبېك خېتىدە ياقۇپبەگنى سېسىق نامى پۇر كەتكەن جىنايەتچى دەيدۇ

ھەم تەھدىت تەلەپپۇزىدا: «ياقۇپبەگنىڭ ئىشى ئۈچۈن بۇخارا خانلىقى بىلەن قوقەند خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن» دەپ ئاگاھلاندۇردى[23].

بۇخارا دائىرىلىرى ياقۇپبەگنىڭ ئىز - دېرىكىنى تاپقان ھامان دەرھال ئۇنى قولغا ئالدى ۋە زىندانغا تاشلىدى. ياقۇپبەگ بۇخارا زىندانىدا قامىلىپ سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۇخارا ئەمىرلىكى شەھىرى سەبزگە ئەسكەر تارتتى. بەزىلەر بۇخارا ئەمىرىگە ياقۇپبەگنىڭ جەڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنى ئىشقا قويۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ، بۇخارا ئەمىرى ياقۇپبەگكە پانسات ئۇنۋانى بېرىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. سەبز ئۇرۇشىدا ياقۇپبەگنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا بۇخارا ئەمىرلىكى تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىدۇ.

1862 ـ يىلى يازدا مەللىبېك ئوردىسىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى پىلانلىغۇچى موللا ئالىم قۇل ئىدى. پىلاننى ئىجرا قىلغۇچى شادىمان خوجا ئىسىملىك مىڭبېشى ئىدى. مەللىبېك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن نەمەنگاننىڭ سابىق ھاكىمى مۇراتبەگ قوقەند خانلىقىنىڭ يېڭى خانى قىلىپ تىكلىنىدۇ. شادىمان خوجا ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ[24].

تاشكەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى مىڭبېشى ئۇنۋانىغا ئىگە قانائەتشاھ تاشكەنتتە باشلامچى بولۇپ بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى چىققان ھەم ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق قوقەند خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى قوقەند قەلئەسىگە يۈرۈش قىلىپ موللا ئالىم قۇل قاتارلىق كىشىلەرنى جازالاشقا چاقىرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە قانائەتشاھ بۇخاراغىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ، بۇخارادا پاناھلىنىۋاتقان خۇدايارنى مەخپىي يوسۇندا تاشكەنتكە ئېلىپ كېلىدۇ. بىر مەزگىللىك تەييارلىقلاردىن كېيىن قانائەتشاھ تاشكەنتتە خۇدايارنىڭ ئاللىقاچان قوقەند خانلىقىنى ئىگىلەپ

بولغانلىقىنى، خانلىقتىكى لەشكەر ۋە خەلقنىڭ چوقۇم يېڭى خاننىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېلان قىلىدۇ㉕.

قانائەتشاھ قوقەند شەھىرىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلارغا قارشى چىقىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىغاندىن كېيىن، بۇخارادا تۇرۇۋاتقان ياقۇپبەگ قوقەندتىكى سىياسىي ئۆزگىرىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ خۇدايارنىڭ تاشكەنتتە خانلىق تەختكە چىققانلىقىدىن رەسمىي خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇخارا قوشۇنىدىن ئايرىلىپ خۇدايارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا نىيەت باغلايدۇ. بۇ قېتىم ياقۇپبەگ ئوچۇق - ئاشكارا قېچىپ كېتىشتەك ئۇسۇلنى قوللانماي ئۆزىنىڭ باشلىقىغا ئۆزىنىڭ سەمەرقەندكە بېرىپ ئەۋلىيالار مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، سەدىقە تارقىتىپ، بۇخارا ئەمىرى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ رۇخسەت سورايدۇ. بۇ چاغدا، سەبز ئورۇشى ئاللىقاچان ئاياغلىشىپ، بۇخارا ئەمىرلىكى دائىرىسىدە چوڭراق ھەربىي ھەرىكەتلەر بولمىغاچقا، ياقۇپبەگنىڭ تەلىپى تېزدىنلا تەستىقلىنىدۇ. ياقۇپبەگ بەلگىلەنگەن يول - مەنزىل بويىچە سەمەرقەندكە يېتىپ كېلىپ، سەمەرقەندتە مازارنى تاۋاپ قىلىپ، نۇرغۇن سەدىقىلەرنى تارقىتىپ، ئوچۇق - ئاشكارا سورۇنلاردا بۇخارا ئەمىرى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئىككى - ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن بىر كېچىدىلا ئۆزىنىڭ بىرقانچە يېقىنلىرىنى باشلاپ ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي سەمەرقەندتىن ئايرىلىپ تاشكەنت تەرەپكە قاراپ يول ئالىدۇ㉖.

ياقۇپبەگنىڭ بۇ قېتىمقى سەرسانلىق سەرگۈزەشتىسى توغرىسىدىكى مەلۇمات «تارىخىي ھەمىدى» دە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ياقۇپبەگنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بۇخارا ئەمىرى دەرھال خۇدايارغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن. بۇ مەكتۇپنىڭ تەلەپپۇزى ئەينى يىللاردا مەللىبېكنىڭ بۇخارا

ئەمىرىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى㉗.

بۇخارا ئەمىرىنىڭ تەلىپىگە خۇدايارنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بار ماتېرىيالدىن مەلۇم بولۇشىچە، خۇدايار ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان دائىرىدە ياقۇپبەگكە خېلى چوڭ بىر قەلئەنى تاپشۇرۇپ، ئۇنى شۇ قەلئەنىڭ ھاكىمى قىلغان. بۇ قەلئە سىر دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، كىراۋچى دەپ ئاتىلاتتى㉘.

ياقۇپبەگ ھاكىم بولغان خوجەندكە سېلىشتۇرغاندا، كىراۋچى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر جاي ئىدى. لېكىن خۇدايارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى بويىچە ئېيتقاندا، كىراۋچى خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۆتەڭ بولۇپ، تاشكەنتكە بېرىشتا جەزمەن ئۆتىدىغان جاي ئىدى.

## 5. موللا ئالىم قۇلنىڭ خىزمىتىدە بولۇش

خۇدايارنى قانائەتشاھبەگ يېڭى خان دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، بىراق خۇدايارغا مەنسۇپ زېمىن دائىرىسى تاشكەنت بوستانلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. قوقەند خانلىقىغا تەۋە زېمىننىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا موللا ئالىم قۇل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. خۇدايارنى قانائەتشاھ بەگ يېڭى خان دەپ جاكارلاپ تۆتىنچى كۈنى، موللا ئالىم قۇل تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان مۇراتبەگنىڭ نامىدىن خۇدايارنى خانلىقنىڭ دۈشمىنى دەپ ئەيىبلەپ، پۈتۈن خانلىقنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى يوقىتىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھەرقايسى جايلاردىن توپلانغان قوشۇنلار موللا ئالىم قۇلنىڭ قوماندانلىقىدا تاشكەنتكە يۈرۈش قىلىدۇ. موللا ئالىم قۇل باشلاپ ماڭغان قوشۇن ياقۇپبەگ ھاكىملىقىدىكى كىراۋچىدا تۇنجى قېتىم كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. خۇدايار

بىلەن قانائەتلەنمىگەن تاشكەنتتە ياقۇپبەگنىڭ بۇ جەڭ نەتىجىسىگە تەنتەنە قىلىشقانىدا، ياقۇپبەگ تويۇقسىز قوشۇن باشلاپ موللا ئالىم قۇلغا تەسلىم بولىدۇ㉙.

مۇكاپاتلاش ھېسابىغا موللا ئالىم قۇل خوجەند قەلئەسىنى ياقۇپبەگنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە موللا ئالىم قۇلنىڭ خۇدايار قاتارلىق كىشىلەرگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇشى ئانچىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتالمايدۇ. سەۋەبى بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ قوشۇنلىرى كېيىنكى كۈنلەردە قوقەند زېمىنىغە باستۇرۇپ كىرىپ، خۇدايارنى ئوچۇق - ئاشكارا قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنىدى.

بۇخارا قوشۇنى قوقەند زېمىنىدىكى تۇنجى جەڭنى خوجەندتە باشلايدۇ. يەرلىك پۇقرالار ھەمكارلىشىپ بېرىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياقۇپبەگنىڭ كۆرسەتكەن قارشىلىقى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ياقۇپبەگ ئۆز خوجايىنىدىن ۋاز كېچىپ، بۇخارا قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ خۇدايارنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ㉚.

بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي بۇخارا قوشۇنى قوقەند زېمىنىدىن چېكىنىدىغان چاغدا، ياقۇپبەگ خۇداياردىنمۇ يۈز ئۆرۈپ قايتا موللا ئالىم قۇلنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ㉛.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياقۇپبەگنىڭ مۇھىم ئىش - پائالىيىتى موللا ئالىم قۇلغا ئەگىشىپ خۇدايار ھەم ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا قارشى ھەر خىل كۆلەمدە ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، ياقۇپبەگكە ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر قاتار ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. جۈملىدىن ئەڭ مۇھىم ئىش شۇ بولدىكى، ئالىم قۇل دىققەت - ئېتىبارىنى ئېلىمىزدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قارىتىشقا باشلىدى. چاررۇسىيىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن، قوقەندنىڭ غەربتىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسى بارا - بارا ئۈزۈلۈپ قالدى. يېڭى

ئالاقىلىشىش يولى ئىزدەش ئۈچۈن موللا ئالىم قۇل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئىگىلىكى ئارقىلىق چەت ئەل بىلەن يېڭى ئالاقە ئورنىتىش كويىدا بولدى. موللا ئالىم قۇل تۈركىيىگە ئەۋەتكەن تۆنجى ئەلچى شەيخ ئىسلام مۇھەممەد خوجا ئىشان ئىبلىمىزنىڭ شىمالى ئىگىلىكى ئارقىلىق ئىستانبۇلغا كېتىۋېتىپ، يەكەندە توسۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن «قەشقەر تارىخى» نى يادقا ئوقۇپ داڭقى كەتكەن ھېلىقى مۇھەممەد يۇنۇسجاننى موللا ئالىم قۇل ئىبلىمىزنىڭ قەشقەردىكى يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغان ھەمدە بىرقانچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلغان. ئىبلىمىزدىكى سەمەن قەلئەسىنىڭ ھاكىمى قاسىم قوقەندتە جاۋابەن زىيارەتتە بولۇشقا ئەۋەتىلگەن. كېيىنكى كۈنلەردە، موللا ئالىم قۇلنىڭ ئەنگلىيە، تۈركىيە، ئافغانىستان، كەشمىر ۋە ھىندىستانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق ئۆز مەنزىلگە يېتىپ بارغان㉜.

مۇھەممەد يۇنۇسجاننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئېرىشكەن دىپلوماتىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى موللا ئالىم قۇل ئۈچۈن قالتىس ئىلھام بولدى. مۇھەممەد يۇنۇسجان شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پېقىر مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كاشغەردىن يۇرۇپ مۇھەررەمنىڭ ئاخىرى، بەلكى سەپەر ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئامان - ئېسەن قوقەند سەلتەنەت ئوردىسىغا كىردىم. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسىنى ۋە يوللىغان سوۋغا - سالاملىرىنى خاننىڭ ۋە ئەمىرنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدۈم. ئەمىرلەشكەر چەكسىز خۇرسەن بولۇپ تەشەككۈر ئېيتىپ، پېقىرغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى. جۈملىدىن ئەمىرلەشكەرنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن «بىز ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق لاياقەت ۋە مۇۋاپىق خىزمەتلىرىدىن چەكسىز خۇشال بولدۇق، ئەمما، خېلى ئۇزۇن زامان ئۇ يەردە (كاشغەردە) لازىم بولمىغان

ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، غەنىيمەت پۇرسەت بۇ جايدا ئۆتۈپ كەتتى. تۈركىستان بىزنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كەتتى، يەنى رۇسلارنىڭ نىجىس ئەسكەرلىرى بالا - قازادەك يۈز كەلتۈرۈپ ئەۋلىيا ئاتا ۋە تۈركىستاننى بېسىۋالدى. ئۇ جايدىكى ئىسلام قوشۇنىنىڭ بەزىسى رۇسلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلدى ۋە بەزىلىرى قېچىپ كەتتى، دېگەن سۆزلەرنى سۆزلىدى. پېقىر ئەمىر - لەشكەرنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋابەن بەزى كۆڭۈللۈك سۆزلەرنى ئېيتىپ، ھال - تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويدۇم. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسىنى ھەم ھۆرمەت - ئېھتىرام ۋە مېھرىبانلىق بىلەن كۈتۈپ خۇش قىلىپ تېز ئارىدا قايتۇردۇق»[33].

ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇھەممەد يۇنۇسجان شۇ چاغدا موللا ئالىم قۇلنىڭ مۇددىئاسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد يۇنۇسجان ئۆز بايانىدا موللا ئالىم قۇلغا تەسەللى بەرگەنلىكىنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ - يۇ، موللا ئالىم قۇلنىڭ سۆزىدە ئىپادىلەنگەن سىياسىي غەرەزلەرگە، يەنى چارروسىيە كۈندىن - كۈنگە قىستاپ كېلىۋاتقان شارائىتتا موللا ئالىم قۇلنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى يېڭى بىر چىقىش يولى دەپ قاراۋاتقانلىقىغا سەل قارايدۇ. موللا ئالىم قۇلنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى مۆلچەرىنى توغرا بولۇپ چىقتى، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، كېيىنكى قىسقىغىنە بىرقانچە يىلدا چارروسىيە قوشۇنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوقەندنىڭ شىمالىدىكى بىرمۇنچە قەلئە ۋە بازارلارنى ئىشغال قىلىۋالغان ھەم زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تاشكەنتكە قايتا - قايتا ھۇجۇم قوزغىغان[34].

## 6. قەشقەرگە يۈسۈپ كىرىش

مۇشۇ چاغدا، كۇچادىن باشلانغان كەڭ كۆلەملىك قوراللىق

قوزغىلاڭ تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىدا كېڭىيىشكە باشلىدى. بۇ خەۋەر قوقەندكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، موللا ئالىم قۇل كۆڭلىدە پىلانلاپ قويغان ھېلىقى پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ ئىشقا بىۋاستە قاتناشقانلاردىن موللا ئالىم قۇلدىن باشقا يەنە مۇھەممەد يۇنۇسجان بىلەن ياقۇپبەگمۇ بار بولۇپ، ئۇرنى تاشكەنت ئىدى.

مۇھەممەد يۇنۇسجان «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورىغا مۇشۇ ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ جەرياندىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئەمىرلەشكەر كاشغەر شەھىرىنىڭ قىياپىتى ۋە ئۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ رايىشلىق ھەم ساداقەتمەنلىك جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈردى ھەمدە ماڭا يەنە قەشقەرنى ئىگىلەش غەرىزىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بىر كۈنى ئەمىرلەشكەر توساتتىن ئۈچ كۈنگىچە ھېچكىمنى قوبۇل قىلمىدى. ھېچكىممۇ ئۇنى ئاۋارە قىلالمايتتى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە يالغۇز پېقىرلا كەلگەن ئەرز ـ مەكتۇبلارنى ئۇنىڭغا ئەكىرىپ بېرىپ كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. مەندىن باشقا ھېچبىر كىشى ئەمىرلەشكەر بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئەمما، جانابى ياقۇپبەگ غازى بۇ ئىشتىن بەك قورقۇپ ۋە ئەندىشە قىلىپ پەقىرنىڭ قېشىغا كېلىپ ماڭا يېلىنىپ: ‹ئەي جان بۇرادىرىم، خۇدا ھەققى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، بۇ يەردە زادى نېمە ئىش بولدى؟ نېمە ۋەقەلەر بولۇۋاتىدۇ؟ نېمىشقا ئۈچ كۈندىن بېرى ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدۇ؟›، دەپ سوراپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا: ‹ئەمىرلەشكەر ھازىر سىزنى قەشقەر ۋە ئالتە شەھەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەشنى ئويلىشىۋاتىدۇ، بۇ شەپقەتلەر سىزنى خان تاجىدىنمۇ ئۈستۈن ئابرۇيغا ئىگە قىلغۇسى. مانا بۇ ئەمىرلەشكەرنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى ئويلاۋاتقان ئىشى، بۇلارنىڭ جانابىڭىزغا ھېچبىر زەرىرى يوق دەپ، بۇ ئىشنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قەسەم بەرگىنىمدىن

كېيىن ياقۇپبەگ غازى ئاندىن خاتىرجەم بولدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەمىرلەشكەر بارلىق ئەلەمدار - قەلەمدار مۇھىم ئەربابلارنى يىغىپ قەشقەرنىڭ ئىشىنى مۇزاكىرە قىلدى. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئويلىرىنى بايان قىلىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەمىرلەشكەر ياقۇپبەگنى بۇزرۇك خان تۆرە بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بولغان بۇزرۇك خان تۆرەمگە ئەمىرلەشكەر: «مەن سىزنى قەشقەرنىڭ خانى قىلىپ تەيىنلىدىم، بىراق دۆلەتنىڭ بارلىق چوڭ ئىشلىرىدا، مەسىلەن مالىيە كىرىم - چىقىم، ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئەمەلدار تەيىنلەش قاتارلىق ئىشلاردا ياقۇپبەگ غازى ئۆزى قارار چىقىرىدۇ. ياقۇپبەگ غازى بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا باشقىلارنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماسلىقى لازىم. جانابىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ خان دېگەن نامىڭىزغا رازى بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتىنى چاغ ئۆتكۈزگەيسىز» دېدى»㊸.

يۇقىرىدىكى نەقىلنىڭ باش قىسمىدا سۆزلەنگىنى موللا ئالىم قۇلنىڭ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنى تاللىۋالغانلىق جەريانى، كېيىنكى قىسمىدا سۆزلەنگىنى موللا ئالىم قۇلنىڭ ياقۇپبەگنى قەشقەرگە ئەۋەتىش جەريانى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، موللا ئالىم قۇلنىڭ بۇزرۇك بىلەن ياقۇپبەگكە ئايرىپ بەرگەن ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدىكى بايانلاردۇر.

مۇشۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن مۇھەممەد يۇنۇسجان ئۆز بايانلىرىنىڭ راستلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مۇنۇ ئىككى ئىشنى قوشۇمچە قىلغان. ئۇنىڭ بىرى، بۇزرۇك شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە تىلخەت بېرىپ ھەممە ئىشتا ياقۇپبەگنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن؛ يەنە بىرى، موللا ئالىم قۇل ئۆزى

مىنىپ يۈرگەن ئاتنى ياقۇپبەگكە تەقدىم قىلىپ ئۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.
ياقۇپبەگنىڭ قوقەندتىن قەشقەرگە يوشۇرۇن كىرىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئامىل ۋە جەريان توغرىسىدا «تارىخىي ھەمىدى» دە باشقىچىرەك پىكىر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى بىر بۆلەك خاتىرە ياقۇپبەگنىڭ ئىككىنچى قېتىم بۇخارادىن قاچقان ۋاقتىدىن باشلاپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئاساسىي ئەھۋاللار مۇنداق: «ياقۇپبەگنىڭ ئىككىنچى قېتىم قوقەندتىن قېچىشى مەللىبېكنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ياقۇپبەگنى قوقەند دائىرىلىرى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇخارا دائىرىلىرى قوقەند بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ياقۇپبەگنى دەرھال تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى. بۇ ئىشلار سەل بېسىقْقاندىن كېيىن بۇخارا خانى مۇزەپپەرنىڭ يول قويۇشى بىلەن ياقۇپبەگ بۇخارا قوشۇنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، سەبز قەلئەسىدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. دەل مۇشۇ چاغدا، مەللىبېك باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن، قوقەندتە تاشكەنتتىكى قانائەتشاھ بىلەن ئالىم قۇلدىن ئىبارەت ئىككى ھەربىي گۇرۇھ شەكىللەنگەن. قانائەتشاھ خۇدايارنى خان قىلىپ تىكلىگەن. موللا ئالىم قۇل بولسا شامۇرات خوجىنى خان قىلىپ تىكلىگەن. ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇخارادىن قېچىپ چىقىپ ئاۋۋال خۇدايار تەرەپكە ئۆتكەن. كېيىنكى كۈنلەردە موللا ئالىم قۇل بۇخاراغا ئۆزئارا ھەمدەملىشىش تەكلىپىنى قويغاندا، بۇخارا دائىرىلىرى ياقۇپبەگنى جازالاپ بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. مانا شۇنداق شارائىتتا موللا ئالىم قۇل ياقۇپبەگنى قەشقەرگە ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇخارا دائىرىلىرىنىڭ سورۇشتۇرۇشىدىن ساقلاپ قالغان»㊱.
«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ مۇئەللىپى بۇخارا خانى

مۇزەپپەرنىڭ موللا ئالىم قۇلغا يازغان خېتىنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق ئۇز خاتىرىسىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ئاشۇرغان. موللا مۇسا سايرامى مۇشۇ پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ياقۇپبەگنى نائىلاج قوقەندتىن ئايرىلىپ قەشقەرگە كەلگەن، دەپ قارىغان. بۇنىڭ دەلىلى سۇپىتىدە موللا مۇسا سايرامى بۇزرۇك بىلەن ياقۇپبەگ بۇلۇنۇپ ئوش شەھىرىگە كەلگەن چاغدىكى ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلغان: «بۇ ئەرز يېتىپ كەلگەندىن كېيىن موللا ئالىم قۇل بۇزرۇكخان تۆرەمنى تەيىن قىلىپ قەشقەرگە بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا تۇرۇپ خوجا ياساۋۇلبېشى، ئابدۇللا يۈزبېشى، غازى يۈزبېشى قاتارلىق يۈزدەك ئادەمنى قوشتى. بۇلار ئوش دېگەن جايغا كەلگەندە، ئەزىزبەگ جاللات، ياقۇپ كاناي باشلىق يەنە يۈزدەك ئادەم قوشۇلدى»㊲.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇزرۇكخان ئوشتىن ئايرىلىپ داۋان دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ياقۇپبەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ بۇزرۇك بىلەن ئۇچراشقان. «تارىخىي ھەمىدى» دە ياقۇپبەگ بۇزرۇك بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق يېزىلغان: «ياقۇپبەگ بۇزرۇك خان تۆرەمگە داۋان ئۇستىدە يېتىشىۋالدى. خان تۆرەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلگىنىگە ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ھەممە يىگىتلىرىنى قوشبېگىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. نەتىجىدە بۇزرۇك خان تۆرەم تۆرىلىك مەنسىپىدە، قوشبېگى خىزمەتكار ئورنىدا بولۇپ، مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ قەشقەر تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ تارىخى ھىجرىيە 1281 ـ يىل (مىلادىيە 1864 ـ 1865 ـ يىلى — ت) جەددىي (ئوغلاق ـ ت) قىش پەسلى ئىدى»㊳.

«تارىخىي ھەمىدى» بىلەن «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» دا ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە يوشۇرۇن كىرىش جەريانى بايان قىلىنغاندا، گەرچە بۇ ئەھۋاللارغا بولغان تەسۋىرلەر زىت

بولسىمۇ، لېكىن بۇزرۇك بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ئېنىق ئوخشاشلىق بار. مەسىلەن، «تارىخىي ھەمىدى» دە «بىر كۈنى كېچىدە موللا ئالىم قۇل ياقۇپبەگنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا بۇخارا خانى ئەۋەتكەن خەتنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: سىزنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىدە تۇرۇشىڭىز ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. مەسلىھەتنىڭ ياخشىسى شۇكى، مەن سىدىقبەگنىڭ ئىلتىماسى بويىچە بۇزرۇكخان تۆرىنى قەشقەرگە ماڭدۇردۇم. خوجىلار يۇرتدارچىلىقنىڭ قائىدىسىنى ۋە ئەمەلدارلىق ئىشلىرىنى بىلمەيدۇ، سىز دەرھال بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قەشقەرگە بېرىڭ. مەن سىزنى قوشبېگى قىلىپ تەيىنلىدىم»[39] دەپ بايان قىلغان.

بۇزرۇكخان بىلەن ياقۇپبەگ قاتارلىقلار قەشقەر چېگرىسىغا يېقىن كەلگەن چاغ قىش پەسلىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ 1865 ـ يىل 1 ـ ئاي ئىدى. تۈرلۈك ئامىللار سەۋەبىدىن (جۈملىدىن ھاۋا كىلىماتى سەۋەبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قاپلىغان سىياسىي داۋالغۇشلار، ھەربىي توقۇنۇشلار بارا ـ بارا پەسىيىشكە باشلايدۇ. بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياقۇپبەگ ئورۇنلىشىۋالغان قەشقەر ئوخشاش بولمىغان سىياسىي كۈچلەر ئارىسىغا جايلاشقان بىر بوستانلىق ئىدى. بۇ يەردە قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىزدىكى سەۋەب، قەشقەر تۈرلۈك سىياسىي ئامىللار تۈپەيلىدىن ئەينى ۋاقىتتا باشقا جايلاردىن ئايرىلىپ بېكىنمە ھالەتتە تۇراتتى. ئۈرۈمچىدىكى تومىن (داۋۇت)، ئىلىدىكى مەزەمزاتلارنى ھېسابقا ئالغان تەقدىردىمۇ، قەشقەرگە يېقىن جايلاشقان كۇچادىكى راشىدىن خوجا، يەكەندىكى ئابدۇراخمان، خوتەندىكى ھەبىبۇللا قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى بىرقانچە سىياسىي كۈچلەر

مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ يېڭى شەھەرلىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، سىدىقبەگ ياقۇپبەگكە يارىتىپ بەرگەن سىياسىي تەسىر دائىرىسى پەقەتلا قەشقەر بىلەن يېڭىسار شەھىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. يېڭىسار بىلەن قەشقەرنى قوشقاندا پەقەت غەربتىن شەرققە تەخمىنەن 150 چاقىرىم كېلىدىغان تار بەل باغ ھاسىل بولاتتى.

ياقۇپبەگ قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بۇزرۇكنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. قەشقەردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى بۇزرۇكنى ئۆزلىرىنىڭ داھىيسى دەپ تونۇشتى. گەرچە بۇ ھەرىكەتنى پىلانلىغان موللا ئالىم قۇل ياقۇپبەگ ئۈچۈن ئورۇن ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ياقۇپبەگنىڭ ئوبرازى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ بۇرۇن قوقەندنىڭ ئەمەلدارى ئىكەنلىكىدىن باشقا ئۆتمۈشى توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. شۇڭا بەزىلەر ياقۇپبەگنى بۇزرۇكنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىغان. بەزىلەر ياقۇپبەگ بىلەن بۇزرۇك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى خوجايىن بىلەن چاكار مۇناسىۋىتى دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر ياقۇپبەگنى كەمسىتىپ «ئەنجانلىق قىپچاق» دەپ ئاتاشقان.

قەشقەرگە كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ياقۇپبەگ بىلەن بۇزرۇكنىڭ ھەرىكەت ۋە تۇرمۇش شارائىتلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، دەل ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سالاھىيەت مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەنگەندەك بولىدۇ. ياقۇپبەگ ئاۋات بازاردىن يىراق بىر سارايغا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بۇزرۇكنىڭ تۇرالغۇسىغا ھال سوراپ بارغاندىن باشقا چاغلاردا ئۆيىدىن سىرتقا چىقمايدۇ. بۇ سارايدا ياقۇپبەگ كۆپ ۋاقتىنى ئاشلىق توپلاش، قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش بىلەن

ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بۇزرۇك بولسا نەغمە ـ ناۋا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، نە سىياسىي ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ، نە ھەربىي ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ.

كېيىنكى يىللاردا ياقۇپبەگ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن قىلغان ئۈچ قېتىملىق جەڭدە ئۆز تەسىرىنى زورايتىدۇ. ئۇ ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى چېگرا قىلغان ئاساستا كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن قارشىلىشىدۇ. گۇما بىلەن قاغىلىق ئارىسىدىكى جايلارنى چېگرا قىلىپ خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن تىركىشىدۇ.

## پايدىلانمىلار

①«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 490 ـ بېتىدە ياقۇپبەگ ئۆلتۈرۈلگەن كۈن ھىجرىيىنىڭ 1294 ـ يىلى رەببىيەلئەۋۋەلنىڭ 14 ـ كۈنى دەپ يېزىلغان؛ «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ 299 ـ بېتىدە ياقۇپبەگ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ھىجرىيىنىڭ 1294 ـ يىلى رەببىيەلئاخىرنىڭ 14 ـ كۈنى دېيىلگەن؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» سودا نەشرىياتى 1976 ـ يىل نەشرى، 211 — 212 ـ بەتلەر.

②يەتتە شەھەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق يەتتە جاينى كۆرسىتىدۇ.

③«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 496 ـ بېتىگە، «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ 304 — 305 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

④ياقۇپبەگنىڭ دادىسىنىڭ تولۇق ئىسمى پىر مۇھەممەد مىرزا. «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 62 ـ بەت؛ رۇسىيىلىك كروپاتكىن يازغان، لىن سۇڭچۇن، ۋاڭ شىنلىنلار تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەشقەرىيە» نىڭ 30 ـ بېتىدە: «ياقۇپبەگنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئىسمەت ئۇۋلا» دېيىلگەن.

⑤«تارىخىي ھەمىدى»، 326 — 327 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمىنىيە» 168 ـ بەت.

⑥«پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» نىڭ 16 ـ 17 ـ بەتلىرىگە رۇسىيىلىك تېرىنتيېف يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» نىڭ بىرىنچى

توم 313 — 314 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑦ «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» 18 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 18 ـ بېتىگە، «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» نىڭ 2 ـ باب 388 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑨ «غازى» نىڭ مەنىسى «خىسلەتلىك قەھرىمان» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە ياقۇپبەگنى ھۆرمەتلەپ ئېيتىلغان.

⑩ «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» ، 20 — 21 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 21 — 22 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 22 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 23 ـ بەت.

⑭ «تارىخىي ھەممىدى» نىڭ 328 ـ بېتىگە؛ «تارىخىي ئەمنىيە» نىڭ 169 — 170 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ئەينى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر خىل قائىدە ـ يوسۇن ئادىتى بولۇپ، ھەربىر ئۆلۈش سوۋغات توققۇز تالدىن بولۇشى، ئەڭ كۆپ بولغاندا توققۇز ئۆلۈش بولۇشى، جەمئىي 81 تال بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى.

⑮ «تارىخىي ھەممىدى» نىڭ 329 ـ بېتىگە؛ «تارىخىي ئەمنىيە» نىڭ 171 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑯ «تارىخىي ھەممىدى» نىڭ 329 ـ 330 ـ 331 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑰ «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» نىڭ 31 ـ بېتىگە، «تارىخىي ئەمنىيە» نىڭ 172 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑱ «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» ، 38 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 383 ـ بەت.

⑳ «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» 44 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 46 — 47 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمنىيە» ، 173 ـ بەت.

㉒ «تارىخىي ھەممىدى» ، 331 — 332 ـ بەتلەر.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 332 ـ بەت.

㉔ «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» ، 52 — 53 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 332 ـ بەت.

㉖ «تارىخىي ھەممىدى» ، 333 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 333 ـ بەت.

㉘ «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» 58 — 59 ـ بەت.
㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 59 ـ بەت.
㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 67 ـ بەت.
㉛ يۇقىرىقى كىتاب، 103 ـ بەت.
㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 115 — 116 ـ بەت.
㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 117 — 118 ـ بەت.
㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 135 ـ بەت.
㉟ يۇقىرىقى كىتاب، 135 ـ بەت.
㊱ «تارىخىي ھەممىدى»، 331 — 335 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 176 ـ بەت.
㊲ «تارىخىي ھەممىدى»، 333 — 334 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 175 ـ بەت؛ «ئوتتۇرا ئاسىيانىي بويسۇندۇرۇش تارىخى»، ئىككىنچى توم، 15 ـ بەتكە قارالسۇن.
㊳ «تارىخىي ھەممىدى»، 335 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 177ـ بەت.
㊴ «تارىخىي ھەممىدى» 334 — 335 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمىنىيە» 117 ـ بەت.

## 2 ـ بۆلۈم ياقۇپبەگنىڭ 1864 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇر خەلق قوزغىلىڭىنى نابۇت قىلىشى

### 1. ياقۇپبەگنىڭ خوتەن قوزغىلىڭىنى نابۇت قىلىشى

#### 1. خوتەنگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىش

1864 ـ يىلى يازدىن باشلاپ تارىمنىڭ جەنۇب تەرىپىنى قاپلاپ كەتكەن ئۇرۇش چۇقان ـ سۈرەنلىرى 1866 ـ يىلىغا كەلگەندە بىردىنلا جىمىپ قالدى. مۇشۇ مەزگىلدە ياقۇپبەگ مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى ئۇرۇش قىلىشقا كېتىدىغان ھەر خىل تەييارلىقلارغا سەرپ قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى

پىشقىنىڭ ھالىتىنى موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن: «بۇ چاغدا، ئاتالىق غازىنىڭ ئورۇشلارنى كېڭەيتىش ھەۋەسلىرى ۋە مەملىكەت ئېلىش داغدۇغىسى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ، ئۇنىڭ خىيالىغا مەھكەم يېپىشتى. بولۇپمۇ گۈزەل خوتەننى بويسۇندۇرۇش مۇددىئاسى ئۇنى بىئارام ۋە بىقارار قىلىشقا باشلىدى»①.

شۇ يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىگە كەلگەندە ياقۇپبەگ خوتەننى ئۆزىنىڭ ئىشغال قىلىش نىشانى قىلىپ بەلگىلىدى. ياقۇپبەگنىڭ مۇنداق قارارغا كېلىشىدە، بىرىنچىدىن، خوتەندە نۇرغۇن بايلىقنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ياقۇپبەگكە ئايان ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ياقۇپبەگ ئۆزىچە خوتەننى قاتتىق قامالدا قالدى، دەپ ھېسابلىغانىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا خوتەننىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان پۈتۈن قاتناش يوللىرى ياقۇپبەگنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

شۇ يىلىنىڭ باش قىش مەۋسۇملىرىدە، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ئەڭ خىل قوشۇنىدىن 15 مىڭدەك ئەسكەرنى مەخپىي تۈردە يەكەنگە يۆتكىدى. ياقۇپبەگ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پەيتىنى تاللاۋاتقاندا، بەزىلەر ئۇنىڭغا كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ 1865 - يىلى خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۇچرىغان مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئېلىشنى ئاگاھلاندۇردى. شۇ يىلى ھەبىبۇللانىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇراخمان قوماندانلىقىدىكى خوتەن قوشۇنى زاۋا دېگەن يەردە كۇچانىڭ بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانىدى②.

ياقۇپبەگنىڭ ئەتراپىدىكىلەر يەنە ئۇنىڭغا خوتەنلىكلەر جاھىل كېلىدۇ، ھەرقانداق ئىشقا قاتتىق بېرىلىپ كېتىدۇ، ئۆز خوجايىنىغا، باشلىقىغا بەك سادىق كېلىدۇ، دەپ ئەستايىدىل چۈشەندۈردى. ياقۇپبەگ مۇشۇ مەسلىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بويىچە ئۆزىنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، پەم بىلەن جەڭ

قىلىشنى قاتتىق جەڭ قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ ـ دە، بۇزرۇكنى ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قورالى قىلىپ تاللىۋالىدۇ.

1866 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ياقۇپبەگ بۇزرۇكنى ئېلىپ يەكەنگە كېلىدۇ. بىر مەزگىل كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاش ئارقىلىق ياقۇپبەگ بۇزرۇكنىڭ نامىدا ھەبىبۇللاغا بىر پارچە ھۆرمەت خېتى ئەۋەتىدۇ. ئۇ خېتىدە: چىرىيىدە دەپنە قىلىنغان ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ ئەسلىدە بۇزرۇك قاتارلىق خوجىلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھەبىبۇللانىڭ بۇزرۇك ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ چىرىيىگە بېرىپ ئىمام جەئفىرىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشىگە يول قويۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەبىبۇللا بۇزرۇكنىڭ سالاھىيىتىگە بەكمۇ چوقۇنىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى نىمىتۇللانى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن نەچچە يۈز چاقىرىم ئالدىغا چىقىپ، خوتەن بوستانلىقىنىڭ سىرتىدا بۇزرۇك بىلەن ياقۇپبەگنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتىدۇ. ياقۇپبەگمۇ ئوخشاش مىقداردىكى سوۋغا ـ سالامنى نىمىتۇللاغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بىردىنلا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ئەتىسى ياقۇپبەگ نىمىتۇللاغا ئۆزىنىڭ ھەبىبۇللا بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

## 2. ھەبىبۇللانى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش

ياقۇپبەگنىڭ ھەبىبۇللا بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپى بۇزرۇك نامىدا يېزىلغان خەتتىكى دەسلەپكى ئارزۇسىغا زادىلا ماس كەلمەيتتى. ياقۇپبەگنىڭ ئۇ خەتنى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى پەقەت ئۆزىگە يول ئېچىش ئۈچۈنلا ئىدى، خالاس. ھەبىبۇللا بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىگە ماقۇل بولۇش ۋە ياكى بۇ تەلەپنى رەت قىلىۋېتىشتىن نىمىتۇللا قاتتىق خىجىل بولۇپ ياقۇپبەگنىڭ تەلىپىنى دادىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكىلا ماقۇل بولغان. نىمىتۇللا

قايتىدىغان ۋاقتىدا ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ھەببۇللا بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم ئىزھار قىلىدۇ. ياقۇپبەگ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلھەمدۇلىللا، بۇ يەرگە كەلدىم. پادىشاھزادەمنىڭ جاھان ئارا جامالىنى كۆرۈپ كۆزۈمنى روشەن ۋە نۇرلۇق قىلىپ مۇرادىمغا يەتتىم. ئەمدى ھاجى پادىشاھ دادامنى بىر كۆرمەككە مۇيەسسەر بولالمىدىمكىن دېگەن ئارزۇ - ھەۋەسنى قىلىمەن. بۇ كەمبەغەل كەمىنە خىزمەتكارلىرى پادىشاھ ئاتامنىڭ ئاياغلىرىنى، تۇغلىرىنى ساقىلىم بىلەن سۆپۈرسەم دەيمەن. ئەگەر بۇ نادان غۇلامنى ئۆزىنىڭ كەمتەر غۇلام - چاكارلىرى قاتارىدا كۆرۈپ، مۇبارەك نەزەرلىرى بىلەن مەرھەمەت قىلىپ، يارلىقنامە ۋە ئالىي نىشاننامە بىلەن مېھرىبانلىق كۆرسەتسىلا، بۇ قارا تۇپراق ئۈستىدىكى خار ۋە ئېتىبارسىز بېشىمنى ئاسمانى قۇتۇبتىكى فەرقەدان (شىمالى قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ يېنىدىكى ئىككى يورۇق يۇلتۇزنىڭ ئورتاق نامى) يۇلتۇزلىرى بىلەن تەڭ قىلغاندەك بولاتتىم. بۇ كەمىنەنىڭ ساددا كۆڭلىدە ئەنە شۇ ھەۋەسلەردىن باشقا يەنە ھېچقانداق مۇددىئا ۋە مەقسەت يوق. ئەگەر پادىشاھ دادام شەرەپلىك قەدەملىرىنى ئاياپ بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمىسا، مەن ئۆزۈم بېرىپ پادىشاھ دادامنىڭ ئۇلۇغ ئاستانىلىرىگە يۈزۈمنى سۈرتۈپ، خىزمەتكارچىلىقىمنى جان - دىلىم بىلەن مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاپتاپ دۆلەتلىرى نۇرىنىڭ بىر قەترە شولىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ جاھان ئارا جامالىنى كۆزۈمنى روشەن قىلىشتىن باشقا ئىلاجىم زادى قالمىدى»④.

ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىزھارى «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدى» لەردە پۈتۈلگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى موللا مۇسا سايرامى ياقۇپبەگنىڭ مۇشۇ ئىزھارلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەندە ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىزھارلىرى خۇشامەت گەپلەر، پىتنە - پاساتلار ۋە نەيرەڭ - تەدبىرلەر بىلەن تولغان دەپ ئەيىبلىگەن. بىراق، ياقۇپبەگنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى

نىمىتۇللا ساداقەت ۋە كەمتەرلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغان. بۇنىڭغا يارىشا ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ سادىق ۋە كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆت ئەمىرىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا ئىسىملىك ئەمىرىنى نىمىتۇللاغا ھەمراھ قىلىپ خوتەنگە ئەۋەتىدۇ. ئابدۇللا ئىسىملىك بۇ ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، ھەبىبۇللا ئۆزى زىياپەت راسلاپ ئابدۇللانى كۈتۈۋالغان. زىياپەت داۋامىدا، ئابدۇللا ئىقتىماي - تېمىتماي ياقۇپبەگنىڭ ھەبىبۇللاغا يوللىغان سالام - ئېھتىرامىنى ۋە ھەبىبۇللانى زىيارەت قىلىش ئارزۇسىنى ھەبىبۇللاغا يەتكۈزىدۇ. ھەبىبۇللا ئابدۇللانىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئوغلى نىمىتۇللاغا شۇ جايدىلا بۇ گەپلەرنى ئىسپاتلاش تەلىپىنى قويىدۇ. نىمىتۇللا دادىسىغا ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ، ھەبىبۇللانىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا چىقىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. ئەلۋەتتە ھەبىبۇللا سۆزلەردىن گۇمانلىنىشقا سەۋەب تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كېلىدۇ.

ھەبىبۇللا ياقۇپبەگنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا باشلىنىدۇ. چېدىرغا كىرگەندە، ياقۇپبەگ «ھەدىس» تىكى «كىمكى بىر ھاجىنى ياكى غازاتچىنى قۇچاقلىسا ۋە ياكى بىر غازىنى قۇچاقلىسا، بۇ مىڭ ئەۋلىيانى قۇچاقلىغان بىلەن باراۋەر» دېگەن ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھەبىبۇللا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەبىبۇللا ياقۇپبەگنىڭ بۇ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ. ياقۇپبەگ ھەبىبۇللانى قۇچاقلىغان پېتى چېدىرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان چېرىكلەر دەرھال ئېتىلىپ كېلىپ ھەبىبۇللانى يەرگە بېسىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ باغلاپ قويىدۇ. بۇ

ۋەقەلەر شۇنداق تاسادىپىي بولدىكى، ھەتتا ھەبىبۇللا ئۆزىمۇ قىپيالىڭاچ پېتى پۇت ـ قوللىرى باغلىنىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قاتتىق تاشلانغاندا، ئاندىن نېمە بولغانلىقىنى بىلىدۇ.

چېدىرنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان ھەبىبۇللانىڭ بىر مىڭ بەش يۈز كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنى چېدىرنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ۋەقەدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. بۇ چاغدا ياقۇپبەگنىڭ بىر ھەربىي ئەمەلدارى چېدىردىن چىقىپ ھەبىبۇللانىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ باشلىقىغا ھەبىبۇللانىڭ مۆھۈرى بېسىلغان يارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يارلىقتا «ئۇكام قۇشبېگى بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ بىللە قونۇپ، ئەتە سەھەردە ياقۇپبەگنى باشلاپ شەھەرگە كىرىمەن، مۇھاپىزەتچىلەر ھازىرچە خوتەنگە قايتىپ كېتىشسۇن، ئەتە سەھەردە نىمىتۇللا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئاخىرىغا بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنىڭ تىزىملىكى ھەم ئۇلارنىڭ ئەتە سەھەردە نىمىتۇللا بىلەن بىللە ھازىر بولۇشلىرى يېزىلغانىدى. بۇ تىزىملىكتىكىلەر خوتەن قوشۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار ئىدى.

بۇ ئالدامچىلىق شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئوينالغانكى، ھەتتا نەق مەيداندىكى نەچچە مىڭ ئادەمدىن بىرەرىدىمۇ گۇمان تۇغۇلمىغان. شۇ كېچىدە ھەبىبۇللا يەكەنگە ئەۋەتىلىپ قاماپ قويۇلغان. ئەتىسى ئەتىگەندە ياقۇپبەگ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى باشلاپ خوتەن تەرەپكە قاراپ يول ئالىدۇ. نىمىتۇللا بىلەن ئۇ باشلاپ ماڭغان نەچچە ئون ئەمەلدار يولدا ياقۇپبەگكە ئۇچرايدۇ، ياقۇپبەگ نىمىتۇللا قاتارلىقلارغا «پادىشاھ دادىمىز كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ» دەپ نىمىتۇللاغا خەۋەر يەتكۈزگەن بولۇپ، ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. غەربكە قاراپ ماڭغان نىمىتۇللا باشلىق كىشىلەر بىردەم ئىچىدىلا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلگەن ياقۇپبەگ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ ياكى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىنىدۇ. شەرققە قاراپ ماڭغان ياقۇپبەگ-

شۇ كۈنى چۈشتە خوتەن شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ.

### 3. خوتەندە قىزغىنچىلىق

ھەممىدىن ئاۋۋال خوتەنگە ئاتلىنىپ كىرگەن كىشى ئەزىزبەگ جاللات دېگەن ھەرىبىي ئەمەلدار ئىدى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭغا بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپە ھەبىبۇللانىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى تۇتقۇن قىلىش ھەم ھەبىبۇللانىڭ خەزىنىلىرىنى قامال قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەزىزبېك جاللات باشلاپ ماڭغان ئەسكەرلەر ھەبىبۇللانىڭ ئوردىسىغا قەدەم بېسىش بىلەنلا، پۈتۈن ئوردىنى پاتىپاراق ۋە چۇقان - سۈرەن، يىغا - زار قاپلاپ كەتكەن. ھەبىبۇللانىڭ خوتۇن - بالىلىرى، مەھرەملىرى، مالاي - چاكارلىرى ئوردىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ كېلىنىدۇ. قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغانلارنى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئوردا سىرتىدا توپلىشىپ تۇرغان خوتەن پۇقرالىرى قاتتىق تەشۋىشلەنگەن ھالدا بىر - بىرىدىن: «بىزنىڭ ھاجى پادىشاھىمىز قېنى؟ بىزنىڭ ۋەلىئەھدىمىز قېنى؟» دەپ سورىشىدۇ.

خوتەن پۇقرالىرى ئىككى كۈن قاتتىق تەشۋىشلەنگەندىن كېيىن بارا - بارا ئويغىنىپ كوچىلارغا چىقىپ، «پادىشاھىمىز قېنى؟ شاھزادىمىز قېنى؟» دەپ تووۋلاپ، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كوچىغا چىققانلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئاخىرى كېلىپ بۇ پۇقرالار ئىچىدىن بەزىلىرى كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا بىر توپ ئادەم ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ كالتەك كۆتەرگەن پۇقرالار يول بويى يولۇققان ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇپ سۈرىدۇ. ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى پەرىشان بولۇپ قېچىپ قۇتۇلغان بولسا، يەنە بىر قىسمى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن خوتەن شەھىرىنى پاتىپاراقچىلىق قاپلاپ كېتىدۇ. تۇرلۇك خەۋەرلەر ئارقا -

ئارقىدىن ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ. خوتەن خەلقى ياقۇپبەگ بارگاھىغا بىردىنلا ئۇلىشىپ كېلىدۇ. بارا - بارا كوچىپىۋاتقان چۇقان - سۈرەنلەر ياقۇپبەگكە ئاڭلىنىشقا باشلانغاندا، ياقۇپبەگ: «ئۇلارنى قىرىپ تاشلاڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇ چاغدا قاتتىق نەپرەتلەنگەن خوتەن پۇقرالىرى ياقۇپبەگ بارگاھىنىڭ بىرىنچى توسۇقىنى بۇزۇپ تاشلاپ ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئىلاجىسىزلىقتىن ياقۇپبەگ ئۆزى ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بەزى مەلۇماتلاردا شۇ كۈندىكى قىرغىنچىلىق مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ھەممە ئەسكەرلەر قىرغىنغا چىقىپ چاپ - چاپ قىلدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىت، ئېشەك، مۈشۈكلىرىگىچە بولغان جانلىق نەرسىلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈپ جانسىز قىلدى».

گەرچە شۇ كۈنى خوتەن شەھىرىدە شۇنچىۋالا قاتتىق قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەتىسى قاراقاشتىن يەنە 10 مىڭچە ئادەم كالتەك - توقماقلارنى كۆتۈرۈپ بىردىن تولۇمغا ئوزۇق - تالقانلىرىنى سېلىپ كەلگەن. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ ئاخىرى كېلىپ ھەممىسى خوتەن شەھىرىدە شېھىت بولىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن چىرىيىدىن ۋە باشقا جايلاردىن يەنە نۇرغۇن پۇقرالار خوتەنگە كېلىپ ھەبىبۇللانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلماقچى بولۇپ ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان. بەزىلەرنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، بەش كۈن ئىچىدە خوتەن بوستانلىقىدا تەخمىنەن 50 مىڭ ئۇيغۇر پۇقراسى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان. «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ مۇئەللىپى شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋاللارنى مۇنداق دەپ سۈرەتلىگەن: «قۇشبېگىنىڭ يىگىت - سەرۋازلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن چارچىدى، قوللىرى قاپاردى ۋە بۇنى ئاتالىق غازىغا ئەرز قىلدى. ئاتالىق غازى بازارغا كەلگەن خوتەنلىك قاساپ ۋە مۇساپىر

قاسساپلارنى نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەردى. بۇلار خەندەكنىڭ لېۋىدە تۇرۇپ، ئۆلۈكلەرنى خەندەككە ۋە چوڭقۇر يەرلەرگە تاشلىدى. خەندەك ۋە باشقا چوڭقۇرلۇقلار جەسەت بىلەن لىقمۇ لىق تولدى».

شۇبھىسىزكى، خوتەندىكى قىرغىنچىلىق ياقۇپبەگنىڭ تارىخىدا ئەڭ شەرمەندە سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇمۇ ياقۇپبەگ ئۆز ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە، لېكىن ئىنتايىن شىددەتلىك جەڭ ئىدى. چۈنكى ياقۇپبەگ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچىلار مۇنتىزىم قوشۇن بولماستىن، بەلكى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ چىققان يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىدى. بۇ يەرلىك پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە تايىنىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، ئۇرۇش سېپى، قائىدىسى دېگەنلەر بىلەن كارى بولماي، بىراقلا قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى.

خوتەن بوستانلىقىنى ئىگىلەش ياقۇپبەگنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قازانغان يەنە بىر غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ تارىمنىڭ جەنۇبىي بويلىرىدىكى ھەرقايسى رايونلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولۇپ، ئالدىنقى سەپمۇ، ئارقا سەپمۇ بولغان جۇغراپىيىلىك تۇزۇلۇشنى ھاسىل قىلىۋالدى. ھالبۇكى، ياقۇپبەگ ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەڭ روشەن نەتىجە شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ياقۇپبەگ ئۆز مۇددىئاسى بويىچە خوتەندە ھېسابسىز بايلىقلارنى تالان ـ تاراج قىلىپ بۇلىۋالدى. پەقەت ھەبىبۇللانىڭ ئوردىسىدىلا ھەبىبۇللانىڭ 16 كومزەك ساپ ئالتۇنىنى ياقۇپبەگ غەنىيمەت ئالغان.

1867 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە ياقۇپبەگ ئۆزىنى بىرىنچى بولۇپ يەكەنگە تەكلىپ قىلىپ ئاپارغان نىيازبەگنى خوتەننىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، مۇشۇ بوستانلىقتىكى ئالتە قەلئەنى

ھەم 40 كۈنلۈك تەۋەنى نىيازبەگنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خالىمان ئىسمىلىك پانساتنى خوتەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى. ھاجى تۇرۇپ ئىسمىلىك بىر كىشىنى خوتەننىڭ باش قازىسى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ خوتەندە ئۆزىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي ھەم ئەدلىيە ئورگانلىرىنى قۇردى. ئاندىن شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەرگە قاراپ يول ئېلىپ ئۆزىنىڭ خوتەننى بويسۇندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان يالغانچىلىق، ھىيلىگەرلىك، سۇيىقەست ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن تولغان بۇ تارىخىي سەھىپىنى ئاياغلاشتۇردى.

## 2. ياقۇپبەگنىڭ كۈچا قوزغىلىڭىنى نابۇت قىلىشى

1. ئاقسۇغا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىشى

خوتەننىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، تارىمنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ياقىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرغانلار پەقەتلا قەشقەردىكى ياقۇپبەگ بىلەن كۇچادىكى راشىدىنلا قالغان. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، شۇ ئەھۋال مەلۇم بولىدۇكى، ياقۇپبەگ قىسقىغىنە ئىككى يىل داۋامىدا بىر قاتار مۇھىم غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇ خانئېرىقتا جامالىدىننى مەغلۇپ قىلغان؛ يەكەندە ئىسھاقنى قولغا چۈشۈرگەن؛ خوتەندە ھەبىبۇللانى ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ بولغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسھاق يەكەندە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن راشىدىن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئىسھاق بارىكۆلدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇل

قاتارلىق جايلارنى قايتىدىن ئىشغال قىلغان . كېيىنكى كۈنلەردە تۇرپان، توقسۇن، قاراشەھەرگە ئوخشاش جايلارمۇ قولدىن كېتىپ قالغان. كىتابىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقان مەزگىللەرگە كەلگەندە، راشىدىنغا قاراشلىق كورلا بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى 800 چاقىرىم كېلىدىغان ئۇزۇنچاق كەتكەن بىر ۋادىلا قالغان.

تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىككى يىلغىمۇ يەتمىگەن مەزگىل ئىچىدە ھوقۇق، بايلىق ھەم نام - شۆھرەتلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى نەتىجىسىدە كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توختىماي ئىناقسىزلىق، پارچىلىنىش، تالىشىشلار يۈز بېرىپ ئاخىرى ئىچكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ھال كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتكەن. ياقۇپبەگ كۇچا تەرەپكە ئائىت خەۋەرلەرنى كۆڭۈل قويۇپ يىغىپ، كىچىك دائىرىدە شىمالغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تۇردى.

1867 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى، ياقۇپبەگ ئاقسۇدىن مەخپىي كەلگەن ئىككى پارچە خېتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇ خەتنىڭ بىرىنى راشىدىننىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئىككى نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى يازغان. بۇلار ئابدۇراخمان دادخا بىلەن ئابدۇۋېلى بەگ ئىسىملىك كىشىلەر ئىدى. يەنە بىر مەخپىي خەتنى توختى ئىسىملىك كىشى يازغان؛ بۇ توختى ئىسىملىك كىشىنى كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئاقسۇغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. مەخپىي كەلگەن بۇ ئىككى پارچە خەتتە ئۇلار ياقۇپبەگكە ئۆزلىرى بىلىدىغان ئاخباراتنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن باشقا، ئۆز خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇنى ئىشغال قىلىشىغا ماسلىشىپ بېرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن. ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەردىن ياقۇپبەگ بۇ خەتلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، ئاقسۇغا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەييارلىقلىرىنى دەرھال باشلىۋېتىدۇ. بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتنىڭ

مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، ياقۇپبەگ ئۆزى ئاچقان بىر يىغىندا جامدار، ئۆمەر قۇل بىلەن ئابدۇللا مىرزائەھمەد باشلىق ئۈچ ئەمىرگە ئاددىيغىنە قىلىپ ھەممىگلار مارالبېشىغا يۆتكىلىسىلەر دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. يۆتكىلىدىغان بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ياقۇپبەگ بۇلار مارالبېشىغا بارغاندىن كېيىن بۇ قەلئەنىڭ سېپىلىنى باشقىدىن ياساپ چىڭىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مارالبېشىغا يۆتكىلىدىغان قوشۇنلار ياقۇپبەگ ئۆزى باشلاپ ماڭىدىغان ئۈچ مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان. بۇ قوشۇن قەشقەردىن يولغا ئاتلانغان كۈنى 1867 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىدى⑥.

بۇ زور قوشۇن مارالبېشىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، سېپىل چىڭداش ئىشلىرىنى قىلماي بىكار ياتقان. تۆت كۈندىن كېيىن ياقۇپبەگ توساتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى يىغىنغا چاقىرىدۇ. يىغىندا ياقۇپبەگ يىغىن قاتناشچىلىرىدىن: سىلەر مەن بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋە كۇچالارغا بېرىپ مازار ـ ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىپ كېلىشنى خالامسىلەر؟ دەپ سورايدۇ. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئاندىن ھەربىي ئەلدارلار ياقۇپبەگنىڭ مارالبېشىغا يۆتكىلىپ كېلىشىدىكى مەقسىتىنى چۈشىنىدۇ. ياقۇپبەگ ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ «پەرمانبەردارمىز!» دېگەن كاپالىتىنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال ئۇرۇش سېپىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئېلان قىلىدۇ. يەنى ھەربىر ئەمىرنىڭ قول ئاستىغا سەككىز پانسات دەرىجىلىك ئەمەلدار ھەم ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئەسكەرلەر قويۇلغان. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنى ھەج تاۋاپقا كېتىۋاتىدۇ دەپ بىزەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ياقۇپبەگ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى كاتتا مۇكاپاتلايدۇ. ھەربىر ئەمىرگە ئىككىدىن ئالتۇن جابدۇقلۇق تۆگە، ئالتىدىن كۈمۈش جابدۇقلۇق تۆگە تەقدىم قىلىدۇ. ھەر بىر پانساتقا ئىككىدىن كۈمۈش جابدۇقلۇق ئات سوۋغا قىلىدۇ.

مارالبېشى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى 400 چاقىرىمدىن ئاشاتتى. كۆپ يەرلىرى چۆل - جەزىرە ۋە قۇملۇق ئىدى. كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرى ئاقسۇ قەلئەسىگە 100 چاقىرىم كېلىدىغان بىر كىچىك بوستانلىققا جايلاشقانىدى. ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى مۇشۇ بوستانلىقنىڭ يېقىنىغا جايلاشقان چىلان دېگەن مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە، مۇشۇ مەھەللىگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان سايئېرىق بىلەن يايدى دېگەن ئىككى كىچىك مەھەللىدە 250 چە كۇچا ئەسكىرىنىڭ مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ياقۇپبەگ ئۆز قوشۇنلىرىنى چوڭ يولدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، يايدى قاتارلىق جايلارغا يوشۇرۇن باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق كۇچا ئەسكەرلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇدى. ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قازاندى. پەقەت ئات سۇغارغىلى چىققان بىرلا ئەسكەر قېچىپ قۇتۇلۇپ ئاقسۇغا قېچىپ بارالىدى. بۇ ئەسكەر نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئاقسۇغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى جامالىدىنغا يەتكۈزگەندە، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى ئاقسۇ قەلئەسىگە 20 چاقىرىم كەلگىدەك يەرگە باستۇرۇپ كېلىپ بولغانىدى.

جامالىدىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالدىراپ - تېنەپ يىغىلغان ئۈچ مىڭچە ئەسكەر جامالىدىننىڭ چوڭ ئوغلى يەھيانىڭ قوماندانلىقىدا ئاقسۇ دەرياسىنى بويلاپ سەپ تۈزىدۇ ھەم دەريادىكى پۈتۈن قېيىق - كېمىلەرنى يىغىۋالىدۇ. چۈشكە يېقىن ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى دەريا بويىغا توپلىنىدۇ. دەريا بويىدا ئاقسۇ قەلئەسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق بۇ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ تازا كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئاقسۇ دەرياسى بويىدا ئىلاجىسىز توسۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما ھەمدەم باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك ئاتلىق ئەسكەر تۇيۇقسىز ئاتلىق سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن باشقىلارمۇ بەس - بەس بىلەن دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ

ھۇجۇم قىلىدۇ. قارشى قىرغاقتىكى كۇچا ئەسكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ سەپتىن چىقىپ پىتىراپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئاقسۇنى ئىشغال قىلىدۇ. جامالىدىن خوتۇنى بىلەن بىللە كىيىمنى يۆتكەپ ئوغرىلىقچە قاچماقچى بولغاندا قېرىشقاندەك خوتۇنى يارغا چۈشۈپ كېتىپ پۇتى سۇنۇپ كېتىپ ماڭالمىغاچقا، نائىلاج پەخرىدىن مازىرىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. شۇ كۇنى كەچتە جامالىدىن بىلەن خوتۇنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياقۇپبەگنىڭ قولىغا چۈشىدۇ ۋە يەكەنگە ئاپىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇغا قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. ياقۇپبەگ مارالبېشىنىڭ ھاكىمى ھېكىمخان تۆرىنى ئۇستۇرۇپ ئاقسۇنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ. باشلامچى بولۇپ دەرياغا سەكرەپ ئۈزۈپ ئۆتكەن ھەمدەمنى ئاقسۇنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىگە تەيىنلەيدۇ، خوتەنلىك موللا ئابدۇلئاخۇنۇمنى ئاقسۇنىڭ قازى كالانلىقىغا تەيىنلەيدۇ⑦.

## 2. ئۇچتۇرپاننى ئەل قىلىش

ياقۇپبەگ چىلانغا يېتىپ كەلگەندە، نەزەربەگنى باش قىلىپ مۆمىن يۈزبېشى بىلەن 39 يىگىتنى ئۇچتۇرپانغا ماڭدۇرىدۇ⑧. ياقۇپبەگنىڭ ئۇلارغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىكى خېتىپنى تۇتۇش ئىدى. جامالىدىن بىلەن ھامىدىن ئوتتۇرىسىدا ئاقىيارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى سەۋەبىدىن توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكىنى ياقۇپبەگ ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ 39 ئاتلىق چېرىكنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. خوجا نەزەربەگ بىلەن 39 ئاتلىق چېرىكنىڭ ئۇچتۇرپانغا يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگنىڭ ئويلىغىنىدەك خېتىپ دەرھاللا خوجا ئىشان، مەھمۇد دادخا قاتارلىقلارنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام يېمەك ـ ئىچمەكلەر بىلەن ئاچال تېغىغىچە بېرىپ ئۇلارنى كۇتۇۋېلىشقا ماڭدۇرىدۇ. ئىككىنچى كۇنى سەھەردە خوجا نەزەر

بەگ قاتارلىقلار تۇگمەنبېشى دېگەن مەھەللىگە كەلگەندە خېتىپقا بارلىق ئامبارلارنىڭ ئاچقۇچىنى دەرھال تاپشۇرۇش، بارلىق قورال ـ ياراغ ئەھۋالىنى دەرھال مەلۇم قىلىش ھەمدە خېتىپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۇچتۇرپان قەلئەسىدىن ئايرىلىپ، دەرھال ئاقسۇغا بېرىپ ياقۇپبەگنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈش توغرىسىدا پەرمان ئەۋەتىدۇ.

ئەينى چاغدا خېتىپنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخي ھەمىدى» دېگەن ئەسىرىدە خېتىپنىڭ تەسلىم بولۇشقا چىققان چاغدىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: «بىز كۆپچىلىك قەلئەدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتۇق. چۈشكە يېقىن شەھەر دەرۋازىسىغا كەلدۇق. ئۇلار ئىككى خوجىنى، يەنى موللا توختى، موللا سوپى ۋە مېنى بىر لەشكەر بېشىغا تاپشۇرۇپ شەھەردىن چىقىرىپ قويدى. باشقىلار شەھەر ئىچىدە قالدى. شۇ چاغدا پۈتۈن شەھەردە ‹زامانىنىڭ زامانى، ئاتالىق غازىنىڭ زامانى! › دېگەن سادا ياڭرىدى ۋە ھۆرمەت توپلىرى ئېتىلدى، ناغرا ـ سۇنايلار چېلىندى. بىز بەشىمىزنى خوجا نەزەربەگنىڭ تۇرالغۇسىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئارقىدىنلا يەنە 25 ئاتلىق چېرىكنى قوشۇپ بىزنى ئاقسۇغا ئېلىپ مېڭىشتى. شۇ ئاخشىمى بىز ياڭخى قىشلىقىدا قوندۇق. ئەتىسى توشقان دەرياسى بويىغا كەلگەندە ئاقسۇدىن چىققان يۈزبېشى مۇھەممەد بايغا ئۇچرىدۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئاتالىق غازى ئالدىقاچان ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ بوپتۇ. بۇ يۈزبېشى ئاتالىق غازىنىڭ خېتىپ خوجىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ ئۇچتۇرپانغا قاراپ كېتىۋاتقانىكەن. خەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بىز ئاتالىق غازى تۇرۇۋاتقان ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلدۇق. ئاندىن كېيىن يۈزبېشى ئۇچتۇرپانغا قاراپ راۋان بولدى، بىزمۇ ئاقسۇغا قاراپ سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. مەن بۇ خەتنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي ئۆز ئەينى كىتاب بېتىگە ئالدىم. بىز شۇ كۈنى خەتنى ئېلىپ ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ

كەلدۇق. بىزنى كونا ئۆتەڭگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن ھەمدەم باتۇر ئىسىملىك بىر لەشكەربېشى بىزنىڭ تۇرالغۇمىزغا كېلىپ مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن بىزگە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. بۇنداق كۈتۈۋېلىشلار ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. تۆتىنچى كۈنى بىز ئۈچتۇرپان ئوردىسىنىڭ سوۋغىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنى يېتىلەپ ئاتالىق غازىنىڭ ھۇزۇرىغا باردۇق. ئاتالىق غازى ئىككى خوجىنى ئۆز چېدىرىدا مېھمان قىلدى. بىز باشقا جايدا كۈتۈلدۇق. كېيىن بىزگە مۇۋاپىق كىيىم ـ كېچەك، سەللە ـ تۇماق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن تارتۇق قىلىشتى»⑨.

## 3. كۇچانى ئېلىش

ئاقسۇ قەلئەسىنىڭ قولدىن كېتىشى كۇچا قەلئەسىنىڭ قولدىن كېتىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى راشىدىننىڭ تۇرپانغا ئەۋەتكەن مەمۇرىي ئەمەلدارى ئايدىڭ خوجا تۇرپان ئويمانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئارقىدىنلا توقسۇن بىلەن بۈگۈر ئارىلىقىدىكى چوڭ ـ كىچىك قورغانلارنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن راشىدىن ئىلاجىسىز ئىسھاقنى كورلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىسھاققا نىسبەتەن ئىلگىرىكى گۇمانلىرى بولغاچقا يەنە خاتىرجەم بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق بۈگۈر بىلەن كورلا ئارىلىقىدىكى شەھەر ـ يېزىلارنى قايتۇرۇپ ئېلىۋاتقاندا، يەنە ھامىدىننى شەرقىي چېگرىدا ئىسھاقنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ⑩. ئىسھاق راشىدىننىڭ بۇ ھىيلىسىنى سەزگەن بولسىمۇ، باشقىچە قاراشتا بولمايدۇ. ئىسھاق ئۈزلۈكسىز باتۇرلارچە جەڭ قىلىدۇ ۋە بىر كۇچەپلا قاراشەھەرنى قايتۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۇچانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دۈشمەن كۈچلىرى ئاساسەن يوقىتىلىدۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇنى ھۇجۇم بىلەن ئالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. قىيىن ئەھۋالدا قالغان راشىدىن ئامالسىز پۈتۈن

دىققەت ـ نەزىرىنى ئاقسۇ تەرەپكە قارىتىدۇ. راشىددىن ئىبراھىم باقى، يۇسۇپ تاران، ياقۇپ قاتارلىق كىشىلەرنى 4 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇنغا باش قىلىپ باي چېگرىسىدىكى ياقائېرىق، سايلەنگەر قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، چوڭ سۇ مەنبەلىرىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتىدۇ[11]. ياقۇپبەگنىڭ بۇ جايلارغا ئەۋەتكەن تۇنجى قوشۇنى تاش خوجا پانسات باشچىلىقىدىكى 200 كىشىلىك بىر تارماق قوشۇن بولۇپ، بۇ قوشۇن باي قەلئەسىگە تەخمىنەن 10 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، كۇچا قوشۇنىنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرايدۇ، تاش خوجا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاش خوجىنىڭ بۇ قوشۇنى تولۇق يوقىتىلىدۇ. ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان يېرى شۇكى، كۇچا قوشۇنى ئەسىرلەرنى ناھايىتى رەھىمسىزلەرچە بىر تەرەپ قىلغان بولۇپ، كۆپ قىسىم ئەسىرلەرنى تىرىك كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن[12].

باي جېڭىدىن كېيىن ياقۇپبەگ كۇچانى تارتىۋېلىش نىيىتىنى قانداقتۇر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى ھەم ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىش ھىيلىسىنىمۇ ئىشلەتمەي، شەخسەن ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ چوڭ يول بىلەنلا شىددەت بىلەن كۇچاغا باستۇرۇپ باردى. ئۇنىڭ ھېلىقى كىچىك قوشۇنى بىراقلا يوقىتىلغان جايدا بىر ھۇجۇم بىلەنلا كۇچا مۇداپىئە قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە تەخمىنەن 3 مىڭدىن ئارتۇق كۇچا ئەسكىرى ھالاك بولدى[13]. يەنە شۇ ۋاقىتتا پەرمانغا ئاساسەن قاراشەھەر ئالدىنقى سېپىدىن ئارقىغا قايتقان ھامىدىن قوماندانلىقىدىكى 4 مىڭ كىشىلىك قوشۇنمۇ باي چېگرىسى ئىچىگە كىرگەندى. ھامىدىننىڭ ئۇزۇلدۇرمەي جازا يۈرۈشى قىلىشى بىلەن داڭقى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ياقۇپبەگنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى چەكلەپ قويىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ھامىدىن ياقۇپبەگكە مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگكە

خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنداق بولۇشنى ياقۇپبەگ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى⑭. بۇنىڭدىن ياقۇپبەگ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. «تارىخىي ھەمىدى» دە بۇ ئەھۋاللار مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «قۇشبېگى خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ‹ھامىدىن تۆرە دەرھال يېتىپ كەلسۇن، بىز تاقەتسىز كۈتىمىز› دەپ ئەلچى ماڭغۇزدى. ھامىدىن تۆرەم يېتىپ بېرىپ كۆرۈشتى. تەبرىك ـ مۇبارەكلەشلەردىن كېيىن، قۇشبېگى: ‹ئەي تۆرەم! يەنە بىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئادەم بارمۇ؟› دەپ سورىغاندا، ھامىدىن: ‹تۆرەم جانابىڭىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان مەن ئىدىم، خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، ئەمدى ئۇرۇشىدىغان ئادەم يوق. دېمەك، كۈچامۇ قول ئاستىڭىزغا ئۆتتى دېگەن سۆز، مۇبارەك بولسۇن› دەپ جاۋاب بەردى»⑮.

ھامىدىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە لىنىيىلىرىمۇ بىتچىت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى باينىڭ ياقا ئېرىقتىن يولغا چىقىپ، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كۇچا قەلئەسىگە قىستاپ كېلىدۇ. موللا مۇسا سايرامى كېيىنكى ئىشلارنى قىسقىچە مۇنداق بايان قىلغان: «خەير مۇھەممەد توپچىدار پانساتنى يىگىتلىرى بىلەن چاپاۋۇل قىلىپ كۇچاغا ماڭدۇردى. بۇ چاغدا راشىدىن خان خوجىمۇ بىرمۇنچە ئەسكەر چىقارغان ئىكەن. بۇلارنى بىر ھۇجۇم بىلەن كەينىگە قاچۇردى. ئاندىن كۇچانى قولغا كىرگۈزۈپ شامالباغ دېگەن جاينى مەنزىل قىلىپ، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئەرز ماڭدۇردى. جانابىي غازى بەدۆلەت مەڭگۈلۈك ئىقبال ۋە ھەشەمەت بىلەن كۇچاغا كېلىپ شامالباغ ئاستىدىكى بۇلاقبېشىدا چېدىر بارگاھ تىكلەپ ئورۇنلاشتى. ئاندىن خان خوجىنى (راشىدىننى) چېدىرغا ئېلىپ كېلىشتى»⑯. كېيىنكى ئەھۋاللار «تارىخىي ھەمىدى» دە خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، راشىدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا سىپىل

ئۇستىگە يۇگۈرۈپ چىقىپ: «بۇ قىپچاق ـ ئەنجانلىقلارنىڭ شەھەردىن قوغلاپ چىقارمامسىلەر؟!» دەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرگەن. راشىدىننىڭ بۇ ھەرىكىتى شۇبھىسىزكى ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىغا شەرەپ ئاتا قىلغان بولسا، ياقۇپبەگكە ئۆيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ مەڭگۈ بىر چەت ئەللىك دەپ قارىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.

راشىدىن پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ قارىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تام تۆۋىگە تۇرغۇزۇلۇپ، تامغا باستۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەنمىش. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، راشىدىننىڭ سۆڭەكلىرىنى كېيىنكىلەر كۇچادىكى ئەرشىدىن مازىرىغا دەپنە قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىرقى كۇچادىكى ئەرشىدىن مازىرىنىڭ تېمى سىرتىدىكى قەبرىلەر ئارىسىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر قەبرىگە راشىدىننىڭ سۆڭەكلىرى قويۇلغانىكەن.

## 3. ياقۇپبەگنىڭ تەخرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بېسىۋېلىشى

### 1. قەشقەرگە قايتىش

خوجا جەمەتىنىڭ كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئىجتىمائىي تەسىرىنى ئۇيلىغان ياقۇپبەگ كۇچا، كورلا، شايار، بۈگۈر قاتارلىق جايلارنى ئالاھىدە بىر مەمۇرىي رايون سۈپىتىدە ئىسھاقنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلدى. چۈنكى كۇچادىكى خوجىلار جەمەتىدە ئىسھاقنىڭ جەڭ ۋە سىياسىي تۆھپىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىدى. ياقۇپبەگ يەنە ئۆزىنىڭ توختى دېگەن يېقىن ئادىمىنى ئىسھاقنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ بەلگىلەپ، شۇ جاينىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى بەردى. موللا يۇسۇپ ئىسىملىك بىر ئادەمنى بۇ رايوننىڭ قازى كالانلىقىغا تەيىنلەپ، شۇ جايلارنىڭ ئامانلىقى ۋە ئەدلىيىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇردۇ. ياقۇپبەگ كۇچاغا

تۇتۇلغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرغاندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. يولغا چىققاندا راشىدىننىڭ كۇچادا يىغقان بارلىق بايلىقلىرىنى ئېلىپ قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىدا قەشقەرگە ماڭغۇزىدۇ. بۇ ياقۇپبەگنىڭ ئەڭ روناق تېپىۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، قىسقىغىنە 10 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، خوتەندە ھەبىبۇللانى ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، كۇچادا راشىدىننى ئەسىرگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتە «يەتتە شەھەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ رايون، يەنى خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق شەھەرلەر پۈتۈنلەي ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالغان ياقۇپبەگ قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە ھەدەپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقسۇدا 20 نەچچە كۈن تۇرۇپ بىردىنبىر قىلغان ئىشى موللا ئابدۇللا باقى مۇفتى باشچىلىقىدىكى 17 باينى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ يەكەنگە پالاپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى توشقان دەرياسى ئېقىنىغا قارشى مېڭىپ، ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇچتۇرپاندىن چىققاندىن كېيىن قىرغىز يايلاقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىنى بويلاپ مېڭىپ، 1867 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

ياقۇپبەگ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەككىگە بېرىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلىش نامىدا بۇزرۇك خوجىنى چەت ئەلگە چىقىرىۋېتىدۇ. بۇزرۇك خوجا ماڭىدىغان چاغدا، ياقۇپبەگ ئۇنىڭغا 10 مىڭ تىللا ھەدىيە قىلغان [17]. بۇ خىل نەتىجە ھەر ئىككىيلەنگە نىسبەتەن بىر ـ بىرىدىن قۇتۇلۇش بولۇپ، بۇزرۇك خوجا ياقۇپبەگنىڭ نەزەربەندىتىدىن قۇتۇلىدۇ، ياقۇپبەگ بولسا ئۆز ئەتراپىدىكى شەكىلسىز بېسىمنى يوقىتىدۇ.

چۈنكى ياقۇپبەگ بۇ رايوننىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇزرۇك خوجىنىڭ خانلىق سالاھىيىتى يەنىلا ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ سىمۋولى ئىدى.

بۇزرۇك خوجىنىڭ كېتىشى ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئاپاق خوجا جەمەتىنىڭ سىياسىي سەھنىدىن ئۇزۇن ـ تىنىسىز غايىب بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

2. مۇزەپپەرنىڭ مەغلۇبىيىتى

مۇزەپپەر ئەسلىدە قوقەند خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، بىر مەزگىل ئىران ئىبگىزلىكى ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق يەكەن ئۇرۇشى جىددىي داۋام قىلىۋاتقان چاغدا، مۇزەپپەر تىبەت ئارقىلىق يەكەنگە كېلىپ خېتىپنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان⑱. قوقەند خانلىقىنىڭ خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن مۇزەپپەر يەكەندە يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ ـ دە، خۇددىنى بىلمەي خىيالىغا كەلگەننى قىلىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە خېتىپ ئۇنى كۆزدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، كۇچادىكى راشىدىنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بىراق كۇچادا راشىدىن ئۇنى تېخىمۇ ئىززەتلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بېرىدۇ. مۇزەپپەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كېلىشتىكى مەقسىتى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان جىددىي سىياسىي داۋالغۇشلاردىن ھوقۇق ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى يەكەندە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن راشىدىنىنىڭ ئۇنى قەدىرلەپ خۇشامەت قىلىشى ئۇنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەزى سورۇنلاردا ئوچۇق ـ ئاشكارا راشىدىن ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنى ئۇلار خوجىلار جەمەتى، پەقەت قۇرئان

قىرائەت قىلىپ دۇئا ئوقۇشقىلا مۇناسىپ كېلىدۇ، سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا كارغا كەلمەيدۇ، دەپ چۇشۇرۇپ مەسخىرە قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ جەمەتىنى قوقەندكە پادشاھ بولۇپ 200 يىلدىن ئارتۇق ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىدارە قىلغان، دەپ ماختىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن راشىدىن ئۆزىنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇزەپپەرنى يەنە بىر قېتىم كۇچادىن يىراق كورلىغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. ياقۇپبەگ كۇچانى تارتىۋالغاندىن كېيىن مۇزەپپەر ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ ئۇرۇمچىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ يەردە بىر مەزگىل ئىمتىياز، شەرەپلەردىن مەھرۇم بولۇپ، ئاددىي پۇقرا سۈپىتىدە غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدۇ. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بىرقانچە قوقەندلىك سودىگەر مۇزەپپەرنى تونۇۋالىدۇ. مۇزەپپەرنىڭ خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ئۇرۇمچى ۋە يېقىن ئەتراپتا تۇرۇۋاتقان قوقەند مۇھاجىرلىرى ئارقا ئارقىدىن مۇزەپپەرنىڭ تۇرغان جايىغا بېرىپ، ئاللىقاچان ۋەتىنىنى تەرك ئەتكەن خان پۇشتى بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي مۇزەپپەر ئۇرۇمچىدە ھەممە تونۇيدىغان شەخسكە ئايلىنىدۇ. ھەتتا تۇمەن شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ مۇزەپپەرگە نۇرغۇن مال - مۈلۈك، پۇل - پۇچەك ھەدىيە قىلىپ، ئۇرۇمچىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن بۇ قوقەند خان پۇشتىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ[19]. مۇزەپپەرنىڭ ئۇرۇمچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم سابىق قوقەند ئەمەلدارلىرى مۇزەپپەرنى ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش قەستىدە مۇزەپپەرگە مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇ كۇچاغا كېلەلىسىلا ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردە ئۇنى «يەتتە شەھەر» نىڭ خانى قىلىپ تىكلەيدىغانلىقىغا ھۆددە قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن ئىشلارغا توغرا ھۆكۈم

چىقىرالمايدىغان مۇزەپپەر جەنۇبىي شىنجاڭغا پادىشاھ بولۇش خىيالىم تېزلا ئىشقا ئاشىدىغان بولدى دەپ خام خىيال قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى قوقەند مۇھاجىرلىرىنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى تېزلا ئالدىراپ - تېنەپ بىر قوشۇن تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قوشۇن 1868 - يىلى يازدا 800 چاقىرىملىق ئۇزۇن مۇساپىنى 10 كۈندىلا بېسىپ، ياقۇپبەگنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى قوغداۋاتقان كورلىنى ئىشغال قىلىدۇ[20]. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ مۇزەپپەرنىڭ كورلىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرىنى قاتتىق قامال قىلىش بىلەن بىرگە، ئىسھاققا ھېچقانداق داۋراڭ سالماي كورلىغا ئاتلىنىپ، مۇزەپپەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى بىراقلا يوقىتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ياقۇپبەگ قەشقەردىكى سابىق قوقەند ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى مەخپىي تۇتقۇن قىلىدۇ[21]. ئىسھاق قوماندانلىقىدىكى 2 مىڭ كىشىلىك قوشۇن كۇچادىن يولغا چىقىپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۈچ كۈندە 500 چاقىرىم يولنى بېسىپ كورلىغا كېلىپ، كورلىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن مۇزەپپەرنىڭ قوشۇنى ئاخىر يېڭىلىدۇ - دە ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچىدۇ. قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن مۇزەپپەر بىر چېدىر ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئىسھاق بۇ چېدىرنى قورشىۋېلىپ تەرەپ - تەرەپتىن چېدىرغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ مۇزەپپەرنى ھالاك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇزەپپەر توپىلىڭى ئاخىرلىشىدۇ.

3. شەيخ مۇھەممەد ئاكا - ئۇكىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش

ئاكا - ئۇكا شەيخ مۇھەممەدلەر ۋەقەسى بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭ بولۇپ، مۇزەپپەر توپىلىڭىدىن كېيىنلا يۈز بەرگەن. شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەد ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ئەۋلادى بولىمىز، بىز

مەككىدە تۇغۇلغان[22] دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى گەپتىن باشقا ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئىسپات يوق ئىدى. 1868 ـ يىلى كۈز ۋە قىشتا شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەد ئاكا ـ ئۇكا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى جايلاردا تۇيۇقسىز ھەممە دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان شەخسكە ئايلاندى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ياقۇپبەگ مۇزەپپەرنىڭ كورلىنى بېسىۋالغانلىق خەۋىرىنى قاتتىق قامال قىلغانلىقى سەۋەبلىك، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەندىكى ئەمەلدار ـ ئامما كورلىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ھەتتا ئىسھاقنىڭ ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كورلىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىنمۇ خەۋەرسىز قېلىشتى. ياقۇپبەگنىڭ خەۋەرنى بۇنداق قاتتىق قامال قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، تېخى يېقىندىلا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئالغان خوتەن ۋە كۇچادىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مۇشۇ خەۋەرنىڭ تەسىرىدە مۇزەپپەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ياقۇپبەگ ئىسھاقنىڭ مۇزەپپەرنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بەدەخشاندىن كەلگەن بىر سودا كارۋىنىنىڭ باشلىقى ياقۇپبەگكە شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدنىڭ خېتىنى تاپشۇرىدۇ. ياقۇپبەگ بۇ خەتنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. چۈنكى يىراق بەدەخشاندا تۇرۇۋاتقان شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەد ئاكا ـ ئۇكا شەيخلەرنىڭ ياقۇپبەگكە يازغان خېتىدە ئالدى بىلەن ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ كورلىدا مۇزەپپەر ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن، ئارقىدىنلا ياقۇپبەگنىڭ چوڭ بالا ـ قازاغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۇنى قورقۇنچاسېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەككە ـ دۈككىدە قالغان ياقۇپبەگ ئىختىيارسىز بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بېشارەتلىرىگە ئىشىنىپ قالىدۇ ـ دە، نۇرغۇن

سوۋغا ـ سالام بىلەن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئامالىنى سورايدۇ. لېكىن ياقۇپبەگكە بېرىلگەن جاۋاب بولسا پۈتۈن ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە ھەممەيلەننىڭ ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاللادىن گۇناھىنى تىلىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان[23]. ياقۇپبەگ ئاكا ـ ئۇكا شەيخلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن بارلىق ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ھەممەيلەن گۇناھىغا توۋا قىلىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بىر مەزگىل شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارنى كىشىلەرنىڭ توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ نالە قىلىشلىرى قاپلايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدنىڭ تەلىپى بويىچە بولۇۋاتقان بولغاچقا، بۇ ئاكا ـ ئۇكا شەيخلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى مەركىزىي شەخسكە ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار خۇددى قۇتقازغۇچ ئەۋلىياغا ئايلىنىدۇ. دەسلەپتە شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەد ياقۇپبەگنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقنى بۇنداق ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. ياقۇپبەگ قوزغىغان بۇ بىر مەيدان توۋا قىلىش ھەرىكىتى بارغانسېرى كېڭىيىپ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن چاغدا، شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەد ياقۇپبەگنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تىكلەپ بەرگەن نام ـ ئاتىقىدىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا سىياسىي نەپكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپبەگنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەد ئاكا ـ ئۇكىلار يەكەندە مۇسۇلمانلارنىڭ چىن قەلبىدىن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار بەدەخشاندىن يەكەنگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ ئاللىقاچان

چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىلەن كۆرۈشۈپ خۇددى ئەۋلىيالار بىلەن كۆرۈشكەندەك بولىدۇ. ھەتتا بەزى ئالاھىدە سورۇنلاردا ياقۇپبەگنىڭ ئىسمى ئاكا ـ ئۇكا شەيخلەرنىڭ ئىسمىدىن چاندۇرۇپ ئېيتىلىدۇ. كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقاتقان شەيخ مۇھەممەد بىر قېتىملىق جۇمە نامىزىدا تۇيۇقسىز ئۆزىنى مەھدى㉔، ئىنىسى شەيخ ئەھمەدنى ئۆزىنىڭ باش ۋەزىرى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى «مۇقەددەس ئىسلامنىڭ توغرا يولى» غا قايتىدىن باشلاپ، كۆپچىلىككە ئادالەت ۋە تىنچلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەلپىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئاكا ـ ئۇكا شەيخلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا دىنىي داھىيغا ئايلىنىپلا قالماستىن، ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا دەسسەپ بۇ رايوننىڭ سىياسىي داھىيسىغىمۇ ئايلانماقچى بولىدۇ. شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى يەكەن شەھىرىدىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى زاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىنىي ئالىم، يەكەننىڭ قازىسى زىيائىددىن داموللا بۇ ئاكا ـ ئۇكا شەيخلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ياقۇپبەگكە خەت ئارقىلىق مەلۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا ياقۇپبەگنىڭ شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدكە بولغان قىزغىنلىقى سوۋۇپ قالغان بولغاچقا، ئۇ دەرھال زىيائىددىن داموللىغا جاۋاب يېزىپ «شەرىئەت ۋە مىللەتنىڭ توغرا ۋە پاك ھۆكۈم يوللىرى بويىچە بۇ كاززاپلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئالدامچىلارنىڭ بالايىئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش» نى㉕ بۇيرۇق قىلىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، زىيائىددىن داموللا شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدنى سوتلاپ، ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، ئۆلۈم جازاسىنى يەكەننىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي قانۇنىدىكى ئۆلۈم جازاسىغا

ئاساسەن شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدنى يەرگە بىلىگىچە كۆمىدۇ، ئاندىن زىيائىددىن داموللا ھۆكۈمنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن جازا مەيدانىغا چاقىرىپ كېلىنگەن يەكەن پۇقرالىرى ئۇلارغا بەس - بەستە تاش - چالما ئېتىپ ئۇلارنى «چالما - كېسەك» قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ.

### 4. ياقۇپبەگنىڭ كەشمىرگە ئەسكەر ئەۋەتىشى

1868 - يىلى ياقۇپبەگ شەرقتە كۇچادىن جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان مۇشۇنداق كەڭرى زېمىنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە باغلاش كويىدا بولىدۇ. ئەينى چاغدا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى دائىم تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن شەرقىي جەنۇبقا بارىدىغان يوللار ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان، پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى چارروسىيە ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان، ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان قاتناش يولى بولسا ئۇرۇمچىدىكى تۇمىنىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ قۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ يولنى كەشمىر بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ھىندىستان بىلەن ئالاقە باغلاشنى تاللىۋالىدۇ. تەخمىنەن شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدنى بىر تەرەپ قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ياقۇپبەگ چوڭ بىر سودا ئەترىتىنى نۇرغۇن مال بىلەن كەشمىربىلەن ھىندىستانغا ئەۋەتىدۇ. بۇ سودا ئەترىتى كەشمىردە سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىر تۇركۈم قوراللىق باندىتلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى قامال قىلىش ئادىتىگە خىلاپ ھالدا، بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىدۇ. نۇرغۇن ئاشكارا سورۇنلاردا ئەڭ قاتتىق گەپلەر بىلەن كەشمىر دائىرىلىرىنى ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ تەسىرى بىلەن كەشمىردىكى بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى بىر مەزگىل يەتتە شەھەردىكى كىشىلەر ئەڭ قىزىقىدىغان مۇنازىرە تېمىسى

بولۇپ قالىدۇ. قىسقا مەزگىللىك تەييارلىقلاردىن كېيىن ياقۇپبەگ ئەمىر ئابدۇللانى 7 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش قىلىپ كەشمىرگە جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇندا 25 نەپەر پانسات دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولغاندىن باشقا، يەنە لىق ئوق - دورا، يېمەك - ئىچمەك بېسىلغان 600 تۆگە ۋە قوشۇننىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن تەييارلانغان 10 مىڭ تۇياق قويمۇ ئەگىشىپ ماڭغانىدى. قوشۇن يولغا چىققاندا قەشقەردە داغدۇغىلىق ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ ئابدۇللا قاتارلىقلارغا بەرگەن بۇيرۇقىدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: (1) بۇلانغان مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، باندىت - قاراقچىلارنى قاتتىق جازالاش؛ (2) كەشمىر پادىشاھىنى ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرىي ئەھدە تۈزگۈزۈش. ياقۇپبەگ ئابدۇللا قاتارلىقلارغا يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئورۇنلانمىسا كەشمىرگە شۇ ھامان ھۇجۇم قىلىپ، تالان - تاراج، قىرغىن ۋە ئولجا - ئەسىر ئېلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى كەشمىرگە يېقىنلاپ كەلگەندە، كەشمىر پادىشاھى ئەسقەر ئەلاخان ئابدۇللا قاتارلىقلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ قوشۇن تارتىپ كېلىشنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇرىدۇ. ئابدۇللا كەشمىر ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىپ، كەشمىر پادىشاھىنىڭ قەشقەر سودا كارۋىنىنى بۇلىغان باندىت - قاراقچىلارغا كەڭچىلىك قىلغانلىقىنى ئەيىبلەش بىلەن بىللە، ياقۇپبەگنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دەسلەپتە كەشمىر پادىشاھى ئەسقەر ئەلاخان پەقەت ماللارنى تۆلەپ باندىت - قاراقچىلارنى جازالاشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى شەرتكە ئېنىق جاۋاب بېرىشنى خالىمايدۇ. ياقۇپبەگنىڭ ئېگىز تاغلار ئايرىپ تۇرغان كەشمىرگە بۇنداق زور قوشۇن ئەۋەتىشىدىكى مەقسىتى پەقەتلا ئەنە شۇ ئىككىنچى شەرت ئۈچۈن ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ مەقسىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئابدۇللا قوشۇننى باشلاپ كەشمىرگە

ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەشمىر پادىشاھى ئەسقەر ئەلا خانغا ئەگەر ئىككىنچى شەرتنى بەجا كەلتۈرمىسە، ياقۇپبەگ بەرگەن «كەشمىرگە ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئولجا ـ ئەسىر ئېلىش» ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زور قوشۇنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئەسقەر ئەلاخان ئىككىنچى شەرتكە كۆنۈپ ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ سادىق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىزىنى ياقۇپبەگكە توقاللىققا بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ياقۇپبەگنىڭ كەشمىرگە قوشۇن چىقىرىشىدىكى ئەسلى مەقسىتى ھىندىستان بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش بولۇپ، بۇ مەقسىتى ئىشقا ئاشىسىلا باشقا ئىشلار ئوڭايلا ھەل بولۇپ كېتەتتى. غەلىبە خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ كەشمىر پادىشاھىنىڭ مەلىكىنى توقاللىققا بېرىش قاتارلىق بارلىق تەلەپلەرگە رازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، توختىخان ئايىم ئىسىملىك بىر ئايال پانساتنى كەشمىر مەلىكىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەشمىردىكى قوشۇنلىرىنى خوتەن قاتارلىق جايلارغا چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ.

سودا كارۋىنىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىشىنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىشتىن تارتىپ كەشمىرگە ئەسكەر چىقىرىپ، كەشمىر مەلىكىسىنى توقاللىققا ئالغىچە بولغان تولۇق دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بۇ ھەرىكەتلەرنى ياقۇپبەگ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان بولۇپ، بۇ ئىشلار ئەتراپتىكى كىچىك دۆلەتلەردە قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي كانجۇت پادىشاھى سەفدەر ئەلى خانمۇ ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلىدۇ. ئارقىدىن ۋاخاننىڭ پادىشاھىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كوھىستان تاغلىق رايونلىرىدىكى بارلىق قەبىلە باشلىقلىرىمۇ بەس ـ بەس بىلەن ياقۇپبەگكە ئىتائەت

قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇم تېغى ۋە پامىرنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى بىر قاتار كىچىك دۆلەتلەر ياقۇپبەگ بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. بۇ مەزگىللەردە ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپلا قالماستىن، يەنە تېخىمۇ مۇھىمى تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ ھىندىستان، تۈركىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن قىلغان بېرىش ـ كېلىشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قېتىم ئاچقان بىر قاتار يوللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقاندى.

## 4. ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشى

### 1. تۇرپاننى مۇھاسىرىگە ئېلىش

1869 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ۋەزىيىتى پەيدىنپەي مۇقىملاشتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى باركۆل، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ساقلاپ ياتتى. تۇمەن بولسا تۇرپان، پىچان، توقسۇن، ئۈرۈمچى، ماناس، جىمسار قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالدى. ئىلى دەرياسى ئەتراپلىرى شەۋكەتئاخۇن، ئەلاخانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ياقۇپبەگ بولسا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى، جەنۇبى رايونلىرىنى ئىگىلىدى.

ئۇزاقتىن بۇيان تۇمەن كېڭىيىش نەزىرىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ئېتىكىدىكى بوستانلىقلارغا تىكىپ كەلگەندى. ئۇنى قىزىقتۇرغىنى بۇ يەرنىڭ كەڭ زېمىنى بولۇپلا قالماستىن مول تەبىئىي بايلىقى ئىدى. 1870 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇمەننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ما جۇڭ، ماتەي، جۇ شېڭسەي قاتارلىقلار 20 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى باشلاپ ئۇششاقتالدا پەيدا بولىدۇ. ئۇششاقتال ياقۇپبەگنىڭ چېگرىسى بولۇپ، بۇ

يەردە 200 دىن ئارتۇق قاراۋۇل ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن بىر كىچىك قوشۇن بار ئىدى. بىر قېتىملىق جەڭدىلا ياقۇپبەگنىڭ 200 كىشىلىك قوشۇنى پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ. ئۇششاقتالدىن كورلىغىچە بولغان بۇ 300 چاقىرىملىق يول بۆلىكىدە يۇقىرىقى 200 ئەسكەردىن باشقا ياقۇپبەگ ھېچقانداق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى قۇرمىغانىدى. شۇڭا ئۇششاقتال قولدىن كەتكەندىن كېيىن ھاجىبەگ باشچىلىقىدىكى كورلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلىرى ئالاقىزادە بولۇپ قېچىپ كۇچاغا كېلىپ پاناھلىنىدۇ. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ياقۇپبەگ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ھېكىمخان تۆرىنى كورلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ ھەم ئۇنىڭ شەخسەن 2 مىڭ ئەسكەرگە باش بولۇپ جىددىي كۇچاغا بېرىپ كۇچادىكى ئىسھاققا ياردەم بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ. ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئاقسۇدىكى ۋەزىپىسىنى مىرزا بابا ۋاكالىتەن ئۈستىگە ئېلىپ تۇرىدۇ. ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش، قوشۇن توپلاش، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تەقلەش دېگەندەك ئىشلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۈگەتكەن ھېكىمخان تۆرە كۇچاغا يېتىپ كېلىپ ئىسھاق بىلەن بىرلىشىپ، كۇچانىڭ شەرقىدىكى قارايىغاچ دېگەن جايدا مۇداپىئە سېپى تۈزىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تۇڭگان قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنىدۇ، بىر يولدىكىسى ئۇدۇل كۇچا شەھىرىگە قاراپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر يولدىكىسى قارايىغاچقا توپلىنىپ ياقۇپبەگ قوشۇنىغا تۆت تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر كېچىدىلا قارايىغاچتىكى مۇداپىئە قوشۇنى بىتچىت بولىدۇ، ئامان قالغانلار ھېكىمخان تۆرە، ئىسھاق ۋە ئاز ساندىكى ئاتلىق سەرۋازلار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي كۇچا شەھىرىنى تۇڭگان قوشۇنلىرى بېسىۋالىدۇ㉘. تۇڭگان قوشۇنى بايلىق ئۇچۇن كەلگەن بولغاچقا پۈتۈن كۇچا شەھىرى بىر دەمدىلا ئۇلارنىڭ بۇلاپ ـ تالايدىغان مەيدانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كۇچا

مۇساپىرلىرى توپ ـ توپى بىلەن يۇلتۇز تاغ يولى ئارقىلىق ئاقسۇغا قېچىپ كېلىشىدۇ. مۇساپىرلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى قىلچە كۆپتۈرمەي ئاقسۇ ئاھالىلىرىگە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىمۇ ساراسىمىگە چۈشىدۇ. ئاقسۇنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمبېگى مىرزا بابا بىر تەرەپتىن ئاقسۇنىڭ ئەھۋالىنى ياقۇپبەگكە جىددىي مەلۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل قوراللارنى شەھەر پۇقرالىرى ۋە ئاقسۇغا پاناھلانغىلى كەلگەن مۇساپىر ئەرلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي سېپىل ئۈستىدە چارلاش ئېلىپ بارغۇزۇپ ھەيۋە كۆرسىتىدۇ[29]. تۇمىن قوشۇنلىرى ئۇششاقتالدا پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ياقۇپبەگ شەرقىي سەپنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە مارالبېشى ۋە قەشقەر لىنىيىسىدە قوشۇن تەشكىللەۋاتاتتى. ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئىسھاق قاراياغاچ كەنتىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ شەخسەن ئۆزى جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى. ئاقسۇدىن جىددىي مەلۇمات كەلگەندە، ياقۇپبەگ ئاللىقاچان قەشقەردىن ئايرىلىپ ئاقسۇ يولىدا كېلىۋاتاتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا باي ئەتراپلىرىدا توختاپ قالغان ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئىسھاقلار ياقۇپبەگنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۇچاغا قوشۇن تارتىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ياقۇپبەگ يەنە ئۇلارغا مارالبېشىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى دەرۋىش مىراخور باشچىلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇننىڭ ئۇلارغا ياردەمگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەينى چاغدا كۇچا قولدىن كەتكىلى توققۇز كۈن بولۇپ قالغانىدى. ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئىسھاقلار كۇچا چېگرىسىغا يېقىنلاشقاندا ئايغاقچىلار تۇمىن قوشۇنىنىڭ ئاللىقاچان كۇچادىن ئايرىلىپ كورلىغا چېكىنگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئىسھاق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياردەمچى قوشۇننى كۈتمەيلا كۇچا شەھىرىگە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

ياقۇپبەگمۇ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ. كۇچانىڭ جەڭ ۋەزىيىتى ئۆزلۈكىدىن بېسىققان بولغاچقا، بارلىق ئەمەلدارلار ياقۇپبەگنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى تاللىشىنى پەرەز قىلىشىدۇ. ياقۇپبەگ ئاقسۇدا 10 كۈن تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بارلىق قوشۇنلارنىڭ كۇچاغا قاراپ يولغا چىقىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن قوشۇن كۇچاغا قاراپ ئاتلىنىدۇ.

ياقۇپبەگ كۇچاغا يېتىپ كېلىپ ھېكىمخان تۆرىنىڭ كورلىنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، گۇناھى ئۈچۈن قوشۇنغا ئەگىشىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنى بۇيرۇيدۇ. ئارقىدىنلا ھەمدەم باتۇر يۈزبېشى قاتارلىق بىر تۈركۈم جەڭدە يالقاۋلىق قىلغانلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ھەمدەم باتۇر يۈزبېشى بولسا ئەينى چاغدا ئاقسۇ دەرياسىغا ئەڭ بۇرۇن ئاتلىق سەكرەپ، ئۈزۈپ ئۆتۈپ ئاقسۇ دەرياسى بويىدىكى كۇچا قوشۇنىغا باستۇرۇپ بېرىپ زەربە بەرگەن ھېلىقى يۈزبېشى ئىدى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگ شەخسەن ئۆزى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ تۇرپانغا جازا يۈرۈشى قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ ياقۇپبەگ قوزغىغان ئەڭ يىراق مۇساپىلىك ھەربىي يۈرۈش بولۇپ، كۇچانى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغاندا پۈتۈن مۇساپە 1 مىڭ 500 چاقىرىم كېلەتتى. ياقۇپبەگنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغان قەشقەرنى ئاساسىي نۇقتا قىلغاندا، بۇ مۇساپە جەمئىي 2 مىڭ 800 چاقىرىم كېلەتتى. مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقان ياقۇپبەگ كۇچادا بۇ قېتىمقى يىراق مۇساپىلىك ئۇرۇشنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە جەڭ سېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلايدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشى قىلىش قوشۇنىغا سەككىز ئەمىرنى قوماندان قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ھەربىر ئەمىرنىڭ قول ئاستىغا سەككىز پانسات، ھەربىر پانساننىڭ قول ئاستىغا بەش نەپەر يۈزبېشى ئورۇنلاشتۇرغان

بولۇپ، ئومۇمىي ئەسكەر سانى 25 مىڭغا يېتەتتى. بۇ قېتىمقى يىراقتا سەپەر قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىدىكى ئۈچىنچى تۈرلۈك ئىش قاتارىدا ياقۇپبەگ ئىسھاقنى ئۇرۇشتا كۈچ چىقارمىغانلىقىنى جازالاش ھېسابىغا ئائىلىسى بىلەن يەكەنگە كۆچۈپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئارقىدىن نارمۇھەممەد پەرۋانچىنى كۇچانىڭ ھاكىمبەگلىكىگە، نىياز مۇھەممەد توقسابېينى كورلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ㉚.

تۇمىنىنىڭ قوشۇنى كۇچادىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئۇدۇل توقسۇنغا يۆتكىگەچكە، كۇچادىن يولغا چىققان ياقۇپبەگ قوشۇنى يول ئۈستىدە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ. توقسۇن تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئەمىر ئۆمەر قۇلبەگنى قول ئاستىدىكى قوشۇننى باشلاپ يىلانلىق ئارقىلىق توقسۇننى ئايلىنىپ مېڭىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمىر ئابدۇللانى قوشۇنى بىلەن ئايغىربۇلاق يولى ئارقىلىق ئۇدۇل توقسۇن شەھىرىگە بېرىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ㉛. تۇمىن قوشۇنىنىڭ توقسۇن شەھىرىدىكى قارشىلىقى ناھايىتى تېزلا يىمىرىلىدۇ. ياقۇپبەگ توقسۇندا قىسقا مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن، 1870 - يىلى 6 - ئايدا تۇرپانغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ دادۇڭ دېگەن جايدا چۈشكۈن قىلىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن يىمىش دېگەن جايدا تۇمىنىنىڭ تۇرپاننى مۇداپىئە قىلىۋاتقان قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭگە ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان. ياقۇپبەگ قوشۇنى تۈنجى جەڭدىلا غەلىبە قىلىدۇ. تۇمىن قوشۇنى تۇرپان شەھىرىگە چېكىنىدۇ. دادۇڭنىڭ يەر شەكلى ياقۇپبەگكە پايدىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ياقۇپبەگ قوشۇنىنى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ تۇرپان شەھىرى ئەتراپىغا يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان تۇمىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالمىسا

ھەرگىزمۇ ياقۇپبەگنى مەغلۇپ قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. دادۇڭ جىڭدىن تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك تۇڭگان قوشۇنى تەڭرىتاغدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تۇرپان شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ كېلىدۇ㉜. يەنە شۇ ۋاقىتتا تەخمىنەن 8 مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى تۇرپان شەھىرىدىن چىقىپ ياقۇپبەگنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. نەچچە رەت ھۇجۇم قىلىپمۇ غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن جاسارىتى سۇسلىشىپ، ياقۇپبەگ قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە تۇرپان شەھەر ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالىدۇ㉝. ياقۇپبەگ تۇرپان شەھىرىدە دۇچ كەلگەن رەقىبىنىڭ مەيلى ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەدبىر ۋە باتۇرلۇقتا بولسۇن ئىلگىرىكى نۇرغۇن رەقىبلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇزۇن مۇددەت قورشاپ قاپسىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۇرپاننى ئالماقچى بولىدۇ.

يارغۇل جىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ قوماندانلىق شتابىنى تۇرپان شەھىرىگە ئىككى يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تۆزلەڭلىككە يۆتكەپ، بۇ جايدا بارلىق ئەمەلدار، ئەسكەرلەر كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلەپ دېگۈدەك مۇداپىئەسى ئىنتايىن پۇختا بولغان بىر قورغان قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ قورغاننىڭ ئەتراپلىرىغا خەندەك كولانغان، تاملىرىغا زەمبىرەك سوپىسى ۋە قارىغا ئېلىش تۆشۈكلىرى قويۇلغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ قورغان مۇكەممەل بىر ھەربىي لاگېرغا ئايلىنىدۇ. بۇ جاي يەنە تىجارەتچى مۇساپىرلار ۋە تىلەمچىلەر توپلىشىۋالىدىغان بىر ماكان بولۇپ قالدى. بۇ تىجارەتچى ۋە مۇساپىر ـ تىلەمچىلەر خەندەكنىڭ ئىككى يېقىغا پاناھلىنىدىغان ھەر خىل چېدىر ـ كەپىلەرنى ياسىۋالىدۇ. تىجارەتچىلەر ھەر ۋاقىت ياقۇپبەگنىڭ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنى ھەر خىل

كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىسە، مۇساپىر ۋە قەلەندەرلەر ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەر مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. تۇرپان شەھىرى ئالتە ئاي مۇھاسىرىدە قاپسىلىپ تۇرىدۇ، نەچچە 10 ئادەم ئۇزاق مەزگىل شەھەرنى قورشاپ تۇرغاچقا ئوزۇق - تۈلۈك ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئەڭ مۇھىم بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئادەم بۇ جەھەتتە ياقۇپبەگكە ياردەم قىلىپ ئۇنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇلار تۇرپانلىق چوڭ باي ئابدۇقاھار بەگ بىلەن خوجا ئابدۇللابەگ، يەنە بىرى ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ (نەنسەن) ئەتراپلىرىدا تۇمىنغا قارشىلىق كۆرسەتكەن شۇ شۆگۈڭ ئىدى. «تارىخىي ھەمىدى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا شۇ شۆگۈڭ ياقۇپبەگكە قىلغان ئوزۇق - تۈلۈك ياردىمى تەركىبىدە 9 مىڭ تۇياق قوي، 800 ئات، 800 تۇياق كالا ۋە نەچچە يۈز تۇياق ئۆچكە بولغاندىن سىرت، يەنە تۆگىگە ئارتىپ كەلگەن ئاشلىق، يامبۇ، تاۋار - دۇردۇن، چاي قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا شۇ شۆگۈڭ يەنە 1 مىڭ 500 ئەسكىرىنى ياقۇپبەگكە ياردەم بېرىشكە قوشۇپ بەرگەن.

تۇرپان شەھىرىنى قورشاپ تۇرغىلى ئالتە ئاي بولغاندا، شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىق بىلەن ۋابا كېسىلى پەيدا بولىدۇ. تۇڭگان قوشۇنلىرى پەيدىنپەي قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1870 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپاندىكى تۇڭگان قوشۇنى ماجۇڭ بىلەن ما رېندىنىڭ باشچىلىقىدا شەھەردىن چىقىپ ياقۇپبەگكە تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇمىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تايانچ نۇقتىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ تۇرپان شەھىرىدىكى غەلىبىسى تۇمىننىڭ قورال كۈچى بىلەن ياقۇپبەگنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن تۇمىن نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن ئەلچى

ئەۋەتىپ ياقۇپبەگكە ئەل بولىدۇ. ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قامال قىلىپ تۇرۇش جەريانىدا كۈچى ئىبغىر خورىغان ياقۇپبەگنىڭ يەنە تىركەشكۈدەك مادارى قالمىغاچقا، تۇمىنىنىڭ تەسلىمىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئارىدا مۇجمەل بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ تېزلىك بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللەيدۇ. بۇنىڭدا بىر مەزگىل ئەمىلىدىن قالدۇرۇلغان كورلا هاكىمبېگى هېكىمخان تۆرىنى تۇرپاننىڭ هاكىمبەگلىكىگە، پانسات هەيدەر قۇلىنى ئۆستۈرۈپ تۇرپاننىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە، خوجا ئابدۇلنى سەركارلىققا (ئامانلىق ساقلاش باشلىقى)، سورخ ئاب بېينى قازى كالانلىققا تەيىنلەيدۇ㉟.

2. ئۈرۈمچىگە تېگىش قىلىش

تۇرپاننى ئىگىلەش ياقۇپبەگنىڭ 1870 - يىلى قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ غەلىبىسى بولۇپ، بۇ غەلىبە ياقۇپبەگنىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن شەرققە قاراپ يەنە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېڭىيىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ مەركىزىي بۆلىكىگە يېقىنلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەگەر بۇ مەركىزىي بۆلەكنى ئىگىلىۋالسىلا تۆت ئەتراپنى كونترول قىلالايتتى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنى هۇجۇم نىشانى قىلىپ بېكىتىدۇ.

تۇرپاندىكى جەڭ ئىشلىرى تۈگىشى بىلەنلا ياقۇپبەگ پانسات ئەزىمنى مىڭ ئەسكەرگە باش بولۇپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ تۇمىنىنىڭ تۇرار جايىنى تەكشۈرۈپ، تېخى يېقىندىلا يېڭىدىن ئورناتقان تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. مانا بۇ تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بارغان تۇنجى ياقۇپبەگ قوشۇنى ئىدى. تۇمىن بۇ قوشۇننىڭ ئالدىغا ئادەم

ئەۋەتىپ، ئەدەپ بىلەن ئەتراپلىق كۆتۈۋالىدۇ ھەم ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى كەڭرى بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇلار تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن 1 مىڭ 500 ئەمەلدار ۋە ئەسكەردىن ئەزىم باشلىق 400 دەك ئەسكەر تۇرپانغا قېچىپ كېلەلەيدۇ. تۈمەن مۇشۇ ھەرىكەتنى ئارقىلىق يېقىندا ياقۇپبەگ ئورناتقان تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى يوققا چىقارغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ مۇشۇ ئىشتىن پايدىلىنىش قارارىغا كېلىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كورلا، كۇچا ۋە ئاقسۇلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن قوشۇنلار بەلگىلەنگەن جايغا توپلىنىدۇ. بۇ قوشۇنلار ناھايىتى تېزلا قىشلىق ماددىي ئەشيالارغا ئىگە بولىدۇ. 1870 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئەمىرلەشكەر ئابدۇللا ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇننى باشلاپ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئارقىدىن ياقۇپبەگمۇ يولغا چىقىپ، داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە تەخمىنەن 30 چاقىرىمچە كېلىدىغان خارابە شەھەر دەقيانۇسقا كېلىپ چۈشكۈن قىلىدۇ. شۇ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇقى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق بولغان بولۇپ، ھەممە يەرنى قار - مۇز قاپلاپ كەتكەچكە، يولنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ياقۇپبەگ دەقيانۇس قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا ئاكوپ كولىتىپ، ئىستىھكام، توپخانىلارنى ياسىتىدۇ. قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن نۇرغۇن تىجارەتچى، مۇساپىر ۋە دىۋانىلەر بۇ قاتتىق سوغۇقتا قار - مۇز ئۈستىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى ئەمەلدار - ئەسكەرلەرمۇ بۇنداق قاتتىق سوغۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار شۇ شۆگۈك ئەۋەتىپ بەرگەن 100 نەچچە ھارۋا كۆمۈرنى قالاپ ئىسسىنغاچقا ئامان قالىدۇ ㊱. ياقۇپبەگ دەقيانۇسقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئون مىڭ كىشىلىك تۈمەن قوشۇنى ياقۇپبەگ لاگېرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ㊲. شىددەتلىك

ھۇجۇمغا ئۆچرىغان ياقۇپبەگ قوشۇنىدا ھە دېگەندىلا پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ، بىر تۈركۈم ئەسكەرلەر تىزغا كەلگۈدەك قارنى كېچىپ قېچىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ مىرزا ھەيدەر قۇشبېگىنى نازارەت ئەترىتىنى باشلاپ بېرىپ قاچقانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. نازارەت ئەترىتىنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈشى، قورقىتىشى بىلەن قاچقانلار قايتىپ كېلىپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىنلا ياقۇپبەگ جەڭگە ياخشى قوماندانلىق قىلالايدۇ، ياقۇپبەگ قوشۇنى توپ ـ زەمبىرەكلەرنى بىر يەرگە توپلاپ لاگېر ئەتراپىدىكى تۈمەن پىيادە قىسمىنىڭ مۇداپىئەسىنى توپقا تۇتىدۇ. ئارقىدىنلا قويۇق سەپ تۈزگەن چەۋەندازلار ئەترىتىنى بۇ پىيادىلەر قىسمىغا زەربە بېرىشكە ئاتلاندۇرىدۇ. توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن ئاللىقاچان چېچىلىپ كەتكەن تۈمەن پىيادە قىسمى چەۋەندازلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇمچىگە قاراپ قاچىدۇ. ئالدىنقى سەپتىكى مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغان تۈمەن ئۇچىغا چىققان بىمەنە ئامالنى ئويلاپ چىقىدۇ. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مىڭغا يېقىن قىز ـ ئوغۇل بالىنى يىغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە «قۇرئان» تۇتقۇزۇپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا قىرائەت قىلدۇرۇپ ياقۇپبەگ قوشۇنىغا قارشى ماڭدۇرۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ قىر ـ چاپ قىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇنىنى توسۇماقچى بولىدۇ[38]. نەتىجىدە بۇ گۇناھسىز بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى ياقۇپبەگ چەۋەندازلىرىنىڭ ئات تۇيىقى ئاستىدا جېنىدىن ئايرىلىدۇ. «تارىخي ھەمىدى» دە ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ «قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يۈرگەن ئابدۇللا ئەمىرلەشكەر ۋە پەيزى يۈزبېشى باھادىر باشلىق يىگىتلەر بۇ بالىلارغا پەرۋامۇ قىلماي بالىلارنى دەسسىتىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى» دەپ يېزىلغان. بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى يەنە تۈۋەندىكى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان جۈملىلەرنى يېزىش ئارقىلىق تۆزىنىڭ

بۇ ئىشقا بولغان ھەققانىي غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن: «ئاقىۋەت شۇ كۈنى كەچتە ئەمىرلەشكەر ئابدۇللانىڭ شام چىرىغى ئۆچۈپ، ئىككى كۆزى كور بولدى. پەيزى يۈزبېشىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئوق تېگىپ ئۆلدى. بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسى بولسا كېرەك»[39].

تۇمەن تىركىشىپ تۇرغۇدەك قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنى توپقا تۇتۇشى بىلەن نائىلاج تەسلىم بولىدۇ. ياقۇپبەگ تۇمەننىڭ ئىسلام خاقانى دېگەن نامىنى بىكار قىلىپ، ما جۇڭنى ئۈرۈمچىگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئۈرۈمچى، قۇتۇبى، گۇمۇدى، ماناس قاتارلىق جايلارنى باشقۇرۇشقا قويىدۇ. زەينۇلئابىدىن مەخدۇمنى ماجۇڭنىڭ كېڭەشبەگلىكىگە تەيىنلەپ مەخسۇس ياقۇپبەگنىڭ خەت ئالاقىسىگە مەسئۇل قىلىدۇ. شۇ شۆگۈڭنىڭ تۇرپان شەھىرى ۋە دەقيانۇس شەھىرىدە قىلغان ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ياقۇپبەگ ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا ھەدىيە قىلىدۇ ھەمدە ما جۇڭغا كېلەر يىلى كۈزدە شۇ شۆگۈڭغا 10 مىڭ تاغار بۇغداي ئاپىرىپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىدۇ[40].

ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىدە ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن تۇرپانغا قايتىدۇ. ئاندىن قايتىش سەپىرىدە قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا توختاپ ئۆتۈپ ئاخىر 1871 - يىلى كۈز پەسلىدە قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپاننى قورشاۋغا ئېلىپ ئۈرۈمچىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇزۇن سەپەر ئاياغلىشىدۇ[41].

### 3. ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتا يۈرۈش قىلىشى

1871 - يىلى يازنىڭ بېشىدا شۇ شۆگۈڭ تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە ئەسكەر چىقىرىپ ماجۇڭدىن ياقۇپبەگ ماقۇل بولغان 10 مىڭ تاغار بۇغداينى تەلەپ قىلىدۇ. ئەينى چاغ بۇغداي تېخى

پىشمىغان ۋاقىت ئىدى. ما جۇڭ ۋاقىتنى ئۇزارتىپ بېرىشنى، ياقۇپبەگنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلىتىدە يازلىق ئاشلىقنى يىغىۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ شۆگۈڭ بۇنىڭغا قوشۇلماي ما جۇڭنى ئېتىپ تاشلايدۇ. قەشقەرگە قايتىپ كېتىۋاتقان ياقۇپبەگ شۇ شۆگۈڭنىڭ قورال كۈچى بىلەن ئاشلىق تەلەپ قىلىپ ما جۇڭنى ئېتىۋەتكەنلىك ئىشىنى ئۆزى بىلەن ئۆزۈڭگە سوقۇشتۇرغانلىق دەپ قاراپ، ئالدى بىلەن كۇچانىڭ ھاكىمبېگى نارمۇھەممەد پەرۋانچىنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ ئۆستۈرۈپ، 2 مىڭ 500 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ شۇ شۆگۈڭ ۋە ئۇنىڭ كۈچىنى يوقىتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئارقىدىن كورلا ھاكىمبېگى مىرزابېشىنى، تۇرپان ھاكىمبېگى ھېكىمخان تۆرىنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ نار مۇھەممەد پەرۋانچىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بۇ قوشۇن 8 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئايلىنىدۇ[42].

شۇ شۆگۈڭ ماجۇڭنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى بىر مەزگىل ھاكىمبەگسىز قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق ما جۇڭنىڭ ئوغلى ما رېندى (ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى تالىپ) دادىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولىدۇ. نارمۇھەممەد پەرۋانچى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ما رېندى ئۇنىڭغا نۇرغۇن بايلىق بېرىپ ياقۇپبەگكە ئۆزىنى ھاكىمبەگلىككە كۆرسىتىشنى ئۆتۈنىدۇ. نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن نارمۇھەممەد پەرۋانچى مارېندىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ياقۇپبەگكە بۇ توغرۇلۇق بىۋاسىتە خەت ئەۋەتىدۇ. خېتىدە مارېندىنى تۇڭگان خەلقىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئادەم، دادىسىنىڭ ئورنىغا ئۈرۈمچىگە ھاكىمبەگ بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەم ئىكەن، دەپ تونۇشتۇرىدۇ[43]. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ بۇ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانىنىڭ كۆرسەتمىسىنى

قوبۇل قىلىپ، مارىيەندىنى ئۈرۈمچىنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ يارلىق چىقىرىدۇ. بۇ رەسمىيەتلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن نارمۇھەممەد پەرۋانچى مارىيەندى بىلەن نەنسەندىكى شۇ شۆگۆڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر يۆتكەيدۇ. تاغ يېرىنى ئۇرۇش مەيدانى قىلغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ياقۇپبەگ قوشۇنى ھېچقانچە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن بۇ قوشۇندىكى كۆپ قىسىم ئەسكەرلەر ئەزەلدىن بۇنداق مۇرەككەپ ئۇرۇش مەيدانىدا جەڭ قىلىپ باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ شۆگۆڭ قوشۇنىنىڭ تاغ ئىچىگە چېكىنىشى بىلەن نارمۇھەممەد پەرۋانچى قوماندانلىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەت ئاياغلىشىدۇ.

ئارقىدىنلا يۈز بەرگەن ئىشلار تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. نارمۇھەممەد پەرۋانچى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ شۇ شۆگۆڭغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، بۇرۇن تۇمەننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر ئۈرۈمچىدە مارىيەندىنى تۇتقۇن قىلىپ، تۇمەننى قايتىدىن خەلىپە قىلىپ تىكلەيدۇ. ئاندىن ئۈرۈمچىدىكى ياقۇپبەگ بەلگىلىگەن ئەمەلدارلارنى يا ئۆلتۈرىدۇ، يا قولغا ئالىدۇ. نەنسەندە جەڭ قىلىۋاتقان نارمۇھەممەد پەرۋانچى ئۈرۈمچىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەردىن قىلچە خەۋەرسىز بولۇپ، نەنسەندىن قايتىپ ئۈرۈمچىگە يېقىنلىشىپ ئاندىن شەھەردە ئېسىقلىق تۇرغان تۇمەننىڭ بايرىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا سېپىل ئۈستىدىكى توپ - زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەشكە باشلايدۇ. سېپىل ئاستىدا سەپ تۈزۈپ تۇرغان ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى زەمبىرەك ئوقىدا قىرىلىپ كېتىدۇ. نارمۇھەممەد پەرۋانچى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ بىرنەچچە قېتىم ئۈرۈمچىنى ھۇجۇم بىلەن قايتۇرۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۈرۈمچى شەھىرى سىرتىدا نائىلاج تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ

ئۈرۈمچىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى نارمۇھەممەد پەرۋانچىدىن كۆرۈپ ئۇنى ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، تورپاننىڭ ھاكىمبېگى ھېكىمخان تۆرىنى مەخسۇس ئۈرۈمچى ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئاندىن ئەمىرلەشكەر ئۆمەر قۇلبەگنى 1 مىڭ 500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ھېكىمخان تۆرىگە ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆمەر قۇلنىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېكىمخان تۆرىنىڭ قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈرۈمچىنىڭ يېڭىشەھىرى بىلەن كونا شەھىرىگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋۋال يېڭىشەھەرنى، ئارقىدىن كوناشەھەرنى ئالىدۇ. تۇمەن ماناسقا قېچىپ كېتىدۇ[44]. ئىلگىرى ياقۇپبەگكە ياردەم بەرگەن شۇ شۆگۈڭ ئۆزگىرىپ تۇمەننى قوللاپ ئۇنى قورال- ياراغ، ئاشلىق ۋە ئەسكەر بىلەن تەمىنلەيدۇ[45]. تۇمەن ماناستا قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، قۇتۇبى، گۇمۇدى، گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىدىكى قوشۇنلىرىنى ماناسقا توپلايدۇ، بۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق تۇمەننىڭ بۇ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار يول بويى ياقۇپبەگ قوشۇن تۇرغۇزغان مۇھىم جايلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ، ياقۇپبەگ قوشۇنىنى كونا ئۈرۈمچى شەھىرىگە سولىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت ئاي ئىچىدە ياقۇپبەگ قوشۇنى بۇ شەھەردە قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. بۇ جەرياندا ھېكىمخان تۆرىنىڭ كەينى - كەينىدىن ئەۋەتكەن خەۋەرچىلىرى يا تۇمەننىڭ توپ ئوقىدا ئۆلىدۇ، يا قار - مۇزدا توڭلاپ ئۆلىدۇ. ئىككىنچى يىلى باھارنىڭ بېشىدىلا بىر خەۋەرچى ئاخىر ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە سولىنىپ قالغانلىقىنى ياقۇپبەگكە

يەتكۈزىدۇ. ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى قول ئاستىدىكى يېقىنلىرىغا يەتكۈزگەن چاغدا ئۇلار ئىنتايىن ھەيران قېلىشىدۇ. چۈنكى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلگىنى ياقۇپبەگنىڭ خىللانغان قوشۇنى ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ «خىللانغان» ى نەدە قالدى؟ بۇ توغرىدا كۆپچىلىكنىڭ پىكرى ھەر خىل بولىدۇ. ياقۇپبەگ بۇ مەسىلىگە قارىتا مۇنداق ئىككى خىل مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچى، ئۈرۈمچىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش؛ ئىككىنچى، قورشاۋدا قالغان قوشۇننى قۇتقۇزۇپ چىقىش. سەۋەبى قورشاۋدا قالغان قوشۇن ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ مۇھىم قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. ياقۇپبەگ بۇ ئىككى خىل مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ئاتلىنىش توغرىسىدا پەرمان بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭىسار، يەكەن، خوتەنلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن قوشۇن بىلەن ھەربىي لازىمەتلىكلەر قەشقەرگە توپلىنىدۇ. بۇ ئىشلار ئاياغلاشقاندىن كېيىن ياقۇپبەگ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگنى بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلىنىش ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ. ياقۇپبەگ يەنە ئالاھىتەن بىر تۈركۈم سىناقتىن ئۆتكەن، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەربىي ئەمەلدارلارنى بەگقۇلىبەگكە قوشۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، توقسۇن، تۇرپانلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ياقۇپبەگنىڭ ئاشلىق، يەم ـ بوغۇز ۋە ئات تەييارلاش توغرىسىدىكى يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. سەپەردە بەگقۇلىبەگ ھەرقايسى جايلار ئۈزۈلدۈرمەي تولۇقلاپ بەرگەن ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئاتلارغا ئېرىشكەچكە 36 كۈندىلا توقسۇنغا يېتىدۇ. توقسۇن بازىرىدا بەگقۇلىبەگ توقسۇن ھاكىمبېگى جاھان دارخاننىڭ ئۈرۈمچى جېڭى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلايدۇ. بەگقۇلىبەگ توقسۇننىڭ نېرىسىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك تۈمىنىنىڭ

باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ داۋانچىڭ ئەتراپلىرىغا تۇمەن نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزۇپ، يېتەرلىك ئاشلىق ۋە ئوق - دورا توپلاپ قورغانلارنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، بەگقۇلىبەگ باشچىلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇننى ۋە ھېكىمخان تۆرىنىڭ جەنۇبقا قېچىپ كېتىشىنى توسۇماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەگقۇلىبەگنىڭ ئاۋۋال داۋانچىڭ قورغىنىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشى بىردىنبىر تاللاش يولى ئىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا، قورشاۋدا قالغان ھېكىمخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قۇتقۇزالمايلا قالماستىن ئۈرۈمچىنىمۇ ئالالمايتتى.

1872 - يىلى 3 - ئاينىڭ بېشىدا بەگقۇلىبەگنىڭ قوشۇنى توقسۇندىن يولغا چىقىپ ئۇدۇل داۋانچىڭ قورغىنىغا بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. 40 كۈنلۈك كەسكىن جەڭ ئارقىلىق بەگقۇلىبەگ ئاخىر داۋانچىڭ قورغىنىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. داۋانچىڭ قورغىنى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 160 چاقىرىم بولۇپ، داۋانچىڭدىكى ئىشلارنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپلا بەگقۇلىبەگ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. بەگقۇلىبەگنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقاندا، كونا ئۈرۈمچى شەھىرىگە سولىنىپ قالغان ھېكىمخان تۆرە قوشۇنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىدۇ ۋە بەگقۇلىبەگنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىدۇ. ئۇلار قوشۇننى بىر قۇر تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن 5 - ئاينىڭ بېشىدا ھەرقايسى قەلئەلەرگە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغايدۇ. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەگقۇلىبەگ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن تۇمەن قوشۇننىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تايانچ بازىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالىدۇ. تۇمەن قالغان قوشۇنلىرى بىلەن گۇمۇدىغا چېكىنىدۇ(46).

ئۈرۈمچى قولدىن كەتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگ تۇمەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش خىيالىدا بولۇپ يۈرەتتى. شۇڭا

مەقسەتلىك هالدا ماناسقا يۈرۈش قىلىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ، بەگقۇلىبەگكە پەقەت گۇمۇدىنلا ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ ۋە ئارقىدىنلا يەھيا ئىسىملىك يۈزبېشىنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ماناستىكى تۇمىنغا يارىشىپ قېلىش مەقسىتىنى يەتكۈزگىلى ئەۋەتىدۇ. تۇمىن ئاۋۋال ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ ئارقىدىن ئۇنى ئۈچ ھەمراھى بىلەن قوشۇپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ㊼. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ يارىشىش تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ياقۇپبەگ ئۆز ئەلچىسىنى تۇمىننىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن تۇمىن بىلەن يارىشىش نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەگقۇلىبەگكە دەرھال ماناس شەھىرىگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ تۇمىننىڭ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى بازىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاللابەگ بىلەن ھېسامىددىن باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ماناسقا يۈرۈش قىلىپ بېرىپ، ماناسنى ھۇجۇم قىلىپ ئالىدۇ، ماناسنى قولدىن بېرىپ قويغان تۇمىن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ㊽. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشى ئاخىرلىشىدۇ. قايتا ـ قايتا ئۇيلىنىش ئارقىلىق ئۇزۇن مەزگىل قەشقەردە تۇرغان كەنجىئاخۇن دېگەن سالا مىللىتىدىن بولغان بىر ئادەمنى ۋە يەنە ياقۇپبەگ قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان تۇڭگان يۈسۈپ پانساتنى ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، كەنجىئاخۇننى ئۈرۈمچىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە قوشۇمچە باش قوماندانلىققا تەيىنلەيدۇ. ياقۇپبەگ يەنە تۇردى قۇلىبەگ دادخاننى ئەمىرلەشكەرلىككە ئۆستۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىكى قوشۇننىڭ بېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. قوشۇننىڭ كوناشەھەردە دائىم تۇرۇشلۇق ئادەم سانى 1000 ئادەم بولۇپ، تۆت پانساتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

پايدىلانمىلار

① «تارىخى ھەمىدى»، 361 ـ بەت، «تارىخي ئەمىنىيە»، 202 ـ بەت.

② «تارىخي ھەمىدى»، 248 — 249 ـ بەتلەر؛ «تارىخي ئەمىنىيە»، 203 ـ بەت. ئابدۇللا غاپپار مۇھەممەد نىيازنىڭ «ئىسلام غازاتلىرى»، ئۇيغۇرچە قولىيازما، بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا، 76 — 75 ـ بەتلەر.

③ بۇ ئادەم ئىسلام دىنى ئىمامىيەت مەزھىپىنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ئىمامى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىيە 702 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەدىنە شەھىرىدە تۇغۇلغان. مىلادىيە 765 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن مەدىنىدە ۋاپات بولۇپ، مەدىنىنىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلىنغان. دەلىللەر «تارىخي ھەمىدى» دىكى 78 ـ ئىزاھ بىلەن 173 ـ ئىزاھتىن ئېلىندى.

④ «تارىخي ھەمىدى»، 363 — 365 ـ بەتلەر؛ «تارىخي ئەمىنىيە» 205 — 207 ـ بەتلەر.

⑤ «تارىخي ھەمىدى»، 370 — 371 ـ بەتلەر؛ «تارىسي ئەمىنىيە» 310 — 311 ـ بەتلەر. «قەشقەر ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل»، ئاپتورى لىن يۈجى (ئامېرىكا)؛ نەقىللەر «ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام»، ئىككىنچى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان 1981 ـ يىلىدىكى نەشرى 377 ـ بەتتىن ئېلىندى. «قەشقەرىيە»، 140 ـ بەت.

⑥ «تارىسي ھەمىدى»، 393 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 393 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب 392 ـ بەت، «تارىخي ئەمىنىيە» نىڭ 232 — 233 ـ بەتلەر.

⑨ «تارىخي ھەمىدى» نىڭ 315 — 316 ـ، 318 — 319 ـ بەتلەر.

⑩ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 319 ـ بېتىگە، «قەشقەر ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» گە قارالسۇن.

⑪ «تارىخي ھەمىدى» نىڭ 319 — 393 ـ بەتلەر.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 321 — 394 ـ بەت.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 321 — 394 ـ بەتلەر.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب 395 — 396 ـ بەت، «تارىخىي ئەمنىيە» 253 ـ بەت؛ ۋاڭ شۇنەن: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 166 ـ جىلدتا: «تۇڭجىنىڭ 8 ـ يىلى، يەنى 1869 ـ يىلى ئەنىيى كۇچاغىچە بېرىپ خوجىلارنى ئۆلتۈرۈپ قايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

⑰ «تارىخىي ھەمىدى» 399 ـ بەت؛ «قەشقەرىيە» 140 ـ بەت؛ «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» ئىككىنچى قىسىم 17 ـ بەتتە: «ياقۇپبەگ ئۇنى يېڭىسارغا پالايدۇ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن مەككىگە ھەج قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئۇ يولنى ئۆزگەرتىپ بەدەخشانغا بارىدۇ ۋە بۇخارا ئارقىلىق 1869 ـ يىلى مەخپىي قوقەندكە بېرىپ خۇدايارخانغا بىقىندۇ» دەپ يېزىلغان. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا بۇزرۇك خوجا قوقەندكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاراۋۇل تۆپىنىڭ توگمەن كەنتى ئەتراپىدىكى قۇنايقىز كەنتــــدە ماكانلاشقان ۋە شۇ يەردە ئۆلگەن دەپ يېزىلغان. «تارىخىيئەمنىيە» نىڭ 2 ـ، 3 ـ، 8 ـ بەتلىرىدىكى ئىــزاھلارغا قارالسۇن.

⑱ «تارىخىي ھەمىدى» 218 ـ، 406 ـ بەتلىرى؛ «تارىخىــي ئەمنىيە» 246 ـ بېتىدە: « كۇچا خوجىلىرىنىڭ دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلىخاننىڭ ئوغلى مۇزەپپەر كەشمىردىن يەكەنگە كېلىــدۇ، مۇھەممەد ئەلىخان بۇ ئىشلارنى يوشۇرغان، ئۇ قوقەند خانلىقىنىڭ 12 ـ ئەۋلاد خانى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

⑲ تارىخىي ھەمىدى» 218 ـ، 406 ـ، 407 ـ بەتلەرگە؛ «تارىخىي ئەمنىيە» 247 ـ بەت.

⑳ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 407 ـ، 409 ـ بەتلەرىگە؛ «تارىخىي ئەمنىيە» نىڭ 247 — 248 ـ بەتلەر.

㉑ «تارىخىي ھەمىدى»، 409 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 409 ـ بەت.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 410 ـ بەت.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 411 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتابقا قارالسۇن.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 413 ـ بەت.

㉗ «تارىخىي ئەمنىيە» 253 ـ بەتتە «يىگىرمە مىڭ ئەسكەر» دەپ يېزىلغان» ؛ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 432 ـ بېتىدە بولسا «يىگىرمە بەش

مىڭ ئەسكەر» دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» نىڭ 1 ـ جىلدىدا: «شۇ يىلى (تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى، يەنى 1869 ـ يىلى) تو نى، ما جۇڭ، ما تەي، جۇ شىڭسەيلەرنى باش قىلىپ جەنۇبتىكى ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

㉘ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 433 ـ بېتىدە، «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ 254 ـ بېتىدە: «تۇڭگانلار ئاخىرى كۇچا شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ئىككى مىڭغا يېقىن پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەر ھالاك بولدى، ھېكىمخان تۆرە، ئىسھاق تۆرىلەر ئاتلىق قېچىپ ئاقسۇغا بېرىشقا پېتىنالماي بايدا تۇرۇپ قالدى» دېيىلگەن.

㉙ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 436 ـ بېتىگە، «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ 256 ـ بېتىگە قاراڭ.

㉚ «تارىخىي ھەمىدى» 440 ـ بەت.

㉛ يۇقىرىقى كىتاب 441 ـ بەت.

㉜ «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ 261 ـ بېتىدە: «17 مىڭ كىشىلىك» دەپ يېزىلغان؛ «تارىخىيھەمىدى» 411 ـ بەت.

㉝ يۇقىرىقى كىتاب 442 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمىنىيە» 261 ـ بەت.

㉞ «تارىخىي ھەمىدى» 444 ـ، 448 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمىنىيە» 266 ـ بەت.

㉟ «شىنجاڭنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» نىڭ 1 ـ جىلدىدا: «تو نى، ما جۇڭ، ما تەي، جۇ شىڭسەي قاتارلىقلارنى باش قىلىپ ئەنجاندىن تارتىپ ئارچېڭ چېگرىسىغىچە ھۇجۇم قىلىپ پاشادىن (ياقۇپبەگنى دېمەكچى) مەغلۇپ بولۇپ، تۇرپانغىچە قېچىپ بېرىپ تۇرپاندا 10 ئاي مۇھاسىرىدە تۇرۇپ ئاخىرى پاشاغا تەسلىم بولدى» دېيىلگەن. «تارىخىي ھەمىدى» 446 ـ بەت، «تارىخىي ئەمىنىيە» 264 ـ بەت.

㊱ «تارىخىي ھەمىدى»، 449 ـ بەت.

㊲ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 267 ـ بەت؛ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 449 ـ بېتىدە «ئاتمىش مىڭ ئادەم» دېيىلگەن.

㊳ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 452 ـ بېتىدە، «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ 269 ـ بېتىدە: «لاۋ رېنجيا داۋۇت (تۇمىننى دېمەكچى) قېچىپ كەلگەن تۇڭگانلاردىن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، 10 مىڭغا يېقىن نارەسىدە ئوغۇل ـ قىز بالىنى قوللىرىغا «قۇرئان»، تۇتقۇزۇپ غالىب قوشۇنغا قارشى

ماڭغۇزدى» دەپ يېزىلغان.
㊴ «تارىخىي ھەمىدى»، 452 ـ بەت.
㊵ يۇقىرىقى كىتاب، 455 ـ بەت.
㊶ يۇقىرىقى كىتاب، 459 ـ بەت.
㊷ يۇقىرىقى كىتاب 461 ـ بەت، «تارىخىيئەمنىيە» 277 — 278 ـ بەتلەر.
㊸ «تارىخىي ھەمىدى» 471 ـ بەت؛ «تارىخىيئەمنىيە» 278 ـ بەت.
㊹ «تارىخىي ھەمىدى» 463 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمنىيە» 279 ـ بەت.
㊺ «تارىخىي ھەمىدى» 463 ـ بەتتە: «شۇ شۆگۈلۈك تۇمىنىنى تۆت مىڭ ئەسكەر بەرگەن» دېيىلگەن؛ «تارىخى ئەمنىيە» نىڭ 279 ـ بەت.
㊻ «تارىخىي ھەمىدى» 468 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمنىيە» 281 ـ بەت.
㊼ «تارىخىي ھەمىدى» 469 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمنىيە» نىڭ 282 ـ بېتىدە: «يەھيا يۈزبېشى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى» دېيىلگەن.
㊽ «تارىخىي ھەمىدى» 469 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمنىيە» 282 ـ بەت.
㊾ «تارىخىي ھەمىدى» 470 ـ بەت.

# 3 ـ بۆلۈم ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## 1. ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

### 1. رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ باشلىنىشى

چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بۇخارا خانلىقى ۋە قوقەند خانلىقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى ھېچ كۈچىمەيلا سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كېڭەيتكەن ۋاقىتتا، رۇسىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى ياقۇپبەگدىن

ئىبارەت قوقەندنىڭ سابىق ھەربىي ئەمەلدارىنىڭ پامىرنىڭ شەرقىدىكى قەشقەردە باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. 1866 - يىلى چار رۇسىيە دائىرىلىرى قوقەند خانلىقىنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى پامىر تاغلىق رايونىغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى. رۇسىيىنىڭ بۇ قوشۇنلىرى نارىن دەرياسى بويىدا ياقۇپبەگنىڭ چېگرا قاراۋۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ئاخباراتلار ئارقا - ئارقىدىن رۇسىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا يەتكۈزۈلىدۇ. خېلى بىر مەزگىلگىچە سۈيى تېز ئاقىدىغان نارىن دەرياسى ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىسى بولۇپ قالىدۇ. دەسلەپتە نارىن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئىناقلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، رۇسىيە قوشۇنلىرى دائىم دېگۈدەك دەريادىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالغان ئادەملەرنى تۇتۇپ كېتەتتى. رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈشتەك بۇنداق ھەرىكىتى ئەزەلدىن ياقۇپبەگ چېگرا قاراۋۇللىرىنىڭ توسۇشىغا ۋە ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىمىغان①.

بىراق چار رۇسىيە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالى مەسىلىسى توغرىسىدا رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى پارس قولتۇقىدىكى مەڭگۈلۈك ئېغىزلاردەك ئىستراتېگىيىلىك نىشانلار بىلەن باغلاپ قارار چىقىرىپ بولغانىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن رۇسىيە ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن نارىن دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىپ قەشقەرگە بارىدىغان ھەربىي تاشيول ياساش پىلان ھازىرلىقىغا كىرىشىدۇ. رۇسىيە ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىنى ئۆز كونتروللۇقىدىكى قوقەند پادىشاھلىقى ئارقىلىق ياقۇپبەگكە يەتكۈزگەندە، ياقۇپبەگ مۇجمەل گەپ قىلىپ ئېنىق جاۋاب بەرمەيدۇ.

ياقۇپبەگنىڭ بۇنداق قىلىشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار

ئىدى.

بىرىنچى، 1866 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياقۇپبەگ خوتەننى بويسۇندۇرىدۇ. 1867 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن كېيىن ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قاتار ھەربىي غەلىبىلەرگە ئېرىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ سىياسىي ئەندىزىسىنىڭ چەك ـ چېگرىسى بارغانسېرى ئوچۇقلىشىۋاتقان بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمدارلىق سالاھىيىتىنى بارغانسېرى نۇرغۇن ئادەملەر ئېتىراپ قىلىۋاتاتتى. ئىككىنچى سەۋەب بولسا، 1867 ـ يىلى بۇخارا خانى مۇزەپپەر ياقۇپبەگكە «ئاتالىق غازى» يەنى «غازاتچىلار ئاتىسى»② دېگەن نامنى ھەدىيە قىلغان بولۇپ، بۇ نام ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ مۇسۇلمان ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى قوغدىغۇچىلىق ئوبرازىنى تىكلەش تەمەسىدە بولدى، ياقۇپبەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ بۇ نىشانىغا يېتىشىدىكى بىردىنبىر يول يات دىندىكى رۇسىيىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇرۇش ئىدى.

كۆۋرۈك قۇرۇپ يول ياساش توغرىسىدىكى پىكرى ياقۇپبەگنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇزاق مەزگىللىك پىلاننى نەزەردە تۇتقان رۇسىيە نارىن دەرياسى بويىغا قورغان قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. قۇرۇلۇش رۇسىيە ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ نەزىرىدە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى دەپ قارىلىدۇ. 1867 ـ يىلى فون كائوفمان تۈركىستاننىڭ گوبېرناتورلۇقىغا تەيىنلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى «يېرىم پاشا» دەپ ئاتىۋېلىشقان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى يېرىم چار پادشاھ دېگەنلىك ئىدى③.

كائوفماننىڭ نازارىتىدە نارىن دەرياسى بويىدىكى قورغان ياساش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كائوفمان قوقەند خانى خۇدايارنى رۇسىيە بىلەن يېڭى كېلىشىم ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، قوقەندنى پۈتۈنلەي رۇسىيىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە قوشۇۋالىدۇ④. قوقەند خانلىقى ئاللىقاچان نامدىكى بىر خانلىق بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك بۇ يېڭى كېلىشىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ يېڭى كېلىشىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ شەرتنامە سەۋەبلىك رۇسىيە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتتى.

ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى خېلى يىللار بۇرۇنقى ئاق مەسچىتكە ھاكىمبەگ بولغان چاغدىكى ھېسسىياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دېيىشكە بولاتتى. 1864 - يىلى تاشكەنت ئۇرۇشىدا ياقۇپبەگ قوماندانلىقىدىكى قوقەند قوشۇنى رۇسىيە قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىدە قاتتىق مەغلۇپ بولغانىدى. بۇ ئۇرۇش ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم بۇرۇلۇش ياساپلا قالماستىن، ئۇنىڭ رۇسىيىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. شۇڭا ئۇ رۇسىيە بىلەن مەڭگۈ ئالاقە قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ ياقۇپبەگ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا چاررۇسىيىنى قايتىدىن تونۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئېرىشكەن تەسىراتى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قوغدىغۇچىلىق ئوبرازىنى تىكلەش تەمەسى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، چۈنكى بۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى رۇسىيىنىڭ تەسىر كۈچى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى قاپلىغان بولۇپ، مەيلى بۇخارا خانلىقى بولسۇن ياكى قوقەند خانلىقى بولسۇن، ئۇلارنىڭ سىياسىي گەۋدىسى ئاللىقاچان مەۋجۇتلۇقىنى

يوقاتقانىدى. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيە مۇكەممەل بىر سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن ياقۇپبەگ غەربتىن كېلىۋاتقان بېسىمنى كۆرۈنەرلىك ھېس قىلىدۇ. ئەڭ چوڭ سەۋەب شۇكى، ياقۇپبەگ گەرچە خوتەن، كۈچادىكى ئورۇشلاردا ئۆزىدىن باشقا سىياسىي كۈچلەرنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنىلا نامدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىنى بىرتۇتاش ئىدارە قىلىۋاتقان بولۇپ، بارىكۆل، قۇمۇل ئەتراپلىرى ۋە تارباغاتاي، ئۇلاستاي، قوبدۇ قاتارلىق جايلاردىكى دائىم تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو - رۇسىيە ئىمزالىغان شىنجاڭنىڭ چېگرا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل شەرتنامىلەر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇ شەرتنامىلەردە رۇسىيە چىڭ سۇلالىسىنى سۆھبەت قىلىدىغان قارشى تەرەپ دەپ ئېنىق تونۇغان. مۇشۇلارنى ھېس قىلغان ياقۇپبەگ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن دىققەت - ئېتىبار بىلەن قارىغان. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىشى بىلەن ياقۇپبەگ ناۋادا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەربىي ئىشلىرىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئاستىدا ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ رۇسىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ئۇزۇن مەزگىللىك مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولىدۇ.

## 2. سادىر مىرزىنىڭ رۇسىيىگە ئەلچى بولۇپ بېرىشى

1868 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئالمۇتىدىن (ئەينى چاغدا ئىسمى ۋېرنا دەپ ئۆزگەرتىلگەن) قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر رۇسىيە سودا كارۋىنى نارىن دەرياسى بويىدا ياسىلىۋاتقان قورغان ئەتراپىغا كەلگەندە، سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىر توپ ئادەمنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ سودا كارۋىنىنى كېرودوف ئىسىملىك رۇسىيىلىك بىر سودىگەر باشلاپ كېلىۋاتقانىدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ياقۇپبەگ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رۇسىيە تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ، شۇڭا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ كېرودوفقا يول خېتى ئاپىرىپ بېرىدۇ ۋە كېرودوفنىڭ ياقۇپبەگنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى بىخەتەرلىكىگە ھۆددە قىلىشقا كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1868 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كېرودوف ۋە ئۇنىڭ سودا كارۋىنى ئاخىر قەشقەر بوستانلىقىدا پەيدا بولىدۇ. كېرودوف بۇ يەردە ئەتراپلىق كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۈتكەن سودىسىنى قىلىۋالالايدۇ.

كېرودوف قەشقەردىكى سودا پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئالمۇتىغا قايتىدىغان چاغدا، ياقۇپبەگ سادىر مىرزىنى ئۆزىنىڭ رۇسىيىنىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق گوبېرناتورى كائوفمانغا يازغان خېتىنى ئېلىپ كېرودوف بىلەن ئالمۇتاغا بېرىپ، رۇسىيە تەرەپكە ئۆز سەمىمىيىتىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. ياقۇپبەگ خېتىدە ئەمدى ھەرگىز قوقەندنى ۋاستىچى قىلماي بىۋاستە رۇسىيە بىلەن ئۇچرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ خېتىدە «بىر پادىچى كەلسىمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلىمىز» دەپ يازغان⑤.

كېرودوف بىلەن سادىر مىرزا يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي

رەيىنتال ئىسىملىك پىروچىك (شاڭيۇي) دەرىجىلىك بىر رۇسىيە ئوفىتسېرى قەشقەرگە ئەۋەتىلىدۇ. رەيىنتالنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى قازاقىستاننىڭ توقماق ناھىيىسىدە بۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى ژاگلىيارسكى مايورنى بۇلىغان جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشىنى سۆزلىشىپ بېقىش ئىدى⑥.

ياقۇپبەگ دەرھال جىنايەتچىنى ئىزدەپ تېپىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ «جىنايەتچىلەر» نى قولغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ياقۇپبەگ بۇ چاغدا رۇسىيە بىلەن ئەمدىلا باشلانغان ئالاقىسىنى تېزلىتىۋاتاتتى.

رۇسىيە شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ غەربتە ئالتاي تېغى ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ دائىرىدىكى چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان بىرمۇنچە مەنپەئەت باغلىنىشىنى نەزەرگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ، مەقسەتلىك ھالدا ياقۇپبەگ بىلەن بولغان ئالاقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرىدىكى مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلانماقچى بولۇۋاتاتتى. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك رۇسىيە تەرەپ سادىر مىرزىنىڭ ئالمۇتاغا يېتىپ كېلىش ۋاقتىنى دەل كائۇفماننىڭ تاشكەنتكە تەكشۈرۈشكە كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كەلتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. گەرچە سادىر مىرزا ئۆزى تاشكەنتكە بېرىپ كائۇفمان بىلەن كۆرۈشۈشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئالمۇتادا تۇرۇۋاتقان سادىر مىرزا نەزەربەند قىلىنغانغا باراۋەر ئىدى.

بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ھە دېگەندىلا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. بۇ چاغدا بىرى ياقۇپبەگكە رەيىنتالنى تۇتقۇن قىلىپ سادىر مىرزىغا ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەيىنتال ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى

تۇرار جايغا نەزەربەند قىلىنىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ بۇ تەدبىرى كۈتكەندەك ئۈنۈم بېرىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئالمۇتادا نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان سادىر مىرزا تاشكەنتكە بېرىپ كائۇفمان بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بىراق سادىر مىرزىنىڭ تاشكەنتكە يېتىپ بارغان ۋاقتى يەنىلا كائۇفماننىڭ بۇيرۇقى بىنائەن چار پادىشاھقا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن پېتربۇرگقا كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، كائۇفمان بىلەن كۆرۈشەلمەي تاشكەنتتە تۇرۇپ قالىدۇ.

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە ياقۇپبەگ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يېڭى پۇرسەتكە ئېرىشىدۇ. دەل كېرودوف قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، مۇھەممەد نەزەر ئىسىملىك بىر سودىگەر ياقۇپبەگنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ھىندىستاننىڭ پەنجاپ رايونىغا كېلىپ ئەنگلىيە بىلەن ئالاقە باغلاش يولىنى ئىزدەيدۇ. نۇرغۇن مۇشكۇلاتلار ئارقىلىق مۇھەممەد نەزەر ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ بىلەن تونۇشىدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئەينى چاغدا پەنجاپنىڭ بىر يېرىدە كاڭگىرا دەيدىغان چايزارلىقى بولۇپ، چاي تىجارىتى قىلاتتى.

ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىزدىشى رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ تىتىك تومۇرىغا تېگىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ چاغلاردا رۇسىيىنىڭ ئەڭ (خالىمايدىغىنى) ئەنگلىيە تەسىر كۈچىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سىڭىپ كىرىشى ئىدى. شۇڭا ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيىگە يېقىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن رۇسىيە ياقۇپبەگكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى مەلۇم دەرىجىدە يۇمشىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي تاشكەنتتە تۇرۇۋاتقان سادىر مىرزىغا پېتربۇرگقا بېرىپ كائۇفمان بىلەن كۆرۈشسە بولىدىغانلىقى توغرىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سادىر مىرزا تاشكەنتتىن رۇسىيىنىڭ پايتەختى پېتربۇرگقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

دەرھال رەيىنتالغا قىلغان نەزەربەندنى بىكار قىلىدۇ. بىر مەزگىللىك ئېگىز ـ پەسلىكلەر ئارقىلىق رەيىنتال ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ قەشقەردىن ئايرىلىپ ئالمۇتاغا قايتىپ كېتىدۇ. سادىر مىرزا پېتربۇرگتا كائوفماننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. سادىر مىرزا ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيىنىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق گوبېرناتورىغا يازغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ. گەرچە رۇسىيە تەرەپ ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۆلچىمىنى مەقسەتلىك ھالدا تۆۋەنلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ياقۇپبەگنىڭ نەزىرىدە رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى چوڭ ئىلگىرىلەش ھېسابلىناتتى.

سادىر مىرزا قەشقەرگە قايتىدىغان چاغدا، كائوفمان سادىر مىرزىغا ئىككى تەرەپنىڭ بىر ۋاقىتلىق كېلىشىم ئىمزالىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كائوفمان سادىر مىرزىغا بۇ ۋاقىتلىق كېلىشىمنىڭ 1868 ـ يىلى 2 ـ ئايدا رۇسىيە بىلەن قوقەند خانلىقىنىڭ خانى خۇدايارخان ئىمزالىغان ۋاقىتلىق كېلىشىمنى ئۈلگە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالاھىدە كۆرسەتمە بېرىدۇ⑦. 1869 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سادىر مىرزا قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

3. «رۇسىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى

سادىر مىرزا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياقۇپبەگكە ئۆزىنىڭ رۇسىيىگە قىلغان سەپىرىدىن تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. بىراق سادىر مىرزا ياقۇپبەگكە كائوفماننىڭ بىر ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزۈش توغرىسىدىكى پىكرىنى يەتكۈزگەندە ياقۇپبەگ بۇنىڭغا ئوچۇق جاۋاب بەرمەيدۇ. چۈنكى ياقۇپبەگ ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان يولنى ئاچتىم دەپ ئويلاپ، رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ رىتىمىنى ئاستىلىتىش خىيالىدا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ ھەر

خىل يوللار ئارقىلىق رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى رۇسىيىنىڭ دىپلوماتىيىدىكى ياقۇپبەگنى ئېتىراپ قىلىش ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىدى. رۇسىيە ياقۇپبەگنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىنىڭ بىر ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى (جۇڭگو) دىكى پۈتكۈل مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا رۇسىيە بۇنىڭغا ئاشكارا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنىڭدىن باشلاپ ياقۇپبەگ بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە توختاپ قېلىشقا يۈزلىنىدۇ. تەخمىنەن 1869 ـ يىلى ۋە 1870 ـ يىللىرى ئىككى يىل داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا پەيدا بولغان ئىككى چوڭ ھەرىكەت رۇسىيىنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ خاتىرجەم قىلمايدۇ.

بۇنىڭ بىرى، ئەنگلىيىنىڭ تەسىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سىڭىپ كىرىدۇ. بۇ تەسىر كۆچ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھەربىي مەزمۇنغىمۇ ئىگە ئىدى. رۇسىيىنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي لاگېرىغا دىققەت قىلىپ، بۇ لاگېردا ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن قورال ـ ياراغلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بايقايدۇ.

يەنە بىرى، ياقۇپبەگنىڭ تەسىر دائىرىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا قاراپ كېڭىيىۋاتقان بولۇپ، 1870 ـ يىلى ياز بىلەن كۈزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلىش دائىرىسىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى مۇھىم بازار — تۇرپان شەھىرىگە يەتكۈزىدۇ ۋە يەنە ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ غەربكە — ئىلى دەرياسى بويلىرىغا يۈرۈش قىلىش مەقسىتىنى نامايان قىلىدۇ.

1871 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى رۇڭ چۈەننى رۇسىيىنىڭ يەتتە سۇ

ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورى كالپاكوۋسكى بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىشىنى سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قۇمۇلنىڭ ھاكىمىنى ئۈرۈمچىنىڭ دوتيى قىلىپ ئۆستۈرۈپ، ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنىڭ كونكرېت تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىغا بولغان تەۋەلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە ھە دەپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. رۇسىيە دائىرىلىرى ياقۇپبەگنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن قورقۇش پسخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئەنگلىيە بىلەن تىركەشمەكچى بولىدۇ.

1872 - يىلى 9 - ئايدا رۇسىيىنىڭ ھەربىي ئەلچىلەر ئۆمىكى رۇسىيىنىڭ توقماق شەھىرىدىن يولغا چىقىپ مەلۇم قىلمايلا ئۇدۇل قەشقەرگە ماڭىدۇ. رۇسىيە ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ مەسلىھەتچىسى كاپىتان كولبارس بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە يەر ئۆلچەش مۇتەخەسسىسى كاپىتان ھېرگۇست بىلەن مايور ستارسىپوپ، كارىكارسىپوپ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. كولبارس قاتارلىقلارنىڭ ۋەزىپىسى 1868 - يىلى كائوفمان پېتربۇرگتا سادىر مىرزىغا ئەسكەرتكەن ھېلىقى كېلىشىمگە ياقۇپبەگنى قىزىقتۇرۇپ ئىمزا قويدۇرۇش ئىدى. ياقۇپبەگ رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئامالسىز ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ چاتىر كۆلىنىڭ شەرقىدە كۈتۈۋالىدۇ. كولبارس رۇسىيىنىڭ سىياسي تەسىر كۈچى ۋە ھەربىي ئەمەلىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ تەھدىت سېلىش ۋە ئالداش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ياقۇپبەگنى ئاخىر قوشۇلۇشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تاشلىنىپ قالغان ھېلىقى كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويدۇرىدۇ. ئۇنىڭ

ئاساسي مەزمۇنى 1868 ـ يىلى رۇسىيە قوقەند خانى خۇدايارغا ئىمزا قويدۇرغان ھېلىقى شەرتنامىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغانىدى⑧. 1872 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياقۇپبەگ يېڭىساردا ئەزەلدىن يېنىدىن ئايرىمايدىغان مۆھۈرىنى چىقىرىپ شەرتنامىگە باسىدۇ⑨. كولبارس كائۇفمانغا ياخشى بولسۇن دەپ، ئىمزا قويۇش ۋاقتىنى مەقسەتلىك ھالدا 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە ئۆزگەرتىدۇ. چۈنكى، بۇ كۈن كائۇفماننىڭ چوقۇندۇرۇلغان كۈنى بولۇپ، بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىش ۋاقتى ئىككى خىل خاتىرىلەنگەن.

كېلىشىمنىڭ نامى «رۇسىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» بولۇپ، جەمئىي بەش ماددىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

تۆۋەندىكى ئەركىن سودا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنى رۇسىيە گېنېرالى فون كائۇفمان بىلەن يەتتە شەھەر ئەمىرى ياقۇپبەگ بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىردەك قوشۇلدى.

بىرىنچى ماددا: بارلىق رۇسىيە پۇقرالىرى مەيلى قانداقلا دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن يەتتە شەھەرگە كېلىپ سودا قىلىشقا ۋە يەتتە شەھەر تەۋەسىدىكى ھەرقانداق جاينى زىيارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، شۇنداقلا يەتتە شەھەر ئاھالىسىمۇ ھازىر ۋە كېيىن رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىدە سودا قىلىشقا ئوخشاشلا ھوقۇقلۇق. يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىرى ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئىچىدە رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ سودا كارۋىنى، شۇنداقلا بارلىق نەرسىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشى ۋە قاتتىق قوغدىشى كېرەك.

ئىككىنچى ماددا: رۇسىيە سودىگەرلىرى يەتتە شەھەردە ئۆزى خالىغان كارۋان سارايلىرىنى تېپىپ چۈشكۈن قىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئايرىم ساقلاشقا ھوقۇقلۇق. يەتتە شەھەر سودىگەرلىرىمۇ رۇسىيە تەۋەسىدە ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن

بولىدۇ.

ئۈچىنچى ماددا: رۇسىيە سودىگەرلىرى ئەگەر خالىسا يەتتە شەھەرنىڭ بارلىق شەھەر ـ بازارلىرىدا ئۆزلىرىنىــــڭ سودا ۋاكالەتچىسىنى تۇرغۇزۇشقا ھوقۇقلۇق. ۋاكالەتچىنىڭ ۋەزىپىسى دائىملىق سودا بازارلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇش ۋە قانۇنلۇق چېگرا بېجىنى يىغىشتىن ئىبارەت. يەتتە شەھەر سودىگەرلىرىمۇ تۈركىستاننىــــڭ ھەرقانداق شەھەر ـ بازارلىــــرىدا ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

تۆتىنچى ماددا: رۇســيــــدىن يەتتە شەھەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن ياكى يەتتە شەھەردىن رۇسىيىگە كىرگەن بارلىــق تاۋارلاردىن ئەسلى باھاسىنىڭ ئىككى يېرىم پىرسەنتى بويىچە باج ئېلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل باجنى يەتتە شەھەر تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باج نىسبىــتىــــدىن ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ.

بەشىنچى ماددا: رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى يەتتە شەھەر زېمىنىدىن يەتتە شەھەرگە چېگرىداش بولغان باشقا دۆلەتلەرگە ياكى ئۇ دۆلەتلەردىن يەتتە شەھەرگە خالىغانچە ئەركىن، بىخەتەر كىرىپ چىقىدۇ. يەتتە شەھەردىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىــــق ئوخشاش قوغدىلىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

يۇقىرىقى ماددىلار 1872 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تاشكەنتتە ماقۇللاندى.

تۈركىستان گوبېرناتورى فون كائوفمان گېنېرال كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

يەتتە شەھەر ئەمىرى مۇھەممەد ياقۇپبەگ ئۆزىنىــــڭ بۇ كېلىشىمگە رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، 1872 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يېڭىساردا مۆھۈرىنى باســتـى. بۇ شەرتنامە سىر كولبارسنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن تۈزۈلدى⑩.

ياقۇپبەگ شەرتنامىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، كولبارس ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئورۇندىلىدۇ. ئەمدى كېيىنكى قەدەمدىكى كۈنتەرتىپ ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىسىنىڭ كولبارس ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىللە رۇسىيىگە بېرىپ شەرتنامىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىشى ئىدى. شۇڭا، ياقۇپبەگ كۆڭۈل قويۇپ ئادەم تاللايدۇ. ئاخىر بۇ مەسئۇلىيەتنى تاشكەنتلىك ياقۇپخان ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ياقۇپخان ئىلگىرى قوقەند دۆلىتىنىڭ نامدار ئەمەلدارى بولۇپ، تاشكەنتنىڭ قازىسى ئىدى، شۇڭا دائىم ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىدە «قازى» سۆزى كۆپ ئۇچرايدۇ، يەنە ئۇ دىنىي ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغاچقا ئۇنىڭ ئەمەل نامىنىڭ ئارقىسىغا «تۆرەم» سۆزى قوشۇلۇپ قالغان. 1865 ـ يىلى قوقەند قوشۇنى تاشكەنت شەھىرىدە رۇسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياقۇپخان قوقەندكىمۇ قاچماي، يۇنۇسجان قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ ئۆزىنى ياقۇپبەگنىڭ قوينىغىمۇ ئاتماي، ئۇياق ـ بۇياقنى ئايلىنىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككە شەھىرىگە بېرىپ ھەربىر مۇسۇلمان ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەج ـ تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلغان. ئۇ مەككە سەپىرىدە غەربىي ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە قىسقا مۇددەت تۇرۇپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇنداق ساياھەت ياقۇپخاننىڭ نەزەر دائىرىسى ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى كېڭەيتكەن، ھەج پائالىيىتى ياقۇپخاندا ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەسلىدىلا خېلى ئۇزۇن بولغان ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا يەنە بىر «ھاجى» دېگەن يېڭى نامنى قوشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تولۇق نام شەرىپى ياقۇپخان قازى تۆرە ھاجى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمىغاندىمۇ ئىسمى كەينىدىكى بۇ بىر قاتار سالاھىيەت بەلگىلىرى ئۇنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئابرۇيغا ئىگە

قىلغاندى.

ياقۇپخان ھەج قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت تۈركىيىدە تۇردى. تۈركىيىنىڭ كۆپلىگەن ھەربىي، مەمۇرىي ئەربابلىرى بىلەن تونۇشىدۇ، ياقۇپبەگ دەل رۇسىيە بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقان چاغدا، ياقۇپخان غەربىي ئاسىيا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى، بولۇپمۇ تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇللا ئەزىزنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ياقۇپخان بىلەن ياقۇپبەگ تاشكەنتتىكى چاغدىلا تونۇشىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ بولغاچقا، ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ياقۇپخان ياقۇپبەگكە تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا كۈچلۈك ئىلھام بېرىدۇ؛ ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيىگە بېرىپ شەرتنامىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىشكە ياقۇپخاننى تاللىشىدا يەنە باشقا بىر غەرىزى بولۇپ، ياقۇپخان تۈركىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ھەقىقىي سېلىشتۇرۇپ چىقالايدۇ، دەپ قارىغان. ياقۇپبەگ ياقۇپخاننىڭ كۆزقاراشلىرىدىن پايدىلىنىپ رۇسىيە، تۈركىيە ئىككى دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرقەدەر ئىشەنچلىك تەدبىر بەلگىلەشنى ئۈمىد قىلاتتى. ياقۇپخان كولبارس بىلەن تاشكەنتكە كېلىپ رۇسىيىنىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق گوبېرناتورى كائۇفمان بىلەن شەرتنامە ئالماشتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز پېتربۇرگقا بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، ياقۇپخان پېتربۇرگتا پادىشاھ ئالېكساندىر نىكولايېۋسكىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە تەكلىپكە بىنائەن چارپادىشاھنىڭ ھەربىي كۆرىكىگە قاتنىشىدۇ[11].

3. پوپېشىڤ سودا كارۋىنى

ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈگىشىدىغان چاغدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلگەن رۇسىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى كروپاتكىن «رۇسىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نى رۇسىيىنىڭ ئىمزالىشىدىكى سەۋەبىنى ئەسلەپ، «ئەگەر بىز ئارزۇيىمىز بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىنىمىز چېگرىسىنى جەنۇبتا كەشمىر ياكى شەرقتە جۇڭگوغا يەتكۈزەلىگەن بولساق، ياقۇپبەگ شەرتنامىگە رىئايە قىلمايتتى ـ دە، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش باھانىسى تاپقان بولاتتۇق» دەپ يازغان⑫. ئارقا كۆرۈنۈش شۇنداق بولغاچقا، شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە رۇسىيە ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كېڭەيتتى. 1872 ـ يىلى ئەمەلىي كۈچى ئىلگىرىكىدىنمۇ زور بولغان بىر رۇسىيە سودا كارۋىنى تاشكەنتتە تەييارلىقنى تەق قىلىپ قويىدۇ، رۇسىيىلىك باي سودىگەر پوپىشېف بۇ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. پوپىشېفنىڭ ئىلگىرى رۇسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى گوبېرناتور مەھكىمىسى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولۇپ، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار كۆزگە كۆرۈنگەن مۇھىم شەخس دەپ تونۇلغانىدى. ئەينى چاغدا پوپىشېفنىڭ سودا پائالىيىتى ئاللىبۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. سودا كارۋىنى يولغا چىقىدىغان چاغدا يۈز بەرگەن بىر تاسادىپىي ھادىسە پوپىشېفنىڭ سەپەرگە چىقىشىنى دەخلىگە ئۇچراتتى، بۇنىڭ بىلەن پوپىشېف ئۆزىنىڭ ئورنىغا تۇغقىنى سۇموفنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە تەيىنلەپ ۋاكالىتەن سودا كارۋىنىنى باشلاپ قەشقەرگە بېرىشقا ئەۋەتىدۇ. گەرچە بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگنىڭ دىپلوماتىيە مەركىزىي نۇقتىسى ئاللىقاچان ئەنگلىيە تەرەپكە قاراپ ئېغىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ياقۇپبەگ رۇسىيىنىڭ بۇ سودا كارۋىنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشقا

سەۋەب تاپالمىغانىدى. سۇموف باشچىلىقىدىكى پوپېشېف سودا كارۋىنى يەنە بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ سودا كارۋىنىنى ئەزالىرىنىڭ خالىغانچە تۇرالغۇسىدىن ئايرىلىشىغا بولمايدىغانلىقى، ئۇلار ئېھتىياجلىق مال سېتىۋالغۇچىلارنى قەشقەر دائىرىلىرى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بىراق خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئادەم كېلىپ سودا توغرۇلۇق سۆھبەتلەشمەيدۇ. سۇموف قاتارلىقلارنى گۇمانلاندۇرغىنى شۇكى، سودا كارۋىنىنى ئەتراپىغا كېلىپ ـ كېتىدىغانلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ كېتىدۇ. بۇ يەردىن تاسادىپىي ئۆتۈپ قالغان ئادەملەرنىڭ قىياپىتىدىن سودا كارۋىنىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

سودا قىلىشقا ئامالسىز قالغان سۇموفنىڭ ئاخىر سەۋر قاچىسى تولۇپ، قەشقەر دائىرىلىرىدىن يېقىندىلا ئىمزالانغان «رۇسىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» گە ئەمەل قىلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن قەشقەر دائىرىلىرى سۇموفنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالىدۇ. بىر كۈنى تۇيۇقسىز سۇموف قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن بارلىق ماللىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئارقىدىنلا 10 نەچچە نەپەر ئەمەلدار 10 نەچچە ھاممالنى سۇموفنىڭ تۇرالغۇسىغا باشلاپ كېلىدۇ. ئەمەلدارلار سودا كارۋىنىنىڭ ماللىرىنى بىرەر قۇر تىزىملىغاندىن كېيىن ھامماللار ماللارنى سىرتقا توشۇشقا باشلايدۇ. ياقۇپبەگ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت رۇسىيە سودىگەرلىرىنى مال ئالغۇچىلارنى تاپالماي ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراپ قېلىشتىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي سۇموف قەشقەر دائىرىلىرى تۆلىگەن مالنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇ پۇللار ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا

ئاقىدىغان تەڭگە پۇللار بولۇپ، رۇسىيە سودىگەرلىرى ئۈمىد قىلغان ئالتۇن - كۈمۈش ئەمەس ئىدى. مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان سومۇف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەردە يەنە تۇرۇۋېرىشتىن رايى يېنىپ، شۇ يىلى كۈزدىلا قەشقەردىن ئايرىلىپ رۇسىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. سومۇف خوجايىنى پوپېشېفقا بۇ قېتىمقى سودىدا ئالغان پايدىنى ھېسابلاپ كۆرۈشنى ئېيتىدۇ. پوپېشېف ھېسابلاپ كۆرۈپ ئۆزىنىڭ زىيىنىنىڭ 15 مىڭ رۇبلىغا يەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. رۇسىيىلىكلەر پوپېشېفنىڭ قەشقەردە بۇنداق ئىشقا ئۇچرىشىنى ياقۇپبەگ ئالدىن پىلانلىغان، دەپ قارايدۇ⑬. رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ پوپېشېف سودا كارۋىنىنىڭ قەشقەردە ئۇچرىغان ئاۋارىچىلىقلىرىغا نىسبەتەن ئۆز چۈشەنچىسى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشنى ياقۇپبەگنىڭ دىپلوماتىيىدە ئەنگلىيە بىلەن تۈركىيە تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنلىكى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدۇ. پوپېشېف ئۆز سودا كارۋىنىنىڭ قەشقەردە تارتقان زىيىنىنى رۇسىيە دائىرىلىرىگە دوكلات قىلغاندىن كېيىن، رۇسىيە دائىرىلىرى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ياقۇپبەگنىڭ تۆلەم بېرىشى توغرۇلۇق ياقۇپبەگ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. سۆھبەتتە رۇسلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، بۇ ئىشنى دەستەك قىلىپ چىڭ تۇرۇۋېلىش بىلەن ياقۇپبەگ كۈچلۈك بېسىم ھېس قىلىپ، ئاخىر 15 مىڭ رۇبلىنى تۆلەپ بېرىشكە ۋەدە بېرىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن رۇسىيىنىڭ قەشقەرگە يەنە بىر سودا كارۋىنى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. رۇسىيە ياقۇپبەگنىڭ سەممىيىتىنى سىناپ بېقىشنى قارار قىلىدۇ ھەم پوپېشېف سودا كارۋىنى قەشقەردىن ئايرىلغىلى ئون ئىككى ئاي بولغان ۋاقىتتا يەنە بىر سودا كارۋىنىنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ، بۇ سودا كارۋىنىنىڭ باشلىقى رۇسىيىلىك باي سودىگەر مولىزوف دېگەن ئادەم ئىدى. مولىزوفقا سودىدا پايدا ئېلىشتىن باشقا يەنە

سودىدىن تاشقىرى ۋەزىپە يۈكلەنگەنىدى. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئىچىدە ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيىگە تۇتقان سىياسىي پوزىتسىيىسىنى تەكشۈرۈشتىن باشقا ئەنگلىيە كۈچلىرىنى چەتكە قېقىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغانىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن مولىزوف سودا كارۋىنى كۆلەم ۋە ئەمەلىي كۈچى جەھەتتە پوپىشېفنىڭ سودا كارۋىنىدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇراتتى. مولىزوف سودا كارۋىنى ياڭراق كولدۇرما ساداسى ئىچىدە قەشقەر كوناشەھەردىن ئۆتكەندە، مەيلى قەشقەر پۇقرالىرى بولسۇن ياكى ئەمەلدارلىرى بولسۇن رۇسىيىگە نىسبەتەن يېڭى تەسىراتتا بولىدۇ. ياقۇپبەگ مولىزوفنى هۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ھەم يەرلىك سودىگەرلەر بىلەن بىۋاستە سودىلىشىش ئەركىنلىكى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ رۇسلار ئاخىر ياقۇپبەگنى رۇسىيە بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامە مەزمۇنىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا رۇسىيە تاۋارلىرى كۆپلەپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىشكە باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدە رۇسىيە ئاخىر ئەنگلىيە بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدىغان بىر بوشلۇقنى پەيدا قىلىدۇ.

4. رەيىنتالنىڭ يەنە بىر قېتىم قەشقەرگە كېلىشى

مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئاستىدا 1875 ـ يىلى رەيىنتال يەنە بىر قېتىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلىدۇ. بۇ رەيىنتالنىڭ ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە كېلىپ دىپلوماتىيە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كەلگەن ۋاقتىدىن يەتتە يىل ئۆتكەنىدى. بۇ يەتتە يىل ئىچىدە ياقۇپبەگنىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىن دائىرىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋەكلىرىدىن پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيگەنىدى. رەيىنتالنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىمۇ پىروچىكلىقتىن پولكوۋنىكلىققا ئۆسكەنىدى. رەيىنتالنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن

سۆھبەتلىشىدىغان مۇھىم ئىشى قەشقەردە كونسۇل دەرىجىلىك ئەمەلدار تۇرغۇزۇش ئىدى. ياقۇپبەگ بىلەن رەيىنتال كونا تونۇشلاردىن بولۇپ، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ دوستلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە كۆپلىگەن مۇرەككەپ رەسمىيەتلەرنى بىكار قىلىپ يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن لەينىتالنى كۈتىدۇ. بۇ جەرياندا بۇ رۇسىيە پولكوۋنىكىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ دوستلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن سۆھبەت جەريانىدا رەينىتال رۇسىيىنىڭ قەشقەردە رۇسىيە مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كونسۇل دەرىجىلىك ئەمەلدار تۇرغۇزۇش تەلىپىنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ياقۇپبەگ رۇسىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇل دەرىجىلىك ئەمەلدار تۇرغۇزۇشىنىڭ مەقسىتى ۋە ئاقىۋىتىنى ئېنىق بىلەتتى. چۈنكى تېخى يېقىندىلا رۇسىيە خىۋا، بۇخارا ۋە قوقەند خانلىقلىرىنى يۇتۇۋېلىشتا مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغانىدى. شۇڭا ئۇنى بۇ پىكىردىن يېنىشقا كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. لېكىن يەنىلا رەينىتالنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. قايتا ـ قايتا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ياقۇپبەگنى «رۇسىيە ـ قەشقەر شەرتنامىسى» دىن پايدىلىنىپ، رەينىتال بىلەن ئەڭ ئاخىرقى تالاش ـ تارتىش قىلىشنى ئەسكەرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى سۆھبەتتە ياقۇپبەگ رەينىتالدىن «رۇسىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» دىكى ئۈچىنچى ماددىنىڭ مەزمۇنىنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ شەرتنامىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىنىڭ مەزمۇنى: «رۇسىيە سودىگەرلىرى ئۆزلىرى خالىسىلا يەتتە شەھەرنىڭ بارلىق شەھەر ـ بازارلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ سودا ۋەكىللىرىنى (سودا كارۋىنى باشلىقلىرىنى) تۇرغۇزسا بولىدۇ. بۇ ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسى دائىملىق سودا بازارلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە قانۇنلۇق ھالدا چېگرا بېجى يىغىش بولىدۇ، يەتتە شەھەر سودىگەرلىرىمۇ تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەر ـ بازارلىرىدا ئوخشاش

ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ» ئىدى. ئۈزلۈكسىز جىددىي سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەر ئىككى تەرەپ سودا ئەلچىسى تۇرغۇزۇشقا قوشۇلۇش ئارقىلىق سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردۇ. شۇنىڭ بىلەن رەينتالنىڭ دىپلوماتىيىدە جەھەتتىكى بۇ قېتىمقى ۋەزىپىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ. رەينتالنىڭ قەشقەردە دىپلوماتىيە مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن رۇسىيە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىنى كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي رۇسىيە ھەربىي ساھەسىدىكىلەر قەشقەرنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ بېسىۋېلىش كېرەك، دەپ غوۋغا قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئەڭ كۈچىگىنى رۇسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى گوبېرناتورى فون كائۇفمان ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىدى. چۈنكى تېخى يېقىندىلا كائۇفمان ئەنە شۇنداق ئۇسۇل قوللىنىپ خىۋا، بۇخارا، قوقەند ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىلى رايونلىرىنى رۇسىيە قولىغا كىرگۈزگەنىدى. كائۇفماننىڭ پىكرىگە رۇسىيە دائىرىلىرى سۈكۈت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە 1875 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدىن باشلاپ رۇسىيە قەشقەرنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 1868 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا پۈتۈپ ئىشلىتىلىۋاتقان نارىن دەرياسى قورغىنى يېڭىۋاشتىن كېڭەيتىلىپ مۇستەھكەملىنىدۇ. زور مىقداردىكى ئاشلىق ۋە قورال ـ ياراغلار ئۈزۈلمەي نارىن دەرياسى قورغىنىغا توشۇپ كېلىنىدۇ. ئاندىن تەخمىنەن 20 مىڭ كىشىلىك رۇسىيە قوشۇنى نارىن دەرياسى ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ كېلەر يىلى باھاردا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ[14]. رۇسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى كىچىك سكاباپوف بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلىدۇ. كائۇفمان ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي

كۆچىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇلىبەگنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردىن مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاقسۇنى ساقلاپ يېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قەشقەرنى بېسىۋېلىشتا چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ. بىراق ئەھۋالدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. رۇسىيىنىڭ قەشقەرنى ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋېلىشنى نىشانلاپ قىلغان ئۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتۈپ قالغاندا، قوقەندتە قورچاق خۇدايارخان باشچىلىقىدا رۇسىيىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلايدۇ، قوزغىلاڭنىڭ داغدۇغىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا رۇسىيە قوشۇنلىرىنى پەرغانە ئويمانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاللىقاچان نارىن دەرياسى ئەتراپلىرىغا كېلەر يىلى باھاردا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ھېلىقى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن پامىر تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا يېتىم قالىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇلار تۈركۈملەپ قوقەندكە يۆتكىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ رۇسىيىنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى تاشلىنىپ قالىدۇ.

### 5. كروپاتكىننىڭ قەشقەرگە ئەلچى بولۇپ بېرىشى

1876 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدە بىر قاتار چوڭ ئۇرۇشلارنى قوزغاپ ياقۇپبەگنىڭ شۇ رايونلاردىكى قارشىلىقلىرىنى تارمار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىيىتى ئاساسەن شەكىللىنىدۇ. بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن ئەنگلىيە چىڭ سۇلالىسى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياراشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىشىنى توسۇشقا ئورۇنىدۇ. رۇسىيە بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاي جىلغىسىنى

بىسۋالدۇ.

رۇسىيە ھەربىي تەرەپ ئالاي جىلغىسىنىڭ ئۇشتىن چىقىپ گورىچال ئارقىلىق قەشقەر ۋە ھىندىستانغا بارغىلى بولىدىغان بىردىنبىر قولاي يول ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدى، بىراق ئالاي جىلغىسىنىڭ يوللىرى تار، ئەگرى - توقاي، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، چىقىش ئېغىزى توسۇۋېلىنسىلا جىلغىغا كىرگەن ھەرقانداق قوشۇنغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمايتتى. 1876 - يىلى 5 - ئايدا رۇسىيە ياقۇپبەگكە يەنە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئاشكارا ۋەزىپىسى رۇسىيىنىڭ پەرغانىدىكى يېرى بىلەن ياقۇپبەگ ئىشغالىيەت رايونىدىكى چېگرىلارنى قايتىدىن بەلگىلەش بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ياقۇپبەگنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغان قىيىن ھالىتىدىن پايدىلىنىپ ئالاي جىلغىسىدىكى بىر قاتار تاغ يولى چىقىش ئېغىزلىرىنى تارتىۋېلىش ئىدى.

بۇ رۇسىيىنىڭ ياقۇپبەگكە ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىدى. رۇسىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتانى كىروپاتكىن بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئەزالىرى كىروپاتكىننىڭ ئاكىسى توپچى ئەسكەرلەر پىروچىكى ۋېي كىروپاتكىن، پودپىروچىك ستارسوف ۋە سىناگوروفلار ئىدى. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن يەنە بىر تۈرلۈك ۋەزىپە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارغا ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاش، بولۇپمۇ ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي كۈچىگە ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاش ئىدى.

كىروپاتكىن قاتارلىقلار 5 - ئايلاردا تاشكەنت شەھىرىدىن ئايرىلىپ ئىككى ئايچە يول يۈرۈپ ئۇشقا يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. كىروپاتكىن ئوق تېگىپ يارىلىنىپ ئامالسىز ئۇشتا توختاپ يارىسىنى داۋالىتىدۇ. كىروپاتكىننىڭ يارىسى ساقايغىچە رۇسىيىنىڭ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۇش شەھىرىدە ئۈچ ئايغا يېقىن تۇرۇپ قالىدۇ.

1876 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كىروپاتكىن يەنە ئۇشتىن يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى قايتىدىن تولۇقلاپ تەشكىللىنىپ جەمئىي 64 ئادەمگە يەتكۈزۈلۈپ، بىر تارماق قوشۇنغا تەڭ كەلگۈدەك بولىدۇ. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كىروپاتكىن قاتارلىقلار قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ[15]. ئەينى چاغدا ياقۇپبەگ توقسۇن شەھرىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، كىروپاتكىننى قەشقەردە ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ كۈتۈۋالىدۇ، كىروپاتكىن بەگقۇلىبەگكە بىر تاپانچا، بىر ئالتۇن سائەت، بىر دانە غىلاپلىق شەمشەر، تۆت گىلەم ۋە يەتتە تون ھەدىيە قىلىدۇ[16].

ئالىبۇرۇنلا ئالىي ھوقۇقنىڭ تاماسىدا يۈرگەن بەگقۇلىبەگ كىروپاتكىننىڭ ياقۇپبەگ بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ، بەگقۇلىبەگ دائىم ھوقۇقنى ئاللىقاچان ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەردى دەپ، رۇسىيە ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. كىروپاتكىن بەگقۇلىبەگنىڭ ئۆزىنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بەگقۇلىبەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىپ، بىۋاسىتە ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشكىچە ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە بەگقۇلىبەگكە ئۆزلىرىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىسا، ئەلچىلەر ئۆمىكى دەرھال رۇسىيىگە قايتىپ كېتىدۇ، دەپ تەھدىت سالىدۇ. لېكىن بەگقۇلىبەگ يەنىلا قىلچە يول قويمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كىروپاتكىن بەگقۇلىبەگنىڭ تاشكەنتكە ئەۋەتىش ئۈچۈن خۇسۇسىي ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بەگقۇلىبەگنىڭ كائۇفمان بىلەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش، رۇسىيىنىڭ ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئارزۇلىرى بار ئىدى[17].

بۇ ئىشلاردىن كىروپاتكىن خەۋەرسىز بولغاچقا، دەماللىقا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە

كروپاتكىن قاتارلىقلارغا تويۇقسىز ياقۇپبەگنىڭ ئۆزلىرىنى توقسۇنغا تەكلىپ قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ تەكلىپ قىلىشى كروپاتكىننى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى پەقەت بىر كۈن ۋاقىت ئىچىدىلا يولغا چىقىشنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىنى تەق قىلىدۇ ـ دە، ئۈچىنچى كۈنى ئالدىراپ ـ تېنەپ قەشقەردىن ئايرىلىدۇ.

1877 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى كورلا شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ياقۇپبەگ ئاللىقاچان توقسۇندىن كورلىغا كېلىپ بولغانىدى. 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كروپاتكىن كورلا شەھىرى ئەتراپىدىكى ياقۇپبەگنىڭ بارگاھىدا ياقۇپبەگنى زىيارەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئىككى تەرەپ يەنە بىر قاتار رەسمىيەت خاراكتېرلىك ئۇچرىشىشلارنى ئېلىپ بارىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كروپاتكىن ياقۇپبەگ بىلەن بىرىنچى قېتىم رەسمىي سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. سۆھبەتتە كروپاتكىن ياقۇپبەگكە ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ: «مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى رۇسىيە بىلەن قەشقەرىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، خۇداغا شۈكۈركى بۇنداق دوستانىلىك كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئىككىنچى مەقسەت بولسا سابىق قوقەند خانلىقى، يەنى ھازىرقى پەرغانە ئۆلكىسى بىلەن بەدۆلەت (ياقۇپبەگنى كۆرسىتىدۇ) ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئارىسىدىكى چېگرىنىڭ ئاساسلىق ئايرىلىش نۇقتىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش» دەيدۇ.

ئارقىدىنلا كروپاتكىن رۇسىيە تەرەپنىڭ چېگرا سىزىقلىرىنىڭ يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى چوڭ بۆلەكلەر ۋە ئۇستىدىكى بىر قاتار نۇقتىلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ: «بۇ چېگرا سىزىقى چوقۇم

سۈڭگەكتاغ ئاغزىدىن ئۇلۇغچات قورغىنىغىچە بولىدۇ. سەل ئالدىغىراق سۇرگەندە ئۇدۇل مالتابار تېغىغىچە تۇتىشىدۇ. سۈڭگەكتاغ ئاغزى سىمىرچىنىسكى ئۆلكىسى ۋە بەدۆلەت زېمىنى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا. ئۇلۇغچات قورغىنى، ناغرا چالدى، يېغىن ۋە ئەركەشتاملارنى چوقۇم بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشىڭلار كېرەك» دەيدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا كروپاتكىن تەھدىت سېلىش تەلەپپۇزىدا ياقۇپبەگكە: «ئالىيلىرى تۈركىستان گوبېرناتورىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ چېگرا سىزىقىنى قوبۇل قىلىڭ. مۇشۇنداق قىلىشلا ئالىيلىرىنىڭ قۇدرەتلىك رۇسىيە بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئاساس بولالايدۇ» دەيدۇ.

كروپاتكىن شۇ چاغدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ياقۇپبەگنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇ قېتىمقى سۆھبەت جەريانىدا بەدۆلەت ئۆز كۈچىنى رۇسىيە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ۋە كۈچلۈك رۇسىيە بىلەن مەڭگۈ تىنچلىقنى ساقلاشنى خالايدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم تىلغا ئالدى. ئۇ يەنە رۇسىيىلىكلەرنىڭ دوستانە ياردىمى بولغاچقىلا ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى».

2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ياقۇپبەگ كروپاتكىنغا جاۋاب خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ رۇسىيىنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ جاۋاب خېتىدە: «مەن رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ چېگرىنىڭ سۈڭگەكتاغ، ئۇلۇغچات ۋە مالتابار قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈشى كېرەك، دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىمەن، چۈنكى مەن تۈركىستان گوبېرناتورى جانابلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ، دەپ قارايمەن. بىراق مەن ئۆزۈمنىڭ

ئەلچىسىنى سىزگە قوشۇپ قۇدرەتلىك يېرىم پاشا (فون كائوفماننى دېمەكچى) ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن مەن 14 يىل قان ـ تەر ئاققۇزۇپ جاپا بىلەن قۇرۇپ چىققان يېرىمنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن، ئەگەر ئۇ مېنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشۈمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنداقتا تۈركىستان گوبېرناتورى جانابلىرى ئۆزى ئېھتىياجلىق دەپ قارىغان يەر بۆلىكىدىن چېگرا سىزىقىنى بەلگىلىسە بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىمەن» دەپ يازغان⑱.

شۇنداق قىلىپ كروپاتكىن بۇ قېتىملىق ئەلچىلىك ۋەزىپەم ئادا بولدى دەپ قاراپ، 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاللاھتەن ياقۇپبەگ بىلەن خوشلىشىش زىياپىتى ئۆتكۈزىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى كورلا شەھىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇلار ئاقسۇدا يولىنى ئۆزگەرتىپ غەربكە — ئۇدۇل رۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ئوش شەھىرىگە قاراپ ماڭىدۇ. كروپاتكىن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ رۇسىيەگە كەلتۈرگەن پايدىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ۋە كونكرېت بولىدۇ. ئۇ ياقۇپبەگ بىلەن بولغان سۆھبەت جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر پايدىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ قاتتىق پوزىتسىيە، ئاچچىق گەپلەر بىلەن ياقۇپبەگكە ئۇزلۇكسىز بېسىم قىلىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ تايانچىسى ئەلۋەتتە رۇسىيىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچى بولىدۇ. بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ ئەينى چاغدىكى شەكىللىنىۋاتقان ۋەزىيىتىنى توغرا ئىگىلىگەنىدى. كروپاتكىن ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشتىكى ئىمكانىيەت سەۋەبلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ: «بىز كورلا شەھىرىگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا ياقۇپبەگنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەنىدۇق، چۈنكى ياقۇپبەگ يا ھەربىي قوشۇنىنىڭ، يا خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنىدى، شۇڭا جۇڭگولۇقلار ئاشۇ بىر مەيدان ئۇرۇشتا يەنە ئازراق كۈچىگەن بولسىلا ياقۇپبەگنىڭ توپلىغان كۈچلىرى بەرداشلىق بېرەلمىگەن

بولاتتى، ئاخىردا ياقۇپبەگنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنىڭ
ئەھۋالىمۇ تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، شۇڭا مەن بەدۆلەت
(ياقۇپبەگ) بىلەن ئۇچراشقاندا ئازدۇر - كۆپتۇر مىنىڭدىن
ئىلگىرى كەلگەن. رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ
تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىش لازىم دەپ قارىدىم. بىز تەكشۈرگەن
زېمىننى ئوچۇق جاكارلىغاندىن سىرت يەنە ياقۇپبەگ تۈركىستان
گوبېرناتورى جانابلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشنىڭ لازىملىقى
ھەم ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان بىرقانچە ئورۇننى بەدەلسىز بىزگە
ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى توغرىسىدا سۆزلىدىم»[19].

كروپاتكىن قاتارلىقلار كورلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن،
ياقۇپبەگ ئەلچىسىنى كائوفمانغا كروپاتكىننىڭ كورلىدا
ياقۇپبەگكە قويغان تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەم بۇنىڭدا
كائوفماننىڭ ئۇلۇغچاتنى رۇسىيە بەلگىلىگەن چېگرا دائىرىسىدىن
چىقىرىپ ئۆزىگە قالدۇرۇپ قويۇشقا يول قويۇشتەك بىردىنبىر
تەلىپىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ[20].

كروپاتكىن ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش
بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇن
كەلمەيدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە كروپاتكىن
ئۆزى مۇنداق دېگەن: «قەشقەرىيىدىن ئۆتۈپ كورلىغا بېرىش
سەپىرىدە، شەھەر - بازارلاردا توختىغان ۋاقىت ئىچىدىلا مەن ۋە
ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىزگە
بېرىلگەن كۆرسەتمىلەر ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە
تەپسىلىي، مۇكەممەل جاۋاب بەردۇق. بىزنىڭ ئۇجۇر -
بۇجۇرىغىچە ئاخبارات توپلىشىمىزنى ئۆمىكىمىز بىلەن بىللە
مېڭىشقا تەيىنلەنگەن قەشقەرىيە ئەمەلدارلىرىدىن يوشۇرۇپ
قالغىلى بولمايتتى. شۇڭا، بىز باشلىنىشتىلا قەشقەرىيەنىڭ
ئەھۋالىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە تەپسىلىي چۈشىنىش
مەقسىتىمىزنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ ئولتۇرماسلىق قارارىغا

كەلدۇق، بىز ھەر قەدەمدە يەرلىك پۇقرالاردىن سۈرۈشتۈردۇق، ئارقىدىن ئوچۇق - ئاشكارا شەخسەن ئۆزىمىز كۆزەتكەن ۋە ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى دەپتەرگە خاتىرىلىۋالدۇق. بىز ھەربىر شەھەر - بازارغا يېتىپ كەلگەندە بىر قىسىم تەجرىبىلىك سودىگەرلەر ۋە دېھقانلارنى چاقىرىپ سوراشنى كۈچەيتتۇق، يول ئۈستىدىمۇ بىز ئوخشاشلا ئوچۇق - ئاشكارا ئۆزىمىز ئۆتۈپ كېلىۋاتقان رايونلاردىكى ئوخشىمىغان جايلارنىڭ نامىنى سۈرۈشتۈردۇق»[21].

رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى دەل مانا مۇشۇنداق تەپسىلىي ۋە نۇرغۇن ئاخباراتلارنى توپلاش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغاچقا، كروپاتكىن كورلىدا ياقۇپبەگ بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە، ئۆزلىرىنىڭ سەپەر جەريانىدا ئەھۋاللارنى پىششىق ئىگىلىگەنلىكىنى جاكارلىغان. بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىقاچان رۇسىيىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىدىغان بارلىق يوللارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، كروپاتكىن چوڭ گەپ قىلمىغانىدى، چۈنكى رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى كورلىغا بېرىش سەپىرىدە ستارسىيوف پودپروچىك قەشقەردىن كورلىغىچە بولغان بارلىق مۇساپە يولىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋالىدۇ. ئەلچىلەر ئۆمىكى كورلىدا تۇرغان مەزگىلدە كروپاتكىننىڭ ئاكىسى ۋە ۋېرگىنىس قاراشەھەر، لوپنۇر كۆلى قاتارلىق جايلارنىڭ يول خەرىتىسىنى سىزىپ بولىدۇ، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەرجىمانى سوناگوف پودپروچىك ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغىچە ۋە بەدەل تېغىدىن قاراكۆلگە بارىدىغان يول خەرىتىسىنى سىزىپ بولىدۇ.

كروپاتكىن رۇسىيىگە قايتقاندىن كېيىن رۇسىيە دائىرىلىرىگە ناھايىتى ئۇزۇن بىر دوكلاتنى تاپشۇرىدۇ. بۇ دوكلات كېيىن «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابقا ئۆزگەرتىلىدۇ.

كروپاتكىن ئۆزىنىڭ بۇ ئۇزۇن دوكلاتىدا ياقۇپبەگ

ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈشى، سىياسىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، سودا ئالاقىسى، مەدەنىيىتى، قوشۇنلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئەسلىھەلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنىڭ قوراللىنىش دەرىجىسى، ئەمەلىي جەڭ قىلىش ئىقتىدارى، ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەرنى چوڭقۇر تەسۋىرلىگەن ۋە تەھلىل قىلغان. كروپاتكىننىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسەن ھەقىقىي تەكشۈرۈش ۋە بىۋاسىتە كۆزىتىشتىن كەلگەن بولغاچقا، ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

كروپاتكىننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قىلغان ئەلچىلىكىنىڭ تۆھپىسى بولغاچقا، رۇسىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىقىدىن ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى رۇسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە ئۆستى. بۇنىڭدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى كروپاتكىننىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

## 2. ياقۇپبەگ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ باشلىنىشى

ياقۇپبەگدىن تارتىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارغىچە جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى ئەنگلىيە ئەسلىدىلا ناتونۇش بولۇپ، ئۇلار ئەنگلىيە توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلىشمەيتتى[22].

ئۇنداقتا، قانداق سەۋەب ياقۇپبەگنى ئاخىرىدا ئەنگلىيە

بىلەن ئىنتايىن زىچ بولغان مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مەجبۇر قىلغان؟ تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى ئابزاس سۆز مەلۇم دەرىجىدە بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەيدۇ.

كروپاتكىن مۇنداق يازغان: «ئەنگلىيە قەشقەرىيىنى ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى زېمىنى بىلەن رۇسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى زېمىنىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىتەرەپ رايون قىلىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. قەشقەرىيىدە ئۇلارنىڭ بۇنداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشىدىكى مەقسىتى، ئەگەر رۇسىيە ئۆزىنىڭ ئاسىيادىكى چېگرىسىنى تېخىمۇ جەنۇبقا مەجبۇرىي سۈرمەكچى بولسا، بۇ بىتەرەپ رايونغا كىرەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى»㉓.

زوزۇڭتاڭ مۇنداق يازغان: «ئەنگلىيىلىكلەر ئەنجاننى قوغداشنى باھانە قىلىپ، بىزنىڭ چېگرىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇندى. قەشقەر پادىشاھى (ياقۇپبەگنى كۆرسىتىدۇ) ئۇ يەردە بولسىمۇ ئۇلارغا يول قويدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھىندىستان ئۈچۈن يەنە بىر توسۇقنى كۆپەيتىش ئىدى»㉔.

2. روبېرت شاۋنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا زىيارەتكە كېلىشى

1866 ـ يىلى رۇسىيە پەرغانە ئويمانلىقىدا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرىغا تايىنىپ نارىن دەرياسى بويىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي ھالەت پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ چاغلاردا ياقۇپبەگنى قىيناۋاتقىنى رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ بېسىمىدىن سىرت قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مالىيە مەسىلىسى ئىدى. قىسقىغىنە ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى شەرقىي جەنۇبتا خوتەن بوستانلىقىدىن شىمالدىكى كورلا ئەتراپلىرىغا قاراپ كېڭەيدى. مۇشۇنداق كۆلەمدە قايتا ـ قايتا

ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەت ياقۇپبەگنى نەتىجىگە ئېرىشتۇرۇش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭغا غايەت زور مالىيە بېسىمى ئېلىپ كەلدى. «تارىخىي ھەمىدى» دە: «بۇ چاغدا ئاتالىق غازىنىڭ خەزىنىسى خېلى بوشاپ قالغانىدى» دېيىلگەن㉕.

ياقۇپبەگ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئەتراپلىرىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ئەندىزىسىدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ھىندىستان بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىنى تاللايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن 1868 ـ يىلى ياقۇپبەگ تەشكىللىگەن بىر سودا كارۋىنى قەشقەردىن ئايرىلىپ كەشمىر يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا قاراپ ماڭىدۇ. لېكىن بۇ سودا كارۋىنى كەشمىر چېگرىسى ئىچىدە تاسادىپىي بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنى باھانە قىلغان ياقۇپبەگ بىلەن كەشمىر ئارىسىدا ھېلىقى بىر مەيدان توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. ياقۇپبەگ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي كەشمىر خانىدىن قەشقەر سودا كارۋىنىنىڭ كەشمىردىن بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا مەجبۇرلاپ ۋەدە ئالىدۇ. بۇ توغرىدا كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابىدا ئايرىم توختالدۇق.

1869 ـ يىلى قەشقەرنىڭ باي سودىگىرى مۇھەممەد نەزەر ياقۇپبەگنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن بىر سودا كارۋىنىنى باشلاپ، قەشقەردىن يولغا چىقىپ ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ئۆلكىسىگە بارىدۇ. مۇھەممەد نەزەر پەنجاپتا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن چىقىدىغان ھەر خىل يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىپ قولدىن چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن شۇ يەردىن چاي، ماشىنىدا توقۇلغان رەخت ۋە بازاردا سېتىلىۋاتقان ھەر خىل يېنىك تىپتىكى قوراللارنى سېتىۋالىدۇ. مۇھەممەد نەزەرنىڭ زىممىسىگە سودا جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتتىن باشقا ئەنگلىيە دائىرىلىرىنى

ئىزدەپ تېپىپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتمۇ يۈكلەنگەنىدى. نۇرغۇن ۋاستىچىلەر ئارقىلىق مۇھەممەد نەزەر ئەينى چاغدا پەنجاپ شتاتىدا چاي سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ بىلەن تونۇشىدۇ. كۆپلىگەن ئەنگلىيىلىكلەر ئىچىدە شاۋنىڭ مۇھەممەد نەزەرگە يېقىنلىشىشنى خالىشىدىكى سەۋەب تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن بۇ سودىگەرنىڭ چاي سېتىۋېلىشقا كۆچلۈك قىزغىنلىقى بولغانلىقىدىن ئىدى. شاۋ مۇھەممەد نەزەر بىلەن سودا قىلىش جەريانىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ بازار ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرىدۇ، بولۇپمۇ چايغا بولغان ئېھتىياج ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. مۇھەممەد نەزەر بولسا قىلچىمۇ كۆپتۈرمەي جاۋاب بېرىپ، شاۋدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا سودا قىلىپ پايدا ئېلىش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا مۇھەممەد نەزەر قەشقەرگە قايتىش سەپىرىگە چىقىدىغان ۋاقىتتا شاۋ مۇھەممەد نەزەرگە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ سودا قىلىش ئارزۇسىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ. ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىشىدا ئەلۋەتتە سودىدا پايدا ئېلىش مەقسىتى بولسىمۇ، بىراق تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى سىياسىي جەھەتتىكى يۆلەنچۈكنى كۆزلىگەنىدى، شۇڭا شاۋنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ سودا قىلىش تەلىپى خېلى بىر مەزگىلگىچە ياقۇپبەگنىڭ ئوچۇق جاۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئارزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىشنىڭ تەرەققىياتىدا ياقۇپبەگ ئويلىمىغان نەتىجىلەر يۈز بېرىدۇ.

رۇسىيە قەشقەر سودىگەرلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى پائالىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ مۇھەممەد نەزەرنىڭ شاۋنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا زىيارەتكە كېلىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا بىر خىل سىياسىي جەھەتتىكى ئالاقە بار دەپ تونۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە مەقسەتلىك ھالدا ئالمۇتا

ۋە تاشكەنت قاتارلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدە رۇسىيە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىشىنى توسۇدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر تارقىتىدۇ. بۇ خەۋەر كېلىپ - كېتىۋاتقان سودىگەرلەر ئارقىلىق ئۈزۈلمەي قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ شاۋنىڭ ئەنگلىيىلىك سالاھىيىتىنىڭ بۇ ئىشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

1868 – يىلى كەچ كۈزدە ياقۇپبەگ شاۋنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ سودا قىلىش تەلىپىنى تەستىقلايدۇ. بۇ خەۋەر ۋاقتىدا شاۋنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈلىدۇ. 1868 – يىلى 12 – ئايدا شاۋ سودا ئەترىتىنى باشلاپ كەشمىر يولى ئارقىلىق خوتەننىڭ سانجۇ دېگەن يېرىگە يېتىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئايلىنىپ يەكەن شەھىرىگە كېلىدۇ. يەكەندە شاۋ ھاكىمبەگ مۇھەممەد يۇنۇسجاننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىدۇ. مۇھەممەد يۇنۇسجاننىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ سودا ئەترىتى قەشقەر سەپىرىنى باشلايدۇ㉖. شاۋ ۋە ئۇنىڭ سودا ئەترىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا يېڭىسارغا كېلىۋاتقان چاغدا، ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى تارقىتىۋەتكەچكە كوچا - كويلاردىكى بىر چوڭ يېڭىلىققا ئايلىنىدۇ. ئېنىقكى، ياقۇپبەگنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئەنگلىيىدىن ئىبارەت بىر كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئارقا تېرىكى بولۇپ قالغانلىقىنى ئاستىرتىن ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىدى. گەرچە شاۋ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ياقۇپبەگ قائىدىنى بۇزۇپ ئۇنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىدۇ㉗. شاۋ قەشقەردە ئۈچ ئايچە تۇرىدۇ، ئۇ سودا قىلىپ غايەت زور پايدىغا ئېرىشىپ مۇرادىغا يېتىدۇ. شاۋ تېرىغان چاينىڭ ھەربىر قادىقىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئەنگلىيىدە ئىككى شىللىڭدىن ئالتە شىللىڭغىچە ئىدى. قەشقەردە بولسا ھەربىر قادىقىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئون ئالتە شىللىڭ بولۇپ، ئۈچ

ھەسسىدىن سەككىز ھەسسىگىچە پايدىغا ئېرىشكەن.

1869 ـ يىلى يازنىڭ باشلىرىدا شاۋ ھىندىستانغا قايتىپ، باش ۋالىي نوسىدۇ لوردقا بىر پارچە يازما دوكلاتنى تاپشۇرىدۇ، بۇ دوكلاتتا شاۋنىڭ بۇ قىيتىمقى سودا سەپىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ سەپەر جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە جەمئىيەت ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ بازار قۇرۇلمىسى ۋە تاۋار ئېھتىياجىغا ئائىت ئەھۋاللار تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. شاۋ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى «بىر بايلىق ماكانى، لېكىن ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ جايغا ئايىغى يەتمىگەن» دەپ يەكۈن چىقارغان. شاۋنىڭ بۇ دوكلاتى 1871 ـ يىلى «ئېگىزلىكتىكى تاتارلار» سەرلەۋھەسىدە ئەنگلىيە ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. شاۋنىڭ دوكلاتى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئاپتورى ئەنگلىيىلىك بولگىر ئەينى چاغدا ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ مەقسىتىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېگەن: «بۇ قېتىمقى يەكەن ۋە قەشقەر زىيارىتىنىڭ نەتىجىسى گويا ماگنىتتەك تارتىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىز بىلەن ھېلىقى ئاتالىق غازىنىڭ قانداق سىياسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ناھايىتى تېز ئويلىنىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ھىندىستان ـ ئەنگلىيە جەمئىيىتى بۇ يېڭى دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى بېرىلىپ ئاڭلايدىغان بولدى. يېڭى بىر سودا يولى ئېچىلدى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان بەلكى بۇخارا ۋە غۇلجا قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىدىغان ھەقىقىي يول بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بىز بىرگە يېقىنلاشقان خوتەن قاشتېشى سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بىراق قەدىمدىن تارتىپ داڭلىق بولۇپ كەلگەن تاتار قوي يۇڭى بىر مۇھىم تاۋار بولۇشى كېرەك»㉚.

### 3. دوگلاس. فورسىيتنىڭ تۆنجى قېتىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا زىيارەتكە كېلىشى

شاۋ قەشقەردىكى چاغلىرىدا ياقۇپبەگكە ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت كۈچى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغانلىقىنى پۈرىتىپ ئۆتىدۇ. ياقۇپبەگ شاۋنىڭ سۆزىدىن قوش مەنىنى چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ بىرى، ئەنگلىيە ئۇنى ھىمايە قىلىش كۈچىگە ئىگە دېگەنلىك بولسا، يەنە بىرى ئەنگلىيە ئۇنى قوغدىشى مۇمكىن دېگەنلىك ئىدى. مانا مۇشۇنداق ھۆكۈمگە ئاساسەن ياقۇپبەگ شاۋ قايتىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئارزۇسىنى ئېنىق ئىپادىلەپ: «ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى خۇددى قۇياشقا ئوخشاش بارلىق جايلارنى نۇر چېچىپ ئىللىتماقتا. بىراق مەن يەنىلا سوغۇق ھېس قىلىۋاتىمەن، مەن ئاشۇ قۇياشنىڭ زەررىچە نۇرىنىڭ تېنىمنى يورۇتۇشىغا تەشنامەن، مەن ناھايىتى كىچىك ھەم تېخى تۇنۇگۈنلا چوڭ بولغان بىر ئادەم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاللا ماڭا مۇشۇ كەڭرى زېمىننى ئاتا قىلدى. سىزنىڭ قەدىمىڭىز مەن ئۈچۈن غايەت ھۆرمەتلىك، مەن دۆلىتىڭىزلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ھەرقانداق خىزمەتنى قىلىشقا تەييارمەن. سىزمۇ مەن ئۈچۈن شۇنداق قىلغايسىز»㉛. شاۋ ياقۇپبەگنىڭ تەلىپىگە ئۆز سالاھىيىتىگە لايىق جاۋاب بېرىدۇ ھەم ياقۇپبەگنىڭ تىلەكلىرىنى ئەنگلىيە دائىرىلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يۈرۈشتۈرىدىغان ۋاستىچى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شاۋنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ كېيىن ياقۇپبەگ تېزدىن ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. يۇقىرى ئابرۇيلۇق دىنىي زات ئىخلارخان ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، ئىخلارخان 1879 ـ يىلى كۈزدە ھىندىستانغا يېتىپ بارىدۇ. شاۋنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

بىلەن ھىندىستان باش ۋالىيسى نوسدۇلوردقا ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنى قەشقەرنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك تەلىپىنى يەتكۈزىدۇ[32]. نوسدۇلورد پەقەت ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنى قەشقەرگە زىيارەتكە ئەۋەتىش ئىشىغىلا ۋەدە بېرىدۇ، قالغان ئىككى تۈرلۈك تەلەپ باش ۋالىينىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەچكە، نوسدۇلورد ياقۇپبەگنىڭ تەلەپلىرىنى لوندونغا يەتكۈزۈشكە ماقۇل بولىدۇ تۈنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشنىڭ كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن نوسدۇلورد ياقۇپبەگكە بىر توپچىلار روتىسىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ۋە 1000 تال مىلتىق بىلەن يېتەرلىك ئوق ـ دورىلارنى ھەدىيە قىلىدۇ[33].

1870 ـ يىلى ياز بېشىدا ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى دوگلاس. فورسىت نوسدۇلورد ئالاھىدە ئەلچىسى سالاھىيىتى بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىلىدۇ. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە شاۋ بىلەن ھاندېسونمۇ بار ئىدى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى فېيسەس ئەلچىلەر ئۆمىكىگە كونكرېت دىپلوماتىيە ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن، قارىغاندا پەقەت ياقۇپبەگنىڭ ھىندىستانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەنگلىيە بىلەن ئۇچرىشىشىغا نىسبەتەن بىر خىل ئەدەپ ـ قائىدە ھېسابىدىكى زىيارەتتەك قىلاتتى.

فورسىت ئەلچىلەر ئۆمىكى شاۋنىڭ يول باشلىشى بىلەن شاۋ ئىلگىرى بېرىپ كەلگەن يولنى بويلاپ مېڭىپ، 1870 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يەكەن شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. مۇھەممەد يۇنۇسجان فېيسەس ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالىدۇ، فورسىتقا ياقۇپبەگنىڭ ئىككى ئاي ئىلگىرى تۇرپانغا جەڭ قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، مۇھەممەد يۇنۇسجان بىلەن

تۆرپانغا بېرىپ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈش مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغاندا، يۇنۇسجان يولنىڭ يىراقلىقى، هاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقى قاتارلىق باهانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ فورسىتنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلىدۇ. بىراق مۇهەممەد يۇنۇسجان فورسىت ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ يەكەندىكى پائالىيىتىنى ناهايىتى كۆپ قولايلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، مانا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆمەك ئەزاسى هاندىسون يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئەهۋالى ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. 1870 - يىلى 9 - ئايدا فورسىت ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى يەكەندىن هىندىستانغا قايتىدۇ، ئارىلاق ۋاقىتتىن كېيىن هاندىسون ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن قىلغان سەپەر جەريانىدىكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى «لاهۇردىن يەكەنگە بېرىش» ناملىق زىيارەت خاتىرىسى قىلىپ نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەسەر فورسىت ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تۇنجى قېتىم قەشقەرنى زىيارەت قىلغانلىقىنىڭ سىمۋوللۇق خاتىرىسى بولۇپ قالغان.

فورسىت ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەسىراتىغا ئاساسەن شاۋنىڭ كۆز قارىشىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ هىندىستاندىكى مەنپەئىتىگە نىسبەتەن هەل قىلغۇچ رولى بارلىقىنى تونۇتىدۇ. فورسىتنىڭ بۇ كۆزقارىشى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. ئەنگلىيە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا رۇسىيە بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشۈۋېلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇڭا فورسىت 1871 - يىلى رۇسىيىنىڭ پايتەختى پېتربۇرگقا بېرىپ، رۇسىيە هۆكۈمىتىگە ئەنگلىيە هۆكۈمىتىنىڭ رۇسىيە بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا هەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشۈۋېلىش ئارزۇسىنى بايان قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. رۇسىيە بۇ رايونغا ئەنگلىيىنىڭ قول سېلىشىنى خالىمايدىغان

بولغاچقا، ئەنگلىيىنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ فورسىتنىڭ سەپىرى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ[35].

4. «ئەنگلىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى

1872 ـ يىلى يازدىن كېيىن ياقۇپبەگ مەيلى تونۇشتا ياكى ھەرىكىتىدە بولسۇن، بارغانسېرى رۇسىيىگە بويسۇنماسلىق خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بولۇپمۇ ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىسى ياقۇپخاننىڭ تەكلىپكە بىنائەن رۇسىيە پايتەختى پېتربۇرگقا بارغانلىق خەۋىرى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كەلگۈسى ئورنى، تەسىرى ۋە مەنپەئىتىگە قايتىدىن باھا بېرىشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، دوگلاس فورسىتنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە بېرىش توغرىسىدىكى قارارى مانا مۇشۇنداق سەۋەبتىن چىقىرىلغانىدى، دەيدۇ. «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ مۇئەللىپى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىگە باھا بەرگەندە گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ: «كولبارس شەرتنامىسىنىڭ پايدىسىز بولغان ئاقىۋىتىدىن خالاس بولغاندەك بولدى» دېگەن.

بۇ قېتىم فورسىت بىلەن بىللە ماڭغان ئەزالار ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان پودپولكوۋنىك گېدىك، مايور بېرلاۋ ۋە چاپمەن، تېرىلوت، بىتار قاتارلىق ئۈچ نەپەر كاپىتان بار ئىدى. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغان ئادەملەر قوشۇلۇپ جەمئىي 300 ئادەمگە يەتكەن بولۇپ، 400 ئۇلاغ قاتناش قورالى قىلىنغانىدى[37]. بۇ قېتىم ئەنگلىيە دائىرىلىرى فورسىتقا كونكرېت ۋەزىپە بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ رۇسىيىنى ئۈلگە قىلىپ ياقۇپبەگ بىلەن ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنىنى ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر يازما شەرتنامە ئىمزالاش ئىدى. ياقۇپبەگ ئەنگلىيىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. فورسىت ئەلچىلەر ئۆمىكى قۇرۇمتاغدىن چىقىپ تۇرۇشىغا

ياقۇپبەگنىڭ مۇھەممەد زارىپخان ئىسملىك ئەمەلدارىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ئالاھىدە فورسېت قاتارلىقلارنى كۈتۈۋېلىشقا كەلگەنىدى. فورسېت ئەلچىلەر ئۆمىكى مۇھەممەد زارىپخاننىڭ يول باشلىشى بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سانجۇ دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە ئالدىنقى يىلى ياقۇپبەگنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن رۇسىيىگە بېرىپ رۇسىيىنىڭ تۈركىستان گوبېرناتورى بىلەن كېلىشىمنامە ئالماشتۇرغان ياقۇپخانمۇ تۈركىيىدىن قايتىپ ھىندىستان ئارقىلىق مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ بۇ دىپلوماتى فورسېتنىڭ ئاساسلىق ھەمراھى بولۇپ قالىدۇ. فورسېت ئەلچىلەر ئۆمىكى يەكەندە تۇرغان ئارىلىقتا يۈنۈسجان باشچىلىقىدىكى يەرلىك دائىرىلەر نۇرغۇن ھارۋا ۋە ئات - ئۇلاغلارنى تەييارلاپ، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قاتناش قوراللىرىنى يېڭىلاپ بېرىدۇ[38].

1873 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى فورسېت قاتارلىقلار قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ياقۇپبەگ رەسمىي يوسۇندا فورسېت بىلەن كۆرۈشىدۇ. گەرچە فورسېت بىلەن ياقۇپبەگ ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت تەرەققىياتى ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى كېيىنكى تۆت ئاي ئىچىدە فورسېت بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىزچىل قەشقەر شەھىرىدە تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا قىلىنغان ئاساسلىق ئىش ياقۇپبەگ بىلەن ئەنگلىيە تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنامىنىڭ لايىھە كوپىيىسىنى تۈزۈش بولىدۇ. 1874 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ياقۇپبەگ «ئەنگلىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى» تېمىسىدىكى ھۆججەتكە مۆھۈرىنى بېسىپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەن ئالىدۇ. شۈبھىسىزكى «ئەنگلىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى فورسېتنىڭ بۇ سەپىرىنىڭ مۇھىم مېۋىسى ئىدى. مانا مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسلىنىپ، ئەنگلىيە تەسىر كۈچىنى

ئاخىر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئاسىيانىڭ كىندىكىدە چاررۇسىيە بىلەن تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئىتىگە كونكرېت ۋەكىللىك قىلغۇچى «تۈركىستان سودا شىركىتى» بولىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ باش شتابى لاداقتا قۇرۇلغان بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بىر نەچچە قېتىم كەلگەن شاۋ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. «ئەنگلىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» دىن باشلاپ ئەنگلىيە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مەنپەئىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، تاكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يىمىرىلگۈچە ئەنگلىيە دائىرىلىرى ياقۇپبەگنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن لوندون بىلەن بېيجىڭ ئارىسىدا قاترىغاندى. ئەنگلىيىنىڭ ئاشۇ بىر مەزگىلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرىكەت ئەھۋالىنى بايان قىلغان چاغدا، فورسېت ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولغان پودپولكوۋنىڭ كېيىن يازغان «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» بىلەن ھەربىي دوختۇر مايور بېرلاۋ يازغان «كەشمىر ۋە قەشقەر» دېگەن ئىككى ئەسەرنى چوقۇم تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك، بۇ ئىككى ئەسەردە فورسېتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قىلغان سەپىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى ۋە يول بويى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بىۋاستە تەسۋىرلەنگەن، بولۇپمۇ «ئەنگلىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىش جەريانىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇ خاتىرە ۋە تەسۋىرلەر ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرىكىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەينى چاغدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەينەن تەسۋىرىدۇر. شۇڭا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» بىلەن «كەشمىر ۋە قەشقەر» دېگەن ئىككى ئەسەرنى «ئەنگلىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» غا سېلىشتۇرغاندا ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

## 3. ياقۇپبەگنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى

### 1. تۈركىيە بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ باشلىنىشى

ۋاقىت تەرتىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ياقۇپبەگ ئەڭ بۇرۇن تايانغان دۆلەت تۈركىيىدۇر.

ياقۇپبەگنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئەمەس» لىك سالاھىيىتى دۈشمەنلىرىنىڭ ئىزچىل زەربىسىگە ئۇچرىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ ھەمدە يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىدىكى بىر چوڭ تۈگۈن بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ياقۇپبەگ تۈركىيىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قوللىشىنى ئىزدىگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق مەنە تۈركىيە دۆلىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە تۇتقان ئورنىدىن پايدىلىنىش بولۇپ، «بىر مۇسۇلمان» لىق ئۇقۇمى يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات جەھەتتىكى چىقىشالماسلىقنى يېپىپ كېتەلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گەرچە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باشقا ساھەلەردىكى ئالاقىلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتىكى يۆلىنىشنى قوغلىشىش ئارزۇسى ياقۇپبەگنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان خاس مەزمۇن بولۇپ قالىدۇ. ياقۇپبەگنى يادرو قىلغان ھاكىمىيەت قاتلىمىدا مەيلى ئابرۇي جەھەتتىن بولسۇن، ياكى سىياسىي ئىشلار پائالىيىتىدىكى كەچۈرمىش جەھەتتىن بولسۇن ياقۇپخان كاتتا ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ياقۇپخان ئەسلى تاشكەنت ۋالىيسى نارمۇھەممەدنىڭ ئوغلى بولۇپ، نار مۇھەممەد ئىلگىرى ياقۇپبەگنىڭ ئاچىسىغا ئۆيلەنگەندى. شۇڭا ياقۇپبەگ بىلەن ياقۇپخان ئوتتۇرىسىدا جىيەن ـ تاغىلىق بوغۇن پەرقى مۇناسىۋىتى

شەكىللەنگەنىدى. ياقۇپبەگ ئاچىسىنىڭ ئېرى بولغان نارمۇھەممەدنىڭ قول ئاستىدا كىچىك بىر ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان چېغىدا، ياقۇپخان ئالىقاچان تاشكەنت شەھىرىگە ئەدلىيە ئەمەلدارى ـ قازىلىققا تەيىنلەنگەنىدى.

1853 ـ يىلىدىن باشلاپ ياقۇپخان قوقەند خانلىقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، رۇسىيە پايتەختى پېتربۇرگ شەھىرىدە ۋە تۈركىيە پايتەختى ئىستانبولدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنىدى. قوقەند خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ياقۇپبەگ سىياسىي سەرگەردان سالاھىيىتى بىلەن تۈركىيە پايتەختى ئىستانبولدا بىر مەزگىل تۇرىدۇ ۋە مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش بىلەن بىرگە غەربىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىدۇ ۋە تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. 1868 ـ يىلىدىن كېيىن رۇسىيىنىڭ تەسىر كۈچى پامىر تاغلىق رايونىغا چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ. بۇنىڭدىن ياقۇپبەگ رۇسىيىنىڭ ھەقىقىي تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقان تەسىر كۈچ بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. دەل ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە يۆنىلىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان چاغدا ياقۇپخان تۈركىيىدىن قەشقەرگە كېلىپ قالىدۇ㊷. ياقۇپخاننىڭ ياقۇپبەگنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشىدىكى مەقسىتى ۋە جەريانى ھەر خىل كىتاب ـ ماتېرىياللاردا ئاساسەن ئوخشاش دېيىلگەن. «تارىخىي ھەمىدى» دە خاتىرىلەنگىنى ئەڭ ياخشى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەر ياقۇپخاننىڭ تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ مەخپىي كۆرسەتمىسى بىلەن ياكى ئۆزى ئېتىراپ قىلىپ ياقۇپبەگنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. «تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنداق بايانلار بار: «ئاتالىق غازى دەل ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتقان چاغدا، تاشكەنتلىك ياقۇپخان قازى تۆرە ھەجدىن قايتىپ

قەشقەرگە كەلدى، ئۇ ئاتالىق غازى بىلەن ئۇچۇق - يورۇق سۆزلەشكەندىن كېيىن ئاتالىق غازىغا زېمىننىڭ خەلىپىسى، ھەرەمەيىن شەرەفەيننىڭ خادىمى، مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيسى ئەمىرى ئابدۇلمەجىد ئوغلى ئابدۇلئەزىز (خۇدا ئۇنىڭ مۈلكى ۋە دۆلىتىنى مەڭگۈ قىلسۇن) ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، رومغا (تۈركىيىنى دېمەكچى) تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئابدۇلئەزىزنى دېمەكچى) بويسۇنۇشقا تەرغىب ۋە دالالەت قىلدى. ياقۇپبەگ ياقۇپخان قازى تۆرە ھاجىمغا چىن يۈرىكىدىن مۇلايىملىق بىلەن: «ئۇ زات مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى، يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى تۇرسا، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئادەم؟»، دەپ ئۆزرە ئېيتتى. بۇ چاغدا قازىخان تۆرەم: «رۇسلار تاشكەنتنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆلىمالار، ئېسىلزادىلەر ۋە «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» رۇسلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىگە ئەمەل قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن ھەرەمگە ھەجگە مېڭىشتى، جۈملىدىن مەنمۇ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلدىم، رومغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ جاينىڭ ئالىملىرى ھەم ئاتاقلىق شەخسلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ شۇنى بىلدىمكى، گەرچە پەرغانىنى (قوقەند دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ) رۇسلار بېسىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن چىن مەملىكىتىدە (جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ) بىرمۇنچە مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى ئۇلۇغلىدى. خەلىپە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بارلىق مەسچىتلەردە بەش ۋاخ نامازدىن كېيىن شەرق تەرەپتە ئىسلام ئاچقان مۇسۇلمانلارنىڭ راۋاجى ئۈچۈن دۇئا قىلىنسۇن دەپ يارلىق قىلىپ، ئۆزى باشلاپ شەرق تەرەپكە دۇئا قىلىپتۇ. ئىسلام ئېچىپ باشلىق بولغان ئۇلۇغنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى سوراپتۇ. بەزىلەر ھاجى پاشا (ھەبىبۇللانى كۆرسىتىدۇ) دېسە، بەزىلەر كۇچالىق خوجىلار دەپتۇ، بەزىلەر ئىلى سۇلتانىنى مەلۇم قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ خەلىپە شەرقتە

ئىسلام ئاچقان ئۇ ئۇلۇغنىڭ (ئىسمىنى) نام ـ شەرىپىنى زادى بىلمەپتۇ. بۇ موگغۇلىستان يۇرتلىرى جانابىگىزغا قاراپتۇ. ئۆزىڭىزنى خەلىپىگە مەلۇم قىلىشىڭىز ئەلۋەتتە زۆرۈر ۋە لازىمدۇر، دېدى. بۇ سۆزلەر تەلەيلىك مۇھەممەد ياقۇپبەگكە مەقبۇل بولدى»㊸.

بۇ ئابزاس نەقىلدە نۇرغۇن ئىنتايىن ئىنچىكە تەسۋىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە نىسبەتەن ئازراق گۇماندىن خالىي بولۇش تەس. بىراق بۇ ئابزاس نەقىل تەمىنلىگەن مەزمۇن دائىرىسى گۇماننى سىغدۇرالمايدۇ. بۇنىڭ بىرى، ياقۇپبەگ تۈركىيىگە يېقىنلىشىش قارارىنى ياقۇپخان بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن چىقارغان. ئىككىنچىسى، بۇ قارارنى چىقىرىدىغاندا ياقۇپبەگ تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزنىڭ «جاھاننىڭ خەلىپىسى، ھەرەمنىڭ قۇلى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى» دېگەن سالاھىيەتلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تونۇغان.

«تارىخىي ھەمىدى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ياقۇپبەگ تۈركىيە پادىشاھى ئابدۇلئەزىزگە بېقىنىشنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ياقۇپخان نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ تۈركىيە دۆلىتىگە قاراپ ماڭغان㊹.

ياقۇپخان تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە ھە دېگەندىلا تۈركىيە سۇلتانى ياقۇپبەگكە «مىراخور بېشى» لىق ئەمەلىنى بەرگەن. بۇ سۆزنىڭ بىۋاسىتە مەنىسى «ئات باقارلار باشلىقى» دېگەنلىك بولىسىمۇ، لېكىن كۆچمە مەنىسى پادىشاھ ياكى خان دېگەنلىك ئىدى㊺. موللا مۇسا سايرامىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە شەھەر روم (تۈركىيىنى كۆرسىتىدۇ) غا تەۋە بولدىلەر»㊻. تۈركىيە سۇلتانى ياقۇپبەگكە تەقدىم قىلغان نۇرغۇن سوۋغاتلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى بىر دانە تاج بىلەن خاس ياقۇپبەگ ئۈچۈنلا ياسالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر ـ تاشلار قويۇلۇپ

زىننەتلەنگەن شەمشەر ۋە مىلتىق ئىدى.

1869 ـ يىلى ياقۇپخان ھىندىستان ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ياقۇپبەگ قول ئاستىدىكىلەرگە تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىز ھەدىيە قىلغان بارلىق سوۋغاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ياقۇپبەگ تۈركىيە بىلەن ئورناتقان بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىر چوڭ يۈلەنچۈكى دەپ قارايدۇ. بۇ ئىشنى تارقىتىش ئۈچۈن ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئۇدا بىرنەچچە كۈن تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياقۇپبەگ ئۇلاپلا يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىسمىنى چۈشۈرۈپ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇللارنى قۇيدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يېپيېڭى بىر ئوبرازىنى تىكلەيدۇ. بۇ ئوبراز ياقۇپبەگنىڭ ھوقۇقىنى «جاھاننىڭ خەلىپىسى، مەككە مۇھەررەمنىڭ چاكىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى» بولغان تۈركىيە سۇلتانى بەرگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

2. تۈركىيىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرى تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدا

بەزى ھۆججەتلەردە ياقۇپبەگنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوچۇق قىلىپ «تەۋە بولۇش مۇناسىۋىتى»، ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋالغان تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى تۈركىيىگە «تەۋە» دەپ بايان قىلغان. ئەلۋەتتە بۇنداق دەپ تونۇش رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق تۈركىيىنىڭ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پامىرنىڭ شەرقىدىكى يەرلەرگە مەمۇرىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. سىياسىي جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ياقۇپبەگ بىلەن شەرتنامە

ئىمزالىغان ۋاقىتتا ھەر ئىككىسىلا ياقۇپبەگ بىلەنلا بىۋاستە كېلىشىم ئىمزالىغان بولۇپ، ئۇلار ياقۇپبەگ بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى «تەۋەلىك» مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان ھەمدە ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەرلەرنىڭ تۈركىيىگە «تەۋە يەر» لەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىغان. بىراق نەزىرىمىزنى «تەۋە بولۇش» بىلەن «تەۋە يەر» دىن ئازراقلا تۆۋەنگە ئاغدۇرىدىغان بولساق، تۈركىيىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىنىڭ مەيلى كۆلەم جەھەتتە بولسۇن ياكى تىرەنلىك جەھەتتە بولسۇن رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتالايمىز. بۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى تۈركىيىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى ياقۇپبەگنىڭ نۇرغۇن مۇھىم تەدبىر بەلگىلەش ئىشلىرىغا قاتناشقان ۋە ئۆزىنىڭ مۇھىم روللىرىنى جارىي قىلدۇرغانلىقى ئىدى.

1869 ـ يىلى ياقۇپخان تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ياقۇپبەگكە بەرگەن نۇرغۇن سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان چاغدا، تۈركىيە دائىرىلىرى ئىسمائىل ھەكقى، ئەلكازىم، مۇراتبەگ قاتارلىق 20 نەچچە ئادەمنى مۇناسىپ قورال ـ ياراغلار بىلەن ياقۇپخانغا قوشۇپ قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدى. بۇ ئۈچ كىشى تۈركىيە دۆلىتىنىڭ پولكوۋنىكلىرى ئىدى[47]. پولكوۋنىك ھەربىي ئۇنۋانى ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيە ئارمىيىسىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان بولۇپ، كېيىن ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ تۈركىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ قوماندانلىقى بويىچە ئېلىپ بارغان.

1872 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كەلگەن رۇسىيە ئوفىتسېرى كروپاتكىن ئۆزى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى خاتىرىلەپ، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى تۈركىيە

مەشقاۋۇللىرى ياقۇپبەگ ھۇزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن، قەشقەرىيىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى بۇرۇنقىدەك «سوتنىيە» ۋە «تۇغ» دەپ ئاتىلماي، بەلكى «تاپو» لارغا ئايرىلىدىغان بولغان. ھەربىر «تاپو» ئۇچتىن ئارتۇق سەپ بولغان سەككىز «بۆلەك» كە ئايرىلىدىكەن، ياقۇپبەگ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىدا ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ئوخشاشلا تۈركىيە مەشقاۋۇللىرى تونۇشتۇرغان تەشكىلىي تۈزۈمنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ پىيادە ئەسكەرلەرگە ئوخشاش «تاپو» لارغا ئايرىلغان، ⑱ دەپ يېزىش بىلەن بىرگە، يەنە قەشقەردە ئىككى تۈرك ئوفىتسېرىنىڭ ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقان مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئالاھىدە خاتىرىلىگەن⑲.

1867 ـ يىلىدىكى ياقۇپبەگ تۈركىيىدىن سېتىۋالغان بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش ئىشىدا، كەشمىر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، ئىنگلىزلار ياقۇپبەگ بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى قورال ـ ياراغ سودىسىنىڭ بولغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. كەشمىر تۇتۇپ قالغان بۇ بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغلار ئارقىسىدىن ئوقلىنىدىغان زەمبىرەكلەر، سىندى تىپىدىكى تۈركىلەنكا مىلتىق ۋە ھەر خىل ئوق ـ دورىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ياقۇپبەگ كەشمىر دائىرىلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ چېگرىدىن ئۆتۈش بېجى ئۈچۈن 30 دانە يامبۇنى تاپشۇرغاندىن كېيىن بۇ چاتاق ھەل بولۇپ، كەشمىر دائىرىلىرى ئاندىن ياقۇپبەگنىڭ بۇ قورال ـ ياراغلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ⑳.

1876 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كروپاتكىن ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كورلىغا كېتىۋاتقاندىكى بىر كەچۈرمىشىنى خاتىرىلەپ مۇنداق يازغان: «3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىز قەشقەر بىلەن كورلا ئارىلىقىدىكى يېڭىئاۋات دېگەن كەنتتە 20 تۈگىلىك

بىر كارۋاننى ئۇچراتتۇق. بۇ كارۋاندىكى 10 تۆگىنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن ئۇزۇن ياغاچ ساندۇق ئارتىلغانىكەن، بۇ ساندۇقلارغا قورال - ياراغ قاچىلىنىپتۇ، يەنە ئىككى تۆگىگە ئارتىلغان ساندۇقلارغا تۆت دانە توپ قاچىلىنىپتۇ. بۇلار ئېھتىمال ئۈچ قاداقلىق ئوق چۈشىدىغان ئارقىسىدىن ئوقلىنىدىغان توپلار بولسا كېرەك. بىز يۇقىرىدا ياقۇپبەگنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئالتە توپ بىلەن قوراللانغان بىر توپخانىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. ھېلىقى تۆگىلەردىن ئىككىسىگە بۇ توپلارنىڭ چاقلىرى ئارتىلغان، قالغان تۆت تۆگىنىڭ ھەربىرىگە بىر ساندۇقتىن ئوق - دورا ئارتىلغان. يەنە ئىككى تۆگىگە ھېلىقى تۆت توپنىڭ جازىلىرى ئارتىلغان. قالغان تۆت تۆگىگە ناھايىتى پۇختا تېڭىلغان كىچىك - كىچىك 16 دانە ئوق - دورا ساندۇقى ئارتىلغان. بۇ تۆگە كارۋىنى بىلەن بىرگە ماڭغان كىشىلەر بىزگە ئارقىدا يەنە بىر چوڭ تۆگە كارۋىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، تۆگىلەرگە مىلتىق ۋە ئوق - دورا ئارتىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ تۆگە كارۋانلىرى بىلەن بىز بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقان ئاشۇ ھارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئوق - دورا، مىلتىق - زەمبىرەكلەر ساقلىنىۋاتقان يەكەندىن كەلگەن ئىكەن. توقسۇننىڭ ھاكىمى ئىسلامبەگ بىزگە 1875 - يىلى ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ تىبەتتىن 780 ساندۇق توپ ئوقى ۋە مىلتىق ئوقىنى توشۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ھازىر يەكەندە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇ چاغدا بۇ ھاكىم بىلەن جەمئىي 36 ئاتلىق ئەسكەر ۋە خېچىر ھەيدىگۈچى 40 ئادەم بىللە بارغانىكەن. يول ئازابى بىلەن ئىككى ئادەم ئۆلگەن، 76 قېچىر چىقىم بولغانىكەن. ئىسلامبەگنىڭ ئېيتىشىچە تۇركلەر بۇ ھەربىي ئەشيالارنى ئىستانبۇلدىن ھىندىستانغا توشۇپ بەرگەن. ئىنگلىزلار ئۇنى ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈپ بەرگەنىكەن»[51].

كروپاتكىن كورلىدا ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتىكى

ئەھۋاللارنى خاتىرىلىگەندە، زامانخان ئىسمىلىك بىر ئەمەلدارنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. كروپاتكىن كورلىغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە، زامانخان ياقۇپبەگنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى سالاھىيتى بىلەن كروپاتكىنلارنى كۈتۈشكە مەسئۇل بولغان. كروپاتكىن زامانخان بىلەن تونۇشۇش جەريانىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «بىر نەچچە كۈندىن كېيىن زامانخان ئەپەندى بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇ ياقۇپبەگنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن بىز بىلەن دەسلەپكى كېڭەش ئۆتكۈزۈشكە كەلگەنىدى. زامانخان ئەپەندىنىڭ رۇسچىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ناھايىتى بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. بۇ كىشى بىزگە ئۆزىنىڭ كاۋكازىيىدىن سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى، رۇسىيىدە ئوقۇغانلىقىنى، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا قېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى، ئۈچ يىلدىن كېيىن قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. زامانخان شۇنىڭدىن باشلاپلا ياقۇپبەگنىڭ دانىشمەنلىرى ئىچىدە ئىشەنچ قازانغان كىشى بولۇپ قالغان»⑫.

كېيىنكى كۈنلەردە زامانخان بەزىدە ياقۇپبەگنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، بەزىدە ۋەكىلى بولۇپ، كروپاتكىن قاتارلىقلار بىلەن بولغان سۆھبەتكە بىۋاستە قاتناشقان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى زامانخان يەنە ياقۇپبەگنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى سالاھىيتى بىلەن پىرژىۋالىسكىنى كۈتۈۋالغان ھەم پىرژىۋالىسكىغا بىر مەزگىل ھەمراھ بولۇپ يول باشلاپ بەرگەن.

3. تۈركىيە پادىشاھىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ۋارىسىنى بەلگىلەپ بېرىشى

زامانخان تۈركىيە پادىشاھى ياقۇپبەگكە بىۋاستە ئەۋەتكەن مۇھىم ئەربابلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋەزىيىسىدىنلا بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەينى يىلى ياقۇپبەگكە تۈركىيە پادىشاھىنىڭ بىر پارچە ھۆججىتىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ،

تۈركىيە پادىشاھى بۇ ھۆججەتتە ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگنى ياقۇپبەگنىڭ ۋارىسى دەپ ئېتىراپ قىلغان. زامانخاننىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت مۇشۇنداق ئېغىر بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىدىغانلار قاتتىق تاللانغان بىر ھەربىي ئەترەت بولۇپ تەشكىللەندى[53]. بۇ مۇھىم ھۆججەتنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن زامانخان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاساسەن تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قېلىپ ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن.

بۇ ھۆججەت ئەڭ بالدۇر تۈركىيىلىك مۇھەممەد ئاتىف يازغان «قەشقەرىيە تارىخى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمزا قويۇپ تارقىتىلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1292 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى، يەنى مىلادىيە 1878 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بولغان[54].

بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى ياقۇپبەگنىڭ ۋارىسىنى تۇرغۇزۇش مەسىلىسىگە باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھۆججەت ياقۇپبەگ بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دائىرىسىنىڭ مۇھىم ئىسپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ياقۇپبەگ بۇرۇنلا تۈركىيە پادىشاھى ئابدۇلئەزىزگە چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ياقۇپبەگنىڭ بۇ تەلىپى شۇنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇكى، گەرچە ياقۇپبەگدە «جاھاننىڭ خەلىپەسى» بەرگەن پەخرىي نام بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات جەھەتتىكى چىقىشالماسلىقنى سەل قارىغىلى بولمايتتى. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈركىيە پادىشاھى ئابدۇلئەزىزنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ۋارىسىنى تۇرغۇزۇش پەرمانى ياقۇپبەگنىڭ ئوغلىغا ئەمەس بەلكى ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ دېيىش كېرەك. تۈركىيە پادىشاھى

ئابدۇلئەزىزنىڭ ياقۇپبەگكە بەرگەن بۇ پەرمانىدىن يەنە ياقۇپبەگنىڭ تۈركىيە پادىشاھىنىڭ ئىسمىنى چۈشۈرۈپ مېتال پۇل قۇيدۇرغاندىن باشقا يەنە تۈركىيە بايرىقى بىلەن ئوخشاش رەڭ، ئوخشاش ئۆلچەمدىكى بايراق ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ياقۇپبەگنىڭ ۋارىس تىكلەش تەرتىپى تۈركىيە پادىشاھىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئاياغلاشتى. شۇ يىلى ياقۇپبەگ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگنىڭ ئۆزىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەنە جەھەتتىن ياقۇپبەگنىڭ كۆپ قىرلىق تاشقى مۇناسىۋىتىنىڭ بىر مۇھىم تايانچ نۇقتىسى دېيىشكە بولىدۇ.

پايدىلانمىلار

① «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 144 ـ بەت.

② «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى»، 2 ـ قىسىم 388 ـ بەت، «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 174 ـ بەت.

③ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى»، 2 ـ قىسىم 385 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 387 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 389 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 389 ـ بەت؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 150 ـ بەت.

⑦ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى»، 2 ـ قىسىم 385 — 386 ـ بەتلەر.

⑧ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 386 ـ، 389 ـ، 390 ـ بەتلەر.

⑨ «قەشقەرىيە» نىڭ مۇقەددىمىسى، 7 ـ بەت.

⑩ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 255 ـ 256 ـ بەتلەر؛ «قەشقەرىيە» نىڭ 38 — 39 ـ بەتلەر «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى» نىڭ 2 ـ قىسىم، 390 ـ بەت.

⑪ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» 195 ـ بەت؛ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى» 2 ـ قىسىم، 391 ـ بەت.

⑫ «قەشقەرىيە،» 2 ـ باب 39 ـ بەت.

⑬ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 162 — 163 ـ بەتلەر.

⑭ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» 1 ـ بەت؛ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى» 2 ـ باب، 395 ـ بەت.

⑮⑯ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى» ، 2 ـ توم، 499 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب 499 ـ 500 ـ بەتلەر؛ «قەشقەرىيە» ، مۇقەددىمىسى 5 — 7 ـ بەتلەر.

⑱ «قەشقەرىيە» نىڭ مۇقەددىمىسى 12 — 16 ـ بەتلەر.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 18 ـ بەت.

⑳ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخ» 2 ـ توم، 502 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 16 — 17 ـ بەتلەر.

㉒ «تارىخىي ھەمىدى» 429 ـ بەت، 137 — 194 ـ بەتلەر.

㉓ «قەشقەرىيە» 160 ـ بەت.

㉔ «زو ۋېنىنىڭ ئومۇمىي بايانلىرى» 18 — 5 ـ بەتلەر.

㉕ «تارىخىي ھەمىدى» 404 ـ بەت.

㉖ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 174 ـ بەت. «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى» ، 2 ـ توم، 389 ـ بەت. «قەشقەرىيە» ، مۇقەددىمە، 6 ـ بەت.

㉗ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 175 ـ بەت.

㉘ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2 ـ قىسىم، 157 ـ بەت.

㉙ شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشر قىلغان، جۇ جىيىچىن تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو ـ چەت ئەل مۇناسىۋىتى تەرجىمىلىرى» 193 ـ بەت.

㉚ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 175 ـ بەت.

㉛ روبېرت شاۋ: «تاتار ئېگىزلىكى» دىن ئېلىنغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشر قىلغان «بۇرھان تاللانما ئەسەرلىرى» ، 11 ـ بەت.

㉜ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 177 ـ بەت.
㉝ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى» 2 ـ توم، 389 ـ بەت.
㉞ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 177 ـ بەت؛ «قەشقەرىيە» نىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ 7 ـ بېتىگە قارالسۇن.
㉟ «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى»، 2 ـ توم، 386ـ بەت.
㊱ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 179 — 180 ـ بەتلەر.
㊲ يۇقىرىقى كىتاب، 181 ـ بەت.
㊳ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
㊴ يۇقىرىقى كىتاب، 187 — 188 ـ بەتلەر.
㊵ يۇقىرىقى كىتاب، 257 — 262 ـ بەتلەر.
㊶ يۇقىرىقى كىتاب، 189 ـ بەت.
㊷ يۇقىرىقى كىتاب 137 — 138 ـ بەتلەر.
㊸ «تارىخىي ھەمىدى»، 418 — 419 ـ بەتلەر.
㊹ يۇقىرىقى كىتاب، 419 — 420 ـ بەتلەر.
㊺ بۇرھان شەھىدى: «ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، 1955 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، 8 ـ بەت.
㊻ «تارىخىي ھەمىدى»، 420 ـ بەت.
㊼ ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى توغرىسىدا»، 8 ـ بەت.
㊽ «قەشقەرىيە»، 146 ـ بەت.
㊾ يۇقىرىقى كىتاب، 164 ـ بەت.
㊿51 يۇقىرىقى كىتاب، 50 ـ بەت.
52 يۇقىرىقى كىتاب، 173 — 174 ـ بەتلەر.
53 «ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى توغرىسىدا»، 17 ـ بەت ئاستىدىكى ئىزاھ.
54 بۇرھان شەھىدى: «تاللانما ئەسەرلىرى»، 116 ـ بەت ئاستىدىكى ① ئىزاھ.

# ئالتىنچى باب ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى

## 1 ـ بۆلۈم ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى

### 1. دېھقانچىلىق

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 14 يىلدا دېھقانچىلىق ئۇيغۇرلار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تۈۋرۈكى بولدى. 1864 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەزگىلدە، سىياسىي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى قايتىدىن تەشكىللەندى. بۇلار بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ خىل ئالاھىدە مۇھىتتا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق ـ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

(1) يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق ـ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى

1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ كۇچانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن

ئۆزگە قاراشلىق جايلاردىكى تاغ - دەريا، ئېتىز - ئېرىق، باغ - ئورمان ھەمدە سۇ قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنى تولۇقى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈشنى جاكارلىدى. ئۇ مۇشۇ ئاساستا ئالدى بىلەن خوتەندىكى ھەببۇللا، كۇچادىكى راشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قاراشلىق يەر - مۈلۈكلەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئارقىدىنلا مانجۇ ئەمەلدارلار بىلەن خەنزۇ، خۇيزۇ كۆچمەنلەرنىڭ يەر ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە چىك سۇلالىسى تەيىنلىگەن ئۇيغۇر ۋاڭ - گۇڭلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ يەر ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى يىغىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق - تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ياقۇپبەگ يىغىۋالغان يەر ۋە مال - مۈلۈكلەرنى ئۆز جايىدىلا سېتىۋېتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. «تارىخىي ھەمىدى» دە بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئومۇمەن ئاتالىق غازى مۇھەممەد ياقۇپبەگنىڭ چېرىكىنىڭ سانى 50 مىڭغا يېتەتتى.»① ئۇستىخانا ۋە كارخانىلاردىكى مائاش ئالىدىغانلارنىڭ سانىمۇ 50 مىڭغا يېقىنلاشقان. دۆلەت خەزىنىسىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا ئاتالىق غازىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلار شەرقتە باغراش كۆلى بىلەن ئۇششاقتال، شىمالدا مۇز تاغ (جەنۇبىي تەڭرىتاغ) بىلەن زەۋقى، غەربتە ئالاي ۋە بەدەخشان تاغلىق رايونى، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغ، لوپ، چەرچەن قاتارلىقلار ئىدى. ئاتالىق غازى بۇ جايلارغا ئۆز ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ، بۇ دائىرىدىكى تاغ، يايلاق، چۆل، تاشلاندۇق يەرلەر، بولۇپمۇ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى بولغان سۇيۇرغال يەرلەر ۋە باغ، شەھەر - بازار، كەنت، تېرىلغۇ يەرلەرنى سېتىۋەتتى②.

يۇقىرىدىكى بايانىدىن ئىككى مۇھىم نۇقتىنى بىلىۋالغىلى

بولىدۇ. بىرى، ياقۇپبەگنىڭ بۇ قېتىمقى تالاشتۇرۇپ سېتىش ھەرىكىتى دەسلەپتە باغراش كۆلى بىلەن ئۇششاقتالنىڭ غەربى، مۇز تاغ بىلەن زوكنىڭ جەنۇبى، ئالاي ۋە بەدەخشان تېغىنىڭ شەرقى، قاراڭغۇ تاغ، لوپ، چەرچەننىڭ شىمالىدىكى دائىرە بىلەنلا چەكلەنگەن، ئىككىنچىسى، مۇئەللىپ تىلغا ئالغان تالاشتۇرۇپ سېتىلغان نەرسىلەر تاغ، يايلاق، چۆللۈك، تاشلاندۇق يەر، باغ، يەنە شەھەر ـ بازار ۋە كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يۇقىرىدىكى باياننىڭ ئىككىنچىسى بولغان تاغ، چۆللۈك، تاشلاندۇق يەرلەرنىڭ تالاشتۇرۇپ سېتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشمۇ كىشىلەرگە ئىشلەپچىقىرىش قىيىنچىلىقىنى پەيدا قىلغان، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا، بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە تاغ، چۆللۈكلەرنىڭ ھېچقانداق ئىقتىسادىي قىممىتى يوق ئىدى، شەھەر ـ بازار، كەنتلەرنىڭ تالاشتۇرۇپ سېتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشمۇ كىشىلەرگە ئىشلەپچىقىرىش قىيىنچىلىقى پەيدا قىلغان.

بۇ باياننىڭ ئاخىرىدا ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدىكى تالاشتۇرۇپ سېتىشنى يولغا قويۇش ئەھۋالى بايان قىلىنغاندا، بۇ قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك تالاشتۇرۇپ سېتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بىر قەدەر ئېنىق يېزىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاتالىق غازى ئاقسۇغا مۇھەممەد نەزەر قۇشبېگى، مىرزا ئابدۇللا بۇخارىنى ئەۋەتىپ ھەمدە ئاقسۇلۇق ئابدۇللا دىۋانبەگنى ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ خەنزۇلار بىلەن تۇڭگانلار تاشلاپ كەتكەن باغ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەمىنات يەرلىرىنى تالاشتۇرۇپ سېتىشقا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلىدى»③.

بۇ باياننى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئاقسۇدىكى تالاشتۇرۇپ سېتىشنىڭ ئاساسلىقى خەنزۇ، خۇيزۇ

ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرى، باغ - ئورمانلىرى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بەگ - خوجا، ئاقسۆڭەكلەر، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ تەمىنات يەرلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئاقسۇدىكى ئاقيار، كەلپىن، قوشتام، ئونباش قاتارلىق جايلارنىڭ تالاشتۇرۇپ سېتىش باھاسى تەخمىنەن 556 مىڭ تەڭگىگە يەتكەن، باي، سايرام قاتارلىق جايلارنىڭ تالاشتۇرۇپ سېتىلىش باھاسى 400 مىڭ تەڭگىگە يەتكەن④.

ياقۇپبەگنىڭ تالاشتۇرۇپ سېتىش ھەرىكىتى نامدا بىر قېتىم بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تالاشتۇرۇپ سېتىش كېيىنكى كۈنلەردە ياقۇپبەگنىڭ سېتىۋالغۇچىلارنى شۇلۇۋېلىش ۋە قاقتى - سوقتى قىلىشىدىكى بىر خىل شەكىلسىز زەنجىرى بولۇپ قالغان. «تارىخىي ھەمىدى» دە بۇ خىل شۇلۇۋېلىش ۋە قاقتى - سوقتى قىلىش ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ھەر يىلى بىر كاتتا سىپاھ بىرنەچچە مىرزا بىلەن كېلىپ، پادىشاھلىق زېمىن سېتىلماي قالغانىكەن، بىز تەكشۈرۈشكە كەلدۇق دەپ تەھقىقلەپ، باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، كەمنى تولدۇرىمىز دەپ نەچچە مىڭ تەڭگە پۇلنى دۆلەتخانىغا ئالاتتى.. يەنە ‹مەزكۇر زېمىنلارنى جانابىي بەدۆلەت ئاتالىق غازى سېتىپ، پۇلنى مەن ئالدىم› دەپ خەت - چەك يېزىپ، ئۆز مۆھۈرىنى ۋە ئۆلمائى - ئەزەملەرنىڭ چوڭ مۆھۈرلىرىنى باستۇرۇپ بېرەتتى. كېيىنچە يەنە ساتقان زېمىنلارنىڭ مۆھۈر پۇلىنى بەرمىگەنىكەن دەپ بىر تەڭگىگە بىر داچەن، يۈز تەڭگىگە زېمىن ئالغان ئادەمگە تۆت تەڭگىدىن مۆھۈرانە پۇل قويۇپ، يەتتە شەھەردىن نەچچىلىك پۇل ئالدى»⑤.

ئەينى چاغدا قەشقەردە ياقۇپبەگنىڭ يەرلەرنى تالاشتۇرۇپ سېتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا سىياسىي تۈس ئالغان مۇنداق بىر

لەتىپە تارقالغان: «بۇ كۆنلەردە قەشقەردە پۇقرالار جەم بولغان بىر مەجلىستە، بىر ئادەم ئۇستىلىق ۋە تەنە بىلەن: ‹ئەجەب تىنچلىق ئوبدان زامان بولدى. قوينىڭ ئۇچىسىدا تورغاي ئۇگا سالىدىغان زامان بولدى›، دېگەندە، قەشقەر تالىپلىرىنىڭ ئەلەملىرىدىن بولغان موللا زەرىپ موللا مۇھەممەتيار خەلپىتىم دېگەن بىر دانا ۋە پازىل كىشى: ‹جانابىي ئالىيلىرى يەتتە قەۋەت زېمىننى سېتىپ تۈگەتتى. تورغاي ئۇگا سالىدىغان جايمۇ قالمىدى، ئەمدى قوينىڭ ئۇچىسىغا ئۇگا قىلماي نەگە قىلسۇن›، دەپ ئۇستىلىق بىلەن جاۋاب بەرگەن.»⑥

ياقۇپبەگنىڭ تالاشتۇرۇپ سېتىش ھەرىكىتى، مەلۇم دائىرە ئىچىدە يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ياقۇپبەگ يولغا قويغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈم تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئىدى.

ياقۇپبەگنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمگە بولغان تونۇشى ئۇ قوقەند خانلىقى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن مەزگىلدىن باشلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ خىل تۈزۈم «سۇيۇرغال» دەپ ئاتالغان. ياقۇپبەگ يولغا قويغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يەر، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى، يايلاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كۆپ ھاللاردا، ياقۇپبەگنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئۇنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ دائىرىسى دېمەك مەمۇرىيەتنىڭ دائىرىسى دېگەنلىك ئىدى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمگە ئېرىشكۈچىلەر ئاساسەن ئىلگىرى ياقۇپبەگكە ئەگىشىپ كەلگەن قوقەندلىكلەر ئىدى: ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدا ئەمەل تۇتقانلارمۇ قوقەندلىكلەر ئىدى. ئۇلار سۇيۇرغاللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، يېڭى يەر ئىگىلىرىگە ئايلاندى ھەمدە تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى پومېشچىكلار تەبىقىسىنى تەشكىل قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سۇيۇرغاللىق زېمىن ياقۇپبەگكە خىزمەت كۆرسەتكەن راشىدىن بىلەن ھەبىبۇللانىڭ قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ بۆلۈپ بېرىلدى. نىيازبەگ، ئىسھاق قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر.

كروپاتكىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر ھاكىم ئۆز رايونىنى گويا ئىجارىگە ئالغان يەرنى باشقۇرغاندەك ئىدارە قىلىدۇ. ئۇلار دۆلەت خەزىنىسىگە بەلگىلىك مىقداردا مەھسۇلات ۋە پۇل تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان بارلىق مەھسۇلات ياكى پۇللارنى ئۆزلىرى ئېلىۋېلىپ پايدىلىنىدۇ. ھاكىملار ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئاساسەن يەر ـ زېمىنلارغا ھەر خىل دەرىجىدە ۋاقىتلىق ياكى ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان»⑦.

يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى سىياسىي جەھەتتە ياقۇپبەگنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتە ياقۇپبەگنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان، ئەمما، بۇنىڭ بىلەن بىللە پەيدا بولغان سەلبىي ئامىللارمۇ بەك مۇھىم ئىدى. ئۇ نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەۋەلىكىنى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلار، بولۇپمۇ يەرلەرنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتكەن.

### (2) تېرىقچىلىق

ئىقتىسادىي قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى، ئاساسلىقى تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. تېرىقچىلىقتا ئاساسلىقى بۇغداي، ئارپا، قوناق، كېۋەز، تېرىق، شال قاتارلىقلار تېرىلاتتى ⑧. بۇغداي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا

تېرىلىدىغان ئەنئەنىۋى زىرائەت بولۇپ، تارىختىن بۇيان مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، ياقۇپبەگ دەۋرىدە ھەربىي قوشۇنىنىڭ جىددىي كۆپەيتىلىشى جەمئىيەتنىڭ ئاشلىققا بولغان تەلىپىنى ئاشۇرۇۋەتكەن.

ھەربىيلەرگە كېرەكلىك ئاشلىق مەيلى سان جەھەتتىن ئېيتقاندا بولسۇن، ياكى سۈپەت جەھەتتىن ئېيتقاندا بولسۇن ئەينى دەۋردىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان نورمىدىن خېلىلا ئارتۇق ئىدى. قوشۇننىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئاشلىقنى ئاساس قىلاتتى. بۇ يېمەكلىكلەر ئاساسەن بىرنەچچە خىل نان، يەنى ئادەتتىكى ئاق نان، مايلىق توقاچ، گۆشنان، ئۇنىڭدىن باشقا ھالۋا، شوۋىگۈرۈچ، پولۇ ⑨ ئىدى. «قەشقەرىيە» نىڭ مۇئەللىپى ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ يېمەكلىك ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا: «ھەر كۈنى ھەربىر چېرىككە ئىككى نان (ئېغىرلىقى تەخمىنەن 1.5 قاداق) ۋە ھەربىي بىرلىكلەر بويىچە بىرنەچچە ئادەمگە بىر لېگەندىن پولۇ بېرىلىدىكەن. ... ھەر ئايدا ھەربىر چېرىككە ئىككى چارەك (تەخمىنەن 32 قاداق) ئۇن، بىر چارەك (تەخمىنەن 16 قاداق) ئاشلىق ۋە بىر ـ ئىككى چارەك گۆش تارقىتىلىدىكەن» ⑩.

ھەر كۈنى تەخمىنەن 40 ـ 50 مىڭ چېرىك ۋە ئوفىتسېر بەلگىلىك ۋاقىت، بەلگىلىك مىقداردا ئاشلىق ئىستېمال قىلغاچقا، بۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن بېسىم ھەم تۈرتكە پەيدا قىلغان. مەيلى بېسىم، مەيلى تۈرتكە بولسۇن ھەر ئىككىلىسىلا مۇشۇ دەۋردىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىل بولۇپ قالغان. بۇ دەۋردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئاساسلىقى قەشقەر، يەركەن، خوتەن، كېرىيە، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەن، بۇ جايلارنىڭ تېرىقچىلىقى قەشقەر دەرياسى، يەركەن دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، كېرىيە

دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، كۇچا دەرياسى سۇيـــى بىـــلەن سۇغىرىلاتتى.

ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، لەشكەرلەرنىڭ يېمەكلىكىدىن باشقا جەڭ ئاتلىرىنىڭ يەم ـ خەشكىمۇ يەنە بىر چوڭ ھەربىي ئېھتىياج ئىدى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا، ئاساسلىق يەم ـ خەشەك بېدە بىلەن ئارپا، قوناق ۋە سۇلۇ ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ دەۋردە ئارپا، سۇلۇ ۋە قوناق تېرىلىدىغان يەر بۇغدايدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

كېۋەز تېرىشنىڭ تەرەققىياتى ھەربىي ئېھتىياج ۋە سودا ئامىلىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سەۋەبنى تۇرتكە قىلغانىدى. ھەربىي ئېھتىياج بىلەن سودا ئىشلىرىنىڭ تەلـــپــــى بۆز توقۇمىچىلىقنى ۋاستە قىلغان. قوشۇندىكىلەرنىڭ كىيىـــم ـ كېچىكى ئاساسەن بۆز رەختتىن تىكىلەتتى. سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى كۆپ مىقداردىكى بۆزنى ئاساس قىلاتتى.

ھەربىي ئېھتىياج ئامىلىنىڭ ئەھمىيىتـــى بەزىدە سودا ئامىلىنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، قوشۇندىكىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچىكى ھەر پەسىلدە مۇقىـــم ساندا ئالماشتۇرۇپ بېرىلەتتى. ئارىدا، قىش پەسلىدە ھەربىي كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ بولاتتى. بەزى يىللاردا، ھەربىي ئېھتىياجنى تەمىنلەش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىكى مەمۇرىي ئورگانلار باج ئورنىدا بۆز يىغىپ ھەربىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى رەخت بىلەن تەمىنلىگەن.

1876 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالـــدىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ يىلى تەڭرىتاغنىـــڭ جەنۇبـــدىن ئېكسپورت قىلىنغان ماللار ئىچىدە بۆز ئومۇمىي ئېكسپورت ماللىرىنىڭ 81 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئومۇمىي سانى 11 تۈمەن 1843 توپ بولغان. ھەر توپ بۆزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 ـ 8 رۇسىيە چىسى، كەڭلىكى تەخمىنەن يېرىم رۇسىيە چىسى كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە،

مۇشۇ دەۋردىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىدا بۆز ئاساسلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىچكى بازارلاردا سېتىلغان. گەرچە بۇ چاغدا رۇسىيە ۋە ياۋروپانىڭ زاۋۇتتا توقۇلغان رەختلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كەلتۈرۈلۈپ سېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن باھاسى بەك قىممەت، مىقدارى چەكلىك بولغانلىقتىن، پەقەت بايلار بىلەن يۇقىرى قاتلامدىكىلەرلا سېتىۋالالايتتى ⑫.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى سودىنىڭ ئېھتىياجى بۇ دەۋردىكى كېۋەز تېرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنداق بولغاچقا كېۋەز تېرىش تەبىئىي ھالدا قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق سودا بىرقەدەر راۋاجلانغان جايلارغا مەركەزلەشكەن.

3) باغۋەنچىلىك

كىروپاتكىن قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «قەشقەرىيەدە چىقىدىغان مېۋە - چېۋىلەر ئاھالىنىڭ كۈز، قىش پەسىللىرىدە كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ. مېۋىلەردىن قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم، ئامۇت، ئالما، نەشپۈت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ»⑬.

كىروپاتكىننىڭ بايانى باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ شۇ جاينىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ كۈز، قىش پەسىللىرى مېۋە - چېۋىلەر يېمەك - ئىچمەكنىڭ بىر چوڭ تۈرى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى باغۋەنچىلىك بۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇ تەرىپى ياقۇپبەگ قوزغىغان تالاشتۇرۇپ سېتىشتىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن. شۇ قېتىملىق تالاشتۇرۇپ سېتىشتا باغ - ۋارانلار تالاشتۇرۇپ سېتىلىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا باغۋەنچىلىك ئۈزۈندىن بۇيان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا، پەقەت ئىقتىسادىي

تۇرمۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسۇشىدىكى بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ قالغان. ئىقتىسادىي ۋە ئېكولوگىيىلىك تەلەپنى قاندۇرغاندىن كېيىن، باغۋەنچىلىكنىڭ بەزى ئىقتىدارلىرى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن باغۋەنچىلىك ئۆزىنىڭ ئۈچ خىل ئىقتىدارى بىلەن بىر خىل ئالاھىدە كەسىپكە ئايلىنىپ ئالدىنقى قاتاردا تەرەققىي قىلغان.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكىلەر زور كۈچ بىلەن باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ مەنىۋى تۇرمۇش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، باغۋەنچىلىك راھەت - پاراغەت ۋە بايلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان، ياقۇپبەگ ئۆزىمۇ ھەرقايسى جايلاردا نەچچە ئون باغنى ئىگىلىۋېلىپ ئۇنى راھەت - پاراغەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئورنى قىلغان. نىياز بەگنىڭ خوتەندىكى بېغى بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولالايدۇ. «تارىخىي ھەمىدى» دە نىيازبەگنىڭ بېغى مۇنداق بايان قىلىنغان: «باغنىڭ ئىچىدە چوڭ كۆللىرى بار ئىدى. كۆلنىڭ ئەتراپلىرى ۋە باغقا سۇ كىرىدىغان ئېرىق ياقىلىرى تامامەن پۇختا خىش بىلەن ياسالغان ۋە گەج بىلەن سۇۋاپ بېزەلگەنىدى. ئۇ بالا - چاقىلىرى بىلەن ھەر كۈندە كۆلدىكى كېمىگە چىقىپ، سەيلە - تاماشا ۋە نەغمە - ناۋا بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ كەيپ - ساپا سۈرەتتى. بولۇپمۇ ئۇ بىر باغ قىلدۇرۇپ بۇنى «چېكىتلىك ئوردا» دەپ ئاتىدى. ئىككى تاغار ئۇرۇق كېتىدىغان زېمىننى نەيزە بويى مىقدارى كولىتىپ، ئورنىنى پەسەيتىپ، تۇپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەتراپىغا پۇختا خىش بىلەن ئېگىز ئىھاتە تام سالدۇردى، مەزكۇر باغنىڭ زېمىن دائىرىسى مىقدارىدا مەشۇت ۋە يىپەكتىن تور توقۇتۇپ، ئىچىگە ئېگىز تۈۋرۈكلەر ئولتۇرغۇزۇپ، تۈۋرۈكتىن - تۈۋرۈككە يىپەك تاناپلارنى تارتىپ، ئۈستىنى يىپەك تور بىلەن ياپتۇرۇپ، تۆت ئاياغلىق ۋە

ئىككى قاناتلىق ۋەھشىي ياكى قولدا بېقىلغان ھەر خىل ھايۋان ـ جانىۋارلاردىن بىر جۈپ قىلىپ، باغنىڭ ئىچىگە سولىدى. شۇنىڭدەك، بۇ باغنىڭ ئىچىگە يەنە ھەر خىل مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر ھەم جاڭگالدا ۋە مەھەللىدە ئۆسىدىغان ھەر خىل ئوت ـ گىياھ، دەرەخلەر، قىزىل ياكى سېرىنگۈللەر، ھەتتا چىغ ۋە تىكەنگىچە كۆچەت قىلىپ تىكتۈردى. جاڭگال ۋە سەھرالاردا تېپىلمايدىغان دەل ـ دەرەخ ۋە چۆپ ـ گىياھلارمۇ بۇ باغنىڭ ئىچىدىن تېپىلاتتى. ھەر كۈنلۈكى نەچچە تاغار ئاشلىقنى ئۈچار قۇش، جانىۋارلارغا چېچىپ بېرەتتى. ۋە نەچچە ئىت، ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ، بۆرە، يولۋاس، تۈلكە قاتارلىق يىرتقۇچ جانىۋارلارغا تاشلاپ بېرەتتى[14].

يېقىندىن بىنا قىلىنغان باغلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئەتراپى ۋە سۇ مەنبەسى بار جايلارغا تارقالغانىدى. باغلار ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، كۆپ ھاللاردا تۆت قىسىمدىن، يەنى كۆل، گۈللۈك، ئورمان، مېۋىلىك باغ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى. گۈللۈك بىلەن ئورماننىڭ سايىسىدا مېھمان كۈتۈلەتتى. مېۋىلىك باغلارنىڭ كۆپى ئۈزۈمزارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋىلەر كۆپ ئىدى. بۇنداق باغ ـ ئورمانلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز مو، ئاز بولغاندىمۇ نەچچە ئون موغا يېتەتتى، ئۇلار دائىم مەلۇم بىر ئالاھىدە ئورۇننىڭ بەلگىسى دەپ قارىلاتتى. مەسىلەن قەشقەردىكى «چىنىباغ»، خوتەندىكى «گۈلباغ»، كۇچادىكى «بېھىشباغ» قاتارلىقلار.

بۇ دەۋردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى باغۋەنچىلىكنىڭ تاۋارلىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بازار ئېھتىياجى مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تۈرىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، مەلۇم بىر رايوننىڭ ئالاھىدە مېۋە ـ چېۋىلىرى ئاستا ـ ئاستا باشقا جايلارغا تارقىلىپ

ئومۇملاشقان. ئانار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى گىرۋىكىدىكى جايلاردىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە شىمالى گىرۋەكلىرىگىچە كېڭەيتىلگەن. ئىلىمىز ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىن چىقىدىغان قوغۇن - تاۋۇزمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىگىچە كېڭەيگەن.

(4) چارۋىچىلىق

چارۋىچىلىق ئۇزۇندىن بۇيان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى قىسمىدا بايلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ، دېھقانچىلىق، سوچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن. چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى بىر تەرەپتىن پەسىل ۋە كىلىماتتىن ئىبارەت تەبىئىي شارائىتقا باغلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى شەرت قىلاتتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چارۋىچىلىق ئىنتايىن نازۇك، ئەڭ ئاسان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىغان بىر ئىقتىسادىي تارماق ھېسابلىناتتى.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۇرۇش ئوتى بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تەرتىپ ۋە ھالقىلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق ئەڭ چوڭ زىيانغا ئۇچرايدىغان ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا بىۋاستە زىيان كەلتۈرگىنى كۆندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ھەربىي ئېھتىياج ۋە خىراجەت ئىدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى يۈرۈش قىلغاندا «4 مىڭ ياكى 5 مىڭ تۇياق قوي، ئىنەك ۋە ئۆكۈزلەرنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى⑮. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ياقۇپبەگ ھەربىي بارگاھىنىڭ غىزا بەلگىلىمىسىدە چېرىكلەرگە ھەر كۈنى بىر ۋاخ پولۇ ئېتىپ بېرىلەتتى. گۆش بولسا پولۇنىڭ ئۈچ مۇھىم ماتېرىيالىنىڭ

بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا گۈرۈچ بىلەن ماي ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت گۆش يەنە ھەربىي تەمىناتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. ھەربىر چېرىكنىڭ ھەر ئايلىق تەمىناتى يەنە بىر - ئىككى چارەك گۆشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى⑯.

ياقۇپبەگ قوشۇنى ئاساسلىقى ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، دائىملىق زاپاس ئەسكىرى 20 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئادەتتە بىر ئاتلىق ئەسكەر ئىككىدىن ئۈچ - تۆتكىچە ئات ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭدە ئەسكەرلەرلا ئەمەس، ئاتلارمۇ زور چىقىمغا ئۇچرايتتى. شۇڭلاشقا ئۇرۇشنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كەلتۈرگەن زىيىنىغا سەل قارىغىلى بولمايتتى.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئېغىر دەرىجىدە كەملەپ كەتكەن. ياقۇپبەگ ئاتلىق قوشۇننى قىسقارتىپ پىيادىلەر قوشۇننى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گۆشنىڭ باھاسىمۇ ئۆسۈپ ئادەتتىكى پۇقرالار تۇگۇل ھەتتا بەزى ھاللىق ئائىلىلەرمۇ چىقىنالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان، يايلاقتىكى چارۋىلارنىڭ سانى بارغانچە ئازلاپ كەتكەن. پەرمان بويىچە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چارۋىلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار چارۋىلارنى توپى بىلەن ئۇدۇل ھەربىي بارگاھ ياكى باج يىغىش ئورۇنلىرىغا ھەيدەپ كېلىۋەرگەن. بۇنداق ئۇسۇل ۋە يول بىلەن چارۋا ئېلىشتا سېتىۋېلىش بىلەن بۇلاپ كېتىشنىڭ پەرقى بولمىغان، مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرقانداق بىر تۈردىكى چارۋىنىڭ سانى ئوخشاشلا ئازلاشقا باشلىغان. بولۇپمۇ، باجغا ھېسابلاپ چارۋا ئېلىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ھەرقانداق تۈردىكى مال - چارۋا باجغا ھېسابلاپ يىغىۋېلىنغان، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ ئەھۋالى كۈنسېرى خارابلاشقان.

## 2. قول سانائەت

### (1) ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قول سانائەت

1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ كۇچانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ھاكىمبەگلىرىگە ھەر خىل ئۇستىلارنى يىغىپ ئۆز جايىدا ئۇرۇشقا كېرەكلىك ھەر خىل قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا مەسئۇل بولۇشنى بۇيرۇغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىشلىتىدىغان ئېگەر ـ جابدۇق، هارۋا، ھەربىي كىيىم ـ كېچەك، فورما بەلگىسى ھەمدە قارا مىلتىققا ئىشلىتىلىدىغان چاچما ئوق قاتارلىقلار بار ئىدى.

بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ناھايىتى تېزلا كۆلەملەشتى. جايلاردىكى تىككۈچىلەر، خارەتلەر، تۆمۈرچىلەر ۋاقتىنچە تەسىس قىلىنغان ئىش ئورۇنلىرىغا مەجبۇرىي يوسۇندا يىغىۋېلىنىپ بەلگىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. ھەربىي ئېھتىياجنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى تەبىئىيلا ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋاملاشتى ھەمدە مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان تەشكىلىي شەكىللەر ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئىش ئورۇنلىرىنىڭ رەسمىي ناملىرى بولۇپ، ئادەتتە قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ئۇستىخانا دەپ ئاتىلاتتى. ئىش ھەققى ھەر ئايدىكى ئەمگەك ئەھۋالىغا ئاساسەن تارقىتىلاتتى. ئۇستىلار ۋە ئىش بېشى قاتلاملار بويىچە ئىشلەپچىقىرىشقا نازارەتچىلىك قىلاتتى⑰. ئۇستىخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي بۇيرۇق بويىچە بولىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى نوقۇل ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ھەربىي قول سانائەت كارخانىلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى. كېيىنكى كۈنلەردە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بۇ قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ ئارقا

سەپ كاپالىستىدىكى مۇھىم ھالقىلاردىن بولۇپ قالدى. كۆلمى چوڭراق قول سانائەت كارخانىلىرى ئاساسەن قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن، كورلا قاتارلىق مۇھىم ھەربىي نۇقتىلارغا جايلاشقانىدى⑱.

تېخنىكا ۋە ئەسلىھەلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ ئوق ـ دورا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى دەسلەپ تۈركىيىلىكلەر ئۈستىگە ئالدى، كېيىنچە ئەنگلىيە تېخنىكلىرىمۇ بۇ سەپكە قوشۇلدى ھەمدە ھەربىي ئوق ـ دورا ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئاساسلىق كۈچلەردىن بولۇپ قالدى⑲. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھەربىي لاۋازىمەت كاسىپخانىلىرى قورال ـ ياراغ ۋە توپ ـ زەمبىرەكلەرنى ياسىيالايدىغان تېخنىكا ئۇسكۈنىلەرگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى.

1875 ـ يىلى رەيىنتال رۇسىيە دائىرىلىرىگە ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات سۇنۇپ: «ياقۇپبەگ بىر قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قۇرغان. بۇ زاۋۇت ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان تۈركىلەنكا مىلتىقنى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان تۈركىلەنكا مىلتىققا ئۆزگەرتىپ ئىشلەيدىكەن. بۇ قۇيمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ زاۋۇت 4000 تۈركىلەنكا مىلتىقنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىپتۇ»⑳ دەپ كۆرسىتىدۇ.

1876 ـ يىلى كروپاتكىن تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان تەپكىلىك مىلتىقلار مۇنداق ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى ئىنفىيۇلد نۇسخىسىدىكى مىلتىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن؛ يەنە بىر خىلى ئىستوۋۇلدا بىرنەچچە تال سىزىقى بولغان بەردەڭگە مىلتىق بولۇپ، بۇ نۇسخىدىكى مىلتىقلار رۇسىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ بەردەڭگىلىرىگە ئوخشاش قىسقا ئىكەن. بۇ ئىككى خىل مىلتىق

ناھايىتى قوپال بولسىمۇ لېكىن پۇختا ئىشلەنگەن ھەم ئۇنىڭ قىسقا ئارىلىقتا ئېتىش دەللىكى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. بۇنداق مىلتىقنىڭ كالىبىرى 3/5 ۋېرشوك كېلىدىكەن. بۇ مىلتىقنىڭ ئۇزۇنلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 10 قاداق، قىسقىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى يەتتە قاداقچە كېلىدىكەن. بۇ خىل مىلتىقلارنىڭ ئۇچىغا شىتىك ئورنىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن سۇمبە ۋە پىرىستىل ئورنىتىلغان. بۇ مىلتىقنىڭ پايىنىكى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەنكى، پايىنەكنىڭ ئوق تەرىپىدىكى بىر تال ھەرىكەتچان ياغاچ ئىچىگە مىلتىق مېيى ۋە لاتا قاچىلىغىلى بولىدىكەن. ئىستوۋۇلنىڭ ئۇچىغا مىلتىق ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ نامى تۈرك يېزىقىدا ئويۇپ قويۇلغان»㉑.

بۇ مەزگىللەردە ئالتۇن كۆپلەپ قېزىلغاچقا ئالتۇن تاۋلاش ۋە ئالتۇندىن زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ياساش بىر خىل جەلپكار قول سانائەت تارماقلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇستىلار «زەرگەر» دەپ ئاتىلاتتى.

ئالتۇن تاۋلاش ۋە زەرگەرچىلىك ھۆكۈمەت تەرەپ شۇغۇللىنىدىغان يەنە بىر مۇھىم قول سانائەت تارمىقى، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز يېنىنى توملاپ، خىيانەت قىلىدىغان ئاساسلىق يولى بولۇپ قالدى. ئۇلار يۇقىرىدىن – تۆۋەنگە دوست تارتىشىپ «قويىنىمدىن تۆكۈلسە قونجۇمغا» بولۇپ يۇرۇۋەردى. ئۇلارنىڭ بېشى ياقۇپبەگ ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولسا، تۆۋىنى كاسىپخانا مەسئۇللىرى ۋە كاسىپلار بېشى ئىدى. خوتەندىكى نىياز بەگنىڭ ئۆز ئالدىغا توپلىغان ئالتۇنى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. «تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «نىياز بەگنىڭ خۇسۇسىي يامبۇلىرى 2500 دانە ئىدى. ساپ ئالتۇنى نەچچە چارەك چىقاتتى»㉒. نىيازبەگ ھەر ھەپتىسى قەرەللىك تۈردە ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىگە 20 دانە ئالتۇن – يامبۇ تاپشۇراتتى㉓.

### (2) خەلق باشقۇرۇشىدىكى قول سانائەت

مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر قول سانائىتىنىڭ ئەھۋالىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگۈچى ئاساسلىق نامايەندە خەلق باشقۇرۇشىدىكى قول سانائەت ئىدى. كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق باشقۇرۇشىدىكى قول سانائەت ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەن تېخىمۇ زىچ باغلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىدى.

ماتاچىلىق (قول ئەمگىكى ئارقىلىق بولىدىغان پاختا توقۇمىچىلىق) خەلق باشقۇرۇشىدىكى قول سانائەت ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق تارماقلاردىن ئىدى. ئومۇمىيلىق ۋە مەركەزلىك بۇ مەزگىلدىكى ماتاچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئومۇمىيلىق ھادىسىسى مۇشۇ كەسىپنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدا ئىپادىلەندى. قۇمۇلدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نىيە، چەرچەن، چارقىلىق قاتارلىق جايلارغىچە بولغان ھەممىلا بوستانلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا ماتاچىلىقى بار ئىدى. جايلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە ھەر خىل يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق باشقا جايلارغا توشۇلۇپ مالغا ئالماشتۇرۇلاتتى ياكى سېتىلاتتى. بىرمەھەل سودا ماركىسىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان رولغا ئىگە رايون خاسلىقى ھادىسىسى تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىدى. ماتا بۇيۇملارنىڭ نەدە ئىشلەنگەنلىكىنى تەكىتلەشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئىشلىتىلىشى كەڭ تەكىتلەندى. بەزى پەۋقۇلئاددە رايونلاردا ماتاچىلىق بازار فۇنكسىيىسى تولۇق، قاتناش قولايلىق بولغان پاختىچىلىق رايونلىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتتى. مەسىلەن، خانئېرىق، پەيزاۋات، توققۇزاق ۋە ئاتۇش قاتارلىق جايلارنىڭ ماتا بۇيۇملىرى قەشقەر بوستانلىقىدىكى ماتا بۇيۇملارنىڭ سۈپەت سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىلىش كۆلىمىگە

ۋەكىللىك قىلاتتى.

ماتا ئادەتتە كەڭلىكى بىر چى سەككىز سۇڭ (ئىنگلىز چىسى) ئۇزۇنلۇقى 14 ـ 8 رۇس چىسى كېلىدىغان پاختا رەخت بولۇپ، سۈپىتى توقۇلۇشىنىڭ زىچ ـ شالاڭلىقى ئارقىلىق بەلگىلىنەتتى.

ماتا توقۇمىچىلىقى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن جايلاردا كەسىپلىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولاتتى. يىپ ئېگىرىش ۋە توقۇش ئىككى خىل ھۈنەر ئىدى. يىپ ئېگىرگۈچى ۋە ماتا توقۇغۇچىلار بازار ئارقىلىق بىر ـ بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى. يىپ ئېگىرىش ئىشىنى كۆپىنچە ئاياللار ئۈستىگە ئالاتتى. ھويلا ئارام ۋە كەپە ئۆيلەر بۇ خىل ئەمگەكنىڭ ئاساسلىق سورۇنى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، توقۇمىچىلىق ئەمگىكى مۇئەييەن ئىش شارائىتى ۋە مۇھىتىنى تەلەپ قىلاتتى.

كروپاتكىن ئۆزى بىۋاستە كۆرگەن ئەھۋاللاردىن مۇنداق خاتىرە قالدۇرىدۇ: «1876 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىز قەشقەرگە 61 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئاقسۇغا بارىدىغان يول بويىدىكى پەيزاۋاتنىڭ ماتاچىلىق دۇكىنىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بۇ قېتىم كۆرگەنلىرىمىزدىن تۆۋەندىكىچە ئەھۋاللار مەلۇم بولدى: پەيزاۋات خەلقى ماتا توقۇيدىكەن، شۇنداقلا چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مۇشۇ ئىككى خىل كەسىپ بىلەنلا مەشغۇل بولىدىكەن. ئەرلەر ماتا توقۇسا، ئاياللار يىپ ئېگىرىدىكەن. بىز كۆرگەن سېخلار ساپلا پاكار ئۆيلەر بولۇپ، ئەسكى ـ تۈسكىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان قازناق ئۆيگىلا ئوخشايدىكەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككى ياكى ئۈچتىن دەستىگاھ ئورنىتىلغان بولۇپ، بەزىدە بىر ماتاچى ئولتۇرالىغۇدەك ئاددىيغىنە ياغاچ ئورۇندۇق قويۇپ قويۇلىدىكەن. ھەربىر دەستىگاھنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم ئولتۇرۇپ ئىش قىلىدىكەن»㉔.

ماتالار ئاق ماتا ۋە رەڭدار ماتا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنەتتى. ئاق ماتالار قوپال بولسىمۇ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. رەڭدار ماتالار زىچ ۋە سىپتا توقۇلىدىغان بولۇپ، ئاساسەن زىبۇزىننەتتەك ئىشلىتىلەتتى. رەڭدار ماتالاردىن زەڭگەر، سېرىق، قارا، قىزىل، يېشىل رەڭدىكىلىرى بار ئىدى. ماتالارنى بوياش يەنە بىر ئايرىم كەسىپ ئىدى. ئۇنىڭ كۆلىمى ۋە كەسىپلىشىش دەرىجىسى يىپچىلىق ۋە توقۇمىچىلىقتا قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە روشەن بولاتتى.

بوياقچىلىقتا كاسىپخانا، تەرتىپ خاراكتېرلىك قول ھۈنەر جەريانى ھەمدە زۆرۈر ئەسلىھەلەر بولاتتى، يەنە ھەر خىل چوڭ ـ كىچىكلىكتىكى بوياق ئىدىشلىرى ۋە قۇرۇتۇش لىمىلىرى بار ئىدى. بۇ ئىشنى كۆپىنچە ئۇچىتىن تۆتكىچە ئادەم بىللە قىلاتتى. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ باش مەسئۇلى كۆپىنچە كاسىپخانىنىڭ ئىگىسى ئىدى.

بىر ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، 1876 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن رۇسىيىگە توشۇلغان تاۋارلار ئىچىدە مەشۇت ۋە يىپەك توقۇلمىلارنىڭ سالمىقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. بۇ ھال مەشۇت ۋە يىپەك توقۇلمىلارنىڭ بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. خوتەن، يەكەن مەشۇت ۋە يىپەك توقۇلمىلارنىڭ ئاساسلىق ماكانى ئىدى. بۇ ئىككى جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك ماللار رۇسىيىدىلا ئەمەس، ھىندىستاندىمۇ بازىرى ئىتتىك بۇيۇملار ھېسابلىناتتى.

يىپەك توقۇلمىلارنىڭ باھاسى بەكلا يۇقىرى بولغاچقا يىپەكتىن كىيىم ـ كېچەك كىيىش ئەينى ۋاقىتتا نوپۇز ۋە بايلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغانىدى. خوتەندىكى نىيازبەگنىڭ خۇسۇسىي چاھار بېغىدا مەزكۇر باغنىڭ دائىرىسى چوڭلۇقىدىكى يىپەك ـ مەشۇت تور بار بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوپۇزى

ۋە بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلغانىدى. بۇ ھەقتە يەنى نىيازبەگ توغرىسىدا مۇنداق بىر مىسال بار. بىر قېتىم، ياقۇپبەگكە خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن نىيازبەگ خوتەندىكى گىلەمچى ئۇستىلارغا ياقۇپبەگكە ئاتاپ يىپەكتىن گىلەم توقۇتقان. «تارىخىي ھەممىدى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تارتۇقلىرىدىن ئاشۇرۇپ، تۆت توققۇز مېھرابلىق يىپەك زىلچا تەييارلاپ مەككە مۇئەززەگە ھەدىيە قىلدى. يەنە تۆت توققۇز مېھرابلىق يىپەك ـ زىلچا ۋە بىر توققۇز يۇڭ زىلچا تەييارلاپ ئەسھابۇل كەھەپ مازىرىغا ھەدىيە قىلدى»㉕. مەككە ۋە مەدىنىگە سوۋغا قىلىنغان بۇ سوۋغاتلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يېتىپ بارغان ـ بارمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئاجىزمىز. بىراق، بۇ يىپەك گىلەملەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ بىر نامايەندىسى سۈپىتىدە ياقۇپبەگ لەشكىرىي يۈرۈشلەردە ئېلىپ يۈرىدىغان مەسچىتنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ مەسچىتنى نىيازبەگ تەقدىم قىلغان بولۇپ، خوتەن گىلەمچىلىرى توقۇغانىدى. بۇ مەسچىتتە بىرلا ۋاقىتتا 500 ئادەم ناماز ئوقۇيالايتتى㉖. بۇ غايەت زور قول ھۈنەر بۇيۇمىدا نامايان قىلىنغىنى شۈبھىسىزكى، ماتېرىيال سەۋىيىسى، تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە جابدۇق سەۋىيىسى ئىدى.

## 3. سودا ئىشلىرى

### (1) تاشقى سودا

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق بۆلىكى بولۇپ، ئىلگىرى خەلقئارا سودا پائالىيەتلىرىنىڭ بىر چوڭ تۈگۈنى ئىدى. ئەمما سىياسىي، مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى

سەۋەبىدىن بۇ رايون ئىزچىل تۇردە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى جايلارنى ئاساسلىق تاۋار مەنبەسى ۋە بازار قىلىپ كەلگەنىدى.

1864 ـ يىلىدىن كېيىن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى جايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چورتلا ئۇزۇپ تاشلاندى. ياقۇپبەگ ئورۇمچىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ خىل ئۇزۇكچىلىك ۋەزىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. تەخمىنەن ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكلىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى چار پادىشاھ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئەمەلىيەتتە بېكىنمە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ خىل بېكىنمە ھالەت سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي ئىقتىسادتا مالىمانچىلىق ۋەزىيىتى روياپقا چىقىشقا باشلىدى. ئىشلەپچىقىرىشتىن تۇرمۇشقىچە كىشىلەر ماددىي بۇيۇملارنىڭ كەمچىلىكى ۋە ئۇنى تولۇقلاش يوللىرىنىڭ ئېنىكلىكىنى روشەن ھالدا ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ياقۇپبەگ بۇنداق ئېغىر ئىقتىسادىي مۇھىت ۋەزىيىتىنى 1867 ـ يىلىدىن كېيىن تونۇپ يەتتى. شۇ يىلى ياقۇپبەگ شاد مىرزا دېگەن كىشىنى رۇسىيىگە ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ رۇسىيە بىلەن سودا قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىدىن ۋاقىپلاندۇردى ھەمدە كرودوۋ كارۋىنىنىڭ بۇلانغانلىقى ئارقىسىدا پەيدا بولغان كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا چارە قىلدى㉗. مۇشۇ قېتىملىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئاخىر رۇسىيە بىلەن بولغان سودا يولى راۋانلاشتى. 1868 ـ يىلى مۇھەممەد نەزەر ھىندىستانغا بېرىپ ئەنگلىيە بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان سودا يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سودا

مەنپەئەتلىرىگە يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلدى. «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئاپتورى رۇسىيە تەرەپنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «خۇددى ئۇ (يەنى ياقۇپبەگ) نىڭ دېگىنىدەك بۇ ئەپەندى (موروزوۋ) بۇ يەردە ئەڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ئۇنىڭ ماللىرىغا خېرىدار تېپىپ بېرىلدى، ئەمىرمۇ ئۆزىنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بەزى نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. موروزوۋ ئەپەندى غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ ھۆكۈمران تەرىپىدىن قانداق قىزغىن كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى ۋە بۇ قېتىمقى تىجارىتىدە قانداق پايدا ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يېرىم يىلىدا رۇسىيە ماللىرى رۇس سودىگەرلىرى ياكى يەرلىك سودىگەرلەر ئارقىلىق قەشقەرىيىگە زور مىقداردا توشۇپ كېلىندى»㉘.

«ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئاپتورى ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قېتىم ئۇلار (1873 - يىلى دوگلاس. فورسېت باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى) يەكەن بىلەن قەشقەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەر كىشىلەرنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىزنىڭ (ئەنگلىيىنى دېمەكچى - ت) ئاتالىق غازى بىلەن قانداق سىياسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەكلىكىنى ئويلىشىۋاتاتتى. ھەتتا پۈتۈن ئەنگلىيە ۋە ھىندىستان جامائەتچىلىكى بۇ يېڭى دۆلەت ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى، دېمەك، يېڭى بىر سودا يولى ئېچىلغانىدى. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا بۇ يولنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق بۇخارا بىلەن غۇلجىغا بېرىشتا ھەقىقىي يول بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىنراق بولغان خوتەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى قاشتېشى

سودىسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بولدى. ھېچبولمىسا قەدىمدىن تارتىپ داڭلىق بولۇپ كەلگەن تاتار قويىنىڭ يۇڭىلا بىر تۈرلۈك ئاساسىي تاۋار بولۇپ قالاتتى. يەكەن بىلەن قەشقەردەك ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مانچېستېر ماللىرى بىلەن ھىندىستان ماللىرى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە ئىدى» ㉙.

ئەينى ۋاقىتتىكى تاشقى سودا پائالىيەتلىرى روشەن ھالدا قوش تەرەپلىمە مەزمۇنغا ئىگە ئىدى: مەيلى ياقۇپبەگ گۇرۇھى بولسۇن ئۇلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرىدە ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن باشقا يەنە كۆزلىنىۋاتقان سىياسىي مۇددىئالار مەۋجۇت ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ سودا پائالىيەتلىرى يولغا قويۇلغاندىن تارتىپلا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يۈرۈشۈپ كەتتى. «رۇسىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» ۋە «ئەنگلىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» بۇ خىل مەزمۇندىكى سودا پائالىيەتلىرىگە قانۇنىي كاپالەت بولدى. بۇ شەرتنامىلەردە سودا ـ باج نىسبىتى، سودا ئورۇنلىرى ھەمدە سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەر بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇلارمۇ بۇ خىلدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ رىتىمىنى تېزلەتتى㉚.

بولگېر مۇنداق دەيدۇ: «ياقۇپبەگ 19 تۈرلۈك ۋاستە قوللىنىپ چەت ئەل سودىگەرلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە كېلىشكە جەلپ قىلدى. ئۆز تەۋەلىكىدە ۋاقىتىنچە تۇرۇپ قالىدىغان سودىگەرلەرنىڭ قونالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئاساسلىق شەھەرلەردە كارۋان سارايلارنى قۇردى»㉛.

كروپاتكىن مۇنداق دەيدۇ: «رۇسىيە ماللىرى بىز كېزىپ چىققان بارچە شەھەرلەردە بازارنى كونترول قىلىۋېتىپتۇ. بىراق ھىندىستاندىن (لاداق ۋە يەكەن ئارقىلىق) قەشقەرىيىگە كىرگۈزۈلگەن ئەنگلىيە ماللىرى ھازىرغىچە تېخى بىزنىڭ ماللىرىمىز بىلەن رىقابەتلىشەلمەيۋېتىپتۇ»㉜.

بولگېر مۇنداق دەيدۇ: «يەنە رۇسىيە بىلەن بولغان

كۆپلىگەن سودا ئەمەلىيەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ھېسابىغا يېزىلسا توغرا بولىدۇ. چۈنكى قەشقەر بازارلىرىدا ئەنگلىيە ماللىرىنى رۇسىيىنىڭ يەشىكلىرىگە قاچىلاپ ساتىدىغان ئىشلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. موسكۋا ۋە نوۋگورودنىڭ ھەشەمەتلىك ۋە سىپتا قاپلىرىغا مانچېستېر ۋە لېۋېرپولنىڭ داڭلىق ماللىرىنىڭ ماركىلىرى چاپلانغانلىقىنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس»㉝.

بۇ مەزگىلدىكى تاشقى سودا پائالىيەتلىرى شۇ جايدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان روللارنى ئوينىسىمۇ، بۇ سودىنىڭ تېخىمۇ چوڭ رولى ئىككى تەرەپ سىياسىي مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىنى كۆچەيتكەنلىكىدە ئىدى. ياقۇپبەگ رۇسىيە ۋە ئەنگلىيىگە تايىنىپ تۇرۇپ جۇڭگودىن زېمىن بۆلۈۋېلىش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولاتتى؛ رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە بولسا ياقۇپبەگ ئارقىلىق ئاسىيانىڭ كىندىكىدىن مۇستەملىككە، مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى كۆزلەيتتى. مانا مۇشۇنداق مەنپەئەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاساس قىلىنغان ئەھۋالدا ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن بولغان سودىسى مۇقەررەر يوسۇندا ئاسىيالار بىلەن بۆلاكچىنىڭ سودىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدا ياقۇپبەگ گورۇھى ئاسىيالار، رۇسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۆلاكچىلار رولىنى ئالغانىدى. شۇڭلاشقا بۇ سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا پائالىيىتىنىڭ رىتىمى ياقۇپبەگنىڭ تاشقى سىياستى بىلەن زىچ ھالدا ماس قەدەمدە بولدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ياقۇپبەگنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن باشلىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ ھالاكىتى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى.

(2) ئىچكى سودا

ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەزىيەت شۇ جايلارنىڭ ئىچكى سودىسىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ بازارلىرىدا مال ئېغىر دەرىجىدە ئۆكسۈپ قالدى. مەسىلەن، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن بولۇپ قالغان چاي چورتلا ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن پۇقرالار يوپۇرماق، قارىياغاچ شېخى قاتارلىقلارنى چاي ئورنىدا ئىشلەتتى[34]. ئىزچىل تۈردە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى تەرىپىدىن غەللە ـ پاراققا سۇندۇرۇلۇپ يىغىۋېلىنىپ كەلگەن تۈرلۈك ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرىمۇ چىقىش يولى تاپالمىدى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، ياقۇپبەگ بۇلاڭچىلىققا ئوخشاپراق قالىدىغان شەكىلدە يۈرگۈزگەن «لەشكىرىي غەملىمە» نورمال سودا پائالىيەتلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. «لەشكىرىي غەملىمە» دىن كېيىن سودىگەرلەرنىڭ ئىگە بولىدىغىنى ياقۇپبەگنىڭ نامىدا كېسىلگەن تۇتام ـ تۇتام قەرز ھۆججەتلىرى بولدى[35]. بۇنىڭ بىلەن بازار روشەن ھالدا ئالماشتۇرۇش ۋە ئوبوروت فۇنكسىيىسىنى يوقىتىپ قويدى. ياقۇپبەگ ئىچكى بازارلاردىكى قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن ئاندىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىققانلىقىنى ھېس قىلدى.

ياقۇپبەگ كۇچانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئىچكى بازارلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بىرى، كۇچا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى نىيە، كېرىيەدىن تارتىپ غەربىي شىمالىدىكى كورلا، لوپنۇر قاتارلىق جايلارغىچە بولغان پۈتكۈل رايون ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن سەل كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يۇقىرىقى دائىرىدىكى ئۇرۇش پائالىيەتلىرى روشەن ھالدا تىنچىدى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئامىللار تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. بولۇپمۇ سودا پائالىيىتىنىڭ مالىمانلىشىپ كېتىشىگە

سەۋەب بولغان ھەددىدىن زىيادە ھەربىي ئېھتىياج تەرىجىي پەسكويغا چۈشۈپ، بازار تەرتىپى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلدى.

ئىككىنچىسى، ياقۇپبەگ غەرب ۋە شەرققە تۇتاشقان سودا يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كىرىپ كېلىشى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بازارلاردىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، بازارنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بازارنىڭ ئالماشتۇرۇش ۋە تەڭشەش فۇنكسىيىسى ئەسلىگە كەلدى. تاشقى سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كونۋېكسىيىلىك يۈزلىنىشى بىرمەھەل بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئوبوروتىنى ئالغا سۈردى. بىر مەزگىل ھەتتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا رۇسىيىگە قارىتىلغان ئېكسپورتتا ئۈلۈك بالانس كۆرۈلدى㊱.

بىر قىسىم تولۇق بولمىغان ماتېرىياللار مۇشۇ مەزگىلدىكى يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى سودا ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ: «ئۇلار ئاساسلىق كوچىلارنى ۋە بازارلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. مەسىلەن، گۆش بازىرىدا قاسساپلار گۆشنى تۆرى بويىچە كانارغا ئېسىۋەتكەن، گۆشلەرنىڭ سۈپىتى باش ۋە قۇيرۇقتىن بىلىنىپ تۇرىدىكەن. خېرىدارلار ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ تاللاپ سېتىۋالىدىكەن. يەكەنلىكلەر ئادەتتە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئەتىگەندە سېتىۋالسا، ھۆزۈر ـ ھالاۋەت ۋە زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى كەچقۇرۇنلۇقى سېتىۋالىدىكەن. بۇ يەردە «شام» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس كەچلىك بازار بار ئىكەن. شام بازاردا مەخسۇس دوپپا، كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە باشقا بۇيۇملار سېتىلىدىكەن. ئەگەر پانۇس يېقىپ قويۇلىدىغان بولسا، مەملىكىتىمىزدىكى يېزا ـ بازارلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاجايىپ بىر تۈرلۈك مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ»㊲. «قەشقەر ئۆلىمالار توپلانغان ۋە سودا ـ سېتىق

بەكمۇ جانلانغان جاي بولغاچقا ئىككىنچى بۇخارا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ زادىلا ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس. ھەر ھەپتىسى 2000 ئېشەك يەكەندىن قەشقەرگە ئاشلىق توشۇيدۇ»㊳. «قەشقەرنىڭ نوپۇسى ئاران ئۈچ يۈزمىڭ چىقسىمۇ، ھازىر بۇ ئاستانىدىكى بازارلار ۋە كارۋان سارايلىرى باشقا ھەرقانداق بىر شەھەرنىڭكىدىنمۇ بەكرەك قىزىپ كېتىدۇ»㊴.

مۇشۇ ماۋزۇدىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىچكى بازارلاردا ئەڭ قىزىغىنى ئۇرۇشقا چېتىشلىق كەسىپلەر بولدى. ياقۇپبەگ كۇچانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن غايەت زور زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ قوشۇننى تەرتىپكە سالدى. كىيىم ـ كېچەكنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بۇنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ئىدى. خۇرۇم ـ ئۇفىتسېرلار فورمىسىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى بولغاچقا، تېرە ـ خۇرۇم دېگەنلەر ئەڭ كۆپ پايدا ئالغىلى بولىدىغان تاۋارلارغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ تۈر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانى ۋە بايلىقى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ يىغىۋالغۇچىلار، توشۇغۇچىلار ۋە ساتقۇچىلار دېگەندەك سودىگەرلەر سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ سودا شەھەر ـ بازارلاردىن يېزا ـ قىشلاقلارغىچە كېڭەيدى. يەكەن شەھىرى تېرە ـ خۇرۇم سودىسىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلىدى㊵.

ئۇرۇشقا چېتىشلىق سودا ئىشلىرىدا ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى قوشۇن بىلەن بىللە يۈرگۈچى سودىگەرلەرنىڭ پائالىيىتى ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا توپ تارقىتىش سودىگەرلىرى، يۆتكەپ ساتىدىغان سودىگەرلەر، پارچە ساتىدىغانلار ۋە ھايىنىغا ساتىدىغانلار بار ئىدى. ئۇلار سودىدىن كېلىدىغان پايدىنىڭ قىزىقتۇرۇشىدا قوشۇنغا ئەگىشىپ قۇملۇقلاردىن ئۆتەتتى، چۆللەر ئارا يۈرەتتى، ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان مۇھىتلارنى كېزەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاجايىپ ـ غارايىپ

سودىگەرلەر توپىغا ئايلىنىپ قالغانىدى㊶. ئايلار ـ يىللار ئۆتۈپ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، قوشۇنغا ئەگىشىپ يۈرگۈچى بۇ سودىگەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىشقا تىرىشقىنىمىزدا ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى باغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۆچەيتىشتە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بۇ مەزگىلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىچكى بازارلاردا ئوبوروت قىلىنىدىغان ئاساسلىق پۇل — پۇل ۋە تەڭگە ئىدى. چيەنلۇڭ يىللىرىدا يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا پېچلار سېلىنىپ شەكىل جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرىغا ئوخشايدىغان مىس پۇللار قۇيۇلغانىدى. تەڭگە ياقۇپبەگ قۇيدۇرۇپ تارقاتقان كۈمۈش پۇل ئىدى. ئىككىسىنىڭ نىسبىتى ئەللىك پۇل بىر تەڭگىگە باراۋەر ئىدى. بازارلاردىكى دائىملىق ئوبوروت پۇل ۋە تەڭگىنىڭ قىممىتى دائىرىسىدە بولاتتى. بۇ دائىرىدىن ھالقىپ كەتسە تېخىمۇ زور پۇل بىرلىكى ھېسابات ۋاستىسى قىلىناتتى. ئۇ بولسىمۇ چىرۋون، دۇكا ۋە يامبۇ ئىدى. چىرۋون ئالتۇندىن ياسالغان پۇل. يامبۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل كۈمۈش پۇل بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىدىمۇ قانۇنلۇق پۇللاردىن سانىلاتتى. بىر چىرۋون ياكى دۇكا 25 تەڭگىگە باراۋەر ئىدى. بىر يامبۇ 40 دۇكا ياكى چىرۋونغا تەڭ ئىدى. شۇ يوسۇندا يامبۇ، دۇكا (ياكى چىرۋون) تەڭگە، پۇل دېگەن شەكىلدىكى پۇل بىرلىكى سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. سودا سوممىسى 50 مىڭ پۇلغا يەتكەندە بىر مىڭ تەڭگە ياكى قىرىق دۇكا ياكى بىر يامبۇ بويىچە ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭدىن سىرت بازارلاردا يەنە قوقەند خانلىقىنىڭ ۋە ئىراننىڭ پۇللىرىنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئىشلىتىلەتتى، چۈنكى بۇ چەت ئەل پۇللىرى ئاساسەن ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغانىدى.

يامبۇنىڭ رۇسىيە پۇلىغا ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى 1:130، يەنە بىر يامبۇ 130 رۇبلىغا ئالماشتۇرىلاتتى. يامبۇنىڭ ئەنگلىيە پۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 1:16.5، يەنى بىر يامبۇنى 16.5 فوندستېرلىڭغا ئالماشتۇرۇشقا بولاتتى[42].

ئەنگلىيىلىك روبېرت. شاۋ مۇشۇ مەزگىلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى پۇلغا ئائىت ئەھۋاللار ھەققىدە توختىلىپ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان تۆۋەندىكىچە مەلۇماتنى قالدۇرغان: «بىر تەڭگە 25 داچەن (جۇڭگودا ياسالغان ئوتتۇرىسى تۆشۈك مىس يارماق) گە توغرا كېلىدۇ. بىر تومپۇر ئىككى پۇلغا باراۋەر. تەڭگىنىڭ باھاسى ئاساسەن نۆكچە (جۇڭگونىڭ بىر تۈرلۈك كۈمۈش پۇلى، ئېغىرلىقى ئىككى پۇند كېلىدۇ، تەخمىنەن 170 رۇبلىغا تەڭ) نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسلىنىپ، بەزىدە 1 مىڭ 100 گە چىقىپ كەتسە بەزىدە 800 گە چۈشۈپ قالىدۇ. قەشقەر ئەمىرى (ياقۇپبەگنى دېمەكچى) يېقىندا كۈمۈش پۇل يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تۈركىيە سۇلتانىنىڭ نامىدا بىر تۈرلۈك كۈمۈش پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ ھەربىرى بىر تەڭگىگە باراۋەر. بۇ پۇل ئاقتەڭگە دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ شەكلى شۇ نامدىكى قوقەند ۋە بۇخارا تەڭگىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ تەڭگىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئازراق بولماقتا»[43].

پۇل بىرلىكى سىستېمىسى ۋە ئۇلارنىڭ چەت ئەل پۇللىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇلۇش قىممىتى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بازارلاردا سېتىلىۋاتقان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تەخمىنەن بىلگىلى بولىدۇ. بىر توپ ماتانىڭ بازار باھاسى ئىككى تەڭگە 35 پۇل ئىدى، ياكى بولمىسا ئۈچ تەڭگە 20 پۇل ئىدى. بىر باغلام شاتاۋانىڭ باھاسى 80 پۇل ئىدى. ئۈچ توپ شاتاۋادىن تۆت توپ ماتا توقۇغىلى بولاتتى[44].

بازارلاردا قوللىنىدىغان ئېغىرلىق بىرلىكلىرى «جىڭ»

ياكى «چارەك» ئىدى. كروپاتكىن بۇ ھەقتە توختىلىپ: «چارەك چوڭ ـ كىچىك ئىككى خىل بولىدىكەن. بىر خىلى 16 جىڭلىق ياكى 18.75 قاداقلىق چارەك ئىكەن. تۇرمۇشتا كېرەكلىك بارلىق بۇيۇملار ئالدىنقى خىل چارەكتە ئۆلچىنىدۇ. ئىمپورت قىلىنىدىغان بارلىق ماللار، مېتال بۇيۇملار ۋە سۇيۇقلۇقلار كېيىنكى بىر خىل چارەكتە ئۆلچىنىدۇ»㊺ دەيدۇ.

روبېرت شاۋ «چارەك» نىڭ تۈرى، ئىشلىتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئوخشاشمىغان ئۈچ خىل چارەكنى ئىشلىتىدۇ. بىر خىلدىكىسى يىپەك، بوياق، ئەنبەر، چاي قاتارلىقلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇنداق چارەك تۆت جىڭ ياكى بەش قاداققا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىسى تۈرلۈك ماللارنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى، ئاشلىق چارىكى، ياكى تۆت چارەك، دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق چارەك 12.5 جىڭ ياكى 16 قاداق كېلىدۇ. ئۇ ئەمىرنىڭ ئۈچىنچى خىلدىكى چارىكىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى چارەك «بەش چارەك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، 16 جىڭ ياكى 20 قاداق كېلىدۇ»㊻.

ئۇزۇنلۇق گەز، چى دېگەندەك بىرلىكلەر بويىچە ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، كېيىنرەك رۇسچە بىرلىكلەرمۇ قوللىنىلدى.

## 4. قاتناش ئىشلىرى

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قاتناش ئىشلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە ئەگرى ـ توقاي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھەربىي قوشۇن، پايدا كويىدا تىنىمسىز تىپىرلاۋاتقان سودىگەرلەر، ھەتتا ئېغىر سوكۇتتا چۆمگەن خەلقمۇ

قاتناشقا تايىنىپ ئۆز مۇددىئالىرىغا يەتمەكتە ئىدى. شۇڭا قاتناش ئىشلىرىنىڭ رولى ھەم سىياسىي مەزمۇنىغا، ھەم ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە ئىدى. قاتناش لىنىيىلىرى، قاتناش قوراللىرى، قاتناش ئىشلىرىنىڭ بىخەتەرلىك كاپالەتلىرى قاتارلىقلار ئورتاق ھالدا ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

سودا پائالىيىتى ۋە ئۇرۇش ئىشلىرى مۇشۇ مەزگىلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ دائىرىسى ۋە يۆنىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قاتناش لىنىيىلىرىنى تاشقى قاتناش لىنىيىسى ۋە ئىچكى قاتناش لىنىيىسى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

### (1) تاشقى قاتناش لىنىيىسى

تاشقى قاتناش لىنىيىسى جەنۇب، شەرق ۋە غەرب يۆنىلىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەنۇبىي يۆنىلىش ياقۇپبەگنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشتىكى دەسلەپكى قاتناش يوللىرى ئىدى. 1868 ـ يىلى شەيخ مۇھەممەد ۋە شەيخ ئەھمەد دېگەن ئاكا ـ ئۇكىلار ياقۇپبەگنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بەدەخشاندىن يەكەنگە كېلىپ، دەبدەبىلىك كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى㊼. بۇ قېرىنداشلارنىڭ بەدەخشاندىن يەكەنگە كېلىشى مۇشۇ مەزگىلدىكى جەنۇبىي يۆنىلىش قاتناش لىنىيىسىدە بىر چوڭ ئىزنى قالدۇردى. كېيىنرەك، كانجۇت ھۆكۈمرانى سافدار ئەلى خان ۋە ۋاخان، كۆھىستان ھۆكۈمرانلىرى ياقۇپبەگكە ئولپان تاپشۇرۇپ ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى تاشقى قاتناش لىنىيىسى پامىردىن ھالقىپ ئۆتتى㊽.

جەنۇبىي قاتناش لىنىيىسىدىن كېيىنلا غەربىي قاتناش لىنىيىسى ئېچىلدى. 1868 ـ يىلىنىڭ باشلىرى كىرودوۋ كارۋىنى

ۋېرنى (هازىرقى ئالمۇتا) دىن يولغا چىقىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىپ كەلدى㊾. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە بىر تۈركۈم كىشىلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار: 1868 ـ يىلى رۇسىيە ئوفىتسېرى رېينتال باشچىلىقىدىكى تۈنجى رۇسىيە ئەلچىلىرى، 1872 ـ يىلى رۇسىيە ئوفىتسېرى كولبارس باشلاپ كەلگەن 2 ـ تۈركۈم رۇسىيە ئەلچىلىرى قاتارلىقلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياقۇپبەگنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن 1868 ـ يىلى سادىر مىرزا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، ئۇ يەر ئارقىلىق رۇسىيىنىڭ پايتەختى پېتربۇرگقا يېتىپ كەلدى㊿.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن غەربكە سوزۇلغان قاتناش لىنىيىلىرىدىن بەشى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى كورلا شەھىرىدىن باشلىنىپ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ، كۆنەس دەرياسىنى بويلاپ غۇلجىغا كېلەتتى، ئاندىن بۇ يەردىن ۋېرنىغا باراتتى. ئىككىنچىسى، ئاقسۇدىن باشلىنىپ مۇزات دەرياسىنىڭ قارشى يۆنىلىشىدە مۇزات ئۆتكىلى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، كۆنەس دەرياسىنى بويلاپ غۇلجىغا كېلەتتى، ئاندىن داۋاملىق غەربكە مېڭىپ ۋېرنىغا باراتتى. ئۈچىنچىسى، ئاقسۇدىن باشلىنىپ ئۈچ ئارقىلىق قارا قولغا باراتتى، ئاندىن تېكەس دەرياسىنى بويلاپ غۇلجىغا كېلەتتى ۋە شۇ يول بىلەن ۋېرنىغا باراتتى. تۆتىنچىسى، قەشقەردىن باشلىنىپ تورغات ۋە تېرەل ئېغىزلىرى ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ نارىن قورغىنىغا باراتتى. بۇ يەردىن داۋاملىق ماڭغاندا ۋېرنى ۋە تاشكەنتكە بارغىلى بولاتتى. بەشىنچىسى، قەشقەردىن باشلىنىپ پامىر ئارقىلىق فەرغانە ئويمانلىقىغا باراتتى، ئاندىن بۇ جايدىن قوقەند چېگرىسىغا كىرەتتى(51).

شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ياقۇپبەگ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۈرگۈزگەن بىر

قىتىملىق تەدبىر بولدى. 1867 ـ يىلى، يەكەندىن يولغا چىققان بىر سودا كارۋىنى ھىندىستانغا مېڭىش سەپىرىدە كەشمىر تەۋەلىكىدىكى قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلدى. ياقۇپبەگ مۇشۇنى باھانە قىلىپ 7 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن كەشمىر چېگرىسىغا قىستاپ كەلدى ھەمدە كارۋانلارنى بۇلىغان قاراقچىلارنى جازالايدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالدى. كەشمىر پادىشاھى ئەسقەر ياقۇپبەگنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ قېتىملىق ماجىرا تۈگىدى. شەرقىي يۈنىلىشتىكى قاتناشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ راۋانلاشتى⑤②.

1868 ـ يىلى مۇھەممەد نەزەر ياقۇپبەگنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ھىندىستانغا بېرىپ ئەنگلىيە بىلەن ئالاقە باغلىغاندىن كېيىن، شەرقىي يۈنىلىشتىكى قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ روشەنلىشىپ، ياقۇپبەگنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى ئاساسلىق يولى بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە قوراللىرى، مەشتاۋۇللىرى ۋە ئۇستىلىرى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تۆكمە قىلىپ سېتىلىدىغان ئەنگلىيە ماللىرى بىردەك مۇشۇ يولدىن ئۆتەتتى.

شەرقىي يۈنىلىشتىكى قاتناش لىنىيىسى ھىندىستاندىكى پەنجاپ ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەكەننى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلغانىدى. قاراقۇرۇم تاغلىرى تىك چوققىلىق ۋە يوللىرى ئەگرى ـ بۈگرى بولغاچقا بۇ لىنىيىدىكى قاتناش ئىشلىرىغا نۇرغۇنلىغان تەبىئىي قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. دوگلاس. فورسىت باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ دوختۇرى بېلىيۇۋ ئۆزىنىڭ «كەشمىر ۋە قەشقەرىيە» دېگەن ئەسىرىدە بۇ يول ھەققىدىكى بىۋاسىتە تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «كۆز ئالدىمىزدا تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن بولغان ھەم ئەستىن چىقمايدىغان بىر مەنزىرە ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولدى.

ئىككى تەرىپىمىزدە كۆل رەڭ تاقىر تاشلار خۇددى شەھەر قوۋۇقلىرىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغلار ئىككى تەرەپكە سوزۇلۇپ قىيپاش يوتىلارنى ئۆزىگە چېگرا قىلىپ بىر سەھنە شەكىللەندۈرگەنىدى. پارچىلىنىپ ئۇۋۇلىنىپ كەتكەن قورام تاشلاردىن ھاسىل بولغان سايلىق كۆمۈلۈپ ياتقان چىرىمتاللارنىڭ پارقىراق نۇرىدا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قارامتۇل رەڭگىنى پەرق ئەتمەك قىيىن بولغان مەنزىرە دەرھال ئالدىمىزدا ئايان بولدى. بۇ تۆپلىكتىن ئۆتۈشىمىز بىلەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان غىلتاڭ تاشلىق ساي ئارقىمىزدا قالدى. شۇ ئەسنادا بىز كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، ئاپاق قار بىلەن قاپلانغان دالاغا كىرىپ قالدۇق. قارلىق دالا كۆز يەتكۈسىز يەرلەرگىچە سوزۇلغان ئېگىز - پەس تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشاتتى. بۇ ئالدىمىزنى خۇددى ئېگىز بىر تام توغرىسىغا توسۇپ تۇرغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆككە تاقاشقان چوققىلىرى كۆزگە شۇنچە روشەن چېلىقاتتى. ئۈستىمىزدىكىسى بولسا پايانسىز تىنىق كۆك ئاسمان ئىدى. بۇ نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە! »[53].

بولگېر دوختۇر بېلىيوۋنىڭ باياننى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەن كىشىنى سۈر باسىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنىدۇ. يانتۇلۇقنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى بىرەر يۈز گەز كېلىدىغان ئۇچلۇق مۇز تام چوقچىيىپ تۇرىدۇ. بۇ مۇزلار كىشىگە مارتخوۋىت چوققىسى (ئالپ تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى) نى ئەسلىتىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى بىلەن يۈك - تاق توشۇيدىغان قېچىرلار ۋە مىنىدىغان ئاتلار ئادەم يۆلىمىسە داۋاندىن ئۆتەلمەيتتى. مۇشۇ توسۇقتىن ئۆتۈشكىلا توپتوغرا بىر كۈن كەتتى. سەككىز قېچىر بىلەن تۆت ئات زىيان بولدى»[54].

مەيلى كەشمىر، ھىندىستان بىلەن بولغان قاتناش بولسۇن

ياكى رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن بولغان قاتناش بولسۇن ھەممىسىلا پەسىلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ راۋان بولىدىغان مەزگىللىرى قىسقىغىنە ياز ئايلىرىدا بولاتتى. قىش چۈشۈپ كەتكەندە بولسا بۇ يوللارنىڭ كۆپ قىسىم بۆلەكلىرىنى قار بېسىۋېلىپ ئادەم ۋە ئات ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشى، شۇنداقلا ئوزۇقلۇق مەسىلىسى زور قىيىنچىلىق بولۇپ قالاتتى. بۇ پەسىلدە بۇ قاتناش لىنىيىلىرىدە قىسقا يوللۇق كىچىك سودا كارۋانلىرى ھەرقايسى بۆلەكلەردە بېرىپ ـ كەلمىسە، چوڭ تىپتىكى سودا كارۋانلىرىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى.

## (2) ئىچكى قاتناش لىنىيىلىرى

ئىچكى قاتناش لىنىيىلىرى دېگەندە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش لىنىيىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1864 ـ يىلىدىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىلا قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلاشنى ئۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىۋالغاچقا، بىرمەھەل كۆۋرۈكلەر بۇزۇۋېتىلدى، دەريا ـ ئېقىنلار ئۈزۈپ تاشلاندى، بىرەر يۈز، ھەتتا بىرنەچچە يۈز چاقىرىملاپ يول بۆلەكلىرى سۇغا باستۇرۇۋېتىلدى. ياقۇپبەگ تەلتۆكۈس ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەندىن كېيىن قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۇ دۇچ كەلگەن كۆپلىگەن جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىگە قارىتىلغان ئىككى قېتىملىق لەشكىرىي يۈرۈش جەريانىدا تۈمەنلىگەن قوشۇن ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن قەشقەر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، قايدۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ كۆۋرۈكلىرى ۋە كېچىكلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىگە بارىدىغان قاتناش لىنىيىسى

ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋانلاشتى.

ياقۇپبەگ مارالبېشنى مەھكەم ساقلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ئىسهاقنى ئەل قىلدۇرغان بولغاچقا، مارالبېشىدىن مەكىت ئارقىلىق يەكەنگە بارغىلى بولىدىغان بۇ يولغا بەكلا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلدى. خوتەن بىلەن بولغان ئارىلىقنى قىسقارتىش ئۈچۈن ياقۇپبەگ مەكىتتىن چۆللۈك ئارقىلىق خوتەنگە ئۆتىشىدىغان قاتناش لىنىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. نىيازبەگنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىگە بولغان گۇمانىنى يوقىتىش ئۈچۈن خوتەندىن دەقىقە كېچىكمەي قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى دەل مۇشۇ يولنىڭ راۋان بولغانلىقىدىن ئىدى.

1876 ـ يىلى، كروپاتكىن قەشقەردىن كورلىغا ئاتلانغان مەزگىلدە يول بويى بېسىپ ئۆتكەن قاتناش مۇھىتى، ناھىيە شەھەرلەر ۋە ئارىلىق قاتارلىقلاردىن خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەر بىلەن پەيزاۋات ئارىلىقىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 141 چاقىرىم كېلىدىغان بىر بوستانلىق بار ئىكەن. پەيزاۋات بىلەن مارالبېشى قورغىنىنىڭ ئارىلىقىدا تەخمىنەن 300 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان چۆللۈك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مارالبېشى بوستانلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 42 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەردىن ئاقسۇ بوستانلىقىغا يەتكۈچە ئارىلىقتا يەنە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 330 چاقىرىم كېلىدىغان بىر قۇملۇق بار. غول يولنىڭ بويىغا جايلاشقان ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 171 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاقسۇ بوستانلىقىدىن باي ئەتراپىدىكى بوستانلىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 132 چاقىرىم كېلىدىغان يەنە بىر چۆل بار. باي بوستانلىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 51 چاقىرىم كېلىدۇ. باي بوستانلىقىدىن كۇچا بوستانلىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 120 چاقىرىم كېلىدىغان يەنە بىر چۆل بار. كۇچا بوستانلىقىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ

يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 51 چاقىرىم كېلىدۇ. كۇچا بوستانلىقى بىلەن بۈگۈر ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بوستانلىق ئارىلىقىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 141 چاقىرىم كېلىدىغان يەنە بىر چۆل بار. بۈگۈر بوستانلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 چاقىرىم كېلىدۇ. بۈگۈر بوستانلىقىدىن كورلا بوستانلىقىغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 چاقىرىم كېلىدىغان ئارىلىق پۈتۈنلەي چۆللۈكتۇر. كورلا بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 21 چاقىرىم كېلىدۇ. كورلا بىلەن قاراشەھەر بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 چاقىرىم كېلىدىغان بىر چۆللۈك بار. بۇ كەڭ بوستانلىقلاردا شۇ رايونلارنىڭ مەركەزلىرى سانالغان چوڭراق شەھەرلەر جايلاشقان. بۇ شەھەرلەر يەنە نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك يېزا ـ كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئاھالىسى تۇپراق، ۋە سۇغىرىش شارائىتلىرىغا قاراپ چوڭ مەھەللە ـ كەنتلەرگە ياكى بەزىبىر كىچىك قىشلاقلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. مەھەللە ـ كەنتلەر بىلەن قىشلاقلار ئارىلىقىدا دائىم دېگۈدەك سۇسىز قاغجىراپ ياتقان پارچە ـ پارچە چۆللەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ»[55].

(3) تاشقى قاتناش قوراللىرى

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كەشمىر، ھىندىستان يوللىرىغا قاتنايدىغان ئاساسلىق قاتناش قوراللىرى تۆگە، قېچىر ۋە ئات ئىدى. بولۇپمۇ، يىراق مەنزىللىك كارۋانلار ئاساسەن تۆگىدە ماڭىدىغان بولغاچقا تۆگىنى ئاساسلىق قاتناش قورالى، دېيىشكە بولاتتى. سودا كارۋانلىرىدىكى تۆگىلەر كۆپ بولغاندا بىر نەچچە يۈز، ئاز بولغاندىمۇ نەچچە ئون ئىدى. مۇشۇنداق غايەت زور سودا كارۋىنى يول يۈرگەندە تۈزلەڭ جايلاردا بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن تىزىلىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلسا، تاغ يوللىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ باش ـ ئاخىرى كۆرۈنۈپ ـ كۆرۈنمەي

ماڭاتتى. سەپەر ئۈستىدە كارۋانبېشى پۈتكۈل كارۋاننىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا مەسئۇل بولاتتى. كارۋان بېشىنىڭ بۇيرۇقى مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق پۈتۈن كارۋانغا ئۇقتۇرۇلاتتى. پۈتكۈل كارۋاننىڭ يۈرۈش رىتىمىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئۈچۈن يول باشلاپ ماڭغۇچى دائىم ئېشەكلىك ماڭاتتى. يول ئۈستىدە پەرمانچى كارۋاننىڭ بېشى بىلەن ئايىغى ئارىلىقىدا توختىماستىن چېپىپ يۈرۈپ يول باشلاپ ماڭغۇچىغا كارۋان بېشىنىڭ تېزرەك مېڭىش، ئاستىلاش، توختاش ياكى يولغا چىقىش دېگەندەك بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزەتتى ھەمدە كارۋان بېشىغا بۇيرۇقنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە مەسئۇلىيەت تۈپەيلىدىن پەرمانچىلار دائىم يۈگۈرۈك ۋە تېمەن ئاتلارنى مىنىشەتتى.

ھەربىر تۆگە 13 - 15 پۈت (468 - 540 قاداق) چە ئېغىرلىقتىكى يۈكلەرنى ئېلىپ ماڭالايتتى. ۋېرىندىن قەشقەرگىچە ئۇلاغلىق 30 - 35 كۈن كېتەتتى[56]. گەرچە تۆگە كۆڭۈلدىكىدەك يۈك كۆتۈرۈپ ماڭالىسىمۇ، ئۇنىڭ تۈپ ئاجىزلىقى سوغۇق رايونلار ۋە سوغۇق كىلىماتقا ماس كەلمەيدىغانلىقى ئىدى.

تومۇز ياز ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا، بولۇپمۇ قەھرىتان قىش كۈنلىرى پامىر ۋە تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان ھەرقايسى يوللاردا ئات ۋە قېچىر ئاساسلىق قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى. ئات ئادەتتە 8 - 9 پۈت ئېغىرلىقتىكى يۈكنى ئارتىپ ۋېرىندىن قەشقەرگە 25 - 30 كۈندە كېلەلەيدىغان بولۇپ، تۆگىگە قارىغاندا بەش كۈنچە تېز بولاتتى. بۇ پەسىلدە قېچىر ئاتتىن قالسىلا ئاساسلىق قاتناش قورالى سانىلاتتى. قېچىر ئادەتتە تۆت بەش پۈت ئېغىرلىقتىكى يۈكلەرنى ئېلىپ ماڭالايتتى. ۋېرىندىن قەشقەرگە قېچىر بىلەن ئات ئاساسەن ئوخشاش ۋاقىتتا كېلەلەيتتى. ۋېرىندىن قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىق دائىرىسىدە ھەربىر ئاتنىڭ

يالىڭنىڭ ھەققى 3.5 دۇكا بولاتتى، يول يۈرۈش قىيىن بولىدىغان پەسىللەردە يالاش ھەققى ئۆسۈپ 5 ـ 8 دۇكاغا چىقىپ كېتەتتى. بۇ مۇساپىدىكى ھەربىر قېچىرنىڭ يالىڭىش ھەققى 35 ـ 50 تەڭگە بولاتتى[57].

(4) ئىچكى قاتناش قوراللىرى

ئىچكى قاتناش لىنىيىسىدە ئېشەك ۋە هارۋىمۇ قاتناش قوراللىرى جۈملىسىگە كىرەتتى ھەمدە تۆگە، ئات، قېچىر قاتارلىقلار بىلەن بىللە پۈتۈن قاتناش قوراللىرى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلاتتى. «تارىخىي ھەممىدى» دىكى: «ھەر ھەپتىسى 2 مىڭ ئېشەك يەكەندىن قەشقەرگە ئاشلىق توشۇيدۇ» دېگەن بايانلار كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. دەرۋەقە ھەرقايسى بوستانلىقلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى قىسقا يوللۇق لىنىيىلەردە ئېشەك يەنىلا ئاساسلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن هارۋا ئىچكى قاتناش لىنىيىسىدىكى ئۇزۇن مۇساپىلىك قاتناش قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. هارۋىلاردا كىچىك تىپتىكى قوراللار، ئوق ـ دورىلار، ھەتتا قوشۇن يول ئۈستىدە لازىم قىلىدىغان ئىچىملىك سۇ، ئوتياش، گۈرۈچ، ئۇن، ماي قاتارلىقلار توشۇلاتتى. ئۇزۇن مۇساپىلىك هارۋىلار ئىچىدە ھەممىدىن بەكرەك ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ياقۇپبەگ بىلەن بىللە ماڭىدىغان هارۋىلار سېپى ئىدى. بۇ هارۋىلار سېپىدە 100 دانە هارۋا بولۇپ، ئۇلاردا ياقۇپبەگ ھەرقاچان ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەر ۋە ھەرقاچان ياقۇپبەگنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغان نەچچە تۈمەنلىك پۇللار بىللە ئېلىپ يۈرۈلەتتى.

ياقۇپبەگنىڭ 10 ـ 15 كىچە خۇسۇسىي مەپىسى بار ئىدى. ھەربىر مەپىگە ئەپچىل قىلىپ ياغاچ ئۆي قوندۇرۇلغان بولۇپ، ئىچىگە مۇكەممەل ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە تازىلىق ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغانىدى. بۇ هارۋىلار مەخسۇس ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى بىلەن

بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان خوتۇنلىرىنى توشۇيتتى⑱.

گەرچە ھارۋىنىڭ توشۇش ئىقتىدارى ئۇلاغ ئارقىلىق توشۇشتىن كۆپ بولسىمۇ، يولنىڭ بەكلا ناچارلىقى تۈپەيلىدىن ھارۋىلار كۆپرەك قىسقا مۇساپىلىك قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى. بوستانلىقنى بىرلىك قىلىپ، مۇئەييەن ئارىلىق دائىرىسىدە ھارۋا ئارقىلىق ئاشلىق، پاختا، يەم - بوغۇز قاتارلىقلارنى ئۇياقتىن - بۇياققا توشۇش تولىمۇ تېجەشلىك ۋە ئۇنۇملۇك بولاتتى.

ھارۋا يەنە شەھەر قاتنىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستە ئىدى. شەھەردە ئىشلىتىلىدىغان ھارۋىلار يۈك ھارۋىسى ۋە مەپە دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ھارۋا قۇرۇلمىسى ۋە ئەسلىھەلىرى ئۇلارنى ئايرىيدىغان ئاساسلىق بەلگە ئىدى. يۈك ھارۋىسىدا ئاساسەن يۈك - تاق توشۇلغاچقا ھارۋا ئۇوقى، چاق ۋە ھارۋا گەۋدىسىنىڭ پىششىق بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ھارۋىلار ھەمىشە قوش چاقلىق بولاتتى. مەپىلەردە بولسا راھەت، تېز بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. مەپىلەر ھەمىشە تۆت چاقلىق بولاتتى. بەگ - غوجاملار ۋە جەمئىيەتتىكى ئىمتىيازلىق تەبىقە كىشىلىرى مەپىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان بىر تۈرلۈك ۋاستىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا ئۇلار راھەت ۋە تېز بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ھارۋا - مەپىلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا، ھارۋىغا ئىشلەتكەن ماتېرىيال، ئىچكى بېزىلىشى، جابدۇقلىرىنىڭ سۈپىتى، ھەتتا ئاتلارنىڭ شەكلى، يۈگرەكلىكى قاتارلىقلارمۇ ھەشەمەتنى كۆز - كۆز قىلىشتىكى مۇھىم تەركىبلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

پايدىلانمىلار

① ماتسۇدا سومىئو قاتارلىقلار يازغان: «ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا. ھىندىستان تارىخى» دا: ياقۇپبەگنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۆت تۈمەن

كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى دېيىلگەن. «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى» (1979 ـ يىل جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان) دىن نەقىل ئېلىندى.

② «تارىخىي ھەممىدى»، 404 ـ بەت.

③ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 128 ـ بەت.

④ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 406 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑥ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑦ «قەشقەرىيە»، 20 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 13 ـ بەت.

⑨ «تارىخىي ھەممىدى»، 438 ـ بەت.

⑩ «قەشقەرىيە»، 175 ـ بەت.

⑪ «تارىخىي ھەممىدى»، 53 — 54 ـ بەتلەرنىڭ بەت ئاستى ئىزاھى.

⑫ «قەشقەرىيە»، 15 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑭ «تارىخىي ھەممىدى»، 550 ـ بەت.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 438 ـ بەت.

⑯ «قەشقەرىيە»، 175 ـ بەت.

⑰ «تارىخىي ھەممىدى»، 400 — 401 ـ بەتلەر.

⑱ «قەشقەرىيە»، 196 — 197 ـ بەتلەر.

⑲ بۇرھان شەھىدى: «ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، 1959 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى، 10 ـ بەت.

⑳ «قەشقەرىيە»، 162 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 171 ـ بەت.

㉒ «تارىخىي ھەممىدى» 556 ـ بەت: نىيازبەگنىڭ نەچچە قاداق خۇسۇسىي ساپ ئالتۇنى، 2500 يامبۇسى بار، دېيىلگەن.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 547 ـ بەت.

㉔ «قەشقەرىيە»، 61 ـ بەت.

㉕ «تارىخىي ھەممىدى»، 549 ـ بەت.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 498 — 499 ـ بەتلەر.

㉗ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 149 ـ بەت.
㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 164 ـ بەت.
㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 175 ـ بەت.
㉚ «قەشقەرىيە» ، 39 ـ بەت.
㉛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 125 ـ بەت.
㉜ «قەشقەرىيە» ، 13 — 14 ـ بەتلەر.
㉝ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 124 — 125 ـ بەتلەر.
㉞ «قەشقەرىيە» ، 48 ـ بەت.
㉟ «تارىخىي ھەمىدى» ، 440 ـ بەت.
㊱ «قەشقەرىيە» ، 57 ـ بەت.
㊲ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 184 ـ بەت.
㊳ «تارىخىي ھەمىدى» ، 639 ـ بەت.
㊴ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 5 ـ بەت.
㊵ يۇقىرىقى كىتاب، 6 ـ بەت.
㊶ «تارىخىي ھەمىدى» ، 442 ـ بەت.
㊷ «قەشقەرىيە» 41 — 42 ـ بەتلەر.
㊸ يۇقىرىقى كىتاب، 26 ـ بەتنىڭ ئاستىدىكى 2 ـ ئىزاھ.
㊹ يۇقىرىقى كىتاب، 61 ـ بەت.
㊺ يۇقىرىقى كىتاب، 42 ـ بەت.
㊻ يۇقىرىقى كىتاب، 26 ـ بەتنىڭ ئاستىدىكى 1 ـ ئىزاھ.
㊼ «تارىخىي ھەمىدى» ، 904 — 412 ـ بەتلەر.
㊽ يۇقىرىقى كىتاب، 414 ـ بەت.
㊾ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 148 ـ بەت.
㊿ يۇقىرىقى كىتاب، 150 — 151 ـ بەتلەر؛ «قەشقەرىيە» كىرىش سۆز، 7 ـ بەت.
(51) يۇقىرىقى كىتاب 8 — 11 ـ بەتلەر.
(52) «تارىخىي ھەمىدى» ، 181 — 182 ـ بەتلەر.
(53) «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالـــى» ، 181 — 182 ـ بەتلەردىن ئېلىنغان نەقىل.
(54) «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 182 ـ بەت.

⑤⑤ «قەشقەرىيە»، 4 — 5 ـ بەتلەر.
⑤⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 63 ـ بەت.
⑤⑦ «تارىخىي ھەمىدى»، 437 ـ، 521 ـ بەتلەر.

## 2ـ بۆلۈم ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

### 1. دىن

ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پۈتكۈل دەۋرىدە ياقۇپبەگنى باشتىن ـ ئاخىر تەنھا يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېسسىيات چىرمىۋالدى، ھەتتاكى ئۇ ھەربىي جەھەتتە قۇدرەت تاپقان چاغلاردىمۇ، بۇنداق تەنھالىقتىن تەلتۆكۈس خالاس بولالمىدى. چۈنكى بىرىنچىدىن، يەرلىك ئۇيغۇرلار ياقۇپبەگنى ئۆز قوۋمىمىزدىن ئەمەس، دەپ قارىدى. ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ياقۇپبەگنى «ئەنجانلىق قىپچاق» دەپ ئاتىدى ھەمدە بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ياقۇپبەگ ئارىسىدىكى ھېسسىيات جەھەتتىكى زور توسۇققا ئايلاندى. ئىككىنچىدىن، ياقۇپبەگنىڭ زېمىنى، بايلىقى «كاپىر» چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن ئەمەس، بەلكى قەشقەردىكى سىدىقبەگ، خوتەندىكى ھەبىبۇللا، كۇچادىكى راشىدىن ۋە ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغان. ئېتىقاد بويىچە ئۆلچىگەندە، بۇ كىشىلەر مۇسۇلمان ئىدى. بۇ جەرىيان ياقۇپبەگ بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئارازلىق پەيدا قىلدى. ياقۇپبەگ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن بولغان ھېسسىيات جەھەتتىكى بۇ ئارازلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، كۆپ جەھەتلەردىن تىرىشىپ باقتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم تەدبىرى دىنىي ھېسسىيات ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش بولدى، بۇ

ياقۇپبەگنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى شەكىللەندۈردى. «پايدىلىنىش» — بۇ ئاساسىي پوزىتسىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى، شۇڭا ياقۇپبەگنىڭ دىنىي پائالىيىتى ئىككى تەرەپلىمە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. بىر تەرەپتىن ياقۇپبەگ ئىسلام شەرىئىتىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇردى ھەمدە ئۆزى ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، 300 نەچچە ئايال بار ھەرەمخانا تەسىس قىلىپ، ئىسلام دىنىدا قاتتىق مەنئى قىلىنىدىغان كەيپ ـ ساپا تۇرمۇش كەچۈردى①.

ياقۇپبەگنىڭ دىندىن پايدىلىنىشى، سىياسەت جەھەتتىن ھەم ئىسلام دىنىغا ئىمتىياز بېرىش، ھەم ئىسكەنجىگە ئېلىش بىلەن ئەكس ئەتتى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئىسلام دىنى مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا رول ئوينىدى ۋە پائالىيەت ئېلىپ باردى.

(1) ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ئورنى

ئەرلەر سەللە يۆگەش، ئاياللار رومال بىلەن يۈزىنى يېپىش، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە ھەر كۈنى سەئۈدى ئەرەبىستاندىكى مەككە شەھىرىگە قاراپ بەش ۋاخ ناماز ئۆتەش — مانا بۇ ساياھەتچىلەر ۋە يازما يادىكارلىق مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار رايونى جەمئىيىتى توغرىسىدىكى تەسۋىرى، بۇنىڭغا زىت قىلمىشلار قاتتىق جازالىناتتى. ئاشكارا سورۇنلاردا باش كىيىم كىيگەن، ئەمما سەللە يۆگىمىگەن ئەرلەرنىڭ باش كىيىمى قايچا بىلەن قىرقىپ تاشلىناتتى ياكى يىرتىۋېتىلەتتى، رومال ئارتماي يۈزى ئوچۇق قالغان ئاياللار دەررىلىنەتتى. ناماز ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ قويغان مەزىنلەر ئەيىبلىنەتتى ياكى مەزىنلىكتىن قالدۇرۇلاتتى. روزا مەزگىلىدە يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى قىلغانلارغا جەرىمانە قويۇلاتتى②.

كروپاتكىن ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىنى مۇنداق

يىغىنچاقلىغان: «ياقۇپبەگ بۇ رايوننى زور جامائەگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك قىلىدۇ، جامائەدىكى يېگى جامائەت ئۆزلىرىنىڭ قان ـ تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ يەر تېرىش كېرەك، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەردىن ئالىدىغان ھوسۇلى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، لېكىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىغا تەقدىم قىلىنىشى لازىم»③.

بۇ مەزگىلدە، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى غايەت زور رولىنى ياقۇپبەگ پەيدا قىلغانىدى.

ياقۇپبەگ كۇچانى ئالغاندىن كېيىن 1867 ـ يىل 9 ـ ئايدا ھەرقايسى جايلارنىڭ ھاكىمبەگلىرىگە ئۆز تەۋەسىدىكى جايلاردا دىنىي مۇئەسسەسەلەرنى كېڭەيتىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇشنى بۇيرۇدى، بۇ دىنىي مۇئەسسەسەلەر مەسچىت، خانىقا④، مازار (مەقبەرە) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ياقۇپبەگ يەنە ئۇستا بېشىلارنى تەيىنلەپ خانىقا ۋە مەسچىت پەشتاقلىرىنى ئېگىزلىتىپ ۋە ئۇلارنى ئەڭ ياخشى زىننەت ماتېرىياللىرى بىلەن زىننەتلەشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بىرى، زاكىرجان قارى ئىسىملىك دىنىي زات ياقۇپبەگنىڭ يارلىقى بويىچە نۇرغۇن پۇل ئېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككە مۇئەززىگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە شەھەر نامىدا تەكيەخانا (مېھمانخانا) بىنا قىلىشقا تەيىنلەندى. قۇرۇلۇش پۈتكىچە زاكىرجان كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى⑤، يەنە بىرى، ئاپاق خوجا مەقبەرىسىگە قوشۇپ سېلىنغان خانىقانىڭ پەشتىقى قايتىدىن ياسالدى⑥.

ياقۇپبەگنىڭ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ دىنىي پوزىتسىيىسىنى، مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئاھالىلىرىدە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىش نىسبىتى

بۇ دەۋردىكى ئىسلام دىنىنىڭ يەرلىكتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ بىرى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى مەھكىمە شەرئى ئىجرا قىلغان. مەھكىمە شەرئى بۇ ھوقۇقلارنى «قۇرئان»، «ھەدىس» ۋە شەرىئەتكە ئاساسەن يۈرگۈزگەن.

ئامانلىقنى ساقلاش ھوقۇقى ۋە مەھكىمە شەرئى ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئىنتايىن كەڭ ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بويسۇندۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بويسۇندۇرغۇچىسىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى ئۇزۇل-كېسىل تىزگىنلىگەن. ياقۇپبەگنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتقان سىياسىي پوزىتسىيىسى پايدىلىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغاچقا، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ياقۇپبەگنىڭ ئىسلام دىنىغا بەرگەن ئىمتىيازى چەكلىك ئىدى. ھەممىدىن روشەن بولغىنى شۇكى، ياقۇپبەگ ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئامانلىق ساقلاش ھوقۇقىنى مەھكىمە شەرئىگە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدلىيە ھوقۇقى دائىرىسىدە ئۆلۈم جازاسى ھوقۇقىنى ياقۇپبەگ ئۆزى يۈرگۈزەتتى. ياقۇپبەگ ھوقۇقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ بىگۇناھ كىشىلەرنى خالىغانچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغان بولدى. بۇ چاغدا، ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن قائىدە-قانۇنلىرى ياقۇپبەگنى قىلچە چەكلىيەلمەيتتى. ياقۇپبەگنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ئۇنىڭ ھەرەمخانىسىدا نۇرغۇن ياش مەھرەملىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر جەمئىيەتكە تارالدى. كېيىنچە، بۇ ئەھۋاللار «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ ئاپتورى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. «تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ رىۋايەت قىلىنىشىچە جانابى

ئېلىنىڭ ئەمرى ئەقىدە ۋە ئىلكى مۈلكىدە بولغان مۇسۇلمان، تۇڭگانى، خەنزۇ، شۇغنان، قالماق، قازاقلاردىن ئولجا ئېلىنغان جۇۋان، چوكان، كاتتا ئۇلۇغلارنىڭ ئەۋلادى قاتارلىق ئايىم ئاغىچا ـ خوتۇنلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 600 دىن ئارتۇق ئىدى دېگەن قىسسە ۋە ھېكايىلەر بار. ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئىچىدە توختىخان ئايىم دېگەن بىر ئايال پانسات بار ئىدى. ئۇ ھەممە خوتۇنلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تەلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىپ، جانابىي بەدۆلەتنىڭ سۆھبەتلىرىگە لايىقلاپ تەييار قىلاتتى. جانابىي ئالى ھەر شەھەردە بىر كاتتا ھويلا قىلىپ، ئىچىگە نەچچە ھۇجرىنى تەيىنلەپ، ھەربىر ھۇجرىغا نەچچە خوتۇننى سولاپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە كىچىك ۋە ياش مەھرەم ئوغۇللاردىن بىرقانچىسىنى قويۇپ خەۋەر ئېلىشقا بەلگىلىگەنىدى. ئۇ بەزى خوتۇنلارنى بىر قېتىم ئىلكىگە ئېلىپلا قارىماي قوياتتى. مەزكۇر مەزلۇملار ئۆز نەپسى شەھۋىتىنى مۇھاپىزەت قىلالماي، بالاغەتكە يەتكەن ياش بالىلارغا ئېسىلىپ، شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلارغا خىلاپلىق قىلاتتى. شۇڭلاشقا بۇنداق خوتۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋە نۇرغۇن ياش ئوغۇل بالىلارنىڭ قانلىرى نەچچە قېتىم ئازاب ـ ئەلەملەر بىلەن ناھەق تۆكۈلۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۆلتۇرغان ئۆيلىرىگە كۆمدۈرگەنىدى.»⑦

ياقۇپبەگنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئات ئاختا قىلىدىغان يۈسۈپبەگ ۋەقەسىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

يۈسۈپبەگ كۇچالىق ئات ئاختا قىلىش ئۇستىسى بولۇپ، ئات ئاختا قىلىشقا ئۇستا بولغاچقا داڭق چىقارغان. تۆۋەندىكىلەر «تارىخىي ھەمىدى» دىن نەقىل ئېلىندى: «فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئادەملىرى مىجەز ـ خۇلقى جەھەتتىن ئايغىر ئاتنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئاختا ئاتنى ناھايىتى كەم مىنىدىكەن. بىر ۋاقىتتا نىياز ھاكىمبەگ بىرمۇنچە كاتتا ۋە ياخشى قالماق، قازاق

ئاتلىرىنى تارتۇق قىلغانىكەن. بۇ ئاتلار ئاتخانىـــغا بۇيرۇپ بېرىلگەنىدى. بىر چاغدا بەدۆلەت ئالى ئاتخانىغا كىرىپ نەچچە ئاتنى ئالدىغا ئالدۇرۇپ كېلىپ كۆرسە، بۇنىڭ ھەممىسىلا ئاختا قىلىنغان ئاتلار ئىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، مىراخور بېشىدىن «بۇ ئاتلارنى قانداق ئادەم ئاختا قىـــلغان؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كۇچالىق يۇسۇپبەگ دەپ ئات كېسىدىغان بىر ئادەم بار، خوتەنگە بېرىپ نىياز ھاكىمبەگنىڭ ئاتلىرىنى ئاختا قىلغان ئىمىش. ھازىر بۇ يەرگە كېلىپتۇ» دەپ مەلۇم قىپتۇ.

ئۇ (ياقۇپبەگ) يىگىت بۇيرۇپ يۇسۇپبەگنى ئەكەلدۇرۇپ، «سىزنى ئات كېسىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، سىز ئوبدان ئۇستىمۇ» دەپ سوراپتۇ.

ئۇ «ئالتە شەھەردە يەنە مەندەك ئات كېسىدىغان ئۇستا يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«نەچچە ئات ئاختا قىلغانىســـز؟» دېگەندە، «ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە مىڭ ئات ئاختا قىلغاندۇرمەن» دەپتۇ. يەنە «قانداق ئۇسۇل بىلەن ئاختا قىلىسىز» دەپ سوراپ، ئۇنىڭ ئاختا قىلىش ئۇسۇلىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ، «چىقىپ تۇرۇڭ» دەپ چىقىرىۋېتىپ، مىراخور بېشىغا «ئات كېسىشنىڭ يولىنـــى كۆردۈڭمۇ، سەنمۇ كېسەلەمسەن» دەپ سورىغاندا، مىراخور بېشى «پەرمان بولسا كېسىمەن» دېگەن ئىكەن. «ئۇنداق بولسا يۇسۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن يول بويىچە، ئۆزىنى ئۆز ئەسۋابلىرى بىلەن ئاختا قىلىپ قويغىن» دەپ پەرمان قىپتۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلار مىراخورنىڭ ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئات كەسكۈچى يۇسۇپ بېگنى ئاختا قىلىش جەريانىدۇر⑧.

بۇ ۋەقەدە ياقۇپبەگ ئىسلام قائىدە ـ قانۇنلىرىدىن ھېچقانداق دەلىل كەلتۈرمەيلا قالماي، مەھكىمە شەرئىيىنىڭ مۇرەككەپ رەسمىيەتلىرىنىمۇ ئۆتىمىگەن. ياقۇپبەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا،

مۇنداق ئەھۋالدا، پەقەت ئۇنىڭ ئىرادىسىلا مەۋجۇت ئىدى، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئىسلام قائىدە - قانۇنلىرىغا چوقۇنۇشىمۇ، شۇ چاغدا ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن.

لېكىن كۆپ ھاللاردا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ياقۇپبەگ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئىچىدىكى ئورنىنى مەقسەتلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرگەن. بولۇپمۇ، ئۇ ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ھاجەتمەن بولغاندا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قەدىرلەش خاھىشى ناھايىتى روشەن بولغان، بۇنىڭغا ياقۇپبەگنىڭ ئىسلام دىنى ئارقىلىق قوشۇننى تىزگىنلىگەنلىكىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ياقۇپبەگ ھەربىر پانساتقا دىنىي ئەمەلدار سەپلىگەن. ئۇلار دەرىجىسى بويىچە قوشۇننىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارى بولغان. قوشۇندا «قۇرئان»، «ھەدىس» لەرنى تەپسىر قىلىدىغان ئەمەلدار ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى دىنىي ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلار «قازى ئەسكەر» «مۇفتى ئەسكەر» ۋە «رەئىس ئەسكەر» دېيىلەتتى⑨. ئۇلار بىرلىكتە قوشۇننىڭ ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنى تەشكىل قىلغان.

ياقۇپبەگ قوشۇندىكى بۇنداق ئەمەل - مەنسەپدارلارغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكتىن، قوشۇندىكى مەھكىمە شەرئى ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئۆز قوشۇننى باشقۇرىدىغان مۇھىم قورالىغا ئايلانغان. «تارىخىي ھەمىدى» بىلەن «تارىخىي ئەمنىيە» دە ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنغا چۈشۈرگەن بىرنەچچە تۈرلۈك پەرمانى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھەممىسى ھەربىي سوت ئەمەلدارلىرىغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل ئەھۋال ياقۇپبەگنىڭ ئۆز قوشۇنىدىكى سوت ئەمەلدارلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدىكى سوت ئەمەلدارلىرىغا چۈشۈرگەن پەرمانى نۇرغۇن جايلاردا يەرلىكتىكى

مەمۇرىي ئىشلارغىچە بىرىپ يەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى نۇرغۇن جايلاردا، بولۇپمۇ ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغان چاغلاردا، قوشۇندىكى سوت ئەمەلدارلىرى يەنە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ بىر قىسىم ھوقۇقىنىمۇ يۈرگۈزەلەيتتى.

قوشۇندىكى مەھكىمە شەرئى ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا دىنىي تىنچلىققا مەسئۇل ئەمەلدار - «رەئىس ئەسكەر» ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. دىنىي تىنچلىققا مەسئۇل ئەمەلدارنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسى ئەسكەر - سەرۋازلارغا ھەر كۈنى «ئىسلام دىنىنى مەدھىيىلەش» ، «كاپىرلارغا قارشى تۇرۇش» ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئىدى. قوشۇننىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل ئەمەلدارنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى قوشۇندىكى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى تەشكىللەپ «قۇرئان كەرىم» نى تۇتۇپ رىتىملىق ھالدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «يائاللا! يارەسۇل! » (ئاللا ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۈچۈن) دەپ توۋلاپ تەكشى قەدەم بىلەن قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. بۇ خىل ئاشكارا شەكىل ئارقىلىق، ئۇ قويۇق دىنىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇراتتى.

ياقۇپبەگنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان مۇئامىلىسى ئادەتتە ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئۇ بەزىدە ئىسلام دىنىنى مەدھىيىلەپ كۆككە كۆتۈرۈۋەتتى. بەزىدە ئېتىبارسىز قاراپ دىنىي ئەمەللەرنى كەمسىتەتتى. بۇ جەرياندا ياقۇپبەگ يەرلىك دىنىي تەسىر كۈچلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى ئېھتىيات بىلەن توساتتى. ياقۇپبەگ ھەرقايسى جايلاردىكى دىنىي ئەسلىھەلەرنى قالدۇرماي رېمونت قىلىش، ياساش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەندە ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە ساخاۋەتلىك ئىش قىلغانلىقىنى پۈركىتىپ قويغان. ئۇ قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارغىمۇ پەرۋا قىلمىغان. ئۇنىڭ چارىسى شۇ بولغانكى، ئۇ رېمونت قىلغان ۋە قايتىدىن ياسىغان دىنىي قۇرۇلۇشلار ئىچىدە

قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار سەردارىنىڭ مەقبەرىسى ۋە يەكەندىكى قارا تاغلىقلار سەردارىنىڭ مەقبەرىسىمۇ بار ئىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي، ياقۇپبەگ مۇھەممەت خوجا، ئابدۇخالىق ئىشان ھەمدە ھىندىستانلىق دىۋانى ئاتا قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارا تاغلىقلار سەردارىنىڭ ئەۋلادلىرى ياكى ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارىمۇ يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ياقۇپبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا كەڭ كۆلەمدە تەسىر كۆرسەتكەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلارنى ئۆزىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىن ئايرىۋەتكەنىدى.

2) ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ غايەت زور ئۆزگىرىشىدە باج يىغىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ياقۇپبەگ دىنىي باجلار — ئۆشرە ـ زاكات ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ۋە سودا ـ سانائەت باجلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان. بۇ خىل باج تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىسلام دىنىي ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە بىۋاستە زىيان يەتكۈزگەن. چۈنكى ئۆشرە ـ زاكات دېگەنلەر ئاتاقتا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىيات، دىنىي ئەھكاملار بويىچە بەرگەن سەدىقىسى بولسىمۇ ئەمما، بۇ خىل سەدىقىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇلغان. شۇڭا ئەمەلىيەتتە ئۇ مەلۇم دەرىجىدە زورلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ قالغان. ياقۇپبەگ مۇشۇ ئۆشرە ـ زاكاتنى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باجغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، بۇ خىل دىنىي ئورگانلار چىقىرىدىغان سەدىقە ئىسلام دىن ئورگانلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي، بەلكى ياقۇپبەگنىڭ باج يىغىش تارماقلىرى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغان.

ئىسلام دىن ئورگانلىرىدىكى باج يىغىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان زىيان بەدىلىگە ياقۇپبەگ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرغان.

ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى سەدىقە بەرگەن جەرياننىڭ ۋاقىت تەرتىپىگە قارىغاندا، دەسلەپتە ئۇ باج تۈزۈمى ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى دىنىي ئورگانلار ئۇچرىغان زىيانغا تامامەن ئېتىبارسىز قارىغان. ئۇنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ياقۇپبەگ خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ دائىرىسى «ئالتە شەھەر، 40 كۈنلۈك يولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان» بوستانلىقنى نىيازبەگكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ⑫بۇ يەردە، خوتەن رايونىدىكى دىنىي ئورگانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قىلچىمۇ نەزەرگە ئالمىغان.

ياقۇپبەگ كۇچانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دىنىي ئورگانلارغا تۇنجى قېتىم سەدىقە بەرگەن. «تارىخىي ھەمىدى» دە يېزىلىشىچە: «ئاتالىق غازى كۇچادا ئىككى ئاي تۇرۇپ مازار شەيخلىرىگە قۇللۇق بىلدۈردى ۋە ئۇلارغا ھەر خىل نەرسىلەرنى سەدىقە قىلدى» . ئارقىدىنلا ياقۇپبەگ قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە يەنە ئاقسۇدىكى دىنىي ئورگانلارغا كۆپ مىقداردا سەدىقە بەردى⑬. ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇ رايونىدىكى دىنىي ئورگانلارغا بەرگەن سەدىقىلىرى ئاساسەن ئاقسۇدىكى جالالىدىن مازىرى بىلەن ئۇنىسۇ تەۋەسىدىكى قۇرمىش مازىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ياقۇپبەگنىڭ جالالىدىن مازىرىغا بەرگەن سەدىقىسى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. چۈنكى تېخى يېقىندىلا ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى راشىدىن دەل شۇ جالالىدىننىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. بۇ يەردە ياقۇپبەگنىڭ راشىدىن خوجىغا بەيئەت قىلغان يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە بولغان دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى پەسەيتىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ياقۇپبەگنىڭ دىنىي ئورگانلارغا بەرگەن سەدىقىسى بارغانچە كۆپىيىشكە باشلىدى ھەمدە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق يەرلەرگىچە كېڭەيدى.

قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرى (ئىپارخان قەبرىسىمۇ دېيىلىدۇ) ، يەكەندىكى چىلتەن مازار،

خوتەندىكى قوشقار ئاتام مازىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگ بەرگەن نۇرغۇن سەدىقىلەرگە ئېرىشتى. پەقەت خوتەندىكى قوشقار ئاتام مازىرىلا ئېرىشكەن تېرىلغۇ يەر 3000 مو يەردىن ئارتۇق ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 2000 مو يەر خوتەندە، 1000 مو يەر قاراقاش بىلەن لوپتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياقۇپبەگنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن خوتەندە نەچچە يۈز كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان «جامە مەسچىتى» ياسالدى. بۇ مەسچىتكە ئىشلىتىلگەن ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى تەكلىماكان ئەتراپىدىن كېسىپ كېلىنگەن توغراق ياغاچلىرى ئىدى. نەچچە مىڭلىغان ئىشلەمچى ئۈچ يىلدا بۇ ياغاچلارنى تەكلىماكاندىن خوتەنگە توشۇپ كەلگەن. بۇ ۋەقەگە ئاساسەن مۇنداق بىر ھېكايە توقۇلغان: ياقۇپبەگ خوتەن ئاھالىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر قارا قۇرۇم تېغى ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن يەر تېرىيدىغان ئادەم قالمىغاچقا، باج يىغىشمۇ مۇمكىن بولمىغان. بىر كىشى ياقۇپبەگكە تەكلىپ بېرىپ، خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىغا بەك ئېتىقاد قىلىدۇ. سىز پەقەت نۇرغۇن مەسچىت ياساپ ھەرقايسى جايلاردىكى مازارلارنى رېمونت قىلسىڭىزلا پىتىراپ كەتكەن خوتەن ئاھالىسىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيسىز، دېگەن شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ نىيازبەگكە خوتەندە چوڭ تىپتىكى مەسچىت ياساشنى، جايلاردىكى مازارلارنى رېمونت قىلىشنى بۇيرۇغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا خوتەندىكى «جامە مەسچىتى» دەل مۇشۇ چاغدا ياسالغان. شۇڭا بۇ رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. مەدەنىيەت ـ مائارىپ

### 1) تىل ـ يېزىق

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ھۆكۈمەت ئۆزبېك تىلىنى

قوللانغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوقەندتىن كەلگەن ئەنجانلىقلار ئىدى⑭. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىچىدىمۇ قوقەندلىكلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى ئەمىرلەر ئارىسىدا پەقەت كۇچالىق ئابدۇللا بەگلا ئۇيغۇر ئىدى. يەرلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە نىياز ھېكىم بەگلا بىردىنبىر ئۇيغۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن، قەشقەر بوستانلىقلىرىدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى قوقەندلىكلەر ئىدى. مەسىلەن، يەكەننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى مۇھەممەت يۇنۇسجان قوقەند خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا خاننىڭ باش مىرزىسى بولغان بولۇپ، قوقەند خانلىقىنىڭ نۇرغۇن مۇھىم سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان.

ھەربىي مەنسەپ تۇتقان قوقەندلىكلەر ئۆزبېك تىلىنى قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسلىق كۈچ ئىدى. ئۆزبېك تىلى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە بولسىمۇ، ئەمما تاۋۇش، سۆزلۈك جەھەتلەردە روشەن پەرق بار، شۇڭلاشقا بۇ پەرقلەر تۇپەيلىدىن يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئەتراپىدىكى قوقەندلىكلەردىن ھەر ۋاقىت پەرقلىنىپ تۇراتتى. تىل جەھەتتىن ئىپادىلەنگەن بۇ پەرق ياقۇپبەگ باشچىلىقىدىكى قوقەندلىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەپ قويغان.

ئۆزبېك تىلىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسىنى چەكلەپ قويغان. بۇ خىل چەكلەش، ھەتتا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوخشاشلا يەرلىك ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى. ھەر خىل ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، ئەدلىيە كېسىمنامىلىرى، خەلق ئارىسىدىكى توختام، ھۆججەتلەر ھەتتا

پۈل بىرلىكلىرىدىمۇ شۇنداق ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەت - ئالاقىلەردىمۇ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلاتتى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى يۇقىرىقى قانۇنىي ئورۇنلاردا ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. بۇ دەۋردە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تىل مۇھىتىدا يۈز بەرگەن يەنە بىر ئۆزگىرىش شۇكى، پارس، ئەرەب تىللىرىدىن كۆپلەپ سۆز قوبۇل قىلىنىپ ئۇيغۇر يېزىق تىللىرىدا قوللىنىلغان. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق كىتابىغا ياقۇپبەگنىڭ ئۈچ پارچە پەرمانى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پەرمان بىۋاستە پارسچە يېزىلغان. ئۇنىڭ بىرى ھىجرىيە 1289 - يىلى (مىلادىيە 1872 - يىل) پىچاندا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ قازىخانا ئەمەلدارىغا چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىرى شۇ يىلى خوتەندە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ قازىخانا ئەمەلدارىغا چۈشۈرۈلگەن. ئۈچىنچىسى تۈركىي تىلدا (ئۇيغۇرچە) يېزىلغان. بۇ پەرمان 80 سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 69 سۆزلۈك ئۇيغۇرچە ئىزاھلانغان⑯ «تارىخىي ھەمىدى» دە خاتىرىلەنگەن ئاپتورنىڭ بىر پارچە شېئىرىدىمۇ پارس تىلى بىلەن ئەرەب تىلى ئارىلاش قوللىنىلغان. پۈتۈن شېئىر 39 مىسرا بولۇپ ئۇيغۇرچە ئىزاھلانغىنى 25 قۇر⑰.

2) مائارىپ

ياقۇپبەگ كومېدىيە تۈسىنى ئالغان ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق ئىدى. مەسىلەن بىر ھەربىي ئەمەلدار دېھقان ئايالنىڭ بىر قاچا قېتىقىنى ھەقسىز ئىچىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قورسىقى يېرىۋېتىلگەن؛ بىر ئەسكەر بىر دۇكاندارنىڭ بىر باغ بېدىسىنى ھەقسىز ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن؛ ئۆز ئوغلى بىر ئېشەكنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ياقۇپبەگ تەرىپىدىن سۆرىتىپ

ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنداق قاتتىق جازا قوللىنىشنىڭ مەقسىتى روشەنكى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇق ئىمتىيازىنى نامايان قىلىش ئىدى. ئەمما ياقۇپبەگ بەزىدە يەنە باشقىچە ئوبرازدا خەلق ئالدىدا نامايان بولاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغان. ئۇيغۇر زىيالىيلار قاتلىمى ئارىسىدا ھەر ۋاقىت ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان موللا مۇسا سايرامىدەك ئىلىمگە كامىل ئەدىبلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ياقۇپبەگنىڭ مەكتەپلەرگە ئېتىبار بېرىش ئەھۋاللىرىنى ئالاھىدە خاتىرىلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ياقۇپبەگ ھەربىر شەھەر - بازارغا بارغاندا شۇ شەھەر - بازارغا بىر بېكەت (تەخمىنەن 50 چاقىرىم) يول قالغاندا بىر نەپەر مۇھاپىزەتچى ياقۇپبەگنىڭ پەرمانى بويىچە شەھەرگە كىرىپ مەكتەپتە دەرس بېرىۋاتقان موللىلارغا بىر قۇر مۇراسىم كىيىمى، بىر تىللا تارتۇق قىلاتتى. ئاندىن ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا بىر كۈنلۈك دەم ئېلىش بېرىپ، ئۇلارنى يول بويىغا تىزىپ ياقۇپبەگنى كۈتۈۋالاتتى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ياقۇپبەگ شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە موللىلار ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ شەھەر سەيناسىنىڭ سىرتىغا كېلىپ كۈتۈۋالاتتى. بۇ چاغدا ياقۇپبەگ مەپىدىن چۈشۈپ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سوراپتتى ۋە ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئارقىدىنلا ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئىككىدىن، بەشتىن، ھەتتا ئوندىن تەڭگە ۋە «قۇرئان» نى ھەدىيە قىلاتتى. ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن تىكلىگەن بارگاھقا باراتتى[18].

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ياراتقان بىرلىككە كەلگەن، مۇقىم ئىجتىمائىي سىياسىي شارائىت ئاستىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى مۇقىم ھالدا تېز تەرەققىي قىلدى.

19 - ئەسىردىن كېيىن بۇ رايوننىڭ مائارىپى باسقۇچلۇق ھالدا

ئىنچىكىلىك بىلەن «مەكتەپ» ۋە «مەدرىس» كە ئايرىلغانىدى. ئالدىنقىسى باشلانغۇچ مائارىپقا، كېيىنكىسى ئالىي مائارىپقا تەۋە بولۇپ، باشلانغۇچ مائارىپنى پۈتتۈرگەنلەر «قارى» بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى «قۇرئان كەرىم» نى يادقا ئوقۇش ۋە ئادەتتىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ياخشى ئىگىلەش بىلەن كۇپايىلىنەتتى، ئالىي مائارىپنى پۈتتۈرگەنلەر موللا بولاتتى. موللىلار ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن سىرت يەنە ئەرەب پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەيتتى. موللىلارنىڭ ئۆگەنگەن دەرسلىرى تىل، پەلسەپە، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «مەدرىس» نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا شەھىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار «داموللا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ مەنىسى 10 موللامغا دەرس بېرەلەيدىغانلار دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۆز بىلىمىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار «مەۋلىۋى» بولاتتى.

ئەگەر ئەڭ ئاخىرىدا مىسىردىكى ئەزھەر دىنىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرسە «شاھ» نامىغا مۇشەررەپ بولاتتى.

ياقۇپبەگ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا، ھەرقايسى جايلارنىڭ مائارىپ ئەسلىھەلىرىگە ئەسەبىيلەرچە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ «مەكتەپ»، «مەدرىس» لىرى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىدى ھەمدە ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي بارگاھىغا ئايلاندى. كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە، ياقۇپبەگ ھەرقايسى جايلارنىڭ مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى قالايمىقان بۇزۇش ئەمەلىيەتتە شۇ جايدىكى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا موللا مۇسا سايرامى بايان قىلغان مەنزىرە پەيدا بولدى. ئالدى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ

«ھېيتگاھ» ، «مەدرىس» يەكەننىڭ «ئالتۇن» مەدرىس قاتارلىق بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ ئەسلىھەلىرى، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئەسلىگە كەلدى. ئارقىدىنلا ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭمۇ مائارىپ ئەسلىھەلىرى، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خوتەننىڭ مائارىپ ئەسلىھەلىرى يۇقىرىقى رايونلاردىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى. ياقۇپبەگنىڭ پەرمانى بويىچە خوتەندە «جامە مەسچىتى» قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، «جامە مەدرىسى» مۇ ياسالدى. بۇ مائارىپ ئەسلىھەلىرىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشى بولغان سىنىپ ۋە ياتاقتىن سىرت يەنە تاماقخانا بىلەن تازىلىق ئەسلىھەلىرىمۇ ماسلاشتۇرۇپ سېلىنغانىدى.

ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلگەن ھەرقايسى مائارىپ ئەسلىھەلىرى بولۇپمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ ئەسلىھەلىرى، ياقۇپبەگ ئۈچۈن بىر قارار تۆۋەن قاتلام ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە روھانىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 10 يىل ئىچىدە، ھەرقايسى مەدرىسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەربىي ئورۇنلارغا ئۈزۈلمەي تەقسىم قىلىنىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولدى ياكى بولمىسا ھەرقايسى جايلارنىڭ مەسچىتلىرىگە تەقسىم قىلىنىپ، دىنىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ مەدرىسنى پۈتتۈرگەن تالىپلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. نەتىجىدە «داموللا» ئۇنۋانى ئالىدىغانلارنىڭمۇ سانى ئازىيىشقا باشلىدى ھەمدە «داموللا» ئۇنۋانى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى يوقىتىپ، بارا ـ بارا بىلىمى مول كىشىلەرنى ئاتايدىغان ئاتالغۇغا ئايلاندى. داۋاملىق ئۆزلىشىش جەريانىدىن كېيىن «دا» سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى

«چوك» سۆزى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىپ «داموللا» دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولدى.

شۇ مەزگىللەردە يەنە، يولنىڭ يىراقلىقى، خىراجىتىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ .ھىندىستانغا بېرىپ ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئازلاشقا باشلىدى.

بۇ مەزگىلدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن مائارىپچى سەئىدى ئەردىلەنى ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى ئاپاق خوجا مەدرىسىدە 10 يىلدەك مۇدەررىسلىك قىلغان. يەنە بىر يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن مائارىپچى مۇھەممەد شېرىپ بولۇپ، ئۇ ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئالتە يىلدەك مۇدەررىسلىك قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 300 گە يېقىن تالىپ ئۇنىڭ تەلىمىنى ئالغانىكەن⑱. موللا ئابلىمىتمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق مائارىپچى ئىدى. ئىلگىرى ئۇ بۇخارا شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى كۆپ، كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى تۈز، ئوقۇتۇشقا قاتتىق تەلەپ قويۇپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

## 3. ئۇسسۇل، مۇزىكا

### 1) ئۇسسۇل

«ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئاپتورى چارلىز بولگېر يەكەن شەھىرىدىكى بىر ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىل بىلەن ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغان. بۇ سودىگەر: ئۇ ۋاقىتتا (چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ) كۈندە دېگۈدەك سودا ياخشى بولاتتى. بازار ناھايىتى قىزىيتى. قازىلارنىڭ ئالتە ئەسكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچا ـ كويلاردا كىشىلەرنى ئۇرۇپ، ناماز ئوقۇشقا زورلايدىغان، ئايالالارنى بازاردىن ھەيدەيدىغان ئىش يوق ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا يەنە هاراق ئىچكەن، يېيىش چەكلەنگەن گۆشلەرنى يېگەنلىكتىن تاياق يەيدىغان ئىشمۇ يوق ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، يەنە پال سالغۇچىلار بىلەن كىتاب ئاچىدىغانلار كوچا - كويلاردا ئۇياق - بۇياقتىن مېڭىپ كىشىلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. كىچىك دۇكان ئالدىغا هەر خىل رەسىم ۋە بايراقلارنىڭ سۈرىتى ئېسىلغان، يەنە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرگەن، ئەتلەس شايى كىيگەن چىرايلىق قىزلار مېهمانلارنى ناهايىتى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى ۋە كۆڭلىنى خوش قىلاتتى» دېگەن. شۇ تۈزۈمدىكى كەيپىياتنىڭ بۇرۇلۇشىنى ئاتالىق غازىنىڭ مۇسۇلمان تۈزۈمىدىكى كەيپىياتنىڭ بۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، بۇ شاهىد: «توغرا، ئېهتىمال ئوخشاشتۇر» دېدى. ئۇ ۋاقىتلاردا لۇكچەك، قىمارۋازلار كۆپ ئىدى. يەنە بەزىلىرى هاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋېلىپ، هەمىياننىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قوياتتى. لېكىن هازىرمۇ شۇنداق، بىراق ئۇنچىلىك ئوچۇق - ئاشكارا ئەمەس. چۈنكى، هازىر ئىسلام دىنى تۈزۈمى ئاستىدا، دىنىي قائىدىلەر ناهايىتى قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ. بولگېر بۇ يەكەنلىك ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ بايانى: «ناهايىتى ئوبرازلىق بولغان، ئۇ ئاشۇ زاماندىكى ئىككى خىل هۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى تۈزۈمنى ناهايىتى ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرگەن دەيدۇ.»[21] يەكەنلىك بۇ ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ بايانىدا شەك - شۈبهىسىز بىر خىل روهىي بېسىم ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ ياندىن جەمئىيەتنى قاپلىۋالغان بۇرۇقتۇرما كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاردا ئېغىر دەرىجىدە بېسىمغا ئۇچرىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكا ئىدى. ئالدى بىلەن ياقۇپبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ مەيداندا ئۇسسۇل ئوينىشىنى چەكلىدى. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ هېيت - بايرامدا ئوينايدىغان ساما ئۇسسۇلى. ساما ئۇسسۇلى هېيت - بايراملاردا هەمدە توي - تۆكۈنلەردە

ئوينىلىدۇ. بالىلىق ھەم تېتىك، كەيپىياتى قىزغىن ساما ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتقانلار ئاز دېگەندە نەچچە يۈز ئادەم ياكى نەچچە مىڭ ئادەمگە يېتىدۇ.

ياقۇپبەگنىڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مەيداندا ئۇسسۇل ئوينىشىنى چەكلىشىدىكى سەۋەبىنى مۇنۇ ئىككى تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئالدى بىلەن، مەيدان ئۇسسۇلىنىڭ كۆلىمى ۋە كەيپىياتى ئۇيغۇرلار بىلەن ئانچە چىقىشىپ كېتەلمەيدىغان ياقۇپبەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاسانلا سىياسىي توپىلاڭنىڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ خىل توپىلاڭنىڭ ئاساسلىق قارشى تۇرىدىغىنى تەبىئىيلا ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۈچۈن يات بولغان ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبنىڭ يەنە بىرى، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ياخشى كۆرىدىغان ئات ئويۇنى كۆرسىتىش، چېلىشىش قاتارلىق ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن چەكلەندى.

ياقۇپبەگ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مەيداندا ئۇسسۇل ئوينىشىنى چەكلىشى ھەمدە كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى چەكلەشتىكى مەقسىتىنى دىنىي رەھبەرنىڭ قىياپىتى «غازىلارنىڭ ئاتىسى» دېگەن سۆز بىلەن ياپقان. ياقۇپبەگ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مەيداندا ئۇسسۇل ئوينىشى بىلەن كوللېكتىپ پائالىيەتلىرىنى دىنغا ئاسىيلىق قىلغانلار ھەمدە ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن، قىز - چوكانلار بىلەن بەزمە قۇرغانلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ كەمسىتكەن. ياقۇپبەگنىڭ دېگىنى بويىچە، مەيدان ئۇسسۇلى ۋە كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى قاتارلىقلارنى چەكلىشى دىنغا ئاسىيلىق قىلمىشنى چەكلىشى، قىز - چوكانلار بىلەن بەزمە قۇرۇپ ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا سۈرۈشنى يوق قىلىش ئىدى.

كېيىنچە، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پەردازلاش ئۈچۈن، ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ساما ئۇسسۇلى ئويناش ھەمدە

كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە بولغان چەكلىمىسىنى بىر ئاز بوشاتقانىدى. مەسىلەن: تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ياقۇپبەگكە ئىنئام بەرگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۈچ كۈن تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغانىدى. تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋېلىش غەلىبىسى ئۈچۈنمۇ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ساما ئۇسسۇلى بىلەن كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆتكۈزۈلگەن. لېكىن، بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى قاتتىق كونترول قىلىنغان. بۇ پەقەت قەشقەر قاتارلىق جايلاردىلا ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ياقۇپبەگنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدا ئۇسسۇل كۆرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قىسمىغا ئايلانغانىدى. چۈنكى ياقۇپبەگ ياش ۋاقتىدا ناھايىتى داڭلىق ئۇسسۇلچى ئىدى. ئادەتتە ياقۇپبەگ ئۈچۈن ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ئاساسەن ئۇنىڭ 300 نەچچە كېنىزىكى ۋە ياش يىگىتلىرى ئىدى.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۈتۈن مەزگىلدە بىردىنبىر داۋاملاشقىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ «مەشرەپ» ى ئىدى. بولۇپمۇ چەت - ياقا جايلاردا «مەشرەپ» ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا داۋاملىق ئوينىلىپ كەلگەن. «مەشرەپ» تەك بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل شەكىللىرى بولغاچقىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ياقۇپبەگنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ، ئىزچىل داۋاملىشالىغان.

2) مۇزىكا

«مەشرەپ» ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۇسسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇزىكىسىنىمۇ داۋاملاشتۇرغان. «مۇقام» نىڭ ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگىچە يېتىپ كېلىشى «مۇقام»

كۇچىنىڭ كۆپلۈكلىكىنىڭ تۈپ مىسالىدۇر.

خەلق ناخشىسى ئاھاڭىنىڭ مول بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ھەربىي ئىشلار پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشى ھەرقايسى جايلار ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىدە يىغىلىپ، بەزىدە تارقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. يىغىلغاندا، ھەرقايسى جايلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى توپلىناتتى. تارقالغاندا، ھەرقايسى جايلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى ئۇلار بىللە تارقىلاتتى. ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان خەلق ناخشا ئاھاڭلىرى شەكلى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى خەلق ناخشا شەكلى شەكىللىنىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى، داڭلىق ئۇيغۇر سازەندە موللا ئابدۇباقى بولۇپ، ۋەسىقىلەردە ئۇنى «تولىمۇ ئەقىللىق، شېئىرغا ناھايىتى پىششىق، يۇرۇش - تۇرۇشى ئېسىل، مۇزىكا، ئۇسسۇلغا ناھايىتى قىزىقىدۇ ۋە ماھىر»⑳ دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

بۇ مەزگىلدە، ھەربىي ئوركېستىر ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدىكى بىر چوڭ نامايەندە بولۇپ قالدى. ئەڭ ئاۋۋال تەشكىللەنگەن ھەربىي ئوركېستىرى كۇچا مۇراسىم لەشكەرلىرى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسراقنىڭ ھەربىي ئوركېستىرى بۇنىڭغا ئۈلگە بولالايدۇ. مۇكەممەل ھەربىي ئوركېستىرى تۆتلۈك ئۇزۇن كاناي مۇزىكىسى، ئىككى سۇناي ۋە ئالتە ناغرىدىن تەشكىل تاپاتتى. مۇزىكىنى چېلىش تەرتىپى بولسا بىرىنچى رەتتە تۆتلۈك ئۇزۇن كاناي چېلىنىدۇ، ئىككىنچى رەتتە ئىككى سۇناي، ئۈچىنچى رەتتە ناغرا دۇمباق چېلىنىدۇ. تۆتىنچى رەتتە يەنە ئىككىلىك سۇناي چېلىنىدۇ. ھەربىي ئوركېستىرى ھەممىسى ئاتلىق مۇزىكا چالىدۇ. مۇزىكانتلار مىنگەن ئاتلارنى 12 نەپەر ئەسكەر يېتىلەپ ماڭىدۇ. بۇلار ئىسھاقنىڭ خاس قورۇقچىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سازلارنىڭ

ياسىلىشى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، بەزى سازلارنىڭ نەقىشلىرى ھەر خىل ئېسىل ياقۇتتىن ياسالغان.

ياقۇپبەگ پۈتۈنلەي كۆچا پەيدائىيلىرىنىڭ بۇ خىل ھەربىي ئوركېستىرنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىدىن پايدىلاندى، پەقەت سازلار ئىچىدە چوڭ دۇمباقنى كۆپەيتتى. مۇھىمى ياقۇپبەگ ھەربىي ئوركېستىرنى ھەربىي ئۇرۇش مەيدانىغىچە ئومۇملاشتۇردى. قوشۇندا مۇزىكا چېلىش ھەربىي ئوركېستىرنىڭ مەخسۇس بۇرچى. لېكىن، ئۇلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نەق جەڭ مەيدانىدا مۇزىكا چېلىپ، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىق روھىغا ئىلھام بەردى. ياقۇپبەگنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئىچىدە ھەربىي ئوركېستىر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئۇلار دائىم ياقۇپبەگ ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكى بىلەن مىنىدىغان ئېتىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى㉑.

ياقۇپبەگنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ ھەربىي ئوركېستىرى دائىم «خۇزۇرەم» بىلەن «شادىيانە» مۇزىكىسىنى ئورۇنلايتتى. ئالدىدىكى مۇزىكا ئاساسەن شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى، ھەربىي يۈرۈشنىڭ ئاھاڭلىرى ئىدى. كېيىنكىسى كۆپىنچە چوڭ تەبرىكلەش مۇراسىملىرىدا ئورۇندىلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇ ئەسلى غەلىبىنى جاكارلاشقا ۋە پەرمانلارنى ئېلان قىلىشقا تەڭكەش قىلىنىدىغان مۇزىكا بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئاھاڭى ناھايىتى شوخ ئىدى.

## 4. ئەدەبىيات

1) يازما ئەدەبىيات

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى قاراڭغۇ - زۇلمەت دەۋر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما

ئەدەبىياتى توختاپ قالاي دېگەندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى پۈتكەن «تارىخىي ھەممىدى» ۋە «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ ئاپتورى ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى كۆپلىگەن ئوقۇمۇشلۇقلار ۋە ئەدىبلەرنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇلار: سەئىد ئەردىلەنى، موللا مۇھەممەد شىرىفى، موللا مىرزا مۇھەممەدى، ئابدۇلتىپ ھاجى قاتارلىقلار ئىدى ㉕.

«تارىخىي ھەممىدى» ۋە «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ ئاپتورى بۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى، بىلىمى، قابىلىيىتى شۇنداقلا تىل تالانتىغا يۈكسەك باھا بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرىنى ياكى داڭلىق ئەسىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇش قىيىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۈتۈن دەۋردە ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەر روياپقا چىقمىغانىدى. ياقۇپبەگ جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىشنى سىياسىي رەقىبلىرىنى يېڭىشنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ قەشقەرگە دەسلەپ بارغان ۋاقتىدا قەستەن كىچىك بىر سارايغا چۈشكەنلىكى، ئامالدىنىڭ بارىچە كاتتا مېھماندارچىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، بۇزرۇكنى ھەممە يەردە كۆككە كۆتۈرۈپ، ئىززەتلىشى قاتارلىقلار پۈتۈنلەي جامائەت پىكرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن قىلىقلىرى ئىدى. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خوتەندە ئۇيغۇر خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغان قىلمىشى، ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خوتۇن ـ قىزلىرىنى ھەرىمىگە ئەكىرىۋېلىپ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا سۈرۈشى، يەنە ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ۋە زوراۋانلىق بىلەن ئاچ كۆزلەرچە خەلقنى شۇلۇپ بايلىق توپلىشى، ئۇنىڭ رەھىمسىز، ئاچ كۆز تەبىئىيتىنى ئاشكارىلىغانىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش قىلىقلار تەبىئىيلا ئۇيغۇر ئوقۇمۇشلۇقلىرى ۋە ئەدىبلىرىنىڭ غەزىپى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىدى. ياقۇپبەگ ئىلگىرى ـ كېيىن خوتەن، كۇچا قاتارلىق

جايلاردىكى سىياسىي رەقىبلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان جامائەت پىكرىنى باستۇردى، ھەببۇللا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى مەخپىي ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇدا جەمئىيەتتىكى ئوقۇمۇشلۇقلارنى سۈرگۈن قىلىشمۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئىدى. يەكەن شەھىرىدە شاھ مۇھەممەد ۋە قېرىنداشلىرىنى ئاما ئالدىدا چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشمۇ، ياقۇپبەگنىڭ ئۇنى ئەيىبلەۋاتقان كىشىلەرگە بەرگەن ئەڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئوقۇمۇشلۇقلىرى ۋە ئەدىبلىرى، ياقۇپبەگكە خۇشامەت قىلمىسىمۇ، ئەمما ھەققانىيەتنى ياقلاپ، ياقۇپبەگنىڭ تۈرلۈك قىلمىشلىرىغا قارشى چىقىشقىمۇ ئامالسىز قالدى. شۇڭا تاسادىپىي مەيدانغا چىققان ئەسەرلەرمۇ ئەنئەنىۋى، ئادەتتىكى مۇھەببەت شېئىرلىرى ياكى ئىسلام ئەقىدىسىنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە ئىسلام قائىدىسى توغرىسىدىكى دىنىي ئەسەرلەر بولدى.

2) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، دەۋر يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى داdillliq بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆتكۈر، ئاچچىق، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ھەزىللەر ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەردى. «تارىخىي ھەممىدى» ۋە «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ ئاپتورى ئۆز ئەسىرىگە ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، ياقۇپبەگ مەسخىرە قىلىنغان سىياسىي ھەزىللەرنى ئالاھىدە كىرگۈزگەن بولۇپ، تورغاي قوي مۈڭگۈزىدە ئۇۋۇلىغانلىقى ھەققىدىكى ھەزىل ئەڭ ۋەكىللىك. ئۇنىڭدا ياقۇپبەگنىڭ ئاچ كۆزلۈكى مەسخىرە قىلىنغان. يەنە بىر ھەزىلدە خەلقنى ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە چاقىرىق

قىلىشتەك سىياسىي خاھىش يوشۇرۇنغان. بۇ ھەزىلدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر كۈنى، قەشقەردىكى بىر ئاممىۋى سورۇنغا بىر ئادەم ئالدىراش كېلىپ ئولتۇرۇپ، توختىماستىن ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەجەب ھاردىم! ئەجەب ھاردىم!» دەۋاتقىدەك. بىرى ئۇنىڭدىن: «نېمىشكە ھېرىپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىسا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ئىلگىرى ئىسلام ئاچقاندا ئالتە ئايدىن ئاشمايتتى، ئەڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ پەقەت بىر يىللا بولاتتى. بۇ قېتىم نېمىشقىكىن 14 يىلغا سوزۇلۇپ كەتتى، ئىسلام بەك ئۇزاق ئېچىلغاچقا، ھېرىپ كېتىۋاتىمەن»㉖ بۇ ھەزىل ھېچقانداق پەردازسىزلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىدىن بىزار بولغان ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

پايدىلانمىلار

① «تارىخىي ھەمىدى» 520 ـ بەتتە مۇنداق ئاتىرىلەنگەن: تەخمىنەن 600 دىن كۆپرەك خوتەن ـ قىز ياقۇپبەگنىڭ ۋقىلى ئىدى.

② يۇقىرىقى كىتاب، 498 ـ بەت؛ «قەشنەرىيە» 16 — 17 ـ بەتلەر.

③ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» 119 ـ بەت؛ «قەشقەرىيە» 17 ـ بەت.

④ خانىقا — ئىشان مۇرىتلىرى توپلىشىدىغان جاي.

⑤ «تارىخىي ھەمىدى» 502 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 503 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 502 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 521 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 501 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 390 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب 566 — 568 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 375 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 397 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 502 ـ بەت.

⑮ «ئەنجانلىق» (anjanlik) - ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىشى.

⑯ «تارىخىي ھەممىدى» 504 — 512 - بەتلەر.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 595 - بەت.

⑱ «تارىخىي ئەمىنىيە» 310 - بەت؛ «تارىخىي ھەممىدى» 503 - بەت.

⑲ «تارىخىي ھەممىدى» 567 — 568 - بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمىنىيە» 362 — 363 - بەتلەر.

⑳ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 365 - بەت.

㉑ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، 7 - بەت.

㉒ «قەشقەرىيە»، 17 - بەت.

㉓ «تارىخىي ئەمىنىيە» 366 - بەت؛ «تارىخىي ھەممىدى»، 571- بەت.

㉔ «تارىخىي ھەممىدى» 300 - 301 - 389 - بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمىنىيە» 146 — 229 - بەتلەر.

㉕ «تارىخىي ھەممىدى» 567 — 568 - بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 363 — 366 - بەت.

㉖ «تارىخىي ھەممىدى»، 523 - بەت.

# يەتتىنچى باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىنىشى

## 1- بۆلۈم ۋەزىيەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، كەسكىنلىك بىلەن تەدبىر قوللىنىش

1864 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى كۇچا قوزغىلىڭىدىن تارتىپ، 1866 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن قولدىن كەتكەنگە قەدەر بولغان بىر يىل توققۇز ئاي ئىچىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ئارقا - ئارقىدىن يىمىرىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرى قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

بۇنداق تېز يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشكە قارىتا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ماددىي جەھەتتە ياكى ئىدىيىۋى جەھەتتە ھېچقانداق تەييارلىقى يوق ئىدى. يۇقىرىقى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئالدىراپ - تېنەپ نىڭشيا جياڭجۈنى مو تۇشەنگە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، «تېز ياردەمگە بېرىپ» چىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى مۇستەھكەم ساقلاشقا ئەمر قىلدى. ئەمەلىيەتتە كۆرە قولدىن

كەتكۈچە مو تۈشەن تېخى گەنسۇ تەۋەلىكىگە كىرىپ بولالمىغانىدى. 1865 - يىل 12 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شەنشىدىكى شەنئەن قورۇلىنىڭ باشبۇغى چېڭ لۇنى ئۈرۈمچى تىنتەيلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇنىڭ 5 مىڭغا يەتمەيدىغان قوشۇنى بىلەن قۇۋۇقتىن چىقىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇدى. ئەمما چېڭ لۇ «باشتىن - ئاخىر قورقۇنچاقلىق قىلىپ، خان ئارقا - ئارقىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ سۈيلىسىمۇ، ئاشلىق يۆتكەشنىڭ ئۈلگۈرمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، قۇۋۇقتىن چىقىشتىن باش تارتىپ» ① گەنسۇنىڭ گاۋتەي ناھىيىسىدە يەتتە يىل تۇرۇپ قالدى.

بۇ مەزگىلدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا بىرقەدەر تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغىنى، ئەسلىدىكى قارا ئۇسۇ (شىخو) نىڭ ياندىش ئامبىلى لى يۈنلىڭ ئىدى.

لى يۈنلىڭ بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى قولدىن كەتكەن زېمىن مەسىلىسى ئۈستىدە بىر قاتار تەكلىپلەرنى بەرگەن بولۇپ، بۇ قوشۇنلارنىڭ ماسلىشىشى، ھەربىي يۈرۈش يوللىرى، ئارقا سەپنىڭ تەشكىللىنىشى، ئوزۇق - تۈلۈك غەملەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ھەربىي كۈچى شەنشى - گەنسۇ قاتارلىق رايونلاردىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى تەرىپىدىن بەند بولۇپ قالغاچقا، لى يۈنلىڭنىڭ تۈرلۈك تەكلىپلىرى، ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەرقانچە ئەتراپلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيلەشتۈرگۈدەك كۈچ بولمىغانلىقتىن، ئاقىۋەت پەقەت قەغەز ئۈستىدىكى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالدى.

## 1. قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1866 - يىل 6 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭدۇڭنىڭ
يانداش تۇتۇقى كۆكجىتەينى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنلۇققا
ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى قوشۇنلارنى باشقۇرۇشقا
قويدى. ② لى يۈنلىڭنى باش شىغاۋۇل قىلىپ كۆكجىتەيگە
ياردەملىشىشكە، چۆەن رۇڭنى ئىلى جياڭجۈنلۈكىگە، دې
شىڭئانى تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كۆكجىتەيىنىڭ
باشقۇرۇش دائىرىسىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى
مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى پەقەت
تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتىكى رايونلار ئىدى. چۆەن
رۇڭ، دې شىڭئا، لى يۈنلىڭ قاتارلىقلارنىڭ تەيىنلىنىشى چىڭ
سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆكجىتەيىنىڭ مەسئۇلىيەت
دائىرىسىگە ھەرگىزمۇ سەل قارىمىغانلىقىنى تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسى
مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تېخى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ
ئىستراتېگىيىلىك نەزىرىنى تېخىمۇ كەڭ ھالدا تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇبىدىكى رايونلارغا قاراتمىغانلىقىدەك ئىستراتېگىيىلىك
يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت شىنجاڭنى
قايتۇرۇۋېلىشتەك ستراتېگىيىلىك نىشاندىكى ئېغىر كەمچىلىك
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي
ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنىڭ ۋەزىيىتى
ھەققىدىكى تەھلىلىدىمۇ ئېغىر خاتالىقنىڭ بارلىقىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئالدىراپ -
تېنەپ جىددىيچىلىكتە ئېلىپ بېرىلغان ئۇششاق ھەربىي
ھەرىكەتلەر بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى
قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. چۈنكى دەل چىڭ سۇلالىسى

مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللەۋاتقاندا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا ئاللىقاچان تەسىرى چوڭ بەش گۇرۇھ شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئۇلار كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلەپلا قالماستىن، يەنە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇ قوراللىق كۈچلەر ئىككى يىللىق بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىلا ئەمەس، قوراللىنىش جەھەتتىمۇ ئاللىقاچان ئىلگىرىكى چۇۋالچاق قوزغىلاڭچى قوشۇن ھالىتىدىن پەرقلىنەتتى. بولۇپمۇ كۈچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى دالىدا جەڭ قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ مول تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەيگە نىسبەتەن ئەمەلىي كونتروللۇقى بولمىغاچقا، شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزۈش يولى ئۈزۈۋېتىلگەنىدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي ئىشلىرىنى تەشكىللەش ۋە يۇرگۈزۈشكە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەربىي ھەرىكەتكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كۆرۈنەرلىك ئاستىلاپ قالدى.

1869 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى ئالدى بىلەن شەنشى، نىڭشيا، چىڭخەي ۋە گەنسۇنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇردى. 1873 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چىڭ قوشۇنى سۇجۇ (جيۇچۇەن) نى ئىشغال قىلىپ، خېشى كارىدورىغا تويلاندى. شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا كىرىدىغان يول راۋانلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا قوشۇن كىرگۈزۈش مەسىلىسى قايتىدىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىش كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى.

يۇقىرىقى ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىغا قوشۇن چىقىرىشتىكى سىياسەتلىرى زور دەرىجىدە ئەمەلىيلەشتى.

1874 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى جىڭ لىيەننى خان مۇپەتتىشى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، جىڭ شۈننى ياردەمچىلىككە تەيىنلىدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى زو زۇڭتاڭنى غەربىي تىنچلاندۇرۇشقا كېرەكلىك ئاشلىقلارنى توشۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، يۈەن باۋخېڭنى ياردەمچىلىككە تەيىنلەپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى.

زو زۇڭتاڭ 1812 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (جياچىڭنىڭ 17 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) خۇنەننىڭ شەرقىي شياڭيىن يېزىسىدا تۇغۇلغان. كىچىكىدە بوۋىسى، ئاتىسىنىڭ تەلىمىدە ئۆيدە ئوقۇغان. 19 ياش مەزگىللىرىدە تۇنجى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ چاڭشادىكى نەنچېڭ بىلىم يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن كۆپ قېتىم ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. 1852 - يىلى 4 - ئايدا تەيپىڭ قوشۇنى خۇنەنگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە زو زۇڭتاڭ خۇنەن سلاۋچىسى جاڭ لياڭجىنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭشانى قوغداش جېڭىنىڭ قوماندانلىق ئىشلىرىغا قاتناشقان. جاڭ لياڭجى نۇرغۇن جەھەتلەردە زو زۇڭتاڭنىڭ پىلانىغا تايانغانلىقتىن، چاڭشانى تۆت ئاي ساقلاپ تۇرالىغان. ئىككىنچى يىلى جاڭ لياڭجى خۇنەن گۇاڭدۇڭ نائىپلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. زو زۇڭتاڭمۇ جاڭ لياڭجىنىڭ مۇشاۋىرى بولۇش سۈپىتىدە ۋۇخەنگە كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زو زۇڭتاڭ داۋاملىق تەيپىڭ قوشۇنىنى

ئۆزىنىڭ جەڭ قىلىش ئۇبيېكتى قىلىدۇ. 1860 - يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭنى ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ كاتاۋۇللۇقىغا تەيىنلىدى. ئارقىدىنلا زو زۇڭتاڭنى 4 - دەرىجىلىك ئوردا ئەمەلدارى سۈپىتىدە زېڭ گوفەننىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زو زۇڭتاڭ يەرلىك ئەمەلدارنىڭ مۇشاۋىرلىقىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي ئەمەلدارىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزاق مۇساپىنى باشلايدۇ.

1861 - يىل 12 - ئايدا زو زۇڭتاڭنىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ جېجياڭغا ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن زو زۇڭتاڭ يەنە جېجياڭنىڭ سلاۋچىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ بىر رايوننى بىرتوتاش باشقۇرىدىغان چېگرىنى قوغدىغۇچى ئەلچىگە ئايلىنىدۇ. 1863 - يىلى 5 - ئايدا زو زۇڭتاڭ يەنە فۇجيەن - جېجياڭ نائىبى، قوشۇمچە جېجياڭنىڭ سلاۋچىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، فۇجيەن، جېجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. تەيپىڭ تيەنگونىڭ پايتەختى نەنجىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، زو زۇڭتاڭغا يەنە فۇجيەن، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ ئۈچ ئۆلكىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تەيپىڭ تيەنگونىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىشى بۇيرۇلدى. 1866 - يىلى 9 - ئايدا زو زۇڭتاڭ فۇجيەن - جېجياڭ نائىبلىقىدىن شەنشى - گەنسۇ نائىبلىقىغا ئالماشتۇرۇلۇپ، مەخسۇس شەنشى - گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قويۇلدى.

### 2. «دېڭىز مۇداپىئەسى» بىلەن «قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى» ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش

چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ زو زۇڭتاڭ،

يۈەن باۋخېڭ، جىڭ ليەن، جىن شۈن قاتارلىق بىر تۈركۈم ساداقەتمەن ۋەزىر ۋە چېگرا قوغدىغۇچى ئەلچىلەردىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش قوماندانلىق قىلىش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى قوزغىغاندىن كېيىن، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى.

ئىختىلاپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، جۇڭگونىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىدا دېڭىز مۇداپىئەسىنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسىنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، كونكرېت مەزمۇنى بولسا شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى ئورنىنى قانداق مۆلچەرلەش ئىدى.

لى خۇڭجاڭ قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى دېڭىز ئۈستىدىكى مۇداپىئەنى ئاساس قىلىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ «دېڭىز مۇداپىئە تەرەپدارلىرى» نى شەكىللەندۈردى.

زو زۇڭتاڭ قاتارلىق كىشىلەر دېڭىز مۇداپىئەسىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، مۇكەممەل قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر «قۇرۇقلۇق مۇداپىئە تەرەپدارلىرى» بولۇپ شەكىللەندى. زو زۇڭتاڭ بۇنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

ئىككى تەرەپ ئۆز تەشەببۇسىنى چىقىش قىلىپ، ئىختىلاپنىڭ قىزىق نۇقتىسى بارا - بارا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەكمۇ - ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىگە مەركەزلەشتى.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىشتا، چىڭ سۇلالىسى ئىككى چوڭ دۈشمەن كۈچكە دۇچ كەلگەنىدى. بىرى

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ياقۇپبەگ، يەنە بىرى ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان چارروسىيە ئىدى.

بۇ ئىككى دۈشمەن كۈچنى يېڭىش ئۈچۈن، چىڭ قوشۇنىغا 1 مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن زېمىندا توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەچكە، دەسلەپكى مۆلچەردە تەخمىنەن 100 مىڭغا يېقىن ئەسكەر، ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن 10 مىليون سەر كۈمۈش ۋە غايەت زور ئارقا سەپ تەمىناتى كېتەتتى⑧.

سۇجۇ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ بازىسى خېشى كارىدورىغا يۆتكەلدى. سۇجۇدىن چىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپپى گۇچۇڭغىچە ئومۇمىي مۇساپە 3540 چاقىرىم بولۇپ، هارۋىلىق يۈرۈشكە 30 نەچچە كۈن كېتەتتى. چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاشلىق يۆتكەيدىغان هارۋىلىرىغا 600 جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق باسقىلى بولمايتتى. سەپەر جەريانىدا هارۋىكەش كۈنلۈكىگە ئىككى جىڭ ئاشلىق ئىستېمال قىلاتتى، ئۇلاغلارنىڭ ھەربىرى كۈنىگە سەككىز جىڭ يەم - بوغۇز يەيتتى. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە بولغاندا ئىككى ئۇلاغ قوشۇلغان هارۋىغا لىق ئوزۇق - تۈلۈك باسقاندىمۇ سۇجۇدىن گۇچۇڭغا بارغۇچە هارۋىكەش ۋە ئۇلاغلاردىن ئاشمايتتى. بۇنداق ئۇزاق مۇساپىلىك، كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت، بولۇپمۇ، زور ھەربىي خام چوت تەبىئىيلا ئوردىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن باشقا يەنە شۇنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، چىڭ قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتىدىغان رايونلار مەملىكەت بويىچە ئەڭ نامرات رايونلار بولۇپ، سىلىق تەدبىرلەر، ھەتتا زوراۋانلىقتا تايانغان ھالەتتىمۇ ئۈنۈملۈك ئارقا سەپ ياردىمىگە ئېرىشىش قىيىن ئىدى.

دەل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى

قايتۇرۇۋېلىشنىڭ غايەت كۆپ خام چوتىدا قىينىلىۋاتقاندا، شۇ يىلى (1874 ـ يىلى) يازدا، ئامېرىكىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ياپونىيە 3 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ تەيۋەننىڭ جەنۇبىدىكى لاڭ جياۋ (بۇگۇنكى خېڭ چۇن يېرىم ئارىلى) نى بېسىۋالدى. بۇ ياپونىيىنىڭ تۇنجى قېتىم خەلقئارادا ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچىنى نامايان قىلىشى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېڭىزدا ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان كۈچكە ئىگە بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارىلى — تەيۋەننى بېسىۋالدى. بۇ ۋەقە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. تېخىمۇ هەيران قالدۇرارلىقى، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيان، چىڭ سۇلالىسى دېڭىز يۇزىدە پەقەت ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى كۈچلۈك پاراخوت ـ توپلارغا ئىگە ئەللەردىن مەغلۇپ بولغان بولۇپ، ئاسىيادا تېخى بىرەر دۆلەت دېڭىزدا چىڭ سۇلالىسى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان ئەمەس ئىدى. 1874 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى ياپونىيە بىلەن «تەيۋەن شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، ياپونىيىنىڭ تەيۋەننى ئىگىلىۋېلىشىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

«تەيۋەن شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، پۇتۇن مەملىكەت تەۋرەپ كەتتى. دېڭىز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش سادالىرى جامائەت پىكرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، چىڭ هۆكۈمىتى شۇ يىلى 11 ـ ئايدا جەنۇب ـ شىمال سودا ۋەزىرى ۋە دېڭىز بويى چېگرىسىنى قوغدىغۇچى ئەلچىلەرنى بىر ئاي ئىچىدە دېڭىز مۇداپىئە ئىشلىرىغا قانداق هازىرلىق كۆرۈش هەققىدە ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى مەلۇم قىلىشنى ئەمر قىلدى ⑨.

«تەيۋەن شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا بىۋاستە مەسئۇل

بولغان لى خۇڭجاڭ 1874 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جىلى نائىبى، شىمالىي دېڭىز سودا ۋەزىرى سالاھىيىتى بىلەن تۇڭجى خانغا دېڭىز مۇداپىئەسىگە ھازىرلىق كۆرۈش ھەققىدىكى مەلۇماتنى سۇنغاندا، تۇنجى قېتىم شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەربىي ھەرىكىتىنى توختىتىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا كېتىدىغان ھەربىي خىراجەتنى دېڭىز مۇداپىئەسىگە ئىشلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدا پىكىر ئىختىلاپىنىڭ يۈز بېرىشى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى بىر مەھەل يا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، يا چېكىنەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. بىر تەرەپتىن چىڭ قوشۇنى سۈجۈنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورىغا توپلىنىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا بارىدىغان يولنى ئاچقان، ئالدىن يۈرەر قىسىم تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى گۇچۇڭ ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندى، يەنە بىر تەرەپتىن ياپون قوشۇنلىرى ئۆز دۆلىتىدىن ھالقىپ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ تەيۋەن ئارىلىغىچە كەلگەن بولۇپ، بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسىدە يېتىشسىزلىك ـ نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى.

1875 ـ يىلى، گۇاڭشۇخان ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە ئوردىدىكىلەرنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى ئۇقتۇرۇپ: «بەزىلەر مەلۇمات يوللاپ، شىنجاڭنىڭ شىمالى چاررۇسىيە بىلەن قوشنا، غەربتە تۈركىيە، ئەرەبىستان، پارس قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىگە تۇتىشىدۇ. جەنۇبتا ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان بىلەن يېقىن، يەر شەكلى مۇرەككەپ، كەلگۈسىدە ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. يېقىندا ئاڭلىشىمىزچە قەشقەر ھۆكۈمرانى (يەنى ياقۇپبەگ) تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ئوتۇغاتىنى قوبۇل قىلىپتۇ ھەمدە چاررۇسىيە، ئەنگلىيە بىلەن سودا

شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئىلىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالماقچى بوپتۇ. جۇڭگونىڭ ھازىرقى كۈچى پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى غەربىي يۇرتقا قارىتىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا غەربىي يولدىكى قوشۇنلار ئالىي سەركەردىسىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، ھازىرقى چېگرىنى قاتتىق ساقلاپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرمەسلىك لازىمدۇر. قوۋۇقتىن چىقىپ بولغان ۋە چىقىپ بولالمىغان قوشۇنلارنىڭ چېكىندۇرۇشكە بولىدىغانلىرىنى چېكىندۇرۇپ، توختىتىشقا بولىدىغانلىرىنى توختىتىپ، بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى دېڭىز مۇداپىئەسىگە ئىشلىتىش كېرەك، دېدى. يەنە بەزىلەر مەلۇمات يوللاپ، دېڭىز مۇداپىئەسى ۋە قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسىنىڭ بىرەرىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراپ ھەرىكەتلەنمەكچى بولغانلار، گەنسۇنىڭ غەربىدىكى چېگرا ۋەزىيىتىنى ئويلاپ باقسا بولىدۇ. رۇسلار ئىلىنى ئۇزۇندىن بېرى بېسىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمەيۋاتىدۇ. بۇگۈن زور قوشۇن قوۋۇقتىن چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئاشلىق يۆتكەش ۋە ئىچكىرىلەپ كىرمەك قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ۋەزىيەت جىددىي، قىلچە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ. قوشۇنىمىز بىر كۈن كېچىكسىدىكەن، رۇسلار بىر كۈن بۇرۇن بولسىمۇ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىۋالىدۇ. پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا قاراتساق، رۇسلار غەربىي شىمالغا كۆز تىكەلمەيدۇ، باشقا ئەللەرمۇ شەرقىي جەنۇبىي رايونلاردا ماجىرا تۇغدۇرالمايدۇ، دېگەن گەپلەرنى قىلدى» دېدى[12].

1875 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ھەربىي ئىشلار ۋازارىتى زو زۇڭتاڭدىن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا دائىر كۆز قارىشىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا دېڭىز مۇداپىئە تەرەپدارلىرى بىلەن قۇرۇقلۇق مۇداپىئە تەرەپدارلىرى تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان مەركىزىي مەسىلىنى يەتكۈزۈپ: «نۆۋەتتە دېڭىز مۇداپىئە

تەرەپدارلىرى ھازىر غەربىي يۇرتقا قارىغۇدەك ۋاقىت يوق، شۇڭا چېگرىنى مەھكەم ساقلاپ، ئالدىراپ ئىچكىرىلەپ كىرمەسلىك كېرەك. قوشۇن چىقىرىشتىن تېجەپ قېلىنغان خىراجەتنى دېڭىز مۇداپىئەسىگە ئىشلەتمەك كېرەك، دەۋاتىدۇ. قۇرۇقلۇق مۇداپىئە تەرەپدارلىرى بولسا، رۇسلار ھىيلىگەر ھەم يامان، شۇڭا پۈتۈن كۈچنى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا قارىتىش كېرەك. غەربىي شىمال تىنچ بولسا، شەرقىي جەنۇبمۇ ئۆزلۈكىدىن مۇستەھكەملىنىدۇ دەۋاتىدۇ» دېدى⑬.

1875-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى، زو زۇڭتاڭ گۇاڭشۇ خانىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، بىرىنچى، شىنجاڭنى جەزمەن قايتۇرۇۋېلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋېلىش - شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتىكى تۈنجى چوڭ جەڭ؛ ئۈچىنچى، كۈچلۈك غەرب ئەللىرىنىڭ ھازىرچە دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئىغۋاگەرچىلىك سېلىپ، ئۇرۇش قوزغىمايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش كېرەك؛ تۆتىنچى، ياقۇپبەگ جەزمەن يېڭىلىدۇ دېدى.

زو زۇڭتاڭ سۇنغان مەلۇماتتا مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: «مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەسكەرلەرنى ئازايتىپ، خىراجەتنى كېمەيتىش — ئۆز-ئۆزىمىزنى كىشەنلەپ قويغان بىلەن باراۋەر. بىز بىر سۇڭ چېكىنسەك، ئوغرىلار بىر چى ئىلگىرىلەپ كىرىدۇ. لۇڭشىنىڭ شىمالىدىكى قوبدۇ، ئۇلاستاي قاتارلىق جايلار ئەمىنلىككە ئېرىشەلمەيدۇ. يۈرۈشنى توختىتىپ، خىراجەتنى يۆتكىگەندىمۇ، دېڭىز مۇداپىئەسىگە پايدىلىق بولۇشى ناتايىن. ھالبۇكى قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسىگە ئىشلەتسەك كۆپ پايدىسى بولىدۇ.» زو زۇڭتاڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق يەكۈن چىقاردى: «شىنجاڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلىك - موڭغۇلىيىنى قوغداپ قالغانلىق، موڭغۇلىيىنى قوغداپ

قالغانلىق ـ پايتەختنى قوغداپ قالغانلىق بولىدۇ. غەربىي شىمالنىڭ يەرلىرى بىرتۇتاش، ئومۇمىي جەھەتتىنمۇ بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن، شۇڭا بىرىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.»⑭ شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، زو زوڭتاڭ يىراقنى نەزەردە تۇتۇش نۇقتىسىدىن شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىدىكى ئورنىنى دەلىللەپ چىقتى. بولۇپمۇ زو زوڭتاڭنىڭ شىنجاڭنىڭ قولدىن كېتىش ـ كەتمەسلىكىنى شەنشى، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل، تاشقى موڭغۇلىيە قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمىنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىدىيىسى، چىڭ ھۆكۈمىتى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇڭا ئۇلار بۇنى بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىڭنىڭ ئەمىنلىكى بىلەن باغلاپ ئويلىدى. شەنشى، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل، تاشقى موڭغۇلىيە قولدىن كەتسە، ئۇنداقتا بۈيۈك چىڭ خاندانلىقى پايتەختى مۇداپىئە توسۇقىدىن مەھرۇم بولاتتى. مۇشۇنداق ئورتاق تونۇش بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرى زو زوڭتاڭنىڭ تەكلىپىنى قوللىدى⑮.

1875 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، زو زوڭتاڭ خان مۇپەتتىشلىك سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى بىۋاسىتە پىلانلاش ئىشىنى قولغا ئالدى⑯.

## 3. ھەربىي خىراجەتنىڭ تەييارلىنىشى

1873 ـ يىل 12 ـ ئايدىلا، زو زوڭتاڭ تۇنجى قېتىم خانغا: «ئاجرىتىلغان مائاشنى ئۆزگەرتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش» دېگەن نامدا مەلۇماتنامە سۇنغانىدى.

مەلۇماتنامىدە زو زوڭتاڭ ئۆزىنىڭ 1866 - يىلى فۇجيەن - جېجياڭ نائىبلىقىدىن شەنشى - گەنسۇ نائىبلىقىغا تەيىنلەنگەندىن بۇيانقى ئۇزۇن مەزگىل ھەربىي خىراجەتنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى خېلى تەپسىلىي تىلغا ئېلىپ، دەسلەپتە «بىر يىللىق ئاجرىتىلغان راسخوت ئىككى ئايلىق مائاشقا يېتەتتى. كېيىن بىر يىللىق راسخوت بىر ئايلىق مائاشقا ئاران يېتىدىغان بولدى. ئەمدىلىكتە بىر ئايلىق مائاشنىمۇ تارقىتالمىدۇق، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقى سورىمىساقمۇ ئايان» دېگەنىدى. زو زوڭتاڭنىڭ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، ئىلگىرىكى يەتتە يىل جەريانىدا ھەرقايسى ئۆلكە ۋە تاموژنىلارنىڭ ئاجرىتىپ بەرمەكچى بولغان قەرز قالغان ياردەم راسخوتى 17 مىليون 960 مىڭ سەر كۆمۈشكە يەتكەن⑱.

1875 - يىلىنىڭ بېشىدا زو زوڭتاڭ گۇاڭشۇ خانغا بىرقەدەر تەپسىلىي يىللىق خام چوت يوللىدى. بۇ خام چوت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىرى، غەربىي تىنچلاندۇرۇش قىسىملىرىنىڭ مائاشىغا 6 مىليون سەردىن كۆپرەك كۆمۈش كېتەتتى. يەنە بىرى، غەربىي تىنچلاندۇرۇشقا كېتىدىغان ئوزۇق - تۈلۈكنى يۆتكەشكە 2 مىليون سەر كۆمۈش كېتەتتى. ئىككى تۈرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 8 مىليون 100 مىڭ سەردىن كۆپرەك كۆمۈش بولاتتى. بۇ خام چوتتا تېخى باركۆل، قۇمۇل، جىمسار، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا كىرىپ ئورۇنلاشقان چىڭ قوشۇنىنىڭ چىقىمى تىلغا ئېلىنمىغان بولۇپ، بۇ قىسىملارنىڭ يىللىق خىراجەت خام چوتى 5 مىليون 300 مىڭ سەر كۆمۈش ئىدى. بۇنىڭدىن زو زوڭتاڭنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئويلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ قەستەن چىڭ ھۆكۈمىتى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق سوغۇق قان بولۇۋېلىشىدىن ساقلانغانىدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى زو زوڭتاڭنىڭ 8 مىليون 100 مىڭ

سەردىن ئارتۇق يىللىق خام چوتىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. قايتا ـ قايتا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق چىڭ ھۆكۈمىتى شۇ يىلى 10 ـ ئايدا غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قوشۇننى خىراجەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەرقايسى ئۆلكە ۋە تاموژنىلارغا ئالدىنقى يىلى بېرىشكە تېگىشلىك خىراجەتنى بىر ئاي ئىچىدە، تولۇق ھالدا گەنسۇ ئالدىنقى سېپىگە يەتكۈزۈپ بېرىش پەرمانىنى چۈشۈردى. ئەينى ۋاقىتتا جېجياڭ، سىچۈەن، خۇبېي، شەنشى، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي، خۇنەن، شەندۇڭ، شەنشى، جياڭخەي تاموژنىسى، ئاۋخەي تاموژنىسى، خەنجياڭ تاموژنىسى قاتارلىق ئۆلكە ۋە تاموژنىلار ئالدىنقى يىللىق 1 مىليون 200 مىڭ سەر قەرزنى تېخى تاپشۇرمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چىڭ ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ئۆلكە ۋە تاموژنىلارغا بىر يىل ئىچىدە غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قوشۇننىڭ ھەربىي خىراجىتى ئۈچۈن 26 مىليون 100 مىڭ سەر كۈمۈشنىڭ يېرىمىنى، يەنى 13 مىليون سەر كۈمۈشنى يەتكۈزۈپ بېرىش پەرماننى چۈشۈردى.

ئەمەلىيەتتە 1876 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە، غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قىسىمنىڭ يىل ئاخىرىدىكى بىر ئايلىق ئىش ھەققى قىلىپ بېكىتىلگەن 600 مىڭ سەر خىراجەتتىن پەقەت سىچۈەن، جېجياڭ، سەنشى ئۆلكىلىرىلا 160 مىڭ سەرنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بەردى. قالغان قىسمى شۇ پېتى قالدى. ھەتتا ھەرقايسى ئۆلكە ۋە تاموژنىلارنىڭ بىر يىل ئىچىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك خىراجەتنىڭ يېرىمى (13 مىليون سەر) نى يەتكۈزۈپ بېرىشى قارار قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئەمەلىيلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. زو زۇڭتاڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھازىر چاغان ۋاقتى، ئەسلى ئايلىق مائاش تارقىتىدىغان ۋاقىت. ھەرقايسى گازارمىلاردىكى ئەسكەر ـ سەردارلار بۇنى ئىنتىزارلىق بىلەن

كۈتمەكتە. قوۋۇقتىن چىققان قوشۇنلار، لياڭجۇغا بارغان ھەرقايسى قىسىملار مائاشىنى ئېلىپ ماڭماقچى. ھەرقايسى يولدىكى ئاشلىق يۆتكەشكىمۇ پۇل كېرەك. ھەر تەرەپتىن جىددىي خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، ۋەزىرلىرى ئامالسىز قالدىم.» ⑲ گۇاڭشۇ خان ھەرقانچە قاتتىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ پەرمان چۈشۈرسىمۇ، چىڭ ھۆكۈمىتىدىكى كاتتا ۋەزىرلەر سۇلھى ـ سالا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسى غەربنى تىنچلاندۇرۇش خىراجىتىدىكى قىيىنچىلىقنى ئوڭشىيالمىدى.

ئاجرىتىلغان خىراجەت ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن، زو زوڭتاڭ شەنشى ۋە خۇبېيدىكى، ھەتتا شاڭخەيدىكى سودىگەرلەردىن 1 مىليون 100 مىڭ سەر قەرز ئېلىپ، «يىل ئاخىرىدىكى بىر ئايلىق مائاشنى تولۇق تارقىتىمەن» دېگەن قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا سەرپ قىلدى. ئۇ ئەسلى پىلانىدا ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن پۇل كەلگەندە بۇ قەرزنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ يىلى غەربنى تىنچلاندۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئاجرىتىلغان بۇ خىراجەتلەر تولۇق قولغا كەلمىگەنلىكتىن، زو زوڭتاڭ يا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان يا چېكىنەلمەيدىغان قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئاخىر كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئەيىبلىشىگە سەۋەب بولغان «چەت ئەللىكلەردىن قەرز ئېلىش» ھەرىكىتى يۈز بەردى.

زو زوڭتاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شاڭخەيدىكى ئەنگلىيىنىڭ يىخې بانكىسىدىن 3 مىليون سەر كۈمۈشنى جياڭسۇ، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىنىڭ غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قىسىمغا ئاجراتقان خىراجىتىدىن ئۈچ يىلغا بۆلۈپ قايتۇرىدىغان بولۇپ قەرز ئالدى. زو زوڭتاڭ بۇ پۇلنى تۆتكە بۆلۈپ غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قىسىم ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن 1 مىليون 400 مىڭ سەرنى شەنشى، خۇبېي ۋە شاڭخەيدىكى سودىگەرلەردىن ئالغان

قەرزگە تۆلىدى. پەقەت 1 مىليون 600 مىڭ سەرلا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغۇچى قىسىملارنىڭ ھەربىي خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

1876 ـ يىلى زو زۇڭتاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە يەنە بىر قېتىم چەت ئەللىكلەردىن 10 مىليون سەر كۈمۈش قەرز ئېلىش تەلىپىنى قويىدى⑳. گۇاڭشۇ خان زو زۇڭتاڭنىڭ 10 مىليون سەر كۈمۈش قەرز ئېلىش تەلىپىنى زۇڭلى يامۇلى ۋە نوپۇس ۋازارىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. قايتا ـ قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق، زۇڭلى يامۇلى ۋە نوپۇس ۋازارىتى زو زۇڭتاڭنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى.

1876 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، گۇاڭشۇخان زو زۇڭتاڭنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى. بىراق تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلىدى: «چەت ئەل قەرزىنى ئىشلىتىش ئەسلى ئاقىلانە چارە ئەمەس، زۇڭلى يامۇلى پەرمان چۈشۈرۈپ بۇنىڭدىن كېيىن قايسى ئۆلكە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چەت ئەللىكلەردىن قەرز ئېلىشنى چەكلىمىكى لازىمدۇر. زو زۇڭتاڭ قوۋۇقتىن چىقىشتا خىراجەتكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاچقا، چەت ئەللىكلەردىن 10 مىليون سەر كۈمۈش قەرز ئېلىشقا يول قويۇلدى»㉑.

گەرچە گۇاڭشۇخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما زو زۇڭتاڭنىڭ 10 مىليون سەر كۈمۈش قەرز ئېلىشى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

1876 ـ يىل 3 ـ ئايدا زو زۇڭتاڭ چەت ئەلدىن ئالىدىغان قەرز مىقدارىنى 4 مىليون سەر كۈمۈشكە كېمەيتتى. بۇ ھەرىكەت «دېڭىز مۇداپىئە» تەرەپدارلىرى بىلەن «قۇرۇقلۇق مۇداپىئە» تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتقان زىددىيەتنى پەسەيتىش مەقسىتىدىكى روشەن مادارا چىلىق تۈسىنى ئالغانىدى. 1876 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گۇاڭشۇخان شەخسەن ئۆزى زو زۇڭتاڭنىڭ 5

مىليون سەر كۆمۈش قەرز ئېلىشنى، نوپۇس ۋازارىتىنىڭ 2 مىليون سەر كۆمۈش ئاجرىتىپ بېرىشىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ئۆلكە، تاموژنىلارنىڭ شۇ يىلى چىقىرىپ بېرىشكە تېگىشلىك خىراجەتتىن 3 مىليون سەر كۆمۈشنى مۇددەتتىن بۇرۇن غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قىسىملارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق بولغاندا جەمئىي 10 مىليون سەر كۆمۈش يىغىلاتتى.

گۇاڭشۇخان مەبلەغ تەييارلاشقا باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى زور مەبلەغنى ھازىرلاش ـ جاھان ئەھلى بىلەن ئورتاق كۈچ چىقىرىپ غەربىي چېگرىدىكى ھەربىي ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈندۇر»㉒. بۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

زو زوڭتاڭ ئالغان بۇ 5 مىليون سەر كۆمۈشنى گېرمانىيىنىڭ تەيلەي بانكىسى بېرىپ تۇرغانىدى.

## 4. ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش

1874 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى جىڭ ليەن باشچىلىقىدىكى غەربكە يۈرۈش قىلىش قوماندانلىق ئورگىنىنى تەسىس قىلغاندىلا ئارقا سەپ ئىشلىرىنى ئويلاشقانىدى. شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەربىي ھەرىكىتى شەنشى، گەنسۇنى ئاساسىي بازا قىلغاچقا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى زو زوڭتاڭنى شەنشى ـ گەنسۇ نائىبلىق مەنسىپى بىلەن غەربنى تىنچلاندۇرۇشقا ئاشلىق يۆتكەشنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. زو زوڭتاڭدەك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە يۇقىرى مەنسەپلىك شەخسنى ئاشلىق يۆتكەشكە مەسئۇل قىلغانلىقى، چىڭ سۇلالىسى

ھۆكۈمىتىنىڭ غەربنى تىنچلاندۇرۇشىنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

1875 - يىل زو زوڭتاڭ خان مۇپەتتىش سالاھىيىتى بىلەن تولۇق ھوقۇقلۇق ھالدا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلاش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەشنى زور ھەربىي ھەرىكەتنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانى سۈپىتىدە تۇتتى.

بىر قاتار ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن، زو زوڭتاڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىغا قوشۇن چىقارغاندىكى تاكتىكىنى قوللىنىشنى قارار قىلىپ، ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىشتا نەزىرىنى سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئاغدۇرۇپ، «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش» دائىرىسىدىكى رايونلار شەرقتە گۈيخۇا (ھازىرقى كۆكخوت)، باۋتۇ، غەربتە قوبدۇ، ئۇلاستاي، جەنۇبتا نىڭشيانى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ رايونلارنىڭ ئەۋزەللىكى قاتنىشىنىڭ قۇلايلىقىدا ئىدى. ھونلاردىن تارتىپ چىڭگىزخانغىچە بۇ رايونلارنى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا سەھنىسىگە چىقىشتىكى يولى قىلغانىدى. چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ رايونلاردا ھەربىيلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك بوز يەر ئېچىشىنى يولغا قويغان ۋە بۇ جايلار غەربىي شىمالدىكى مۇھىم ئاشلىق بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. بۇ رايونلاردىن غەربكە بارىدىغان ئەنئەنىۋى قاتناش لىنىيىسى باۋتۇدىن باشلىنىپ، ئۇلاستاي، قوبدۇ قاتارلىق جايلار ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى بارىكۆل ياكى گۇچۇڭغا تۇتىشاتتى. زو زوڭتاڭ بۇ ئەنئەنىۋى قاتناش لىنىيىسىگە قىسمەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى گۈيخۇا، باۋتۇدىن باشلىنىپ تېتەي، دابا ئارقىلىق غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ يايلاقتىن ئۆتۈپ،

بىۋاسىتە بارىكۆلگە بارىدىغان لىنىيىگە ئۆزگەرتتى.

گەرچە زو زوڭتاڭنىڭ گەنسۇدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش ئويى بولمىسىمۇ، ئەمما جىددىي ئېشىپ بېرىۋاتقان ئاشلىق ئېھتىياجى، ئاخىر ئۇنى گەنسۇدىن قىسمەن ئاشلىق سېتىۋېلىپ جىددىي ئېھتىياجنى قامداشقا مەجبۇر قىلدى. گەنسۇدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش دائىرىسى لياڭجۇ، گەنجۇ، سۇجۇ قاتارلىق خېشى كارىدورىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار بىلەن چەكلەندى. بۇ دائىرىدىن سېتىۋېلىنغان ھەربىي ئاشلىقلار جيايۇگۇەن ئارقىلىق ئەنشىدىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىمۇ ئاشلىق سېتىۋېلىش دائىرىسىنى بەلگىلىدى.

تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇل ئەتراپلىرى چيەنلۇڭ يىللىرىدا چىڭ قوشۇنى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان رايونلار ئىدى. 1874- يىلى جاڭ ياۋچىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىنى باشلاپ قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان بولۇپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا 20 مىڭ مودىن ئوشۇق بوز يەر ئېچىپ، يىللىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى نەچچە مىليون دادەنگە يەتكۈزگەن. سۇ مېيىغا چىلانغان كىگىزنى ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ تېگىگە قويۇپ سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسى، دەل جاڭ ياۋ چىڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ قوشۇنىنىڭ قۇمۇلدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى ئىجادىيىتى ئىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۆچى ئارقا - ئارقىدىن قوۋۇقتىن چىققاندا قۇمۇل چىڭ قوشۇنى ئارقا سەپ ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى بازىسىغا ئايلاندى㉓.

1875 - يىلى چارروسىيە ئوفىتسېرى سوسنوۋىسكىي لەنجۇغا كېلىپ زو زوڭتاڭ بىلەن كۆرۈشتى. سۆھبەتتە زو زوڭتاڭ چارروسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا يوشۇرۇن مەنپەئەت توقۇنۇشى بارلىقىنى ھېس

قىلىپ يەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سوسنوۋسكىي زو زۇڭتاڭغا ئۆزىنىڭ چاررۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىن چىڭ قوشۇنىغا 5 مىليون جىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوسنوۋسكىي يەنە ئاشلىق تاپشۇرۇش ئورنىنى گۇچۇڭدا تەسىس قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

ئۇزاق ئۆتمەي، كامىسك ئىسىملىك بىر چاررۇسىيە سودىگىرىمۇ چىڭ قوشۇنىغا ھەربىي ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئاشلىق تاپشۇرۇش ئورنىنى سانجىدا تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

كامىسكىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەسلىدىن ھېچقانداق ئالاھىدە مەنىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەمما كامىسكىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىغان چاغدىكى بىر ئابزاس سۆزى، چاررۇسىيىنىڭ چىڭ قوشۇنىغا ھەربىي ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىشتە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. كامىسك مۇنداق دېگەن: «ناۋادا قوراللىرى سەرخىل، ئىنتىزامچان، جەڭگە ماھىر، پەقەتلا ئاشلىق كەمچىل بولغانلىقتىن جەڭ قىلالمايۋاتقان 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىزنىڭ تەمىنلىشىمىزگە تايانسا، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بارلىق پۇرسەتلەر بىزنىڭ قولىمىزدا بولىدۇ؛ ناۋادا يول قويسا ۋە كېلىشىم تۈزۈشكە قوشۇلسا، ئۇلارغا ئاشلىق بېرىمىز. قوشۇلمىسا ئاشلىق بەرمەيمىز ھەمدە مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بارلىق ئاقىۋەتلەرگە ئۇلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ زو زۇڭتاڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەندە ئويلىغان ئالدىنقى شەرتىم»㉔.

گەرچە چاررۇسىيىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى غەربىنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەربىي ئاشلىق سېتىۋالىدىغان ئورۇننى

باشتىن ـ ئاخىر سەزگۈرلۈك بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى دائىرىدە بەلگىلىدى. ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىشى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرقايسى جايلاردىكى مەخسۇس يەرلىك ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. گۇيخۇا (كۆكخوت) شەھىرى سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى ھەربىي ئاشلىق سېتىۋالىدىغان مەركىزىي ئورۇن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، كۆكخۇت شەھىرىدە غەربنى تىنچلاندۇرۇشقا ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش باش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. باۋتۇ، سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىن ئاشلىق توشۇش يولىدىكى ئوتتۇرا نۇقتا بولغانلىقتىن، بۇ جايدا غەربنى تىنچلاندۇرۇشقا ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش تارماق ئىدارىسى قۇرۇلدى. تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەشكە مەسئۇل ئاپپاراتلار ئىزچىل ھالدا چىڭ قوشۇنى يۈرۈش قىلغان غول لىنىيىلەرگە جايلاشقانىدى. ئۇلار ئەنشىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا لەنجۇ، سۇجۇ، قۇمۇل، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ ئاپپاراتلار غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوماندانلىق ئاپپاراتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەخسۇس ھەربىي ئاشلىق يۆتكەشكە مەسئۇل ئىدى.

ئاشلىقنىڭ مىقدارى ۋە قاتناش شارائىتىدىن باشقا توشۇش باھاسىمۇ زو زۇڭتاڭ كۆزدە تۇتقان يەنە بىر ئامىل ئىدى.

توشۇش باھاسىدا ئەڭ قىممەتكە چۈشىدىغىنى خېشى كارىدورى لىنىيىسى ئىدى. لياڭجۇدىن گۇچۇڭغىچە ھەر 100 جىڭ ئاشلىقنىڭ باھاسى ۋە توشۇش ھەققى 22 سەر كۈمۈش بولاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا گۇيخۇا، باۋتۇدىن بارىكۆلگىچە ھەر 100 جىڭ ئاشلىقنىڭ توشۇلۇش ھەققى 8 سەر ئەتراپىدا بولاتتى. چاررۇسىيەدىن گۇچۇڭ ۋە سانجىغا ئاشلىق توشۇغاندا، ئاشلىقنىڭ باھاسى ۋە توشۇش ھەققى بىرقەدەر ئەرزان

توختايتتى، چارروْسيىدىن گوْچوْڭغىچە ھەر 100 جىڭ ئاشلىقنىڭ باھاسى يەتتە سەر بەش مىسقال، سانجىغىچە ھەر 100 جىڭ ئاشلىقنىڭ باھاسى ۋە توشوْش ھەققى ئالتە سەر بولاتتى. قوْبدوْ ۋە ئوْلاستايدىن باركوْلگىچە بولغان لىنىيىدە ھەر 100 جىڭ ئاشلىقنىڭ باھاسى ۋە توشوْش ھەققى ئاران ئوْچ سەر بولاتتى. توشوْش ھەققى ئەڭ ئەرزان بولغىنى يەرلىكتىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئىدى، باركوْل، گوْچوْڭ، جىمسار قاتارلىق جايلاردا ھەر 100 جىڭ ئاشلىقنىڭ باھاسى بىر سەر ئىدى.

توشوْش ۋاستىلىرى ئىچىدە توْگە يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا توْراتتى. بولوْپىمۇ، كوْكخوْت - باۋتوْ - باركوْل لىنىيىسىدە پوْتوْنلەي دېگوْدەك توْگە ئاساس قىلىناتتى. زو زوْڭتاڭ بۇ لىنىيىدىكى توْگە قاتنىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئوْنوْمىنى تەپسىلىي ھېسابلاپ كوْرگەن بولوْپ، ھەربىر توْگە 500 جىڭدىن يوْك كوْتوْرسە، ھەر بەش توْگە بىر گورۇپپا قىلىنىپ، بىر توْگىچى يېتىلەپ كوْنىگە 80 چاقىرىم يول يوْرسە، كوْكخوْتتىن باركوْلگىچە 30 نەچچە كوْن كېتەتتى. يوْروْش داۋامىدا ھەربىر توْگىگە كوْنىگە ئوْچ جىڭ يەم كېتەتتى. كوْكخوْتتىن باركوْلگىچە توْگە كارۋىنى ئاساسەن يايلاقتا ماڭىدىغان بولغاچقا، يەم - خەشەكنىڭ كەم قىسمىنى يولدىكى ئوت - چوْپلەر ئارقىلىق تولوْقلىغىلى بولاتتى. روْسيىدىن باركوْلگە ۋە سانجىغا بولغان توشوْش لىنىيىسىدىمۇ توْگە قاتنىشى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

توشوْش ۋاستىلىرىنى سەپلەش ئەڭ قىيىن بولغىنى خېشى كاردورى لىنىيىسى ئىدى. ھەربىي ئاشلىق تەييارلاشتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خېشى كاردورى ھېچقانچە مۇھىم رول ئوينىيالمايتتى. ئەمما خېشى كاردورى چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كوْچى توپلاشقان جاي ۋە بېسىپ ئوْتىدىغان يولى

بولغانلىقتىن، ھەر ۋاقىت پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان جىددىي ھەربىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن خېشى ئەتراپلىرى باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

خېشى كارىدورىنىڭ ناچار تەبىئىي مۇھىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، زو زوڭتاڭ خېشى كارىدورى لىنىيىسىدىكى ترانسپورتتا «قىسقا مۇساپە ئارقىلىق ئۈزۈلدۈرمەي توشۇش» تەدبىرىنى بېكىتىپ چىقتى. زو زوڭتاڭ بۇ خىل تەدبىرنى قوللىنىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىغاندا: «ئۇزاق مۇساپىدە ئۇلاغلار ھالسىراپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن ئۇزاق، سۇرئەتكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا قىسقا مۇساپە ئارقىلىق توشۇش قۇلايلىقراق» دېگەنىدى㉕.

چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئارقا - ئارقىدىن قوۋۇقتىن چىققاندا، ھەرقايسى قىسقا مۇساپىلىك توشۇش لىنىيىلىرىدە مۇناسىپ ھالدىكى توشۇش ۋاسىتىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغانىدى. لياڭجۇدىن سۇجۇغىچە بولغان ئارىلىقتا 2 مىڭ چوڭ ھارۋا، 1 مىڭ 500 ئېشەك، ئەنشى، قۇمۇل، باركۆل، گۇچۇڭ ئارىلىقىدا ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى 3 مىڭ تۆگە، سودىگەرلەر ئىلكىدىكى مىڭ تۆگە، 300 چوڭ ھارۋا، سۇجۇدىن گۇچۇڭغىچە بولغان ئارىلىقتا مىڭ چوڭ ھارۋا بېرىپ - كېلىپ قاتنايتتى㉖.

كەڭ دائىرىدە يىغىش - توپلاش ئارقىلىق 1876 - يىلىغا كەلگەندە، خېشى كارىدورىدىن ئەنشى ۋە قۇمۇلغا يۆتكەلگەن ھەربىي ئاشلىق تەخمىنەن 10 مىليون جىڭغا، قۇمۇلدىن گۇچۇڭغا يۆتكەلگەن ھەربىي ئاشلىق تەخمىنەن بىر مىليون جىڭغا، نىڭشيادىن باركۆلگە يۆتكەلگەن ھەربىي ئاشلىق تەخمىنەن 1 مىليون جىڭغا، چاررۇسىيىدىن گۇچۇڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق تەخمىنەن 4 مىليون 800 مىڭ جىڭغا يەتتى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى غەربكە يۈرۈش قىلىش ئالدىنقى

سىپىگە جەمئىي 20 مىليون 800 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق يۆتكەپ، قوزغىماقچى بولغان ھەربىي ھەرىكىتىگە پۇختا ئاساس سالدى㉗.

پايدىلانمىلار

① زو شياۋتۇڭ: «مەرىپەتپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ ئائىلە مەكتۇپلىرى».

② «چىڭ موزۇڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەر» 177 ـ جىلد، 7 — 9 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 182 ـ جىلد، 25 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 368 ـ جىلد، 16 — 370 ـ جىلد، 25 — 26 ـ بەتلەر؛ 119 ـ جىلد، 29 — 31 ـ بەتلەر.

⑤ «چىڭ موزۇڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەر» 232 ـ جىلد، 29 — 31 ـ بەتلەر؛ 247 ـ جىلد 9 — 10 ـ بەتلەر، 320 ـ جىلد 28 — 29 ـ بەتلەر.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 326 ـ جىلد 3 — 15 ـ بەتلەر؛ 349 ـ جىلد 26 — 28 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 309 ـ جىلد 21 ـ بەت؛ 335 ـ جىلد 24 — 25 ـ بەتلەر؛ 359 ـ جىلد 11 ـ — 12 ـ بەتلەر.

⑧ «زو زۇڭتاڭنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتلىرى. داۋامى» 61 ـ جىلد، 72 ـ جىلد؛ [ئامېرىكا] ئىبغىزچە تەرجىمىسى، ياۋقىن قەلەم تەۋرەتكەن: «غەربىي ئەللەرنىڭ يېقىنقى ئىشلىرى توپلىمى» 3 ـ جىلد، 79 ـ بەت.

⑨ «ياتلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ باش ـ ئاخىرى. تۇڭجى دەۋرى» 98 ـ جىلد، 9 ـ، 2() ـ بەتلەر.

⑩ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت لى خۇڭجاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. مەلۇماتنامە» 24 ـ جىلد، 17 ـ بەت.

⑪ «ياتلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ باش ـ ئاخىرى. تۇڭجى دەۋرى» 99 ـ جىلد، 12 — 13 ـ بەتلەر.

⑫ «چىڭ دىزۇڭ دەۋردىكى خاتىرىلەر» 4 ـ جىلد، 2 — 4 ـ بەتلەر.

⑬ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. مەلۇماتنامە» 46 ـ جىلد.

⑭ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑮ «چىڭ دىزۇڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەر» 6 ـ جىلد، 10 — 12 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 6 ـ جىلد، 9 — 10 ـ بەت.

⑰ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. مەلۇماتنامە» 44 ـ جىلد، 32 — 33 ـ بەتلەر.

⑱ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑲ «مەرىپەتپەرۋەر، مەدەتكار زو زوڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتلىرى. داۋامى» 59 ـ جىلد، 10 ـ بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب. 12 ـ بەتنىڭ بېشى.

㉑ «چىڭ دىزۇڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەر» 25 ـ جىلد. 3 — 6 ـ بەتلەر.

㉒ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

㉓ «خۇنەن قوشۇنى تەزكىرىسى» 19 ـ جىلد، 8 ـ بەت.

㉔ [ رۇسىيە] كامىسك: «1874 — 1875 ـ يىللىرى جۇڭگودىكى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2 ـ قىسىم 201 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن نەقىل.

㉕ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. خەت ـ چەكلەر» 15 ـ جىلد، 15 ـ بەت.

㉖ چىن خەنسەي: «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەززەت زو زوڭتاڭ غەربىي شىمالدا»، يۈلۈ نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 115 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 111 ـ بەت.

## 2 ـ بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ پەرمان بويىچە قوۋۇقتىن چىقىشى

### 1. قوشۇننىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى

1874 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ

ئېيتقاندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قوشۇن كىرگۈزۈپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي ھەرىكىتى بولۇپ قالدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەربىي ئاشلىقنى توشۇش قاتارلىق بىر قاتار چوڭ ئىشلارنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنچىكىلىك بىلەن قوشۇنلارنى باشقىدىن تەشكىللەشنى تاماملىدى.

چىڭ قوشۇنى ياقۇپبەگ قوشۇنىغا ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاۋاتقاندا، زور تۈركۈمدىكى ئەنگلىيە قوراللىرىنىڭ ھىندىستان ـ كەشمىر ئارقىلىق قەشقەرگە توشۇلغانلىق ۋەقەسى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، زو زۇڭتاڭ قوۋۇقتىن چىققان ۋاقىتتا، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: پىيادە قىسىملارنىڭ ھەربىر باتالىئونىدا 500 ئادەم بولۇپ، ئەسكەرلەر 336 نەپەر، ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە باشقا خادىملار 164 نەپەر ئىدى. ھەربىر باتالىئون سەككىز شاۋغا، ھەر شاۋ سەككىز ئەترەتكە بۆلۈنگەن. 1 ـ ئەترەت قارا مىلتىق بىلەن، 2 ـ ئەترەت نەيزە، قىلىچ بىلەن، 3 ـ ئەترەت تاپانچا بىلەن، 4 ـ ئەترەت نەيزە، قىلىچ بىلەن، 5 ـ ئەترەت قارا مىلتىق بىلەن، 6 ـ ئەترەت قىلىچ، نەيزە بىلەن، 7 ـ ئەترەت تاپانچا بىلەن، 8 ـ ئەترەت نەيزە، قىلىچ بىلەن قوراللانغان. ھەربىر سەرۋازلار باتالىئونىدا 250 ئادەم بولۇپ، ئەسكەرلەر 225 نەپەر، ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېر ۋە باشقا خادىملار 25 نەپەر ئىدى①. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، چىڭ قوشۇنلىرى ئىپتىدائىي قوراللار ۋە كىچىك تىپتىكى ئوت ئالدۇرغۇچى قوراللار سەۋىيىسىدە توختاپ قالغانىدى.

زو زۇڭتاڭ ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتىدىكى زىياڭ گوفەن، لى

خوڭجاڭلار بىلەن بىر قاتاردىكى ۋەكىللىك شەخسلەردىن بولۇپ، فۇجۇ كېمىسازلىق ئىدارىسىگە باشچىلىق قىلىپ، سودا كېمىسى، ھەربىي كېمە، مىلتىق - زەمبىرەك ياسىغان ۋە جۇڭگودىكى تۇنجى دېڭىز ئارمىيە ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇ يېڭىچە قوراللارغا قارىتا بەلگىلىك تونۇشقا ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغانىدى. شۇڭا ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە كۆپلەپ قورال - ياراغ تولۇقلاپ بېرىشنى قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلىش بىلەن بىرگە، 1873 - يىلى قۇرۇلغان لەنجۇ قورال ياساش ئىدارىسىنىڭ كۆلىمىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. بىر قاتار تىرىشىشلار ئارقىلىق لەنجۇ قورال ياساش ئىدارىسى 1874 - يىلىدىن باشلاپ، مىشەك، ئوق بېشى، چاچما توپ ئوقى قاتارلىقلارنى ياساپ چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەي گېرمانىيىنىڭ «بۇرما توپى ۋە ئارقىدىن ئوقلىنىدىغان يەتتە ئاتار مىلتىقى» نى تەقلىد قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمى قوۋۇقتىن چىققاندا، لەنجۇ قورال ياساش ئىدارىسى ئىشلەپچىقارغان قورال - جابدۇقلار چىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىغا سەپلەنگەنىدى②.

زو زوڭتاڭ غەربىي يۇرتتا جەڭ قىلغاندىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى مۇنداق يەكۈنلىگەن: «ئەلمىساقتىن تارتىپ سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى غەربىي يۇرۇش ئاز ھەم ساز بولغان. قوشۇن چىقارغاندا ئالدى بىلەن يەم - خەشەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈكنى ئويلاشقان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىدىكى جاۋ فېيىي دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە تۆھپە قوشقان پېشقەدەم داڭلىق سانغۇن ئىدى. ئۇنىڭ جيۇچۇەندە (يەنى ھازىرقى سۇجۇدا)، دۇنخۇاڭدا (يەنى ھازىرقى ئەنشىدە) ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزغاندا، سەرۋازلار ۋە ئەسكەرلەردىن بولۇپ ئون مىڭ ئادەم بىلەن بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ تېجەشلىك بولغانلىقىنى بۈگۈنكى

غەربكە يۈرۈش قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىنكار قىلمايدۇ. چيەنلۇڭ يىللىرىدا ۋەزىر جاۋ خۇي ئىلىنى نەچچە ئاي مۇھاسىرە قىلغاندا، شىمالىي يولىنىش قوشۇنى توسۇلۇپ قېلىپ، ئىچكىرىلەپ كىرەلىگەن خىل قوشۇن ئاران نەچچە يۈزلا بولسىمۇ مۇداپىئەنى بىكار قىلىپ چېگرىنىڭ ئەمىنلىكىنى قوغدىغان. ئەينى چاغدا شىمالىي يولىنىش قوشۇنىمۇ نەچچە مىڭغا يەتمەيتتى. ئەمما ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىدىن ئاۋامنى ئاۋارە قىلىشقا بولمايدۇ. قەدىمدە بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ئەمىنلىك ئورنىتىلىپ ئەمەلدار ۋە پۇقرا پاراۋان بولغان ھالەتتىمۇ، باشقىچە ئويدا بولماسلىق كېرەكلىكى بىر ئېنىق ساۋاقتۇر»③.

شۇڭا، زو زوڭتاڭ قوشۇنلارنى باشقىدىن تەشكىللەشنى غەربكە يۈرۈش قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي، دەپ بىلىپ قىلتىنىق ۋاستىلەر بىلەن ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. زو زوڭتاڭنىڭ باشقىدىن تەشكىللەشتىكى تۇنجى نىشانى، ئۈرۈمچى تىتەيى چىڭ لۇنىڭ قىسمى ئىدى.

زو زوڭتاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە چىڭ لۇنى ئەيىبلەپ سۇنغان مەلۇماتىدا: «ئۈرۈمچى تىتەيى چىڭ لۇ ئوۋۇقتىن چېكىنىش پەرمانىغا ئەمەل قىلماي، 100 مىڭ ئەسكىرى بولسىمۇ، تەمىنات جىددىيچىلىكىنى باھانە قىلىپ، قوشۇننى يەتتە يىلدىن بېرى گەنسۇنىڭ شىمالىدا تۇتۇپ تۇرۇپ بىرەر قېتىم جەڭگە كىرمىدى. چىڭ لۇنىڭ قوشۇنى 12 باتالىيون بولسىمۇ، ھازىر 5 ـ 6 يىڭلا قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى قالايمىقان. ئۆتكەندە گاۋتەيدىن سۇجۇغا ئىككى يىل يۆتكىگەندە 200 دەك ھارۋىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئاياللار ۋە بالىلار چىققان بولۇپ، بۇنى ھەممەيلەن كۆردى. ④»

1872 يىل 5 ـ ئايدا چىڭ لۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ سوراققا تارتىلىپ، كېچىكتۈرۈپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇلدى.

چىڭ لۇنىڭ 12 يىڭى ئۈچ يىڭغا قىسقارتىلىپ جىن شۇنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلدى⑤.

جىن شۇنىڭ قوشۇنى ئەسلى 30 باتالىئون بولۇپ، نۇرغۇن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئاللىقاچان جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ، پەقەت ھەربىي تەمىناتنى يەپلا ياتاتتى. زو زۇڭتاڭ جىن شۇنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى 23 باتالىئونغا ئىخچاملىماقچى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ لۇنىڭ ئەسلىدىكى 17 باتالىئوندىن ئىخچاملانغان ئۈچ يىڭمۇ بار ئىدى. 1874 ـ يىل 4 ـ ئايدا جىن شۇنىڭ قىسمى 23 باتالىئونمۇ ئىخچاملاندى. جىڭ لېيەنىڭ قوشۇن شتاتى ئەسلىدە 34 باتالىيون، يەنى 17 مىڭ ئەسكەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىسمىدىكى سەركەردە ـ ئەسكەرلەر ئاران 8 مىڭ بەش يۈز نەپەر ئىدى⑥.

1875 ـ يىل 5 ـ ئايدا جىڭ لېيەنىڭ 34 يىڭى توققۇز پىيادە ئەسكەرلەر باتالىئونى، 10 ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىئونى بولۇپ، جەمئىي 19 باتالىئونغا ئىخچاملاندى. ئۈچىنچى تۈركۈمدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگىنى مۇ تۇشەن قىسمى بولدى. زو زۇڭتاڭ مۇ تۇشەن قىسمىدەك قوشۇننىڭ ھېچقانداق ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، گۇاڭشۇخانغا يازغان مەلۇماتىدا مۇنداق دېدى: «ۋەزىرلىرى غەربكە سەپەر قىلىپ گەنسۇغا كەلگىنىمدىن بۇيان (مۇ تۇشەننىڭ) غەلىبىلىك بىرەر جەڭ قىلغىنىنى كۆرگىنىم يوق. خېجۇ قولدىن كەتكەندە ياكى قايتۇرۇۋېلىنغاندا بىرەر قېتىم قوشۇن چىقارغىنىنى كۆرمىدىم. مۇ تۇشەن شەنشىگە بارغىنىدا، پەرماندا خىللانغان باھادىرلارنى توپلاش دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كەڭ كۆلەمدە سەرگەردانلارنى يىغىپ قوشۇن ئىچىدە يامان ئىللەتلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان تۇرسا، قانداقمۇ قوشۇننى ساقلاپ قالغىلى بولسۇن، بۇ قېتىم قوۋۇقتىن چىققاندا مۇ تۇشەننى تۆھپە

يارىتالمايلا قالماستىن، چوڭ ۋەزىيەتكە دەخلى يەتكۈزۈپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن»⑦.

زو زۇڭتاڭنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇ تۇشەن قىسمىنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق خېشى رايونىدا قېلىپ، ترانسپورت لىنىيىسىنى قوغدىشىنى بۇيرۇدى.

چېڭ لۇ قوشۇنى، جىڭ ليەن قوشۇنى ۋە جىن شۇن قوشۇنلىرىنى ئىخچاملاشنى توگىتىپ، مۇ تۇشەن قىسمىنىڭ قوۋۇقتىن چىقىپ جەڭگە قاتنىششىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، زو زۇڭتاڭ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدە جەڭ قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان خۇنەن قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە كىرىشتى.

ليۇ جىنتاڭ قوشۇنى چىڭ قوشۇنىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشتىكى ئاساسىي كۈچى ئىدى. سۇجۇ ئۇ.ۋشى باشلانغاندا ليۇ جىنتاڭ قوشۇنى 24 يىڭ بولۇپ، سۇجۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆلۈم - يېتىم ۋە يارىلىنىش ئەھۋالى ئېغىر بولغانلىقتىن، ھەر قايسى باتالىئونلاردا بوشلۇق كۆرۈلگەنىدى. زو زۇڭتاڭ بۇ قوشۇننى 17 يىڭغا ئىخچاملاپ، خۇنەن قوشۇنىغا يېڭى ئېلىنغان ئەسكەرلەردىن سەككىز باتالىئونىنى قوشۇپ ئۇنى 25 باتالىئون يەتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ زو زۇڭتاڭنىڭ ئاساسىي قوشۇنى يېڭىۋاشتىن كەڭ كۆلەمدە تولۇقلاندى.

ئۆزگەرتىپ ئىخچاملانغان غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ھەرقايسى قىسىملار خۇنەن قوشۇنىنىڭ نىشانى بويىچە، ھەربىر پىيادە يىڭ 500 ئادەمدىن، ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىئونى 250 ئادەمدىن تەشكىل تاپتى. 1876 - يىلى 3 - ئايدا غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن تولۇق تەشكىللىنىپ بولۇندى. ئۇلار: ئومۇمىي بارگاھ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى سانغۇن ليۇ جىنتاڭ قوماندانلىقىدىكى

16 باتالىيون؛ گۇاڭدۇڭ قۇرۇقلۇق قىسمىنىڭ تىدۇسى جاڭ ياڭ قوماندانلىقىدىكى 16 باتالىيون؛ ئۈرۈمچى دۇتۇڭى جىن شۇن قوماندانلىقىدىكى 40 باتالىيون؛ مۇۋەققەت تىدۇ شۇ جەنبياۋ قوماندانلىقىدىكى يەتتە يىڭ ئىدى.

## 2. شىمالدا جەڭ قىلىپ، جەنۇبتا تۆھپە يارىتىش

1864 - يىل 10 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان كۆرەگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاندىلا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى، ئىلى جياڭجۈنى، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى، ھەرقايسى جايلاردىكى خان - ئامباللىرى، چېرىكچى ئامباللار، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەردىن تەشكىل تاپقان ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاللىقاچان بەربات بولغانىدى. 1864 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە بىلەن ئىمزالىغان «غەربىي شىمال چېگرىنى تەكشۈرۈپ - ئايرىش كېلىشىمى» چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكى يۇقىرىقى روھىي ھالەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «جۇڭگو - رۇسىيە غەربىي شىمال چېگرىنى تەكشۈرۈپ - ئايرىش كېلىشىمى» گە ئىمزا قويۇۋاتقاندا، قوراللىق قوزغىلاڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى قاپلاپ، خوتەن، قەشقەر، كۇچا، ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلار قوزغىلاڭنىڭ بىرتوتاش مەركەزلىرىگە ئايلاندى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كېلىشىم شەكلى ئارقىلىق جۇڭگو - رۇسىيە ئارىلىقىدىكى چېگرىنى ئايرىپ، كېلىشىم ئىچىدىكى جۇڭگو زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك

هوقۇقىنى ئېنىق شەرھلىدى. 1865 ـ يىل 1 ـ ئايدا ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ياقۇپبەگ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى. ئوخشاش ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى تۇمىڭ، ئىلىدىكى مەزەمزاتلارمۇ ئۆز باشقۇرۇش رايونلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. چىڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئېيتقاندا ئېغىر بولغىنى، شەنشى ـ گەنسۇدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەربىي شىمالدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاچقا، چىڭ قوشۇنى يېقىن بىر مەزگىلدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يېڭىۋاشتىن تىكلەش ئېھتىماللىقىمۇ يوقىلا چىققانىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلىرىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. 1869 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە بىلەن يەنە «جۇڭگو ـ رۇسىيە قوبدۇ چېگرا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يەنە «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئۇلاستاي چېگرا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. چىڭ سۇلالىسى زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتە بەدەل تۆلەش ئارقىلىق، خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرا سىزىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بولغان تەسىرىنى ئېيتىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

چىڭ سۇلالىسى چاررۇسىيە بىلەن ئىمزالىغان يۇقىرىقى كېلىشىملەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتنى ئار ـ

نومۇسقا قالدۇرىدىغان تەرىپىدىن باشقا، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەكىتلەشتە يەنە سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە. دەل مۇشۇ كېلىشىملەر بولغانلىقتىن، خەلقئارا جامائەت پىكرى، ھەتتا چاررۇسىيە دائىرىلىرىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزىدە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ھەربىي خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

دۆلەت ئىچىدە، چىڭ سۇلالىسى ئوخشاشلا تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىنى ئوچۇق ئېلان قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. 1864 - يىل 11 - ئايدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش پەرمانىنى ئېلان قىلدى: ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلى جياڭجۈنى مىڭ شۈ (1864 - يىل 11 - ئاي)، ئۈرۈمچى باشبۇغى چېڭ لۇ (1865 - يىل 2 - ئايدا)، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ياندىش ئامبال بېشىر (1865 - يىل 2 - ئايدا)، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋۇلۇڭئا (1865 - يىلى 7 - ئايدا)، ئىلى جياڭجۈنى چۇەن رۇڭ (1866 - يىل 6 - ئايدا)، غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى كۆكجىتەي (1866 - يىل 6 - ئايدا) لەر بار ئىدى. گەرچە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرىقى ئەمەلدارلار ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ۋەزىپىدە ئولتۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىنى پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلىدى.

10 يىلغا يېقىن پۇختا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قولدىن كەتكىنىگە 10 يىلدەك بولغان شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتا قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. شۇنداق قىلىپ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمى ئەتراپىدا غەلىبە قىلىشقا ئالدىراش كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

1873 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، تۇڭجى خان ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ئارقىلىق زو زۇڭتاڭغا مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: «ھازىر قوۋۇقنىڭ ئىچكى قىسمى تازىلىنىپ، چوڭ قوشۇن گەنسۇنىڭ غەربىگە توپلاندى. مۇشۇنداق پەيتتە قوشۇنىمىز دەرھال بۆلۈنۈپ غەربكە ئاتلانمىسىقى لازىمدۇر.» ئۇ يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ: «سىز پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال قىلچە بىخەستەلىك قىلماي، تېز سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز كېرەك. باھانە كۆرسىتىپ چوڭ ئىشقا دەخلى قىلىنسا، قىلچە رەھىم قىلماي، ئېغىر لىتىپ جازالايمەن» دېدى⑧.

بىراق زو زۇڭتاڭ ھەربىي خىراجەت، قاتناش، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئەسكىرىي كۈچ قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك توسقۇنلۇقلار تۈپەيلىدىن، تۇڭجى خاننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغاچقا، ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانى بىلەن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇم جەھەتتە ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى.

زو زۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ ئاساسلىرىنى مۇنداق شەرھلىدى: «سۇجۇ قايتۇرۇۋېلىنىپ، چوڭ قوشۇن توپلانغاندا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ قوۋۇقتىن چىقماق، تېزلىكتە ئوغرىلارنى تازىلاشنى ئىستىمەك ھەممىگە ئايان بولغان، ھەممە بىلىدىغان ئىش ئىدى. كەمىنە ۋەزىرلىرىنىڭ يۈزەكى قارىشىمچە، بۇ ئىشتا چېۋەرلىك

بىلەن يۈرۈشنى كېچىكتۈرۈش، قارىغۇلارچە سۈرئەتنى قوغلاشقاندىن ياخشىراقمىكىن؟ ھەربىي ئاخباراتلارنى توپلاپ، ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىساق، ئوغرىلار ئالدىراقسانلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ»⑨.

زو زوڭتاڭ تىلغا ئالغان بىرىنچى سەۋەب، سۇجۇ جېڭىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدا چىقىمنىڭ ئېغىر بولغانلىقى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا جەڭگە 60 باتالىئون ئەسكىرىي كۈچ سېلىنغان بولۇپ، جەڭدىن كېيىن ئۆلگەنلەر ۋە ئېغىر يارىلانغانلار نەچچە مىڭدىن ئاشقانىدى. زو زوڭتاڭ شۈي جيەنباۋ باشچىلىقىدىكى سىچۇەن قوشۇنىنى ئالاھىدە مىسال قىلدى. شۈي جيەنباۋ قوشۇنىدا ئاتلىق، پىيادە 13 باتالىئون بولۇپ، ئۆلگەنلەر 500 نەپەر، يارىلانغانلار 2 مىڭ 400 نەپەر ئىدى. زو زوڭتاڭنىڭ يۇقىرىقىلاردىن چىقارغان يەكۈنى بولسا، «قوشۇنلارنى يېڭىۋاشتىن رەتلىمىگەندە، ئەمەلىي نەتىجىگە ئېرىشمەك قىيىن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

زو زوڭتاڭ ئوتتۇرىغا قويغان «يېڭىۋاشتىن رەتكە سېلىش» ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇنىڭ بىرى، قوشۇنلارنى ئىخچاملاپ، يېڭىدىن تەشكىللەش. يەنە بىرى بولسا، سۇجۇدا ئاتلىق ئۈچ باتالىئون ئەسكەر قالدۇرۇپ سۇجۇنىڭ مۇداپىئە سېپىلىنى قايتا ياسانقۇزۇپ، جيايۈگۈەن قوۋۇقىدا ئاتلىق - پىيادە تۆت يىڭ ۋە قوۋۇق سىرتىدا بەلگىلىك ساندا ئاتلىق - پىيادە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، قاشقوۋۇققا بارغۇچە بولغان قاتناش لىنىيىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولدى. زو زوڭتاڭ يۇقىرىقى ئىشلارنى تاماملاپ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىن شۈن، جاڭ لياۋ قوشۇنلىرىدىكى ئون مىڭدىن كۆپرەك ئاتلىق - پىيادە ئەسكەرنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇل ۋاتارلىق جايلارغا كىرگۈزدى. باشقا قوشۇنلارمۇ ھىماتچى قوشۇن بولۇپ ئارقا - ئارقىدىن قوۋۇقتىن چىقىپ، ئىككىنچى قېتىملىق جەڭ

تەرتىپىنى ئورۇنلاشقا تەييارلاندى.

زو زوڭتاڭ تىلغا ئالغان ئىككىنچى سەۋەب بولسا، ھەربىي ئاشلىق قاتارلىقلارنى توپلاشنىڭ چىڭ قوشۇنىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىكى ئېغىر توسالغۇغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئىدى. زو زوڭتاڭ ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنى قايىل قىلماقچى بولدى. ئۇ: «سۇجۇ، گاۋتەي قاتارلىق جايلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ئەنشى، قاشقوۋۇق قاتارلىق جايلارنىڭ كۆپ يېرى قۇملۇق، دۇنخۇاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرى مۇنبەت بولسىمۇ، يېغىلىقلار كۆپ بولغانلىقتىن پۇقرالار يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشىپتۇ. يۇرتىدا قالغانلار ئاران ئوندىن ئۈچ، ياكى تۆت ئۈلۈشىنى ئىگىلەيدىكەن. نۇرغۇن ئۆيلەر بوش قېلىپ، يەرلەر ئاق پېتى تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. كەمىنىلىرى لەنجۇدىن سۇجۇغا قىلغان سەپىرىمدە، يەرلىك پۇقرالار بەس - بەستە ئەرز سۇنۇشۇپ ئالۋاننى كەچۈرۈۋېتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى» دېدى⑩.

زو زوڭتاڭ يەنە ئېچىنغان تەلەپپۇزدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەجەبا ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان بولمىسا، مالىيە كۈچىمىز ئاران شۇنچىلىكمۇ!»⑪.

چىڭ ھۆكۈمىتى زو زوڭتاڭنىڭ پىكرىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قوشۇلدى. 1874 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاندىن جىن شۇن، جاڭ لياۋ باشچىلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن قوۋۇقتىن چىقىپ جىن ليەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، گۇچۇڭ، قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلارغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. 1876 - يىلىنىڭ بېشىدا ھىماتچى قوشۇن قوۋۇقتىن چىقتى. شۇ پەيتتە چىڭ قوشۇنىنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدىن ئۆتۈپ قوبدۇ، ئۇلاستاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

1876 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى زو زۇڭتاڭ چوڭ بارگاھىنى لەنجۇدىن سۇجۇغا يۆتكىدى. بۇ يەردە ئۇ بارلىق جەڭ پىلانىنى ئاخىرقى قېتىم تەھلىل قىلىپ، «شىمالدا جەڭ قىلىپ، جەنۇبتا تۆھپە يارىتىش» ئىستراتېگىيىسىنى بېكىتىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئالدى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قوشۇن كىرگۈزۈش ئىدى. تايانغان ئاساسى بولسا، ياقۇپبەگنىڭ تۇمىڭ ئاخۇننى مەغلۇپ قىلىپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولسىمۇ، ئاساسىي كۈچى يەنىلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا بولغانلىقتىن، ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇشتا روشەن بوشلۇق ساقلانغانلىقى ئىدى. دەل مانا مۇشۇ تەرەپ چىڭ قوشۇننى پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

1876 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چىڭ قوشۇنى قۇمۇلدىن جىمسارغىچە بولغان ئارىلىقتا 80 باتالىيون ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ، ئۈرۈمچىنى نىشان قىلغان ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاماملىدى㉑.

## 3. ئۈرۈمچى ئۇرۇشى

چىڭ قوشۇنىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قوۋۇقتىن چىققانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ 1875 ـ يىلى كۈزدىكى بىر قېتىملىق كېڭەشتە تۇيۇقسىز شەخسەن ئۆزى توقسۇنغا بېرىپ چىڭ قوشۇنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆمەر قۇلى دادخا قاتارلىق بىر تۈركۈم ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ياقۇپبەگكە ۋاكالىتەن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭ قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن بولسىمۇ، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىگە

كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ باشقۇرىدىغانلىقىنى، ھەربىي ئىشلاردا ئۆمەر قۇلى دادخا بىلەن جامادار دادخانىڭ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ياقۇپبەگ چوڭ بارگاھىنى يەكەنگە يۆتكىدى. ئۇنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، خوتەن، يېڭىسار ۋە قەشقەردىن كەلگەن قوشۇنلار يەكەنگە توپلىنىپ، 11 ـ ئايدا ياقۇپبەگنىڭ قوماندانلىقىدا يۈرۈشكە ئاتلاندى. ئاقسۇغا كەلگەندە ئۇ ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇلىبەگنى ئون مىڭ ئادەم بىلەن ئاقسۇدا تۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى شۇ ئاينىڭ ئاخىرى توقسۇنغا يۈرۈپ كەتتى.

ياقۇپبەگ توقسۇنغا كەلگەندىلا ئاندىن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى رايونلاردىكى ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى سەزدى. چىڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى مۇقىملىشىپ بولغانىدى. ھەربىي ئىلىمگە پىششىق ياقۇپبەگ ھازىرقى ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، ھەيۋەت بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان چىڭ قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بىر مەزگىل ئويلانغاندىن كېيىن، ئاقسۇدىكى ھەققۇلىبەگكە كېچىلەپ توقسۇنغا يېتىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، توقسۇن يولىدا جېدەللەپ مېڭىۋاتقانلار، يالغۇز ھەققۇلىبەگ يېتەكچىلىكىدىكى ئاقسۇدىن يولغا چىققان قوشۇن بولۇپلا قالماي، يەكەندىن توقسۇنغا جىددىي قورال ـ ياراغ، ئاشلىق يۆتكەۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. بۇ قورال ـ ياراغلار ئىچىدە ئەنگلىيىنىڭ ئارقىدىن ئوقلىنىدىغان زەمبىرىكى بىلەن ئارقىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقى مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، ياقۇپبەگ يەنە قاراشەھەر، كورلا، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ

هاكىمبەگلىرىگە توقسۇنغا جىددىي ئاشلىق يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. «تارىخىي ھەمىدى» دە بۇ قېتىمقى جىددىي يۆتكەشلەرنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئەينى ۋاقىتتا، تۇرپان، توقسۇنغا 30 مىڭ كىشى ئون يىل يېگۇدەك ئاشلىق توپلاندى»⑬.

1876 - يىلى 7 - ئايدا، ليۇ جىنتاڭ باشچىلىق قىلغان چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمى گۇچۇڭ، جىمسار قاتارلىق جايلارغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي چىڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىكى ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ليۇ جىنتاڭ بىلەن جىن شۈن جىمساردا ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىنى پىلانلاۋاتقاندا، ياقۇپبەگ ئۈرۈمچى مۇداپىئەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۈرۈمچىنى قوغداۋاتقان ئەسلىدىكى قىسىملاردىن باشقا يەنە بەي يەنخۇ ياقۇپبەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۈرۈمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشقانىدى. بەي يەنخۇ ئەسلى شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سۈجۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، قوۋۇقتىن قېچىپ چىقىپ ياقۇپبەگكە ئەل بولغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ياقۇپبەگ يەنە ھەققۇلىبەگ باشچىلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن ئەزىمقۇل قاتارلىق تۆت پانسات ۋە ئەمىرلەشكەر مادالويە باشچىلىقىدىكى 1500 نەپەر سەركەردە - لەشكەرنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، مۇھاپىزەتچى قوشۇننى كۈچەيتتى⑭.

1876 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چىڭ قوشۇنى فۇكاڭغا ئورۇنلاشتى. فۇكاڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا گۇمۇدى دېگەن قورۇل بولۇپ، فۇكاڭدىن چىققاندا گۇمۇدىغا ئۆتىدىغان ئىككى يول بار ئىدى. بىرى 120 چاقىرىم كېلىدىغان سودىگەرلەر يولى بولۇپ، يەر تۈزلۈكى تەكشى، ھارۋىلىق سەپەرگە قولاي بولسىمۇ، ئەمما سۇ تاپماق قىيىن ئىدى. پەقەت گەنچۇەنباۋ دېگەن

يەردىلا بىر كونا قۇدۇق بولۇپ، قۇدۇقنى كولىغاندا كۈنىگە پەقەت 100 كىشى ئىشلەتكۈدەك سۇ چىقاتتى. چىڭ قوشۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ گۇمۇدىدىن ئۆتىدىغان يەنە بىر يولنىڭ سودىگەرلەر يولىدىنمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى، ئەمما قاراڭغۇ ئۆتەڭ دېگەن يەردە يېتەرلىك سۇ مەنبەسى بارلىقىنى، ئېقىن بېشىدا خۇاڭ تيەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بولۇپ، بۇ كەنتتە دۈشمەن ئاللىقاچان مۇداپىئە سىستېمىسى بەرپا قىلغانلىقىنى بىلدى.

چىڭ قوشۇنى فۇكاڭدا بىرقانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، بىر تۈركۈم پىيادە ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ فۇكاڭنىڭ غەربىگە 10نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەردىن ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باشلاپ كەلدى ۋە قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئورۇنلاشقان چوڭ قوشۇننىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن نەچچە ئون چاقىرىملىق ئۆستەڭ قازدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر سەرۋازلار قىسمى مەخپىي هالدا گەنچۈەنباۋغا بېرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن كونا قۇدۇقنى كولاشقا كىرىشتى.

چىڭ قوشۇنىنىڭ فۇكاڭنىڭ غەربىدىن 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا ئۆستەڭ قېزىپ، سۇ باشلاش هەرىكىتى ياقۇپبەگ قوشۇنىنى خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇلار چىڭ قوشۇنىنىڭ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ ئالدىن گۇمۇدىغا هۇجۇم قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىنى مۇستەهكەم قورغان، كەينىنى تەبىئىي توسۇق قىلىپ ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىغا هۆكۈم قىلدى.

دۈشمەن چىڭ قوشۇنىنىڭ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈش ۋاقتىنى مۆلچەرلەۋاتقاندا، چىڭ قوشۇنىنىڭ بىر تارماق جەڭ قىلغۇچى قىسمى خۇاڭتيەن ئەتراپىغا يۆتكەلدى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۇلار خۇاڭتيەنگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى. تۇنجى جەڭ غەلىبىلىك بولۇپ، شۇ كۈنى كېچىسى خۇاڭتيەن ئىشغال

قىلىنىپ، قاراڭغۇ جىلغا ئۆتكىلى كونترول قىلىندى. خۇاڭتيەننى قوغداۋاتقان دۈشمەننىڭ بەزىلىرى گومۇدى سايلىقىغا، بەزىلىرى ئۈرۈمچىگە قاچتى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىڭ قوشۇنى قاراڭغۇ جىلغا ئۆتكىلى ئارقىلىق گومۇدىغا قىستاپ كېلىپ، دۈشمەنلەر ياسىغان سىرتقى مۇداپىئە سېپىلىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چىڭ قوشۇنى گومۇدىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، بارلىق ئوت كۈچىنى مۇشۇ ئىككى كۋادرات كىلومېتىرغا يەتمەيدىغان دائىرىگە توپلاپ شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى. ئىككى سائەتتىن كېيىن چىڭ قوشۇنى تۆت تەرەپتىن شەھەرگە بېسىپ كىردى. بۇ جەڭدە دۈشمەننىڭ 5 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمى يوقىتىلدى. ياقۇپبەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن گومۇدى مۇداپىئەسىگە كەلگەن ئەزىم قۇل پانسات ۋە ئۇنىڭ 350 تىن كۆپرەك ئەسكىرىنىڭ ھەممىسى جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى. بەييەنخۇ تەگرىتېغىدىن ئۆتۈپ توقسۇنغا كېلىۋالدى⑮.

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە چىڭ قوشۇنى بىر ئەسىرنىڭ يېنىدىن ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۈرۈمچىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا قويۇلغان مارىبەندىنىڭ گومۇدىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن سەركەردىسىگە گومۇدىنى قوغدىغىلى بولسا قوغداش، بولمىسا تېزلىكتە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، كۈچنى توپلاپ ئۈرۈمچىنى قوغداش توغرىسىدا يازغان پەرمانىنى تېپىۋالدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ھەربىي ئاخبارات ئىدى. ليۇ جىنتاڭ بۇ ئاخباراتقا ئاساسەن، گومۇدىنى قوغدىغۇچى قوشۇن يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى مۇداپىئەسىنىڭ ئاللىقاچان ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلدى ـ دە قوشۇنلارنى دەرھال ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. چىڭ قوشۇنى مارىبەندى قوشۇنى بىلەن ليۇداۋاندا ئۇچراشتى. بىر جەڭدىلا مارىبەندى قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. چىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچى سېپىلى تۈۋىگە

كەلگەندە دۈشمەننىڭ ئاللىقاچان شەھەرنى تاشلاپ جەنۇبقا قاچقانلىقىنى بىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى⑯.

چىڭ قوشۇنىنىڭ ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغانلىق خەۋىرى هۆكۈمرانلار قاتلىمىدا ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى قوزغىدى.

ئالدى بىلەن گۇاڭشۈ خان غەلىبىدىن هاياجانلىنىپ ھەربىي تەمىنات، ھەربىي مائاش، قاتناش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنىڭ قىسلىقىدەك ئېغىر ئەھۋالغا قارىماي، 1876 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلارغا تېزلىكتە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى⑰.

زو زۇڭتاڭنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ۋېن شياڭ بۇ ۋاقىتتا ئارىلىقنىڭ يىراق، مۇھىتنىڭ ناچارلىقى، ھەربىي خىراجەتنىڭ يېتىشمەسلىكىنى سەۋەب قىلىپ چىڭ قوشۇنى پائالىيىتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى بىلەنلا چەكلىنىشى لازىملىقىنى قوۋۋەتلەپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ياقۇپبەگكە زەربە بېرىشىنى توستى.

غەربنىڭ تەمىناتىنى شەرققە يۆتكەپ، شىنجاڭدىن ۋاز كېچىشتە چىڭ تۇرۇۋاتقان لى خۇڭجاڭ بولسا ئۈرۈمچى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۈچەپ چۈشۈرۈپ، ھەربىي خىراجەت مەسىلىسى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. چىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغاننىڭ 4 ـ كۈنى، يەنى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لى خۇڭجاڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە غايەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ دېڭىز قوشۇنىنىڭ ھەربىي

تەمىناتنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بېسىم ئىشلىتىپ ناۋادا ئۇنىڭ تەلىپى ئورۇندالمىسا دېڭىز قىسىملىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈرۈمچى جېڭىنىڭ خەۋىرى خەلقئارادىمۇ ئوخشاشلا ئىنكاس قوزغىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى غەلىبىسىدىن ئەڭ خاتىرجەمسىزلەنگىنى ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئىدى. ئۈرۈمچى ئۈرۈشىدىن 10 كۈن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ۋېيتمان شەخسەن ئۆزى بېيجىڭدا لى خۇڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياقۇپبەگ ئىگىلىۋالغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار خەرىتە يۈزىدىلا جۇڭگوغا قارايدىغان، ئەمما ئولپان تاپشۇرمايدىغان شەرت ئاستىدا كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى زۇڭلى يامۇلىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ ۋەقەنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەپ، ناۋادا چىڭ قوشۇنى ياقۇپبەگ قوشۇنى بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلسا، چاررۇسىيىنىڭ تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زۇڭلى يامۇلى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ۋېيتماننىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى زو زوڭتاڭغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ياقۇپبەگ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پىكرىنى سورىدى.

زو زوڭتاڭ زۇڭلى يامۇلىغا يوللىغان مەكتۇپىدا: «ئەنجان زېمىنى شەرقتە قەشقەر بىلەن تۇتاش، شەرقىي شىمالى قىسمى چاررۇسىيىنىڭ يېڭى بېكىتىلگەن چېگرىسى بىلەن تۇتاش؛ ئەنجان چاررۇسىيىنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى زېمىنلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالدى، جەنۇبىتىكى سەككىز شەھەرگە كۆز تىكەلمەيدۇ،

ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ياقۇپبەگكە ۋاكالىتەن سۆلھ قىلماقچى بولۇشى ھەرگىزمۇ ئەنجان ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر» دېدى ۋە «ئۇرپان، جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر بىزنىڭ زېمىنىمىز، پاشا (ياقۇپبەگنى كۆرسىتىدۇ) بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر» دەپ تەكىتلىدى⑱.

غەربكە يۈرۈش قىلىشنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋاتقان زو زۇڭتاڭنىڭ پوزىتسىيىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن سۆھبەتلىشىشىدىكى تىرەك بولغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

ئۈرۈمچى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، سانجى، قۇتۇبى، ماناسنىڭ شىمالىي شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەنلەر ئارقا - ئارقىدىن شەھەرنى تاشلاپ، تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ، توقسۇنغا قېچىپ كېلىۋالدى. پەقەت ماناسنىڭ جەنۇبىي شەھىرىنى ئۇزاققىچە ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالماي، جەڭ ئۇزاققىچە سوزۇلۇپ كەتتى. بۇ ئاللىقاچان 9 - ئايدىكى باش كۈز ۋاقتى بولۇپ، بۇنى چىڭ سۇلالىسى ئالدىن ئويلاپ باقمىغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، ماناسنىڭ جەنۇبىي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان جىن شۇن قىسمى گەرچە ئارقا - ئارقىدىن يېڭى كۈچلەرنى جەڭگە كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئازراقمۇ ئىلگىرىلەش بولماي، چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىشىگە ئېغىر توسالغۇ بولدى. ئۈرۈمچى سېپىلىدىكى چىڭ قوشۇنى تۇز كۆلى ئەتراپىدىكى بىر پوتەيدە ياقۇپبەگنىڭ داۋانچىڭ مۇداپىئەسىدە تۇرۇۋاتقان مىڭدەك ئەسكىرىنى ئۈرۈمچىگە ئۆتكۈزمەي ئۇرۇشۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ماناسنىڭ غەربىدە، رۇڭ چۈەن قىسمى پەرمانغا بىنائەن ئالتاي تەرەپتىن جىڭ دەرياسى ئەتراپىغا كېلىپ،

ئىلىنى بېسىۋالغان چاررۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىنىڭ شەرقىگە كېڭىيىپ چىڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشىدىن مۇداپىئە كۆردى.

بۇ چاغدا كەچ كۆز كىرىپ قالغان بولغاچقا، ليۇ جىنتاڭ يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ، جىن شۇن قىسمىنى، رۇڭ چۈەن قىسمىنى ۋە ئورۇمچى مۇداپىئەسىدىن بىر بۆلەك ئەسكەر ئاجرىتىپ، ماناسنىڭ جەنۇبى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر 1876 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىشغال قىلدى. چىڭ قوشۇنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلەك دۈشمەننى يوقىتىپ، تازىلاش خىزمىتىنى تاماملىدى. قاتتىق سوغۇق قىش پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ چىڭ قوشۇنىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توختاپ قالدى.

## 4. داۋانچىڭ ئۇرۇشى

1876 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چىڭ قوشۇنى ماناسنىڭ جەنۇبىي شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ليۇ جىنتاڭ زو زۇڭتاڭغا مەكتۇپ يوللاپ داۋانچىڭ ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. زو زۇڭتاڭ ئاشلىقنىڭ كەمچىلىكى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى ۋە ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقىدەك سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئارقا سەپنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى تاماملىشنى تەلەپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا زو زۇڭتاڭنى ئەڭ قىيناۋاتقىنى يەنىلا ھەربىي خىراجەت مەسىلىسى ئىدى. 1876 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە جياڭسۇ، جياڭشى، جېجياڭ، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، خېنەن، شەندۇڭ، شەنشى، خېدۇڭ، ئەنخۇي، فۇجيەن ـ جېجياڭ تاموژنىسى قاتارلىق ئۆلكە ۋە تاموژنىلارنىڭ غەربكە يۇرۇش قىلىش خىراجىتىگە قەرز

بولغىنى 4 مىليون 428 مىڭ 230 نەچچە سەر كۆمۈشكە يەتكەن ئىدى. 1876 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گۇاڭشۈ خان چۈشۈرگەن پەرماندا شىن باۋجېن قاتارلىق 13 نەپەر باسقاقبەگنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېزلىكتە ھەرقايسى ئۆلكە ۋە تاموۋژىلارنىڭ غەربكە يۆرۈش قىلىش خىراجىتىگە بولغان قەرزىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى بۇيرۇدى ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىخۇدلۇق قىلىپ قەرزنى كېچىكتۈرۈپ، ھەربىي تەمىناتنى ئۈزۈپ قويغان، ھەربىي قورالالارغا دەخلى قىلىپ بىھۇدە زىيان سالغان ۋە خەتەر پەيدا قىلغان مۇپەتتىش، نائىبلارغا قىلچە رەھىم قىلىنمايدۇ. »⑲دېدى.

1876 ـ يىلى قىشتىن 1877 ـ يىلى ئەتىيازغىچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ۋە ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى ئالدىراش جەڭ تەييارلىقى قىلىشتى. چىڭ قوشۇنى داۋانچىڭ، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلارنى 1877 ـ يىلى باھار بايرىمىدىن كېيىن تۈنجى جەڭ دائىرىسى قىلىپ بېكىتتى.

1877 ـ يىلى باھار بايرىمىدىن كېيىن يەنە پىيادە، ئاتلىق، توپچىلار بولۇپ 17 باتالىئون، ئۈچ تۈركۈم چىڭ قوشۇنى خېشى كارىدورى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىردى. بەش پىيادىلەر يىگى، ئىككى ئاتلىق يىلڭ، بىر توپچىلار باتالىئوندىن تۈزۈلگەن بىرىنچى تۈركۈم قوشۇن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ليۇ جىنتاڭ قىسمىنى تولۇقلىدى. بەش پىيادىلەر يىگىدىن تۈزۈلگەن 2 ـ تۈركۈم قوشۇن بارىكۆلگە ئورۇنلىشىپ، شۇ جەنبياۋ قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ئىشىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. تۆت پىيادىلەر يىگىدىن تۈزۈلگەن 3 ـ تۈركۈم قوشۇن قۇمۇلغا ئورۇنلىشىپ جاڭ ياۋ قوشۇنىدىن مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ جەنبياۋ، جاڭ ياۋ قوشۇنلىرى ليۇ جىنتاڭ قىسمى بىلەن بىرگە داۋانچىڭ، توقسۇن، تۇرپانلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى نىشان قىلغان يېڭى جەڭ قىلغۇچى قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى.

ئۈرۈمچى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئىزچىل تۈردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمىدىكى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش تالاش - تارتىشىغا دىققەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭغا خەۋەرلەر ئاساسلىقى لوندونغا ئەۋەتكەن سەئىدتىن كېلەتتى.

ماناسنىڭ جەنۇبىي شەھىرىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن چىڭ قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز جىم تۇرۇۋېلىشى ياقۇپبەگدە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلدى. ياقۇپبەگ ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى قاتلىمىدىكىلەر ئىچكى قىسمىدا چىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەنلا چەكلىنىشىنى بېكىتىپتۇ، دەپ قارىغانىدى.

دەل مۇشۇ خىل قاراش تۈپەيلىدىن چىڭ قوشۇنى ئاللىقاچان كۈچىنى توپلاپ ماناسنىڭ جەنۇبىي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ياقۇپبەگ نىياز مۇھەممەد توقسابى ۋە ھەيدەر قۇلى باشچىلىقىدىكى ئالتە پانساتنى قوشۇنلىرى بىلەن داۋانچىڭغا ئەۋەتىپ، بىر قەلئە سالدۇردى. بۇ قەلئە تەڭرىتېغىنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزىغا يېقىن بولغان بىر ئېگىزلىككە سېلىنغان بولۇپ، ئىككى مىڭ كىشى بۇ يەردە تۇرۇپ قەلئەنى مۇداپىئە قىلىش پىلانلانغانىدى.

داۋانچىڭ قەلئەسىنى ياساش بىلەن بىرگە، ياقۇپبەگ بەييەنخۇ قوشۇنىنى تۇرپاندىن ھېكىمخانغا ياردەملىشىپ تۇرپاننى قوغداشقا يۆتكىدى. شۇنداق قىلىپ ياقۇپبەگ داۋانچىڭ، تۇرپان، توقسۇنلاردا ئۈچبۇرجەك شەكىلدىكى مۇداپىئە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. يۇقىرىقى مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ياقۇپبەگ چوڭ بارگاھنى كورلا شەھىرىگە يۆتكىدى. داۋانچىڭنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى نىياز مۇھەممەد توقسابىغا، تۇرپاننىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ھېكىمخانغا، توقسۇن قەلئەسىنىڭ قوماندانلىقىنى ھەيدەر قۇلىبەگكە تاپشۇردى.

1877 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چىڭ قوشۇنى داۋانچىڭ ـ تۇرپان ئۇرۇشىغا تۇتۇش قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭ قوشۇنىنىڭ جاڭ ياۋ قىسمى قۇمۇلدىن غەربكە قاراپ ئاتلىنىپ، شۇ جەنبياۋ قىسمى باركۆلدىن يولغا چىقىپ بىرلىشىپ پىچانغا يۈرۈش قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پىچان تەۋەسىدىكى چىقتىم دېگەن يەرنى ئىشغال قىلدى. پىچان شەھىرىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەن جەڭ قىلمايلا قېچىپ كەتكەچكە، چىڭ قوشۇنى ئوڭايلا تۇرپان تەۋەسىگە كىردى.

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، چىڭ قوشۇنى ئاساسىي پائالىيىتىنى داۋانچىڭ رايونىغا مەركەزلەشتۈردى. 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاتلىق، پىيادە 20 نەچچە باتالىئون ئەسكەر ليۇ جىنتاڭنىڭ قوماندانلىقىدا داۋانچىڭ ئەتراپىغا يۆتكەلدى. دۈشمەن قوشۇنى ئاللىقاچان ھەرقايسى دەريا ئېقىنلىرىنى قويۇۋەتكەچكە، داۋانچىڭ قەلئەسىنىڭ ئەتراپى چەكسىز سازلىققا ئايلانغانىدى. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى تىزغا چىققاچقا ھەرقايسى قوشۇنلار سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلىشقا ئامالسىز قالدى. چىڭ قوشۇنى توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن يىراقتىن توپقا تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. جەڭ باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي قەلئە دەرۋازىسى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ 400 دەك ئاتلىق دۈشمەن جەڭگە چىققان بولسىمۇ، سۇنئىي پەيدا قىلىنغان پاتقاقلىق، ئوخشاشلا دۈشمەننى چۈشەپ قويغاچقا، ئۇلار پاتقاقلىقتا ئۆزئارا قىستىلىشىپ، ئۆزىنى چىقىرىۋالالماي، كۆپ قىسمى چىڭ قوشۇنىنىڭ توپ ئوقىدا ھالاك بولۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كۈندە، دۈشمەن قوشۇنى كۈپتىكى تاشپاقىدەك قەلئەگە قامىلىپ قېلىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چىڭ قوشۇنى قەلئەنى قايتىدىن توپقا تۇتتى. بىر توپ ئوقى قەلئەدىكى دورا ئىسكىلاتىغا چۈشكەچكە جاھاننى لەرزىگە سالغۇدەك پارتلاپ، پۈتۈن قەلئەنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۈشمەنلەر

دەرۋازىنى ئېچىپ، سۇ كېچىپ قېچىشقان بولسىمۇ، چىڭ قوشۇنى ھالقىسىمان ئوراپ ھۇجۇم قىلغاچقا بىرەرىمۇ قېچىپ كېتەلمىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە چىڭ قوشۇنى مىڭدەك ئەسىر ئالدى، 800 دەك ئات ۋە بىر مىڭ تۆت يۈزدىن كۆپرەك تۈرلۈك قورال ۋە توپ ئولجا ئالدى. ئەنجان تەۋەلىكىدىكى ھەربىي خادىملاردىن نىياز مۇھەممەد توقسابى ۋە ھەيدەر قۇلىمۇ چىڭ قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشتى[20].

داۋانچىڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن، ليۇ جىنتاڭ تېزلىكتە تەڭرىتېغى ئارقىلىق تۇرپان ئويمانلىقىغا كىردى، 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ قوماندانى قوشۇمچە مەمۇرىي ئەمەلدارى ھېكىمخان ۋە بەييەنخۇ تۇرپاننى تاشلاپ توقسۇن قەلئەسىگە كېلىۋالدى. تۇرپان جەڭ قىلىنماي قايتۇرۇۋېلىندى.

تۇرپاننى تاشلاپ توقسۇن قەلئەسىگە كېلىۋالغان ھېكىمخان قوشۇنى بىلەن بەييەنخۇ قىسىملىرى قەلئەنى ساقلاۋاتقان قىسىم ئىچىدە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. مەغلۇپ بولغان بۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىڭ قوشۇنى ئوت كۈچىنىڭ شىددەتلىك ئىكەنلىكىنى، ۋەھشىيلەرچە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى قەستەن كۆپتۈرۈپ سۆزلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر قايمۇقتۇرۇش رولى ئوينىغۇچى ھېكىمخان بولدى. جەڭدىكى باتۇرلۇقى بىلەن مەشھۇر بولغان تۇرپان شەھىرىنىڭ بۇ مەمۇرىي ئەمەلدارى چىڭ قوشۇنىغا بىر پايمۇ ئوق ئاتماي تۇرۇپ تۇرپان شەھىرىدىن قېچىپ كەلگەنىدى. توقسۇن قەلئەسىدە ھېكىمخان راستقا يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ چىڭ قوشۇنىنىڭ داۋانچىڭنى تارتىۋالغان ئەھۋالىنى ۋە تۇرپان شەھىرى بوسۇغىسىدىكى چىڭ قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتىنى ھەيدەر قۇلىبەگكە سۆزلەپ بەرگەچكە، ھەيدەر قۇلىبەگ ھودۇققىنىدىن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالغانىدى.

توقسۇندا دەسلەپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغىنى بەييەنخۇ ئىدى.

ھەيدەر قۇلىبەگ بەييەنخۇدىن ھەزەر ئەيلىگەچكە، ئۇنىڭ قوشۇنى ۋە ئۆزلۈكىدىن كەلگەن خۇيزۇ پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىنى توقسۇن قەلئەسىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. چىڭ قوشۇنى يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە بەييەنخۇ بىر كېچىسى توقسۇندىكى ئەڭ باي جاي يىلانلىقتىن نۇرغۇن مىقداردا ئاشلىق، مال ۋە هارۋا قاتارلىقلارنى بۇلاپ چوڭ يول ئارقىلىق قاراشەھەر تەرەپكە قاچتى.

بەييەنخۇنىڭ قېچىپ كېتىشى، توقسۇن قەلئەسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى تۇپتىن تەۋرىتىۋەتتى. ھەيدەر قۇلىبەگ ئاستا ـ ئاستا ئەسكەرلەرگە بولغان كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاچقا، قوشۇن جەڭ قىلمايلا پىتىراپ كېتىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. ھېكىمخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھەيدەر قۇلىبەگ قەلئەدىكى يۆتكەپ كېتىشكە بولمايدىغان ئاشلىق، ئېغىر زەمبىرەك قاتارلىق بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

ھەيدەر قۇلىبەگ توقسۇن قەلئەسىدىكى بارلىق ئاشلىق ۋە قورال ـ ياراغلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، توقسۇن قەلئەسىگە قېچىپ كەلگەن ھېكىمخان بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ قارا شەھەرگە چېكىندى. ھەيدەر قۇلىبەگ ھېكىمخان بىلەن بىرلىكتە قاراشەھەرگە كەلگەن كۇنى ياقۇپبەگنىڭ كورلىغا كېلىپ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش توغرىسىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدى. ھەيدەر قۇلىبەگ بىلەن ھېكىمخان جازالىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ياقۇپبەگدىن خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئۇچۇن، قاراشەھەرنى قاتتىق ساقلاشقا روخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. ھەيدەر قۇلىبەگ بىلەن ھېكىمخاننىڭ قول ئاستىدا 30 مىڭغا يېقىن ئەسكەر بولغانلىقتىن، ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ كورلىغا

كىلىپ خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىش ھەققىدىكى پەرمانىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## 5. ياقۇپبەگنىڭ كورلىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈشى

1877 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ياقۇپبەگ كورلىدىكى ئالاھىدە ياسالغان چوڭ چېدىرىدا تۇيۇقسىز ئۆلدى㉑. ياقۇپبەگنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى ھەققىدە «تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇ چاغدا، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، غەزەپ ئوتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ تاشىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ موللا كامالىدىنغا غەزەپ قىلىپ، ئۇنى تاياققا تۇتتى، بۇ مىرزا قاتتىق تەن جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ، ئالىيلىرىنىڭ غەزىپى بېسىلماي، ئۆزىمۇ ئۇرۇپ تەپتى، چارچاپ ۋە ھاسىراپ «سوغۇق چاي» دېدى. شۇ پەيتتە بىر مەھرەم بىر چوڭ چىنە چاي كەلدى، ئۇنى بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچكىنى چاي بولماستىن، تېز تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوغا ئىدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپ شۇ يەردە چىرايلىرى كۆكىرىپ، ئەت ـ تېنى يېرىلىپ كەتتى.»㉒

شۇ كىتابتا يەنە ئاپتور ئۆزى ئاڭلىغان مۇنداق بىر گەپنى تىلغا ئالغان: «ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئالىيلىرىنىڭ نىياز ھېكىمبەگدىن كۆڭلى ئەمىن ئەمەس ئىدى. نىياز ھېكىمبەگمۇ ئۇ (ياقۇپبەگ) نى يوقىتىدىغان پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن. ئۇ (ياقۇپبەگ) نىڭ مۇداپىئەسى چىڭ بولغاچقىلا، نىياز ھېكىمبەگ زادى پۇرسەت تاپالمىغان. ھازىر ئۇ (نىياز ھېكىمبەگ) پۇرسەت كەلدى دەپ قارىغان. ئۇ ‹ئادەم مەنپەئەتىنىڭ قۇلى›، دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلغاچقا، ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قانچە مەھرەمگە ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغا قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزى

ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەسلى يامان بىر مەھرەم ئۇنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىپ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. نىياز ھېكىمبەگ ئۇنى ئايرىم چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بەدۆلەتنى يوقىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن. نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭغا: «پەقەت سەن چاي قاچىسىغا ئۆزەڭگە پىششىق بولغان زەھەرنى ياكى ئالىيلىرى ساڭا باشقىلارغا بەرگۈزۈپ تەجرىبە ھاسىل ئەتكەن زەھەردىن ئارىلاشتۇرۇپ قوي، ئۇ خۇدنى يوقاتقاندا زەھەر سېلىنغان چاينى ئۇنىڭغا ئەكىرىپ بەرسەڭ، ئۇ ئاچچىقىدا بىلمەي ياكى پەرقلەندۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەيلا ئىچىۋېتىدۇ. خۇدا گۇۋاھ بولسۇنكى بۇ تەدبىر بىلەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.» بۇ خىزمەتكار نىياز ھېكىمبەگدەك مۇشۇنداق ئالۋاستىدىن تەلىم ئالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شۇم تەبىئىتى قوشۇلغانلىقتىن، ئالىيلىرى غەزەپ ئوتىدا كۆيۈۋاتقاندا، زەھەر سېلىنغان چاينى بەردى. ئالىيلىرى پىسەنت قىلماستىن بۇ چاينى ئىچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پانىي ئالەمدىن ئايرىلدى. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئالىيلىرى چاينى قولىغا ئالغاندا پاراسەت نۇرى ئۇنىڭغا چايغا زەھەر سېلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما ئۇ قاچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پىچىرلاپ ئۈچ رەت ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچكەنىكەن. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۇ سۈننەت يولى بويىچە چاينى ئايرىم - ئايرىم ئۈچكە بۆلۈپ ئىچەر ئىدى دېگەن گەپلەر بار.»

«غازات ئەل مۇسلىمىن» دېگەن كىتابتا بۇ زور ۋەقەنى يەنىمۇ ئېنىقراق تەسۋىرلىگەن: «بەدۆلەت ئۈرۈمچىدە چىڭ قوشۇنىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن قاتتىق تەشۋىشلەندى. ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ خەت يېزىپ ياكى ئادەم ئەۋەتىپ چىڭ قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن شۈبھىلەندى. شۇڭا بىر ئەپچىل چارە بىلەن ئۇنى (نىياز ھېكىمبەگنى) تۇتۇپ نەزەربەند

قىلماقچى بولدى. ئەمما مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالمىدى. ئاشكارا ھەرىكەت قوللىنىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق قوشۇن ئىچىدىن ئىشەنچلىك ئادەم تاپالمىدى. كېيىن ئۇ ئاغزاكى پەرمان چۈشۈرۈپ، كامالىدىن ئىسىملىك بىر مىرزىبەگ ئارقىلىق قاراشەھەردىكى ھەققۇلىبەگكە يەتكۈزدى. ئۇ پەرماندا ھەققۇلىبەگكە: «مەن نىياز ھېكىمبەگنى سېنىڭ قول ئاستىڭدا خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇ سېنىڭ يېنىڭغا بارغاندىن كېيىن، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى بىر - بىرلەپ تۇت ۋە ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا خەۋەر قىل» دېگەنىدى. مىرزىبەگ بۇ مۇھىم پەرماننىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ قالماق (موڭغۇللۇق) چاكىرى ئارقىلىق نىياز ھېكىمبەگكە يەتكۈزۈپ قويىدى. چۈنكى، نىياز ھېكىمبەگ ھەر يىلى خوتەندىن ياقۇپبەگكە سوۋغات - تارتۇق ئەۋەتكەندە، بۇ مىرزا بەگكىمۇ مۇناسىپ سوۋغات ئەۋەتەتتى ھەمدە دائىم ئۇنىڭغا: «مىرزىبەگ جانابلىرى، مۇبادا بەدۆلەت ماڭا ئالاقىدار پەرمان، مەكتۇپ چۈشەرسە ھەم مەن توغرۇلۇق مۇنازىرىلەر بولسا، ئاڭلىغانلىرىنى ماڭا يەتكۈزگەيسىز» دەپ تۇراتتى. نىياز ھېكىمبەگ مىرزىبەگ كامالىدىننىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال مەخپىي ھالدا ئادەملىرىنى يىغدى ۋە ئۇلارغا: «بۈگۈن بىزنىڭ مەھشەر كۈنىمىز. پەقەت جېنىمىزنى ساقلاپ قالساقلا، ھەممىگە ئېرىشەلەيمىز. باشقىلار بىزگە تېخى زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن پۇرسەتتە، سىلەر چوقۇم تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردىن ئايرىلىپ، تۆت - بەش كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار» دېدى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئادەملىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆز جايىدىن ئايرىلىپ، دەريا بويىدىكى بىر پىنھان جايغا يوشۇرۇندى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزى بولسا، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بەدۆلەتنىڭ ھوزۇرىغا قايتا بارمىدى. بەدۆلەت كىشى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سورىغاندا، نىياز

ھېكىمبەگ: «ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەھۋالىم سەل ياخشىلانسا، چوقۇم ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سورايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا ئۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەدۆلەتنىڭ يېنىدىكى ئىككى نەپەر خاس ياساۋۇل بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بەش مىڭ تىللا بەردى ۋە ھەربىرىگە بىر بولاقتىن زەھەر بېرىپ: «بۈگۈن ياكى ئەتە چوقۇم بۇ زەھەرنى بەدۆلەتكە ئىچكۈزۈۋېتىڭلار» دەپ تاپىلىدى، شۇنىڭ بىلەن پۇلنى كۆرۈپ ئىماننى ئۇنتۇغان بۇ ئىككىيلەن ئۆز ئالدىغا پۇرسەت ئىزدىدى. 3 ـ كۈنى، نىياز ھېكىمبەگ يەنىلا ئوردىغا بارمىدى، بەدۆلەت بىر نەپەر لەشكەر بېشىنى ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە يەنە ئەۋەتتى. بۇ لەشكەر بېشى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قېشىغا كەلگەندە، نىياز ھېكىمبەگ باشقىلار ئارقىلىق ئۇنىڭغا: «ھېكىمبەگ جانابلىرى ھازىر دورا ئىچىۋاتىدۇ، ھەر قانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارالمىدى» دەپ ئۇقتۇردى. لەشكەر بېشى قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى بەدۆلەتكە مەلۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا بەدۆلەت ئۆزىنىڭ پەرمانىنى مىرزىبەگ كامالىدىنىنىڭ نىياز ھېكىمبەگكە ئېيتىپ قويغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن شۇ مەيداندىلا مىرزىبەگنى كالتەكلەپ ئۆلتۈردى. بەدۆلەت بەك زورۇقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، چاي ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ھېلىقى نومۇسسىزلارنىڭ بىرى نىياز ھېكىمبەگ بەرگەن زەھەرنى چايغا ئارىلاشتۇرۇپ، بەدۆلەتكە بەردى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بەدۆلەت تېخىمۇ بەك ئۇسساپ، يەنە چاي ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. يەنە بىر نومۇسسىز ئىككىنچى پىيالە چايغىمۇ زەھەر سېلىپ بەردى. زەھەر سېلىنغان ئىككى پىيالە چاينى ئىچكەندىن كېيىن، بەدۆلەت شۇ مەيداندىلا ئۆلدى»㉓.

«غازات ئەل مۇسلىمىن» دا ياقۇپبەگنىڭ مىرزىبەگ

كامالىدىنىنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى خاتىرىلەنگەنلىكتىن، خوتەننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇ چوڭ سۇيىقەستكە قاتناشقانلىقىغا بولغان گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ياقۇپبەگ كورلىغا كېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپدارلار خوتەننىڭ ھاكىمبېگى نىيازبەگ بىلەن قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئەھرار بولۇپ قالغانىدى. ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، نىيازبەگ بىلەن ئەھرار بۇ زور خەۋەرنى قاتتىق سىر تۇتتى. بۇ ئارىلىقتا، نىيازبەگ بىلەن ئەھرار ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىنكى سىياسىي جەھەتتىكى قېپقالغان ئىشلارنى جىددىي پىلانلاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى قاراشەھەردىكى ھەققۇلىبەگ بىلەن قەشقەردە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بەگقۇلىبەگنىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ، ھوقۇقنىڭ داۋاملىق ياقۇپبەگ جەمەتىنىڭ قولىدا قېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان نامزات تىكلەش كېرەك ئىدى. بۇ نامزات چوقۇم ياقۇپبەگ جەمەتىنىڭ سىرتىدىن بولۇشى زۆرۈر ئىدى.

ئىشلار بىرقۇر پىلانلانغاندىن كېيىن، نىيازبەگ بىلەن ئەھرار ھەققۇلىبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرىگە خەت يېزىپ، ئۇلارغا ياقۇپبەگنىڭ قاتتىق كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تېزلىكتە ئۆز قارارگاھىغا كېلىشىنى تاپىلىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھەققۇلىبەگ ياقۇپبەگنىڭ كورلىدىكى قارارگاھىغا كەلگەندە، نىيازبەگ يالغاندىن ياقۇپبەگنىڭ ھازىر كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس دەپ، ھەققۇلىبەگ قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەققۇلىبەگ ئۆزىنىڭ چۈشكۈنىدە ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى بىلەن خالىغان ۋاقىتتا كۆرۈشمەكچى بولغانلىقتىن خەۋەر تاپتى. ئەمەلىيەتتە، ھەققۇلىبەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ

باشقىچە بىر خىل نەزەربەند قىلىش ئىدى.

نىيازبەگ بىلەن ئەھرار بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدىغان نامزات ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ كۇشادە مەسلىھەتلەشتى. ئەمما نىيازبەگ بىلەن ئەھرارنىڭ بۇ ئىشلارنى پىلانلىشىدىكى ئەسلى مەقسىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېڭەشكە قاتناشقان ئەمەلدارلار بىردەك ھېكىمخان تۆرىنى ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى.

ھېكىمخان تۆرىنىڭ نەسەبى مۇنداق ئىدى: ھېكىمخان تۆرە ــ مۇھەممەد ئىمىن (كاتتا تۆرە) ــ يۈسۈپ ــ سامساق ــ يەھيا ــ ئاپاق خوجا. ئەجدادىدىن سۈرۈشتۈرگەندە، ھېكىمخان تۆرە بۈزرۈكنىڭ قېرىندىشى ئىدى. ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېكىمخان تۆرە ئاپاق خوجا جەمەتى ئىچىدە بۈزرۈكتىن كېيىنكى تەسىرى ئەڭ زور شەخس ئىدى. ئۇ ئاقسۇ، كورلا، تۇرپان قاتارلىق مۇھىم جايلارنىڭ ھاكىمبېگى بولغان بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى ئىچىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان شەخس ئىدى.

نامزات بېكىتىلگەندىن كېيىن، دەرھال تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1877 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى ھېكىمخان تۆرە ئاق كىگىز سېلىنغان تەختكە چىقتى. مۇراسىم بېگى ھېكىمخان تۆرىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا چىقىپ «يەتتە شەھەر» ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياقۇپبەگنىڭ بۇنىڭدىن توققۇز كۈن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى جاكارلاندى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەققۇلىبەگ قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى.

ھەققۇلىبەگ ئاللىقاچان بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالغانىدى. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ ياقۇپبەگنىڭ جەسىتىنى يوشۇرۇنچە كورلىدىن ئاقسۇغا يۆتكەپ كەتتى.

ھېكىمخان تۆرە ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن،

ھەققۇلىبەگدىن باشقا نىيازبەگمۇ سىياسىي ئىستىقبالى جەھەتتە تاللاشقا دۇچ كەلدى. نۇرغۇنلىغان ۋەسىقە ـ ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، نىيازبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئورنىغا كۆز تىككەن، ئەمما، ئۇنىڭ ھەممە ئۈمىدى يوققا چىققان بولۇپ، يېڭى يول تۇتۇشى زۆرۈر ئىدى. ئۇ ياكى خوتەننى ئىگىلەپ، يەرلىك خان بولۇشى، ياكى نىشاننى ئۆزگەرتىپ، چىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، نىياز بەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى يەرلىك خان بولسۇن ياكى چىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولسۇن، چوقۇم ئالدى بىلەن قەشقەردىكى كۈچلەرنى پارچىلىشى شەرت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ھەققۇلىبەگنىڭ ياقۇپبەگنىڭ جەسىتىنى يوشۇرۇنچە كورلىدىن ئاقسۇغا يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھېكىمخان تۆرىنى لەشكەر ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە دەۋەت قىلدى.

نىيازبەگ ھېكىمخان تۆرە رەت قىلالمايدىغان ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدا ھېسابسىز بايلىقلىرى ساقلانغان، ھەققۇلىبەگ چوقۇم بۇ بايلىقلارنى پاك ـ پاكىز ئېلىپ كېتىدۇ، دېدى.

## 6. بەگقۇلىبەگنىڭ ئەنجانغا قېچىپ كېتىشى

### 1) ئاكىسىنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈشى

ھېكىمخان تۆرە ھەققۇلىبەگنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغدا، نىيازبەگ يەنە ھەققۇلىبەگ بىلەن ئاكىسى بەگقۇلىبەگنىڭ ئارىسىنى بۇزىدىغان بىر سۇيىقەست پىلانلىدى. نىيازبەگ قەشقەردىكى بەگقۇلىبەگكە خەت يېزىپ، مەخپىي ھالدا ئۇنىڭغا: «كىچىك بەگزادىنىڭ (ھەققۇلىبەگنى كۆرسىتىدۇ) نىيىتى بۇزۇلدى، غەرىزىنى بىلگىلى بولمايدۇ،

ئېھتىيات قىلماق زۆرۈردۇر» دېدى[25]. ئارقىدىنلا، نىيازبەگ ئۆزىنىڭ 3 - تەدبىرىنى رويابقا چىقاردى. بۇ تەدبىرنى ئۇ ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىنلا قارار قىلغانىدى. دەل ھېكىمخان تۆرە قوشۇن باشلاپ ئاقسۇغا مېڭىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى، نىيازبەگ تۇيۇقسىز كورلىدىن چىقىپ، قۇملۇق يولىنى بويلاپ خوتەنگە قاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن نىيازبەگ ھېكىمخان تۆرە ياكى بەگقۇلىبەگ بىلەن قايتا ئۇچراشمىدى. ئەمەلىيەتتە، نىيازبەگ كورلىدىن قاچقان شۇ كۈندىن باشلاپ، ھېكىمخان تۆرە شۇنداقلا قەشقەردىكى بەگقۇلىبەگ بىلەن ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەنىدى.

ئەمدى ئەسلىدىكى ۋەقەگە كېلەيلى. بۇرۇندىنلا ئالىي ھوقۇقنى تەمە قىلىپ كېلىۋاتقان بەگقۇلىبەگ قەشقەردە نىيازبەگنىڭ مەخپىي خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال بىر تۇغقان ئىنىسى ھەققۇلىبەگنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى. «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» دېگەن كىتابتا، بەگقۇلىبەگنىڭ ئىنىسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جەريانى مۇنداق بايان قىلىنغان: «شاھزادە ھەققۇلىبەگ قىپچاقلار (ھېكىمخان تۆرىنى دېمەكچى) نىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال كۇچاغا كىردى. كۇچانىڭ ھاكىمبېگى ئامىلخان تۆرە شاھزادىنى سارىيىغا باشلاپ كىرىپ، قىممەتلىك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ھەققۇلىبەگ بىللە قەشقەرگە قاچتى. ھەققۇلىبەگ كۇچادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇللا ئاقسۇغا كەلدى. ئۇ دۆلەت خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش بايلىقلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئورغۇن هارۋىغا بېسىپ، قەشقەرگە يۆتكىدى. ئېشىپ قالغىنىنى ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىگە ۋە يەرلىك پۇقرالارغا تارقىتىپ بەردى. بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. ھەققۇلىبەگ ئاقسۇدا دۆلەت خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان

چېغىدا، پەنساد مۇھەممەد كېرىم بىلەن شىر مۇھەممەدنى ياقۇپبەگنىڭ جەسىتىنى قوغداپ قەشقەرگە يەتكۈزۈشكە يولغا سالغانىدى. بۇ ئىككى لەشكەر بېشى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ياقۇپبەگنىڭ جەسىتىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىغا ئەكەلگەن ۋاقىتتا، قەشقەردىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى شەھەردىن چىقىپ قارشى ئالدى. كېيىن ياقۇپبەگنىڭ جەسىتى ئاپاق خوجا مازارىغا دەپنە قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەققۇلىبەگنىڭ قەشقەرگە كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر قەشقەرگە تارقالدى. ھوقۇقنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن بەگقۇلىبەگ يوشۇرۇنچە بۇ دالا يولۋۇسىنى يوقىتىش پىلانىنى سوقتى. بەگقۇلىبەگ ئۆزىنىڭ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدىكى شانۇ شەۋكىتى ۋە دۆلىتى ئۈچۈن ئاخىر بۇ دۆلەتنىڭ پەخرى، ياقۇپبەگنىڭ يۈرەك پارىسىگە قەست قىلدى. ئۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھقا پاتقان پەنساد مۇھەممەد زىيا بىلەن نومۇسسىز جاللات ھەيدەرنى ھەققۇلىبەگنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۈيىقەستىدىن قىلچە بىخەۋەر بىر بۆلەك لەشكەرلەرنى باشلاپ بۇ رەزىل شۇملۇققا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار بارچۇق بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدىكى قارا يۇلغۇن دېگەن جايدا ھەققۇلىبەگ بىلەن ئۇچراشتى. مۇھەممەد زىيا بىلەن ھەيدەر يالغاندىن ھەققۇلىبەگكە ئىھتىرام بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى. ئارقىدىن ھەممەيلەن ئاتقا مىندى. لەشكەرلەر ھەققۇلىبەگنى قوغداپ ئىككى قاتار بولۇپ تۇردى. ھەققۇلىبەگ ئاتقا مىنمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈرۈشكە، قەمبەر ئىسىملىك خۇدا ئۇرغۇر بەگقۇلىبەگنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىغا ئاساسەن تۇيۇقسىز شاھزادىنىڭ مەسۇم ۋە پاك بەستىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. بۇ خۇدا ئۇرغۇر ئاتقان ئوق بىلەن شاھزادىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى قەھرىمانلىقلىرى بەربات بولدى. بۇ ئەجەللىك ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، پىلدەك بەستلىك شاھزادە ئېگەردىن ئىڭغىيىپ قالدى. گەرچە، شۇ ئارىلىقتا

شاھزادە ئادالەتلىك قولى بىلەن خەنجەرنى غىلىپىدىن چىقىرىپ ھېلىقى خۇدا ئۇرغۇرغا ئاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇق ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگكەچكە، ئاقىۋەت ئۇ ئېتىنىڭ سول تەرىپىگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئايدەك يۈزلىرى بىردەمدىلا قان ۋە توپىغا مىلىنىپ، خۇددى بوغۇزلانغان خورازدەك يەردە تېپىچەكلەپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا، مۇھەممەد زىيا سامساق مىراخور ئىسىملىك بىر ۋاپاسىزغا بۇيرۇق قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان بۇ شاھزادىنى خۇددى قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ كاللىسىنى كېسىۋالدى»㉗.

«تارىخىي ھەمىدى» دىمۇ بۇ ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن ھەمدە بۇ ئىشنىڭ ھىجرىيە 1294 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 24 ـ كۈنى، يەنى مىلادىيە 1877 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يۈز بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «چوڭ بەگزادە خەتنى (نىيازبەگنىڭ خېتىنى كۆرسىتىدۇ) تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندى. ئۇنىڭ كىچىك بەگزادىگە نىسبەتەن كۆڭلىدە بۇرۇنلا گۇمان بار ئىدى. ئەمدىلىكتە گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ مۇھەممەد زىيا ۋە بىر نەچچە ياساۋۇلنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئاددىي بۇيرۇق بېرىپ: ‹سىلەر ھەققۇلىبەگ بىلەن قەيەردە ئۇچراشساڭلار، ئۇنى شۇ جايدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئۇنىڭ بارلىق مۈلكى سىلەرگە مەنسۇپ›، دېدى. ئارقىدىنلا ئۇلارنى بۇ ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا قەسەم ئىچكۈزدى. ئۇلار لۈڭكۈ دېگەن جايدا ھەققۇلىبەگ بىلەن ئۇچراشتى. كۆپچىلىك ئاتتىن چۈشۈپ ـ ئۆزئارا سالاملىشىپ، بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئاتقا مىنىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكەچ بەخىرامان مېڭىشتى. بۇ چاغدا قەمبەر ئىسىملىك بىر ياساۋۇل تۇيۇقسىز ھەققۇلىبەگكە قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئەمما، ئوق نىشاندىن قېيىپ كەتتى. ھەققۇلىبەگ غەزەپ بىلەن: «ھۇ ناكەس!» دەپ

ۋارقىراپ يېنىدىن خەنجەرنى چىقىرىپ قەمبەرگە ئاتتى. بۇ ۋاقىتتا، يەنە بىر ياساۋۇل ھەققۇلىبەگكە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ھەققۇلىبەگ شۇئان ئېتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ جېنىدىن جۇدا بولدى. ئۇ نۇرغۇن مال - دۇنيالارنى قالدۇرۇپ بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. قەشقەرلىك بىرنەچچە پۇقرا بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، ھەققۇلىبەگنىڭ جەسىتىنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر جىلغىغا دەپنە قىلدى ھەمدە بىر كىچىك بەلگە قىلىپ قويدى. ھازىرغا قەدەر يەرلىك پۇقرالار بۇ جىلغىنى يەنىلا ھەققۇلىبەگ جىلغىسى دەپ ئاتايدۇ.»㉘

(2) بەگقۇلىبەگنىڭ ئەنجانغا قېچىپ كېتىشى

بەگقۇلىبەگ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەردە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى ۋە بىرىنچى بولۇپ ھېكىمخان تۆرىنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلارغا چەكلىك مۇددەت ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر ئېلىپ، ئاشلىق توپلاپ، قەشقەردە يىغىلىپ يۈتكەشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ كۈنى، قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرگە توپلاندى. بۇ ۋاقىت دەل ياز پەسلى بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپى ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر ۋە ئاشلىق توشۇۋاتقان ھارۋىلار بىلەن تولۇپ كەتتى. گەرچە قەشقەردىكى پۇقرالار دەككە - دۈككە تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ياقۇپبەگ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ، ئاكا - ئۇكىنىڭ بىر - بىرىگە قەست قىلىشىدىن كېيىن پەيدا بولغان بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن يەرلىك پۇقرالار قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. بىرمەھەل ھەممە جاينى سۈز - چۆچەك قاپلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدى. ھېكىمخان تۆرە، بەيىنخۇ، چىڭ قوشۇنلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەر پۇقرالارنىڭ كوچا - كويلاردا سۆزلىشىدىغان ئاساسلىق پاراڭ

تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

بەگقۇلىبەگ ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش قارارىغا كېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى قوشۇنلار تولۇق يىغىلىپ بولۇشنى كۈتمەيلا 12 مىڭ كىشىلىك بىر بۆلەك قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ چېتىدىكى چۆلقۇدۇق دېگەن جايغا كەلگەندە، ھېكىمخان تۆرىنىڭ سانى ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر بۆلەك قوشۇنلىرى ئاللىقاچان بۇ جايغا قارارگاھ قۇرۇپ جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرغانىدى. ئىككى قوشۇن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىر مەيدان زور قىرغىن چۆلقۇدۇقنىڭ بىپايان زېمىنىنى قاپلىدى. ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى 20 مىڭدىن ئاشتى. ئاقىۋەت بەگقۇلىبەگ بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ھېكىمخان تۆرە ئايكۆلگە چېكىندى. كېيىن ھېكىمخان تۆرە ئايكۆلدىن چىقىپ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق پەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئەسكە دېگەن جايغا كەتتى. بۇ جاي ھېكىمخان تۆرىنىڭ تۇغۇلغان يېرى ئىدى㉙.

بەگقۇلىبەگنى بۇ قېتىم ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئۈستىدىن تەلتۆكۈس غەلىبە قىلدى دېيىشكە بولاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن تەشۋىشلەنگەن كورلىدىكى بەييەنخۇمۇ بەگقۇلىبەگكە ئادەم ئەۋەتىپ ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆرۈنۈشتە، بەگقۇلىبەگ قىسمەن ھالدا ئاتىسى ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئەمما، دەل بەگقۇلىبەگ ئاقسۇدا ھەربىي - مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى قايتىدىن قۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، نىيازبەگمۇ قەشقەردىكى ئەئيانلارغا تىۋۇش چىقارماي خوتەندە بەگقۇلىبەگكە سادىق ئەمەلدارلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ قىرغىن قىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، بەگقۇلىبەگ قول ئاستىدىكىلەرگە خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى ئاددىيلا

ئۇقتۇردى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاشكارىلاپ، كورلىدىكى بەيىەنخۇنى چىڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن خوتەندىكى نىيازبەگنى يوقىتىشقا ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەگقۇلىبەگنىڭ بۇ قارارنى چىقىرىشتىكى مۇددىئاسى خوتەندىكى نىيازبەگنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ تاپقان زور مىقداردىكى بايلىقىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. بۇ بايلىقلار بولسا بەگقۇلىبەگ ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بەخۇدۈك ياشىيالايتتى. تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەبنى پەرەز قىلغاندا، بەگقۇلىبەگ ئۆزىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەمەلىي ئورنىغا تايىنىپ، ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنى مەجبۇرلاپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىگە ماسلاشماقچى ئىدى.

بەگقۇلىبەگ ئاقسۇدىكى ئىشلارنى ئابدۇللا دادخاھقا ھاۋالە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى 9 - ئاينىڭ بېشىدا قەشقەرگە قايتتى㉚. 10 - ئاينىڭ بېشىدا، 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن تۈزۈلگەن بىر قوشۇن بەگقۇلىبەگنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار خوتەن بوستانلىقىنىڭ چېتىدىكى زاۋا دېگەن جايغا كەلگەندە، نىيازبەگنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن باشچىلىقىدىكى تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق بىر بۆلەك قوشۇننىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە، 20 مىڭغا يېقىن يەرلىك ئاھالە جەڭ مەيدانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا مۇھەممەد ئىمىن قوماندانلىقىدىكى خوتەن قوشۇنىغا ھەمدەم بولدى.

زاۋا جېڭى خوتەن قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. نىيازبەگ زاۋانىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ چىرىغا قاراپ قاچتى. كېيىن نىيە ئارقىلىق چىڭ قوشۇنلىرى تەرەپكە قېچىپ كەتتى㉛.

بەگقۇلىبەگ 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلاشقان ۋاقىتتا، چىڭ قوشۇنلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كورلا، بۈگۈر، كۇچا، باي قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان بولۇپ، ئاقسۇ كېيىنكى قەدەمدىكى بىۋاستە ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بەگقۇلىبەگنىڭ بەييەنخۇدىن كۈتكەن ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى. بەييەنخۇ چىڭ قوشۇنلىرى كورلىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرىلا، شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. بەگقۇلىبەگنىڭ ئەنگلىيىدىن كۈتكەن ئۈمىدىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى. زو زۇڭتاڭنىڭ رول ئوينىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئاخىر ئەنگلىيىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بەگقۇلىبەگكە بۆلۈپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، ۋەزىيەت بەگقۇلىبەگكە نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

بىر قېتىملىق كېڭەشتە، بەگقۇلىبەگ ئىككى خىل لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېڭەشكە قاتناشقان ئەمەلدارلاردىن مەسلىھەت ئالدى. 1 ـ خىل لايىھە، خوتەن دەرياسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ، ئاقسۇدا چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىۋاستە تىركىشىش. 2 ـ خىل لايىھە، قەشقەرگە قايتىپ، لەشكەرلەرنى تولۇقلاپ، ئاشلىق توپلاپ، ئاقسۇغا ئاتلىنىپ چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن توتۇشۇش ئىدى. «كۆپچىلىك ئۈندىمەي تۇرۇشتى. شىغاۋۇل دادخاھ (مۇھەممەد يۈنۇسجاننى كۆرسىتىدۇ) ئېغىز ئېچىپ: ‹خاقانى چىنىنىڭ (چىڭ سۇلالىسىنى دېمەكچى) ئادىمى كۆپ، دۆلىتى قۇدرەتلىك. پەدەرىمىز (ياقۇپبەگنى دېمەكچى) بۇلارنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلار بىلەن تىركەشمىگەن. بىزنىڭ نۇرغۇن جەڭگە ماھىر پالۋانلىرىمىز يايدى جېڭىدىن (ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ چېتىدىكى ھېكىمخان تۆرە بىلەن بولغان ھېلىقى جەڭنى كۆرسىتىدۇ) كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز يۇرتىغا (قوقەندكە دېمەكچى) كېتىشتى. يەنە بىر قىسىم پەلۋانلىرىمىز جەڭدە

ئۆلدى. ئەمدىكى ئەڭ ياخشى چارە چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشماسلىق، مۇسۇلمانلارنى يەنە قان تۆكۈشكە مەجبۇر قىلماسلىق. ھازىر، بىز قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ كۆپچىلىكنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، كېيىن ياكى يەركەن ئارقىلىق تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ خىزمىتىدە بولمىقىمىز، ياكى مەككىنى تاۋاپ قىلىپ، مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلمىقىمىز لازىمدۇر، دېدى . بەگقۇلىبەگ كۆپچىلىكتىن يەنە قانداق پىكىرلىرى بارلىقىنى سورىغاندا، كۆپچىلىك بىردەك: «دادخاھ جانابلىرىنىڭ (مۇھەممەد يۇنۇسجاننى دېمەكچى) ئېيتقانلىرى بەرھەق دۇرۇستۇر. بىز ئۇنىڭ تەدبىرىنى قوللايمىز، دېيىشتى،»[32]. بەگقۇلىبەگ مۇھەممەد يۇنۇسجاننىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپ، ئۆمەر، مۇھەممەد سەركانى قاتارلىقلارنى قەشقەردىن خوتۇن، بالا ـ چاقىلارنى قوغداپ يەركەنگە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

كېتىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، بەگقۇلىبەگ قاتارلىقلار 1877 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خوتەندىن ئايرىلىپ، يەركەنگە ئاتلانماقچى بولدى. ئەمما تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش بەگقۇلىبەگ قاتارلىقلارنىڭ يەركەندىن چىقىپ تۈركىيىگە بېرىش ياكى مەككىنى تاۋاپ قىلىش پىلانىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ قويدى. بەگقۇلىبەگ خوتەندىن قوزغىلىشتىن ئىككى كۈن ئاۋۋال، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چىڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇنى ئىگىلىدى. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتكەندىن كېيىن، 14 يىل ئىلگىرى ياقۇپبەگكە تەسلىم بولغان قەشقەردىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ قوماندانى خې بۇيۈن ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەر يېڭىشەھىرىنى ئىگىلىدى. بەگقۇلىبەگ قاتارلىقلارنىڭ قەسىر ـ سارايلىرى يېڭىشەھەردە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھەممىسى خې بۇيۈننىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالدى[33]. ئامالسىز بەگقۇلىبەگ قايتىدىن قەشقەرگە قوشۇن ئاتلاندۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم

قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھىرىنى ئېلىپ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. جەڭ 28 - كۈنىگە قەدەم قويغاندا، ھەققۇلىبەگ دورا كۆمۈپ شەھەر سېپىلىنى پارتلىتىشنى قارار قىلدى. دەل لەخمىنى قېزىپ بولۇپ، دورىغا ئوت ياقىدىغان چاغدا، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدىن يۈرەر قىسمى قەشقەر بوستانلىقىغا كىردى. شۇ كۈنى مىلادىيە 1877 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ھىجرىيە 1294 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى ئىدى㉞. بەگقۇلىبەگنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تۆيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن ھودۇقۇپ، ئارقا - ئارقىدىن شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بەگقۇلىبەگ پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر بۆلەك يېقىنلىرى بىلەن 17 - كۈنى كېچىدە قوقەندكە قېچىپ كەتتى㉟. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى سىياسىي پائالىيىتى ئاخىرلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى 14 يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىمۇ ئاخىرلاشتى.

قەشقەر قولغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، پەرمان بويىچە مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرگە ئاتلانغان چىڭ قوشۇنى يولنى ئۆزگەرتىپ بىۋاسىتە يەركەنگە ئاتلىنىپ، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يېڭىسارنى ئالدى. ئارقىدىنلا بۇ قوشۇننىڭ بىر بۆلىكى يەنە شەرققە بۇرۇلۇپ خوتەنگە ئاتلاندى. 1878 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قان تۆكمەيلا خوتەننى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى جەڭلەر پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى.

### 7. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىكى سەۋەبلەر

ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، ئۈرۈمچىنى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ

جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى چىڭ قوشۇنىنىڭ زور غەلىبىسى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەبىئىيلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىغا ئېرىشتى. چىڭ قوشۇنىنىڭ قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق تۆت شەھەرنى ئالغانلىق خەۋىرى، «600 چاقىرىملىق جىددىي مەلۇمات» شەكلى بىلەن بېيجىڭدىكى زىجىن ئوردىسىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، گۇاڭشۈخان مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شەخسەن ئۆزى جوڭسۈي قەسرى ۋە چاڭچۈن قەسرىگە بېرىپ سىئەن خانىش ۋە سىشى خانىشقا غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى ھەم تەبرىكلىدى. يەنە لىچىنۋاڭ شىدۇنى لوڭفۇ ئىبادەتخانىسىغا ئەۋەتىپ، تۇڭجى خانىنىڭ ئەرۋاھ سۈپىسى ئالدىدا «رەسىم ـ قائىدە بويىچە نەزىر ـ چىراغ قىلدى»㊱.

ئۈرۈمچىنى ۋە جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ جەريانى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇقەررەر ئىدى. بۇنىڭدا ئاساسلىق رول ئوينىغىنى سىياسىي ئامىل، ھەربىي ئامىل ۋە ئىجتىمائىي ئامىل ئىدى.

1) سىياسىي ئامىل

1867 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، زو زۇڭتاڭ ئەنگلىيىنىڭ جوڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ۋېيتمانىنىڭ «ياقۇپبەگنى بېقىندى ئەل قىلىش» سەپسەتىسىگە رەددىيە بەرگەن چېغىدا: «تۇرپان ۋە جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر بىزنىڭ زېمىنىمىز، پاشا (ياقۇپبەگنى دېمەكچى) بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر» دېگەنىدى. بۇ سۆز، ياقۇپبەگكە جازا يۈرۈش قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىشتەك سىياسىي مۇددىئانى ئېنىق ئىپادىلىگەنىدى. تۇرپان ۋە جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى جوڭگونىڭ زېمىنى، ياقۇپبەگ بولسا بىر تاجاۋۇزچى بولۇپ، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپبەگكە جازا يۈرۈش قىلىشى

تاجاۋۇزچىنى قوغلاپ چىقىرىش ئىدى.

ياقۇپبەگنىڭ «سىرتتىن كەلگەن» لىك سالاھىيىتى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ھاياتىدا زور تۇسالغۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ياقۇپبەگنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىك سالاھىيىتىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن كىشى كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى راشىدىن بولۇپ، ئۇ ياقۇپبەگنى «ئەنجانلىق قىپچاق» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپبەگ بىلەن دۈشمەنلەشكەن بارلىق كۈچلەر ۋە شەخسلەرنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىك سالاھىيىتىنى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشتىكى تۇتقا قىلىۋالغان ھەمدە ئۇنى دائىم «كەلگۈندى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا «ئەنجانلىق كەلگۈندى» دېگەن نامنى قويۇپ قويغانىدى.

دەسلەپتىلا ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ «سىرتتىن كەلگەن» لىك سالاھىيىتى پەيدا قىلغان پاسسىپ تەسىرنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ياقۇپبەگ ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ يەرلىك سىياسىي تۇرمۇشىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇپ كەتمىدى. «تارىخىي ھەممىدى» دە ياقۇپبەگنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغاندا، ھەرقانداق چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ياقۇپبەگنىڭ بۇزرۇك خوجىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ياقۇپبەگ يەنە مەقسەتلىك ھالدا ئۆزى بىلەن بۇزرۇك خوجىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تۇرمۇشتىكى ھەۋەسلىرىدە روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. بۇزۇرۇك كېچە - كۈندۈز بەزمە - مەشرەپلەردە نەغمە - ناۋا بىلەن كۆڭلىنى ئاچقان. ياقۇپبەگ بولسا كېچە - كۈندۈز دېمەي ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، ھەربىي ئىشلارغا تەييارلىق قىلغان[37].

ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ

سىياسىي ئارزۇلىرىنىمۇ ئامالىنىڭ بارىچە تىزگىنلەپ تۇردى، ھەتتا ئۇ بۇزرۇك خوجىنى ھەيدىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى «خان» دەپ ئاشكارا جاكارلىمىدى، بەلكى قوقەند خانلىقى ئۇنىڭغا بەرگەن «قۇشبېگى» دېگەن ھەربىي ئۇنۋاندىن شۇنداقلا بۇخارا خانلىقى ئىنئام قىلغان «ئاتالىق غازى» دېگەن سىياسىي ئەمەلدىن پايدىلاندى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ياقۇپبەگ يەنىلا ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئۆزىنى «كەلگۈندى» دەپ قارىشىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمىدى.

ئەڭ مۇھىم مىسال شۇكى، «تارىخىي ھەممىدى» نىڭ ئاپتورى ياقۇپبەگنىڭ ئاساسلىق ھەربىي - مۈلكىي خادىملىرىنىڭ يۇرتىغا قايتقانلىقىنى بايان قىلغاندا، ئىنتايىن ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ «سىرتتىن كەلگەن» لىك سالاھىيىتىنى شەرھلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھېكىمخان تۆرە ئايكۆلگە (ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى تەۋەسىدە) بېرىپ، بۇ جاينى ئارىلاپ ئۇچتۇرپانغا ئۆتتى. ئاندىن ،ەدەل داۋانىدىن ئېشىپ ئىسسىق كۆلگە بېرىپ ۋە بۇ جايدىمۇ تۇرالماي، فەرغانە ۋىلايىتىدىكى ئەسكەر دېگەن جايدىكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.»

«ئەھرارخان تۆرە ئۆز ۋەتىنىگە (پەرغانىگە) قايتتى.»

««بۇزرۇك خوجا بۇ يەردە (تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا) نەچچە يىل ياشىغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەتىنىگە (قوقەندكە) قايتىپ كەتتى.»

«مۇھەممەد رېھىمجان تۆرە ساق - سالامەت ئۆز يۇرتىغا قايتتى.»㊳ شۈبھىسىزكى ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىك سالاھىيىتى ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى چوڭ كەمچىلىكى بولۇپ قالغانىدى، ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يەنە بىر چوڭ كەمچىلىكى بولسا، ئۇنىڭ سىياسىي چاقىرىقى بىلەن ئىش - ھەرىكىتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە

پەرقلىنىشى ئىدى.

ياقۇپبەگ كۆپ ھاللاردا «ئاتالىق غازى» دېگەن بۇ سىياسىي ئەملىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «غازات قىلغۇچىلارنىڭ ئاتىسى» دېگەنلىك بولاتتى. ياقۇپبەگ ئىسلام دىنىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ھەمدە قاتتىق مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىسلامچە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بەرپا قىلىدىغانلىقى دەبدەبە بىلەن جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنى جەڭ ئوبيېكتى قىلغانىدى. قەشقەردە، ياقۇپبەگ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قىرغىزلارنىڭ سەردارى سىدىقبەگنى جەڭ ئوبيېكتى قىلدى. ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قىرغىز مۇسۇلمانلار ئىدى. خوتەندە ئۇ «ھاجى» سالاھىيىتىدىكى ھەبىبۇللا پاشانى جەڭ ئوبيېكتى قىلدى. ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەن نەچچە 10 مىڭ خوتەنلىكنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىدى. كۇچادا ئۇ ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان راشىدىن خوجىنى جەڭ ئوبيېكتى قىلدى. قىرغىن قىلىنغان پىدائىيلار ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۇچا ئۇيغۇرلىرى ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئۇ خۇيزۇلارنىڭ داڭلىق ئاخۇنى تومىڭ خەلىپىنى جەڭ ئوبيېكتى قىلدى. ئۆلگەن نەچچە 10 مىڭ خۇيزۇ پىدائىيلىرى ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلار ئىدى.

ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈچىنچى كەمچىلىكى شۇكى، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە نىسبەتەن يات كۈچ دەپ قارىدى.

ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكى شۇنداقلا ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق قارشىلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولغانلىقىنى تامامەن ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كەلگەن ئەنجانلىقلارنى تەبىئىيلا ئۆزى تايىنىدىغان ئاساسىي كۈچ قىلدى. ئەڭ كۆرۈنەرلىكى شۇكى، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىلىرىنى مۇتلەق چەتكە قاقتى. جايلاردىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلارغا بولۇپمۇ، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق مۇھىم جايلارغا پۈتۈنلەي ئەنجانلىقلارنى ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. پەقەت خوتەنگىلا ئۇيغۇرلاردىن بولغان نىيازبەگنى ھاكىمبەگ قىلدى. بۇ بىردىنبىر ئۇيغۇر ھاكىمبەگ ئىدارە قىلىپ تۇرغان خوتەن شەرقتە چىڭخەي ۋە شىزاڭ بىلەن تۇتىشىدىغان بولۇپ، خوتەن بىلەن بۇ رايونلارنىڭ ئالاقىسى ئىنسان ئاياغ باسمايدىغان قۇملۇق ۋە تاغلىق رايونلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايتتى. غەربتە يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەر خوتەن بىلەن قەشقەرنى ئايرىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە نىيازبەگ ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن يىراق بولغان بىر ھالاكەت بۇرجىكىگە بەند قىلىنغانىدى.

بۇ توغرىدىكى يەنە بىر مىسال شۇكى، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدا ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋان ئەمىر بولۇپ، بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار پەقەت 15 نەپەر لەشكەربېشى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا ئۇيغۇر بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قوقەند خانلىقىدىن كەلگەنلەر ئىدى[39].

ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بۇ بىر قاتار نۇقسانلىرى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن خەلقنىڭ رايى قايتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنى پەيدا قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاقىۋەتتە مەغلۇپ بولۇشىدىكى بىر چوڭ ئامىلغا ئايلىنىپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى غەربكە يۈرۈش قىلىش ھەربىي

پائالىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ئۈستىدە قارار چىقارغاندا: «جەنۇبتىكى سەككىز شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئۇلار ئەنجانلىقلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قورallىق باستۇرۇلۇشىدىن قورقىدىكەن»㊵ دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن بولۇپ، كېيىنكى بىر قاتار پاكىتلار چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. چىڭ قوشۇنى گومۇدى جېڭىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن چىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. «تارىخىي ھەمىدى» دە بۇ ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «بۇ چاغدا تۆرەمنىڭ (ياقۇپبەگنىڭ) يىگىتلىرىدىن ئاقسۇلۇق باقىش مىراب، سىدىقبېك، يۇسۇپبېكلەر باشلىق ئالتە شەھەر يىگىتلىرىدىن بىرنەچچىسى خىتايلار ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. تۇرپان بەگلىرىدىن مۇقبۇل بېك، شاھىيازبېك يۇزبېشىلار خىتايلارغا خەت بەرگەن ئىكەن. بۇ خەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ، بۇ بەگلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ۋە يەنە خىتاي تەرىپىگە مايىل بولغان بىرنەچچە ئادەمنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ (ئۆي ـ ماكانسىز قىلىپ) ياركەنتكە ھەيدىدى. ھەتتا سېرىق قۇلغىمۇ (ھازىرقى تاشقورغان) ماڭدۇردى.»㊶

ياقۇپبەگنىڭ خەزىنىچىسى يېڭىسارلىق ھوشۇر مەھرەمنىڭ ياقۇپبەگدىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كېتىشى ئەينى ۋاقىتتا كىشىنىڭ تولىمۇ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىش بولغانىدى. «تارىخىي ھەمىدى» دە، ياقۇپبەگ توقسۇندىن ئايرىلىپ 2 ـ كۈنى، «ھوشۇر مەھرەم خەزىنىلەرنى قۇرۇۋېتىپ، بىرمۇنچە نەق پۇلنى ئېلىپ، بىرنەچچە ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ خىتايلارنىڭ ئىچىگە قاچتى. بىرمۇنچە يىگىت ئارقىدىن قوغلاشتى. لېكىن بۇلار

يېقىن يەتكەندە ھوشۇر خەزىنىچى تىللا، تەڭگىلەرنى يولغا چاچتى. قوغلاپ بارغانلار تىللا، تەڭگىگە ئولاشتى. ئۇلار بولسا ئۇزاپ بېرىپ خىتايلارغا ئۇچراشتى، جانابىي بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) باشلىق ھەممە كىشى لەۋلىرىنى چىشلەشتى ۋە ئىلاج بولماي ئامالسىزلىقتىن پەسلەشتى» ㊷ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ بايانلاردا تامامەن دېگۇدەك ياقۇپبەگنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى نامايان قىلىنغاندى.

چىڭ قوشۇنى داۋانچىڭ جېڭىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىگە ئاتلانغان ۋاقىتتا، خەلق رايىنىڭ ئېغىشىدىن كېلىپ چىققان ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي كۈچ جەھەتتىكى پەرقى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا روشەنلەشتى.

«تارىخىي ھەمىدى» دىكى تۆۋەندىكى بايانلار ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ناچار ۋەزىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ: «ئۇلۇغ خاننىڭ زەپەر ئەسەرلىك چېرىكلىرى تۇرپاندىن چىقىپ كاشغەرگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگىچە، بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ئوق چىقارمىدى. بەلكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ مۆتىۋەرلىك ئائىيانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت - ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قولىدىن كېلىدىغانلا خىزمەتكارچىلىقنى كۆرسەتتى» ㊸.

چىڭ قوشۇنلىرىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا جەڭ قىلغان ليۇ جىنتاڭ چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان چېغىدا، ئۆزى قوماندانلىق قىلغان قوشۇننىڭ يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇشبۇ يىلى (1877 - يىلى) سەركەردە لەشكەرلىرىمىز توقسۇننى قايتۇرۇۋېلىپ، جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرگە يۈرۈش قىلغاندا،

يول بويى ئەل بولغىلى كەلگەن مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتۇق. قوشۇنىمىز بارغانلىكى جايلاردا، ئۇلار بىزگە يول باشلاپ ياكى بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ، زور كۈچ چىقاردى. ئىگىلەنگەن جايلاردا، بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا تاپشۇرۇلدى. نەچچە ئايدىن بۇيان بۇ مۇسۇلمان ئاقساقاللار ئات، يەم ـ خەشەك ۋە ئاشلىق يىغىپ بېرىپ، قاراقچىلارنىڭ ئەھۋالىنى چارلاپ، شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىپ ئۆز قوۋمىلىرىنى باشلاپ بىرگە ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلدى»㊹.

زو زۇڭتاڭ چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى خۇلاسىلىگەندە مۇنداق دېگەن: «بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، نەچچە مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتىكى جايلار قايتۇرۇۋېلىنىپ، نەچچە يۈزلىگەن مەشھۇر شەھەر بويسۇندۇرۇلدى ... بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېھرىبانلىق ۋە ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، قەدىمدىن قالغان لەشكەر ئىشلىتىش تەدبىرلىرى مۇۋاپىق ئىشقا سېلىندى. ئادەتتىكى چارىلەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، ھەيران قالارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى ... قاراقچىلار ياۋۇزلۇق قىلسا، بىز مېھرىبانلىق قىلدۇق. قاراقچىلار ساختىلىق قىلسا، بىز سەمىمىيلىك قىلدۇق. كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈش تۆھپە ھېسابلانمايدۇ. قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرۈشمۇ بىزنىڭ قائىدىمىز ئەمەس.»

بۇ ئۈچ ئابزاس بايان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشىنىڭ چىڭ قوشۇنىنى ئەڭ زور سىياسىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەم چىڭ قوشۇنىنىڭ تېز ھەم ئوڭۇشلۇق ھالدا جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

2) ھەربىي ئامىل

1866 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي كۈرەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى زور كۆپچىلىك زېمىنلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى ئاخىر ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، چىڭ ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچى ۋە سىياسىي كۈچى تەيپىڭ تيەنگونى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلىغان قوراللىق قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقا قارىتىلغانلىقتىن، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قەغەز يۈزىدىكى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

1866 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى گۇاڭدۇڭنىڭ ئورۇنباسار باشبۇغى كۆكجىتەيىنى غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ شىمالىي يۆنىلىشىدىكى ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ قېتىمقى ۋەزىپىگە قويۇش، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق شىمالىي شىنجاڭنىلا قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىشى بولدى. 1875 ـ يىلىنىڭ بېشىدا زو زۇڭتاڭنىڭ گۇاڭشۇخانغا يوللىغان «دېڭىز مۇداپىئەسى، قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى ۋە قوۋۇق سىرتىدىكى ئاشلىق يۆتكەش ئىشلىرى توغرىسىدىكى مەكتۇپ» تە تەكىتلىگىنىمۇ يەنىلا مۇشۇ نىشان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۈرۈمچى قايتۇرۇۋېلىنمايدىكەن، ئاقسۇنىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. بىر قەدەم چېكىنسەك، دۈشمەن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ، گەنسۇنىڭ غەربىدىكى

رايونلارنىڭ، يەنى شىمالىي يولىدىكى قوبدۇ، ئۇلاستاي قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمىنلىكىگە كېپىللىك قىلىش قىيىن.»[46] ئەمما تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى 1 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن زېمىنىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىغا دائىر ئېنىق پىكىر تېخى تىلغا ئېلىنمىغانىدى.

1874 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى باشبۇغى جىڭ لىيەننى خان مۇپەتتىشلىكىگە ئۆستۈرۈپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە خان مۇپەتتىشى باش مۇشاۋىر، شەنشى ـ گەنسۇ نائىبى زو زۇڭتاڭنى غەربكە يۈرۈش قىلىشنىڭ خىراجەت، ئاشلىقنى تەييارلاپ يۆتكەشكە قويۇپ، باش دىۋان مۇشاۋىرى يۈەن باۋخېڭنى ياردەمچىلىككە تەيىنلىدى. ئىككىنچى يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشى، باش مۇشاۋىر، شەنشى ـ گەنسۇ نائىبى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ، يېڭى قوماندانلىق ئاپپاراتى تەسىس قىلدى.

بۇ بىر قاتار ۋەزىپىگە قويۇشلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىدە زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نەزىرى ئۈرۈمچى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ شىمالىنىلا قايتۇرۇۋېلىشتىن پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش نىشانىغا كېڭەيگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىستراتېگىيىسى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئايلاندى.

قايتا ـ قايتا ئويلىشىش ئارقىلىق، غەربكە يۈرۈش قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان زو زۇڭتاڭ «قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ، تېز جەڭ قىلىش» ۋە «شىمالدا جەڭ قىلىپ، جەنۇبتا نۇسرەت قازىنىش» تىن ئىبارەت ئۇرۇش فاڭجېنىنى

ئوتتۇرىغا قويدى.

«قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ، تېز جەڭ قىلىش» غەرب يۈرۈش قىلىشتىكى جەڭ رايونلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىن ئاساس قىلغانىدى. «شىمالدا جەڭ قىلىپ، جەنۇبتا نۇسرەت قازىنىش» بولسا غەربكە يۈرۈش قىلىشتىكى جەڭ رايونلىرىنىڭ سىياسىي مۇھىتىنى ئاساس قىلغانىدى.

زو زۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭ، جاڭ ياۋ قاتارلىق غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قوماندانلىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا خۇنەن ۋە گۇاڭدۇڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى هەربىي هاياتى پۈتۈنلەي تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇرۇش جەريانىدا ئۆتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى خۇنەنلىك ۋە گۇاڭدۇڭلۇق ئەسكەرلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنىمۇ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىلا جەڭ قىلىپ ئۆتكەنىدى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، بۇ قوشۇن گەنسۇ، شەنشى، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا نەچچە يىل جەڭ قىلىپ ئاندىن پەيدىنپەي غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا ماسلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىمۇ غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بارا - بارا تونۇپ يەتكەنىدى. «قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ، تېز جەڭ قىلىش» ئەمەلىيەتتە زو زۇڭتاڭ قاتارلىقلارنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئۇزۇن يىللىق جەڭ تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى ۋە يۈكسىلىشى ئىدى.

«قەدەممۇقەدەم پۇختا ئىلگىرىلەش» ئاساسىدا چىڭ قوشۇنى شەرقتە كۆكخوتتىن باشلىنىپ باۋتۇ، نىڭشيا ئارقىلىق غەربتە باركۆل، گۇچۇڭ، جىمسارغا تۇتىشىدىغان هەربىي لازىمەتلەرنى توشۇش لىنىيىسىنى بەرپا قىلغان. يەنە بۇ لىنىيىنى قوغدايدىغان مۇداپىئە سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىققانىدى.

«تېز جەڭ قىلىش» بولسا بىر تۈرلۈك جەڭ قىلىش جەريانى

بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپكى مەنىسى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ، تېز ھەرىكەت بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جەڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئىدى. گومۇدى ئۇرۇشى، داۋانچىڭ ئۇرۇشى، تۇرپان ئۇرۇشى دەل «تېز جەڭ قىلىش» نىڭ مىساللىرىدىن ئىدى.

زو زۇڭتاڭنىڭ «جەنۇبنى تىزگىنلەپ، شىمالنى بويسۇندۇرۇش» تىن ئىبارەت بۇ بىر جۈملە سۆزى، ئۇنىڭ «شىمالدا جەڭ قىلىپ، جەنۇبتا نۇسرەت قازىنىش» فاڭجېنىنىڭ مەزمۇنىنى شەرھلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شىمالدىكى جەڭنى تاماملىغاندا، ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تەۋرەتكىلى، ھەم ئىلىنى بېسىۋالغان چاررۇسىيە قوشۇنىغا بېسىم چۈشۈرگىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

دەل مۇشۇ تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن چىڭ قوشۇنى داۋانچىڭ ئۇرۇشىنى تۈگىتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلغىنىدا ئۆزىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى مۇداپىئەسىنى جىڭ دەرياسى ئەتراپىغا ئۇزارتىپ، ئىلىدىكى چاررۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ شەرققە ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىشىنى توسۇدى. بۇ ئىشلارنى تاماملاپ بولۇپلا، چىڭ قوشۇنى ئالدىن شەرق، غەربتىن تۇرپاننى ئىسكەنجىگە ئېلىپ جەڭ قىلىش لايىھىسىنى يولغا قويدى. قۇمۇل، بارىكۆلدىكى چىڭ قوشۇنى شەرقتىن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى ئۈستىگە ئالدى. داۋانچىڭدىن چىققان چىڭ قوشۇنى بولسا غەربتىن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. تۇرپان جېڭىدىن كېيىن، چىڭ قوشۇنى شەرقىي ۋە غەربىي يولدىكى قوشۇنلىرىنى جەم قىلىپ «جەنۇبتا نۇسرەت قازىنىش» تەك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى.

ئەمدى ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

1867 - يىلى 5 - ئايدا ياقۇپبەگ كۇچانى مەركەز قىلغان

بىر قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىدى. 1870 - يىلى 11 - ئايدا ۋە 1871 - يىلى 11 - ئايدا ئۇ ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ ئۈچ قېتىملىق ھەرىكەت ياقۇپبەگنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئۇزاق مۇساپىلىك جەڭ قىلىشتا مول تەجرىبىلەرگە ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ گەۋدىلىك بىر نۇقتا شۇكى، ياقۇپبەگ ھەر قېتىملىق جەڭدە يول بويى ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئارقا سەپنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىدى. ئەمما 1876 - يىلى چىڭ قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغىنىدا ياقۇپبەگ بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى چارىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچى، ئوزۇق - تۈلۈك، شۇنداقلا ئاساسىي ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى قارىغۇلارچە توقسۇن قەلئەسىگە توپلىدى. ئۇنىڭ تېخىمۇ ئېغىر سەۋەنلىكى شۇكى، ئۇ توقسۇن بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى تۆت مىڭ چاقىرىمغا يېقىن ئارىلىقتا ھەمدەمچى ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇشقا شۇنداقلا زۆرۈر ئارقا سەپ بازىسى قۇرۇشقا سەل قارىدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل چارىسىنى تاكتىكىدىكى خاتالىق دېگەندىن كۆرە، ھۆكۈم قىلىشتىكى خاتالىق دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن يىراق بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى جايغا مەركەزلەشتۈرۈشى، ھەتتا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە چىڭ قوشۇنلىرىنى توسماقچى بولۇشى، پۈتۈنلەي ئەنگلىيىنىڭ «ئۇرۇش توختىتىپ، بېقىندى ئەل بولۇش» تەكلىپىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانىدى. ياقۇپبەگ ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ، جەنۇبقا ئىچكىرىلەپ كىرمەيدىغانلىقىغا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتكەنىدى. دەل مۇشۇنداق تونۇشتا بولغانلىقتىن ياقۇپبەگ ھېچنېمىگە قارىماي ئاساسىي ھەربىي كۈچىنى تەڭرىتېغىنىڭ

شىمالىي ئېتەكىدىكى داۋانچىڭغا توپلاپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان، توقسۇن ئەتراپلىرىدا چىڭ قوشۇنى بىلەن قارشىلىشىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرە ئىچىدە چىڭ قوشۇنى بىلەن تىركىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن زېمىن بۆلۈشۈۋېلىشقا ئاساس سالماقچى بولغانىدى.

ئەمما 1877 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چىڭ قوشۇنى كۈچلۈك ھۇجۇم بىلەن تۇنجى جەڭدىلا داۋانچىڭنى ئالدى. ئارقىدىنلا تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، توقسۇننى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان دۈشمەن قوشۇنى قەلئەنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ ياقۇپبەگنى «بېقىندى ئەل قىلىش» سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ قالماي، ياقۇپبەگنىڭ خام خىياللىرىنىمۇ يوققا چىقاردى. بولۇپمۇ توقسۇن قەلئەسىنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئاجىز مۇداپىئە لىنىيىسى بىردىنلا تاپانچىسىز قالدى. بىرىنچى بولۇپ بۇ خىل ئېغىر ئاقىۋەتنى كۆرۈپ يەتكۈچى ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇمۇ ياقۇپبەگنىڭ شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كورلا شەھىرى ئەتراپىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئامىلى ئىدى.

ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارچىلىغىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ بىلەن ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇلىبەگ ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق ۋە بەگقۇلىبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرە ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق بولدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ ئېشىپ قالغان ھەربىي كۈچىنى چىڭ قوشۇنى ھۇجۇم قوزغاشتىن بۇرۇنلا پۈتۈنلەي خورىتىپ تۈگەتتى.

ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي تاكتىكىدىكى بۇ بىر قاتار كەمچىلىكلىرى، چىڭ قوشۇنىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى، ئەسكىرىي كۈچلەرنى سەپلەش، جەڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك سەۋەبلەر چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھەربىي ئامىللارنى شەكىللەندۈرگەندى.

### 3) ئىقتىسادىي ئامىل

سىياسىي، ھەربىي ئامىللار ئارقا ـ ئارقىدىن شەكىللەنگەن شارائىت ئاستىدا ئىقتىسادىي ئامىل چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋېلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بىرمەھەل ئوردا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان دېڭىز مۇداپىئە تەرەپدارلىرى بىلەن قۇرۇقلۇق مۇداپىئە تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىدە ناۋادا لى خۇڭجاڭنىڭ تەشەببۇسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەربىي ھەرىكىتى پەقەت ھەربىي خىراجەت سەۋەبىدىن 1875 ـ يىلىلا توختاپ قالغان بولاتتى. ئەمما چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەڭ ئاخىرىدا لى خۇڭجاڭنىڭ تەشەببۇسىنى رەت قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەربىي ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي مۇھىت ھازىرلاپ بەردى. 1876 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، گۇاڭشۈي خان شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىدا چوقۇم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، «جاھان ئەھلىنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، غەربنى تىنچلاندۇرۇش ھەربىي ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارماق كېرەك» ㊼ دېگەنىدى.

غەربكە يۈرۈش قىلىشقا خىراجەت تەييارلاشتىن پۈتۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغانغا قەدەر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 گە يېقىن ئۆلكە ۋە تاموژنىلار بىۋاسىتە خىراجەت بىلەن تەمىنلىدى. جەنۇبتا گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، جياڭشىدىن تارتىپ، شىمالدا خېنەن، سەنشىگىچە، شەرقتىن فۇجيەن، جياڭسۇ، شەندۇڭدىن غەربتە سىچۈەن، شەنشى، گەنسۇغىچە غەربكە يۈرۈش قىلىشنى

مۇقىم ياكى ۋاقىتلىق راسخوت بىلەن تەمىنلىدى.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي كۆچىگە تايانغانلىقتىن، چىڭ قوشۇنى ئۇزۇق - تۈلۈك، ھەربىي ئەسلىھە، ئەسكىرىي كۈچ شۇنداقلا تۇشۇش، يەتكەش قاتارلىق جەھەتلەردە دۈشمەنگە قارىغاندا روشەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى شۇكى، چىڭ قوشۇنى بىرمەھەل گەنسۇ قاتارلىق شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئۆلكىلەردىن ئاشلىق توپلىيالمىغان ئەھۋالدا، ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ئىچكى موڭغۇل، نىڭشىيا ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيتتى.

چىڭ قوشۇنىنىڭ كەڭ دائىرىلىك مول ئىقتىسادىي ئاساسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياقۇپبەگ زامان ياكى ماكان جەھەتتىن بولسۇن مۇقەررەر ناچار ئەھۋالدا تۇراتتى.

ياقۇپبەگ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرنى ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىش جەريانىدا، ئالتە يىلدەك ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش ئوتلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، غەربى ۋە شىمالى ئېتىكىدىكى تۈت مىڭ چاقىرىمغا يېقىن دائىرىنى قاپلىدى. بۇ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇئەسسەسەلەر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇزۇلماي بولغان ئۇرۇشلار ئارقا - ئارقىدىن دېھقانچىلىقنى زىيانغا ئۇچراتتى. كۆپلىگەن دېھقانلار مەجبۇرىي ئۇرۇشقا قاتنىشىپ يۇرتلىرىدىن ئايرىلدى ياكى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قېچىپ چۆل - جەزىرە، تاغ - ئورمانلاردا پاناھلاندى. نۇرغۇن تېرىقچىلىق ئۇلاغلىرى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ كەتتى.

ياقۇپبەگنىڭ خوتەندىكى ھەببۇللا پاشا، كۇچادىكى راشىدىن خوجا، ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگان خەلىپىنى يوقاتقاندىن كېيىن، خىراجەتتىن قىسلىغانلىقتىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆز رەقىبلىرىنىڭ مۇقىم كۆچمە مۈلۈكلىرىنى ئېلىشقا سىتىپ،

ئۆزىنىڭ خىراجەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. كەڭ تارقالغان «قويىنىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلىدى» دېگەن بۇ سىياسىي ھەزىل دەل ياقۇپبەگنىڭ ئاشۇ قېتىملىق ھەرىكىتىنى ئۆتكۈر ھالدا سۆككەن ۋە ئېچىپ تاشلىغانىدى.

ياقۇپبەگنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا بىردىنبىر ھۆكۈمرانغا ئايلانغاندىن كېيىن يولغا قويغان بەگلەرنىڭ ئۆزىگە تارتۇق يوللاش تۈزۈمى، ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئازادە مۇھىت يارىتىپ بەرگەنىدى. «تارىخىي ھەمىدى» دە خوتەننىڭ ھاكىمبېگى نىيازبەگنىڭ ياقۇپبەگكە تۇنجى قېتىم تارتۇق يوللىغانلىق ئەھۋالى ئالاھىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارتۇقلىرى ئىچىدە مىڭ دانە يامبۇ، ئېگەر - جابدۇقلۇق 400 ئارغىماق ۋە تۈرلۈك قىممەتلىك بۇيۇملار ئارتىلغان 400 ئات بار ئىدى㊽.

دەل مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ مۇھىم ھەربىي - مۈلكىي خادىملىرى ئىچىدە نىيازبەگكە ئوخشاش غايەت زور بايلىق توپلىغان ئەمەلدارلار بارلىققا كەلگەن. «تارىخىي ھەمىدى» دە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چىڭ قوشۇنى خوتەننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، نىيازبەگ يوشۇرۇپ قويغان 3 مىڭ 200 دانە يامبۇ ۋە زور مىقداردىكى ئالتۇننى قولغا چۈشۈرگەن ㊾.

كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ئېغىر سېلىق ياقۇپبەگنىڭ 50 – 80 مىڭچە كېلىدىغان قوشۇنىنى ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ھەم قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلەش ئىدى.

چىڭ قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىشنى باشلىغان ۋاقىتتا، ياقۇپبەگ دەل مۇشۇنداق ئاجىز ھەم تولىمۇ خەۋپلىك بولغان ئىقتىسادىي ئاساسقا تاياندى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئومۇمىي

ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىشتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن، چىڭ قوشۇنى گۇمۇدىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ھەممە ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى قارىسىغىلا ئارقا ـ ئارقىدىن توقسۇن قەلئەسىگە يۆتكىدى. توقسۇن قەلئەسىنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن، ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرىنىڭ بىر قىسمىمۇ قولدىن كەتتى. يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىقتا تۈگىدى.

بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، سىياسىي ۋە ھەربىي ئامىلدىن باشقا، چىڭ قوشۇنىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە ياقۇپبەگنىڭ بۇ جەھەتتىكى ناچار ئەھۋالى چىڭ قوشۇنىنىڭ جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان.

پايدىلانمىلار

① «خۇەن قوشۇنى تەزكىرىسى»، 20 ـ جىلد، 3 — 17 ـ بەتلەر.

② لو جېڭجۇن: «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ شەجەرىسى»، 6 ـ جىلد، 16 ـ بەت؛ سۈن يۈتاڭ: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان سانائەت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 1 ـ توپلام (1 ـ قىسىم)، 445 ـ بەت؛ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. مەكتۇپلار»، 10 ـ جىلد، 40 — 41 ـ بەتلەر.

③ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتلىرى. داۋامى»، 57 ـ جىلد، 6 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 43 ـ جىلد، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر.

⑤ «چىڭ موزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 333 ـ جىلد، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر.

⑥ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. مەكتۇپلار» 15 ـ جىلد، 61 ـ، 62 ـ بەتلەر؛ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى مەلۇماتنامىلەر، 46 ـ جىلد، 42 ـ، 45 ـ بەتلەر.

⑦ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتلىرى. داۋامى»، 54 ـ جىلد، 7 ـ بەت.
⑧ «چىڭ موزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 358 ـ جىلد، 28 ـ 30 ـ بەتلەر؛ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتلىرى. داۋامى»، 54 ـ جىلد، 1 ـ، 2 ـ بەتلەر.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 54 ـ جىلد، 5 ـ بەت.
⑩يۇقىرىقى كىتاب، 54 ـ جىلد، 6 ـ بەت.
⑪يۇقىرىقى كىتاب، 54 ـ جىلد، 6 ـ بەت.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 61 ـ جىلد، 5 ـ، 6 ـ بەتلەر.
⑬ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 291 —، 298 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي ھەمىدى»، 480 ـ، 483 ـ، 488 ـ بەتلەر.
⑭ «تارىخىي ھەمىدى»، 483 ـ بەت.
⑮ «چىڭ دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 38 ـ جىلد، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.
⑯ «تارىخىي ھەمىدى»، 484 ـ بەت. «تارىخىي ئەمىنىيە»، 294 ـ بەت.
⑰ «چىڭ دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 38 ـ جىلد، 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.
⑱ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. مەكتۇپلار»، 17 ـ جىلد، 31 ـ بەت.
⑲ «چىڭ دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 366 ـ بەت.
⑳ «تارىخىي ئەمىنىيە»، 298 ـ بەت.
㉑ بەزى ماتېرىياللاردا «5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى» دەپ خاتىرىلەنگەن.
㉒ «تارىخىي ھەمىدى»، 489 بەت.
㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 491 ـ بەت؛ مور: «پامىر»، 22 ـ باب، 317 —، 318 ـ بەتلەر: «ئەمىرنىڭ قول ئاستىدىكى بىر مەھرەم خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى نىياز ھاكىمبەگنىڭ كۆپلەپ ئالتۇن پارا بېرىشى بىلەن ئەمىرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن زەھەرنى ياقۇپبەگنىڭ چىيىغا قويۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ياقۇپبەگ بۇ قاپ يۈرەك قاتىلنىڭ قولىدا ئۆلدى» دېيىلگەن. «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 2 ـ قىسىم، 389 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىنغان؛ «شىنجاڭنى تەكشۈرۈش

خاتىرىسى» ، 3 ـ جىلدا: «پاشا كىشىلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆزىدىن كۆڭلى قالغانلىقىنى بىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەتلىنىپ، ئاخىر دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالدى» دېيىلگەن.

㉔ «تارىخىي ئەمنىيە» ، 327 ـ بەت.

㉕ «تارىخىي ھەممىدى» ، 528 ـ بەت؛ «تارىخىي ئەمنىيە» ، 328 ـ بەت.

㉖ رىۋايەتلەردىكى ئىسلام دىنىنى يارانقۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىمام ھۈسەيىننى ئۆلتۈرگەن قاتىل.

㉗ «تارىخىي ھەممىدى» ، 202 ـ، 203 ـ، 204 ـ بەتلەر.

㉘ «تارىخىي ھەممىدى» ، 528 — 529 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمنىيە» ، 328 — 329 ـ بەتلەر.

㉙ «تارىخىي ھەممىدى» ، 532 ـ، 534 ـ بەتلەر؛ «تارىخىي ئەمنىيە» 361 ـ، 362 ـ بەتتە ھېكىمخان تۆرە ھىجرىيە 1321 ـ يىلى (مىلادىيە 1904 ـ يىلى) ۋاپات بولدى، دېيىلگەن.

㉚ «تارىخىي ھەممىدى» ، 537 ـ بەت.

㉛ يۇقىرىقى كىتاب، 540 ـ بەت.

㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 539 ـ بەت.

㉝ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 116 ـ بەت؛ «قەشقەرىيە» ، 198 ـ بەت؛ «تارىخىي ھەممىدى» ، 539 ـ بەت.

㉟ «قەشقەرىيە» ، 216 ـ بەت؛ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ، 267 ـ بەت.

㊱ «چىڭ دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 67 ـ بەت، 16 ـ، 19 ـ بەتلەر، 20 ـ بەت.

㊲ «تارىخىي ھەممىدى» ، 336 ـ بەت.

㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 336 ـ بەت.

㊴ يۇقىرىقى كىتاب، 583 ـ، 584 ـ بەتلەر.

㊵ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى. مەكتۇپلار» ، 18 ـ جىلد، 27 ـ بەت.

㊶ «تارىخىي ھەممىدى» ، 485 ـ، 486 ـ بەتلەر.

㊷ يۇقىرىقى كىتاب، 487 ـ بەت.

㊸ يۇقىرىقى كىتاب، 606 ـ بەت.

㊹ «مەرپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ پوتوكلىرى. مەلۇماتنامىلەر»، 51 ـ جىلد، 74 ـ بەت.

㊺ يۇقىرىقى كىتاب، 50 ـ جىلد، 79 ـ بەت.

㊻ يۇقىرىقى كىتاب، 46 ـ جىلد، 32 ـ، 41 ـ بەتلەر.

㊼ «چىڭ دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 25 ـ جىلد، 3 ـ 6 ـ بەتلەر.

㊽ «تارىخىي ھەممىدى»، 415 ـ، 416 ـ بەتلەر.

㊾ يۇقىرىقى كىتاب، 556 ـ بەتلەر.

# 3 ـ بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشى

## 1. جوڭگو بىلەن رۇسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرى

### (1) رۇسىيىنىڭ ئىلىنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى

جوڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا بىرمۇنچە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا دۆلەتلىرى سىياسىي ۋە ھەربىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئېلىمىزدە غايەت زور مەنپەئەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن چارروسىيىلا ئېلىمىزنىڭ زېمىنىنى قوشۇن چىقىرىپ ئون يىلغىچە بېسىۋالدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رۇسىيىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىشى مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رۇسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى رۇسىيىنىڭ سىياسىي تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى كېڭىشىش ئارقىلىق تاللىغان.

1871 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋە 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئىككى قېتىم مۇھىم يىغىن ئېچىپ ئىلىغا قورال كۈچى بىلەن تاجاۋۇز قىلىشنى قارار

قىلدى. ئارقىدىنلا روسىيە ئارمىيىسى باش شتابى ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان كونكرېتنى پىلان تۈزۈپ چىقىپ تۈركىستان كائوفمانغا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە بۇ قېتىمقى تاجاۋۇز قىلىشنى «چېگرا جايلىرىمىزنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن» دەپ ئاتىدى①. مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش بولغاچقا، ئىلىغا تاجاۋۇز قىلغان روسىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى كولپاكوۋسكى 1871 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى غۇلجا شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن ئوچۇقتىن - ئوچۇق: «روسىيە ئىگىلىگەن يەرلىرىنى ھەرگىزمۇ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ»② دەپ جار سالدى.

ئىلىنىڭ يەر مەيدانى 56 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك. بۇ جايدا چىڭ سۇلالىسى توققۇز قەلئە بىنا قىلغان بولۇپ «ئىلىدىكى توققۇز قەلئە» دەپ ئاتالغان. ئىلى جياڭجۈنى كۈرە قەلئەسىدە تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىدە ئۈچ قەلئە، غەربىدە بەش قەلئە بار ئىدى. بۇ قەلئەلەردە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلار تۇرۇشلۇق بولۇپ، مەلۇم بىر دائىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ كاپالىتى ئىدى.

كۈرەنىڭ شەرقى، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقانلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ھەمدە قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار «تارىنچى» دەپ ئاتالغان. ھەربىر تېرىقچىلىق نۇقتىسىغا 100 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ «يۈزى» (100 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئاتالغان. «يۈزى» بىر خىل مەمۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانلام بىرلىكى، باج يىغىش بىرلىكى، باشقۇرۇش بىرلىكى ئىدى. ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە «يۈزى» يەنىلا مەمۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرلىكى، باج يىغىش بىرلىكى ۋە باشقۇرۇش بىرلىكى

بولغان.

رۇسىيە ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىلىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى ئۆزگەرتكەن. ئىمىنجان باھاۋدۇن يازغان «ئىلى تارىخى» ناملىق كىتابتا بۇ ۋەقە توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «1871 - يىلى رۇسىيە ئىلىنى رەسمىي ئۆتكۆزۈۋېلىپ، ئىلىنى تۆت «ئۇيېزد» (ناھىيە) قا بۆلدى. بىرىنچىسى غۇلجا، ئىككىنچىسى ئارا ئۆستەڭ، ئۈچىنچىسى سۇيدۈڭ، تۆتىنچىسى قاينۇق»③.

ئىلىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە، رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى «ئۇيېزد» (ناھىيە) دىن تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى بىۋاستە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. بۇ مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. بىرىنچى تۈردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار رۇس تىلىدىكى ئەمەل - مەنسەپ نامى بويىچە ‹بولس› دەپ ئاتالغان، يەنە بىر تۈردىكىلەر قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەمەل مەنسەپ ئاتالغۇسى بويىچە «قازى» دەپ ئاتالغان. «ئىلى تارىخى» دا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنغان. «بۇرۇنقى يۈزبېشى، مىڭبېشى ۋە بەگلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ‹بولس› ۋە قازىلار تەيىنلەندى»④. «ئىلى تارىخى» نىڭ مۇئەللىپى قوللانغان «قالدۇرۇلۇپ» دېگەن سۆز بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ، بۇ يەردە ئۇ «ئالماشتۇرۇش» دېگەن مەنىدە كېلىشى كېرەك.

رۇسىيە دائىرىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوللانغان تەدبىر ئىلى رايونىنىڭ مەمۇرىي مەركىزىنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. كۆرە بازىرى ئۇزاقتىن بېرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بالماي، بەلكى ئىلى رايونىنىڭمۇ مەمۇرىي مەركىزى ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆرە بازىرى ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىتىكى

چېگرىسىنىڭ غايەت زور بەلگىسى ۋە سىمۋولى ئىدى. دەل مۇشۇ روشەن سىياسىي سەۋەبكە ئاساسەن، رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى كۇرە بازىرىنىڭ كۆپ قىسىم ئۆي - ئىمارەتلىرىنى مەقسەتلىك ۋەيران قىلىۋەتتى. كۇرە بازىرىنى چاقىقاندا چىققان ياغاچ - تاشلار بىلەن غۇلجا بازىرىدا 20 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا بىر رەستە ياسىدى. بۇ يەرگە رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ خىزمەت تارماقلىرى ۋە ئۇزلۇكسىز كېلىۋاتقان رۇسىيە سودىگەرلىرى توپلىنىپ، بۇ رەستىنى ئىلىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

ئەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، رۇسىيە پايتەختى پېتربۇرگدا ئىلىنىڭ ئاخىرقى تەۋەلىك مەسىلىسى مەخپىي هالدا قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. بۇ مۇزاكىرە دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىش ھەمدە «يەتتە سۇ ئۆلكىسى بىلەن سىر دەريا ئۆلكىسىنى باشقۇرۇش شەرتلىرى لايىھىسى» نى ئىلى رايونىدا يولغا قويۇشنى جاكارلاش بىلەن نەتىجىلەندى. ئارقىدىنلا ئىلىدا ھەربىي سوت قۇرۇلۇپ، ئەدلىيە ۋە تەرتىپنى قوغداش ھوقۇقىنى يۇرگۇزۇشكە باشلىدى. سەل كېيىنرەك، غۇلجا بازىرى بىلەن ئالمۇتا ئارىلىقىدا 17 ھەربىي رابات ياساپ. بىۋاسىتە قاتناش ئالاقىسى ھاسىل قىلدى⑥.

رۇسىيىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىشىدا سىياسىي مۇددىئاسى بولۇپلا قالماي يەنە ئىقتىسادىي مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى.

ئىقتىسادىي مەنپەئەت دائىرىسىدە، رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى شۇ جايدىكى باج تۇرلىرى ۋە باج نىسبىتىنى تەپ تارتماستىن بۇزدى. 1871 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا، يەنى رۇسىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنى ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يېرىم يىل ئىچىدە، رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى ئىلىدا

زورلۇق بىلەن 70 مىڭ 278 رۇبلى تۇتۇن بېجى يىغدى. 1874 - يىلى رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى يەنە زورلۇق بىلەن «ئاپتونومىيە ئىئانىسى» يىغىشقا كىرىشتى، باج نىسبىتى رەسمىي تۇتۇن بېجىنىڭ 20 پىرسەنتىگە باراۋەر كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدىكى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، رۇسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان مەزگىلدە ھەر يىلى ئىلىدىن يىغىۋالغان باج «يۈز مىڭ سەردىن چۈشمىگەن»⑦.

ئاپئاشكارا شۇلۇۋېلىش شۇ بولدىكى، رۇسىيە دائىرىلىرى ئىلى پۇقرالىرىنى باج - سېلىقنى رۇبلى بىلەن تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە رۇبلىنى كۇمۇشكىلا تېگىشىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. ئەينى چاغدا ئىلىدا ئېقىۋاتقىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلى بولغانلىقتىن، شۇ جايدىكى پۇقرالار يارماقنى كۇمۇشكە تېگىشىپ، ئاندىن كۇمۇشكە روبلى تېگىشىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئىلىدا كۇمۇشنىڭ باھاسى ناھايىتى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى ئىلىدا رۇبلى سېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى رۇسىيە سودىگەرلىرى ئىدى. مۇشۇنداق سۇنئىي ئايلىنىشلا رۇسىيە سودىگەرلىرىگە غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆرۈلگەن ئىككىنچى بىر خىل ھادىسە رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلىنىڭ يەرلىك دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن تۆۋەنلىتىش ئەمما رۇسىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى جىنىنىڭ بارىچە ئۆستۈرۈش ئارقىلىق باھا پەرقىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلىشى ئىدى.

1879 - يىلىغا كەلگەندە، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ پائالىيىتى ئىلى رايونى دائىرىسىدىن ھالقىپ شىخو ئەتراپلىرىغىچە كېڭىيىپ رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قارائۇسۇ

(شخو) دا تىجارەت قىلىدىغان ماگىزىنلىرى 80 نەچچىگە يەتتى. پەقەت 1879 ـ يىلى رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قارائۇسۇ (شخو) دىكى تىجارەت سوممىسىلا 2 مىليون رۇبلىغا يەتكەن⑧.

رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى ئەپيۇن تېرىشنىمۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلدى. 1874 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئىلىدا قىلغان ئەپيۇن تىجارىتىدىن تاپقان كىرىمىلا 333 مىڭ رۇبلىغا يەتتى⑨.

رۇسىيىنىڭ ئىشغالىيىتى ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، بولۇپمۇ شۇ جايلاردىكى ئۇيغۇر پۇقرالارغا ئىنتايىن زور ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى. 1873 ـ يىلى سىدىق ئاتلىق بىر ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي يوشۇرۇن ھالدا چۆچەككە بېرىپ ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۈەنگە ئىلىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ رۇسىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانلىق ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تېزراق ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى، پۇقرالارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن خالاس قىلىشنى تەلەپ قىلدى⑩.

2) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھازىرلىق كۆرۈشى

1871 ـ يىل 4 ـ ئايدا چاررۇسىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، رۇسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇڭلى يامۇلىغا نوتا تاپشۇرۇپ، رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىلىنى ئىشغال قىلىپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. زۇڭلى يامۇلى پادىشاھ تۇڭجىغا بۇ ۋەقەدىن مەلۇمات بەرگەندە: رۇسىيىنىڭ غەربىي سىبىرىيىدىكى يەرلىك ئەمەلدارى مىس سىملىق لىنىيە ئارقىلىق بۇ دۆلەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىگە ئەۋەتكەن خېتىدە يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورى

كالپاكوۋسكىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، تارانچىلار بىلەن ئۇزمەي ئۇرۇشۇپ زەپەر قۇچۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى (يەنى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى) غولجىنى قايتۇرۇۋېلىپ، قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى تىرىك تۇتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ دۆلەت ئالاقىسىنى مىس سىملىق لىنىيە ئارقىلىق يوللىغاچقا، سۆزلەر بەك ئىخچاملىنىپ كېتىپ، تەپسىلاتىدىن ۋاقىپلىنالمىدۇق» دېدى.

جىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى چاررۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىدىن چوڭقۇر تەشۋىشلەندى. 1871 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇڭجى خان ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە ئىلى جياڭجۈنى روڭ چۈەنگە ئىلىغا بېرىپ چاررۇسىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى، يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورى كالپاكوۋسكى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى ھەمدە بۇنداق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، «جۇڭگودىن ئادەم بېرىپ ئۇ يەرنى باشقۇرسا، رۇسلارنىڭ باھانە كۆرسىتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بولمىسا، كەلگۈسىدە ئۇلار خالىغانچە تەلەپ قويۇشقا باشلىغاندا، بىزنىڭ ئۇنى يىغىشتۇرمىقىمىز تەسكە چۈشىدۇ»⑪ دەپ تەكىتلىدى.

شۇ چاغدا، رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىدىن شەرققە قاراپ سىلجىپ ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغۇسى بار دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرگەنىدى. شۇڭا، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، پادىشاھ تۇڭجى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئېيتىلىشىچە رۇسىيىنىڭ ئىلى ئارقىلىق ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغۇسىمۇ بار ئىكەن. ئەگەر مۇشۇ گەپ راست بولسا، قول سېلىش تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ، جىڭ ليەن غەربىي چېگرىدا ئۇزۇن تۇرغان، ئۇ يەردىكى ئىشلار بىلەن پىششىق تونۇش، ئۇنىڭ قوشۇن باشلاپ چىقىپ ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ باققان

تۇزۇكتۇر. ئەھۋال ھەقىقەتەن بەك ئېغىر، ئىشنىڭ مۇشۇنچىلىكىدە ئالدىنى تۇتۇش قىلىپ نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈن ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىقى كېرەك»㉑.

ئەمەلىيەتتە، مەيلى رۇڭ چۈەن مەيلى جىڭ لىيەن بولسۇن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىلىنى بىۋاستە قايتۇرۇۋالالمىدى. ھەتتاكى رۇڭ چۈەننىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تەدبىرىمۇ رۇسىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. 1871 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، رۇڭ چۈەن ئالمۇتاغا ئادەم ئەۋەتىپ رۇسىيە دائىرىلىرى بىلەن ئۇچرىشالىدى. تەكرار ئۇچرىشىشتىن كېيىن، رۇسىيە دائىرىلىرى باشتا نادامولكتا رۇڭ چۈەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغانىدى. 1872 يىل، 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رۇڭ چۈەن ئۇلاستايدىن تارباغاتايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، رۇسىيە تەرەپنىڭ كۆرۈشۈش ئورنىنى يەنە ئاياگۇزغا ئۆزگەرتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

1872 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى رۇڭ چۈەن رۇسىيە ۋەكىلى فوخوسلىپوۋسكى بىلەن ئاياگۇزدا رەسمىي كۆرۈشتى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە رۇسىيە ۋەكىلى ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىشى توغرىسىدا ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى، ئوچۇقتىن - ئوچۇق رەت قىلىپ، رۇڭ چۈەننى جۇڭگو - رۇسىيە چېگرىسىنى يېڭىۋاشتىن ئايرىش ھەمدە شىنجاڭدا يېڭى سودا پورتى ۋە سودا يوللىرىنى ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە قىستىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتتىكى ئاساسىي مەسىلىدە ئىختىلاپ ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن، ئاياگۇز سۆھبىتىدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.

1873 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رۇسىيىنىڭ جۇڭگودا

تۆرۈشلۈق ئەلچىسى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلى يامۇلىغا نوتا تاپشۇرۇپ، ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نوتىدا «دۆلىتىمىز ئىلكىمىزدىكى ئىلى رايونىنى دۆلىتىڭىزلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالايدۇ، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئەمىنلىكىنى ساقلاش ۋە ئۇ يەرنى باشقۇرۇشقا ئەمەلدار قويۇش زۆرۈر» دېيىلگەن.

ئەينى ۋاقىتتا، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەربىي كۈچلىرى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا تۇسۇلۇپ قالغاچقا، رۇسىيە ئوتتۇرىغا قويغان «ئالدى بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئەمىنلىكىنى ساقلاش ۋە ئۇ يەرنى باشقۇرۇشقا ئەمەلدار تەيىنلەش» شەرتىنى ھەرگىز ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت پۈتۈنلەي بىر ياققا تاشلاپ قويۇلدى.

1875 - يىل 5 - ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. شۇ يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گۇاڭشۈي خان زو زۇڭتاڭغا مەخپىي بۇيرۇق ئەۋەتىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تەپسىلىي لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تاپشۇردى.

زو زۇڭتاڭ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن باغلاپ قاراپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئاۋۋال ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشتا ئەمەس، بەلكى ئۈرۈمچىنى تېز قايتۇرۇۋېلىش، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا، مۇشۇ قەدەمنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، چىڭ قوشۇنلىرى ئاندىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تولۇق ھەربىي ئۈستۈنلۈك ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ، شۇنداقلا رۇسىيە دائىرىلىرىنى ئىلى مەسىلىسى ھەققىدە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئەستايىدىل سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلالايدۇ، دەپ

ھېسابلايتتى.

1878 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، چىڭ قوشۇنلىرى ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. ئارقىدىنلا، چىڭ قوشۇنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يولىدىكى جىڭ، شىخو (قارائۇسۇ) ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا كۆپ ساندا قوشۇن توپلاپ، ئىلىغا قارىتا روشەن قورشاۋ ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلى مەسىلىسى ھەققىدە رۇسىيە دائىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن كۈچلۈك سىياسىي مۇھىت ۋە ھەربىي مۇھىت يارىتىپ بەردى.

3) چۇڭ خۇنىڭ رۇسىيىگە ئەلچىلىككە بېرىشى ۋە «رۋاكىيە شەرتنامىسى»

1878 ـ يىلى باھاردا، چىڭ ھۆكۈمىتى رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە جۇڭگونىڭ رۇسىيە پايتەختى پېتربۇرگقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسىدە سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا توپلانغانلىقىدەك جىددىي ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، دەرھال چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە چىڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان سۆھبەت كۈنتەرتىپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1878 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى مەنسەپ تۇتۇق ۋازارىتىنىڭ يانداشبېگى، پايتەخت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جياڭجۈنى چۇڭ خۇنى خان مۇپەتتىشى سالاھىيىتى بىلەن رۇسىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

چىڭ ھۆكۈمىتى چۇڭ خۇنى رۇسىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيىنى ياقۇپبەگ باندىتلىرىدىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىدا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ،

ئىلى سۆھبىتىگە يېڭى توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ دەپ ھېسابلاپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا ھەمىشە تەييار تۇرۇشنى بۇيرۇدى. دەرۋەقە، 1878 ـ يىل 7 ـ ئاي، 9 ـ ئاي ۋە 11 ـ ئايلاردا، ئۈچ تۇركۇم ياقۇپبەگ باندىتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جىلىڭ، ئاقسۇ ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بۆسۈپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قورشاپ يوقىتىلدى. مانا بۇلار رۇسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى سۆھبىتىدىكى ئورنىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتتى. رۇسىيىنىڭ سۆھبەتتىكى ئورنىنى بىۋاسىتە ئاجىزلاتقان ئىككىنچى بىر مۇھىم ئامىل 1877 ـ يىلى پارتلىغان رۇسىيە ـ تۇركىيە ئۇرۇشى بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش رۇسىيىنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

رۇسىيە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن، چوڭ خۇ 1878 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى رۇسىيە پايتەختى پېتربۇرگقا يېتىپ بارغاندا، رۇسىيە دائىرىلىرى ئۇنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. چار پادىشاھ ئالېكساندىر II قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يەنى 1879 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىپ، دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنى ئىپادىلىدى.

شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، چار پادىشاھ ئالېكساندىر II تەييارلىق يىغىنىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن ئىلى مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىكى پرىنسىپلىق مەيداننى كېڭىشىپ بېكىتتى ھەمدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى مىليوتىن باشچىلىقىدىكى پەۋقۇلئاددە كومىتېتنى تەشكىللەپ، ھەربىي ساھە بىلەن سودا ساھەسىنى ئىلىنى قايتۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن غەرىزىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيەتتە

ئۇلار ئىلى مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبەت ئۈستىلىگە كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى.

ئەمما، چۇڭ خۇ رۇسىيە ئىچكى - تاشقى جەھەتتە قىيىنچىلىقتا بوغۇلۇپ قالغان مۇشكۇل ئەھۋالدىنمۇ پايدىلانمىدى، ھەم چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قولغا كەلتۈرگەن ھەربىي ئۈستۈنلۈكىگىمۇ تايانمىدى. ئەكسىچە رۇسىيىنىڭ يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاستىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىشتەك نەيرەڭۋازلىقلىرى ئالدىدا گاڭگىراپ، ھېچ ئىش قىلماي، ۋاقتىنى رۇسىيە پايتەختىدە ساياھەت ۋە زىياپەتلەردە بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن دەل مۇشۇ مىليوتىن رەھبەرلىك قىلغان پەۋقۇلئاددە كومىتېت قايتا - قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق ئىلىنى شەرتلىك، قىسمەن قايتۇرۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئىلى مەسىلىسىدە ئىمكانقەدەر كۆپرەك تۆلەم تۆلىتىۋېلىش خىيالىدا بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، رۇسىيە تەرەپ ئۆزىنىڭ شەرتنامە نۇسخىسىنى چۇڭ خۇغا تاپشۇردى[17].

1879 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۇڭ خۇ زۇڭلى يامۇلىغا تۆت قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، رۇسىيە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنامە نۇسخىسىنىڭ مەزمۇنلىرىنى مەلۇم قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گۇاڭشۇخان ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شەرتنامە نۇسخىسىنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى ھەققىدىكى باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە: «ئىش ئەگەر ئەۋەتىلگەن مەلۇماتتىكىدەك بولسا، چوڭ ۋەزىيەتكە دەخلى يېتىدۇ. ئۇنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ»[18] دەپ كۆرسەتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئوردىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمىدىكىلەر رۇسىيە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنامە نۇسخىسىنى غۇلغۇلا قىلىۋاتقاندا، چۇڭ خۇ شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چار پادىشاھنىڭ رۇسىيىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى ۋاقىتلىق

ئوردىسى — رۋاكىيە ئوردىسىدا رۇسىيە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنامە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان «ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش - تاپشۇرۇۋېلىش شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويۇپ بولغانىدى. بۇ شەرتنامە چار پادىشاھنىڭ رۋاكىيەدىكى ۋاقىتلىق ئوردىسىدا ئىمزالانغانلىقى ئۈچۈن، «رۋاكىيە شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتالدى. يەنە بۇ شەرتنامە 18 ماددىدىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن «جۇڭگو - رۇسىيە 18 ماددىلىق شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتالدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا «رۋاكىيە شەرتنامىسى» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى جەمئىيەتكە تارقىلىپ، بىرمەھەل پۈتۈن مەملىكەتتە زور غۇلغۇلا قوزغىدى. ئوردا ۋە ئاۋام خەلق، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن بىردەك غەزەپكە كېلىپ چۇڭ خۇنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى. 1880 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گۇاڭشۈخان شىغاۋۇل ۋازارىتىگە چۇڭ خۇغا جىنايەت بېكىتىشنى بۇيرۇدى.

### 2 . چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇسىيىنى ئوبيېكت قىلغان ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى

1) چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «رۋاكىيە شەرتنامىسى» نى رەت قىلىشى

«رۋاكىيە شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، رۇسىيە چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ بۇ شەرتنامىگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلدى. 1880 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى رۇسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كىياند چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلى يامۇلىدىن گۇاڭشۈخاننىڭ ئىككى كۈن ئىلگىرى چۇڭ خۇنى «جازا ۋازارىتىنىڭ ھۆكۈمى ئارقىلىق قاتتىق جازالاش» بۇيرۇقى چىقارغىنىنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورۇشتە

قىلدى ھەمدە: «بۇنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ سۆھبەت ئىشى بىلەن مۇناسىۋىتى چوڭدەك قىلىدۇ. جۇڭگو ئالدىنقى يىلى خان مۇپەتتىشنى رۇسىيىگە ئەۋەتىپ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇۋىدى، رۇسىيمۇ ئەپلىشىپ قېلىش نىيىتىدە بولدى. شۇ ۋەجىدىن ئىشلارنى سەممىيەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر ياقلىق قىلدى. ئەمدىلىكتە جۇڭگو مۇشۇنداق يول تۇتسا، بۇ ئىشتىن دۆلىتىمىزنى خەۋەردار قىلماي تۇرالمايمەن، ئەگەر بۇ ئىشنى دۆلىتىمىزگە مەلۇم قىلسام، دۆلىتىمىز بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپلا قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ ئەپلىشىپ قېلىش سەممىيىتى يوقكەن، ھەرگىزمۇ شۇ (شەرتنامە) بويىچە ئىش قىلمايدىكەن دېگەن قاراشقا كېلىدىغانلىقى چوقۇم»⑲ دەپ تەھدىت سالدى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، چۇڭ خۇ دېلوسى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ جەھەتتە گەۋدىلىكرەك بولغىنى ئەنگلىيە دائىرىلىرى بولدى. 1880 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ۋېيتمان چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلى يامۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ رۇسىيە ئۈچۈن ئاشكارا دوست تارتىشىپ بەردى. ئۇ تەلۋىلىك بىلەن: «ئەگەر جۇڭگو (رۋاكىيە شەرتنامىسى) نى ئىنكار قىلىشقا بەل باغلىسا، ئۇ ھالدا جۇڭگو ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشى لازىم»⑳ دېدى. ئۇنىڭ كەينىدىن گېرمانىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى يەنە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ئارىسىدا جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئاشكارا قۇتراتتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونى قايتا بۆلۈشۈۋېلىشتىن ئىبارەت خەلقئارالىق چۇقان ـ سۈرەن بىر مەھەل ئەۋجىگە چىقتى.

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى رۇسىيىگە: «چۇڭ خۇ شەرتنامە ھەققىدە سۆھبەتلەشكەندە يولىيورۇققا خىلاپلىق قىلغان، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. نۇرغۇن

مەسىلىلەرنى ئىجرا قىلىش قىيىنغا توختايدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. 1880 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، گۇاڭشۈي خان بىر كۈننىڭ ئىچىدە قارا دىۋانغا يەتتە قېتىم بۇيرۇق چىقىرىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسى ۋە قۇرۇقلۇق مۇداپىئە تۈزۈلمىسىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى⑳.

چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم مۇداپىئە كۈچلىرىنى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىپ ئورۇنلاشتۇردى. شەرقتىكى دېڭىز مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا لى خۇڭجاڭ تولۇق ھوقۇقلۇق مەسئۇل بولدى. گۇاڭشۈخان لى خۇڭجاڭنى «تيەنجىن پايتەخت ئۈچۈن توسۇق، ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك»㉑ دەپ ئالاھىدە ئاگاھلاندۇردى.

چىڭ ھۆكۈمىتى دېڭىز مۇداپىئەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلىدىغان قۇرۇقلۇق مۇداپىئە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلدى. پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلىدىغان قۇرۇقلۇق مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ تايانچ نۇقتىلىرى فېڭتيەن، جاڭجياكۇ، سۈييۈەن، كۇرە قاتارلىق جايلار ئىدى. سەل كېيىنرەك، قۇرۇقلۇق مۇداپىئە سىستېمىسى يەنە غەربتە قوبدۇ، ئۇلاستاي قاتارلىق جايلارغىچە ئۇزارتىلدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى غەربتىكى مۇداپىئە سىستېمىسىنى رۇسىيىدىن مۇداپىئەلىنىش ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسى ئىچىدىكى مۇھىم ھالقا دەپ قارايتتى. 1880 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گۇاڭشۈ خان زو زۇڭتاڭغا غەرب مۇداپىئەسىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن ھازىرلاش مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقىنى بەردى. شۇ كۈنى ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن زو زۇڭتاڭ باشچىلىقىدىكى ليۇ جىنتاڭ نائىبلىقىدىكى قوماندانلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىندى.

1880 ـ يىل 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا، چىڭ ھۆكۈمىتى رۇسىيىنى ئوبيېكت قىلغان ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. بۇنىڭ دائىرىسىگە شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزى، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى كىرەتتى.

بۇ قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇداپىئە كۈچلىرى ئىچىدە پەقەت تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى چىڭ قوشۇنلىرىلا ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇراتتى. 1880 ـ يىلى باش ئەتىيازدا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە مۇداپىئەلىنىش پوزىتسىيىلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ ئورۇنلاشتى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇچتۇرپان يۆنىلىشىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاساسىي كۈچكە ليۇ جىنتاڭ قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جاڭ ياۋ قوماندانلىقىدىكى ئالدىنقى سەپنى تەمىنلىگۈچى قوشۇن سەپلەندى. قوشۇننىڭ ئالدى جىڭ ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2) زو زۇڭتاڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى

1880 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، زو زۇڭتاڭنىڭ باش بارگاھى سۇجۇدىن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقتى. مېڭىش ئالدىدا، زو زۇڭتاڭ يېنىدىكى مۇلازىم چېرىكلەرگە «گۇەنسەينى بىرلىكتە كۆتۈرۈپ مېڭىش»㉕ نى بۇيرۇدى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى زو زۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ باش بارگاھى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. شۇ يىلى زو زۇڭتاڭ 69 ياشقا كىرىپ قالغانىدى.

زو زۇڭتاڭنىڭ ئۆلگەندە ئۆزىنىڭ جەسىتىنى قويىدىغان گۇەنسەينى باش بارگاھىدىكى تەختىراۋاننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ قۇمۇلغىچە ئېلىپ كېلىشىدە، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بىر خىل ئىرادىسىنى ياكى روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەش، قول

ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىرىشىپ جەڭ قىلىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ئىلھام بېرىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيە دائىرىلىرىگە چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىنى نامايان قىلىشىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. ھالبۇكى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چىڭ قوشۇنلىرى جەڭگە جىددىي ھازىرلىق كۆرۈپ ئىلىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىگە كېلىۋاتقان ۋاقىتتا، رۇسىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىش تەشەببۇسى چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش قاتلىمىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن كىشى گوردېن ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك ئىدى. گوردېننىڭ دۆلىتىمىزدىكى سىياسىي پائالىيىتى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇرۇشتىن باشلانغان. ئۇ قوماندانلىق قىلغان چەت ئەل ياللانما قوشۇنلىرى تەيپىڭ تيەنگو قوشۇنلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇرۇش قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇرۇشتا تايانغان ئاساسلىق چەت ئەل قوراللىق كۈچلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى.

1880 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى .گوردېن لى خۇڭجاڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھىندىستاندىن تيەنجىنگە كېلىپ، 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ باردى. «گوردېننىڭ تەرجىمىھالى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، گوردېن گۇاڭشۈخاننىڭ ئۆز دادىسى چۈن چىنۋاڭغا رۇسىيە بىلەن ئىناق ئۆتۈش ۋە ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە قورقىتىش غەرىزىدىكى پىكىرلىرىنى بايان قىلغان؛ ئاشۇ ئەسەردە «ئۇ ئەگەر جۇڭگو رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن دەيدىغان بولسا، مۇھىمى پەقەت مېنىڭ مۇنۇ شەرتىمگىلا يەنى بېيجىڭ شەھەر ئەتراپىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپ، خاننى ۋە ئوردىنى بىخەتەر جايغا

يۆتكىۋېتىشكە ماقۇل بولۇشى كېرەك دېگەن. ئۇلار تيەنجىن قورۇلىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەملىكىنى تىلغا ئالغاندا، گوردېن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: ئۇلار (چىڭ ھۆكۈمىتىنى دېمەكچى) ئۇرۇش قىلىشقا قادىر ئەمەس،㉖ دېدى» دېيىلگەن.

لى خۇڭجاڭ گوردېننى ھىندىستاندىن جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشتە ئۆزىنىڭ رۇسىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىش ۋە ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى گوردېننىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتىشنى مەقسەت قىلغان. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش قاتلىمىدىكىلەر گوردېننى قانداق ئىشقا سېلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لى خۇڭجاڭ گۇاڭشۇ خانغا مەكتۇپ يوللاپ، گوردېننىڭ پوپوزىسىنى تەكرارلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو بېيجىڭنى بىر كۈن پايتەخت قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا بىر كۈنمۇ چەت ئەل بىلەن ئازارلاشماسلىقى كېرەك، پايتەخت دېڭىز پورتىغا بەك يېقىن بولغانلىقتىن، ئەجنەبىي چېرىكلىرىنىڭ توپتوغرا بېسىپ كىرىشى ئاسانغا توختايدۇ، ئۇلارنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئوپئوچۇق خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىق»㉗.

1880 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، يەنى لى خۇڭجاڭ گۇاڭشۇخانغا مەكتۇپ سۇنۇپ ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گۇاڭشۇخان : «مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن پىشقان ھەربىي ۋەزىرگە موھتاج بولۇۋاتىمىز. زو زۇڭتاڭ پايتەختكە كېلىپ سالامغا كىرسۇن»㉘ دەپ پەرمان چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە، خان بۇ پەرمانى ئارقىلىق زو زۇڭتاڭنى شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋەزىپىسىدىن بوشاتتى.

«ئوغرى بىلەن قاراقچىنىڭ تىلى بىر» دېگەندەك، چىڭ ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭنى شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋەزىپىسىدىن بوشىتىپ ئىككىنچى كۈنى، يەنى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چوڭ خوغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى كەچۈرۈم قىلىپ، تۈرمىدىن

قويۇۋەتتى. بۇ ئىش چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇسىيىگە قارىتىلغان مۇناسىۋەتتىكى پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

بىراق، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ رۇسىيىگە قاراتقان پوزىتسىيىسىدە بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇشۇ پۇرسەت ماھىيەتلىك ئۇقۇم دائىرىسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. چۈنكى 1880 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن ئېتىبارەن رۇسىيىنى ئوبيېكت قىلىپ يولغا قويۇلغان ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش داۋاملىق مەۋجۇت ئىدى. خۇسۇسەن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، ئۇرۇش قىلغۇچى ئەسكىرىي كۈچ، ئۇرۇش قىلىش ئەسلىھەلىرى جەھەتتە ياكى مۇھىم ھەربىي جۇغراپىيىۋى شارائىت جەھەتتە بولسۇن، چىڭ قوشۇنلىرى رۇسىيە قوشۇنلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى شەكىللەندۈرگەنىدى. رۇسىيىنىڭ ھەربىي ساھەسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئەينى چاغدىكى رۇسىيىنى مەيلى ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىن، ياكى زاپاس كۈچ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ جۇڭگوغا قارىتا ئۈنۈملۈك ئۇرۇش قىلالمايدۇ دەپ ھېسابلايتتى. شەرقىي سىبىرىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان رۇسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، ھەتتا «قىزىل ساقاللىقلار» (جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدىكى قوراللىق باندىتلارنى دېمەكچى) ھۇجۇم قىلسىمۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ» ㉙ دەپ كېسىپ ئېيتقانىدى.

خەلقئارادىمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلار بار ئىدى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئاساسى شۇكى، رۇسىيە ئەينى چاغدا تۈركىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرغان، ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن، مۇشۇنداق شارائىتتا، رۇسىيىنىڭ «يىراق شەرقتە ئۇرۇش قىلىشى قىيىنغا چۈشەتتى. رۇسىيىنىڭ ھەربىي

مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ بىر پەشۋاغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. مۇبادا، رۇسىيە دەسلەپتىلا ھەربىي جەھەتتە سەل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئاسىيادىكى ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزۈۋالاتتى»[30].

ئەنگلىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيىدە تۇرغان ھەربىي ئەمەلدارى : «ئەگەر جۇڭگو پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭ قىلغان بولسا، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا توپلىغان ئەسكىرىي كۈچى ھەرگىز يېتىشمەيتتى»[31] دەپ ئىسپات بەرگەنىدى.

ئالدىنقى سەپتىكى چىڭ قوشۇنلىرى ئېرىشكەن ئاخباراتلار ئەنگلىيىنىڭ رۇسىيىدە تۇرۇشلۇق بۇ ھەربىي ئەمەلدارىنىڭ ھۆكۈمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئىلى رايونىدا رۇسىيىنىڭ نەچچە مىڭلا قوشۇنى بار ئىدى. ئېغىر تىپتىكى توپلىرى 10 غا يەتمەيتتى. ئەسكىرىي كۈچى ۋە ئوت كۈچى تولىمۇ چەكلىك مۇشۇنداق قوشۇن بىلەن غەلىبىدىن ئىلھاملانغان، ھەققانىيەتتىن روھلانغان، 37 مىڭ ئەمەلدار ۋە لەشكەردىن تەركىب تاپقان چىڭ قوشۇنىغا تەڭ تۇرۇشنى تامامەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

## (3) زېڭ جىزېنىڭ رۇسىيىگە ئەلچىلىككە بېرىشى ۋە «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»[32]

1880 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى زېڭ جىزى رۇسىيە پايتەختى پېتىربۇرگقا يېتىپ باردى. 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى تەرەپ ئىلى مەسىلىسى ھەققىدىكى ئۇچرىشىشنى يېڭىۋاشتىن باشلىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشىدا، ئىلىنىڭ پۈتۈن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش» مەسىلىسىدىكى پىكىر پەرقى ناھايىتى چوڭ بولدى. رۇسىيە ئىلىنىڭ غەربى ۋە تېكەس دەريا ۋادىسىنى بېسىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلىنى پۈتۈن

قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرمىدى.

شۇ كۈندىكى سۆھبەتتە زېڭ جىزى باشتا مۇداپىئەدە تۇردى. ئەمما سۆھبەت ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، بۇتىس «جانابلىرى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسىلا، پەقەت ئاشۇ بېيجىڭغا بىرىپ كېڭەشسەك بولغۇدەك» دەپ پوپوزا قىلغاندىن كېيىن، زېڭ جىزى ئاندىن ئۆزىگە خاس خىسلىتىنى نامايان قىلىپ سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن بۇتىس جانابلىرىنىڭ سەمىگە شۇنى سەمىمىيەت بىلەن سېلىپ قويايكى، جۇڭگو چېگرا ئىشلىرىغا ئەڭ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. سودا ــ سېتىق ئىشلىرى ھەر ئىككى دۆلەتكە پايدىلىق، ئۇنىڭدا ئۆزئارا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ. چېگرا ئىشىغا كەلگەندە، مەن رۇسىيىدە قوبۇل كۆرمىگەننى، بۇتىس جانابلىرى بېيجىڭغا بارسىمۇ جۇڭگو يەنىلا قوبۇل كۆرمەيدۇ» [33].

50 نەچچە قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1880 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىككى تەرەپنىڭ مەقسىتى پەيدىنپەي يېقىنلاشتى. 1881 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى، زېڭ جىزى سۆھبەتنىڭ يېڭى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكىچە دوكلات قىلدى: «ئىلى تولۇق قايتۇرۇۋېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىنىڭ جەنۇبىدىكى، ئۇزۇن ئاراپ تېغى، تىكەس دەرياسى، مۇزات تاغ ئېغىزى قاتارلىق مۇھىم جايلار قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىلى، قورغاس ئۆزىنى تولۇق مۇھاپىزەت قىلالايدىغان بولدى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەرگە توسالغۇسىز قاتناش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى» [34].

1881 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنى زۇڭلى يامۇلى زېڭ جىزىغا جاۋاب تېلېگرامما بىرىپ، گۇاڭشۇخاننىڭ تەستىقىنى يەتكۈزدى: «پەرمان بويىچە بېجىرىلسۇن. تېلېگراممىنى كۆرۈپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. مەزكۇر ۋەزىر چىڭ تۇرۇپ تالىشىپ، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپتۇ، زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ

مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپتۇ، بېكىتىلگەن مۇشۇ كېلىشىم بويىچە قول قويسا بولىدۇ. شەرتنامە ماددىلىرىدىكى ھەربىر سۆزنى ئىخلاس بىلەن ئويلاپ كۆرۈش، ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلماسلىق لازىم. قالغان ئىشلار مەسلىھەتلەشكىنىمىزدەك بولغاي»㉟.

زېڭ جىزى شۇئان چىڭ ھۆكۈمىتى ئالىي قاتلىمىنىڭ شەرتنامە مەزمۇنىغا رازىلىق بىلدۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئارقىلىق چار پادىشاھقا يەتكۈزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، چار پادىشاھ «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا چوڭ خۇ بىلەن تۈزگەن ئىلگىرىكى شەرتنامىنى بىكار قىلىپ، يېڭى شەرتنامە تۈزۈپ چىقىشنى بۇيرۇدى»㊱

1881 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، زېڭ جىزى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، جۇڭگودا تۇرغان سابىق ئەلچى بۇتىس بىلەن چاررۇسىيە پېتربۇرگدا «جۇڭگو - رۇسىيە - ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.

20 ماددىدىن تەركىب تاپقان بۇ شەرتنامىنىڭ تولۇق تېكىستى «جۇڭگو چېگرا شەرتنامىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، تۆۋەندە بۇ شەرتنامىنىڭ ئىلىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمەن ماددىلىرى بېرىلدى.

«بىرىنچى ماددا، بۈيۈك رۇسىيە ئىمپېرىيىسى 1871 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى — ئەسلى ئىزاھ) رۇسىيە قوشۇنلىرى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋالغان ئىلىنى بۈيۈك چىڭ دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىلىنىڭ غەربىدىكى جايلار مۇشۇ شەرتنامىنىڭ 7 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن چېگرا ئورنىغا ئاساسەن رۇسىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولىدۇ.

ئىككىنچى ماددا، بۈيۈك چىڭ دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەمر

قىلىدۇكى، شۇ جايدا ياشىغان پۇقرالارنىڭ ئىلىنى قالايمىقانچىلىق باسقان مەزگىلدىكى ۋە تىنچلانغاندىن كېيىنكى قىلمىش - ئەتمىشلىرى مىللەت ۋە دىن ئايرىماي بىردەك كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مال - مۈلكى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. بۇنى ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى جۇڭگو ئەمەلدارى بۈيۈك چىڭ دۆلىتى خاقانىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئەمەل قىلىپ ئىلى پۇقرالىرىغا ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى ماددا، ئىلى پۇقرالىرى ئىچىدىكى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلى جايىدا تۇرۇپ قېلىشنى خالايدىغان جۇڭگو پۇقرالىرى بولسۇن، ياكى رۇسىيىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلار بولسۇن، بىردەك ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى پۇقرالار ئىچىدىكى رۇسىيىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىششنى ئىختىيار قىلىدىغانلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەككى، ئىلى تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، تاپشۇرۇۋېلىنغان كۈندىن باشلاپ بىر يىل مۆھلەت ئىچىدە رۇسىيىگە كۆچۈپ بېرىشقا، مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى توسمايدۇ.

تۆتىنچى ماددا، رۇسىيىلىكلەردىن ئىلىدا يەر - زېمىن سېتىۋالغانلارنىڭ ئىلى قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئىلى پۇقرالىرىدىن ئىلى قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر بۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلىنمايدۇ. رۇسىيىلىكلەرنىڭ يەر زېمىنى شيەنفېڭنىڭ 1 - يىلى (1851 - يىلى) تۈزۈلگەن ئىلى سودا ئالاقىسى نىزامىنىڭ 13 - ماددىسىدا

بەلگىلەنگەن سودا دائىرىسىنىڭ سىرتىدا بولسا، جۇڭگو پۇقرالىرى قاتارىدا باج تاپشۇرىدۇ.

بەشىنچى ماددا، ئىككى دۆلەت ئالاھىدە ئامبال ئەۋەتىپ، بىر تەرەپ تاپشۇرۇۋالىدۇ، بىر تەرەپ تاپشۇرۇۋالىدۇ ھەمدە شەرتنامىگە ئاساسەن، تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇۋېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىغان شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ۋە تۈركىستان باش ھەربىي ۋالىيسى يۇتۇشكەن تەرتىپ بويىچە بېجىرىدۇ. شەنشى گەنسۇ باش ۋالىيسى بۈيۈك چىن خاقانىغا شەرتنامىنى تەستىقلىتىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ئىشىنى تاشكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ تۈركىستان گوبېرناتورى ۋالىيسىغا ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ئەۋەتىلگەن بۇ ئادەم تاشكەنتكە يېتىپ بارغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىلىنى تاپشۇرۇپ بىرىش، تاپشۇرۇۋېلىش ئىشى تاماملىنىدۇ. ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاشقىمۇ بولىدۇ.

ئالتىنچى ماددا، بۈيۈك چىڭ خاقانى رۇسىيىنىڭ تۈگۈجىنىڭ 10 - يىلى (1871 - يىلى) ئىلىنى ۋاكالىتەن قولىغا ئېلىش، ساقلاپ تۇتۇپ تۇرۇشقا سەرپ ئەتكەن ھەربىي خىراجىتى ھەمدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان رۇسىيە پۇقرالىرى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا تولۇقلاپ بېرىدىغان نەپىقە پۇلى ئۈچۈن رۇسىيىگە جەمئىي 9 مىليون رۇبلى تۆلەم تاپشۇرىدۇ. شەرتنامە نۇسخىسى ئالماشتۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ مۇشۇ شەرتنامىنىڭ قوشۇمچىسىدىكى يولغا قويۇش مەخسۇس نىزامىدا بېكىتىلگەن چارە تەرتىپى بويىچە ئىككى يىل ئىچىدە تۆلەپ بولىدۇ.

يەتتىنچى ماددا، رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلىكتىن يەر ـ زېمىنلىرىنى تاشلىۋەتكەن پۇقرالارنى شۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، ئىلىنىڭ غەربىدىكى جايلار رۇسىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگو ئىلى زېمىنى بىلەن رۇسىيە زېمىنى چېگرىسى باشلىنىپ قورغاس دەرياسىنى بويلاپ مۇشۇ دەريانىڭ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا سوزۇلۇپ ئۇزۇن ئارالتاغدىكى گۇرزات كەنتىنىڭ شەرقى تەرىپىگىچە بارىدۇ، ئۇنىڭ جەنۇبى تەرىپى تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) تۈزۈلگەن تارباغاتاي چېگرا شەرتنامىسىدە بەلگىلەنگەن كونا چېگرا بويىچە بولىدۇ.»

1881 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، چىڭ هۆكۈمىتى پەرمان چىقىرىپ ئىلى جياڭجۈنى جىن شۇنگە ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش هوقۇقى بەردى، 1882 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تارباغاتاي مەسلىهەتچى ئامبىلى شېڭ تەي ئىلىغا يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ئەلچى، سىر دەريا ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال مايور فرىدمۇ ئىلىغا يېتىپ باردى. ئىككى تەرەپ ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ كونكرېت تەرتىپلىرىنى كېڭەشكەندە «ئاۋۋال تۇڭگان ۋە خەنزۇلارنى يىغىپ، ئېلاننى ئوقۇپ بىرىش ۋە چاپلاش» نى قارار قىلدى. ئېلان چاپلانغاندىن كېيىن، ئىلىدىكى هەر مىللەت ئاھالىلىرى ئولىشىپ ئۇنى ئوقۇدى ۋە خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ، ئىلىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئىلى جياڭجۈنى جىن شۇن قوشۇن

باشلاپ ئىلىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، رۇسىيىنىڭ ئىلىدىكى 10 يىلدىن ئاشقان ئىشغالىيىتىگە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىلدى.

## 3. رۇسىيىنىڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈشى

تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن «كۆچ - كۆچ قوشىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇيغۇر خەلق قوشىقى بار.

ئاق پادىشاھ لەشكىرى،
ئالتۇن كولاپ، تاش كەستى.
دېھقانلارنى «كۆچ - كۆچ» دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

«ئالمۇتىغا كۆچ» دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يوڭلۇق.

بۇ يولدا تولا مېڭىپ،
پۇتۇم قاپىرىپ كەتتى.
ھارۋىغا چۈشەي دېسەم،
ئۆكۈز ئالدىراپ كەتتى.

بۇ يولدا تولا ماڭدىم،

بۇ يول مېنىڭ يولدىشىم.
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە،
سۇ بەردى بىر قولدۇشۇم.

ئىلى يولىدا تاللار،
ھەر تاللاردا مارجانلار.
خەقنىڭ شەھىرىدە ئىشلەپ،
ئۇپراپ كەتتى بۇ جانلار.

خويمۇ خار بولۇپ كەتتۇق،
ياقا يۇرتلاردا ئىشلەپ.
يار `خالتا ئەۋەتىپتۇ،
«يېسۇن» دەپ توقاچ چىشلەپ.

چىلەك - چىلەك دەيدىكەن،
ماختىنغۇچىلىكى يوق چىلەك.
كەلگۈچە ياياق كەلدۇق.
تەتۈر ئىكەن بۇ پەلەك.

چۆللەرگە چىقىپ كەتسەك،
چۆلنىڭ بۆرىسى باردۇر.
كۆچ - كۆچ بولغان ئەللەرنىڭ،
قېرى - چۈرىسى باردۇر.

كۆچمەن بولغان ئادەملەر،

قىبلىگە قاراپ ماڭدى.
كۆچمەي قالغان ئادەملەر،
زالىم قولىدا قالدى.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئۆسەكچى خىيال قىلدى.
ياركەنت دېگەن يەرلەرگە،
كۆچۈپ بارغانلار بولدى.

ياركەنت دېگەن يەرلەردە،
قارىياغاچ كۆپ ئىكەن.
غېرىبلىق ئەسەر قىلسا،
خەق دەردلىك بولار ئىكەن.

كەتمەيمىز دېگەن بىلەن،
بۇ ئىشقا نېمە چارە.
غۇلجىنى بېسىپ ئالدى،
دىلىمىز سۇنۇق پارە.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆي - جايىمىز پۇتكىچە.
مۇشەققەت - ئەلەم تارتتۇق.

مىڭ جاپا بىلەن سالغان،

قالدى باغۇ ـ بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

زالىم بەگلەر يول بەرمەس.
يول ئۈستىدە تۇرغۇزماس.
باشقا قاتتىق مۈلك چۈشتى،
بەختسىزلىكتىن يەر تەگمەس.

بۇ خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، سۆزلىرى غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان بولۇپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچۈش داۋامىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

«جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، رۇسىيە شەرتنامىنى ئىجرا قىلغاندا ھەرىكىتى كۆرۈنەرلىك بولغىنى 3 ـ ماددىنىڭ مەزمۇنى بولدى. بۇ بىر ماددىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئىلى پۇقرالىرى ئىچىدىكى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلى جايىدا تۇرۇپ قېلىشنى خالاپدىغان جۇڭگو پۇقرالىرى بولسۇن، ياكى رۇسىيىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلار بولسۇن، بىردەك ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى پۇقرالار ئىچىدىكى رۇسىيىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى ئىختىيار قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەككى، ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، تاپشۇرۇپ ئېلىنغان كۈندىن باشلاپ بىر يىل مۆھلەت ئىچىدە رۇسىيىگە كۆچۈپ بېرىشقا، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى

تۇسۇمايدۇ.» بۇ ماددىنىڭ مەزمۇنىدىن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بىرى، ئىلى پۇقرالىرى ئۆز جايىدا قېلىش ياكى رۇسىيىگە كۆچۈشنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ. ئىككىنچىسى، بۇ ئارزۇ چوقۇم رۇسىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى تاماملىنىشى كېرەك. ئۈچىنچى، رۇسىيىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلار ئىلى قايتۇرۇپ بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە كۆچۈپ بولۇشى كېرەك.

3 - ماددىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى توشۇشنى كۈتمەيلا، 1881 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ رۇسىيىنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچۈشى باشلاندى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە رۇسىيە دائىرىلىرى ئىلى دەرياسىدىكى ئالجات ۋە قاراپالتا ئارىلىقىدا ئاتلىق 24 كۈنلۈك دائىرىدە بوز يەر ۋە سۇ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ، كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلانغا ئاساسەن، ئالجات ۋە قاراپالتا ئارىلىقىدىكى جايلارغا 11 مىڭ 466 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پەقەت ۋاقىت قىستاپ قالغانلىقتىن، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى تولۇق ئەمەلگە ئاشماي قالدى، «ئىلى تارىخى» دا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللار خاتىرىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «كۆچۈش 1881 - يىلى كۈز كۈنلىرىدە باشلاندى. بىرىنچى تۈركۈمدە كۆچۈرۈلىدىغانلاردىن 14 تۈتۈنى تۇڭگان بولۇپ، ئۇلار ئالمۇتاغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 101 تۈتۈنى تارانچىلار㊷ بولۇپ، چېلەككە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نامرات ئائىلىلەر بولغانلىقتىن، قىشنى قازاقلارنىڭ چېدىرلىرىدا ناھايىتى جاپا - مۇشەققەتتە ئۆتكۈزدى»㊸.

1882 - يىلى ئەتىيازدا، رۇسىيە ئىلى پۇقرالىرىنى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈرۈشنى باشلىدى. ئەڭ ئاۋۋال كۆچۈرۈلگىنى

تۇڭگانلار بولدى. ئىلى تۇڭگانلىرىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا نىسبەتەن روشەن قورقۇش كەيپىياتى بار ئىدى. چۈنكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى نىڭشيادىكى جىنجى قەلئەسى ۋە گەنسۇدىكى سۇجۇدا تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرىنى قاتتىق قىرغىن قىلغان بولۇپ، بۇ خەۋەرلەر ئاللىقاچان ئىلى تۇڭگانلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا رۇسىيىنىڭ ئىلى تۇڭگانلىرىنى كۆچۈرۈشى نىسبەتەن ئاسانغا توختايتتى.

1882 ـ يىلى ئەتىيازدا رۇسىيە 914 هارۋا بىلەن 460 تۈتۈن، 2454 نەپەر ئۇلۇغ ـ ئۇششاق تۇڭگاننى توشۇشقا باشلىدى. بۇ تۈركۈمدىكى تۇڭگانلار چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالمۇتا، چىلەك ۋە بىشكەككە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رۇسىيىنىڭ ئىلىدا كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىگەن بۇ قېتىمقى ھەرىكىتى ئىلى پۇقرالىرى ئارىسىدا ناھايىتى زور قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا رۇسىيە دائىرىلىرى يەنە ئەمەلدار ئەۋەتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇترىتقۇلۇق قىلىشقا باشلىدى. 1882 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يېڭىدىن ئايرىلغان چېگرىغا ئەڭ يېقىن بولغان خوڭخەي كەنتىدىكى پۇقرالار كۆچۈشكە باشلىدى. خوڭخەي كەنتى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مۇھىم ئاھالە نۇقتىسىنىڭ بىرى ئىدى. كەنتنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى 839 تۈتۈن بولۇپ، كۆچكىنى 675 تۈتۈن ئىدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا كۆچكەنلەردىن يەنە نىلقا، چوڭ مازار قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن جەمئىي 1 مىڭ 234 تۈتۈن 5 مىڭ 933 نەپەر ئادەم بار ئىدى㊹. كېيىن، رۇسىيە تېخىمۇ زور كۆلەملىك كۆچۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 1884 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېلىمىز پۇقرالىرىدىن جەمئىي 70 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى كۆچۈرۈپ كەتتى㊺.

رۇسىيىگە كۆچۈرۈلگەن ئىلى پۇقرالىرى ئاساسلىقى ئۇنساي — قورغاس، چىلەك، قاراسۇ، كەتمەن

قاتارلىق تۆت جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1882 ـ يىلى يازدا، ئۇنساي — قورغاس بۆلىكىدە 1800 ئائىلە ئۇيغۇر كۆچمەن ۋە 500 ئائىلە تۇڭگان كۆچمەننى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدىن كېيىن، رۇسىيە يەنە بۇ يەرگە 1 مىڭ 500 ئائىلە كۆچمەننى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆچمەنلەر سانىنى 3 مىڭ 800 ئائىلىگە يەتكۈزدى. چىلەك ئىلى كۆچمەنلىرى مەركەزلەشكەن رايون بولۇپ، 1882 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا، رۇسىيە بۇ يەرگە 3 مىڭ 371 ئائىلە كۆچمەننى ئورۇنلاشتۇردى[47]. قاراسۇ تەرەپتە، ئاساسلىقى بەلگىلىك ماھارىتى بار ھۈنەرۋەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سەل كېيىن، توققۇزتارا ۋە غۇلجىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر قىسىم دېھقانلارمۇ مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كەتمەن كەنتىنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇر يۇقرالار ئىدى. «ئىلى تارىخى» دا: «ھازىرقى كەتمەنبولۇس تارانچىلار ئالتە شەھەر[48] دىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ماكانلاشقان جاي ئىدى. شەرتنامە (جۇڭگو رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسىنى دېمەكچى) دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن جۇڭگو ياقا جايلارنى رۇسىيىگە ئايرىپ بەرگەندە، كەتمەنبولۇس ئاندىن رۇسىيە چېگرىسى تەۋەسىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا، ئاھالە كۆچۈش بولغاندا بۇ يەردىكىلەر كۆچۈرۈلمىگەن، كەتمەنبولۇس رۇسىيىگە ئايرىپ بېرىلگەندە، بۇ يەردە 760 تۈتۈن ئائىلە، 3 مىڭ 787 نوپۇس بار ئىدى»[49] دېيىلىدۇ.

رۇسىيە دائىرىلىرى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئۇيغۇر قىشلاقلىرىنى قۇردى. ھەربىر قىشلاقتا ئادەتتە 200 ـ 300 تۈتۈن ئائىلە بولغان. دەسلەپكى يىللاردا رۇسىيە دائىرىلىرى قاتتىق مەمۇرىي تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ قىشلاقتىن خالىغانچە كېتىشىنى چەكلىدى. بۇ قىشلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلەشتۇرۇپ ئېچىش ئالدىدا تۇرغان چۆل ـ باياۋاندا قۇرۇلغانلىقتىن، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ۋە

جامائەت ئىنشائاتلىرىدىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. كۆپ ساندىكى قىشلاقلاردا پەقەت يەككە ـ يېگانە بىرلا مەسچىت ياسىلىپ، جامائەتنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى قىلىنغان.

رۇسىيە ئىلىدىن مەجبۇرىي ئاھالە كۆچۈرۈشتە نېمىنى ئۈمىد قىلغانىدى؟ بۇنى رۇسىيە ھۆكۈمەت تەرەپ ئەربابلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان تۆۋەندىكى ئۈچ ئابزاس سۆزدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

1884 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، رۇسىيە يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورى فرىد رۇسىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەخسۇس كۆچمەنلەر ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ يوللىغان بىر ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئولتۇراق ئاھالىنى ئىچكى ئۆلكە ـ رايونلاردىن كۆچۈرۈش ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاستا ئۈنۈم بېرەتتى. 25 يىل ئىچىدە دېھقانلار ۋە قول سانائەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ سانى غۇلجا كۆچمەنلىرىنىڭ بىر يىللىق سانىغا باراۋەر كەلدى. غۇلجا كۆچمەنلىرىنىڭ قىرغىزلار ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن تاشلىنىپ چۆللىشىپ كەتكەن بۇ كەڭ مۇنبەت زېمىندا تاكى ھازىرغىچە تېرىقچىلىق قىلىشى مۇشۇ ئۆلكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خېلى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى»(50).

«سىبىرىيىدىكى خىزمەت ھاياتىم ھەققىدە ئەسلىمە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى بابكوف مۇنداق دەيدۇ: «كىسلېنكونىڭ پىكرى بويىچە رۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى قىرغىز يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كىرىپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە ماكان تۇتقان تۇڭگانلارنىڭ ئۆزىلا بىر خىل ھەقىقىي ھوسۇلدۇر. ئۇلار دۆلىتىمىز چېگرىسىدىكى جايلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئامىللىرىنى كۈچەيتتى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئىشەنچلىك ساقچى ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئارمىيىمىزگە ناھايىتى زور ياردەم بەرگىلى بولىدۇ»(51) دېگەن.

1900 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان لوگلىيانسكى: «تارانچىلارنى سۈنئىي ھالدا بىز تەرەپكە جەلپ قىلىپ ئەكېلىشتىكى ئىككىنچى سەۋەب (بۇ ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر يېقىن ـ ئەسلى ئىزاھ) پېتربۇرگ شەرتنامىسىگە ئاساسەن بىزگە ئايرىپ بېرىلگەن يەتتە سۇ رايونىدا دەرھال ئاھالە ئولتۇراقلاشتۇرۇش نەزەردە تۇتۇلغان»[52]. رۇسىيىنىڭ ئىلى ئاھالىلىرىنى مەجبۇر كۆچۈرۈشى شىنجاڭ تارىخىدا، ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىزىدا، يازما يادىكارلىقلاردا ئاھالە كۆچۈرۈش مەزگىللىرىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە نۇرغۇن مەلۇمات ساقلىنىپ قالغان. ئىلى جياڭجۇنى جىن شۇن، ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى شىڭ تەي بۇنىڭ گۇۋاھچىلىرىدۇر. ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا: «بۇنىڭدىن ئىلگىرى رۇسىيە بۇ يەردە بىر يىل ئەسكەر تۇرغۇزدى، نامدا رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەرنى قوغداش دېيىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىختىيارىيلىق بولمىغاچقا، مۇددەت توشۇشقا يېقىنلاشقانسېرى رۇسىيىلىكلەرنىڭ غۇلجىدىكى كۆچۈشكە زورلاشلىرى شۇنچە ئەدەپ كەتتى، كۆچۈشنى خالىمىغۇچىلار قاتتىق قامچىلاندى، ئۇلارنىڭ يىغا ـ زارى بىپايان كەڭ دالانى قاپلىدى» [53] دېگەن.

بوگلىيانسكى رۇسىيىگە كۆچۈرۈلگەن ئىلى ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «يەرنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن، دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا رۇسىيىگە ئەمدىلا كۆچۈپ كەلگەن تارانچىلار ئۆز يۇرتلىرىنى سېغىنىشتى. ئۇ يەردە، ئۇلار شۇ قەدەر ئەركىن ـ ئازاد ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۇرمۇش ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشىلىنىپ

كەتكەچكە، تۇركۇم ـ تۇركۇملىگەن تارانچىلار خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئاددىي ئۆي سايمانلىرىنى ئېلىپ ئىلىغا قايتىشقا باشلىدى»④⑤.

ئىلى كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپلەپ قايتىپ كېتىشى رۇسىيە دائىرىلىرىنى ناھايىتى بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئالاقزادە بولغانلىقى ھەققىدە بوگلىيانسكىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ جانلىق تەسۋىرلەنگەن: «تارانچىلار دەسلىپىدە جۇڭگوغا قاراپ قېچىشتى. بىزنىڭ چېگرا دائىرىلىرىمىز دەرھال ئۇلارنىڭ رۇسىيىگە قايتۇرۇپ كېلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بۇ تەدبىرلەرنى قوللىنىشتىكى سەۋەب شۇكى، تارانچىلار رۇسىيىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زېمىنىدىكى باج بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھالبۇكى جۇڭگوغا قايتىپ كەتكەنلەر ئەلۋەتتە باجنى جۇڭگودىن ئەۋەتىپ بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ چېگرا دائىرىلىرىمىز ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىغا تەلەپ قويۇپ، كونسۇلخانىدىن تارانچىلارنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە رۇسىيىگە قايتۇرۇش ئىشىنى بېجىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، ھەتتا تارانچى قاچقۇنلارنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە قايتۇرۇش ۋاقتىلىق خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىدى، كونسۇلخانا تارانچىلارنى قايتۇرۇش ئىشى ئۈچۈن ھەدەپ خەت ـ ئالاقە ئەۋەتىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتتى»⑤⑤

«ئىلى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، 1882 ـ يىلىدىن كېيىنكى 5 يىلدىن 10 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 4 مىڭ تۈتۈن ئىلى كۆچمەنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلىغا قايتىپ كەلگەن⑤⑥.

**پايدىلانمىلار**

① تېرىنتېيېف: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى»، 2 ـ توم. 3 ـ باب، سودا نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى.

② كروپاتكىن: «جۇڭگو مەسىلىلىرى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، 161 ـ بەت.
③ ئىمىنجان باھاۋۇدۇن: «ئىلى تارىخى»، 53 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 53 ـ، 67 ـ بەتلەر.
⑤ چىڭ ئوردىسىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخ ماتېرىياللىرى. گۇاڭشۈخان دەۋرى»، 18 ـ جىلد، 4 ـ بەت.
⑥ «چەت ئەل ئىشلىرىغا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ باش ـ ئاخىرى. تۇڭجى خان دەۋرى»، 87 ـ جىلد، 38 ـ، 40 ـ بەت.
⑦ لى يۇنلىڭ «غەربىي چېگرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»؛ «چىڭ ئوردىسىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخ ماتېرىياللىرى. تۇڭجى خان دەۋرى» 19 ـ جىلد، 49 ـ بەتتىن ئېلىندى.
⑧ «1860 ـ يىلدىن 1895 ـ يىلغىچە كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يىراق شەرققە قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى»، (شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى)، 2 ـ قىسىم، 165 ـ بەتتىن ئېلىندى.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب.
⑩ «چەت ئەل ئىشلىرىغا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ باش ـ ئاخىرى، تۇڭجى خان دەۋرى» 86 ـ جىلد، 22 — 23 ـ بەت.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب. 82 ـ جىلد، 7 ـ، 10 ـ بەتلەر.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب. 86 ـ جىلد، 35 ـ، 40 ـ بەتلەر.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب. 87 ـ جىلد، 37 ـ بەت.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب. 87 ـ جىلد، 6 ـ، 10 ـ، 13 ـ، 23 ـ بەتلەر.
⑯ «ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسىتى ـ (1880 ـ 1885)» سودا نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 44 ـ بەت.
⑰ «چىڭ ئوردىسىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخ ماتېرىياللىرى، گۇاڭشۇ خان دەۋرى»، 16 ـ جىلد.
⑱ «چىڭ دېڭزىڭ خاتىرىلىرى»
⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 18 ـ جىلد.
⑳ «ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسىتى» (1880 ـ 1885) 45 ـ بەت.

㉑ «چىڭ دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 108 ـ جىلد، 8 ـ، 9 ـ بەتلەر

㉒ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

㉓ يۇقىرىدىكى كىتاب، 6 — 7 ـ بەتلەر.

㉔ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ پۈتۈكلىرى. مەلۇماتنامىلەر»، 56 ـ جىلد، 6 ـ، 10 ـ بەتلەر.

㉕ زو شۇنشىڭ: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 84 ـ جىلد، 17 ـ بەت.

㉖ دۇڭ سەيشى: «زو زۇڭتاڭغا باھا» 203 ـ بەت. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇن «ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياستى» (1880 ـ 1885) نىڭ، 66 —، 67 ـ بەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

㉗ «مەرىپەتلىك ساداقەتمەن لى خۇڭجاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ پۈتۈكلىرى. تىلماچلىق مەھكىمىسىگە يوللانغان خەت ـ چەكلەر»، 11 ـ جىلد، 25 — 26 ـ بەتلەر.

㉘ «چىڭ دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 115 ـ جىلد، 6 — 7 ـ بەتلەر.

㉙ چېن فۇگۇاڭ: «چىڭ دەۋرىدىكى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى»، 187 ـ بەت.

㉚ «ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياستى» (1880 ـ 1885). 51 ـ بەت.

㉛ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

㉜ بۇ شەرتنامە «ئۆزگەرتىلگەن جۇڭگو ـ رۇسىيە شەرتنامىسى»، ياكى «جۇڭگو ـ رۇسىيە سانكت — پېتربۇرگ شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

㉝ زېڭ جىزى: «بۇيرۇقتا بىنائەن رۇسىيىگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى. ئىلى توغرىسىدا شەرتنامە تۈزۈش. جۇڭگو رۇسىيە سۆھبىتى خاتىرىسى» گە قارالسۇن.

㉞ «دانىشمەن زېڭ جىزې ھەزرەتلىرىنىڭ خەت ـ چەكلىرى» 4 ـ جىلد.

㉟ «دانىشمەن زېڭ جىزې ھەزرەتلىرىنىڭ خەت ـ چەكلىرى» 2 ـ جىلد

(36) يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

(37) «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» رۇسىيىنىڭ سانكت — پېتربۇرگ شەھىرىدە ئىمزالانغانلىقى ئۈچۈن، يەنە «سانكت — پېتربۇرگ شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(38) قازاقىستاننىڭ يەركەنت شەھىرى.

(39) بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەت تىلى. رۇسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(40) ئىلىدىكى بىر خىل قاتناش قورالى، بۇنىڭدا بىر ئات بىر ھارۋىنى تارتىدۇ، بىرقانچە، ھەتتا ئون نەچچە ھارۋىدىن بىر ئەترەت تەشكىللىنىدۇ. بىر ئەترەتتە بىرلا ھارۋىكەش بولىدۇ، يەرلىكلەر بۇنى «لالاچې» دەپ ئاتايدۇ.

(41) ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىدىغان بىر خىل ئۇن يېمەكلىك.

(42) «تارانچى» ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. ئۇ موڭغۇل تىلىدىكى «يەر تېرىغۇچى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

(43) «ئىلى تارىخى»، 57 ـ بەت.

(44) يۇقىرىقى كىتاب، 59 ـ بەت.

(45) بارانوۋا: «1881 — 1883 ـ يىللاردىكى مۇسۇلمان ئاھالىلىرىنىڭ سىمىرسكقا كۆچۈش مەسىلىسى ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، 233 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىنغان.

(46) «تارىخىي ھەممىدى»، 59 ـ بەت.

(47) يۇقىرىقى كىتاب، 61 ـ بەت.

(48) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق ئالتە شەھەرنى كۆرسىتىدۇ.

(49) «تارىخىي ھەممىدى»، 64 ـ بەت.

(50) گارزو: «ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلار»، «19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن 20 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قازاقىستاننىڭ تارىخى مەسىلىلىرى»، 1961 ـ يىل نەشرى.

(51) «سىبىرىيىدىكى ئىشلىرىمىدىن ئەسلىمە»، 481 ـ بەت.

(52) باگىياۋىلىنىسكىي: «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى»، سودا باسمىخانىسى 1980 ـ يىل نەشرى، 242 ـ بەت.

(53) «چىڭ ئوردىسىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخى ماتېرىياللىرى گۇاڭشۇخان

دەۋرى» ، 32 ـ جىلد.

⑭ «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى» ، 243 ـ بەت.

⑮ «تارىخىي ھەمسەدى» ، 67 ـ بەت.

⑯ «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى» ، 243 — 224 ـ بەتلەر.

# سەككىزىنچى باب شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئېلىپ بارغان زور ھەرىكىتى

## 1- بۆلۈم ئىقتىسادىي تەدبىر

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ 1887 - يىلىدىكى بىر سانلىق مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «گۇاڭشۈنىڭ 13 - يىلىغىچە، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە شىنجاڭغا كىرگەن ئەنجانلىق بولۇپ جەمئىي 266 مىڭ 959 تۈتۈن، ئەر - ئايال چوڭ - كىچىك بولۇپ جەمئىي بىر مىليون 238 مىڭ 583 نوپۇس بولغان. ئۆلچەپ چىقىلغان قاقاسلىق ۋە تېرىلغۇ يەر 11 مىليون 480 مىڭ 194 مودىن ئوشۇق، يىغىۋېلىنغان غەللە - پاراق 276 مىڭ 51 دادەندىن ئارتۇق، يىغىۋېلىنغان ئوت - چۆپ 14 مىليون 902 مىڭ 700 جىڭدىن ئارتۇق، ئاشلىق، ئوت - چۆپكە سۇندۇرۇلۇپ يىغىۋېلىنغان ۋە يەر بېجى ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان كۈمۈش 59148 سەردىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈپ بولۇنغان تېرىلغۇ يەرلەردىن ھازىرچە يىغىۋېلىنغان غەللە - پاراق 203 مىڭ دادەندىن ئاشىدۇ، ئوت - چۆپ 13 مىليون 958 مىڭ 200 جىڭدىن ئاشىدۇ. ئاشلىق، ئوت - چۆپكە سۇندۇرۇلۇپ يىغىۋېلىنغان ۋە يەر بېجى

ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان كۈمۈش 57952 سەردىن ئاشىدۇ»①.

بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى ئۈچ چوڭ تۈردىكى سانلىق مەلۇمات. بۇنىڭ بىرىنچىسى، نوپۇس ستاتىستىكىسى، ئىككىنچى، تېرىلغۇ يەر ستاتىستىكىسى، ئۈچىنچى، باج ستاتىستىكىسى. باج ستاتىستىكىسىدا ماددىي (غەللە - پاراق) باج بىلەن غەيرى ماددىي (سۇندۇرۇلۇپ ئېلىنغان) باج ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈلگەن.

ئەگەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگكە زەربە بېرىپ، ئۈرۈمچى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋالغان چاغدىكى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرساق، يۇقىرىدىكى ستاتىستىكا نەتىجىسى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئۈرۈمچى، «غەربىي چېگرىدىكى ئاۋات رايون بولۇپ، شىمالىي يول ئۈستىگە جايلاشقان، توغرىسىغا 5 مىڭ چاقىرىم بولۇپ، ئۇنىڭغا 10 نەچچە بازار قارايدۇ، قاراقچىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن بۇيان، خەنزۇلار بازىرىدىن پەقەت چېكىيۈەنلا قالدى، مانجۇلار بازىرى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلدى»②.

يەنجى، «لىيۇ جىنتاڭ قاراشەھەر سېپىلى ئۈستىگە چىقىپ سېپىلنى تەكشۈرگەندە، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنىڭ نەچچە چى كېلىدىغانلىقى، ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىمۇ ساق قالمىغانلىقىنى كۆردى»③.

يەكەن، «توپىلاڭ يۈز بېرىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ سەردارى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمىدى، بۇنى سۈرۈشتە قىلىدىغانغا تېخىمۇ ئادەم چىقمىدى، شۇنداق قىلىپ يىللار، ئايلار ئۆتۈپ، (زەرەپشان) دەرياسىنىڭ ئېقىنى بارغانسېرى ئېگىزلەپ، يار ئالغانسېرى كېڭىيىپ كەتتى. دەريا سۈيى ھەرقايسى يار ئېغىزلىرىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقتى، سۇ ئەسلىدىكى ئېقىن بويىچە ئاقماي مارالبېشىنىڭ يۇقىرىسىدىن ئۆتۈپ، قەشقەردىكى ۋۇلەن ئۇسۇ دەرياسىغا قاراپ ئاقتى.

نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقتا، ئېتىزلىق ۋە ئۆيلەر سۇ ئاستىدا قالدى، يوللار توسۇلۇپ قالدى، قەلئەلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى»④.

مارالبېشى، «ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەرقىي تۆت شەھەردىكى كىشىلەر غەربىي تۆت شەھەرگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى ئىدى، بۇ جاي ئويمانلىقتا جايلاشقان بولغاچقا، سۇلار بارا - بارا بۇ يەرگە يىغىلىپ، سازلىقتا ئايلىنىپ قالدى»⑤.

كۇرە، «شەھەر ئىچىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى، ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ياتاقلىرىمۇ ساق قالمىدى»⑥.

ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىقتىسادىي ساھەدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرگە نېمە سەۋەب بولغاندۇ، دەپ سوئال قويغىمىز كېلىدۇ. بۇمۇ مەزكۇر بۆلۈمدىكى ئاساسلىق تېما.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئالدىراپ - تېنەپ يۈرۈشكە ئاتلىنىپ قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالغان چاغدا، باۋجىيا تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، يەرلەرنى تەپسىلىي ئۆلچەشنى، غەللە - پاراق يىغىۋېلىشنى ھەمدە مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇرۇقلۇق ۋە ئۆي تەقسىم قىلىش، دېھقانلارنى ئاشلىق تېرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى. ياقۇپبەگ يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1885 - يىلى شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، دەريا - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش، قەلئە سېلىش، تېرىقچىلىقنى گۈللەندۈرۈش، يەرلەرنىڭ مو سانىنى تەپسىلىي ئۆلچەش، باجنى تەكشۈرۈپ

بېكىتىش، ھەقسىز مەكتەپ ئېچىش، پۇلنى تۇراقلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتنىڭ يەنىە تۇرلۇك مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى.

قەلئە سېلىش، ھەقسىز مەكتەپ ئېچىشتىن باشقا، قالغان بەش تۇرلۇك تەدبىرنىڭ ھەممىسى يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشنى بىۋاستە نىشان قىلغانىدى. گۇاڭشۇنىڭ 30 ـ يىلىدىكى ئاشۇ ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلگىنى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تەدبىرلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئاكتىپ نەتىجىسى ئىدى.

## 1. دەريا ـ ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش

سۇ ئىنشائاتى ھەمىشە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلغانىدى. ئەمما، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۇ ئىنشائاتىنىڭ ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەم ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ماددىي ئاساسىنى بەرپا قىلدى. تەبىئىي ئاپەت، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ئۇنى ۋەيران قىلىدىغان ئاساسلىق كۈچ ئىدى. بۇ مەزگىلدە، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى تېخىمۇ ئېغىر ۋە كەڭ بولدى.

ئۇرۇش قىلىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىرلار قوشۇننىڭ ئىلگىرىلەش ۋە جەڭ قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان چاغدا، دۈشمەنلەرنىڭ دەريا

توسمىسىنى بۇزۇۋېتىپ، يوللارنى سۇغا باستۇرۇۋېتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغانلىق ئەھۋالىنى كۆپ قېتىم ئۇچرىتىپ قويغان. بۇنداق ئەھۋال ئەڭ دەسلەپ داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا كۆرۈلگەن. شۇ چاغدا، داۋانچىڭ قورۇلىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەر دەريا ئېغىزىنى يار ئالدۇرۇۋەتكەنىدى. بىردىنلا، قورۇلغا يېقىن جايلاردىكى سۇ ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقىشىپ قالغاچقا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلىرى قورۇلغا يېقىنلىشالمىغانىدى. پەقەت چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ زەمبىرەك ئوقى تۇيۇقسىز قورۇلدىكى ئوق - دورا ئامبىرىغا چۈشۈپ، قاتتىق پارتلىغاندىلا، ئاندىن دۈشمەنلەر نائىلاج شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقانىدى⑦ . ئىنچىكە ھېسابلىمىساقمۇ، بۇ قېتىمقى دەريانى يار ئېلىپ كېتىشنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، يەرلىكنىڭ سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرى، ھەتتا ئېتىزلىقلار، يوللار، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى ھەممىسى زور زىيانغا ئۇچرىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كىرگەندىن كېيىن، قاراشەھەردە يەنە بىر قېتىم شۇ ئەھۋالغا يولۇقتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قاراشەھەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ليۇ جىنتاڭ سۇ ئاستىدا قالغان قاراشەھەر سېپىلىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇ چاغدا، سېپىلدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى نەچچە چى كەلگەنىدى. سېپىل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى ۋە پۇقرا ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى سۇ ئاستىدا قالغانىدى. يىل بويى رېمونت قىلىنمىغانلىقى، سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئىدى. ياقۇپبەگ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا تۇرغان دەسلەپكى بىرنەچچە يىللىق ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى كۇچادىكى راشىدىن خوجا بىلەن قىلغان ئۇرۇشقا

سەرپ قىلغان، سەل كېيىنكى ۋاقتىنى، يەنە خوتەندىكى ھەببۇللا خوجا ھەمدە ئۇرۇمچىدىكى تۇمىڭ بىلەن قىلغان ئۇرۇشلارغا سەرپ قىلغان. ياقۇپبەگنىڭ رول ئوينىشى بىلەن، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلدا، ئۇرۇش ئوتى شەرقىي جەنۇبتا خوتەن بوستانلىقىغىچە، شەرقىي شىمالدا تۇرپان ئويمانلىقىغىچە ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئۇرۇمچى، ماناس قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەنىدى. بۇ مەزگىلدە، ياقۇپبەگ بولسۇن، ياكى ھەرقايسى جايلاردىكى مۇلكىي ئەمەلدارلار بولسۇن، ھېچقايسىسىنىڭ كۈچ سەرپ قىلىپ ھەرقايسى جايلاردىكى سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇش ۋە رەتلەشكە ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا كەلسەك، بۇ خىل ئاممۋىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېخىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ كۆپ يېرىنى يار ئېلىپ كېتىپ، پۈتكۈل مارالبېشى «سازلىق» قا ئايلىنىپ قالغاندەك ئېچىنىشلىق مەنزىرە پەيدا بولغانىدى. شۇ دەۋردە، روسىيە بېسىۋالغان ئىلىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاش ئىدى، «ئىلگىرىكى تىرىقچىلىق قىلىدىغان ئېتىزلارنىڭ كۆپىنچىسى. قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قۇمۇش بېسىپ كەتكەن. كۆۋرۈك، ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇراتتى.»

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىق قاتلىمى، بولۇپمۇ زو زوڭتاڭ سۇ ئىنشائاتىنىڭ قۇرغاق رايونلاردىكى ئەھمىيىتىگە قارىتا تولۇق تونۇشقا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تونۇشىنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا كۆپ يىل جەڭ قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۇنىڭ چوڭقۇر

جۇغراپىيىلىك بىلىمدىن كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ يەتتە تۈرلۈك تەدبىرنى رەتكە تىزغاندا، سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى باشقا تىزىپ، «كونا سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە يېڭى سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش» دەپ يىغىنچاقلىغانىدى.

كونا سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش ھەرىكىتى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇلغا توپلانغان چاغدىلا باشلىنىپ بولغانىدى. كېيىنرەك، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كونا سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش پائالىيىتى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاۋۋال قايتۇرۇۋالغان ئۈرۈمچى قاتارلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى رايونلارغىچە ئومۇملاشقانىدى. بۇ دەۋردىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان قايتا رېمونت قىلىنغان قۇرۇلۇشلار: قۇمۇلدىكى شىچېڭزى ئۆستىڭى، باركۆلدىكى داچۈەندۈڭ ئۆستىڭى، ئۈرۈمچىدىكى يۇڭفېڭ ئۆستىڭى ۋەھاكازالار⑨.

1877 ـ يىلدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش دائىرىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيدى ھەمدە تېز سۈرئەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە جەنۇبىي قىرغىقىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش — بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ بىر تۈرلۈك كونكرېت مەزمۇنى سۈپىتىدە يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان رايونلاردىمۇ زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تۇرپاندىكى كارىزلاردىن 185 ى رېمونت قىلىنغان. كورلىدا رېمونت قىلىنغان ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 چاقىرىمغا يەتكەن. كۇچادا رېمونت قىلىنغان ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 چاقىرىمدىن ئېشىپ كەتكەن.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ دەۋردىكى رېمونت قىلىش

قۇرۇلۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ھەربىي تۈس ئالغان. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئاساسلىقى، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىش بولغان. قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت، مۇكەممەل ئارقا سەپ تەمىنات لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئىدى. تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مەقسەت، شۇ جايدىلا ھەربىي ئاشلىققا ئېرىشىش ئىدى. مۇشۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەقسەتنىڭ تۈرتكىسىدە، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ھەم بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن تاماملانغان[10].

ياقۇپبەگنى تىنچىتىش ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ ئىنشائات ئىشلىرى كۆلەم ۋە سالماق جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىلدى ۋە كۈچەيتىلدى. 1887 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، زەرەپشان دەرياسىغا ۋە قەشقەر دەرياسىغا تۇتاشقان سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش ئىشى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

زەرەپشان دەرياسىغا تۇتاشقان سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش ئىشى ئەڭ جاپالىق ھەم ۋاقىت كېتەتتى. زەرەپشان دەرياسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئاساسلىق سۇ مەنبەلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 10 نەچچە دەريا ئېقىنى قۇيۇلاتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يەكەننى قايتۇرۇۋالغان چاغدا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ يەكەن زېمىنى ئىچىدىكى بۆلىكىنىڭ تۆت يېرىنى يار ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، دەريا سۈيى 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق يەرگىچە يامراپ كەتكەن، بىپايان ئېتىزلىقلارنى ھەممىدە ئون نەچچە جايدىكى چوڭ،

كىچىك كەنتنى سۇ بىسىپ كەتكەن.

چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان چاغدا، زەرەپشان دەرياسىدىن يامراپ كەتكەن سۇ مارالبېشىنىڭ ئەتراپلىرىنى بىر پارچە «سازلىق» قا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن. قەشقەر ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان ليۇ جىنتاڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى دوكلات قىلغان چاغدا مۇنداق دېگەن: «ئوغرىلار دەريانىڭ نۇرغۇن يېرىنى يار ئالدۇرۇپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەنلىكتىن، قوشۇنىمىزنىڭ يۈرۈشى ئاستا بولدى، قوشۇنىمىز سۇدا لەيلەپ ۋە مۇزلارنى دەسسەپ ئالغا ئىلگىرىلىدى»⑪.

بۇ چاغدا، ئاللىبۇرۇن قىش كىرىپ قالغان بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى قوشۇن، ھەربىي لازىمەتلىكلەر ۋە قورال - ياراغلار «سۇدا لەيلىتىلىپ مۇز بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى» . دېمەك، ئۇن نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جاينى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشنىڭ قانچىلىك جاپا - مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇن يەكەننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باشبۇغ يۈ ئېنخۇ يارلىققا بىنائەن زەرەپشان دەرياسىنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن ھەرقايسى ئېغىزلىرىنى رېمونت قىلىپ، دەريا ئېقىنىدىكى لاي - قۇملارنى تازىلىدى. ئەينى چاغدا رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك يار ئېغىزلىرى: لەيلىكاتەكتىن شەرققە 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بىر يار ئېغىزى، ئالانخور تايدىن شەرققە 15 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بىر يار ئېغىزى، مەينەتتايدىن شەرققە ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بىر يار ئېغىزى، يەنە شەرققە 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بىر يار ئېغىزى بۇلاردىن سىرت، لەيلتاينىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن 300 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى دەريا ئېقىنى چوڭ - كىچىكلىكى

ئوخشاش بولمىغان 10 نەچچە يەردىكى قۇملۇق بىلەن توسۇلۇپ قالغان.

يەكەننى مۇداپىئە قىلىشۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى زەرەپشان دەرياسىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. ئۇلار يەرلىكتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن بىرلىكتە «يار ئېلىپ كەتكەن ئېغىزلارنى ئەتتى، قۇملارنى كولاپ توشۇدى ھەمدە دەريا قىرغىقىنى ۋە توسمىنى ئېگىزلەتتى. ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالار بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ئىشلەپ، تەرتىپ بويىچە ئىشنى تاماملىدى، توسما ۋە قىرغاقلار مەزمۇت بولدى، دەريا ئېقىنى راۋانلاشتى»⑫.

مارالبېشى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، مارالبېشىدا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىمۇ بۇيرۇققا بىنائەن شۇ جايدىكى سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلدى. ئەينى چاغدا، مارالبېشىنىڭ ئەھۋالى: «دەريا سۈيىدىن ئاپەت يۈز بەرگەن، ئۆستەڭ توسمىلىرى ۋەيران قىلىنغان، ئاھالىلەر گۆر ئاغزىغا بېرىپ قالغانىدى»⑬.

مارالبېشىدا سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئاساسلىقى دالىيەن ئۆستىڭى ۋە شياۋلىيەن ئۆستىڭىگە مەركەزلەشكەن. دالىيەن ئۆستىڭى مارالبېشى بازىرىدىن شەرققە 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 چاقىرىم، كەڭلىكى 6 گەز كېلەتتى، 17 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرىلاتتى. شياۋلىيەن ئۆستىڭى ناھىيە بازىرىدىن غەربكە 10 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 چاقىرىم، كەڭلىكى 2 گەز 3 چى كېلەتتى، 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرىلاتتى⑭، ئۇلار مارالبېشىدىكى ئاساسلىق سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرى ئىدى.

قەشقەر دەرياسى ھەممىدىن كۆپ رېمونت قىلىندى. قەشقەر دەرياسى يامانيار، ۋۇلەنسۇ، قىزىلسۇ قاتارلىق دەريالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، قەشقەر بوستانلىقىدىكى

ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ئىدى. چىلاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاقسۇ ئەتراپىغا يېتىپ بارغان چاغدا، بەگقۇلىبەگ لۇڭكۇ كۆۋرۈكىدىن تۆۋەنگە 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى توسمىنى يار ئالدۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن، دەريا سۈيى يامراپ ئېقىپ، نەچچە 10 چاقىرىم دائىرىدىكى ئېتىزلىقنى، يېزا - كەنتلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەن.

ليۇ جىنتاڭ چىلاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان چاغدا، قەشقەر دەرياسى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى رېمونت قىلىش جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «قەشقەرنىڭ تىدۇسى تاڭ يەنئى، ياڭ جىلۇڭ قاتارلىقلار قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەر شەكلىنى ئۆلچەپ، تارماق دەريا قېزىپ، سۇنى تارقاقلاشتۇرۇپ، يار ئېلىپ كەتكەن ئېغىزلارنى ئېتىپ، سۇنىڭ يانغا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇدى»⑮.

نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. 1885 - يىللىرىغىچە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا تاماملانغان ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرى تۆۋەندىكىچە: تۇرپاندىكى 185 جايدىكى كارىز، قاراشەھەردىكى ئېرىق - ئۆستەڭ 60 چاقىرىم، بۇنىڭدا سۇغىرىلىدىغان ئېتىز 3 مىڭ 800 مو. بايدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ 910 چاقىرىم، بۇنىڭدا سۇغىرىلىدىغان ئېتىز 2 مىڭ 700 مودىن ئارتۇق. يەكەندىكى ئېرىق - ئۆستەڭ 190 چاقىرىم، سېلىنغان توسما 270 چاقىرىم، ئۆستەڭ 65 چاقىرىمدىن ئارتۇق، بۇنىڭدا سۇغىرىلىدىغان ئېتىز 6200 مودىن ئارتۇق⑯.

## 2. كەڭ - كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش

چىڭ سۇلالىسىنى ئىزچىل ئاۋارە قىلىپ كېلىۋاتقان مالىيە

مەسىلىسىگە، گۇاڭشۈينىڭ 11 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى 1885 ـ يىل يەنە يېڭىدىن قىيىنچىلىق قوشۇلدى. ئوخشىمىغان مۇھىت، ئوخشىمىغان كۆلەمدە كۆپ يىل ئۇرۇش قىلغان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ كۈچى دەپ تەرىپلىنىدىغان سەككىز تۇغلۇق قىسىمنىڭ ئۇرۇش تۆھپىسى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىلگىرى ياردەمچى كۈچ دەپ قارالغان يېشىل تۇغلۇق قىسىم، قالتىس ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ غەربىي شىمال رايونىدا ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، يېشىل تۇغلۇق قىسىم مۇھىم جەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قاتناشتى ھەمدە ئاساسلىق ئۇرۇش قىلىش كۈچىگە ئايلاندى. بۇ خىل ئەھۋال، چىڭ سۇلالىسى يۇقىرى قاتلىمىنىڭ دىققىتىنى ·بارغانسېرى تارتتى.

سەككىز تۇغلۇق قىسىمنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، سەككىز تۇغلۇق قىسىمنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل قوشۇنلىرى ئىچىدىكى تايانچلىق ئورنىنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن، 1885 ـ يىل 9 ـ ئايدا يانداش ئامبال شۆ تەيشىڭ سىشى خانىشقا مەكتۇپ سۇنۇپ، يېشىل تۇغلۇق قىسمىنى قىسقارتىپ ئىقتىساد قىلىنىغان ھەربىي تەمىناتنى سەككىز تۇغلۇق قىسىمنىڭ تەمىناتىنى كۆپەيتىشكە ئىشلىتىپ، شۇ ئارقىلىق سەككىز تۇغلۇق قىسىمنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنى قوزغاش تەكلىپىنى بەردى. شۆ تەيشىڭنىڭ بۇ تەكلىپى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ پادىشاھ گۇاڭشۈنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى⑰.

پادىشاھ گۇاڭشۈنىڭ ھېسابلىشى بويىچە، ئەگەر يېشىل تۇغلۇق قىسىمنى قىسقارتىش ئىشى تاماملانسا، ھەر يىلى 23 مىليون 100 مىڭ سەر ھەربىي خىراجەتنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ نوپۇس ۋازارىتى ھەرقايسى

ئۆلكىلەرنى شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، ئۆزلىرىنىڭ قىسقارتىش پىلانلىرىنى بېكىتىپ بولۇشقا بۇيرۇدى⑱.

نوپۇس ۋازارىتىنىڭ تەكلىپى پۈتۈن مەملىكەتنى ئوبيېكت قىلغانىدى. ئەمما بۇ لايىھىنى تاماملاشتا، خىزمەت مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغىنى شىنجاڭ ئىدى. چۈنكى ئەينى چاغدا ياقۇپبەگنىڭ يوقىتىلغىنىغا يەتتە يىل بولۇپ قالغانىدى. ھەم شۇنداقلا ئىلىنى قايتۇرۇۋالغىلىمۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدە، ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەسى ھەمدە ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى قاتارلىقلار يۈز بەرگەنىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ليۇ جىنتاڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇردى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1885 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پىيادە ۋە ئاتلىق ئۇرۇش قىلىدىغان خادىملار جەمئىي 20 مىڭ 394 نەپەر، شتاتتىن سىرت ھەر خىل خادىملار 9 مىڭ 841 نەپەر ئىدى⑲.

1885 - يىل 12 - ئايدا، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا قەھرىتان سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلەردە ليۇ جىنتاڭ ئىلىغا كەلدى. ئۇ ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلارنى تەكشۈرگەندىن سىرت، ئۇنىڭ يەنە بىر خىزمىتى — ئىلى رايونىدىكى يېشىل تۇغلۇق قىسمىنى قىسقارتىش ئىدى.

ئەينى چاغدا، ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇن ئىچىدە پىيادە قىسىم جەمئىي 26 باتالىئون بولۇپ، ئۇرۇش قىلىدىغان خادىم 10 مىڭ 500 نەچچە نەپەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېشىل تۇغلۇق قىسمىنىڭ ئادەم سانى 9 مىڭدىن ئاشتى. سەككىز تۇغلۇق

قىسمىغا تەۋە خادىم ئاران 1000 دىن ئارتۇقلا ئىدى. قىسقارتىشنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، يېشىل تۇغلۇق قىسىمدىكى تۆت مىڭ نەپەر ئەسكەر ۋە ئوفىتسېر قىسىمدىن ئايرىلدى. بۇ سان ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىغا يېقىن ئىدى⑳.

ليۇ جىنتاڭ ئىلىدا يېشىل تۇغلۇق قىسىمنى قىسقارتقان چاغدا ئىككى چوڭ قىيىنچىلىققا يولۇقتى: بىرىنچىسى، يېتەرلىك دەرىجىدە قايتۇرۇش خىراجىتى غەملەپ، قايتۇرۇلىدىغان خادىملارنىڭ يول خىراجىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر ئىدى؛ ئىككىنچىسى، مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىلىپ، يەرلىكتە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، بولغان قىسقارتىلغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى.

بوز يەر ئېچىش تەدبىرى، يۇقىرىقى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان بىر خىل بىۋاسىتە تەدبىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ تەدبىر بويىچە، قايتۇرۇلىدىغان ئەسكەرلەرنى بوز يەر ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندا، ھەم زور مىقداردىكى قايتۇرۇش خىراجىتىنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى، ھەم قىسقارتىلغان ئەسكەرلەرگە تېزدىن بىر كىشىلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بۇ نۇقتىدا بولسا، پۈتۈنلەي مۇداپىئە ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ قىسقارتىلغان ئەسكەرلەر ئۆز جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە زاپاس خادىملارغا ئايلىناتتى. ئەگەر بىرەر ئۆزگىرىش بولغۇدەك بولسا، بۇ بوز يەر ئاچقۇچى خادىملار ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىر ياردەمچى كۈچكە ئايلىنالايتتى. ليۇ جىنتاڭ دەل مۇشۇ نۇقتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى.

19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىشتا نەتىجە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان جايلار تارباغاتاي، ئىلى بولدى. 1884 - يىلىلا، ھەربىيلەر تېرىقچىلىق قىلىپ ئالغان بۇغداي جىڭساڭ دادىنى بويىچە 11 مىڭ دادەندىن كۆپ بولدى㉑. شۇ يىلى، ئىلىدىكى ھەربىيلەر ئاچقان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 61 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى㉒.

بۇ دەۋردە باشلانغان ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنىڭ مۇئەييەن ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئېھتىياجى بولسىمۇ، بىرنەچچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئەگرى - توقايلىقلاردىن كېيىن، ئەڭ ئاخىر كەسىپ بولۇپ شەكىللىنىپ، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە، بولۇپمۇ ئوخشاش مەزگىلدە روياپقا چىققان پۇقرالار تېرىقچىلىقى ۋە جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىقى قاتارلىق تېرىقچىلىق كەسپىدە تايانچ كۈچكە ئايلىنىپ بۇ كەسىپنىڭ ئۈزلۈكسىز گۈللەپ - ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا بارا - بارا ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

پۇقرالار تېرىقچىلىقى كۆلەم جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا 1 - ئورۇندا تۇراتتى.

ئاۋۋال بۇ كەسىپنى تەشەببۇس قىلغان كىشى جاڭ ياۋ ئىدى. غەربكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا، جاڭ ياۋ قوماندانلىق قىلغان قوشۇن زاپاس ياردەمچى قىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، يول بويى مۇساپىرلاردىن ھال سوراپ، مۇساپىرلارنى يېقىن جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، شۇ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدىكى ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ۋە توشۇشقا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى بەلگىلىك دەرىجىدە

پەسەيتتى. دەل مۇشۇ كونكرېت ئېھتىياجلارنى كۆزدە تۇتۇپ، زو زۇڭتاڭ ئاندىن 100 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش ئاجرىتىپ، پۇقرالارنىڭ تېرىقچىلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھەر خىل چىقىملىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغانىدى.

1886 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى «شىنجاڭدا تېرىقچىلىق قىلىش نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدا تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى ماددىي شەكىلدە قېلىپلاشتۇردى. بۇ نىزامدا ئاساسلىقى پۇقرالار تېرىقچىلىقى ئوبيېكت قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: پۇقرالار تېرىقچىلىق قىلسا، ھەر 10 تۈتۈنگە بىردىن تۈەنجاڭ، 50 تۈتۈنگە بىردىن تۈەنجېڭ، 250 تۈتۈنگە بىردىن ھەيئەت تەيىنلىنىدۇ. ھەيئەت يەرلىك باش مەمۇر تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولەۇ.

ھەربىر تېرىقچىلىق قىلغۇچى ئائىلىگە 60 مودىن تېرىلغۇ يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، ئۈچ دادەن ئۇرۇق ئۆتنە بېرىپ تۇرۇلدى، دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالتە سەر كۈمۈش، ئۆي سېلىش ئۈچۈن سەككىز سەر كۈمۈش، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىككى كالا بېرىلدى، بۇلارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 24 سەر كۈمۈش بولدى. دېھقانچىلىق مەزگىلىدە ھەربىر ئائىلىگە تۇز ۋە كۆكتات پۇلى ئۈچۈن ھەر ئايدا بىر سەر سەككىز پۇل كۈمۈش، 90 جىڭ نورما ئاشلىق تارقىتىپ بېرىلدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن باشلاپ، دېھقانچىلىق مەزگىلى سەككىز ئاي ھېسابلاندى. بۇ سەككىز ئاي مەزگىلىدە، ھەربىر ئائىلىگە جەمئىي 73 سەر بىر پۇل تەننەرخىدە كۈمۈش ئۆتنە بېرىپ تۇرۇلدى. ئۇلار ئاتا ـ بالا بىر ئۆيدە تۇرسۇن، ئاكا ـ ئىنى بىلەن تېرىقچىلىق قىلسۇن، ياكى مەدىكارلار بىلەن ھەمكارلاشسۇن، ھەربىر ئائىلە ئىككى كىشى بويىچە ھېسابلاندى.

ھۆكۈمەت ئۆتنە بېرىپ تۇرغان بۇ نەرسىلەرنىڭ يېرىمىنى شۇ يىلى قايتۇرۇش، ئىككىنچى يىلى ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بولۇش بەلگىلەنگەندى. كەم ھوسۇل ئېلىنىپ قالغان يىللاردا، قەرزنى قايتۇرۇش ۋاقتى ۋە مىقدارى مۇۋاپىق دەرىجىدە تەڭشىلەتتى. 3 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھەربىر تېرىقچىلىق قىلغۇچى ئائىلىدىن يېرىم باج ئېلىناتتى، 4 ـ يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن باج ئېلىناتتى.

1886 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئائىلىلەر بىر مىڭ 90 غا يەتكەندى. يەرلىك دائىرىلەر ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرغان نەرسىلەر جەمئىي 49 مىڭ 800 سەر كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىمۇ پۇقرالار تېرىقچىلىقى يولغا قويۇلۇشقا باشلاپ، 19 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. كېيىنرەك ھەربىيلەر تېرىقچىلىقى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، پۇقرالار تېرىقچىلىقىغا قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۇقرالار تېرىقچىلىقىنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق تېرىقچىلىق شەكلىگە ئايلاندى.

تېرىقچىلىق قىلىدىغان پۇقرالار ئاساسلىقى شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن خۇيزۇ، خەنزۇ پۇقرالىرى ئىدى. بۇ تەدبىر ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەندى. بۇ تەسىرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى بىر مۇھىم دەۋر بولۇپ قالدى.

بۇ دەۋردە، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى «جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىقى» غىمۇ

يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى.

1886 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ جازا ۋازارىتى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى «كۆزلۈكى سوراق قىلىنىپ جىنايىتى يېنىكلىتىلگەن» جىنايەتچىلەرنى شىنجاڭغا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىق قىلىدىغان جايلار ئاساسلىقى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى، قارائۇسۇ، جىڭ ۋە جىمسار قاتارلىق جايلارغا جايلاشقانىدى.

## 3. باجنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، پۇلنى ئۆزگەرتىپ بېكىتىش

1887 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، زو زۇڭتاڭ پادىشاھ گۇاڭشۈگە سۇنغان «شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا قايتا بايان» دېگەن مەلۇماتنامىسىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1864 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭدا مەغلۇپ بولۇشىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبىنى يەكۈنلىگەن چاغدا، باج تۈزۈمى جەھەتتىكى نۇقسانلارنى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، باج تۈزۈمى جەھەتتىكى نۇقسانلارنىڭ ئىپادىلىرى: (1) باج يىغىش تەرتىپىنىڭ راۋان بولماسلىقى؛ (2) باج يىغىش ھۆججەتلىرىنىڭ قالايمىقانلىشىشى ئىدى.

باج يىغىش تەرتىپىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى توغرىسىدا، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شىمالىي شىنجاڭدىكى غەللە ـ پاراق خادىملىرى باج يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرسىمۇ، ئەمما بىۋاسىتە باج يىغىشقا يەرلىك ئەمەلدارلار مەسئۇل. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باج ـ سېلىقلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ھاكىمبەگ قاتارلىقلار يىغىپ ھۆكۈمەت يامۇلىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولغاچقا، يامۇل بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ پەيدا بولدى، پۇقرالار

يامۇلغا ئۆزلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ھاكىمبەگلەرگە قارىغاندا بەكرەك ئۆچ بولۇپ كەتتى. ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدىكى بىر قىسىم لاياقەتسىز ئەمەلدارلار پۇقرالارنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ئۇلارنى قويدەك كۆردى. ئومۇمەن باج يىغىدىغان چاغدا، ھاكىمبەگ قاتارلىقلار ھۆكۈمەت يامۇلىنىڭ يارلىقىنى يالغاندىن تارقىتىپ، گىدىيىپ يۈرۈۋاتىدۇ، شۇڭا پۇقرالار ھۆكۈمەت يامۇلىغا نەپرەتلىنىپ، ئۆزىنى باشقۇرۇۋاتقان ھاكىمبەگلەرگە نەپرەتلەنمەيۋاتىدۇ»[23]. زو زوڭتاڭنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي نوپۇزىغا زىيان يەتكۈزدى ھەمدە كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ نارازىلىقىنى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرەتكە ئايلاندۇردى.

باج - سېلىق يىغىش ھۆججەتلىرىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى توغرىسىدا، زو زوڭتاڭ مۇنداق دەيدۇ: «ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ باج - سېلىق يىغىش تۈزۈمىدە، يەر بىلەن نوپۇس بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، يەرنىڭ مو سانىغا ئاساسەن باج - سېلىق يىغىلىدۇ. شۇڭا باج ئېلىنمايدىغان يەر بولمايدۇ، ھەم يوق يەردىن باج ئېلىنىدىغان ئىشمۇ بولمايدۇ. شىنجاڭدا بولسا نوپۇس بويىچە باج يىغىلىدۇ، باي ئائىلىلەرنىڭ جان سانى ئاز بولغاچقا، تۆلەيدىغان بېجىمۇ يېنىك، نامرات ئائىلىلەرنىڭ جان سانى كۆپ بولغاچقا، تۆلەيدىغان بېجى ئەكسىنچە ئېغىر بولماقتا.»[24] نوپۇس بويىچە باج يىغىشنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇ يەردىكى، كۆپ باج تۆلەشكە تېگىشلىك باي ئائىلىلەر، جان سانى ئاز بولۇش سەۋەبلىك ھەددىدىن زىيادە يېنىك باج تۆلىگەن. باج تۆلەشكە قۇربى يەتمەيدىغان نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەر بولسا جان سانى بەك كۆپ بولغاچقا، يۈكىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل ھادىسە باج مەنبەسىنىڭ دائىم قۇرۇقدىلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. زو زوڭتاڭ بۇ خىل ھادىسىگە قارىتا مۇنداق يەكۈن

چىقارغان: «بۇ خىل نامۇۋاپىق باج تۈزۈمى بويىچە باج يىغىش، چوقۇم ئۆزگەرتىلىشى كېرەك»㉕.

1880 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، زو زۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا مەلۇمات يوللاپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى يىغىنچاقلىغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭنىڭ باج تۈزۈمىنى ياخشىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا، ئۇ، شىنجاڭدا چوقۇم «ئىچكىرىي ئۆلكىلەردىكى باج يىغىش تۈزۈمى» نى، يەنى يەر بىلەن نوپۇس بىرلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق بېجىنى يولغا قويۇش كېرەك. نوپۇس بىلەن يەرنىڭ مو سانى باج نىسبىتىنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىشى كېرەك، دەپ قارىغان.

يەر بىلەن نوپۇس بىرلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق بېجىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى — يەر ۋە نوپۇسنى ستاتىستىكا قىلىش ئىدى.

1879 ـ يىلى، يەرلەرنى ئېنىقلاپ ئۆلچەش خىزمىتى ئىلىدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدا ئارقا ـ ئارقىدىن قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى يىغىۋېلىنغان دېھقانچىلىق بېجى 261 مىڭ 900 دادەندىن ئېشىپ كەتتى㉖. 1880 ـ يىلى، دېھقانچىلىق بېجى 347 مىڭ 200 دادەندىن ئېشىپ كەتتى㉗. بۇ سان ـ سىپىرلار چىڭ سۇلالىسى ئاساسىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ھەمدە مۇشۇ ئىش توغرىسىدا 1881 ـ يىلى ليۇ جىنتاڭدىن بىۋاسىتە سورىدى. ليۇ جىنتاڭ بۇ ساننى ئىسپاتلىدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئاساسىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا «ئاشلىق كۆپ يىغىلمىغاچقا، ئاشلىقنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىپ دېھقانلار زىيان تارتىش»

ئالامەتلىرى كۆرۈلدى، دېدى.

بۇ پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭ يولغا قويۇپ بولغان «يەر بىلەن نوپۇسنى بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت باج تۈزۈمىنى ئەڭ ئاخىرى ئېتىراپ قىلدى.

1887 ـ يىلى، يېڭىچە باج تۈزۈمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەر ۋە نوپۇسنى ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ليۇ جىنتاڭ پادىشاھ گۇاڭشۈگە «پۈتكۈل شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى يەر بېجى، نوپۇسنى ئېنىقلاش رويخېتى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا ئەھۋال دوكلات قىلدى. بىرىنچى دەرىجىلىك تېرىلغۇ يەرنىڭ ھەر موسىدىن 5 شىڭ ياكى 4 شىڭ ئاشلىق، 5 خو ئوت ـ چۆپ ئېلىنىدۇ؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك تېرىلغۇ يەرنىڭ ھەر موسىدىن 3 شىڭ ئاشلىق، 3 خو ئوت ـ چۆپ ئېلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن بىر يېرىم شىڭ، ياكى بىر شىڭ ئاشلىق، 2 خو ئوت ـ چۆپ ئېلىنىدۇ㉘. ليۇ جىنتاڭ بۇ دوكلاتنى يوللىغان چاغدا، شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى ستاتىستىكا قىلىپ، ھەر خىل دەرىجىلىك بىنەم ۋە پىششىق يەر بولۇپ جەمئىي 11 مىليون 480 مىڭ 194 مو 4 پۇڭ 5 لى يەرنى، نورمىلىق ئېلىنغان 276 مىڭ 51 دادەن 3 كۇرە 1 شىڭ 4 ئوچۇم 1 شاۋ ئاشلىقنى، نورمىلىق ئېلىنغان 14 مىليون 912 مىڭ 701 خو 7 سەر 7 پۇڭ ئوت ـ چۆپنى، نورمىلىق ئاشلىق ۋە ئوت ـ چۆپنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ئېلىنغان ۋە يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنغان 59 مىڭ 148 سەر 4 پۇل 1 پۇڭ 1 لى 4 خاۋ 4 سى 7 فۇ كۈمۈشنى تەكشۈرۈپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەر دەرىجىلىك پىششىق يەرلەردىن ئېلىنغان ئاشلىق 203 مىڭ 29 دادەن 2 كۇرە 3 شىڭ 8 ئوچۇم 2 شاۋ، ئوت ـ چۆپ 13 مىليون

958 مىڭ 216 خو 10 سەر 2 پۇل 8 پۇڭ، ئاشلىق ۋە ئوت ـ چۆپنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ئېلىنغان يەر بېجى ئۇچۇن ئېلىنغان كۇمۇش 57 مىڭ 953 سەر 1 پۇل 6 لى 2 خاۋ 1 سى 7 فۇ㉙.

ئەينى چاغدا، پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ھەمدە جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئەنجانلىق بولۇپ، جەمئىي 266 مىڭ 954 تۈتۈن، بىر مىليون 238 مىڭ 583 نوپۇس بار ئىدى㉚. شۇنداق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا باج تۈزۈمىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇش ۋە يەر، نوپۇسنى ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، شايارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئابدۇللا ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ 100 تۈتۈندىن ئارتۇق دېھقاننىڭ ئاشلىق بېجىنى يۇتۇۋالدى، بۇنى كۇمۇشكە سۇندۇرغاندا 100 سەردىن ئارتۇق بولاتتى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، باش جىنايەتچى ئابدۇللا قاتارلىق يەتتە كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى㉛. چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى مۇشۇنداق قاتتىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ قايتىدىن تۇرغۇزۇلغان دېھقانچىلىق باج تۈزۈمىگە بولغان جىددىي پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى.

دېھقانچىلىق باج تۈزۈمىنى تاماملاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى بەلگىلىك رايون دائىرىسىدە سودىدىن باج ئېلىش خىزمىتىنى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا قانات يايدۇردى. ئاۋۋال 1885 ـ يىل قۇمۇل، گۇچۇڭلاردا باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئىككى يىلدا ئېلىنغان سودا بېجى جەمئىي 20 مىڭ سەردىن ئېشىپ كەتتى.

سودا پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ چەت ئەللەرگە چېتىشلىق سودا پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى سودا بېجى مەسىلىسىنى ئاخىر كۈنتەرتىپكە قويدى.

ليۇ جىنتاڭنىڭ تەكلىپى بويىچە، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچىدە باج ئىشلىرى باش ئىدارىسى، ماناس، تۇرپانلاردا شۆبە باج ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. ماناس شۆبە باج ئىدارىسى ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىڭ سودا بېجىنى يىغىشقا مەسئۇل قىلىندى. تۇرپان شۆبە باج ئىدارىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سودا بېجىنى يىغىشقا مەسئۇل قىلىندى[32].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا، جەمئىي 74 مىڭ 982 سەر 8 پۇڭ 6 پۇڭ كۈمۈشنى قولغا چۈشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇدا قولغا چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش 2 مىڭ 570 سەر 6 پۇل 4 پۇڭ، قەشقەردە قولغا چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش 9 مىڭ 530 سەر 1 پۇل 7 پۇڭ، يېڭىساردا قولغا چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش 8 مىڭ 234 سەر3 پۇل 2 پۇڭ، خوتەندە قولغا چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش 32 مىڭ 518 سەر 7 پۇڭ 5 پۇڭ، نىياز بەگ تەقدىم قىلغان كۈمۈش 20 مىڭ 801 سەر 3 پۇل. بۇ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ئىچىدىكى 4 مىڭ 827 سەر كۈمۈش، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مۇكاپات سۈپىتىدە تۆھپە ياراتقان ھەر دەرىجىلىك خادىملارغا تارقىتىپ بېرىلدى، قالغان 70 مىڭ 153 سەر 8 پۇل 6 پۇڭ كۈمۈش ياردەم پۇلى سۈپىتىدە ئەينى چاغدىكى بىر قاتار چىقىملارغا سەرپ قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا قولغا چۈشۈرگەن بۇ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياقۇپبەگ دەۋرىدە قۇيدۇرۇلغان كۈمۈش «تەڭگە» ئىدى. زو زۇڭتاڭنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، كۈمۈش «تەڭگە» نىڭ شەكلى پوشكالدەك يۇمىلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى يوق ئىكەن»[33].

1880 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، زو زۇڭتاڭ پادىشاھ

گۇاڭشۇگە يوللىغان «شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇپ» تا، شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن پۇللارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ، ياقۇپبەگ دەۋرىدە قۇيدۇرۇلغان كۈمۈش «تەڭگە» نى ئالاھىتەن تىلغا ئالغان ھەمدە بۇ خىل پۇلنى «ساپلىقى ۋە ئېغىرلىقى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭغا ساختىپەزلىك يوشۇرۇنغان، بازاردا ئوبوروت قىلىنسا، ماسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، پۇقرالارمۇ زىيان تارتىدۇ» دەپ تەنقىد قىلىپ، بۇ خىل پۇلنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، بۇ خىل كۈمۈش پۇلنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدى. بۇ مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بولسۇن، ياكى يەرلىك دائىرىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى «تەڭگە» نى ئۆزگەرتىشنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ سىياسىي تەسىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يوقىتىشتىكى غەرىزى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، «تەڭگە» نى ئۆزگەرتىش تەدبىرى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭدا يېڭىدىن كۈمۈش پۇل قۇيۇلۇشقا باشلىدى. پۇل قۇيىدىغان مىس قېلىپ لەنجۇدا ياسالدى. پۇل قۇيۇش خىزمىتى ئالدى بىلەن كۇچادا باشلاندى. يېڭىدىن ياسالغان كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئېغىرلىقى بىر پۇل، چۆرىسى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك بولدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە پېچقا ئوت يېقىلىپ مىس تەڭگە قۇيۇلدى. ئارقىدىنلا قەشقەردە پېچقا ئوت يېقىلىپ مىس تەڭگە قۇيۇلدى.

بۇ قېتىمقى پۇل تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە نەتىجىسى ليۇ جىنتاڭنىڭ 1883 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پادىشاھ گۇاڭشۇگە يوللىغان «شىنجاڭدا ۋاقىتىنچە يارماقنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەن دوكلاتىدا ئومۇمىيۈزلۈك

تەسۋىرلەپ بېرىلدى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئەينى چاغدا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتتە يارماقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئارىلىقتا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى ليۇ جىنتاڭغا مۇنۇ ۋەزىپىلەر ئالاھىدە تاپشۇرۇلدى: ۋاسساللار مەھكىمىسى قاتارلىقلارغا پۇل راسلاپ مىس كانى ئېچىپ، پۇل قۇيۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.»㉞ ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭدا ئەينى چاغدا بۇ تەدبىرنى يولغا قويۇشنىڭ تەس بولۇشىدىكى سەۋەبنى بايان قىلغاندا، بۇ بىرنەچچە يىلدا شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن پۇللارنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭنىڭ شىمالىدا ئەزەلدىن يارماق ئىشلىتىلىدۇ، جەنۇبىدا ئەزەلدىن قىزىل پۇل ئىشلىتىلىدۇ. چېچىلىڭ دەۋرىدە، يارماق ئىلىدا قۇرۇلغان باۋيۈەن مەھكىمىسىدە قۇيۇلاتتى، قىزىل پۇل بولسا ئاقسۇدا قۇرۇلغان مەھكىمىدە ئۇنىسۇ، باي، كۇچادىن چىقىدىغان مىستىن قۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ شەكلى ئەنئەنىۋى پۇلغا ئوخشايتتى، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر پۇل ئۈچ پۇڭ كېلەتتى، بىر تىيىنى يارماقنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ ئىدى، 500 تىيىنى 1 گۈاغا تەڭ بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى. ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى بېسىۋالغاندىن باشلاپ تەڭگە قۇيدۇرغان بولۇپ، شەكلى پوشكالدەك يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى يوق، ھەربىر تەڭگە بەش پۇڭدىن قىلىپ قۇيدۇرۇلغانىدى»㉟.

تەڭگە ناملىق كۈمۈش پۇلنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تىلغا ئالغاندا، ليۇ جىنتاڭ بۇ خىل كۈمۈش پۇلنىڭ ساپلىق ۋە ئېغىرلىق جەھەتتىكى كەمچىلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ياقۇپبەگ قۇيدۇرغان تەڭگە كۈمۈش پۇلنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن، گەرچە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رويخەتكە ئېلىشى بىلەن

كۆچادا كارخانا تەسىس قىلىنىپ سىناق تەرىقىسىدە كۈمۈش پۇل قۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەك ۋە خىراجەت كۆپ كەتكەنلىكتىن، بۇ تەدبىرنىڭ ئۇزاققا بارمايلا توختاپ قالغانلىقىنى دوكلات قىلدى. بۇ جەريان توغرىسىدا، ليۇ جىنتاڭ مۇنداق بايان قىلغان: «گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىلى، شەنشى، گەنسۇلارنىڭ سابىق مۇپەتتىشى زو زوڭتاڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ كۈمۈش پۇل قۇيۇشنى، ئۇنىڭ بىر دانىسىنى بىر پۇل قىلىپ، يېڭىچە مىس قېلىپتا قۇيۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئاندىن بۇ ۋەزىپە سابىق ياردەمچى باشبۇغ، شەندۇڭنىڭ قۇتانقۇچى بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن جاڭ ياۋغا تاپشۇرۇلۇپ كارخانا قۇرۇلۇپ، سىناق تەرىقىسىدە پۇل قۇيۇلدى. بۇنىڭغا ئەمگەك ۋە خىراجەت كۆپ كەتكەنلىكتىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا توختىتىپ قويۇلدى. شىمالىي شىنجاڭدا ئىشلىتىلىۋاتقان يارماقلار ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا، بازاردا يەنىلا تەڭگە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا يەنىلا تەڭگە ۋە قىزىل پۇل تەڭ ئىشلىتىلدى(36).

ليۇ جىنتاڭ يارماقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ قىيىن بولۇشىدىكى سەۋەبنى شەرھلىگەن چاغدا، ئالدى بىلەن خىراجەت غەملەشنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن، ئاندىن خام ئەشيانىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن، ئۇ ئەڭ ئاخىرى، «يۇقىرىقى ئىككى ئامىل تۈپەيلىدىن، يارماقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تەدبىرى شىنجاڭدا زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ»(37) دېگەن يەكۈننى چىقارغان، خام ئەشيا، يېقىلغۇ ھەمدە ئىش ۋاقتىغا كېتىدىغان خىراجەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلىغاندا، ئاقسۇدا بىر تىزىق يارماق قۇيۇش ئۈچۈن، توققۇز پۇل بەش پۇڭ ئالتە سەر كۈمۈش كېتەتتى. بىر تىزىق يارماقنى بىر سەر ئاق كۈمۈشكە ئالماشتۇرغاندا ئازراق پايدىسى قالاتتى. لېكىن، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان بىر تىزىق يارماق

بولسا بىر سەر توققۇز پۇڭ كۈمۈشكە باراۋەر كېلەتتى. بىر تىزىق يارماقنى بىر سەر ئاق كۈمۈشكە ئالماشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى قالمىغاندى. ليۇ جىنتاڭنىڭ ھېسابلىشىغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، ئەگەر يارماقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە شىنجاڭنىڭ بۇرۇنقى بازار باھاسى بويىچە 2 مىڭ تىيىن يارماقنى بىر سەر كۈمۈشكە ئالماشتۇرغاندا، ھۆكۈمەت 3 ھەسسە زىيان تارتاتتى[38].

چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ليۇ جىنتاڭنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، شىنجاڭدا ۋاقتىنچە يارماقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەي، داۋاملىق ھازىرقى پۇلنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ياقۇپبەگ دەۋرىدە قويۇلغان تەڭگە ـ كۈمۈش پۇل داۋاملىق پۇل ۋاستىسى قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئورتاق ئىشلىتىلدى. بۇ نەتىجىدىن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا پۇل قويۇش جەھەتتىكى تەدبىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

## 4. يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش

1887 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 11 مىليون 480 مىڭ 194 مو 4 پۇڭ 5 لى دەپ ستاتىستىكا قىلدى. چيەنلۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى پەقەت 7 مىليون 400 مىڭ مو كېلىدىغان بولۇپ، ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىلا 4 مىليون مودىن كۆپرەك ئاشتى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ئوخشاش بىر مەزگىل ئىچىدە، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1885 ـ

يىلى ئىلى رايونىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 130 مىڭ جىڭ ئىدى. 1888 ـ يىلىغا بارغاندا 3 مىليون 600 مىڭ جىڭغا يەتتى.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زور تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ پايدىلىق شارائىت ئېلىپ كەلدى. 1878 ـ يىلى چىڭ قوشۇنى جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا قايتا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولمىدى. پەقەت مۇشۇ تەرەپتىنلا دېھقانچىلىقتىكى تېرىش ۋە مول ـ ھوسۇل ئېلىش ئىشلىرى پەسىل ۋە ۋاقىت جەھەتتىن زور كاپالەتكە ئىگە بولدى.

ئۇرۇشنىڭ پەسىيىشى نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلىككە بارغان ئەمگەك كۈچلىرىنى يۇرتىغا قايتىپ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەرقايسى رايونلاردىكى سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىنىڭ رېمونت قىلىنىشى ۋە باج يىغىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇشۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1880 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ليۇ جىنتاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان «شىنجاڭنىڭ ئالتە يىلدىكى زاپاس ئاشلىقىدىن ئېلىنغان باجلارنىڭ سانى» دېگەن دوكلاتىدا ئاشكارىلىغان بىرنەچچە سانلىق مەلۇمات شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم.

بىرىنچى سانلىق مەلۇمات، چىڭ قوشۇنى ئۇرۇمچى قاتارلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يولىنى قايتۇرۇۋالغان ۋاقىتتا يەرلىكتىن ھەربىر دادەن ئاشلىقنى 8 ـ 7 سەر كۈمۈشتىن سېتىۋالغان. گەرچە باھا شۇنچە يۇقىرى بولسىمۇ يېتەرلىك ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان. ئەمما 1880 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدا ئاشلىق باھاسى ھەربىر دادەن پەقەت توققۇز

يارماق كۈمۈش بولدى. ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ ھەربىر دادەن ئاشلىق پەقەت بىر سەر كۈمۈش بولدى.

ئىككىنچى سانلىق مەلۇمات، شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى تۆۋەنلەپ دېھقانلارغا زىيان يېتىدىغان» ھادىسە كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئاشلىق باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش ۋەزىيىتىدىن ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلەندى.

ئۈچىنچى سانلىق مەلۇمات، 1880 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى (ئىلىدىن باشقا) دېھقانچىلىقتىن يىغىلغان باجنى ئاشلىققا سۇندۇرغاندا، 347 مىڭ 200 دادەندىن ئارتۇق بولدى. بۇ ساننى ئىككى يىل ئاۋۋالقىغا سېلىشتۇرغاندا 80 مىڭ دادەندىن كۆپرەك ئاشتى.

يۇقىرىقى ئۈچ سانلىق مەلۇماتتا ئەكس ئەتكىنى ① بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى ئېشىپ ـ تېشىپ «ئاشلىق باھاسى تۆۋەنلەپ، دېھقانلارغا زىيان يېتىدىغان» ھالغا چۈشۈپ قالدى. ② بۇ مەزگىلدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بۇغداي بىلەن قوناقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇغداي بىلەن قوناق دېھقانچىلىق بىجى ئېلىنىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتقا ئايلانغانىدى. ئەمما، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغىنى پاختىچىلىق بىلەن يىپچىلىك ئىدى.

پاختىچىلىق ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىقى بولۇپ، يەرلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغان تارماقلارنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز تۈردە كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان سودا پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە زور ئىلھام بېرىشىگە ئىگە بولغان.

گەرچە پاختىچىلىققا كېتىدىغان ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ

راسخوتى باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدىن زور دەرىجىدە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما پاختىنىڭ باھاسى باشقا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى ئىدى. ئاددىي بىر دېھقان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشىشنىڭ بىۋاسىتە يولى ئىدى، شۇڭا پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان.

ماتېرىياللاردا قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونى مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى دەپ كۆرسىتىلگەن. كونكرېت ئىپادىسى بولسا، يۇقىرىقى رايونلار دېھقانچىلىقتىن تاپشۇرىدىغان باجنىڭ بىر قىسمىغا پاختا تاپشۇرغان. قەشقەرنىڭ 600 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق پاختا، يەكەننىڭ 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق پاختا، 26 مىڭ 700 توپتىن ئارتۇق پاختا رەخت، ھەربىر توپ پاختىنى كۈمۈشكە سۇندۇرغاندا 26 يارماق بولىدۇ. خوتەننىڭ 5 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق پاختا، 26 مىڭ 800 توپ رەخت تاپشۇرۇشى بەلگىلەنگەن.

بەزى ماتېرىياللاردا قەشقەر بوستانلىقىدىكى پەيزاۋات بىلەن يېڭىشەھەر رايونىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، پەيزاۋاتنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 340 ـ 330 مىڭ جىڭ، يېڭىشەھەرنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 300 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق دەپ كۆرسەتكەن.

گەرچە ھەرقايسى ماتېرىياللاردا بۇ مەزگىلدىكى پاختىچىلىق ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە مەركەزلەشكەن دەپ تەسۋىرلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پاختىچىلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىمۇ زور كۆلەمنى ئىگىلىگەن. ئاۋات، ئاقسۇ ھەمدە شايار رايونلىرىدا پاختىچىلىق دېھقانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن.

تۇرپان ئويمانلىقى يەنىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاساسلىق پاختىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، كىشىلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىن چىقىدىغان پاختا تالاسىنىڭ ئوخشاش تۇردىكى باشقا جايلاردىكي پاختا تالاسىدىن ئۇزۇن بولغان يېڭى بىر سورت ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان. بۇ پاختا ئۇزۇنلۇق، سوزۇلۇشچانلىق، ئەۋرىشىمچانلىق جەھەتتىن كىشىگە پۈتۈنلەي يېڭى بىر تەسىر بەرگەچكە، شۇنىڭ بىلەن مەقسەتلىك ھالدا سۈپىتى يۇقىرى بولغان تاۋارلارغا ئىشلىتىشكە باشلىغان. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇنىڭغا «تۇرپان ئۇزۇن تالالىق پاختىسى» دەپ نام بېرىلگەن.

تۇرپاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي يەنە يېقىن قوشنا رايونلارنىمۇ تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق يىراق ئۆلكە رايونلار ۋە رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىمۇ سېتىلىدۇ.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ پىلىچىلىك تارىخى ئۇنىڭ دېھقانچىلىق تارىخى بىلەن تەڭ دېگۈدەك بولغاچقا بۇ رايوننىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بىراق ياقۇپبەگ باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىنكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ پىلىچىلىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. چىڭ قوشۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋالغان ۋاقىتتا كۆپ قىسىم پىلە باقىدىغان رايونلاردىكى كىشىلەر ئۈجمىنى ئاشلىق ئورنىدا ئىستېمال قىلىپ ئاچلىقنى باسقان. ئىنزچىل تۇردە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ يىپەكلىرىنى ئالىدىغان رۇسىيىلىك سودىگەرلەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا يېتەرلىك يىپەك سېتىۋالالمىغاچقا، سىچۈەنگە بېرىپ يىپەك سېتىۋالغان.

1880 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى زو زوڭتاڭ پادىشاھ

گۇاڭشۇگە سۇنغان مەلۇماتىدا شىنجاڭنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا توختىلىپ خېلى كۆپ يەرلىردە پىلىچىلىك ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرىنى بايان قىلغان.

بىرىنچى تەدبىر، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئۈجمە دەرىخىنى ستاتىستىكا قىلىشنى تاپشۇرغان. ستاتىستىكا نەتىجىسىدە جەنۇب بىلەن شىمالدا 800 مىڭ 600 تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمە دەرىخى بارلىقى يېزىلغان.

ئىككىنچى تەدبىر، جېجياڭدىن 60 نەپەر پىلە يېتىشتۈرۈش ئۇستىسىنى تەشكىللەپ شۇ جاينىڭ ئۈجمە كۆچىتى، پىلە تۇرى، پىلىچىلىك ئەسۋابىنى ئېلىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ يېڭىچە كۆچەت تىكىش، ئۇلاش، نوتا كۆمۈش، پىلە يۆيۈش، غوزەك يوشۇرۇش، يىپەك تارتىش، ياساش قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆگىتىش بولغان.

ئۈچىنچى تەدبىر، تۇرپان، قۇمۇل، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەردە پىلىچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگانلارنى قۇردى. كېيىن بۇ ئورگانلار تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ، 1883 ـ يىلى ئاقسۇدا پىلىچىلىك باش ئورگىنى، ئاقسۇ، ئايكۆل، يەكەن، خوتەن، يېڭىسار، قەشقەر، كۇچا، كورلا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا پىلىچىلىك تارماق ئورگىنى تەسىس قىلىندى. بۇ ئورگانلاردا مەخسۇس باشقۇرغۇچى خادىم ۋە ھەر دەرىجىلىك ئۇستىلار بولدى. بۇ ئورگانلاردىكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەر كۈنلۈك مائاشىنى كۈمۈشكە سۇندۇرغاندا سەككىز يارماق، يىپەك ئۇراش، ماشىنا قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان باش ئۇستىنىڭ كۈنلۈك مائاشى كۈمۈشكە باراۋەر ئالتە يارماق، ئۈجمە تىكىش، ئۇلاش، پىلىگە يېمەكلىك بېرىش، غوزەك يىغىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىتىدىغان ئىشچىنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى كۈمۈشكە باراۋەر 3 ـ 4 يارماق، بۇ

ئورگانلاردىكى شاگىرت ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ كۆڭلۈك تامىقى بەش پۇڭ، سەككىز پۇڭ ياكى بىر يارماق بولۇپ ئوخشاش بولمىغان.

يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلغاندىن كېيىن پىلىچىلىك ئىشلىرى ئۇيغۇرلار رايونىدا يېڭىچە تەرەققىياتقا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ يىپەكنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. زو زۇڭتاڭ بۇنىڭغا باھا بېرىپ: «ھەرقايسى رايونلارنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا شىنجاڭ يىپەكلىرىنىڭ رەڭگى ئوچۇق، سۈپىتى ياخشى، سىچۈەن يىپەكلىرىدىن قېلىشمايدۇ» دېگەنىدى. بۇ ئىشلارنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن زو زۇڭتاڭدا زور ئىشەنچ بار ئىدى. ئۇ: «جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈجمە دەرەخلىرى تېز ئاينىيدۇ، يۆتكەپ كۆچۈرۈش بىلەنلا، پىلىگە يېمەكلىك بەرسە بولىدۇ. ئوراش ئىشچىلىرى چاققانلىق بىلەن ئىشلىگەچكە ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلىپ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. «... شۇڭا ئۇنى غەربىي تۆت شەھەرگە ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا كېڭەيتىپ، تىرىقچىلىق بىلەن يىپەكچىلىكنى تەڭ راۋاجلاندۇرغاندا، پۇقرالار باي بولالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بىۋاستە يېڭى يىپەك سېتىۋېلىشى ئاسانلىشىپ ئۇلارنىڭ ئىچكىرىي جايلارغا بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ» (51).

پىلىچىلىكنىڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى نەزەردە تۇتۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئورگانلىرى پىلىچىلىك ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت بېجىرىدىغان ئىشنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، پۇقرالار پىلە بېقىشقا بولىدۇ. ئەمما يىپەكنى ئۆز ئالدىغا سېتىشقا بولمايدۇ. چوقۇم ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سېتىپ بېرىشى كېرەك» دەپ بېكىتتى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن كېلىپ چىققان دەسلەپكى ئۈنۈمگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۈجمە تېرىپ پىلە باقىدىغان دېھقانلار مەھسۇلات سېتىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كاپالەتنامىگە ئىگە بولدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى

ئۇيغۇرلار رايوننىڭ پىلىچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇشۇ تۇزۇلمە مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

شۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار رايوننىڭ چارۋىچىلىقىمۇ تەرەققىي قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ئۇلاغلارنىڭ سانى ئاشتى.

ئۇرۇشنىڭ ئاياغلىشىشى، شۇ يەرنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 1877 ـ يىلى چىڭ قوشۇنى ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلارغا يىغىلغان، ياقۇپبەگ توقسۇن قەلئەسىنى قوغداپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمال تەرىپىدە ھەر خىل ئىش ئۇچۇن تەييارلىغان تۆگە، ئات، قېچىر، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ ئومۇمىي سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ ئۇلاغلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئېغىر نەرسىلىرىنى يۆتكەشكە، قالغان بىر قىسمىنى ئىككى تەرەپ ئاتلىق قىسمىنىڭ مىنىشىگە ئىشلىتىلىپ، بىۋاسىتە ئۇرۇشقا خىزمەت قىلغان.

جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرى ئۇرۇشتىن ئالغان ئولجا سۈپىتىدە چىڭ قوشۇنىغا قالدۇرۇلدى ياكى خەلقلەرگە تارقىتىلىپ پۇقرالارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ قوشۇنىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ يەنە خەلقتىن ئېلىپ ئىشلىتىشنىڭ ئورنى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئات ـ ئۇلاغلارغا كۆپ چىقىم كەتكەچكە، چىڭ قوشۇنىنى تارقىتىشتىن ئىلگىرى خېلى كۆپ ساندىكى ھەر خىل ئات ـ ئۇلاغلارنى شاللىۋەتتى. شاللىۋەتكەن بۇ تۆگە، ئات،

قىچىر، ئېشەكلەر خەلقىنىڭ ئىشلىتىشىگە ۋە يېيىشىگە تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ ئۆزگىرىش بىلەن تەڭ ئۇلاغقا تايىنىپ مال يۆتكەشنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. چىڭ قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا، لياڭجۇدىن گۇچۇڭغىچە ھەر يۈز جىڭ ئاشلىقنى سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش باھاسى كۈمۈشكە باراۋەر 22 سەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۆتكەش ھەققى تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. 1883 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ليۇ جىنتاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەلۇماتىدا: «تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەر يۈز جىڭلىق ھارۋىنىڭ يۆتكەش باھاسى تۆت سەر كۈمۈش، تۆگە بىلەن يۆتكەش باھاسى ئۈچ يارماق كۈمۈش بولۇپ، توشۇش باھاسى كۆرۈنەرلىك ھالدا تۆۋەنلىدى.» دېيىلگەن. خەلققە بۆلۈپ بېرىلگەن ئات ـ ئۇلاغلار توشۇشقا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، زور كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلدى. دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا يەر ئاغدۇرۇش، مال يۆتكەش، ئېتىزدا ئىشلەش قاتارلىق ئىشلاردا كەڭ كۆلەملىك ئىشلىتىلدى.

سۇپەت ۋە ساندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ چارۋىچىلىقى قوتاندا بېقىش شەكلىنى ئاساس قىلغانىدى. قوتاندا بېقىلىدىغان ئۇلاغلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس مىنىدىغان ئېسىل نەسىللىك ئات، سۇتلۇك كالا، بوردالغان قوي قاتارلىقلار بار بولغاچقا، قوتاندا بېقىلىدىغان ئۇلاغلار نۇرغۇن يەرلەردە شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ھەرقايسى رايونلاردىكى ئۇلاغ بازىرىنىڭ يۇكسىلىشى مۇشۇ مەزگىلدە باقمىچىلىق كەسپىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايون دائىرىسىدە ئۇلاغ بازىرى داۋاملىق شۇ يەرنىڭ مۇھىم ئىقتىساد بازىرى بولۇپ قالدى. بۇ يەردە ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەر خىل ئۇلاغ سودىسى بولۇپ تۇردى. بۇ خىل سورۇندا پائالىيەت قىلىدىغانلار سانقۇچىلار ۋە

سېتىقۋالغۇچىلار بولسىمۇ، ھەممىدىن كۆپى بېدىك بولۇپ، بېدىكلەر جاپا ـ مۇشەققەتكە قارىماي، ئېغىزى بېسىقماي سۆزلەپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەتكىنىگە قارىماي مال سودىسى قىلاتتى. ئەلۋەتتە بېدىكلەرنىڭ ئېرىشكەن پۇلىمۇ كۆپ بولاتتى. نۇرغۇن بېدىكلەر مۇشۇ ئىشنى كەسىپ قىلىپ ئائىلىسىنى باقاتتى. باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق تۇردە ھەرقايسى رايونلاردا مەلۇم كۆلەمدە يەم ـ خەشەك بازىرى شەكىللەندى. يەم ـ خەشەك بازىرىدا ئاساسلىق ئالماشتۇرۇلىدىغىنى ئۇلاغلارغا يەم ـ خەشەك قىلىدىغان قارا ئاشلىق ھەمدە قۇرۇق، ھۆل بېدىلەر ئىدى. ئۇلاغ بازىرى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى يەم ـ خەشەك بازىرى ئاساسىي جەھەتتىن سانقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىدىن تەركىب تاپاتتى. سانقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇقىم ئورنى بار تىجارەتچىلەر بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ دۇكىنى ۋە يەم ـ خەشەك ساقلايدىغان يېرى بولاتتى. ئالماشتۇرۇش بىۋاسىتە سانقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، بېدىك ئىنتايىن ئاز ئارىلىشاتتى.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ چارۋىچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىگە نىسبەتەن «تۆپرىقى مۇنبەت، ھوسۇلى كۆپ، بۇغداي ـ قوناقنىڭ ھوسۇلى 100 دەنگە يېتىدۇ. كالا، قوي، تۆگە ئاتلارغا بايلارنىڭ ماللىرى گىرەلەشكەن ھالدا ئېتىزلاردا توپ ـ توپ يۈرىدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن.

باغۋەنچىلىك كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر يۇقرالار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ماددىي تۇرمۇشنىڭ شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تەشكىلىي قىسمى ھېسابلىناتتى.

ماددىي تۇرمۇشنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باغۋەنچىلىك ئۇيغۇر يۇقرالىرىنىڭ يېمەكلىكىدىكى

كەمچىلىكىنى تولۇقلايدۇ. ھەر خىل مېۋىلەر بەلگىلىك پەسىلدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تايىنىدىغان ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى. مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن باغۋەنچىلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىي بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرىدىغان ۋاستىلىرىدىن بىرى بولدى. بىراق باغۋەنچىلىكنىڭ بوشلۇق شارائىتى ۋە ۋاقىت شارائىتىغا بولغان تەلىپى بەك قاتتىق بولغاچقا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ھالقىسىدا ئەڭ ئاجىز ھالقا بولۇپ قالدى.

تەبىئىي ئاپەت، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپسىزلىكى بولۇپمۇ، ئۇرۇشنىڭ باغۋەنچىلىككە كەلتۈرگەن زىيىنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار دەرەخلەرنى يا كېسىپ، يا كۆيدۈرۈپ نابۇت قىلاتتى. ھەتتا سۇغىرىش ۋاقتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ئۇلاش پەيتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

مېۋە شەربىتى ياساش تېخنىكىسى مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باغۋەنچىلىك تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى ئىدى. مېۋە - چېۋىلەرنى تېخىمۇ ئىلغار يېڭى پېتىچە ساقلاش تېخنىكىسى ئۆستى. ئىچىملىككە ئىشلىتىدىغىنى ئۈزۈم بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۈجمە، ئۆرۈك، شاپتۇللارمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ ئانار شەربىتىنى ياساش ئومۇملىشىپ تېخىمۇ ياخشىلانغاچقا ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىي دەرىجىلىك ئىچىملىك بولۇپ قالدى. «مۇسەللەس» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈزۈم ھارىقى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ زىياپىتىدە چوقۇم داستىخانغا كەلتۈرۈلىدىغان ئىچىملىك بولۇپ قالدى. كېيىن مۇسەللەسكە ھەر خىل قۇشلارنىڭ قېنى قوشۇلۇپ قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىندى. «مۇسەللەس» ياساش تېخنىكىسى جەھەتتە ئاۋات، خوتەن ھەممىدىن داڭلىق ئىدى. ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونىدا ھويلىنى باغۋارانلاشتۇرۇش ئومۇملىشىپ، بۇ مەزگىلدىكى جەمئىيەتنىڭ

مۇقىملىقى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى. تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن كىشىلەر ھويلا ـ باغلىرى گۈللەنگەن يېزىلارنى كۆرسە قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىسى دەپ ھۆكۈم قىلاتتى. باغۋەنچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلىشىپ بىر خىل تەبىئىي ھەم ئىناق تەسىرنى پەيدا قىلغانىدى.

## 5. قاتناش يوللىرىنى ئېچىش

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانىنى 1 مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دەپ بېكىتتى، ھەمدە بۇ رايوننىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر بىلەن قارشىلىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بولۇپمۇ، بۇ قارشىلىشىشنىڭ ئاساسلىقى چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا چاررۇسىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن قارشىلىشىش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇردى.

دۆلەت قۇرۇش تەلىپىنى بولۇپمۇ، چاررۇسىيىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى رەت قىلىش بۇنىڭ كونكرېت مىسالىدۇر.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا رۇسىيە بىلەن قارشىلىشىشنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبى چاررۇسىيىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەنگلىيە سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتتە ياقۇپبەگنى قوللاپ مەدەت بەردى. بۇ تەرەپمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ

ئەنگلىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدا قارشىلىشىشنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيىنىڭ ياقۇپبەگكە سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەتتا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ۋە قوللىشى رۇسىيىدىن ئېشىپ كەتتى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەسلىدە كەشمىردىن يەكەن ئارقىلىق ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان جەنۇبىي يۆنىلىش تاشيولى، شۇنداقلا قەشقەر، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان غەربىي يۆنىلىش تاشيول قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ۋاقىتىنچە توختىتىلدى.

شۇ يىلى (1878 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئېلىئاس ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك يەكەنگە كېلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە قەشقەر بىلەن لاداق ئارىلىقىدا يېڭى سودا قاتناش يولى ئېچىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئۆزئارا چاررۇسىيە توغرۇلۇق ھەر خىل ئاخبارات ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ تەكلىپلىرى ئاخىر چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

1880 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئېلىئاس يەنە بىر قېتىم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ، قەشقەردە چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان سودا يولىنى قايتا ئېچىش ئىشىنى سۆھبەتلەشتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي دوگلاس ئىسىملىك يەنە بىر ئەنگلىيىلىك 30 نەچچە ئاتتىن تەركىب تاپقان سودا كارۋىنىنى باشلاپ يەكەنگە كەلدى. بۇ سودا كارۋىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى جەنۇبىي يۆنىلىش تاشيول قاتناش لىنىيىسىدە ماڭغان

تۆنجى چەت ئەل سودا كارۋانلىرىدۇر.

چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرى بۇ قاتناش لىنىيىسىدە ماڭغان چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى رەت قىلغاچقا، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قاتناش لىنىيىسىدە ھىندىستان ۋە كەشمىرنىڭ سودا كارۋانلىرى كۆرۈلمىگەندى.

1885 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دوگلاس قايتا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كەلدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇ سودىگەر سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس بەلكى بىر ساياھەتچى سۈپىتى بىلەن كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئەنگلىيىنىڭ بومبايدا تۇرۇشلۇق كېرىل ئىسىملىك بىر مەمۇرىي ئەمەلدارىمۇ بىللە كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يېرىم يىل ئىچىدە، ئۇلار ئىككىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كېرىيە، خوتەن، كۇچا، كورلا، تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق جايلارغا باردى. ئەڭ ئاخىر يەكەندىن ئۆزلىرىنىڭ پىرىنى باشلىغان جايىغا قايتقان. كېرىل ئۇزاق ئۆتمەي ھەقىقىي ئىشلار خاتىرىلەنگەن كىتابى «جۇڭگو تۈركىستانىنى ساياھەت قىلىش خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن دوگلاس بىلەن كېرىلنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتى ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەندى.

ئەمما تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي قاتناش لىنىيىسىدىكى قاتناش ئەھۋالىنى ۋاراقلىساق جەنۇبىي يۆنىلىش قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پەقەت 1881 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» رۇسىيىنىڭ پېتربۇرگدا ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئاندىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۆنىلىش قاتناش لىنىيىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇزاق ئۆتمەي، شەرتنامىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، چىڭ

سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا رۇسىيىنىڭ سودا پائالىيەتلىرىگە بولغان چەكلىمىسىنى بوشاشتۇردى. ئەمما، شەرتنامىدە ماللارنى ئاپىرىدىغان ۋە توشۇيدىغان يول لىنىيىسىگە نىسبەتەن قاتتىق بەلگىلىمە بولغاچقا، دەسلەپكى بىر مەزگىل ئىچىدە غەربىي يۆنىلىش قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سودا پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ زور دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ غەرب بىلەن بولغان قاتنىشىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى بىرقەدەر جەلپ قىلىدىغىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش پائالىيىتى بولدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشتىكى قاتناش لىنىيىسى تەپسىلىي بايان قىلىنغان: «1. قەشقەردىن ئاتلىق غەربكە مېڭىپ، مىڭيول قورغىنى ئارقىلىق بەش كۈندە ئەركەشتامغا يېتىپ بارىدۇ. يەنە غەربكە مېڭىپ ئوشتىن ئۆتۈپ پەرغانە ۋە قوقەندكە يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردىن پويىزغا ئولتۇرۇپ غەربكە قاراپ مېڭىپ بۇلغار چېگرىسىدىن ئۆتۈپ 57 سائەتتىن كېيىن ئۇزنتاغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ 18 سائەت ماڭغاندىن كېيىن، باكۇغا يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن يەنە پويىزغا ئولتۇرۇپ غەربىي شىمالغا قاراپ 16 سائەت ماڭغاندىن كېيىن تەبرىزغا يېتىپ بارىدۇ. يەنە غەربكە قاراپ 18 سائەت ماڭسا باتۇمغا، يەنى قارا دېڭىز ئېغىزىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ 92 سائەت ماڭغاندىن كېيىن تۈركىيىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئوتتۇرا

دېڭىزدىن ئۆتۈپ، قىزىل دېڭىزغا كىرىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە جىددە شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ شەرققە ئىككى كۈن ماڭسا مەككىگە يېتىپ كېلىدۇ.

2. قەشقەردىن ئاتلىق غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، تۆشۈك تاش قورغىنى ئارقىلىق ئالتە كۈندە ئۇلۇغئارت داۋىنىغا يېتىپ كېلىدۇ. يەنە غەربىي شىمالغا قاراپ تۆت كۈن ماڭسا رۇسىيىگە قاراشلىق نارىن دەرياسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە غەربىي شىمالغا توققۇز كۈن ماڭسا، رۇسىيىگە قاراشلىق تاشكەنت شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ بەش كۈن ماڭسا رۇسىيىگە قاراشلىق سەمەرقەندكە يېتىپ كېلىدۇ، يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ سەككىز كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئافغانىستان بىلەن بۇخارا چېگرىسىدىكى ئامۇ دەرياسىغا يېتىپ كېلىدۇ، كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىككى سائەت مېڭىپ، جەنۇبىي قىرغاققا چىقىپ ئىككى كۈن ماڭسا، ئافغانىستانغا قاراشلىق مازار شېرىپقا يېتىپ كېلىدۇ. يەنە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 14 كۈن ماڭسا، كابۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن قۇرۇقلۇق يولى بىلەن يەنە شەرقىي جەنۇبقا ماڭغاندا، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كېلىدۇ. 3. قەشقەردىن ئاتلىق غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، تاشمىلىق قورغىنى ئارقىلىق توققۇز كۈندە تاشقورغانغا يېتىپ كېلىدۇ. يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ يەتتە كۈن ماڭسا، ئافغانىستانغا قاراشلىق ۋاخانغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە غەربىي جەنۇبقا يەتتە كۈن ماڭسا، ئافغانىستانغا قاراشلىق بەدەخشانغا يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن غەربكە قاراپ سەككىز كۈن ماڭسا ئافغانىستانغا قاراشلىق كابۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. يەنە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 12 كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئەنگلىيىگە قاراشلىق پىشاۋۇرغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن پويىزغا ئولتۇرۇپ شەرقىي جەنۇبقا يەتتە سائەت ماڭسا، ئەنگلىيىگە قاراشلىق لاھورغا بارىدۇ، ئاندىن

غەربىي جەنۇبقا 13 سائەت ماڭسا، ئەنگلىيىگە قاراشلىق دارافقا يېتىپ كېلىدۇ. يەنە غەربكە قاراپ 77 سائەت ماڭغاندىن كېيىن بومبايغا، يەنى ھىندىستان دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ھىندى دېڭىزىدا شەرقىي جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، ئاندىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ قىزىل دېڭىزغا كىرىپ تۈركىيىگە قاراشلىق جىددە شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ.»㊼

ئومۇمەن، بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان قاتناش ئىشلىرىدا، سىياسىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان قاتنىشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولالمىدى.

شۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاتناش ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى تەڭرىتېغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يول تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى قاتناش يولىغا توسالغۇ بولۇۋاتقىنى يەنىلا خەتەرلىك تەبىئىي مۇھىت ئىدى. قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان تىك تاغ يوللىرى، پات - پات يامرايدىغان كەلكۈن كىشىلەرگە بۇ قاتناش يولىنى مېڭىش تەس بولغان خەتەرلىك يول دەپ ھېس قىلدۇرغان. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر خىل مەنپەئەتلەرنىڭ تۈرتكىسى ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ھەرقايسى يوللار ئاساسەن دېگۈدەك شۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن تەڭ ھەرىكەتكە كەلدى. دۇنياغا داڭلىق بولغان يىپەك يولى شىنجاڭدا ئەنە شۇ تاغ يوللىرىنى ئاساس قىلغان. سىياسىي مۇھىتمۇ تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى قاتناش يولىغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ياقۇپبەگ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلىۋالغان،

چاررۇسىيە غۇلجىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغ
تىزمىلىرىدىكى قاتناش يوللىرىنىڭ پۈتۈنلەي توختاش ھالىتىدە
تۇرغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى قاتناش يولىنىڭ توسۇلۇشىغا
سەۋەبچى بولغان سىياسىي مۇھىت چىڭ قوشۇنى تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يوقالدى. يېڭى
شارائىتتىن پايدىلىنىپ تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان
قاتناش يولىدا قايتا گۈللىنىشنىڭ بولۇشى، مۇشۇ مەزگىلدىكى
شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرىنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى.
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلىگە
كېلىشى، بۇ مەزگىلدىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى
قاتناش ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولدى. 19 ـ
ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي
شىمالىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بارىدىغان قاتناش توپتوغرا
10 يىل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى
غەربتىكى چېگرا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى موڭغۇلىيە
ئارقىلىق ئالاقىلىشىشقا مەجبۇر بولغانىدى، يەنى بېيجىڭ - جاڭجياكۇ - ئۇلانباتۇر -
قوبدو - ئۇلاستاي - تارباغاتاي قاتناش يوللىرىغا يۆلىنىشكە مەجبۇر
بولغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پەقەت خىشى كارىدورى
ئارقىلىقلا ئاندىن شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدىكى
دەپ قارايتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىغا يۈرگۈزگەن باشقۇرۇش دەرىجىسىنى تولۇق نامايان
قىلالايتتى. بۇ نۇقتىغا قارىتا، چىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى
سەپتىكى قوماندانى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەدبىر
بەلگىلىگۈچىلىرى پۈتۈنلەي ئورتاق كۆز قاراشتا ئىدى. شۇڭا،
خىشى كارىدورىنى ۋاسىتە قىلغان ئەنئەنىۋى قاتناش يولىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش غەربكە يۈرۈش

قىلغان چىلڭ قوشۇننىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى ئىدى. زور قوشۇننىڭ ئارقا سەپتىكى يۈتكەش ئېھتىياجى بۇ قاتناش يولىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە مۇكەممەللىششىنى ئەڭ دەسلەپكى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە بۇ قاتناشنىڭ توشۇش مىقدارى ۋە توشۇش كۈچى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلدى.

ليۇ جىنتاڭ بۇ قاتناش يولىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھەربىي تەمىنات، ھەربىي كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغ، ئاشلىق يۆتكىلىدۇ دېگەنىدى.

قۇمۇل تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بارىدىغان قاتناشنىڭ مۇھىم يولىدا بولغاچقا، ھەربىي تەمىنات، ھەربىي كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغ، ئاشلىق يۆتكەش ئىشىغا مەسئۇل بولغان ئورگان قۇمۇلغا قۇرۇلدى.

ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرىدىن ئاشلىق بارگاھلىرى، ھەربىي كىيىم - كېچەك بارگاھلىرىنى ياسايدىغان باش ئورگان ھەمدە ئاشلىق يۆتكەشنى كۆزىتىدىغان باش ئورگانلار بار ئىدى.

قۇمۇلدىن باشقا يەرلەردە گۇچىڭ ساقلاش باش ئورگىنى قۇرۇلدى. باشقا يەرلەردە يىغىپ يۆتكەش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. يىغىپ يۆتكەش ئورۇنلىرى شىخەن، يۇمېن، دۇنخۇاڭ، بارىكۆل، جىمسار، تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، بۇگۇر، كۇچا قاتارلىق يەرلەردە قۇرۇلدى.

ھەرقايسى يىغىپ يۆتكەش ئورگانلىرىنىڭ قارىمىقىدا ئوت - چۆپلەرنى سېتىۋالىدىغان ۋە زاپاس ساقلاشقا مەسئۇل بولىدىغان ئوت - چۆپ ئورگانلىرى بار ئىدى. ئوت - چۆپ ئورگانلىرىنىڭ تارقىلىشى ھەممىدىن كەڭرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەرقايسى شەھەر - بازارلارنىڭ مەركىزىي ھالقىسىغا جايلاشقانىدى، يەنە كېلىپ ھەرقايسى قاتناش يوللىرىنىڭ نورمال ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسلىق كۈچ ئىدى.

جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ، بولۇپمۇ سۇ مەنبەسى شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، كېيىن ئوت - چۆپ ئورگانلىرىنىڭ تارمىقىدا بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلارغا تارماق ئوت - چۆپ پونكىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەشنى كۈچەيتتى ۋە ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەشنىڭ زاپىسىنى كېڭەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇلغا 16 ئورۇندا، بارىكۆلدە بەش ئورۇنغا، تۇرپاندا يەتتە ئورۇنغا قاراشەھەردىن كورلىغىچە توققۇز ئورۇنغا، چەرچى، قارايۇلغۇن، باي، سايرامغا بىردىن ئوت - چۆپ پونكىتى قۇرۇلدى.

ھەر دەرىجىلىك قاتناش ئورگانلىرىغا باشقۇرغۇچى خادىم ۋە ئىش بېجىرگۈچى خادىملار قويۇلدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇن ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى ئوخشاش دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، قۇمۇلدىكى ئاشلىق بارگاھلىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى يەرلەردىكى يىغىپ يۆتكەش ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرچە خەت ھەمدە ئۇيغۇر تەرجىمان بولۇپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىش قويۇقلاشتۇرۇلدى.

ماددىي بايلىقنى يۆتكەشتىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاتناش ئارقىلىق ھۆكۈمەت خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر يەنى شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي بۇيرۇقلارنىڭ راۋان توسالغۇسىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. رابات تۈزۈمى مۇشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان.

## 6. سودىنى جانلاندۇرۇش

شەھەر سودىسى، بازار سودىسى، دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار سودا بۇ دەۋردە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سودا

پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئىدى.
جايلاردىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقى، مۇشۇ دەۋردىكى شەھەرلەرنىڭ سودا - سېتىق ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. سودا دۇكانلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى سودىسىنىڭ شۇ جايلاردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەندى.
قەشقەر مۇشۇ دەۋردىكى شەھەر سودىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم بازار ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: سۇلى (قەشقەر) «تۇپرىقى مۇنبەت، مول ھوسۇللۇق جاي بولۇپ، ھەر يىلى بۇغداي، قوناقتىن ئون نەچچە تۈمەن دەن ھوسۇل ئالىدۇ.
كالا، قوي، تۆگە، ئاتلار توپ - توپى بىلەن يۈرىدۇ. ئېسىل ماللار توپلانغان بولۇپ، ھەممىنى جەلپ قىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ جاي پامىرنىڭ شەرقىدىكى مەشھۇر بازار»⑩.
تۇرپاننىڭ شەھەر سودىسى يەنە باشقىچە ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «چوڭ يول ئۈستىدە، شەرق (شىمال) تەرىپى ئۆلكە مەركىزىگە (ئۈرۈمچىگە دېمەكچى — ت) يېقىن، قارا شەھەر بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، پاختا، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم كۆپ چىقىدۇ، ھەر يىلى رۇسىيىگە زور مىقداردا توشۇلىدۇ»⑪ دېيىلىدۇ.
جۇغراپىيىلىك مۇھىت تەسىرىدىن، ئىلى بۇ دەۋردىكى شەھەر سودىسى ئەڭ گۈللەنگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «ئىلى رۇسىيە بىلەن چېگرىداش، رۇسىيە سودىگەرلىرى بۇنىڭدىن باج يىغىپ، دۇكان ئىجارە بېرىپ بېيىپ كەتكەن. بۇ جاي تەگرىتېغىنىڭ

شىمالىدىكى بىر مەشھۇر بازار»[62] دېيىلگەن.

شەھەرلەردىكى سودىنىڭ گۈللىنىشى مالنىڭ توپلىنىش ۋە تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى جايلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغان. بۇ خىل ئالاقىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى شەھەرلەردىكى سودىدا ماللارنىڭ كۆپ خىللىشىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ دەۋردىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى چوڭ بازارلاردىكى ماللارنىڭ كۆپچىلىكى خوتەن، خۇبېي، خېبېي، خېنەن، شەنشى، سەنشى، سىچۇەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەنىدى[63].

تاۋارلارنىڭ تېز سۈرئەتتە جۇغلىنىشى ۋە تارقىلىشى يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ جاينىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى بولۇپمۇ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە بۇ ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتىكى رىقابەتنى كۈچەيتكەن، بۇ ئۈرۈمچى، جىمسار، قەشقەر، كۇچا، خوتەن، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا خېلىلا گەۋدىلىك بولغان.

خوتەننى مەركەز قىلغان كېرىيە، لوپ، گۇما قاتارلىق جايلاردا توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرى 1200 تۈتۈندىن ئارتۇق ئائىلە بولۇپ، مەلۇم كۆلەمدىكى يىپەك توقۇلما ماللار مەركىزىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان گىلەم نۇسخىلىرى ھەر خىل رەڭ گۈللىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان» بولۇپ، ھەر يىلى 5 ـ 4 مىڭ پارچىسى رۇسىيە بىلەن ھىندىستانغا سېتىلىپ تۇرغان. بۇ جايدىكى بۆزمۇ «رەڭگى ئاپاق، تالالىرى قويۇق، ئىنى كەڭ، ئۆلچەملىك بولۇپ، گەنسۇ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەتتا رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئەنجانغىچە يىلىغا نەچچە تۈمەن توپ سېتىلغان»[64].

شەھەرلەردىكى سودىنىڭ گۈللىنىشى يەنە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا يۆلەش ـ تايىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈردى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تەڭشەيدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان مۇھىم ئورۇنغا ئايلاندى. بۇ خىل ئەھۋال شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ھەر خىل ھۆكۈمەت پەرمانلىرى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا بازار ئارقىلىق ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئاممىسىغا ئۆز ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈلگەنىدى.

بازار سودىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىدى. كۆلىمىگە ماس كەلگەن توپلاش ۋە تارقىتىش ئىقتىدارى، نەگىلا يايما يايسا شۇ يەردە بازار بولۇشتەك ماسلىشىشچانلىقى بازار سودىسىنى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي تارماقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغانىدى.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ بازار سودىسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بىر دەۋر بولدى. مۇشۇ دەۋردىن باشلانغان ئۇرۇش ئوتى جايلاردىكى بازار سودىسىنى بىر مەزگىل ۋاقىتىنچە توختىتىپ قويغان بولۇپ، ياقۇپبەگ يوقىتىلغاندىن كېيىن، بازار سودىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئەڭ بۇرۇن ئەسلىگە كەلگەن تارماقلارنىڭ بىرى بولدى.

بازار سودىسىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار قاتناش شارائىتى، مەھسۇلات دەرىجىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە شەھەرلەردىكى سودا ـ سېتىقتا ئېقىۋاتقان تاۋارلارنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى.

بازاردىكى ئاشۇ ئاددىي ۋە بىۋاستە ئالماشتۇرۇش شەكلىنى

بازارغا كىرگەن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ياقتۇراتتى ۋە شۇ بويىچە سودا قىلاتتى، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ئادەتتىكىچە بولغان بۇيۇملار بىلەن يەنە بەزى بۇيۇملار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودا شەكلى بازارغا كىرگەن نۇرغۇن دېھقان ۋە قول - ھۈنەرۋەنلەر ئوتتۇرىسىدا خېلىلا كۈچلۈك جەلپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرى باج تۈزۈمىنى قايتا تۈزگەن چاغدا سودا بېجىنىڭ دائىرىسى ھەرقايسى چوڭ رەستىلەردىكى مۇقىم دۇكاندارلار ۋە بازارچىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. جايلاردىكى بازار سودىسىغا نىسبەتەن باج يىغىش جەھەتتە ئېنىق بەلگىلىمە چىقارمىغان بولغاچقا بازار سودىسىدىكى باجنى قويۇۋەتكەن. روشەنكى، دەسمايىسى ئازراق بولغان سودىگەرلەرنىڭ باج تۆلىمەسلىك ئەۋزەللىكىنى قوغلىشىپ بازارلارغا توپلىنىشى مۇشۇ دەۋردىكى بازار سودىسىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خوتەن بوستانلىقىدىكى چىرا، قەشقەر بوستانلىقىدىكى پوسكام، كۇچا بوستانلىقىدىكى توقسۇ شۇ دەۋردىكى ئەڭ ۋەكىللىك بازارلاردىن ئىدى.

تاشقى سودا بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم تەركىب ئىدى. تاشقى سودا ئاساسلىقى رۇسىيە بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى، 1888 - يىلى «رۇسىيە سودىگەرلىرى ھەر يىلى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىدىغان - كېتىدىغان مالنىڭ قىممىتى تەخمىنەن بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ تۈمەن سەر تەڭگىگە يېتەتتى» .⑥⑤ شۇ يىلى ئاقسۇدا «ئىككى يۈز نەچچە مىڭ سەرگە يەتكەن»⑥⑥ .

تۇرپاندا «پاختا، قوغۇن، ئۈزۈم كۆپ، ھەر يىلى رۇسىيىگە توشۇلىدىغان بولۇپ، قىممىتى نەچچە ئون تۈمەنگە يېتىدۇ»⑥⑦ .

رۇسىيىلىك باگىياۋلىنىسكىنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ دەۋردە رۇسىيىدىن شىنجاڭغا توشۇلىدىغىنى پاختا رەختلەر ئىدى. مەسىلەن، گۈللۈك رەخت، قىرغىز رەختى، تىيىن تېرىسى رەختى، قېلىن پاختا رەخت، چىپەرقۇت شۇنداقلا باشقا پاختا رەختلەر.

ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى تۆمۈر ۋە تۆمۈر مەھسۇلاتلار بولۇپ قالغانلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپى سەرەڭگە، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، قەغەز، ئەينەك قاچا - قۇچا قاتارلىقلاردۇر. شىنجاڭدىن رۇسىيىگە توشۇلىدىغان ئاساسلىق تاۋارلار كالا، ئات، قوي شۇنداقلا تېرە، يۇڭ، يال، ماي قاتارلىقلاردۇر. پاختىمۇ رۇسىيىگە توشۇلىدىغان ئۇنىۋېرسال مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى ئىدى.

پايدىلانمىلار

① «خۇنەن قوشۇنى تەزكىرىسى»، 19 - جىلد، 34 - بەت.

② «شەنشى - گەنسۇنى تىنچىتىشنىڭ يىڭى تەدبىرلىرى»، 305 - جىلد.

③ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت لىۋ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 51 - جىلد.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 2 - جىلد.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب.

⑥ «چىڭ ئوردىسىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخى ماتېرىياللىرى. گۇاڭشۇخان دەۋرى»، 26 - جىلد.

⑦ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 50 - جىلد، 34 — 35 - بەتلەر.

⑧ «چىڭ ئوردىسىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخى ماتېرىياللىرى. گۇاڭشۇخان دەۋرى»، 26 - جىلد.

⑨ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى» 56 - جىلد، 20 — 21 - بەتلەر.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 56 - جىلد، 29 — 32 - بەتلەر.

⑪ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت لىيۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 2 ـ جىلد.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 2 ـ جىلد، «شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي تۆت شەھەردە ھەرقايسى ئىشلارنى تاماملاش ھەمدە زورۇر ئىشلارغا تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە».

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 2 ـ جىلد.

⑭ «شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار بايانىغا تولۇقلىما»، 5 ـ جىلد، 46 — 47 ـ بەتلەر.

⑮ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت لىيۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى» 2 ـ جىلد.

⑯ فىڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 2 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى، 404 ـ بەت.

⑰ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت لىيۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 9 ـ جىلد، 49 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 9 ـ جىلد، 50 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 9 ـ جىلد، 58 ـ بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 10 ـ جىلد، 50 ـ بەت.

㉑ «شەنشى ـ گەنسۇنى تىنچىتىشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرى»، 318 ـ جىلد.

㉒ «گۇاڭشۇخان دەۋرىدىكى شەرقىي جايلار توغرىسىدا خاتىرىلەر»، 102 ـ جىلد.

㉓ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 53 ـ جىلد، 34 ـ بەت.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 53 ـ جىلد، 34 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 56 ـ جىلد، 22 ـ بەت.

㉗ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت لىيۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 3 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 12 ـ جىلد، 27 ـ بەت.

㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 12 ـ جىلد، 37 — 38 ـ بەت.

㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 12 ـ جىلد، 38 ـ بەت.

(31) «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 53 ـ جىلد، 88 ـ بەت.

(32) «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 13 ـ جىلد، 16 ـ، 18 ـ بەتلەر.

(33) «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 56 ـ جىلد، 23 ـ بەت.

(34) «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 13 ـ جىلد، 49 ـ بەت.

(35) يۇقىرىقى كىتاب، 13 ـ جىلد، 49 ـ بەت.

(36) يۇقىرىقى كىتاب، 13 ـ جىلد، 49 ـ بەت.

(37) يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(38) يۇقىرىقى كىتاب، 13 ـ جىلد، 50 ـ بەتنىڭ ئاستى.

(39) «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 12 ـ جىلد، 37 ـ، 38 ـ بەتلەر.

(40) «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 2 ـ قىسىم، 420 ـ بەت.

(41) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، 254 ـ بەت.

(42) «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 3 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

(43) سۇ شيۇڭ: «غەربىي يۇرت بايان ـ نەزمىلىرى»، 3 ـ جىلد.

(44) ۋاڭ شۇنەن: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 4 ـ جىلد.

(45) «غەربىي يۇرت بايان ـ نەزمىلىرى»، 3 ـ جىلد.

(46) «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 56 ـ جىلد، 24 ـ بەت.

(47) يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(48) «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 56 ـ جىلد، 24 ـ بەت.

(49) «مەدەتكار، تۆھپىكار ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 5 ـ جىلد، 64 ـ بەت.

(50) «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى» 56 ـ جىلد، 24 ـ بەت.

(51) يۇقىرىقى كىتاب، 56 ـ جىلد، 24 ـ بەت.

(52) «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 28 ـ جىلد، 6 ـ بەت.

⑬ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 5 ـ جىلد، 57 ـ بەت.
⑭ «غەربىي يۇرت بايان ـ نەزمىلىرى»، 3 ـ جىلد.
⑮ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 4 ـ جىلد.
⑯ چارروسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» گە ئاساسەن بېسىۋالغان 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك زېمىننى ۋە كېيىنرەك يەنە چارروسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئېلىمىزنىڭ سارىقۇل چوققىسىنىڭ غەربىدىكى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
⑰ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 76 ـ جىلد، «يوللار. 4»، 12 — 13 ـ بەتلەر.
⑱ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 5 ـ جىلد، 53 ـ بەت.
⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 58 ـ بەت، 59 ـ بەت.
⑳ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 4 ـ جىلد، «ئاپپاراتلار. 4».
㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 29 ـ جىلد، «كەسىپلەر. 2».
㉒ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
㉓ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
㉔ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
㉕ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 13 ـ جىلد، 17 ـ بەت.
㉖ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
㉗ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 29 ـ جىلد. 2».

## 2 ـ بۆلۈم مەدەنىيەت تەدبىرلىرى

### 1. دىن

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئەڭ چوڭ داۋالغۇشقا ئۇچرىغىنى ئىسلام دىنى بولدى.

گەرچە ياقۇپبەگنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە نۇرغۇن ئىغىر

كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئىسلام دىنى ئەندىزىسىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش خىيالىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئىسلام دىنىغا ئەدلىيە، ئامانلىق قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭ ئىمتىياز بېرىلگەنىدى. شۇڭا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ روھىي تۇرمۇشىنى كونترول قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاخىرلاشتۇرغىنى، يالغۇز ياقۇپبەگنىڭ شەخسىي ھۆكۈمرانلىقى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام دىنىغا ياقۇپبەگ دەۋرىدە بەخش ئېتىلگەن بىر قاتار ئىمتىيازلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. زو زوڭتاڭنىڭ چىڭ قوشۇنلىرىغا قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتا بەلگىلەپ بەرگەن: «ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، سېپىل - قورغان سېلىش، كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش، يەرلەرنى تەپسىلىي ئۆلچەش، باج - سېلىقنى تەرتىپكە سېلىش، ھەقسىز مەكتەپلەرنى ئايرىم - قۇرۇش، پۇل بىرلىكىنى ئۆزگەرتىپ بېكىتىش» قاتارلىق يەتتە ۋەزىپە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى دېگۈدەك قاپلىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى يەرلىكىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن چەتنەشتۇرۇلگەنىدى.

18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا پادىشاھ چيەنلۇڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ۋە شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن: «ئىش باشلاشتا داغدۇغا قوزغىماسلىق، يۇرگۈزۈشتە ئاشۇرۇۋەتمەسلىك» دىن ئىبارەت سىياسىي نىشانىنى ① بەلگىلىگەنىدى. بۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق ئۆزگەرتىشنىڭ داغدۇغا ۋە تەسىر پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنى جىنىنىڭ بارىچە جار سېلىپ ئېلىپ بارماسلىق كېرەك دېگەنلىكتىن

ئىبارەت.

چىڭ قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا دەل مۇشۇ سىياسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلدى. پەقەت قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەش ۋاقتىدىلا ئىلگىرى ئىسلام دىنى يۈرگۈزگەن ھەر خىل ھوقۇقلارنى ھەرقايسى جايلاردىكى قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ يۈرگۈزۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ «ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندا تەمتىرىمەسلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇردى.

بىراق، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان سوغۇق مۇئامىلىسىنى يوشۇرۇپ يۈرمىدى. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدىغىنى شۇكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىگە قويۇپ ئىشلەتكەن چاغدا چىڭ ئالدى بىلەن ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن ھاكىمبەگ②لەرنى ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمە روشەن ھالدا ئىسلام روھانىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىش يوللىرىنى ئېتىپ تاشلىدى.

ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئايرىلىپ قالغىنى يالغۇز ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش پۇرسىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنىي ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەيىمۇ روشەن چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئالدى بىلەن بۇ مۇسۇلمان ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئورگانلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەس مۈلكىنى ھەدىيە قىلىش پۈتۈنلەي توختىتىلدى. بۇنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبى: ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن يۈرگۈزۈلگەن يېڭى دېھقانچىلىق بېجى تۈزۈمى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى ئاساس قىلغانىدى. دىنىي

ئورگانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەردىن قائىدە بويىچە باج ئېلىنمايتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ باج مەنبەيىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تېرىلغۇ يەرلەرنى دىنىي ئورگانلارغا خالىغانچە ھەدىيە قىلىشنى قاتتىق چەكلىدى ھەمدە بۇنداق ھەدىيە قىلىشنى باجغا قارشى چىقىش قىلمىشى دەپ ھېسابلىدى.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىسلام دىنىي ئورگانلىرى باشچىلىق قىلىۋاتقانىدى. مەزكۇر پاراگرافتا بايان قىلىنىۋاتقان بۇ مەزگىلدە ئەزەلدىن ئىسلام دىنى ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇ ساھەدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. قەشقەر، ئاتۇش، كۇچا، ئىلى قاتارلىق ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر تۈركۈم پەننىي مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپلەر تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىن تاكى ئوقۇتۇش مەزمۇنىغىچە بارغانسېرى ئىسلام دىنى ئورگانلىرىدىن يىراقلىشىش خاھىشى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

سىياسىي جەھەتتىكى ئالاھىدە ھوقۇقى يوقالغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاھىدە ھوقۇقى ئاجىزلاشقان، مائارىپ جەھەتتىكى ئالاھىدە ھوقۇقى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئەڭ كاساتلاشقان مەزگىلىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ھەرقايسى جايلارغا كەڭ تارقالغان مەسچىتلەر پەقەت مۇسۇلمان ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان سورۇنىغىلا، مەسچىتلەردىكى روھانىيلار بولسا پەقەت دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار بولۇپ قالدى. بوش ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۇيغۇر مۇسۇلمان پۇقرالىرىنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىغا ۋە كىچىك باللارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش مۇراسىملىرىغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئىقتىسادىي مەنبەنى قامداپ كەلدى.

بەزى جەمئىيەتتە ئىناۋىتى يۇقىرى روھانىيلار تەكلىپكە بىنائەن مىراس تەقسىم قىلىش ئىشلىرىغا ئاندا - ساندا قاتنىشىپ گۇۋاھچى بولدى. بىراق ئۇلارنىڭ گۇۋاھچى بولۇش نوپۇزى ئەزەلدىن چەك سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسى سەۋەبىدىن، يەرلىك دائىرىلەرگە ئەرز سۇنغان چاغدا روھانىيلار تەمىنلىگەن گۇۋاھلىق ئادەتتە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى.

يېڭى زامان شارائىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بۇ مەزگىلدە بىر خىل ئۆز ئۆزىنى ھەزىم قىلىش جەريانىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىنىغا 100 يىل بولغان قاراتاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى جاڭجال ئاخىر پۈتۈنلەي بېسىقتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە - جېدەلگە كىشىلەر ئارىلاشمايدىغان بولدى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان بولدى. بۇنداق بولۇپلا قالماستىن قارا تاغلىق - ئاق تاغلىق مەزھىپىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىشان مەزھىپىنىڭ پائالىيىتىمۇ پەقەت شەھەر، بازارلاردىن يىراق ياقا - يۇرتلاردا ۋە خارابىلىقا ئوخشاپ كېتىدىغان مازارلاردىلا ساقلىنىپ قالدى. «خوجا» ئاتالغۇسىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىمۇ ئىشان مەزھىپىنىڭ كۈچ ۋە تەسىرىنى يوقاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە «خوجا» ئاتالغۇسىنىڭ ئېنىق مەنىسى بار بولۇپ، «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دېگەن ئالاھىدە سالاھىيەتنى بىلدۈرەتتى. ئاپاق خوجىدىن باشلاپ، چوڭ - كىچىك «خوجا»، جاھانگىر «خوجا»، يەتتە «خوجا»، بۇزرۇكخان «خوجا» قاتارلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئالاھىدە سالاھىيەت شەرتلىك بەلگىسى ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قاتتىق قوزغايدىغان ئىجتىمائىي تەسىر كۈچنى مەيدانغا

كەلتۈرگەنىدى. بىراق 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «خوجا» ئاتالغۇسى بىر خىل كەڭ مەنىدىكى ھۆرمەت نام بولۇپ قالدى. جەمئىيەتتە ئىناۋىتى يۇقىرى بولغان ھەرقانداق ئادەمگە خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئالدى بىلەن قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە «خوجا» ئاتالغۇسىنى قوشۇۋالدى. قۇمۇلدا «چىڭۋاڭ خوجام» دېگەنگە ئوخشاشناملار مەيدانغا كەلدى. كېيىن بۇ نام داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە بولۇپمۇ خوتەن بوستانلىقىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت نام بولۇپ قالدى. بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق بىر تونۇشمايدىغان قۇرامىغا يەتكەن ئەر كىشىگە بولغان ھۆرمىتىنى ۋە تەكەللۇپىنى بىلدۈرىدىغان بولدى.

1881 - يىلى ئىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى دىنىي سىياسىتىگە قارىتا قىسمەن تەڭشەش ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىن ئۆشرە - زاكات يىغىش ئالاھىدە ھوقۇقىغا سۈكۈت قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىسلام دىنى روھانىيلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ نىكاھلىنىش ۋە ئاجرىشىشىغا ھۆكۈم چىقىرىش ئالاھىدە ھوقۇقىغا سۈكۈت قىلدى. ئالدىنقىسى ئىسلام دىنى ئورگانلىرى ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەنبە ئېچىپ بەردى. كېيىنكىسى بولسا ئىسلام دىنىي روھانىيلىرىنى ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ھەر خىل سورۇنلاردا چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇدى. ھەتتا مۇناسىۋەتسىز ئىككى ئىشنى زورمۇزور بىر - بىرىگە باغلاپ، دىنىنى سۆزلەش ئارقىلىق مۇسۇلمان ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ نارازىلىقىنى باستى.

ئىسلام دىنى بىلەن ئۇنى ـ تىنىسىز ئالاقە قىلىش جەريانىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەڭ ئاخىر بۇ خىل ھەمكارلىشىش ئېلىپ كەلگەن سىياسىي پايدىنى كۆردى. شۇڭا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلام دىنىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك روھانىيلىرى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ساقلاپ قېلىش، چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي نىشانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 2. مائارىپ

1880 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى زو زۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدىكى قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەلۇمات سۇنغان چېغىدا، مائارىپ (ھەقسىز ئوقۇتۇش) نى قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدىكى يەتتە چوڭ مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرى قاتارىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆزئارا سىڭىشەلمەيدۇ. ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ يىراق، سىياسەت ـ پەرمانلارنى يولغا قويۇش قىيىن، بارلىق ئەمرىمەرۇپلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگىلا يەتكۈزۈش ئىنتايىن تەس. ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭكىگە ئوخشاش قىلىش ئۈچۈن، مائارىپنى ئايرىپ يۈرگۈزۈشتىن ساقلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىنى تىل بىلىدىغانلا ئەمەس، بەلكى خەت تونۇيالايدىغان قىلىش كېرەك.»③

ھەقسىز ئوقۇتۇشتىكى ئاقارتىش مائارىپى «مىڭ خەتلىك ئوقۇشلۇق» (《千字文》)، «ئۈچ خەتلىك دەستۇر» (《三字轻》)، «فامىلىلەر قوللانمىسى» (《百家姓》) قاتارلىق

كىتابلار ئىدى.④ شۇ يىلى 37 ئورۇندا ھەقسىز ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇلدى. «ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشنى بىر خىل بۇرچ ھەم شەرەپ ھېس قىلىشىپ مەكتەپلەرنى كۆپەيتىشنى، ‹نەزمىنامە›، ‹نەسرنامە›، ‹مۇھاكىمە ۋە بايان›، ‹مېڭزى› نى ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى ھەمدە ئوقۇغۇچىلاردىن ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىپ ئىنتايىن رازى بولۇشتى.»⑤

گۇاڭشۇنىڭ 9 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى ھەقسىز ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى 77 گە كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدا بەشى، تۇرپاندا ئالتىسى، كۇچادا بەشى، ئاقسۇدا بەشى، ئۇچتۇرپاندا ئۈچى، قەشقەردە بەشى، مارالبېشىدا ئۈچى، يېڭىساردا ئۈچى، يەكەندە يەتتىسى، خوتەندە تۆتى تەسىس قىلىندى. ھەربىر ھەقسىز ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا 15 دىن 20 گىچە ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ھەمدە ھەر خىل مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بىردەك شۇ جايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلدى⑦.

ھەربىر ھەقسىز ئوقۇتۇش نۇقتىسىغا بىردىن ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەققى ھەر ئايدا بىر قېتىم ھېسابلىنىپ ئايلىق ھەققى ئۈچۈن 20 سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر ئايدا قەلەم، سىياھ، شام قاتارلىق بۇيۇملار ئۈچۈن تۆت سەر كۈمۈش تەڭگە قوشۇپ بېرىلدى. ھەر بىر ئوقۇتقۇچىغا بىردىن مالاي سەپلەپ بېرىلدى. مالاينىڭ ئىش ھەققى ئىشلىگەن كۈنى ھېسابىدا بېرىلدى. بۇ خىل تەمىنات ئەينى چاغدا نىسبەتەن يۇقىرى ھېسابلىناتتى⑧.

1886 ـ يىلى لىيۇ جىنتاڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى «كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇيالايدىغان، ئەدەبىي كىتابلاردىن تەپسىر قىلالايدىغانلارنى خەتمەكەردە قىلىش»⑨ ھەققىدە تەكلىپ

بەردى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پادىشاھ گۇاڭشۇ لىۇ جىنتاڭنىڭ بۇ پىكرىنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئەلا ئوقۇغانلىرى ئەمەلدار بولۇش» يولىنى ئېچىپ بەردى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇشۇ مەزگىلدە باش كۆتۈرگەن پەننىي مائارىپ ناھايىتى چوڭ ھەمدە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى باشلاپ بەرگىنى زايىت ئىسىملىك ئۇيغۇر ئالىمى ئىدى. زايىت قورغاسىنىڭ مازار كەنتىــــدە تۇغۇلغان بولۇپ، رۇسىيــــەدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىــــپ كەلگەندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر پەننىي مەكتىپىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئىلى مەكتىپى» دەپ نام بەرگەن. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا خېلى تۆھپىسى بار بولغان موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىمۇ بىر تۈركۈم پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىــدە ئەڭ داڭلىقى ئاتۇشتىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دۇر. بۇ مەكتەپنى شۇ جايدىكى مۆتىۋەر ھۈسەيىن مۇسابايوف 1885 ـ يىلى قۇرغان. 1889 ـ يىلى ھۈسەيىن مۇسابايوف ئىلىدا يەنە بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ بۇنىڭغىمۇ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ نام بەرگەن⑪.

تاتار زىيالىيلىرى ئۇيغۇر پەننىي مائارىپ ئىشلىرىنىــڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. بولۇپمۇ ئىلى رايونىدا ئۇيغۇر پەننىي مەكتەپلىرىدىكى ھېساب دەرسىنى ئاساسەن دېگۈدەك تاتار زىيالىيلىرى ئۈستىگە ئالغانىدى. گايىتوف شەرىپىدىن دېگەن تاتار باي ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ «ئىلى مەكتىپى» گە ئىككى ئېغىز سىنىپ، 18 ئېغىز ئوقۇغۇچىلار ياتىقىــــى سېلىــــپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۇ جايدىكى ئاممىنىــــڭ ئومۇميۈزلۈك ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

گەرچە بۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر پەننىــــي

مائارىپىنىڭ جەمئىيەتتىكى قاپلاش كۆلىمى ئىنتايىن چەكلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى قانداقلا بولمىسۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بىر خىل يېڭى ئىلھام ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى مەبلەغ چىقىرىپ ئاچقان ھەقسىز ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى بىلەن شەخسلەر مەبلەغ چىقىرىپ ئاچقان پەننىي مەكتەپلەر بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش مەزگىلدە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشى يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. مۇتلەق كۆپ قىسىم باشلانغۇچ مائارىپنى ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنى ئورگانلىرى ئۈستىگە ئالغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرى ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپ ساھەسىگە قارىتا تەسىر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا قارىتا كۆپلىگەن چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۆزىنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ئاڭلىق ھالدا سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

مانا مۇشۇنداق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ھەر قايسى جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى ـ مەدرىسلەر مەسىلەن: قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسى، يەكەندىكى ئالتۇنلۇق مەدرىسى، خوتەندىكى جامە مەدرىسى، كۇچادىكى ساقساق مەدرىسى قاتارلىقلار داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى ھەمدە مۇناسىپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

كېيىنكى كۈنلەردە چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان سىياسىتىنى تەڭشەپ تۇرغاچقا،

ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ھەمكارلىششىغا ئېرىشتى. ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلگىرى بار بولغان چىڭ سۇلالىسىنى پاش قىلىدىغان سىياسىي تەشۋىقاتلارمۇ ئاستا - ئاستا يوقالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ ھوشيارلىقىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بوشاشتۇردى.

## 3. تىل - يېزىق

چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۇزۇن يىل جەريانىدا، ئەزەلدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىقىدەك تىل مەسىلىسىگە مۇنداق كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغانىدى. شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چېگرا رايون تۈتۈقلىرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئالىي دائىرىلىرىغىچە، شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئويلانغان ۋاقىتتا، ھەممىسى تىلدىكى ئارازلىقنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياستىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى قاتارىغا قويدى.

زو زۇڭتاڭ مۇنداق دېگەن: «ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار بىر بىرىنىڭ تىلىنى، يېزىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرىدا پۈتۈنلەي چالا تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشىغا تايانغاچقا، بىرەر مەسىلىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس»⑬.

ليۇ جىنتاڭ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار بىلەن تىل - يېزىقىمىز ئوخشىمىغاچقا، خەلق ئىچىدە نارازىلىق كۆرۈلگەندە تۆۋەننىڭ ئەھۋالى يۇقىرىغا يەتكۈزۈلمەيتتى»⑭.

بىر مەزگىل شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرۇش تەييارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان سەنشى - گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى

تەن جۈگلىن مۇنداق دېگەن: «ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار بىر بىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى يامۇلغا چاقىرتىپ، يۈز تۇرانە سۆزلەشكەندە، ھاكىمبەگلەر ئوتتۇرىدا توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئۇلارنى قورقىتىدىغان سۆزلەرنى يەتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئەزەلدىن ئەمەلدارلارغا ئۆچ ئىدى».

مۇشۇنداق تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن چىڭ قوشۇنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا، يەرلىكتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن بولغان تىل ئالاقىسىنى بىر تۈرلۈك سىياسەت خاراكتېرلىك خىزمەت قاتارىغا قويۇپ يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇراسىم، نوپۇس، ئەمەلدارلار، لەشكەرلەر، جازا ئىشلىرىغا مەسئۇل ھەرقايسى تارماقلارغا ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنى سەپلىدى ھەمدە مۇشۇ تارماقلاردىكى خەنزۇ (مانجۇ)، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن «بىر - بىرىگە تىل - يېزىق ئۆگىتىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشنى» ⑯ تەلەپ قىلدى.

2. ھەرقايسى ئورۇنلارغا بەلگىلىك ساندىكى تەرجىمانلارنى سەپلىدى⑰.

3. ئاممىغا چىقىرىلغان ھەر خىل ئېلانلاردا بىردەك خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىق ئىشلىتىلدى. بولۇپمۇ «باج - سېلىق يىغىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەتلەر، ئاھالىنىڭ نىسبىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە، يان تەرىپىگە ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىق بىلەن پۈتۈلۈپ، ئاۋامنىڭ چۈشىنىشى ئاسانلاشتۇرۇلدى»⑱.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىل ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇشقا بولغان تەخىرسىزلىكى يەنە باشقا بىر يۈرۈش پەۋقۇلئاددە تەدبىرلىرىدە ئەكس ئەتتى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان «16 تۈرلۈك مۇقەددەس

پەرماننىڭ شەرھىيسى» تارقىتىلدى.

زو زۇڭتاڭ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پادىشاھ گۇاڭشۇگە مەلۇمات سۇنۇپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار قارىماققا ئاق كۆڭۈل، رايىش خەلق، بىزلەر ۋە يات ئەللەر بىلەن ئەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ياخشىلىقتا ئۇندىمەك كېرەك. ئۇلارنىڭ ھىدايەت يولىغا ماڭغانلىقىنى پۈتۈنلەي بىزنىڭ تەدبىرلىرىمىزدىن بولدى دېيەلمىسەكمۇ، لېكىن بۇ تەدبىرلىرىمىزنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرماقتىمىز.» ⑲ ھۆكۈمەت تەرەپ تەدبىرلەر تىل ئوقۇشنى مۇھىم رول ئوينىدى. بىراق تىل ئوقۇشتا تۈپتىن ئىلگىرى سۈرگىنى خەنزۇ پۇقرالىرى بىلەن ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ كۆلەمدىكى ئۇچرىشىش بىلەن بېرىش - كېلىش دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئۇچرىشىش ۋە بېرىش - كېلىش يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئاساس قىلدى ئەلۋەتتە.

چىڭ قوشۇنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئۇلار بىلەن بىۋاستە ئالماشتۇرغىنى خەنزۇ تىلى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ قوشۇنىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قوماندانلىرى بولۇپمۇ چېرىكلىرى ھەممە قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ سودىگەرلىرىمۇ يېپيېڭى يىل مۇھىتىغا قەدەم تاشلىدى. ئۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇلغىنى ئۇيغۇر تىلى بولدى. شۇڭا، تىل ئۇقۇشۇش ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان مەسئۇلىيەت، ئوخشىمىغان مەنپەئەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىنتىلىدىغان بىر چوڭ نىشانى بولۇپ قالدى.

باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تىل ئۇقۇشۇشقا ھېرىسمەن بولۇشىدىكى مەقسىتى سىياسىي جەھەتتە توسالغۇسىز بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈش، يۇقىرىنىڭ ئەھۋالىنى

تۆۋەنگە يەتكۈزۈش ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ تىل ئۇقۇشقا ھېرىسمەن بولۇشىدىكى مەقسىتى ئۇچۇرلارنىڭ توسالغۇسىز بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش ئىدى.

بۇنىڭ ئېخىمۇ كەڭ سەۋەبى، بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى پۇقرالارنىڭ تەركىبىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. كۆپلىگەن خەنزۇچە سۆزلىشىدىغان پۇقرالار توپى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقىلىپ، شۇ جايلاردىكى تىل ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئۆزئارا تىل ئۆگىنىدىغان، ئۆزئارا تىل ئۆگىتىدىغان ئالاھىدە مۇھىت شەكىللەندى.

ئۆزئارا تىل ئۆگىتىش، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش جەريانى پەقەت تاق سۆزلەرنىلا ئىگىلىگەن، گرامماتىكىغا سەل قارايدىغان بىر تۈركۈم قوش تىللىق ئىختىساسلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، خەنزۇلار ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغان چاغدا ھەمىشە ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخسنىڭ تۈرلىنىش قائىدىسىگە سەل قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى 3 ـ شەخسنىڭ كېلىدىغان زاماندا تۈرلىنىشىنى پۈتۈن شەخسنىڭ تۈرلىنىشىگە ئومۇملاشتۇرۇپ «مەن بازارغا بارىدۇ» دېگەندەك جۈملە شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىلىنى قوللانغان چاغدا ھەمىشە خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ ئورنىغا سەل قاراپ « 你饭吃了没有 » دېگەندەك جۈملە شەكىللىرىنى قوراشتۇرۇپ چىقتى.

ئۆزئارا ئالاقە قىلىشۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ مۇددىئالىرىنى چۈشەنگەچكە، ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئالاقىدە پۇتاق چىقىرىشقا ئەرزىيدىغان خاتالىقلار بار دەپ قارىمىدى.

بەزى ئالاھىدە سورۇن ۋە مۇھىتلاردا ئالاقە قىلىشىۋاتقان تەرەپكە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ياكى ئالاقە قىلىشىۋاتقان تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى تېخىمۇ توغرا چۈشىنىشى ئۈچۈن ھەتتا مەقسەتلىك ھالدا خاتا گراماتىكا شەكلىنى دوراپ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى پەرق ئەتمەي بىردەك «بالاڭزا»، «ياڭگاڭزا» دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئۇيغۇر تىلىدا «ئوغۇل بالا»، «يەڭگە» دىن ئىبارەت ئىككى تاق ئاتالغۇنىڭ ھۆرمەت شەكلى ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر خىل جۈملە ئەندىزىسى بولۇپ قالدى.

يېڭى تىل مۇھىتى يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى رىۋايەت تۈرىگە ئەڭ باي، ئۆزىگە خاس بولغان ھادىسىنى، يەنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئارىلاشما خەلق ناخشىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل ئارىلاشما خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى ياڭراق، تىلى ئىخچام، يېقىملىق بولۇپ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئورتاق ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى.

ئىلى يولى جېلەڭزە؛ ( 截粱子 )،
داخېيەنزە يودەنزە، ( 腰店子 ).
ئىلى يولىنى ئاچقان( )،
سەندەك، مەندەك خوخەنزە، ( 好汉子 ).

بۇ ئىلى رايونىدا كەڭ تارقالغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئارىلاشما خەلق ناخشىسىدۇر.

«جېلەڭزە» غۇلجا بىلەن سۈيدۈڭ ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك كەنت بولۇپ، يولۇچىلار دەم ئالغاچ چاي ـ پاي ئىچىدىغان جاي ئىدى. «داخېيەنزە» تاللىق جىلغىسىدىن چىقىپ، جىڭغا ماڭىدىغان كىچىك ئۆتەك بولغاچقا «يودەنزە» دەپ ئاتىلاتتى. «خوخەنزە» نىڭ خەنزۇچە مەنىسى ھەممىگە ئايان ئىدى.

بۇ خىل خەنزۇچە ئۇيغۇرچە ئارىلاشما خەلق ناخشىلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەربىر مىسرادىكى يادرولۇق سۆز خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنىدى.

باشقا بىر خىلدىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئارىلاشما خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ھەربىر مىسرادىكى يادرولۇق سۆز ئۆزئارا ماس كېلىدىغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قوش قاتلاملىق سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنىدى.

بۇ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا كەڭ تارقالغان بىرلەشتۈرۈلگەن خەلق ناخشىسى:

ئىشىك ياپ مىڭگەنشاڭ (门关上)،
چىراغ ياندۇر دىڭ دەنشاڭ (灯点上)،
كىگىز سېلىڭ جەنپۇشاڭ (毡铺上).

بۇ ناخشا تېكىستىدىكى ئۇيغۇرچە بىلەن خەنزۇچىنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغان قىسمى ئوخشاش مەنىگە ئىگە بولۇپ، قىسقارتىپ ئېيتقاندا «ئىشىك ياپ»، «چىراغ ياق»، «كىگىز سال» دېگەنلىك ئىدى.

كېيىن، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر ناخشىچىلىرى ئىجاد قىلغان خەنزۇچە ناخشىلار مەيدانغا كەلدى. «سالى ئاخۇن مالاي» (تەتۇر) بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇ سوئال، جاۋاب شەكلىدە ئېيتىلغان خەلق ناخشىسى بولۇپ، ناخشا تېكىستىنىڭ تەخمىنەن مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

سوئال: نەدىن كەلگەن تۆگە كارۋىنى سەن؟ سالى ئاخۇن مالاي،

哪里来的骆驼客？沙里洪玛来.问：

تۆگە ئۇستىدىكى نېمە ئۇ؟ سالى ئاخۇن مالاي.

骆驼跟前哈东西？沙里洪玛来.

جاۋاب: قۇمۇلدىن كەلگەن تۆگە كارۋىنى، سالى ئاخۇن مالاي،
答：哈密来的骆驼客,沙里洪玛来.
كاۋاۋچىن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل بار سالى ئاخۇن مالاي.
花椒,胡椒,羌皮子，沙里洪玛来.
سوئال: تۇرپان ياخشىمۇ، قۇمۇلمۇ؟ سالى ئاخۇن مالاي،
问：吐鲁番好吗？哈密好？沙里洪玛来？
جاۋاب: نەدە پۇل بولسا شۇ يەر ياخشى، سالى ئاخۇن مالاي.
答：哪达有线,哪达好，沙里洪玛来.

سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىت، بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر تىلىغا بولۇپمۇ، ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىغا زور ئۆزگىرىش ۋە پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىلھام ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ مۇقىم ھەم مول بولغان ئىچكى كۈچىگە تايىنىپ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىۋاتقان ۋە ئالماشتۇرۇلۇۋاتقان خەنزۇ تىلىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ھەمدە ئۆزىگە جۇغلاپ ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە ھەجىمىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ ۋە كېڭەيتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ قالدى.

بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇچراشقىنى ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغىنى يالغۇز خەنزۇ تىلى بولۇپلا قالماستىن يەنە رۇس تىلىمۇ بار ئىدى.

رۇس تىلى ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر مەزگىلچە پۈتۈنلەي ناتونۇش ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ رۇس تىلى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىشى 1870 ـ يىلى چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە رۇس تىلى ئىلى رايونىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ

قالدى. شۇنىڭ بىلەن زور مىقداردىكى رۇسچە سۆزلەرنىڭ ئىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىغا كىرىشى بىلەن مەرتىۋە نامىدىن ئاتىلىش ئادىتىگىچە، سىياسىي سۆز - ئىبارىلەردىن يېڭىچە ئاتىلە سايمانلىرىغىچە رۇس تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بولدى.

ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، گەرچە رۇس تىلى ئىلى رايونىدىكى سىياسىي ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، رۇس تىلىنىڭ ئىلى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا قالدۇرغان تەسىرى يەنىلا چوڭقۇر ئىدى. «تارىخىي ھەمىدى» ۋە «تارىخىي ئەمىنىيە» لەرگە كىرگۈزۈلگەن ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى ھۆججەتلەر شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رولى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئىشلەتكىنى بىۋاستە ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلى ئىدى. چۈنكى، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپى ئەرەب ھەرپى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىملا قائىدىسى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئەرەب - پارس يېزىقىدىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ قالغانىدى. گەرچە ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ پائالىيىتىدە ئۇيغۇرچە يېزىق ئۆزىگە تېگىشلىك ئىجتىمائىي رولىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل يېزىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىلتىز تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر قاتلىمىدا يەنى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا يەنىلا زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە ئىدى.

چىڭ قوشۇنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر يېزىقى ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى شۇ بولدىكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ناھايىتى

ئېنىق ھالدا «باج ـ سېلىق يىغىشتا ئىشلىتىدىغان ھۆججەتلەرنى ئاھالىنىڭ سانىغا ئاساسەن ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە، يان تەرىپىگە ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا پۈتۈشنى» بېكىتتى.

خەنزۇ يېزىقى بىلەن بىرلىكتە باج يىغىش، نوپۇس ئىسپاتى قاتارىدا قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ مەنپەئىتىگە بېرىپ چېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى يېڭى ھەمدە كەڭ نەزەر دائىرىگە ئىگە بولدى. كېيىن، چىڭ سۇلالىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ھەر خىل خەت ـ چەكلىرىدە «بىردەك ئۇيغۇر يېزىقى قوشۇمچە قىلىنىدۇ»⑳ دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى يېڭى ھەمدە تېخىمۇ ئېنىق بولغان قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولدى.

بىراق، بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى، خەتتاتلىق قائىدىسى يەنىلا ئەسلىدىكى رامكىسىنى ۋە قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قالغانىدى.

## 4. ئەدەبىي ئەسەرلەر

19 ـ ئەسىردىن كېيىنكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا سىياسىي قالايمىقانچىلىق، ئىقتىسادنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىش سەۋەبىدىن ئەڭ ئاخىر كۈچلۈك ئىجتىمائىي توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. بۇ ئارىدا يالقۇنجىغان قارشىلىق، ھەيۋەتلىك، شانلىق غەلىبە، قايىنام ـ تاشقىنلىقتا تولغان تەبرىكلەرمۇ، ھەممە يەر جەسەتلەرگە تولغان قىرغىنچىلىق، ئۆزگەرمەس قانۇنغا خىلاپ سۇيىقەستلەر، مەنپەئەتنى دەپ ئەقلىدىن ئازغان ئىچكى نىزالارمۇ بار ئىدى. غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلغان كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا

سالىدىغان بۇ بىر قاتار ۋەقەلەر شۇ دەۋردىكى كىشىلەرگە ئۆچمەس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىدى. كىشىلەر ئۇخشىمىغان تەرەپتە تۇرۇپ بۇ كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىشلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، قەلبىدىكى تەسىراتىنى شەكىللەندۇردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆزلىرى كۆرگەن، ئەسلىرىدە قالغان، تەسىر قىلغان ھادىسىلەرنى، ھەرقايسىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ كەڭ دائىرىدە ئېنىق خاتىرىلەپ ئۇيغۇر رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى ئېچىپ بەردى.

بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە بولغانلىرىدىن: ئارزۇ مۇھەممەتنىڭ «ئىسلامنامە»، ئاشۇراخۇن غېرىبىنىڭ «ئەمىر ئالىي»، ئۇمۇدىنىڭ «جەڭنامە»، مۇھەممەت ئەل مىنىڭ «تارىخىي كاشغەر»، قاسىمبەگنىڭ «غۇلجا ۋاقىئاتلىرى بايانى»، مۇھەممەت سادىق يەركەندىنىڭ «غازات ئەل مۇسلىمىن»، موللا بىلال موللا يۇسۇپنىڭ «غازات دەر مۇلكىي چىن» ۋە «چاڭموزايۇسۇپخان»، «نۇزۇگۇم»، سېيىت مۇھەممەدنىڭ «شەرھى شىكەستە»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»، مەخمۇت شەيخ غېرىبىنىڭ «تارىخنامە يەئقۇپخان»، قۇربان سوپىنىڭ «تارىخىي بەدۆلەت»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە»، «تارىخىي ھەمىدى»، مۇھەممەد ئازرىپىنىڭ «فەرغانە ۋە كاشغەر تارىخى»، ئابدۇللا غاپپار مۇھەممەد نىيازنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ غازىتى» [21] قاتارلىق ئەسەرلەر بار. بۇ مەزگىلدە يەنە قولدا كۆچۈرۈلگەن «تارىخىي مۇسقىيون» مۇ مەيدانغا كەلدى.

«تارىخىي ئەمنىيە» بىلەن «تارىخىي ھەمىدى» بۇ مەزگىلدە

مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىككى ئەسەردۇر.

«تارىخىي ئەمنىيە» بىلەن «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ ھەر ئىككىسىنى موللا مۇسا سايرامى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە 1864 - يىلى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى؛ ياقۇپبەگنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بىر - بىرلەپ يوقىتىش جەريانى؛ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانى بايان قىلىنغان. پۈتۈن كىتابنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇۋاپىق؛ يېزىلىشى راۋان، بايان قىلىنىشى ئېنىق بولۇپ ئىنتايىن يۇقىرى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىگە «تارىخىي ئەمنىيە» دەپ نام قويۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، پاراكەندىچىلىكلەر تۈگەپ، تىنچلىق، خاتىرجەملىك قارار تاپقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابنىڭ نامىنى ‹تارىخىي ئەمنىيە› دەپ ئاتىدىم».

«تارىخىي ئەمنىيە» 1903 - يىلى يېزىپ تاماملانغان بولۇپ ئاپتور كىتابنىڭ سۆز بېشىدا ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلغان چاغدا «كۇچالىق خوجىلار ئىسلام ئاچقان ۋاقتتىن ھازىرغىچە 40 يىل ئۆتۈپتۇ» دەپ بۇ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت شەرتلىك بەلگىسىنى ئالاھىتەن تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى ئاپتور كىتابنىڭ نامىنى قويۇش سەۋەبىنى ئىزاھلىغان چاغدا پاسىل قىلغان ۋاقىت شۇبھىسىزكى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىل ئىدى.

1903 ـ يىلى «تارىخىي ئەمىنىيە» يېزىپ تاماملانغاندىن كېيىن، 1904 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىكى «مەدرىسە ئۇلۇم» باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«تارىخىي ئەمىنىيە» سۆز بېشى، مۇقەددىمە، 1 ـ داستان، 2 ـ داستان، خاتىمەدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان، مۇقەددىمە ئۈچ ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

1 ـ : «موغولىستان (يەتتە شەھەر) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە بۇ جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، بۇ يۇرتقا كىملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، ئۇنىڭ موغولىستان دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى، بۇ يەردە ئۆتكەن مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ نەسەبلىرى، خاقانىي چىن (چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ موغولىستان خەلقىنى بويسۇندۇرغانلىقى».

بۇ بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللارغا قوشۇمچە ئىسپات بولالايدىغان بەزى تارىخىي ۋەقەلەرمۇ ئاز ئەمەس.

2 ـ : «جاھانگىر خوجىنىڭ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى؛ مۇھەممەد ئىلىخان (خەنزۇچە ماتېرىياللاردا مەدەلخان دېيىلگەن) نىڭ كېلىپ قەشقەرنى ئالغانلىقى؛ نۇرغۇن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ كېلىپ يەتتە شەھەرنى يەنە تارتىۋالغانلىقى؛ جاھانگىر خوجا باشلىق نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى ئەسىر قىلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەنلىكى؛ مۇھەممەد ئىلىخاننىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسىرلەرنى خاقانىي چىندىن تىلەپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى».

بۇ قىسىمدا بايان قىلىنغىنى بولۇپمۇ جاھانگىر خوجىنىڭ قوقەند خانلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قەشقەرنى بېسىۋېلىشى ھەققىدىكى بايانلار ئىنتايىن يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللار قىممىتىگە ئىگە.

3 ـ : «خاقانىي چىننىڭ قەدىمكى زاماندا مۇسۇلمان

بولغانلىقى؛ تۇڭگانلار (خۇيزۇلارنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ خاقانىي چىن مەملىكىتىگە ئۆلتۈراقلىشىپ قالغانلىقى؛ خەنزۇلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا يۈز بېرىپ، خاقانىي چىن دۆلىتىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكەنلىكى» .

«خاقانىي چىن ئىلگىرى مۇسۇلمان ئىدى» دېگەن بايان زورمۇزور تېڭىلغاندىن باشقا، ئاپتورنىڭ بۇ ماۋزۇ ئاستىدىكى باشقا بايانلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەندى.

1 ـ داستان قىسمى 15 بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، نۇقتىلىق قىلىپ كۇچا قوزغىلىڭى بايان قىلىنغان. قوزغىلاڭنىڭ جەريانى، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرىگە قىلغان يۈرۈشلىرى، قوزغىلاڭچى قوشۇن رەھبەرلىك قاتلاملىرىدىكى ئىچكى نىزالار ۋە بۇ نىزالار كەلتۈرۈپ چىقارغان قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«تارىخىي ئەمنىيە» نىڭ 2 ـ داستان قىسمى 18 بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىهالى، بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى؛ ئۇنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە جەريانى؛ ئۇنىڭ قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنى يوقىتىش سەۋەبى ۋە نەتىجىسى بايان قىلىنغان؛ ياقۇپبەگنىڭ خوتەندە ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغانلىقى، ئۇرۇمچىدە خۇيزۇ ئۆسمۈرلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ياۋۇز قىلمىشلىرى ئەيىبلەنگەن؛ ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ۋە ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن كىچىك ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا

قىرغىنچىلىقلاردىن تاكى ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمیۈزلۈك گۇمران بولۇشىغىچە قەدەر يۈز بەرگەن ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن.

موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» نى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، 1907 ـ يىلى يەنە «تارىخىي ھەمىدى» نى يېزىپ تاماملىدى. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىش ئارىلىقىدا ئاران توت يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت كەتكەنىدى.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، قىرغىز ئالىمى مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى «تارىخىي ئەمىنىيە» گە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: « ‹تارىخىي ئەمىنىيە› بىلەن ‹تارىخىي ھەمىدى› نى سېلىشتۇرغاندا، ‹تارىخىي ھەمىدى› مەزمۇنى مۇكەممەل، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي، بايانى راۋان، ھەجمى كەڭ، ئەمما كۆچۈرۈش سەۋىيىسى «تارىخىي ئەمىنىيە» گە يەتمەيدۇ. ‹تارىخىي ھەمىدى› نىڭ قولىيازمىسىدا چۈشۈپ قالغان سۆز ـ ئىبارىلەر ۋە بۆلەكلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بىر تەرەپتىن ئاپتورنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، جىسمانىي قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتورنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇ ئەسەرنى تاماملاشقا ئالدىراپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ»[24].

«تارىخىي ھەمىدى» سۆز بېشى، مۇقەددىمە، 1 ـ داستان، 2 ـ داستان ۋە خاتىمىدىن تەشكىل تاپقان.

سۆز بېشى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل باب.

مۇقەددىمە ئالتە بابقا بۆلۈنگەن، ئەسلى قول يازمىدا 70 بەت بولۇپ، قەدىمىي زاماندىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

1 ـ داستان قىسمى 16 بابقا بۆلۈنگەن. ئەسلى قول يازمىدا 75 بەت بولۇپ، نۇقتىلىق قىلىپ كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ جەريانى

ۋە ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان.
2 ـ داستان قىسمى 20 بابقا بۆلۈنگەن. ئەسلى قول يازمىدا 172 بەت بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ پائالىيىتىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ كۇچا، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ قولىدا خاراب بولۇش جەريانى ۋە ياقۇپبەگ جەمەتىنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان.
خاتىمە قىسمىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ بايلىقى ۋە تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. خاتىمە قىسمىدا ئاپتور يەنە ئۆزى 1898 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان «ئەسھابۇل كەھىب» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۇرپان تونۇشتۇرۇلغان قىسمىدا قوشۇمچە قىلىنغان.
«تارىخىي ئەمىنىيە» بىلەن «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ ئاپتورى ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقاۋىسىغا «موللا مۇسا سايرامى» دەپ ئىمزا قويغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى موللا مۇسا بىنى للا ئەيسا خوجا بولۇپ، موللا ئەيسا خوجىنىڭ ئوغلى موللا مۇسا سايرامى دېگەن مەنىدە ئىدى.
بۇ ئىسىملار ئىچىدە ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمىنى بىلدۈرىدىغىنى مۇسا، ئاپتورنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغىنى ئەيسا خوجا ئىدى. ئىككى قېتىم كۆرۈلگەن «موللا» سۆزى بىر خىل كەڭ مەنىدىكى ھۆرمەت نامى ئىدى. «سايرامى» بولسا ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان جايىنى بىلدۈرەتتى.
سايرام كۇچا بىلەن باي ئارىلىقىدىكى كىچىك بوستانلىق ئىدى. بۇ يەردە ئادەملەر زىچ بولۇپ، بۇ جاينىڭ سۇ مەنبەتى تولۇق، بايلىقى مول، قاتنىشى قۇلايلىق ئىدى. موللا مۇسا سايرامى مۇشۇ كىچىك بوستانلىقتىكى توغايلا كەنتىدە تۇغۇلغان. توغايلا كەنتىنىڭ دائىرىسى كىچىك بولغاچقا، بۇ كەنت ئادەتتە

ئۆزىدىن بىر ئاز چوڭراق بولغان ئانىقىز كەنتىنىڭ نامى ئاستىدا بولاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىــــن بەزى ماتېرىياللاردا موللا مۇسا سايرامىنىڭ تۇغۇلغان جايى ئانىقىز كەنتى دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. باشقا بەزى بىرقەدەر ئىنچىكە يېزىلغان ماتېرىياللاردا بولسا موللا مۇسا سايرامىنىڭ تۇغۇلغان جايى توغايلا كەنتى دەپ ياكــى ھازىرقى زامان مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش ئۇقۇمى بويىــچە ئانىقىز يېزىسىنىڭ توغايلا كەنتى دەپ چۈشەندۈرۈلگەنىدى.

موللا مۇسا سايرامى 1836 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سايرام بوستانلىقىدىكــى توغايلا كــەنـتــــدە تـۇغـۇلـغـان بــولۇپ، 1917 ـ يىلى ئۆزى تۇغۇلغان جايىدا 81 يېشىدا ۋاپات بولغان.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ بۇ 81 يىلدىكى ئۆسمۈرلۈك دەۋرى، ياشلىق دەۋرى، قۇرامىغا يەتكەن دەۋرى ۋە قېرىلىق دەۋرى ئۇنىڭ باي، ئەگرى ـ توقاي، ئوڭۇشسىزلىققا تولغان ئەمما مۇكەممەل بولغان پۈتۈن بىر ئۆمرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجا ئانىقىز كەنتىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، مول بىلىمگە ئىگە، كىشىلەرگە ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم قىلىدىغان، ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن موللا مۇسا سايرامى كىچىكىدىنلا ياخشى ئائىلە تەربىيىسىگە ئېرىشكەنىدى. موللا مۇسا سايرامى يەتتە ياشقا تولغان يىلى دادىسى ئۇنــى ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان مەدرىسكە ئەكىلىپ ئوقۇتتى.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن ھەر خىل ماتېرىياللارنىڭ ھەممىســدە دېگۈدەك بالىلىق چاغلىرىدىكى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆزى تېخى ئېنىق ئايرىۋالالمىغان ئەتراپىدىكــى دۇنياغا نـــسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنـــدى. ئۇ ئۆگىنىشتە تىرىشچان، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىدى ھەمدە كىشىنى

ھەيران قالدۇرىدىغان ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ مەكتەپكە كىرىپ نەچچە يىل ئىچىدىلا ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. كۆپچىلىك ئۇنى سەممىيلىك بىلەن «بالا موللا» دەپ چاقىراتتى.

بالىلىق چاغلىرى موللا مۇسا سايرامىغا گۈزەل، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى؛ مېھرىبان ھەم ئەمگەكچان ئانىسى، ئاق كۆڭۈل ھەم بىلىملىك دادىسى ھەمدە بىر تۇغقان قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردىن تەشكىل تاپقان ئىناق ئائىلىسى بار ئىدى.

يېزا مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا موللا مۇسا سايرامى چىرايلىق ھۆسنخەت يازالايدىغان ھەمدە نەۋائىي قاتارلىقلارنىڭ شېئىرىنى بۆلەك ـ بۆلەكلەپ يادقا ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەنىدى، بولۇپمۇ دىنىي بىلىم جەھەتتە مۇشۇ ياشتىكى بالىلار چوقۇم ئىگىلەشكە تېگىشلىك بولغان دىنىي ئەقىدە ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئىگىلىگەنىدى.

1847 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دادىسى موللا ئەيسا خوجا دەسلەپكى دىنىي تەربىيىنى تاماملىغان ۋە ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامىنى كۇچاغا ئېلىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ساقساق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى موللا ئوسمانئاخۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن موللا مۇسا سايرامىي ساقساق مەدرىسىدىكى ئوقۇش ھاياتىنى باشلايدۇ.

ساقساق مەدرىسى كۇچا شەھەر ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپلىگەن مەدرىسلەر ئىچىدە خېلى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە قاتناش شارائىتىنىڭ قۇلايلىقىدىن ئەينى چاغدا ساقساق مەدرىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىلمىي ئۇچۇرلار توپلىنىدىغان ئاساسلىق جايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ساقساق مەدرىسىدە ئىسلام بىلىملىرى تارقىتىلىپلا

قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر خىل سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادقا ئائىت بىلىملەرمۇ تارقىتىلاتتى. ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى بۇ بىر يىپپىېڭى مۇھىت ئىدى.

موللا ئوسمانئاخۇننىڭ بولۇشى ساقساق مەدرىسىنىڭ داڭلىق مەدرىس بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ چوڭقۇر دىنىي بىلىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخ، ئەدەبىيات، تېبابەتچىلىك ھەمدە ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىدىنمۇ ناھايىتى يۇقىرى بىلىمى بار ئىدى. كۆچا قوزغىلىڭى ۋاقتىدا، ئۇ يەنە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.

ساقساق مەدرىسىدە تەلىم ئېلىۋاتقان مەزگىلدە، موللا مۇسا سايرامى موللا ئوسمانئاخۇننىڭ تەربىيىسى ئاستىدا «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» ۋە تارىخ، ئەدەبىيات، كالېندارچىلىق، ئاسترونومىيە، گراماتىكا، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئوردو تىللىرىدىكى ئۆگىنىشلىرىنى تاماملىدۇ ھەمدە بۇ جەھەتلەردە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇ سەۋەبتىن موللا مۇسا سايرامى ساقساق مەدرىسىدە ھەممىگە تونۇلدۇ㉕.

1854 ـ يىلى موللا مۇسا سايرامى 18 ياشقا تولغان چاغدا ساقساق مەدرىسىدىكى يەتتە يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى تاماملىدۇ ۋە ئۇستازى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ تۇتۇپ قېلىشلىرىنى رەت قىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، بالىلىق چاغلىرىدا تەلىم ئالغان ئانىقىز مەدرىسىدە مۇدەررىس بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دادىسى موللا ئەيسا خوجا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. موللا مۇسا سايرامى دادىسىنىڭ ئورنىغا بۇ يېزا مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

يېڭى ۋەزىپە موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ

قالىدۇ. دادىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئانىسىغا قاراش ۋە ئۇكا ـ سىڭىللىرىنى بېقىشتەك ئائىلە مەسئۇلىيەت موللا مۇسا سايرامىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ؛ باش مۇدەررىسلىك ۋەزىپىسى بولسا نەچچە ئونلىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى موللا مۇسا سايرامىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈرىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى بۇ ئىككى ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى 10 يىلنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، 1864 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ.

كۇچا قوزغىلىڭى موللا مۇسا سايرامىنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى بىر چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ چاغدا مەن كەمىنە يازغۇچى سايرامغا كەتكەنىدىم. كۇچادىن ئۈشتۈمتۇت سىيىت بۇرھانىدىن خېتىپ خوجام ۋە ئوغلى مەھمۇدىن خوجام، موللا ئوسمانئاخۇنۇملار «جەننەت قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ئىسلام ئېچىش نىيىتى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ سايرامغا كەلدى. مەن كەمىنە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، خالاپ ـ خالىماي ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىللە قارا يۇلغۇنغا كەلدۇق. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سەئىدبەگ نۇرغۇن مەنچىڭ چېرىكلىرىنى ئاچىقىپ بىز بىلەن جەڭ قىلدى. بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي قاچتۇق. مەن كەمىنە بىرقانچە ئادەملەر بىلەن موقۇر يولىغا كىرىپ چۆل ئارقىلىق كۇچانىڭ يۇلتۇزباغ كەنتىگە چىقتىم. ئات ـ جابدۇق، ئېگىن ـ ئاياغلىرىمدىن ئايرىلدىم، ئۇلار مېنى مەنچىڭ چېرىكلىرىگە تۆھپە قىلىپ بەرمەكچى بولۇشتى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كۇچالىق خوجاملارنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا ماڭغانلىقىنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى قويۇپ بېرىشتى. يۇلتۇز باغدىن پىيادە ۋە يالغۇز كۇچا شەھىرىگە باردىم. كۇچا

ئادەملىرىنىڭ هال ـ ئەهۋالىدىن قىيامەت ئاشكارا كۆرۈندى. پاناھلىنىدىغان جاينىڭ تايىنى بولمىدى. ئاخىر مەۋلانە ئەرشىدىن ۋە لىيۇلانىڭ مازارىغا باردىم. موللا ئاللايار ئاخۇنۇم، موللا يۇسۇپئاخۇنۇملار مازىرىنىڭ بېغىدا، خوجاملارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئايغىدا ئېتىكاپ قىلىپ ياتقانىكەن. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇم. بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇ جايدا 20 كۈن مىقدارى تۇردۇم. مەھمۇددىن خوجام ئۇشتۇمتۇتلا ئاقسۇنىڭ پەتھە قىلىنغانلىق خەۋىرىنى كۇچاغا ئەكەلدى. بېرىپ مەھمۇددىن خوجام بىلەن كۆرۈشتۇم. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، مەھمۇددىن خوجام ئاقسۇغا قايتىدىغان بولدى. مەنمۇ بىللە قايتىپ سايرامغا كەلدىم. نەزەر سېلىپ قارىسام، يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئەهۋالى باشقىچە بۇ يەردە تۇرىدىغانىنىڭ ئىمكانى يوق. مەھمۇددىن خوجام بىلەن ئاقسۇغا كەلدىم، ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا باردىم. بۇ يۇرتلار ئاتالىق غازىنىڭ قولىغا ئۆتكەنگە قەدەر ئۇچتۇرپاندا كۈن كەچۈردۇم»㉖.

1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ ئاقسۇنى بېسىۋېلىپ ئۇچتۇرپاننى مەجبۇرىي ئەل قىلدۇرغان چاغدا موللا مۇسا سايرامى بۇرھانىددىن (يەنى خېتىپ خوجام) بىلەن بىرگە ياقۇپبەگنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ، كېيىن ئاقسۇنىڭ باش زاكاتچىسى مىرزا بابابەگنىڭ قول ئاستىدا مىرزىلىققا تەقسىم قىلىنىپ بۇ ۋەزىپىدە تاكى 1879 ـ يىلى چىڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇنى قايتۇرۇۋالغانغا قەدەر ئولتۇرىدۇ.

موللا مۇسا سايرامىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىنكى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەهۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەزگىلدە موللا مۇسا سايرامىدا ئۆزى ياشىغان ئاشۇ دەۋردە يۈز بەرگەن كۆپلىگەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بىر تارىخىي ئەسەر يېزىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ قەشقەر،

كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىپ بۇ جايلاردىن شۇ چاغلارغا ئائىت رىۋايەت ۋە ماتېرىياللارنى كۆپلەپ يىغىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ياقۇپبەگ دەۋرىدە مۇشۇ جايلاردا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ئەھۋالىنى توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1878 - يىلى موللا مۇسا سايرامى ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىپ ئۆزى توپلىغان ھەر خىل ماتېرىياللار ۋە مەدھىيىلەرنى ئەستايىدىل رەتلەيدۇ.

1879 - يىلى موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدىكى دوست - يارەنلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن رەتلەپ چىققان كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئاقسۇغا كېلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىنى باشلايدۇ.

1917 - يىلى 3 - ئايدا موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، ئۇنى تۇغقىنى ھوشۇرئاخۇن يۇرتى سايرامغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. شۇ يىلى 4 - ئايدا موللا مۇسا سايرامى ئۆز يۇرتى ئانىقىزدا ئاغرىق سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ»㉗.

موللا مۇسا سايرامى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدى» دىن باشقا يەنە «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «دەر بايان ئەسھەبۇل كەھف»، «قەسىدەئىي سىدىق»، «سالامنامە»، «غەزەلىيات» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلەرنى يېزىپ تاماملايدۇ.

«دەر بايان ئەسھابۇل كەھف» 1898 - يىلى يېزىپ تاماملانغان بولۇپ، موللا مۇسا سايرامى بۇ ئەسىرىدە مەخسۇس تۇرپاننىڭ تۇيۇق جىلغىسىغا جايلاشقان بۇ مازار ھەققىدىكى ھەر خىل رىۋايەتلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. بۇ مازارلارنىڭ ھەرگىزمۇ «قۇرئان - كەرىم» دە دېيىلگەن ئەسھابۇل كەھف مازىرى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سەككىز تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىيالنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ㉘. بۇ ئەسەر موللا مۇسا

سايرامىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش پوزىتسىيىسى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان دەلىللەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆزى بىۋاسىتە تۇرپانغا بېرىپ بۇ مازاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە باشقا تاۋاپ قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە بۇ يەرنىڭ سەدىقە ئۇمىچىنى ئىچىدۇ.

1824 ـ يىلى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى يەنە بىر يىرىك نامايەندە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلدى. ئۇ موللا مۇسا سايرامىدىن 12 يىل بۇرۇن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى.

بۇ يىرىك نامايەندە تۇغۇلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ جان بار بولۇپ، ئۇلار دادىسى يۇسۇپ، ئاپىسى ھەمدە ئاكىسى جالاللار ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى تەكلىپكە بىنائەن بوۋاققا ئىسىم قويىدىغان چاغدا، ھېچقانچە كۆچمەيلا «بىلال» دېگەن ئىسىمنى تاللايدۇ. بۇ ئىسىم ئاكىسى جالالنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ساندىكى ھەرپكە ۋە ئۆزئارا باغلىنىشلىق قاپىيىگە ئىگە ئىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى بىر يەرگە تىزغاندا ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكا ئىكەنلىكىگە دەرھال ھۆكۈم قىلالايتتى.

بىلالنىڭ ئەجدادلىرى ئىلىدىكى موڭغۇللار تەرىپىدىن «تارانچى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىدى. بىلالنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئۆزىنىڭ زېرەكلىكىگە تايىنىپ موزدۇزلۇق ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بوۋىسى ئۆمەر بۇ ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. دادىسى يۇسۇپمۇ بۇ ھۈنەرنى جان بېقىشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلغانىدى. بىلال تۇغۇلغان چاغدا دادىسى يۇسۇپنىڭ موزدۇزلۇقتىن قىلغان كىرىمى بۇ ئائىلىنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي مەنبەيى بولۇپ قالغانىدى.

گەرچە ئائىلە ئەھۋالى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، دادىسى

يۈسۈپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىككى ئوغلىنى شۇ جايدىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا بەردى.

بىلال ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇشىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۇچامدا كىمخاب تون، قولۇمدا ئالتۇن ـ تەڭگە يوق بولۇپ، دۇنيادىكى نامرات كىشىلەر بىلەن بىرگە نامراتلىق، خورلۇقتا ياشىغانىدىم»30.

دادىسىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشىغا تايىنىپ، بىلال دەسلەپكى تەربىيىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىلىدا تۇنجى بولۇپ پەننىي مائارىپنى باشلاپ بەرگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر مائارىپچىسى زاھىت ئەپەندىم قۇرغان «ئىلى مەكتىپى» گە كىرىپ ئوقۇدى. بۇ يەردە ئۇ زاھىت ئەپەندىم ۋە يەنە بىر ئاتاقلىق ئۇيغۇر پەننىي مائارىپچىسى سەئىد ئەپەندىمنىڭ تەربىيىسىنى ئالدى. بۇ ئىككى ئۇستازىنىڭ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ مول ئەدەبىي بىلىمى، ۋە تىلشۇناسلىق بىلىمى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە باشقىلارغا ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم بېرىدىغان، يامان ئىشلارغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان خاراكتېرى بىلالدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بىلالنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ۋە ئىجادىيىتى داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى ھەممە جەھەتتىن ئەكس ئەتتى.

دەسلەپكى يىللاردا ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنى بىۋاستە بىلال دەپلا چاقىراتتى. بىلال تەخمىنەن 13 ـ 14 ياشلارغا كىرگەن چاغلاردا ئەتراپىدىكى كىشىلەر، بولۇپمۇ ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرى ئاستا ـ ئاستا بىلالنىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان شېئىر يېزىش قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنى سەزدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىلالنىڭ دىنىي بىلىمى، ماتېماتىكا بىلىمى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئىگىلىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشى ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

بىلالنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ياش تالىپنى «موللا» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. بىلال دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ ھۆرمەت نامىنى قوشتى، شۇنىڭ بىلەن «موللا بىلال» دېگەن ئىسىم بارلىققا كەلدى.

موللا بىلالنىڭ تۇنجى بولۇپ داڭق چىقارغان شېئىرلار توپلىمى «غەزەلىيات» بولۇپ، ئۇ چاغدا موللا بىلال ئەمدىلا 26 ـ 27 ياشلارغا كىرگەنىدى. بۇ چاغدا موللا بىلالنىڭ شائىر ئىكەنلىكى غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى بۇنى ئۆزىمۇ سەزگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە «نازىم» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشقا باشلىدى. «نازىم» نىڭ كەڭ مەنىسى دەل شائىر دېگەنلىك ئىدى.

موللا بىلالنىڭ شېئىرلار توپلىمى «غەزەلىيات» دىكى ئۆتكۈر تەپەككۇرى شۇ چاغدا سەل قارالغان بىر چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىگە يەنى ئاياللار مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلاتتى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇشۇكۇر تۇردى موللا بىلالنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمىغا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «موللا بىلالنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى ‹غەزەلىيات› نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىغان، جەمئىيەتتە ئورنى بولمىغان ئاياللارنى جەمئىيەتتە زور رول ئوينايدىغان ئادەملەر قاتارىغا قويۇپ مەدھىيىلىگەن. شائىرنىڭ نەزىرىدە ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئەقلىي جەھەتتە تەڭداش» ئۇنىڭ ئۈستىگە موللا بىلالنىڭ پۇتكۇل ئىجادىيەت ھاياتىدا، «غازات دەر مۈلكىي چىن» داستانى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستاننىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ

دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

موللا بىلال ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ئىلى دەريا ۋادىسىدا پارتلىغان ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنى پىششىق ئەدەبىي ماھارەت بىلەن شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ چىققان. ئىلى قوزغىلىڭى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى، كۇچا قوزغىلىڭى، قەشقەر قوزغىلىڭى، خوتەن قوزغىلىڭى بىلەن بىر قاتاردا 1864 ـ يىلىدىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ھاسىل قىلغان. ئەمما، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۈرۈمچى، كۇچا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭلار ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ئىلى قوزغىلىڭى بولسا چارروسىيە تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

موللا بىلال «غازات دەر مۈلكىي چىن» داستانىدا ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبى، غۇلجا شەھىرى ئۇرۇشى، شىخۇ شەھىرى ئۇرۇشى، باياندايى ئۇرۇشى، كۈرە ئۇرۇشى، سۇيدۈڭ ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلغان. بولۇپمۇ، ئاپتور ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ چارروسىيە قوشۇنىغا زەربە بېرىش ئۇرۇش مەنزىرىسىنى ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن سۈرەتلەپ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش يولىدا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قۇربان بولغان سەركەردە، ئەسكەرلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

ئىلى قوزغىلىڭى موللا بىلالنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم زامان باسقۇچىنى ھاسىل قىلغان. موللا بىلال ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي قوزغىلاڭغا ئاتلانغان ھەمدە غۇلجا شەھىرىدىن باشلانغان بىر قاتار ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئۇ بۇ جەرياندا قوزغىلاڭچى سەركەردە، ئەسكەرلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قەھرىمانا جەڭ قىلغان ئۇلۇغ جاسارىتى ھەمدە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىشتەك ئىچكى نىزالىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم

ئاڭلىغان.

موللا بىلال ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆز ئەسىرىدە پىداكارلىق بىلەن ئۆلۈم خەۋپىدىن باش تارتمىغان، باتۇرلارچە جەڭ قىلغان، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قۇربان بولغان قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، يۇرتى ھەمدە ئۇلارنىڭ قىسقىچە ئىش ـ ئىزلىرىنى ئىمكانقەدەر خاتىرىلىگەن.

شۇنداقلا كېيىنكىلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن، مەزەمزاتىنىڭ ئابدۇرۇسۇل بەگنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، پوچى مەخمۇتنىڭ مەززەمزاتنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى؛ شەۋكەتئاخۇننىڭ پوچى مەخمۇدنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئەلاخاننىڭ شەۋكەتئاخۇننى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى قاتارلىق قانلىق ۋە ۋەھشىيانە جەريانلارنى قىلچە پەردازلىماستىن يېزىپ چىققان.

موللا بىلال بۇ قاتمۇقات سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش يوللىرىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن، ھەر قېتىمدا قاتىلنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئىشلەتكەن قورالى، تاللىغان مۇھىتى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ قىياپىتى ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ قايغۇلۇق يىغا ـ زار قىلىش ئەھۋاللىرىنى ئىنتايىن تەپسىلىي يېزىپ چىققان.

«غازات دەر مۇلكىي چىن» داستانى 1868 ـ 1876 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىۋالغانغا بەش يىلدەك ۋاقىت بولغانىدى. بۇ بىر مەيدان دەبدەبىلىك ئىلى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى بۇ چاغدا ئاللىقاچان غايىب بولغان بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭ توغرىسىدىكى كۆپلىگەن ئەسلىمە ۋە رىۋايەتلەرلا قالغانىدى. موللا بىلالمۇ ئوبيېكتىپ، سوغۇققان ھالەتكە كەلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن ۋەقەلەرگە ئۆز ھۆكۈمىنى چىقىرالايتتى. بۇ

ۋاقىتتا ئىلى چاررۇسىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدە بولسىمۇ، موللا بىلال بۇنىڭلىق بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ چاررۇسىيە قوشۇنىغا زەربە بېرىشتەك پاكىتىنى يېزىشتىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان.

«غازات دەر مۈلكي چىن» بىلەن ئەڭ ئاۋۋال ئۇچراشقۇچى پانتۇسوۋ ئىدى. سىياسىي ھۆججەتلەردە ئۇنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىلا تەكىتلەنگەن. چۈنكى ئۇ ئىلىنى بېسىۋالغۇچى رۇسىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى، ئىلمىي ھۆججەتلەردە پانتۇسوۋنىڭ ئالىملىق سالاھىيىتى تەكىتلەنگەن بولۇپ، چاررۇسىيە دەۋرىدىكى شەرقشۇناس دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئۇ، 1890 - يىلى رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت ئىككى ئەسەرنى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بىرى «تارانچى ناخشىلىرى»، يەنە بىرى «تارانچى ناخشىلىرىدىكى بەدىئىي ئوبراز». بۇ ئەسەرلەرگە كۆپلىگەن ئىلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ھېكايىلىرى توپلاپ كىرگۈزۈلگەن㉝.

پانتۇسوۋ «غازات دەر مۈلكي چىن» داستانىنىڭ قول يازمىسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1877 - يىلى بۇ قول يازمىنى قازان ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىخانىسىغا بېرىپ بىرنەچچە نۇسخىلا باستۇرغان㉞. ئارقىدىن 1880 - يىلى رەسمىي باستۇرغان. «غازات دەر مۈلكي چىن» داستانىنىڭ قول يازمىسى چەت ئەللەردە مانا مۇشۇنداق تارقىلىپ يۈرگەن㉟.

«غازات دەر مۈلكي چىن» داستانى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىنى قوللانغان بولۇپ، سۆز بېشى، مۇقەددىمە، تېكىست، خاتىمىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

سۆز بېشى قىسمى ئىسلام دىنىنىڭ يېگانە ئاللاسى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەدنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن

ئالاھىدە يېزىلغان. مۇقەددىمە قىسمىدا ئىلىنىڭ يەرلىك تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنغان. تېكىست 48 ماۋزۇ، خاتىمە ئىككى ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان.

موللا بىلال «غازات دەر مۇلكىي چىن» داستانىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1881 - يىلىدىن 1882 - يىلىغىچە، ئارقا - ئارقىدىن «چاڭ موزا يۇسۇپخان» ۋە «نۇزۇگۇم»[36] ئەسەرلىرىنى تاماملىغان.

«چاڭ موزا يۇسۇپخان» دا قوقەندتىن كەلگەن، ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان يۇسۇپخاننىڭ ئىلىدىكى ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنغان. ئاپتور بۇ ھېكايىنى بايان قىلغاندا تۆۋەندىكىدەك ئىككى بايانىنى ئالاھىدە بىلدۈرۈپ ئۆتكەن: بىرى، ئاپتور بۇ ھېكايە 44 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن، دەپ ئېيتقان. بۇ ۋاقىتقا ئاساسەن ھېسابلىغاندا ئەلۋەتتە ئاپتور يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان شۇ ۋاقىتنى ئاساسىي سۇژېت قىلغان. ئىككىنچىسى، ئاپتور بۇ ئەسىرىنىڭ تېمىسىنىڭ كېلىش مەنبەيىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «چاڭ موزا خەنزۇچە سۆز، چېچى ئۇزۇن دېگەن مەنىدە. ئەمما، چاڭ موزا دەپ ئاتالغان بۇ كىشى بىر مۇسۇلمان بولىدۇ»[37].

«چاڭ موزا يۇسۇپخان» بىر ئابزاس مۇقەددىمە، تۆت ئابزاس ماۋزۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەسر ۋە بىر خاتىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پۈتكۈل ھېكايە شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى ساۋۇت موللاۋۇتوف موللا بىلالنىڭ «چاڭ موزا يۇسۇپخان» داستانىغا باھا بېرىپ: «چاڭ موزا يۇسۇپخان» خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بىر ھېكايىنى ئاساس قىلغان. ئەمما، بۇ يەردە شائىر تۇرمۇشتا ھېس قىلغان قىسمەن پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنىمۇ قوبۇل قىلغان. چاڭ موزا يۇسۇپخاننىڭ ئالدامچى، رەزىل ۋە ۋەھشىيلىكى پوچى مەھمۇد

بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ. «چاڭ موزا يۇسۇپخان» دا يەنە بىر پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىلى قوزغىلىڭى مەزگىلىدە غۇلجا شەھىرىگە كەلگەن ئۆمەرخان خوجا.

ساۋۇت موللاۋۇتوف بۇ داستاننىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە باھا بەرگەندە: «موللا بىلال بۇ داستانى ئارقىلىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدە ئەمگەكچى خەلقنى قايىمۇقتۇرۇپ، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى خۇسۇسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولغان چەت ئەل تەۋەككۇلچىلىرى ھەمدە تەمەخور خوجىلارنىڭ ئاچ كۆزلۈك جىنايىتىنى ئېچىپ تاشلىغان»㊳ دەيدۇ.

موللا بىلال «چاڭ موزا يۇسۇپخان» داستانىنى يېزىپ بولۇپ، ئارقىدىنلا «نۇزۇگۇم» داستانىنى تاماملىغان.

بىر پۈتۈن ئىپادىلەش شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاپتور «نۇزۇگۇم» داستانىنى يېزىشتا «غازات دەر مۈلكىي چىن» دىن «چاڭ موزا يۇسۇپخان» غا قەدەر ئىزچىل قوللانغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تاللىۋالغانىدى. يەنى، مۇقەددىمە، تېكىست، خاتىمە قاتارلىقلار. تېكىست ئىچىگە ھەرقايىسى ئابزاستىكى شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاش مەقسىتىدە ماۋزۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەسرلەر قىستۇرۇلغان. «نۇزۇگۇم» دا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەسرلەر بايان قىلىشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتلەردە «چاڭ موزا يۇسۇپخان» دىن خېلى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ئوقۇش ئۈنۈمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «نۇزۇگۇم» ئۇيغۇر ئوپېرا شەكلىگە تېخىمۇ يېقىن. ھەرقايىسى قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەسرلەر پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگقا ۋە سەھنە تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ.

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر تۇردى موللا بىلالنىڭ بۇ داستانغا باھا بېرىپ: «نۇزۇگۇم» سۇژېت مەزمۇنى ۋە رېئالىزمغا چوڭقۇر چۆكۈش جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر بولالايدۇ. ئاپتور بۇ داستاندا، ئاياللار ئوبرازىنى يارىتىشتا تەنقىدىي رېئالىزمدىن ھالقىپ چۈشكەن. شائىر قەلىمى ئاستىدىكى نۇزۇگۇم فېئودالىزم ئاسارىتىگە قارشى تۇرۇش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇھەببەتلىك شەخس بولماي، بەلكى، فېئودالىستىك ئىستىبداتلىققا قارشى ئىغمۇتىغ كۈرەش قىلغان قەھرىمان. بۇنىڭ بىلەن، موللا بىلال ئاياللار ئوبرازىنى مۇھەببەت مەيدانىدىن تۇرۇش مەيدانىغا يۆتكەپ كەلگەن. «نۇزۇگۇم» داستانى ۋە نۇزۇگۇم ئوبرازى موللا بىلالنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسى㊴.

موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا، موللا بىلال غۇلجىدا ئۆز ئەسەرلىرىنى تاماملىغان ۋاقىتتا خوتەن بوستانلىقىدا «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسەرنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە كۆچۈرمە نۇسخىسى 1919 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھېزىمشاھبېگى دېگەن كىشى تەرىپىدىن مۇھەممەد ئىمىنباقى دېگەن كىشىگە سوۋغات قىلىنغان. ئۇ ۋاقىتتا، مۇھەممەد ئىمىنباقى خوتەننىڭ مۇپتىسى ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىنباقى قولغا چۈشۈرگەن بۇ قول يازمىغا: «بۇ تەۋارىخى مۇسقىيۇننى تاماملىغان ئەلىشىر ھېكىمبەگگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەتىمنى بىلدۈرىمەن؛ بۇ «تەۋەرىخى مۇسقىيۇن:» نىنى يېزىپ چىققان موللا ئىسمەتۇللا نېمەتۇللاغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەتىمنى بىلدۈرىمەن. بۇ كىتابنى ھېزىمشاھبەگ ماڭا سوۋغا قىلدى»㊵ دەپ بېغىشلىما يازغان ھەمدە بېغىشلىما ئاخىرىغا ئۆز مۆھۈرىنى باسقان.

مۇھەممەد ئىمىنباقى بېغىشلىما يېزىپ مۆھۈرىنى باسقان بۇ قولىيازما ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. ئاپتور بۇ كىتابنىڭ ھىجرىيىنىڭ 1271 ـ يىلى، يەنى ـ مىلادىيەنىڭ 1854 ـ يىلىدىن 1855 ـ يىلىغىچە يېزىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن[41]. ئېنىقكى بۇ ئەسەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلانغان، پەقەت تار دائىرىدىلا كۆچۈرمىسى تارقالغان.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ ئاپتورى ئىسمەتۇللا نىمەتۇللانىڭ يۇرتى خوتەن.

ئېلىمىز ئىلىم ساھەسى ئىسمەتۇللا نىمەتۇللانىڭ ھاياتى ئۈستىدە ھەر خىل ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما، ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقتىن باشتىن ـ ئاخىر ئومۇمىي ھاياتى توغرىسىدىكى ماتېرىيالغا ئېرىشەلمىدى. نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان بەزى كۆزقاراشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاپتورنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا ئۆزى توغرۇلۇق ئېيتقان باياناتلىرىدىن كەلگەن.

1 ـ خىل قاراش: ئىسمەتۇللا نىمەتۇللا پارس، ئەرەب تىلىنى خېلى پىششىق بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ: «تارىخى مۇسىقىيۇن» نى يېزىش جەريانىدا «ئەرەب تارىخى»، «تارىخى رەشىدى» نى ئوقۇپ پايدىلانغانلىقى، ھەتتا، فارابىنىڭ «مۇزىكا كىتابى» نى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئېيتقان.

2 ـ خىل كۆزقاراش: ئىسمەتۇللا نىمەتۇللا ئىنتايىن شۆھرەت قازانغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پارس شائىرلىرى، مەسىلەن، فارابى، ئابدۇراخمان جامى، نەۋائىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىنتايىن قايىل بولغان. چۈنكى ئۇ: ئۆزىنىڭ نەۋائى قاتارلىقلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، نەۋائىينى ئۇستاز تۇتقانلىقىنى ئېيتقان[42].

ئىسمەتۇللا نىمەتۇللانىڭ بىلىمى ۋە ئەخلاق پەزىلىتىگە باھا بەرگىنى ئىسمەتۇللا نىمەتۇللانىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نى

يېزىشنى قولىغان ئەلشىر ھېكىمبەگ. ئۇ ئىسمەتۇللا نىمەتۇللانى يۈز تۇرانە ماختاپ: «سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەسىپ قىلغانسەن ھەم بېيت مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدەبىيات دۆلىتىنىڭ شېرىن سۆزلۈك تۇتىسىدۇرسەن، شۇنىڭدەك خۇش پۇتكۈچى ۋە دىلكەش ئېيتقۇچىدۇرسەن» ㊸ دېگەن.

بۇ بىر ئابزاس سۆز ئىسمەتۇللا نىمەتۇللانىڭ مۇزىكانت، خەتتات ۋە ناخشىچى ئىكەنلىكىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانتى بارلىقىنى تەپسىلىي بېكىتكەن.

«تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» مۇ مۇقەددىمە، ماۋزۇ، تېكىست ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپقان. پۈتۈن كىتاب 17 نەپەر مۇزىكا پىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا باھا بېرىش ئاساسىدا يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىللەت ۋە يۇرتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارغا تەۋە تۆت كىشى بولۇپ، ئۇلار: 13 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى، 15 ـ ئورۇنغا تىزىلغان لۇتفى، 16 ـ ئورۇنغا تىزىلغان سەككاكى، 17 ـ ئورۇنغا تىزىلغان ئامانىنساخان قاتارلىقلاردۇر.

ئاپتور يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت كىشىدىن باشقىلارنى باھا بېرىش ئاساسىدا تونۇشتۇرۇپ ھاياتىي پائالىيىتىنى بايان قىلغاندا، باشقا ئەسەرلەردە بايان قىلىنغىنى بىلەن بەزى ئوخشىماسلىقلار بار. ئەمما، يۇقىرىدىكى تۆت مۇزىكا ئۇستازىغا بەرگەن باھاسى مۇئەييەن نوپۇزغا ئىگە ئىدى.

كىتابتا باھا بېرىش ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلغان 13 ـ كىشى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى. ئىسمەتۇللا نىمەتۇللا يۈسۈپ قىدىرخانغا باھا بەرگەندە ئاخىرقى چەككە يېقىنلاشقان ئىجابىي مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلەتكەن. ئىسمەتۇللا نىمەتۇللا: «مۇزىكا بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە، ئۇنىڭدەك كىشىلەر ئىنتايىن

ئاز، بۇرۇنقى زاماندىمۇ خۇش ئاۋازلىق كىشى ئۆتمىگەنىكەن» دېگەن. ئىسمىتۇللا نىمىتۇللا يەنە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئىراق، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان مۇزىكانتلار يەركەندە يۈسۈپ قېدىرخاندىن مۇزىكا ئۆگىنەتتى. ئۇ (يۈسۈپ قېدىرخان) راۋاپنى ئىسلاھ قىلغان، ھەشتارنى ئىختىرا قىلغان. ئۇ يەنە بىر شائىر بولۇپ «دىۋان قىدىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇ ئۆزى يازغان مۇزىكىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا چوڭقۇر مەنە ئىپادىلىگەن». ئىسمىتۇللا نىمىتۇللا يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 ـ خانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ يېقىن دوستى ۋە مۇزىكا ئۇستازى ئىكەنلىكىنى، يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ «ۋىسال مۇقامى» نى ئىجاد قىلغانلىقىنى، ئابدۇرەشىدخاندىن ئىككى يىل كېيىن ۋاپات بولغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

يۈسۈپ قېدىرخان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق نەتىجە، ئۇنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ 2 ـ خانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ئوردىنىڭ باش مۇزىكانتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن «مۇقام» نى رەتلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغانلىقى ئىدى. بۇ ئېلىمىز غەربىي يۇرت مۇزىكىچىلىقى تەرەققىياتى جەريانىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان «12 مۇقام» دا ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈپ قېدىرخان رەتلەپ تۈزگەن «مۇقام» دىكى كۆپ قىسىم بۆلەك ۋە ناخشا تېكىستلىرى ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، بىز بۇ ئارقىلىق يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ تىرىشچانلىق ۋە قابىلىيىتىنى قىسمەن بىلەلىشىمىز مۇمكىن. يۈسۈپ قېدىرخان يەنە «ۋىسال» بۆلىكىنى ئۆزى بىۋاسىتە رەتلەپ، ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ تۈزۈلگەن «مۇقام» غا كىرگۈزگەن(44)».

15 ـ مۇقام پىرى لۇتفى. ئىسمىتۇللا نىمىتۇللا لۇتفى

توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: « بۇ ھەزرەتلىرى موغۇلىستاندا تۇغۇلغان㊺. ئۇ بىلىم جەھەتتە ئەبۇناسىر فارابى، تېبابەتچىلىكتە ئىبنىسىنا، شېئىردا نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي، مۇزىكىدا يۇسۇپ قېدىرخان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا شۆھرەت قازانغان. بۇ ھەزرەتلىرىنىڭ بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق، شۇ دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىمدۇر».

ئىسمىتۇللا نىمىتۇللا لۇتفىغا مۇشۇنداق باھا بېرىش ئاساسىدا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ سانلىق مەلۇماتنى كۆرسەتكەن: بىرى، 500 ئالىم ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، 200 قارى ئۇنىڭغا شاگىرت بولغان؛ ئىككىنچىسى، ئۇ 200 مۇزىكانتنى ئوقۇتقان؛ ئۈچىنچىسى، ئۇ ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان؛ نەۋائىي ھىجرىيىنىڭ 878 - يىلى مىلادىيە 1473 - يىلى ۋاپات بولغان.

لۇتفى مىلادىيە 1366 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1465 - يىلى 99 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۇتۇق قازانغان ۋاقىتلارنى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ كىشىلەرگە مول ھەم كۆپ مىقداردىكى مەنىۋى مىراسنى قالدۇرغان. بۇ مىراسلارنىڭ بىر قىسمى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىلىمى بىلەن نۇردۇن ئابدۇراھمان جامىغا ئوخشاش مەشھۇر تاجىك شائىرى ھەمدە ئەلىشىر نەۋائىيغا ئوخشاش ئەدەبىيات ئۇستازلىرىنى خالىس تەربىيىلەپ چىققان؛ شۇ مىراسلارنىڭ يەنە بىر قىسمى، ئۇ چاغاتاي يېزىقىدا كۆپ مىقداردىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ، شۇ ئارقىلىق ئەرەب، پارس مەدەنىيىتى ئەۋج ئالغان ئۇ دەۋر ۋە رايوندا چاغاتاي يېزىقىدا ئەسەر يېزىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن.

لۇتفىنىڭ ھايات ۋاقتىتىكى ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى تۈزۈپ توپلام قىلىنغان ئەسىرى 30 نەچچىدىن ئاشىدۇ. «گۇل

ۋە نورۇز» ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن لىرىكىلىق داستانى(46).

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا 16 ـ مۇزىكا ئۇستازى سۈپىتىدە يۇسۇپ سەككاكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئىسمەتۇللا نىمەتۇللا ئالىملارنىڭ ئورتاق تونۇشىنى قوبۇل قىلىپ يۇسۇپ سەككاكىنىڭ مەشھۇر شائىر، مائارىپچى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئىسمەتۇللا نىمەتۇللا بايان قىلىپ: ئۇ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن؛ موغۇلىستاندىن چىققان كۆپ ئالىملار ئىچىدىكى يېگانە زات دېگەن. ئاپتور مۇشۇلارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇسۇپ سەككاكىنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارىنى باھا بېرىش ئاساسىدا تونۇشتۇرغان. 16 ـ مۇزىكا ئۇستازى يۇسۇپ سەككاكىنىڭ مۇزىكىغا دائىر كۆپلىگەن ئەسەر يازغانلىقىنى ھەمدە «بايات مۇقامى» نى ئىجاد قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

يۇسۇپ سەككاكىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ياقۇپ ئابابەكرى يۇسۇپ سەككاكى؛ يۇرتى خوتەن، 1393 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1449 ـ يىلى 56 يېشىدا ۋاپات بولغان. يۇسۇپ سەككاكىنىڭ مۇتلەق كۆپ ئىجادىيەت پائالىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند شەھىرىدە بولغان. شۇڭلاشقا، يۇسۇپ سەككاكىنىڭ كەچۈرمىشى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋەقەلەر بىلەن باغلانماي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ۋەقەلەر بىلەن باغلانغان.

يۇسۇپ سەككاكىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش يولى لۇتفى بىلەن پۈتۈنلەي پەرقلىنىپ تۇرغاچقا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ھېسسىياتى، ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك پەرق بار. ئەگەر لۇتفى ئەسەرلىرىدە ئاپتور ئۆزى تونۇش بولغان ئاۋام پۇقرالارنىڭ ھېسسىياتى، تۇرمۇشى ھەمدە كەلگۈسىگە بولغان ئاددىي ئۈمىد ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئالىي پەزىلىتى مەدھىيىلەنگەن دېيىلسە، ئۇنداقتا، يۇسۇپ

سەككاكىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاپتور ئۆزى تونۇش بولغان ھۆكۈمران سىنىپلار قاتلىمى ئىچىدىكى قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق ھەمدە بايلىق ۋە سىياسىغا بولغان چېكى يوق ئۈمىد ـ ئارزۇلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ، بولۇپمۇ تۆمۈرلەڭ ھەمدە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن.

«تەۋارىخىي مۇسقىيۇن» دا باھا بېرىش ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلغان 17 ـ مۇزىكا پىرى ئامانىنساخاندۇر.

بۇ ئىسمىتۇللا نىمىتۇللا ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن شەخس، شۇڭلاشقا ئۇ ئامانىنساخان ئۇچۇن ئاجراتقان سەھىپە ئالدىدىكى 16 مۇزىكا پىرىغا ئاجرىتىلغان سەھىپىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق «ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ «دىۋان نەفسى» (نەفىسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىر ـ ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەخت يەكەندىن ئاتلىنىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملىرىنى كىيىپ قونغۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە (پۇقرالارغا) زۇلۇم ـ سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن خارابە ئۆيگە قونغۇچى سۈپىتىدە كىردى. ئۆي مەھمۇد ئاتلىق بىر ئۇتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا

شۇ مەھمۇدنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ مەھمۇدتىن تەمبۇرنى چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد: «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىم ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ» — دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان: «ئەمسە قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن» — دېدى. مەھمۇد قىزىغا ئەمر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھوش بولۇپ كەتتى. شېئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى:

ساڭا يۈز شۈكۈر يارەب، بىزگە ئادىل پادشاھ بەردىڭ،
پېقىر مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ.

بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى چۈشۈرۈلگەنىدى.

ئەي نەفىسى، ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلغىن،
ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇناھ قىلغان بولىسەن.

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفىسە دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟»‹ — دەپ سورىغانىدى ،قىز: «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن، مەن نەۋائىي، فۇزۇلى، زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىس مېنىڭ تەخەللۇسۇم» — دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى. ئاتىسى: «13 ياشقا كىردى» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغۇچە، ئامانىسا خېنىم قوپۇپ، ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېئىرلارنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى . پادىشاھ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارەسىدەنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي «قېنى ئەمىسە، مەن

قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىلى» — دېگەنىدى، قىز دۇۋەت ـ قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى،
گويا بۇ ئۆيدە بۈگۈن ئاخشام مەن ئۇچۇن بىر تىكەن ئۈندى.

سۇلتان كۇلۇپ: «ئىشەندىم مېنى مەسخىرە قىلماڭ» دېدى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ: «بىز ھېلى كېلىمىز» — دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر ـ ئەمىرلەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۈستىگە دەۋاج يېپىپ ۋە دەرھال 10 قوي ۋە شايى ـ ئەتلەسلەر تەييارلاندى. تۈن يېرىمىدا 40 كىشى مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي قىلىپ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائاللا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. «دېۋان نەفسى» نى يازدى. خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، «شورۇ ھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى ، كۈچلۈك رەشىك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن. بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ. »

ئامانىساخانىڭ ئىش ـ ئىزلىرى «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن» دىن باشقا ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما،

ئامانىساخان توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ، يەركەننىڭ ھەممە يېرىدە ھەممە كىشى ئامانىساخاننىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ. ئالىملار چەكلىك خاتىرە ۋە مول تەرىپلەرگە ئاساسەن بۇنىڭ ئىزناسىنى رەتلەپ چىقتى: ئامانىساخان مەھمۇد ئىسىملىك نامرات ئوتۇنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، زەرەپشان دەريا بويىدا چوڭ بولغان.

زەرەپشان دەريا ۋادىسى ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ ماكانلىرىدىن بىرى. مەھمۇد ئوتۇنچى شۇ ئەتراپتىكى داڭلىق مۇزىكانت ئىدى. ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئائىلە مۇھىتى ئامانىساخاننىڭ تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان، قىزلىق مەزگىلىدىكى ئامانىساخان باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانتى، ئېسىل پەزىلىتى، كامالەتكە يەتكەن چىرايى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ دادىسى مەھمۇدنىڭ بىۋاسىتە ئۆگىتىشى بىلەن مۇزىكا جەھەتتە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئېقىپ يۈرگەن ھەر خىل سازلارنىڭ چېلىش ماھارىتىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن.

ئامانىساخان ئوردىغا كىرگەن دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا، ئابدۇرەشىدخاننىڭ پۈتۈن زېھنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئېغىر يۈكى بولغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇشقا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئۇ تاغىسى مەنسۇرنىڭ تۇرپاندىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش بولۇپ، شۇ ئارقىلىق شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ غەربتە كۇچاغىچە بولغان نەچچە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولغان زېمىننى بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سەئىدىيە خانلىقىدا «ھەممە كەسىپ ئاۋاتلاشقان، تىنچلىقنى تەنتەنە قىلىش» مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئامانىساخان

ئابدۇرەشىدخاننى خانلىق سالاھىيىتى بىلەن ھەرقايسى جايلاردا ئېقىپ ۋە تارقىلىپ يۈرگەن بىر يۈرۈش مۇزىكىلارنى مەلۇم ئۆلچەم ۋە شەكىل بويىچە ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە گۇرۇپپىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ھەمدە ئوردىنىڭ باش مۇزىكانتى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىنى بۇ چوڭ ھەم مۇرەككەپ خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىشقا كۆرسەتكەن.

1576 ـ يىلى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مول مىۋىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەر «مۇقام» دۇنياغا كەلدى. ئەمما، شۇ يىلى «مۇقام» نى رەتلەشكە غايەت زور تۆھپە قوشقان ئامانىنىساخان بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. كۆپلىگەن رىۋايەت ئامانىنىساخانىنىڭ تەبىئىي سەۋەبلەر بىلەن ئۆلمىگەنلىكىنى يوشۇرۇن بىلدۈردى. شۇ ۋاقىتتىكى جىددىي سىياسىي كۈرەش ۋە دىنىي مەزھەپ كۈرىشى بىلەن باغلىغاندا، ئامانىنىساخانىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى بىر ئېچىلماس سىر بولۇپ قالدى.

«مۇقام» رەتلەش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسچىسى ئامانىنىساخانىنىڭ تۈگەپ كېتىشى مەڭگۈلۈك ساۋابقا ئىگە «مۇقام» ئىشلىرىغا بىر قەۋەت مۇڭلۇق تۈس بېرىپ كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى[48].

## 5. مۇزىكا

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنى تىلغا ئالغاندا ئالدى بىلەن مۇقامنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. تەڭرىتېغىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى قۇمۇلدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بويلىرىدىن شىمالىي بويلىرىغىچە جاي

نامى بىلەن ئاتالغان بىر قاتار «مۇقام» لار شەكىللەنگەن. مەسىلەن، «قۇمۇل مۇقامى»، «ئىلى مۇقامى»، «دولان مۇقامى»، «كۇچا مۇقامى» قاتارلىقلار. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ مول مەنىۋى بايلىقى كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان.

بۇ دەۋردىكى مەشھۇر «مۇقام» ئورۇندىغۇچى يەكەن شەھىرىدىكى ئىبراھىم ئائىلىسى ھېسابلىناتتى49.

ئىبراھىم جەمەتىنىڭ 1 ـ ئەۋلاد ۋارىسى ھاشىم بولۇپ ھاشىم ساتار چېلىشقا ماھىر ئىدى. ئىبراھىم ئائىلىسىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد ۋارىسى قاۋۇل بولۇپ، ئۇ قالۇن چېلىشقا ماھىر ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ياخشى كۆڭگە توغرا كەلمىگەنلىكتىن ئۆمرى ئوڭۇشسىزلىق ۋە جاپا ئىچىدە ئۆتكەن، ئىبراھىم ئائىلىسىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد ۋارىسى تەۋەككۇل بولۇپ، ئۇ 1843 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، ياخشى تەربىيە ئالغان. تەۋەككۇل قەشقەردىكى مەشھۇر «مۇقام» ئورۇندىغۇچى بولۇپ قالغان. تەۋەككۇلنىڭ «مۇقام» ئورۇنداش ماھارىتىنى دادىسى قاۋۇل ئۆگەتكەن.

ياشلىق دەۋرىدىكى تەۋەككۇل بىر مەزگىل مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپتە مۇدەررىس بولغان. ئەمما، كېيىن ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن «مۇقام» ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان. تەۋەككۇل ئۆيلەنگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن يېكەنسارغا كۆچۈپ بارغان. يېكەنساردا، ئۇ خېلى كۆپ زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ بىر تۈركۈم «مۇقام» ئورۇندىغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭ ئىچىدە قەشقەرلىك مۇھەممەد موللا، ھېلىم ۋە سېلىم ئاكا ـ ئۇكا، يەكەنلىك سېتىۋالدى قاتارلىقلار بار ئىدى.

بۇ مەزگىلدە تەۋەككۇلنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇ «مۇقام» دىكى ناخشا تېكىستلىرىنى ئەستايىدىل

ۋە ئۇنۇملۇك تەكشۈرۈپ تۈزەتكەن، بەزى چۈشىنىكسىز ناخشا تېكىستلىرىنى يېڭىلاپ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى چۈشىنەلەيدىغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە قوشاقلىرىنى ئورنىغا ئىشلەتكەن. بۇ جەرياندا تەۋەككۇل باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇزىكا تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، قويۇق ئەدەبىيات ئاساسىنىمۇ نامايان قىلغانىدى.

ئەمما، تەۋەككۇل «مۇقام» غا ھەرقانداق كۆلەمدە تەگىشىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، «مۇقام» نىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئەستايىدىللىقىنى قاتتىق ساقلىغان. بۇنىڭ بىلەن يېڭىسار قەشقەر «مۇقامى»، «ئۇيغۇر مۇقامى» دا ھەقىقىي ۋارىس ئورنىغا ئىگە بولغان.

بۇ دەۋردە شەكىللەنگەن «قۇمۇل مۇقامى»، «مۇقام» نىڭ ئۈچ چوڭ قۇرۇلمىسىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇزىكا كەيپىياتى، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ ۋارىيانتلارنى ئاتاش جەھەتلەردە روشەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگەن.

«قۇمۇل مۇقامى» 19 بىر يۈرۈش مۇزىكىدىن تەشكىل تاپقان، ئۇنىڭ ئىچىدە بەش بىر يۈرۈش مۇزىكا ئەنئەنىۋى «مۇقام» نامىنى قوللانغان. مەسىلەن، «چارگاھ مۇقامى»، «مۇشاۋەرەك مۇقامى»، «ئۆزھال مۇقامى»، «راك مۇقامى»، 6 ـ قىسىم «ئىراق مۇقامى» نىڭ نامى ئەنئەنىۋى نامىنى قوللىنىش بىلەن قوللانماسلىقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئەنئەنىۋى «مۇقام» نامىدا بىر يۈرۈش مۇزىكا «چۆل ئىراق» دەپ ئاتالغان.

«قۇمۇل مۇقامى» دىكى باشقا 13 بىر يۈرۈش مۇزىكىغا يېڭى ئىسىم قوللىنىلغان. بۇ ئىسىملار ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىدە روشەن ۋە ئېنىق مەنىگە ئىگە.

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى سازەندىلەر «قۇمۇل مۇقامى» نىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا غايەت زور رول ئوينىغان. ئۇلار قاتتىق

مەشىق قىلغانلىقتىن كەسپىي سازەندىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئوردا سازەندىلىرى ئادەتتە كوللېكتىپ شەكلىدە ۋالڭ ئوردىسىنىڭ تەبرىكلەش مۇراسىملىرى ۋە باشقا مۇراسىملاردا ساز چالاتتى. شوڭلاشقا، تەڭشەش، رىتىم، مۇزىكا ھەتتا بارماقلارنىڭ تەقسىملىنىشى ئالاھىدە تەلەپ قىلىناتتى. دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، «قۇمۇل مۇقامى» بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىكى ۋە تەرتىپلىكىنى ساقلاپ كەلدى.

«ئىلى مۇقامى» نىڭ ئاساس سالغۇچىسى مۇھەممەد موللا بولۇپ، ئۇ «مۇقام» ئائىلىسى ئىبراھىمنىڭ 3 ـ ئەۋلاد ۋارىسى تەۋەككۇلنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى.

مۇھەممەد موللا تەۋەككۇلدىن مۇزىكا ئۆگىنىپ يېتىلگەندىن كېيىن ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە 40 يىلدىن ئارتۇق ياشىغان. مۇھەممەد موللا ئىلىدا «كارۋشالڭ» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان.

«ئىلى مۇقامى»، «داستان» قىسمىنى كۆپرەك گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، روشەن ئۆي ئىچى ئورۇنداش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. «مۇقام» نىڭ ئىككى چوڭ قىسمى بولغان «چوڭ نەغمە» ۋە «مەشرەپ» قىسمى «ئىلى مۇقامى» دا خېلى چوڭ دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇلغان.

«ئىلى مۇقامى» غا ئاساس سالغۇچى مۇھەممەد موللا 1850 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1910 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

«دولان مۇقامى» كۆپرەك خەلق مۇزىكا تۈسىنى ئالغان.

مۇزىكا كەيپىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «دولان مۇقامى» مەيداندا ئورۇنداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك «دولان مۇقامى» نى كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ كۈچلۈك خاراكتېرى، لەرزىگە سالىدىغان تەسىرى ھەمدە ئەۋج ئالغان كەيپىياتنى يېتىلدۈرگەن.

«دولان مۇقامى» خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە «باياۋان» دەپ

ئاتالغان. بۇ سۆز «دولان مۇقامى» دىكى مۇزىكا كەيپىياتىنىڭ كەڭ مەزمۇنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

«دولان مۇقامى» توققۇز قىسىملىق بىر يۈرۈش مۇزىكىدىن تەركىپ تاپقان. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا:

1. باش باياۋان مۇقامى
2. بوم باياۋان مۇقامى
3. زىل باياۋان مۇقامى
4. سىمباياۋان مۇقامى
5. چۆل باياۋان مۇقامى
6. باياۋان مۇقامى
7. دۇگامەت باياۋان مۇقامى
8. سامۇق باياۋان مۇقامى
9. جۇلا باياۋان مۇقامى — دەپ ئاتالغان.

«دولان مۇقامى» نى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان مۇھەممەد ئوسمان ئەپەندى «دولان مۇقامى» توغرىسىدا قىسقىچە بايان قىلىپ: «باياۋان»، «دولان مۇقامى» نىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ دائىم ھەربىر قىسىم مۇقامنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ ئىشلىتىلىپ ھەربىر قىسىم مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان» دەيدۇ. مۇھەممەد ئوسمان ئەپەندى: ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئېيتىلغان «مۇقام» نىڭ مەنىسىنى بايان قىلغاندا باشقا جايلاردا «ETIX» (يەنى ئېيتىش، سۆزلەش) سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. دولاندا بولسا ئېيتىلغان «مۇقام» مەنىسىنى بايان قىلغاندا «TOLAX» (يەنى توۋلاش، ۋارقىراش) سۆزىنى ئىشلىتىدۇ، دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

خەلق قوشاقلىرى بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى مەلۇم دەرىجىدە بېيىتقان. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىخچام، يىغىنچاق بولۇپ كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى خۇشاللىق، قايغۇ، غەزەپ

قاتارلىق ھېسسىياتلىرىنى ئەڭ بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇلىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ.

بۇ ئەسىردە بايان قىلىنىۋاتقان دەۋردە ئىلى خەلق قوشاقلىرى پۇتكۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

سادىر پالۋان ئىلى ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىكى ئاساسلىق ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى شەخسلەرنىڭ بىرى. كېيىنكىلەر سادىر پالۋان ئىجاد قىلغان ياكى سادىر پالۋان نامىنى شىپى كەلتۇرۇپ ئىجاد قىلغان ئىلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» دەپ ئاتىغان.

«سادىر پالۋان قوشاقلىرى» ئۆز كەچۈرمىشىنى بايان قىلىش، يۇرتىغا بولغان سېغىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنە ئىستىبداتلىققا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» نىڭ ئاھاڭى چىرايلىق، ھېسسىياتلىق، كۆتۈرەڭگۈ، بەزىدە قايغۇ ـ ھەسرەتمۇ ئارىلاشقان بولۇپ، دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ يىغىلىشى، يالغۇز يۈرگەن كارۋانلار ھەمدە ئەمگەك ئارىلىقىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ياكى كوللېكتىپ سورۇنلاردا ئوخشىمىغان ئەھۋال، ئوخشىمىغان روھىي ھالەت، ئوخشىمىغان ئوي ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ماس كېلىدۇ.

شۇ دەۋردە كەڭ ئومۇملاشقان «خانلەيلۇن»، «قەدىردانىم»، «ھارۋىكەش ناخشىسى»، «ئالتۇنجان»، «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» قاتارلىق ئىلى خەلق قوشاقلىرى «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» بىلەن ئوخشاش خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

«نۇزۇگۇم» ئىلى خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر نەمۇنىسى بولۇپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان. نۇزۇگۇمنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك

ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن. نۇزۇگۇمنىڭ كۆرەش قىلىش روھى خەلقنىڭ يۇكسەك مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەن. موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن «نۇزۇگۇم» داستانىنى تاماملىغان.

تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مىللەتنىڭ بۇ خىل ئېگىلمەس روھى، ئۇمىدۋار، ئىشەنچكە تولغان مىللىي خاراكتېرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىپادىلىگەن. قىزغىن، خۇشال، ياڭراق بولۇش تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولغان. ئۇ ھەققەتنى، سادىقلىقنى، تەبىئەتنى مەدھىيىلىگەن؛ ئۇ قىزغىن، تەبىئىي، يالقۇنلۇق، چوڭقۇر، تەسىرلىك بولۇپ، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسىگە ئايلانغان.

## 6. ئۇسسۇل

بۇ دەۋردە ئەۋج ئالغان شەھەر ئەتراپى سەيلىسى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ مەزمۇنى ۋە ھەجمىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بېيىتقان.

شەھەر ئەتراپى سەيلىسى ئەتىياز، ياز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل ئىستىخىيىلىك كوللېكتىپ پائالىيەت بولۇپ، ئادەتتە شۇ يەردىكى مەنزىرىسى گۈزەل جايلار تاللىناتتى. سۇ مەنبەيى، ئوتلاق، ئورمان، تاغ تىزمىلىرى مەنزىرە تاللاشنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى ئىدى. بېرىش - كېلىش، دەم ئېلىش، دالىدا تاماقلىنىش شەھەر ئەتراپى سەيلىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ، پىچىرلىشىپ سۆزلىشىش، ئېچىلىپ كۈلۈش، چىن دىلىدىن بەخت تىلەشلەر، كۆڭۈل ئېرىتىدىغان مۇھەببەت، ئەركىن - روھى كۆتۈرەڭگۈلۈك، ئىززەت - ھۆرمەتكە تولغان مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەتتى. بۇنىڭغا ئۇياق -

بۇياقتا قوغلىشىپ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى قوشۇلۇپ يەنە بىر ئاجايىپ مەنزىرىنى ھاسىل قىلاتتى.

ئەمما، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەھەر ئەتراپىي سەيلىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ناخشا، ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش ئىدى.

شەھەر ئەتراپىي سەيلىسى ئۇسسۇلدا ھەممىسى ئۆز ماھارىتى ۋە كۈچىنى كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ۋە سېرىك ھەرىكىتى بۇ خىل ئۇسسۇلنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. پەتنۇس جابدۇق قىلىنغان «پەتنۇس ئۇسسۇلى»، ئۇستەل ئۈستىدە ئوينىلىدىغان «ئۇستەل ئۇسسۇلى»، ياشانغانلارنىڭ ھەرىكىتى دورالغان «ياشانغانلار ئۇسسۇلى»، مايمۇننىڭ ھەرىكىتى دورالغان «مايمۇن ئۇسسۇلى»، ئىككى كىشىنىڭ چېلىشىش ھەرىكىتى دورالغان «يالغۇز كىشىلىك چېلىشىش ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار بۇ خىل سورۇنلاردا ئومۇملاشقان ئاساسلىق ئۇسسۇل ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا، خۇددى موللا مۇسا سايرامى سۆپەتلىگىنىگە ئوخشاش، توقسۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھېچقانداق چوڭ ئۇرۇش قىلمايلا قەشقەرگە يېتىپ بارغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇ ئارىلىقتىكى يول بويىدا كۆرگىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ يوللارنى راۋانلاشتۇرۇۋاتقانلىقى، لەيلىمە كۆۋرۈك ياساۋاتقانلىقى، دۈشمەن ئەھۋالىنى يەتكۈزۈۋاتقانلىقىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئوخشىمىغان كۆلەمدىكى مەيدان ئۇسسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمى بولغان.

بۇ خىل مەيدان ئۇسسۇلى يەنە شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆزاق مۇددەت ئايرىلىش ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. چۈنكى، ياقۇپبەگ

ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھەرقايسى جايلاردىكى مەيدان ئۇسسۇلى دېگۈدەك توختاپ قالغانىدى.

بۇ خىل مەيدان ئۇسسۇلى چىلىك سولالىسى قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خىل يېپيېڭى تەسىرات ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆلىمى، كەيپىياتىنى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيلەردە ئۇرۇش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ چىلىك سولالىسى قوشۇنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

چىلىك سولالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى ناخشا - ئۇسسۇلنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈش، پۇقرالارنى تىنچ - ئامان تىرىكچىلىك قىلدۇرۇش — چىلىك سولالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئوبرازىنى قايتا تىكلەشنىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدان ئۇسسۇلى چىلىك سولالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى شەكسىز ئۈنۈملۈك چارە ئىدى. شۇڭلاشقا، چىلىك سولالىسى يەرلىك دائىرىلىرى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بۇ خىل كوللېكتىپ شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئارقىلىق ياقۇپبەگكە قارشى تۇرۇش ئۇسۇلىغا كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان ھەمدە ئامانلىق ساقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى جەھەتلەردە كېرەكلىك قولايلىق ۋە قوغداش بىلەن تەمىن ئەتكەن.

مەيدان ئۇسسۇلى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر مەيدان ئۇسسۇلى ھەيۋەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك، كەيپىياتى قىزغىن، كۆلىمى زور بولۇپ پۈتۈنلەي خۇشاللىق تۈسىنى ئالغان. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇسسۇلچىلار بىلەن تاماشىبىنلارنى پەرق ئېتىش قىيىن بولۇپ، ئارتىسلار ھەم تاماشىبىن، تاماشىبىن ھەم ئارتىس بولغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ئۇيغۇر مەيدان ئۇسسۇلى سامانى ئاساسىي شەكىل قىلغان؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي بويىدىكى جايلار ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئۇيغۇر مەيدان ئۇسسۇلى ھەر خىل ئىلھام ئۇسسۇللىرىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان بولۇپ، خۇشاللىق، قىزىقارلىقنى ئاساسىي كەيپىيات قىلغان ھەمدە يۇقىرى ئاۋازدىكى ئاپىرىن ۋە باركاللالارنى تەكىتلەش قىلغان.

نامى ئەڭ مەشھۇر بولغان مەيدان ئۇسسۇلى قەشقەر شەھەر مەركىزىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ساما ئۇسسۇلى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەكەندىكى ناغرا راۋاق، نورۇز دۆڭ، يېڭىساردىكى ئوردا خېنىم؛ غۇلجىدىكى ناغرىخانا قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدان ئۇسسۇلىمۇ خېلى داغدۇغا ۋە كۆلەمگە ئىگە.

بەزى جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ساما ئۇسسۇلىنىڭ قاتتىق ۋاقىت بەلگىلىمىسى بار. مەسىلەن، غۇلجىدىكى ناغرىخانا مەيدانى ۋە قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەيدانىدا روزا ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىق چوڭ ھېيت بايراملاردا كوللېكتىپ مەيدان ئۇسسۇلى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مەيدان ئۇسسۇلى يېزىلاردا كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىشنىڭ بىر خىل شەكلىگە ئايلانغان. تېرىقچىلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئورمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ھەتتا، نام ـ ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ توي مۇراسىملىرىدا بىرەر قېتىم مەيدان ئۇسسۇلى ئۆتكۈزۈلۈشى مۇمكىن. يېزىلاردا، بۇ خىل قەرەلسىز مەيدان ئۇسسۇلى ئۆي سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ماس كەلمەيدىغان پەسىللەرگىچە داۋاملىشىدۇ. ئارقىدىن بۇ خىل كەڭ دائىرىدىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل پائالىيىتىنىڭ كۆلىمى تارىيىپ ئۆي ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «مەشرەپ» پائالىيىتىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان

ئۇسسۇل سەنئىتى بۇ ئەسەر بايان قىلىۋاتقان دەۋردە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئۇ كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش ئۇسسۇللىرىنىڭ يېڭى زامان ۋە ماكانغا ئىگە بولغانلىقىنى، يۇقىرى دەرىجىدىكى زوق ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇلنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكى ۋە ئۆلچەملەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار زوق ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇل ھەرىكىتى، ئۇسسۇل جابدۇقى ھەمدە ئۇسسۇل مۇزىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ قاتتىق چەككە ئىگە بولغان. ئۇ ئومۇمىيلىق جەھەتتە ئۆلچەملىكنى كۈچەيتكەن، ئۆز مەيلىچە بولۇشنى ئازايتقانىدى.

زوق ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇل ئادەتتە بەزى ئالاھىدە سورۇنلاردا ئالاھىدە تاماشىبىنلار ئۈچۈن تەمىنلەنگەن بولغاچقا، داغدۇغا قوزغاش ئۈنۈمى، جانلىق كەيپىيات ئۇنىڭ قوغلىشىدىغان مەقسىتى ئەمەس ئىدى. زوق ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇلنىڭ ئىپادىلىگىنى بىكارچىلىق، يەڭگىللىك، قىزىقارلىق، جانلىق ھېسسىيات بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زوق ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇلنىڭ كۆپ خىل بەلگىلىمە خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلىرى تاماشىبىنلار بىلەن ئارتىسلار ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ئەھۋالدا روشەن چەك شەكىللەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ قاتنىشىش پۇرسىتىنى ئازايتقان. ئۇنىڭ نەتىجىسى، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى مەخسۇس زوق ئېلىنىدىغان قىسمىنى كۈچلۈك قوللاش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر ئۇسسۇل شەكلىنىڭ بېيىتىلىشى ۋە يۈكسىلىشىدە مۇئەييەن ئىلغارلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇن جايلاردا بۇ خىل زوق ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇل ئومۇمىيۈزلۈك «سەنەم» دەپ ئاتالغان ھەمدە «قەشقەر سەنىمى»، «كۇچا سەنىمى»، «ئىلى سەنىمى» قاتارلىق مۇقىم ئۇسسۇل

شەكىللىرى شەكىللەنگەن.

يېڭى «سەنەم» ئۇسسۇلى «مۇقام» دىكى «سەنەم» نىڭ داۋامى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ناخشا، ئۇسسۇل قىستۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل جەھەتلەردە بىر قاتار يېپيېڭى شەكىل ۋە ئۇسلۇبنى يېتىلدۈرگەن. يەنە، بۇ دەۋردە ھەرقايسى جايلادا ئومۇملاشقان «سەنەم» ئۇسسۇلى ئومۇمىي قۇرۇلمىدا مەلۇم دەرىجىدىكى رايون پەرقىنى پەيدا قىلغان. بۇ خىل ئۆزگىرىش دەل ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا يېڭى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

پايدىلانمىلار

① «خاقانى چىنغا قارام تائىپەلەرگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. مۇقەددىمە».

② «گۇاڭشۇخان دەۋرىدىكى شەرقىي دىيار توغرىسىدا خاتىرىلەر»، 47 ـ جىلد.

③ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 56 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 56 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 56 ـ جىلد، 22 — 23 ـ بەتلەر.

⑥ «مەدەتكار، تۆھپىكا ھەزرەت ليۇ جىنتاڭنىڭ مەلۇماتنامىلىرى»، 5 ـ جىلد، 64 — 65 ـ بەتلەر.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 5 ـ جىلد، 64 — 65 ـ بەتلەر.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 5 ـ جىلد، 64 — 65 ـ بەتلەر.

⑨ «شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار بايانىغا تولۇقلىما»، 9 ـ جىلد، 29 ـ بەتلەر.

⑩ ئىمىن ئىبراھىم: «ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تارىخى»، «غۇلجا تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانى (ئۇيغۇرچە) 16 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑪ : «ھۇسەيىنباي، مۇسابايوف كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش

جەريانى» ، «غۇلجا تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانى (ئۇيغۇرچە) 38 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑫ «هازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تارىخى» ، 118 ـ بەت.

⑬ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ ماتېرىياللىرى» ، 53 ـ جىلد.

⑭ «گۇاڭشۇخان دەۋرىدىكى شەرقىي دىيار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر» ، 74 ـ جىلد.

⑮ «شەنشى ـ گەنسۇنى تىنچىتىشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرى» ، 315 ـ بەت.

⑯ «شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار بايانىغا تولۇقلىما» ، 9 ـ جىلد، 8 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑱ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭنىڭ ماتېرىياللىرى» ، 53 ـ جىلد، 34 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىدىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېكىستىنى خاۋ گۇەنجۇڭ ئەپەندى تەمىنلىگەن.

⑳ «مەدەتكار، تۆھپىكار ھەزرەت لىيۇ جىنتاڭنىڭ ماتېرىياللىرى» ، 5 ـ جىلد، 11 ـ بەت.

㉑ ئەنۋەر بايتۇر: «تارىخىي ھەمىدى. تەرجىماندىن» (ئۇيغۇرچە) ، 4 ـ بەت.

㉒ نىمەتۇللا ئىسمەتۇللا يازغان، ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر نەشرگە تەييارلىغان: «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن»

㉓ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمىنىيە. مۇقەددىمە» (ئۇيغۇرچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 6 ـ بەت.

㉔ «تارىخىي ھەمىدى. تەرجىماندىن» ، 6 ـ بەت، ئاساسىي تېكىستنىڭ 4 — 5 ـ بەتلەر.

㉕ «تارىخىي ھەمىدى» ، 588 ـ بەت؛ «تارىخىي ھەمىدى. تەرجىماندىن» .

㉖ «تارىخىي ھەممدى»، 558 — 589 ـ بەتلەر.

㉗ ئەنۋەر بايتۇر: «موللا مۇسا سايرامى غەزەللىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 15 ـ سانىغا (ئۇيغۇرچە) قارالسۇن.

㉘ «تارىخىي ھەممدى»، 660 — 711 ـ بەتلەر.

㉙ موللا بىلالنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئۈچ خىل قاراش بار: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئۇنى 1824 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن ئۇنى 1823 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ؛ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى ساۋۇت. موللاۋۇتوف ئۇنى 1825 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ.

㉚ موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ: «غازات دەر مۈلكىي چىن»، رۇسىيە قازان ئۇنىۋېرسىتېتى 1880 ـ يىل تاش باسمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان.

㉛ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇر پروفېسسورى ساۋۇت موللاۋۇتوف: «ۋەتەن ئىشقى»، قازاقىستان ئوقۇشلۇقلار نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 7 ـ بەت ئىزاھ.

㉜ ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (1983 ـ يىل) 4 ـ بەتكە قارالسۇن.

㉝ «ۋەتەن ئىشقى»، 7 ـ بەت.

㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 14 ـ بەت.

㉟ ساۋۇت موللاۋۇتوفنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قولىيازما هازىر سانكىت — پېتربۇرگ مۇزېيىدا ساقلانماقتا ئىكەن.

㊱ «ۋەتەن ئىشقى»، 17 ـ بەت.

㊲ يۇقىرىقى كىتاب، 151 ـ بەت.

㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 17 — 18 ـ بەتلەر.

㊴ «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، 151 ـ بەت.

㊵ نىمىتۇللا ئىسمىتۇللا يازغان، ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر نەشرگە تەييارلىغان: «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى، 2 ـ بەت.

㊶ يۇقىرىقى كىتاب، 1 — 2 ـ بەتلەر.

㊷ يۇقىرىقى كىتاب، 7 ـ بەت.

㊸ يۇقىرىقى كىتاب، 9 — 10 ـ بەتلەر.

㊹ لىيۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 405 ـ بەت.

㊺ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى مۇشۇنداق ئاتايتتى.

㊻ «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم)، 305 ـ بەت.

㊼ يۇقىرىقى كىتاب، 307 ـ بەت.

㊽ لىيۇ جىشياۋ: «يەركەن خانلىقى ۋە ‹12 مۇقام›»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1993 ـ يىل 1 ـ سانىغا قارالسۇن.

㊾ ئەمەتجان ئەھمىدى: «مۇقامچى تۇردىئاخۇن ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) نىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا قارالسۇن.

㊿ مۇھەممەت ئوسمان: «دولان مۇقامى ناملىرىنىڭ كېلىپ

چىقىشى» (ئۇيغۇرچە)، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى، 372 — 377 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

㊿ ئىنايەت: «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى، 39 ـ بەت.

# توققۇزىنچى باب شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇرلار

## 1 ـ بۆلۈم يېڭى سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويۇلۇشى

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى سىياسەتنى قوبۇل قىلىشى

1894 ـ يىلى جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشى پارتلىدى. جاھانگىرلار مۇشۇنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ جۇڭگونى بۆلۈۋېلىشنىڭ يەنە بىر دولقۇنىنى كۆتۈردى. 1900 ـ يىلى ئەنگلىيە، رۇسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. گۇاڭشۇخان ۋە سىشى تەيخۇ پاناھلىنىش ئۈچۈن پايتەختنى تاشلاپ شىئەنگە قاچتى. 1901 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سىشى تەيخۇ پاناھلىنىۋاتقان شىئەندا سانائەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئاساسىي نۇقتا قىلغان «يېڭى سىياسەت» نى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇلار جاھانگىرلارنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ھەرىكەتلىرىدىن جاۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ بۆلۈۋېلىنىپ، پارچىلىنىۋاتقان جىددىي پاكىتنى ئالدىدىن ھېس قىلىشقانىدى.

1881 ـ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا «رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئۈرۈمچى ھەمدە جىيايۈيگۈەننىڭ سىرتىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىككى يول بويىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش، ۋاقتىنچە باج تاپشۇرماسلىق» دەپ بەلگىلەنگەنىدى①.

شەرتنامىدىكى بۇ ئابزاس مەزمۇنىغا ئاساسەن، رۇسىيە سودىگەرلىرى ھەر خىل باجلارنى تۆلىمەسلىكتەك ئەۋزەل شارائىت بىلەن ئېغىر باجلارنى ئۈستىگە ئالغان، جۇڭگو سودىگەرلىرى بىلەن شىنجاڭدا رىقابەتلەشتى. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر قاتارلىق جۇڭگو پۇقرالىرىغا روھىي جەھەتتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن، روشەن تەڭسىزلىك ئېلىپ كەلدى.

1891 ـ يىلى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغان 10 يىل بولىدۇ. شەرتنامىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بۇ شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىر شەرتنامە ئىمزالانغانلىقىغا 10 يىل توشۇشتىن ئالتە ئاي بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، 1891 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جاھانگىرلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش كىرىزىسىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقتىن، رۇسىيە بىلەن «ئىلى شەرتنامىسى» نى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە ھەم ۋاقتى يوق ئىدى، ھەم كۈچمۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا رۇسىيە سودىگەرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا داۋاملىق باج تاپشۇرماي سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋەردى.

رۇسىيە سودىگەرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باج تاپشۇرماسلىقتەك ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىلى، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، قەشقەر خاراكتېرلىك جايلاردا رايون قاتارلىق سودا جەمئىيەتلىرى، يەنى ئاتالمىش «سودا چەمبىرىكى» كۆپەيتىپ، ھەمدە سودا چەمبىرىكىنى ئاساس

قىلىپ سودا تۈرلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، كەڭ يېزا - قىشلاقلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بىرلەشتۈردى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ۋە ئىمپورت ماللارنى سېتىشنى كونترول قىلىۋېلىپ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئىلى، تارباغاتاي، تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىلىرى رۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشتىكى ئاساسلىق نۇقتىلىرى بولۇپ قالدى. رۇسىيە كونسۇلخانىسى تەسىس قىلىنمىغان ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تۇرپاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا ۋە قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاقساقال تەيىنلەپ ۋە ئەۋەتىپ رۇسىيىنىڭ شۇ جايلاردىكى مەنپەئەتىگە مەسئۇل بولدى. رۇسىيە پۇقرالىق كىنىشكىسى (پاسپورت) تارقىتىش، ھەرقايسى جايلاردىكى تۇرۇشلۇق ئاقساقاللارنىڭ بىر تۈرلۈك مەخسۇس ۋەزىپىسى بولۇپ، بۇ جۇڭگو پۇقرالىرىنى رۇسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە كىرىشكە ئالداش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇن جايلاردا ئاقساقاللارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن كەنت ۋە جايلار شەكىللەندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى 40 تىن ئارتۇق ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە رۇسىيە ئاقساقاللىرى باشقۇرىدىغان جاي ۋە كەنتلەر بولغان، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە رۇسىيە ئاقساقاللىرى ۋە رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ خىلمۇخىل قانۇنسىز ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مۇنداق دېيىلگەن: «پۇقرالارنى بوزەك قىلىدۇ، سۇنى ئىگىلىۋالىدۇ، ئاشلىق ۋە باج تاپشۇرمايدۇ، كېلىشىمنامىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ داۋاملىق ئىش تېرىيدۇ، توختىماي ھەر خىل چاتاق چىقىرىپ تۇرىدۇ»②.

رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى كونسۇلخانىلار تۇرۇشلۇق

شەھەرلەردە پەيدا بولۇشى جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراش، بوزەك بولغانلىقىنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى ئىدى. ھەربىر جايدا تۇرۇشلۇق رۇسىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئاز بولغاندا ئون نەچچە، كۆپ بولغاندا نەچچە ئوندىن مۇھاپىزەتچى قوشۇنى بولۇپ، بۇ مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ كىيىملىرى پۇزۇر، قوراللىرى خىل ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى كونسۇلخانىنىڭ سىرتىدىكى بوش ئورۇندا مەشىق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھەربىي كۈچىنى كۆز - كۆز قىلاتتى. بولۇپمۇ رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنى ھەر كۈنى سەھەردە ئۇيغۇرلار بامدات نامىزىنى تۈگىتىپ مەسچىتتىن چىققان ۋاقىتتا رەتلىك تىزىلىپ ھېيتگاھ جامەسى مەيدانىدىن ئۆتۈپ تۈمەن دەرياسى بويىغا مەشىق قىلغىلى باراتتى، كەچقۇرۇنلۇقى يەنە ئۇيغۇرلار دەل بازاردىن تارقاشقا توغرىلاپ قەشقەر بويىچە ئەڭ ئاۋات ھېيتگاھ جامەسى مەيدانىدىن ئۆتۈپ، تۈمەن دەرياسى بويىغا مەشىق قىلغىلى باراتتى. مەشىق ئارىلىقىدا كۆرگىلى بارغان ئاممىغا ئات - ئۈستىدە قىلىچ ئويىنىتىش، ئات ئۈستى ماھارىتى ھەمدە ئوق ئېتىش ماھارەتلىرىنى ئالاھىدە ئارقا - ئارقىدىن كۆرسىتەتتى. بانگىن ئىسىملىك بىر رۇسىيە كونسۇلخانا مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ: «دۆلىتىمىزنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشتە بىزگە پايدىلىق بارلىق شەھەرلەردە تېزلىك بىلەن كونسۇلخانا قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنەۋۋەر ئوفىتسېرلار مەشقاۋۇللۇقنى ئۈستىگە ئالغان كونسۇلخانا مۇھاپىزەتچى قوشۇنى (ھەربىر كونسۇلخانىدا ئاز دېگەندە 50 ئەسكەر بولىدۇ) نىڭ پەيدا بولۇشى يەرلىك خەلقنىڭ روھىي ھالىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، دۆلىتىمىزنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق.»③.

سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغاندىن كېيىن، رۇسىيە ھەربىي

دائىرىلىرى جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى چېگرىسىغا 15 مىڭ ئەتراپىدا قوشۇن توپلىدى ھەمدە رۇسىيىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا 250 ئەسكەرنى كۆپەيتىپ ئەۋەتتى. سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، رۇسىيىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى قىلچە تەپ تارتماستىن ئىلىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتتىن شۇ يەردىكى قورال - ياراغ ئامبىرىنى رۇسىيە قوشۇنىنىڭ قوغدىشىغا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. رۇسىيىنىڭ بۇ تەلىپى ھەتتا لى خۇڭجاڭنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا: «ئىلى يەنە ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ» دېگەن.

جاھانگىرلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1901 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا، قەشقەردىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئالدى بىلەن رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا قارشى چىقتى. قەشقەر ئامبىلى جاڭ زۇڭبىن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ تەلىپىنى قوللاپ، رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن ئۆزى بىۋاستە چىقىپ سۆزلەشتى. بۇ خەۋەر يەكەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يەكەندىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن دېھقان - چارۋىچىلارنى رۇسىيە سودىگەرلىرىگە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بەرمەسلىككە چاقىرىق قىلدى.

قەشقەردىكى سۆزلىشىش تەپسىلىي نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكى جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ تەلىپىگە كونكرېت ۋەدە بېرىشنى رەت قىلدى. 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا قەشقەردىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۇلۇڭ تەرىپىدىكى سودا بازىرىدا يىغىلىش قىلدى. يىغىلىشتا ئامما ئىنتايىن ھاياجانلانغان بولۇپ، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ

قانۇنسىز قىلمىشنى بىردەك ئەيىبلىدى. بۇ ۋاقىتتا بەزىلەر رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ نامايىش قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. نامايىش قىلىش تەكلىپى يىغىلىشقا كەلگۈچىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، ھېيتگاھ جامەسى مەيدانىدىن ئاتلانغان نامايىشچىلار قوشۇنى رۇسىيە كونسۇلخانىسى جايلاشقان سەمەنگە يېتىپ كەلگەندە يەنە كۆپلىگەن قول سانائەتچىلەر ۋە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار توپقا قېتىلىپ، رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان ئادەم سانى 2000 گە يەتتى. نامايىش توپى كونسۇلخانا دەرۋازىسى ئالدىدا كونسۇلخانا مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز ئوققا تۇتۇشىغا ئۇچرىدى. ئارقىدىن كۆپلىگەن رۇسىيە ئاتلىق قوشۇنى دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىپ نامايىشچى ئاممىنى چېپىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىش يۈز بەردى④.

بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاررۇسىيە بىلەن بولغان 1 ـ قېتىملىق مۇھىم كۈرىشى بولۇپ، يىخېتۇەن ۋەكىللىكىدىكى مەملىكەتنى قاپلىغان جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي كەيپىياتتا «يېڭى سىياسەت» ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلدى.

«يېڭى سىياسەت» تىكى دۆلەتنى باي، ئارمىيىنى كۈچلۈك قىلىش ئېڭى ئۇيغۇر خەلقىگە كۈچلۈك تەسىرات ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقى يېڭى سىياسەتنىڭ جۇڭگونى سىياسىي جەھەتتە تەرەققىيپەرۋەر، ئىقتىسادىي جەھەتتە راۋاجلانغان، ھەربىي كۈچى كۈچەيگەن قىلىپ، شۇ ئارقىلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەر خىل مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلاتتى.

شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇش، سانائەت، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنى شىنجاڭنىڭ يېڭى

سىياسەتنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي نىشانى قىلدى ھەمدە تېزلىك بىلەن يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. شىنجاڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېڭىچە قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوشۇنى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغانىدى. بۇ يېڭىچە قوشۇن 500 كىشى ئەتراپىدا بولۇپ تۆرپاندا تەشكىللەنگەن. ئەسكەر ئاساسەن قۇمۇل، پىچان ۋە تۇرپاندىن ئېلىنغان. بۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ مەزھەپچىلىك، كونا تەۋەلىك مەسىلىسى بولمىغانلىقتىن، قوشۇن كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مەلۇم پاكلىقنى ساقلاپ قالدى. بىر مەزگىللىك مەشىقتىن كېيىن، بۇ يېڭىچە ئۇيغۇر قوشۇنى مەشىق قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىنتىزام جەھەتتە شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈلگىسى دەپ ئاتالدى.

بۇ قوشۇننىڭ ئىلھامى بىلەن شىنجاڭ دائىرىلىرى قەشقەر ۋە ئىلىدا مىڭ كىشىلىك يېڭىچە ئۇيغۇر قوشۇنى تەشكىللەپ تۇرپان ئۇسۇلىدا مەشىق قىلدۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، كېيىن خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەنلىكتىن بۇ پىلان يوققا چىقتى⑤.

## 2. سودىنى گۈللەندۈرۈش

شىنجاڭ دائىرىلىرى شىنجاڭ سانائىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېكىتكەندە سودا، كېۋەز تېرىش، ھەمدە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشنى ئالدىنقى قاتارغا تىزدى.

تاشقى سودا كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى روشەن ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى بولدى، ئۇنىڭ ماددىي ئاساسى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ھەمدە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىياتى ئىدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى شىنجاڭ بويىچە ھاكىمىيەتنىڭ بىردەك بولۇشى ۋە سىياسەتنىڭ مۇقىم بولۇشى

ئىدى.

ئومۇمىيلىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان سودىسى پاسسىپ بالانس ھالىتىدە ئىدى. مەسىلەن، 1905 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 367 مىڭ 89 سەر كۈمۈش ئىدى. ئوخشاش مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرىنىڭ قىممىتى بىر مىليون 893 مىڭ 684 سەر كۈمۈش بولۇپ، پاسسىپ بالانس 473 مىڭ 405 سەر بولدى. 1906 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 581 مىڭ 438 سەر كۈمۈش ئىدى. ئوخشاش مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليون 881 مىڭ 66 سەر كۈمۈش بولۇپ، پاسسىپ بالانس 753 مىڭ 720 سەر كۈمۈش بولدى. ئىككى يىلدا جەمئىي بىر مىليون 177 مىڭ 125 سەر كۈمۈش پاسسىپ بالانس بولدى⑦.

رۇسىيىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ تارباغاتاي ۋە ئىلى رايونىدا كونسۇلى بولغان بوگلىيانىسكى تەمىنلىگەن ئۈچ پارچە ستاتىستىكا ماتېرىيالى قىسمەن جايلاردا، ئوخشىمىغان مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ رۇسىيىگە بولغان سودىسىدا ئاكتىپ بالانس بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

1 ـ پارچە ماتېرىيال، 1902 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ قەشقەرگە كىرگۈزگەن تاۋىرى ھەققىدىكى ستاتىستىكا ۋە شۇ يىلى قەشقەرنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرى ھەققىدىكى ستاتىستىكا.
2 ـ پارچە ماتېرىيال، 1904 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئىلىغا كىرگۈزگەن تاۋىرى ستاتىستىكا شۇ يىلى ئىلىنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرى ھەققىدىكى ستاتىستىكا.

ستاتىستىكىلىق سانلار شۇنى بىلدۈرىدۈكى، يۇقىرىقى

مەزگىلدە بۇ ئىككى جايىنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان سودىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ ئاكتىپ بـالانــس بـولـغـان. مەسىلەن، 1902 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ قەشقەرگە كىرگۈزگەن تاۋىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىر مىليون 899 مىڭ 680 رۇبلى بولغان بولسا، قەشقەرنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرىنىڭ ئومۇمىـي قىممىتى 2 مىليون 294 مىڭ 261 رۇبلى بولۇپ، ئاكتىپ بالانىس بىر مىليون 24 مىڭ 581 رۇبلى بولغان. 1904 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئىلىغا كىرگۈزگەن تاۋىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 758 مىڭ 90 رۇبلى 94 كوپىك بولغان بولسا ئىلىنىـــڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىر مىليون 703 مىڭ 314 رۇبلى 11 كوپىك بولۇپ، ئاكتىپ بالانىس 945 مىڭ 223 رۇبلى 17 گوبى بولغان ⑧.

يېڭى سىياسەت دەۋرىدىكى سودا پائالىيىتى يېڭى بىر ئەۋلاد بايلارنى يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنتىسادىي ئۇنۇمى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى ئاتۇشلۇق مۇساباي‌ۇفلار بولدى.

بۇ ئەسەردە بايان قىلىنىۋاتقان دەۋر بۇ ئائىلىنىڭ 7 ـ ئەۋلاد ۋارىسى ھۈسەيىنباي ۋە باۋۇدۇنباي پۈتۈن ئائىلىنـــڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان دەۋر ئىدى.

بۇ ئائىلىنىڭ نەسەبى مۇھەممەد ئەلىدىن باشلانغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلىنىڭ يۇرتى ئاتۇش ئىكساق كەنتىدىن، بىر ئۆمۈر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇھەممەد ئەلىنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ۋارىسى مۇسا ھاجى بولۇپ، دادىسى ئابدۇرۇسۇلباينىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ بارلىق ۋاقتى ۋە زېھنى بىلەن سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇسا ھاجىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىش ـ ئىزى ئۇ ئاتا بوۋىسىنىڭ ئالتۇن ساقلايدىغان ئادىتىنى ئۆزۈل ـ كېسىل چۆرۈپ تاشلاپ، چەكلىك بايلىقنى كېڭەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا سالدى. شۇڭلاشقا مۇسا ھاجىنىڭ ئىگىلىك دائىرىسى نوقۇل سودا

بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقمۇ ئۇنىڭ كەسپىگە ئايلاندى. مۇسا ھاجىمنىڭ مىجەزى مۇلايىم، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەمما، كەسكىن، ھەققانىيەتچى ئادەم ئىدى. ئۇ بۇخارادا يۇقىرى دىنىي تەلىم ئېلىشنى تاماملاپ مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىپ، بۇ ئائىلىدە تۇنجى بولۇپ چەت ئەلگە بېرىپ كۆزىنى ئاچقان شەخس بولۇپ قالغان. جياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇسا ھاجىدا «سانائەت بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش»، «مائارىپ بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» دېگەن تەشەببۇسقا ئىنتايىن زور قىزىقىش پەيدا بولدى. ئۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئۆز كەنتىدە يېڭىچە مەكتەپ قۇردى. ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلى ھۈسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇنباينى ئالدى بىلەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇتتى. ئۇ بالىلىرىغا دائىم: «پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، بىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار» دەپ تەربىيە بېرەتتى. مۇسا ھاجى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «مۇسابايوف» نى بۇ ئائىلىنىڭ فامىلىسى قىلىشنى قارار قىلدى.

مۇسا ھاجىنىڭ ئىشلىرىغا چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنباي ۋە ئىككىنچى ئوغلى باۋۇدۇنباي ۋارىسلىق قىلدى. كىشىلەر بايلىقىغا قاراپ ئۇلارنى ھۈسەيىنباي، باۋۇدۇنباي دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنىدى. ھۈسەيىنباي ئۆزىنىڭ زېھنى ۋە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇرۇمچى ۋە ئىلىغا يۆتكەپ، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ سودا ئىشلىرىنى ئىنىسى باۋۇدۇنبايغا قالدۇردى.

1895 ـ يىلى ھۈسەيىنباي ئىلىدا «مۇسابايوف قېرىنداشلار ھەمكارلىق شىركىتى» نى قۇرۇپ ئۇنىڭ خەنزۇچە ئىسمىنى «فۇشىيەنخاڭ» 福咸行 دەپ قويدى. بۇ «سانائەت بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش» دېگەن مەقسەتنى بىلدۈرەتتى. «مۇسابايوف بۇرادەرلىرى شىركىتى» مەخسۇس رۇسىيىگە ئىلى قاتارلىق

جايلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى چىقىرىپ ساتاتتى، كېيىنچە، سودا تورلىــــرىنــــى موسكۋا قاتارلىــــق جايلارغا قۇرۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. 1906 ـ يىلى ھۈسەيىنباي موسكۋادا ئۆزىــنىــڭ ســودا ۋاكــالــەتخـا- نىســنىــى قۇردى⑨.

ئوخشاش مەزگىلدە كۆپلــگەن ئۇيغۇر سودىگەرلــــرى ئوبوروت ساھەسىدە كۈچ چىقىرىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆپ ساندىكى دەسمايىسى بىلەن ھەر خىل كۆلەم ۋە ئارىلىقتا توشۇپ، سېتىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى تەمىنلىگۈچى ۋە ئېھتىياجلىقلارنى تۇتاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ ئاساســـي تېرىكى بولۇپ قالدى. بۇ خىل تىپقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، ئىلى، كۇچا قاتارلىق جايلارغا يىغىلغان. بۇ ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئىچىدە مەشھۇرراقلىرى روزى ھاجى، مەمەتئېلى قارى، ھاجى ئەمەت، ئابدۇللا ئاخۇن ئىشان، مەخسۇتئاخۇن، تۇرسۇنبابا، سادىقئاخۇن قاتارلىقلار بولۇپ، مەيلى بايلىق جەھەتتىن ياكى جەمئىيەتتىكى نام ـ ئابرۇيى بــولســۇن، ئــۇلار شــۇ دەۋردىكــــى ئــۇيغــۇر سودىگەرلىرىنىڭ تونۇلغان كىشىلىرى ئىدى⑩.

### 3. سانائەت بەرپا قىلىش

1907 ـ يىلى ھۈسەيىنباي ئىلىدا ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇردى. بۇ شىنجاڭدىكى ماشىنا ئىشلەتكەن تۇنجى زاۋۇت بولۇپ قالدى. ھۈسەيىنباي زاۋۇت قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىككى چوڭ مەسىلىگە دۇچ كەلدى: بىرى، زاۋۇتقا كېرەكلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنە، يەنە بىرى، بۇ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى پىششىق ئىشلــتەلەيدىغان قۇرۇلۇش تېخنىـــكا خادىمــــى. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىسمىدىكى تورخۇننى ياساشقا رۇسىيىدىن

ھەسەنوف ئىبراھىم دېگەن كىشىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بۇ ئۇستا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ياسىغان تۇرخۇنغا «1909» دېگەن ساننى ئويۇپ چىقارغان بولۇپ، ئۇ ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقىت بەلگىسى بولۇپ قالدى.

زاۋۇتقا كېرەكلىك 1 ـ تۈركۈمدىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر 1907 ـ يىلىلا ساندۇققا قاچىلىنىپ توشۇشقا باشلىنىدۇ. گېرمانىيىدىن رۇسىيىگىچە پويىز بىلەن، رۇسىيىدىن ئىلىغىچە ماشىنا بىلەن توشۇلىدۇ. ماشىنا ماڭالمىغان يەرلەردىن تۆگىلەرگە ئارتىلىپ توشۇلىدۇ. توشۇشقا نەچچە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. ماكس ئىسىملىك گېرمانىيە تېخنىكى ۋە ئۇنىڭ ۋېنگې. بېرلىن ۋە سىلابودى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بۇ ماشىنا ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىلىغا كېلىپ، بۇ ماشىنىلارنى قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى ھەمدە ئاخىر ئىلىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى مەزگىلدە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىشنى مۇشۇ گېرمانىيىلىك تېخنىك ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئۈستىگە ئالغانىدى.

ئىلى تېرە زاۋۇتى ئىلىدىكى 1 ـ زامانىۋى زاۋۇت بولغاچقا، ئىلى تەۋەسىدە پىشقان تېخنىك ئىشچىلارنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ھۈسەيىنباي ماكسقا ھاۋالە قىلىپ ئۈچ نۆۋەت تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ بىر تۈركۈم تېخنىكىلىق ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 1 ـ نۆۋەتتىكى كۇرستا تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى سۆزلەندى؛ 2 ـ نۆۋەتتىكى كۇرستا ئېگەر ـ جابدۇق، هارۋا جابدۇقلارنى ياساش تېخنىكىسى سۆزلەندى؛ 3 ـ نۆۋەتتىكى كۇرستا زاۋۇتنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا مىڭغا يېقىن ياش ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى تەربىيىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ

ئىچىدىكى خېلى كۆپ قىسمى قەشقەر، يەكەن ھەمدە ھۇسەيىنبايىنىڭ يۇرتى ئاتۇشتىن كەلگەنىدى.

1909 - يىلى زاۋۇت رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلۇپ، ھۇسەيىنباي زاۋۇت باشلىقى بولدى. ئىنىسى باۋۇدۇنبايىنى ئاتۇشتىن چاقىرتىپ كېلىپ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى قىلدى. پۈتۈن زاۋۇت تۆت سېخقا بۆلۈنۈپ ئاساسىي جەھەتتىن تېرە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىلدى[12].

ھۇسەيىنباي سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتى ئىلى يەرلىك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىلى تېرە زاۋۇتىدىن كېيىن ئىلىدا يەنە تاتار ئەلى ئەھمەد سەيدىنىڭ تەڭرىتاغ تېرە زاۋۇتى، باياشوفنىڭ تېرە زاۋۇتى، تۇراخۇن موللا ھاجىنىڭ تېرە زاۋۇتى ھەمدە ۋاڭ بىڭخېڭ قاتارلىقلارنىڭ تېرە زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى[13]. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سانائىتىگە بىۋاستە تۈرتكىلىك رول ئوينىغىنى شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرى بولدى. يېڭى سىياسەت دەۋرىدە، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئۈرۈمچى، خوتەن، لوپ، شىخو، گۇما قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى، قول سانائەت ئىدارىسى، قول سانائەت ئۆيۈشمىسى، توقۇمىچىلىق ئىدارىسى قاتارلىقلارنى قۇردى[14].

## 4. يېزا ئىگىلىكىنى كېڭەيتىش

شىنجاڭ دائىرىلىرى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى ئىزچىل ئىزدەپ كەلدى. 1901 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ما فامىلىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرى ئىچكىرىدىن ئىلىغا مەنسەپكە ئولتۇرۇشقا كېلىۋېتىپ يول بويىدىكى قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا كۆرگەن،

ئاڭلىغانلىرىنى يەكۈنلىگەن ۋاقتىدا كېۋەزچىلىكنىڭ يېڭى سىياسەت مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە يېڭى ئىلھام ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەمدە شۇ ئوي خىيالى بىلەن ئىلىدا كېۋەز تېرىشنى كېڭەيتىشنى تەكلىپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا ئىلىنىڭ كېۋەزچىلىكىدە روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم پەيدا بولۇپ، رۇسىيىگە چىقىرىدىغان ئاساسلىق تاۋار بولۇپ قالغان.

قەتئىي ئىرادە بىلەن يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇۋاتقان شىنجاڭ دائىرىلىرى كېۋەزچىلىكنى تېزلىكتە ھۆكۈمەت ئىشى قاتارىغا كىرگۈزدى. تۇرپان ئويمانلىقى شىنجاڭ بويىچە كېۋەز تېرىش مۇھىتى ئەڭ باپ جاي بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىللىك كېۋەز تېرىش تارىخىغا ئىگە. بۇ رايوننىڭ كېۋەزچىلىك ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ باش مۇپەتتىشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تۇرپاندا بىر سەرراپخانا تەسىس قىلىندى. بوگلىيانسكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ساياھەت قىلغاندا بۇ سەرراپخانىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى كۆرگەن. ئۇ خاتىرىلەپ مۇنداق دېگەن: سەرراپخانىنىڭ رولى كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كېۋەز تېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا قەرز پۇل تارقىتىش، قەرز پۇلى كېۋەز ئۇرۇقى ئېلىشقا، يەر ئىجارە ئېلىش ھەمدە پاختا پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ھەربىر كىشىگە بېرىلگەن قەرز 1000 سەردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئايلىق ئۆسۈمى ھەر سەرگە ئۈچ پۇڭ، يەنى يىللىق ئۆسۈمى يۈزدە 36. دۆلىتىمىزنىڭ ئۆلچىمىدىن قارىغاندا ئۆسۈمى ئىنتايىن يۇقىرى، ئەمما، بۇ جۇڭگودا ئادەتتىكى ئىش بولۇپ، نارازىلىق يوق. قەرز مۇددىتى ئالتە ئايدىن توققۇز ئايغىچە[15]. بوگلىيانسكى يەنە: 1904 ـ يىلى شىنجاڭ دائىرىلىرى شۇ جاينىڭ كېۋەزچىلىكىنى سۇ بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە يېڭىدىن كارىز كولاش ئۈچۈن تۇرپانغا 100 مىڭ سەر

كۆمۈش ئاجرىتىپ بەرگەن دەپ مەلۇمات بەرگەن[16].

شىنجاڭنىڭ پاختىسىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق جاي رۇسىيە، ئۇنىڭدىن قالسا دۆلىتىمىزنىڭ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي ئۆلكىلىرى. شىنجاڭ پاختىسى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ئاساسەن قىشلىق كىيىمگە ئىشلىتىلىدۇ. رۇسىيىدە كۆپىنچە يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. دۆلىتىمىزدىكىلەر شىنجاڭ پاختىسىنىڭ سۈپىتىگە كۆپ پىكىر قىلمايدۇ. ئەمما، رۇسىيە زاۋۇت ئىگىلىرى شىنجاڭنىڭ پاختىسىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن ئادەتتىكى رەخت ياكى سارۇشكا توقۇشقىلا بولىدۇ دەپ نارازىلىق قىلىدۇ[17].

بۇنداق ھۆكۈمنىڭ ئاقىۋىتى شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا پاختا سورتىنى ياخشىلاش كەڭ ئۇيغۇر پاختىكارلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسى بولۇپ قالدى. ئەڭ دەسلەپتە ھەجگە چىققان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى چەت ئەلدىن ئامېرىكىنىڭ پاختا سورتىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇر پاختىكارلىرى بۇ يېڭى سورتنى تېزلىكتە قوبۇل قىلدى ھەمدە قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئامېرىكا پاختا سورتىنى تاللىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگو رۇسىيە بانكىسى چەت ئەلدىن ئامېرىكا پاختا سورتىنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ھەقسىز تەمىنلىدى.[18]

ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ پاختىسىنىڭ سۈپەت مەسىلىسى سورت ۋە تېرىش ئۇسۇلىدا بولماستىن كۆپلىگەن ئايرىش، ئوراش ھالقىلىرىدا سەۋەنلىك كۆرۈلگەن. 1904 ـ يىلىدىن كېيىن، تۇرپاندا ئىلگىرى ـ كېيىن ئالتە يەردە پاختا زاۋۇتى قۇرۇلغان بولۇپ، مىڭدەك چىگىت ئايرىش ماشىنىسى بار ئىدى[19]. ئۇنىڭ ئىچىدە رۇسىيىنىڭ كوكوۋىن باسوف سودا فىرمىسى تۇرپاندا

قۇرغان پاختا زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئىدى. بوگلىيانىسكى بۇ زاۋۇت توغرىسىدا: «ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل بۆلۈمىدىكى هاننوۋىسكىنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە كىرىشى بىلەن ئۆتكەن يىلــى مەزكۇر زاۋۇتقا زاۋۇت قۇرىدىغان يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باش مۇپەتتىش تۇرپان دائىرىلىرىگە زاۋۇت دىرېكتورىغا ھەممە تەرەپتىن ياردەم بېرىشنى بۇيرۇق قىلدى. زاۋۇت تەرەپ ئاھالە ئىچىدە ئامېرىكا كېۋەز سورتىنى كېڭەيتىشنى پىلانلىدى». ⑳

بوگلىيانىسكى تەمىنلىگەن قەشقەر، ئىلــى، ئۈرۈمچــى قاتارلىق جايلارنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان سودىسى توغرىسىدىكى ستــاتىســتىكــىدا چــارۋا ۋە چــارۋا مــەھــسۇلاتــلــرىــنــىڭ قــىــمــمــتى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا: 1902 ـ يىلى قەشقەرنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرى 11 تۈرلۈك بولسا، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئالتە تۈرنى تەشكىل قىلغان. ئۇلار: قوي يۇڭى، كــىــگــــز، ئۆچكە، تېرە، مويلۇق تېرە، خۇرۇم قاتارلىقلار.

1904 ـ يىلى ئىلىنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرى 44 تۈرلۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەممە ياۋايى هايۋاناتلارنىڭ يۇڭ، تېرىلىرى 34 تۈرلۈك بولغان. ئۇلار ئات، كالا، قوي، قوي يۇڭى، كالا يۇڭى، تۆگە يۇڭى، ئات يايلى، ئۆچكە تىۋىتى، قوي تېرىسى، ئۆچكە تېرىسى، موزاي تېرىسى، ئات تېرىسى، بۇغا تېرىسى، تۈلكە تېرىسى بورسۇق تېرىسى، بۆلغۈن تېرىســى، قاما، كەمچەت، سوغۇر تېرىســـى، بۆرە تېرىسى، جەرەن تېرىسى، ھەر خىل جۇۋا، كىگىز، گىلەم، كىگىز قالپاق، ئۆچكە، بۇغا مۈڭگۈزى، قوي مېيى، سوپۇن، كالا مېيى، خۇرۇم قاتارلىقلار ئىدى. 1903 ـ يىــلــى ئۈرۈمچىنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان تاۋىرى 32 تۈرلۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەمدە ياۋايى هايۋان يۇڭى،

تېرىلىرى 24 تۈرلۈك. ئۇلار: ئات، كالا، قوي، تۆگە، قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭى، قوي تېرىسى، قوزا تېرىسى، ئۆچكە تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، بۆلغۈن تېرىسى، قاما تېرىسى، قاپلان تېرىسى، ئات تېرىسى، كالا تېرىسى، تۆگە تېرىسى، گىلەم، كىگىز، ئات يايلى، ئۈچەي، كىگىز قالپاق قاتارلىقلار ئىدى.

1904 ـ يىلى ئىلىنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان بىر مىليون 763 مىڭ 314 رۇبلى 12 كوپېكلىك سودىسى ئىچىدە چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەمدە ياۋايى ھايۋانلار تېرە، يۇڭ سودىسى 918 مىڭ 362 رۇبلى 7 كوپېك بولغان. 1902 ـ يىلى قەشقەرنىڭ روسىيىگە چىقارغان 2 مىليون 924 مىڭ 261 رۇبلىلىق سودىسى ئىچىدە چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەمدە ياۋايى ھايۋانلار يۇڭ، تېرە سودىسى 2 مىليون 564 مىڭ 439 رۇبلى بولغان. 1903 ـ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان بىر مىليون 182 مىڭ 300 رۇبلىلىق سودىسى ئىچىدە چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەمدە ياۋايى ھايۋانلار تېرە، يۇڭ سودىسى 473 مىڭ 973 رۇبلى بولۇپ؛ پاختىدىنلا كېيىندە تۇرغان. شۇ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ رۇسىيىگە چىقارغان پاختا سودىسى 605 مىڭ 649 رۇبلى بولغان.

روشەنكى، چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەمدە ياۋايى ھايۋانلار تېرە، يۇڭى شىنجاڭنىڭ رۇسىيىگە بولغان سودىسىدا ئاكتىپ بالانس بولغان مۇھىم ئامىل بولغان.

ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئاخىر ئۇيغۇرلار رايونىدىكى چارۋىچىلىقنى كۆلەملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكىلىك قىلدى. مىڭلىغان ئات، كالا، 10 مىڭلىغان قوي بىر ئائىلە ياكى بىر ئادەمنىڭ نامىغا توپلاندى. بايلارغىلا قارىتىلغان باي سۆزى بۇ مەزگىلدە چارۋىچىلىق جەھەتتىكى بايلارغىمۇ قارىتىلغانىدى.

قوزا تېرىسى قىممەت بولغانلىقتىن قويلارنى پادىغا ئايرىپ بېقىش، ياخشى سورت قوبۇل قىلىش بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر

چارۋىچىلىقنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئېخىمۇ ياخشى قوزا ئېرىشىشكە ئېرىشىش ئىدى. كۆچانىڭ بىنەپشە رەڭلىك قوزىسى شۇ ۋاقىتلاردا ئەڭ بازىرى ئىتتىك سورتقا ئايلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە كاپكازنىڭ سورتلۇق قويلىرىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرگۈزۈلدى.

سانىدىن ئېيتقاندا، قوي يۇڭى ۋە ئۆچكە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەڭ كەڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىدى. بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ تاۋارلىشىش دەرىجىسىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ يۇڭ ۋە ئۆچكە يۇڭىنى يۇيۇپ تازىلاش دەسلەپكى ئاساسلىق پىششىقلاپ ئىشلەش تەرتىپى بولۇپ قالدى. قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆپلىگەن يۇڭ، ئۆچكە يۇڭى يۇيۇپ تازىلايدىغان دۇكانلار قۇرۇلدى. بۇ دۇكانلار «مويكا» دەپ ئاتالدى.

## 5. كان ئېچىش

جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش دولقۇنىدىكى جۇڭگونىڭ كان بايلىقلىرىغا بولغان ئاچ كۆزلۈكى، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنى بۇ تەبىئىي بايلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشقا يېڭى ئىلھام بەردى. يېڭى سىياسەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭ دائىرىلىرى كان بايلىقلىرىنى ئېچىشنى، سانائەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىر تۈرلۈك مەزمۇنى قىلدى ھەمدە ئېچىش نۇقتىلىرىنى خوتەن، تارباغاتاي، باي، جىمسار، مايتاغ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ھۆكۈمەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ قەدىمىي، ئەمما تىنچ سانائەت ئورنى تېزلىكتە جانلىنىپ كەتتى.

خوتەن، تارباغاتاي ئالتۇننى ئاساس قىلدى، باي مىسنى ئاساس قىلدى، جىمسار تۆمۈرنى ئاساس قىلدى، مايتاغ نېفىتنى

ئاساس قىلدى.

ئالتۇن مەڭگۈ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان مەھسۇلات، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ئالتۇن بايلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتنىڭ بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتىۋارلىق تاۋارغا ئايلاندى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئالتۇن قېزىش پەيدىنپەي ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. خوتەن بوستانلىقىدىكى يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى يېڭى ئالتۇن قېزىش رايونى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۇۋۇلجاق، چەرچەن دەرياسى جىلغىسىدىكى توغرىساي، كوئېنلۇن تېغىدىكى ئاقتاش قاتارلىق جايلار ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ قىزىقىدىغان كان نۇقتىلىرى بولۇپ قالدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە ماڭغاندا، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، كۇچانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۇنال دەريا ۋادىسى، كورلىدىكى قۇرۇق تاغ قاتارلىق جايلارمۇ كۆپلىگەن ئالتۇن قازغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى بۇ كەسىپنى كۈچەپ كونترول قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن ئالتۇن قازغۇچىلار ئۆردەك يەمگە چاپقاندەك ھەرقايسى جايلاردىكى ئالتۇن كانلىرىغا چاپقان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ بۇ كەسىپنى كونترول قىلغۇدەك ماجالى يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۆكۈمەتنىڭ تەمىنلىگىنى ئاددىي ئامانلىق ساقلاش كاپالىتىلا بولدى㉑.

بوگلىيانىسكى يەنە ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئەمگەكتە بىرلىشىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «خوسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلار ئىچىدە چوڭ كارخانىچىلار يوق. دائىم 20 دەك ئالتۇن قازغۇچى بىرلىشىپ مەلۇم كېپەك ئالتۇن چىقىدىغان دەرياغا بېرىپ ئالتۇن چايقايدۇ.

بۇنداق دەريالار تەڭرىتېغى ئەتراپىدا ئىنتايىن كۆپ، بۇنىڭدەك توپىلارمۇ ھەممە يەردە تېپىلىدۇ. ئادەتتە ئۇلار بىر ئايلىق يېمەكلىكىنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. بىر ئايلىق جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، ئادەتتىكى ئالتۇن قازغۇچىلار 30 رۇبلىغا ئېرىشىدۇ㉒.

مىس كېنىنى قېزىش كان بايلىقى مول رايونلارغا قاراپ سوزۇلۇپ باردى. بايغا 100 چاقىرىم كەلمەيدىغان كۈچا دەريا جىلغىسىدىكى ئەنئەنىۋى مىس كان نۇقتىلىرىدا، بىر قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلىرى يېڭى مىس كېنى ئاچقان. كىشىلەر قەشقەرنىڭ قىزىل دەريا جىلغىسىدا يېڭى مىس كانلىرىنى بايقىغان. يېڭى مىس كېنىنىڭ باشلىنىشىدىلا كۆرۈنەرلىك ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان. چۈنكى، مىسنى كۆپىنچە پۇل قويۇشقا ئىشلىتەتتى. شۇڭلاشقا، كۈچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مىس كېنى بىردەك ھۆكۈمەت ئاچقان ۋە باشقۇرغان ھەمدە پۇل قويۇشقا كېرەكلىكىدىن ئاشقان قىسمىنى ھۆكۈمەت بازاردا ساتقان.

شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىس كانلىرى ئىلى رايونىغا تارقالغان. 1892 ـ يىلى ئىسىملىك گېرمانىيىلىك گېئولوگ ئىلىدا بۇ يەردىكى مىس كانلىرىنى ئېچىشتىكى ئۇسۇلدىمۇ قازغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، يەرلىك دائىرىلەرگە كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى تەكلىپ قىلغان. 1903 ـ يىلى، بۇ گېرمانىيىلىك گېئولوگنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئىلىدا مىس كېنى ئېچىش باشلانغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىلى دائىرىلىرى بۇ كان نۇقتىلىرىنىڭ نەچچە يىل بۇرۇن، نەچچە ئون يىل بۇرۇن ياكى نەچچە 100 يىل بۇرۇنلا ئېچىلغان جاي ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنداق بولسىمۇ، كۆپلىگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ بۇ كانلارغا كېلىپ ئەمگەك قىلغان. ھۆكۈمەت بىر مەزگىللىك ئېچىشتىن كېيىن، تاۋلاش

تېخنىكىسى ئۈنۈم بەرمەي، ئاخىر بۇ كەسىپتىن چېكىنىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىنىڭ مىس ئېچىش كەسپى پۈتۈنلەي خەلق باشقۇرۇشىغا ئۆتتى ㉓. بۇ يېڭى سىياسەت مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ تاشلىۋەتكەن بىردىنبىر مىس قېزىش نۇقتىسى ئىدى. ئەمما، قەشقەر، كۇچا، باي قاتارلىق جايلاردىكى مىس كېنى ئېچىشنى ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر بىۋاسىتە باشقۇرۇپ كەلدى.

تۆمۈر قوراللار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، تۆمۈر كان ئېچىش ئۇيغۇرلار رايونىدىن ئۇزۇندىن بۇيان روناق تېپىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك كەسىپكە ئايلانغانىدى. بۇ مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسى يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ تۆمۈر كان ئېچىش ئاساسىي نۇقتىلىرى جىمسارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق ياللانما خادىمى بار ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تەشكىللىگەنىدى. جىمساردا كۆمۈر كان نۇقتىسى قۇرۇشنىڭ سەۋەبى: جىمساردا يەر ئاستى تۆمۈر رۇدىسىنىڭ زاپىسى مول بولۇپ، تەركىبىدىكى تۆمۈر ماددىسى يۈزدە 70% ئەتراپىدا، ئۇنىڭدىن باشقا، يېڭىسارنىڭ تۇيۇق تاغ جىلغىسىدا كۆپ مىقداردا تۆمۈر كان رۇدا بەلگىسى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىسارنىڭ مازا ۋالادىمۇ؟ كۆپ مىقداردا جىگەر رەڭ تۆمۈر كان بارلىقى ئىسپاتلاندى ㉔.

نېفىت ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تۇرمۇش ساھەسىگە كىرگەن ۋاقىتتا، كىشىلەر تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى خېلى كۆپ يەرلەردە مول نېفىت زاپىسىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئالدى بىلەن، كۇچا ئەتراپىدا بۇرۇن كىشىلەر دىققەت قىلمىغان بايلىق ـ نېفىت بايقالدى. ئارقىدىن، ئۈرۈمچى، كۈيتۇن، شىخو قاتارلىق جايلاردىكى نېفىت زاپىسىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. دەسلەپتە، كۇچا دېھقانلىرى سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن بىر قەۋەت مايىنى سۈزۈۋېلىپ قارا

چىراغقا يېقىلغۇ قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئۈرۈمچىدىمۇ بولغان. شۇ يەرلىك دېھقانلار ئۇزۇن ساپلىق چۆمۈچلەر بىلەن لەيلەپ تۇرغان مايىنى سۈزۈۋېلىپ يورۇتۇشقا ئىشلەتكەن. كېيىن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق رۇسىيىلىك بىر سائەت ئۇستىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىنىڭ بۇ كەسپىنى ئېچىشقا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، بۇ سائەت ئۇستىسىنىڭ نېفىت جەھەتتە يېتەرلىك بىلىمى بولمىغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى يوققا چىقتى. پەقەت كۈيتۈن ئەتراپىدىكى نېفىت قېزىشلا مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ دەسلەپكى كۆلەمدىكى نېفىت ئېچىش زاۋۇتلىرى تەشكىل قىلىنىپ، رۇسىيىدىن نېفىت ئېچىش ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ سەپلەندى. يېڭى مۇقىم نېفىت مەنبەسى تېپىلغانلىقتىن، نېفىت ئايرىشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان تەرتىپ بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي رۇسىيىدىن سېتىۋېلىنغان بىر تۈركۈم نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى ئۈرۈمچىگە توشۇپ كېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى ㉕.

يېڭى سىياسەت مەزگىلىدە ئاليۇمىن قېزىش ئىشلىرى تازا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئەڭ جانلانغان كان ئىشلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئالدى بىلەن كەلپىننىڭ كوردەڭلىمە، كۇچانىڭ كەڭ بۇلاق، خوتەننىڭ قاراقاش قاتارلىق جايلىرىدىن يېڭى ئاليۇمىن زاپىسى بايقالدى. ئەمما، ئېچىش مىقدارىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدىكى ئاليۇمىن ئېچىش ئاساسەن توقسۇنغا مەركەزلەشكەنىدى.

بوگلىيانىسكى توقسۇندىكى ئاليۇمىن ئېچىش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمەت بۇ كانلارنى خەنزۇ سودىگەرلىرى قۇرغان شىركەتلەرگە بەرگەن بولۇپ، ئىشچىلىرى 2000 غا يېتەتتى. ئاليۇمىن رۇدىسىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن مول

بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزىدە كاللەك - كاللەك ئالىيۇمىنلار چىققان، قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش كەتمەيدىكەن. ئېچىش خىزمىتى ماشىنا بولمىغانلىقتىن قول بىلەن ئىشلىنەتتى. قېزىۋېلىنغان ئالىيۇمىنىنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىلىدۇ، بىر پۇت ئالىيۇمىن بەش رۇبلى، بۇ خەنزۇلار ئىنتايىن ئىشچان، كاندا يېتەرلىك مۇقىم ئىشچى بولۇش ئۈچۈن ئۇلار ھەتتا، ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشى ئۈچۈن كان قۇدۇقلىرى ئەتراپىدا بىرنەچچە كەنت قۇرۇشنى قارار قىلغان. چۈنكى سىرتتىن كەلگەن ئىشچىلار ئىشەنچسىز ئىدى. بۇ خىزمەت سودىگەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ياخشى ئېلىپ بېرىلىپ، كارخانىچىلارنى خېلى كۆپ كىرىمگە ئىگە قىلدى ㉖.

## 6. مائارىپنى گۈللەندۈرۈش

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، زو زۇڭتاڭ قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭ مائارىپىنى گۈللەندۈرۈشنى شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى ھەمدە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يېڭى يول ۋە ئۇسۇل توغرىسىدا ئىزدىنىشنى تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا جەدىد مەزمۇننى ئاساس قىلغان يېڭىچە مەكتەپلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئەمما، بۇ يېڭىچە مەكتەپلەر مەيلى كۆلەم جەھەتتە، ياكى جەمئىيەتتىكى تەسىر كۈچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى يېڭى سىياسەت دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن.

1906 ـ يىلى شىنجاڭدا مائارىپ مۇپەتتىشى تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپىنى مەخسۇس باشقۇردى ھەمدە ھەرقايسى جايلارنىڭ مائارىپىنى يولغا قويۇش نەتىجىلىرىنى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك مەزمۇن قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك سىياسىي قانۇن مەكتىپى، ئۆلكىلىك تەجرىبە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، نازارەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردە ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ، تەجرىبە مەكتەپ، ئۆگەنچىلەر مەكتىپى، ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق مەكتىپى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل مەكتەپ (شۆتاڭ) تىن 622 سى قۇرۇلغان بولۇپ، 15 مىڭ 963 ئوقۇغۇچى بولغان. مەكتەپلەرگە ھەر يىلى 664 مىڭ 700 سەر كۈمۈش خىراجەت قىلىنغان ㉗.

ھۆكۈمەت ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ جەدىد مائارىپى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، بۇ خىل تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرۇشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي مەكتەپ باشقۇرۇش كۆلىمىدە تېخىمۇ ئىپادىلەندى.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جەدىد مائارىپىغا زور تۆھپە قوشقان زاتلار ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى ئاتۇشلۇق مۇسابايوفلار ئائىلىسى بولدى.

ئۇ مەزگىلدە «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ئىكساق مەكتىپىدە يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ھاجىنىڭ 2 ـ ئوغلى باۋۇدۇنباي بۇ ئائىلىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتاتتى. باۋۇدۇنباي ئۆزىنىڭ تەسىراتىغا ئاساسەن ئۇيغۇر جەدىد مائارىپىنىڭ يەنىمۇ

ئىلگىرىلىگەن هالدا كېڭىيىشى، جەدىد مائارىپىغا ئىرادە باغلىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە توپلاش بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك دەپ ھۆكۈم قىلغان.

1905 - يىلى باۋۇدۇنباي تۈركىيىدىن ئەھمەد كامال باشچىلىقىدىكى يەتتە ئوقۇتقۇچىنى ئاتۇشقا ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بىر مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن، 1907 - يىلى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى «ھەبىبزادە» دارىلمۇئەللىمىن، «ھۈسەينىيە» مەكتىپىدە قۇرۇلدى. ئەھمەد كامال بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى ㉘.

بۇ مەكتەپكە 1 - تۈركۈمدە ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق ھەتتا قەلەم، قەغەز، سىياھلىرىغىچە باۋۇدۇنباي ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يەنە پۈتۈن ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن يېڭىدىن تۇرالغۇ ئۆيلەرنى سالدى. بۇ ئولتۇراق ئۆيلەر سىلىنىشى ۋە ياسىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئائىلىلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ئۆگىنىدىغان پەنلىرى — ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، رۇس تىلى، تەبىئەت، تىبابەتچىلىك، خەتتاتلىق، تەنتەربىيە، گۈزەل - سەنئەت، ناخشا قاتارلىق 11 خىل دەرس بولۇپ ئوقۇش تۈزۈمى ئۈچ يىل بولغان.

1909 - يىلى، «ھەبىبزادە» مەكتىپىنىڭ داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تۇنجى نۆۋەتلىك 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ ئۇيغۇر جەدىد مەكتىپىنىڭ مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان تۇنجى

تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولۇپ قالدى ㉙. ئـۇلار مـۇشـۇ ئـەسـىرنـىـڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىنكـى ئۇيغۇر جەدىد مائارىپىنى ئىلگـىرى سۈرۈشتە روشەن رول ئويناپ، ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى گوچۇڭغا ئەۋەتىلگەن شاۋۇدۇن قارى، كوچالىق روزى، قۇتۇبىلىق ساۋۇت، خوتەنلىك ماھىرە خەلىپە، ئىلىلىق ئابدۇللا، قاغىلىقلىق ئابلىز، قەشقەرلـىـك ئابدۇرېھىم، ھەمدە شەۋكەت قاتارلىقلار㉚.

ئەمەلىيەتتە، ئوخشاش مەزگىلدە ئاتۇشتا مەلۇم قاپلىنىش نىسبىتىگە ئىگە جەدىد مائارىپ تورى شەكىللىنىۋاتقان بولۇپ، كۆپلىگەن ئائىلە ئەھۋالى ياخشى، مەلۇماتلىق كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پۇل چىقىرىپ ئۆز كەنتلىرىدە جەدىد مەكتەپلەرنـى ئاچتى. بۇ مەكتەپلەر ئادەتتە پۇل چىقارغۇچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغاندى. ئەمما مەكتەپ ئاچقانلىقنى خەيرلىك ئـىـش دەپ قارىغانلىقتىن مەكتەپ ئاچقانلار جەمئىيەتتە غايەت زور ئابرۇيغا ئېرىشتى.

ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچـىـپ تەرىپلەنگەنلەر مۇسابايوفلاردىن باشقا، يەنە تاشاخۇنۇم دېگەن كىشى.

تاشاخۇنۇم 1866 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ۋاق ۋاق كەنتـىـدە تۇغۇلغان بولۇپ، تاشاخۇنۇمنىڭ دادىسى ئېزىز بۇ ئوغلىنـى ئىنتايىن ياخشى تەربىيىگە ئىگە قـىـلغان. تاشاخۇنۇم چوڭ بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قـىـلـىـپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە سودا بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. تاشاخۇنۇمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بـىـرقەدەر ياخشىلانغاندىن كېيىن 1897 ـ يىلى ئۆز كەنتىدە بىر جەدىد مەكتىپى ئاچتى. مەكتەپكە «تاشاخۇنۇم مەكتىپـى» دەپ نام بېرىلگەن. 1913 ـ يىلىغىچە تاشاخۇنۇم مەكتىپـىـدە موللا مۇھـەمـمـەد، مـوللا ھـەسـەن قـاتـارلـىـق كـىـشـىـلـەر

ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان㉛. شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئىككى خىل تىل بىلىدىغان ئۇيغۇر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى ھۆكۈمەت مائارىپىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلدى. 1908 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مەكتەپ (شۆتاڭ) 80 دىن ئاشقان ㉜.

كەلپىندىكى مەكتەپ (شۆتاڭ) ياخشى ئۇتۇق قازانغان مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1906 ـ يىلى ئېچىلغان، ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان. كېيىنچە، كەلپىننىڭ سىياسىي، سودا ۋە مائارىپ ساھەسىدە باش كۆتۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى㉝.

ئۇيغۇر جەدىد مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان ھۈسەيىنباي ۋە باۋۇدۇنباي ئاكا ـ ئۇكا ئىككى تىللىق ئۇيغۇر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنىمۇ زور كۈچ بىلەن قوللىدى. كېيىن ئىلى رايونىدىكى داڭلىق تەرجىمان داۋۇت موللا، نىياز قاتارلىقلارنى ھۈسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇنباي ئۇرۇمچىدىكى مەكتەپ (شۆتاڭ) غا تاللاپ ئەۋەتىپ ئوقۇتقانىدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدا ئۇيغۇر تەرجىمە ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ئەرباب دەپ ئاتالغان ماخمۇت ئىلھامجانوف چوڭقۇر قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئاساسىنى مەكتەپ (شۆتاڭ) دا ئۆگەنگەن ۋە يېتىشتۈرگەن.

يېڭى سىياسەتنىڭ ئۇيغۇر جەدىد مائارىپىنى ئالغا سۈرۈشتىكى رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئەمما، ئىجتىمائىي ئۇنۇم ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەر ئۆتىگەنىدى. ئەمما، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغىنى، بۇ مەزگىلدىكى ھەر دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەر مەسچىتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس

ئىدى. مەسچىت بىلەن دىنىي مەكتەپلەر ئارىسىدا روشەن بېقىنىش مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. كۆپ ساندىكى دىنىي مەكتەپلەرنى مەلۇم رايوندىكى ئاتالمىش «جامائەت» باشقۇرغان. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا «جامائەت» شۇ رايوندىكى بارلىق ئەر پۇقرالاردىن تەركىب تاپقانىدى. ئەمما، «جامائەت» ئىچىدە ئاساسلىق سۆز قىلىش ھوقۇقى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باي ۋە ئابرۇيى بار كىشىلەرگە مەنسۇپ ئىدى.

ئۇيغۇر جەدىد مائارىپى مەيدانغا كېلىپ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى قىسمەن جەھەتتە ئۆزگەرتىپ كېرەكلىك بولغان تەبىئىي پەنگە ئائىت مەزمۇنلارنى قوشتى. تېخىمۇ كۆپ ئەھۋال شۇ بولدىكى، دىنىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدىكى ھېسسىيات، ئابرۇيغا ئېغىر تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جەدىد مائارىپىغا ئۆزىنى ئاتىغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى دىنىي مەكتەپلەرگە ھەمدە دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا خېلى چوڭ دائىرىدە يول قويدى. ھۈسەيىنباي مەبلەغ چىقىرىپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا مەشھۇر بولغان قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى رېمونت قىلدۇرغان.

بۇ جەھەتلەردە ئىلى جاغىستاي كەنتى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان.

جاغىستاي كەنتى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. 1900 ـ يىلى رۇسىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىمىر ئاخۇن بۇ كەنتتىكى مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن بۇ كەنت «جامائەت» تىگە مەسچىتكە تەۋە ئۈچ ئېغىز ئۆيىنى جەدىد مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان. ئىمىر ئاخۇننىڭ تەكلىپى كەنت باشلىقى سىلىمبەگنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بىرمەھەل تەييارلىقتىن كېيىن 1905 ـ يىلى

جاغىستاي كەنتىدىكى مەكتەپ قۇرۇش ئىشىنى پۈتۈپ، ئۈچ سىنىپلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ زورىرى ئوقۇيدىغان دەرسلىرى ئىچىدە «قۇرئان» نى يادلاش، ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇش، يېزىش ھەمدە ھېسابلاشتىكى قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش قاتارلىقلار بار ئىدى. كۆپلىگەن ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئائىلە باشلىقلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كېرەكلىك دىنىي بىلىم ۋە مەدەنىيەت بىلىمى ئۆگەنگەنلىكىدىن ئىنتايىن رازى بولۇشتى. 1910 ـ يىلى، ئىمىرئاخۇننىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ كەنتتىكى يەنە بىر مەسچىتتىمۇ 2 ـ مەكتەپ ئېچىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، جاغىستاي كەنتى رۇسىيىگە ئوقۇشقا چىقارغانلاردىن ئوسمان يونۇس، نەزەر خوجا، مىرموللا، ئەيسا داموللا قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىمۇ جاغىستاي كەنتىدە تاماملانغان ㉟.

يېڭى سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن ۋە ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش، دۆلەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئىلغار ئىدىيىسىنى ھەمدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتالىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى سانائەت ئاساسى، سودا ئاساسى، مائارىپ ئاساسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەۋردە سېلىنغانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

### پايدىلانمىلار

① «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»، 12 ـ ماددا، «جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرا شەرتنامىلىرى توپلىمى» غا قارالسۇن.

② «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 57 ـ جىلد.

③ (رۇسىيە) بېگنىن: «ھازىرقى موڭغۇلىيە»، 61 — 62 ـ بەتلەر.

④ سكرىيىن، پامىرا. نايدگىر: «ماكىي قەشقەردە»، «چارروسىيىنىڭ جوڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى» دىن ئېلىنغان، خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىل نەشرى، 355 — 346 ـ بەتلەر.

⑤ باگىياۋىلىنسكىي: «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جوڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى»، سودا باسمىخانىسى 1980 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى. 11 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑦ جاڭ داجۇن: «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 1 ـ قىسىم، 7 ـ بەت.

⑧ «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جوڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى»، 196 — 203 ـ بەتلەر.

⑨ ئەزىزوف ئابدۇللا: «مۇسابايوفلارنىڭ كارخانىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ سان، 189 — 197 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑩ شېرىپ خۇشتار: «شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى — روزى ھاجى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 34 ـ سان، 6 — 8 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑪ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ سان، 189 — 197 ـ بەتلەر،

⑫ : «ھۇسەيىنباي. مۇسابايوفلارنىڭ كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى»، «غۇلجا تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە)، 1 ـ سان، 38 — 43 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 43 ـ بەت.

⑭ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى، 100 ـ بەت.

⑮ «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جوڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى»، 134 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 135 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 136 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 136 ـ بەتتىكى ئىزاھ.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 136 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 149 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 150 ـ بەت.

㉓ «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى»، 147 ـ بەت.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 146 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 151 — 152 ـ بەتلەر.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 148 ـ بەت.

㉗ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى، 235 ـ بەت.

㉘ «ھەببىزادە» — خەير ـ ساخاۋەتچىنىڭ ئەۋلادى دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە بۇ مەكتەپ خەير ـ ساخاۋەتچىنىڭ ئەۋلادى تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە باۋۇدۇنبايغا بولغان بىر خىل مەدھىيىدۇر. شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ يول باشچىلىرى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 28 ـ سان (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ بەت.

㉙ ئىسلامجان سابىت: «شىنجاڭ يېڭى مەدەنىيەت مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى بىلىم يۇرتى — ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 34 ـ سان (ئۇيغۇرچە)، 89 ـ بەت.

㉚ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 28 ـ سان (ئۇيغۇرچە)، 238 ـ بەت.

㉛ تۇرغۇن ئوبۇل، نەسرۇللا ئابلەت: «تاشاخۇن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىلىرى»، قولىيازما (ئۇيغۇرچە)، ئەسلى نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

㉜ «چىڭ دىزۇڭ خاتىرىلىرى»، 988 ـ جىلد.

㉝ ئىمىن نىياز: «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىدىن ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 31 - سان (ئۇيغۇرچە)، 213 — 216 - بەتلەر.

㉞ ئىسمايىل ئەسقەر: «ئاتاقلىق تەرجىمان ئىسلاھامجانوف»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 33 - سان (ئۇيغۇرچە)، 239 — 241 - بەتلەر.

㉟ يۈسۈپجان ئەلى: «مائارىپچى ھېزىمئاخۇن»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 23 - سان (ئۇيغۇرچە) 432 — 435 - بەتلەر.

## 2 - بۆلۈم تورپاقلارنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى كۈرىشى

### 1. دېھقان شەرۇللانىڭ ئۆلۈۋېلىشى

1907 - يىلى ئەتىيازدا قۇمۇل بوستانلىقىدا ئاز كۆرۈلىدىغان قۇرغاقچىلىق بولدى. ئەتىيازدا قۇمۇل بوستانلىقىنى سۇغىرىدىغان تاغ كەلكۈنىمۇ ھاۋا كىلىماتى نورمالسىز بولغانلىقتىن كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋاڭىغا سېلىق ئاشلىق تۆلەش ۋاقىت — قەرەلىمۇ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا، كەلكۈن، سۇغىرىش، قۇرغاقچىلىق، سېلىق ئاشلىقى قاتارلىقلار قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ پاراڭ قىلىشىدىغان تېمىسى بولۇپ قالدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يار تۈگمەن كەنتىدىكى دېھقان شەرۇللا ۋاڭغا تاپشۇرىدىغان بەش دادەن سېلىق ئاشلىقنى تۆلەشكە قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، ۋاڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بىر پارچە ئاق

خەسگە يېزىپ ئۇنى ھويلىسىدىكى جىگدە شېخىغا ئىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ①.

شەرۋىللانىڭ ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرى يار تۈگمەن كەنتىگە تېزلا تارقايدۇ. يۇرتداشلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقىلى كېلىپ ھويلىغا كىرگەندە ئالدى بىلەن جىگدە شېخىغا ئىلىپ قويۇلغان خەتنى كۆرىدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت بولۇپ، ئۇ قۇمۇل تارىخىدىكى 8 ـ ۋاڭ ئىدى. شامەخسۇت جەمەتىگە مەنسۇپ بولىسمۇ، ۋاڭ ئەۋلادى ئەمەس ئىدى. ئۇ بەشىر ۋاڭنىڭ 2 ـ قىزى كىچىكئايىنى ئالغانلىقتىن قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا بىردىنلا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، ئاخىر 1882 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار شامەخسۇتتىن نارازى ئىدى. بۇ نارازىلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى شامەخسۇتنىڭ خۇسۇسىي پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمما، قۇمۇل پۇقرالىرىنىڭ شامەخسۇتقا نارازى بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب، شامەخسۇت باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ۋاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ۋەھشىيانە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ئىدى.

شامەخسۇت ۋاڭنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تۆت ئورۇنغا بۆلۈنگەن بولۇپ، تۆت بەگ تەيىنلەنگەن، بەگ ئاستىدا 26 دورغا تەيىنلەنگەن. بۇ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋاڭلىق يەر بىلەن ۋاڭلىققا تەۋە بولمىغان يەرنى ئېنىق ئايرىپ تۇرغان. تۆت بەگ ۋە 26 دورغا باشقۇرغان، دائىرە ۋاڭلىق تەۋە باشقۇرۇشىدىكى يەر ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر، ئوتلاق، يېرىم تېرىلغۇ يەر، يېرىم ئوتلاق بار ئىدى. ۋاڭلىق تېرىلغۇ يەر ۋە

ئوتلاقلاردا ئىشلەيدىغىنى ئاساسلىقى ئۇيغۇر دېھقان، چارۋىچىلىرى ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردا بەزى كەسىپلەرنى ئاز ساندىكى خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە قازاقلارمۇ ئىشلەيتتى.

قۇمۇل ۋاڭلىقى تېرىلغۇ يەرنى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلگەن بولۇپ، بىرى ۋاڭلىققا تەۋە يەر، ئۇنىڭ پۈتۈن تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ۋاڭ ئوردىسى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەشكىللەيتتى، يەنە بىرى بۆلۈك يەر بولۇپ، ۋاڭلىققا تەۋە جايلاردىكى دېھقانلار تېرىيتتى. بۆلۈك يەر تېرىيدىغان دېھقانلار، يەيدىغان ئاشلىق، دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ئۆزلىرى تەييارلاپ ۋاڭلىق يەردە بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئىشلەيتتى. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، ھوسۇلنىڭ 30پىرسەنتتىن 40 پىرسەنتكىچە گىچە بولغان قىسمىنى يەر ئىجارىسى ئورنىدا ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇراتتى. ھوسۇلنىڭ قالغان قىسمىنى ۋاڭ ئوردىسى سېلىق ئاشلىق قىلىپ سېتىۋالاتتى ھەمدە شۇ مەيداندا ھەر خىل باج ھېسابىدا يەنە بىرمۇنچە ئاشلىق تۇتۇۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارغا ئەمگەك مېۋىسىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ئېشىپ قالاتتى.

شامەخسۇتنىڭ نامىدا جەمئىي 130 مىڭ تۇياق قوي، 5 مىڭ 500 تۇياق ئات، 7 مىڭ تۇياق كالا، 8 مىڭدىن ئارتۇق تۆگە بار ئىدى. بۇ چارۋىلارنى ۋاڭلىق يەر دائىرىسىدىكى چارۋىچىلار باقاتتى. چوڭ چارۋىلارنىڭ ھەر يۈزى بىر توپ، كىچىك چارۋىلارنىڭ ھەر 500 ى بىر توپ قىلىناتتى. چوڭ چارۋىلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى يۈزدە 50% قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، كۆپەيگەن قىسمى ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇلاتتى. كىچىك چارۋىلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 500 نىڭ 300 قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپەيگەن قىسمىمۇ ۋاڭ ئوردىسىغا

تاپشۇرۇلاتتى②.

شەرۋللا مانا مۇشۇنداق ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن چىقىش يولى تاپالماي ئۆلۈۋالغانىدى. يارتۇگمەندىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ قىسمىتى ۋە ئەھۋالىمۇ شەرۋللانىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇڭلاشقا شەرۋللانى دەپنە قىلىش پائالىيىتى شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاكالەتەن غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. قەبرىستانلىقتا، يەرلىككە قويغىلى چىققان ھەربىر ئەر كىشى قائىدە بويىچە يەرلىككە يەتتە كەتمەندىن توپا تاشلىغاندىن كېيىن، قەبرە يېنىدا شەرۋللانىڭ ھايات مۇساپىسىنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىشچان ۋە جاپا - مۇشەققەتتە ئۆتكۈزگەن ھاياتىنى بىردەك مەدھىيىلەپ، شۇ ئارقىلىق قومۇل ۋاڭىنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋۇزلۇقىنى دارتىمىلىدى.

## 2. ۋاڭ ئوردىسىنى قورشىۋېلىش

شەرۋللا ئۆلۈۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيغۇر شەھىرىدىكى تورپاق راجى، تورپاق زېرىپ، تورپاق شاكىر ئۈچ ئاكا - ئۇكىمۇ 13 دادەن سېلىق تاشلىقنى بېرىشكە كۆچى يەتمەي لاپچۇققا قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇلار لاپچۇققا قېچىپ بارغاندا ۋاڭنىڭ سەنداۋلىگدىكى بىر كۆمۈر كېنىدا كان گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ 17 ئادەم ئۆلىدۇ. بۇ 17 نەپەر كان ئىشچىسى ئايرىم ھالدا ئاستانە تۆگىچى، قارا دۆۋە قاتارلىق كەنتلەردىن كەلگەن بولغاچقا، كان گۈمۈرۈلۈپ ئادەم ئۆلگەنلىك خەۋىرى نەچچە ئون چاقىرىم جايغا بىردەمدىلا تارقالدى. تورپاق راجى، تورپاق زېرىپ، تورپاق شاكىر ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئاستانە

تۆگىچى، قارا دۆۋە قاتارلىق كەنتلەردە قاتراپ يۈرۈپ، كان ئىشچىلىرىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا ئۆلگەنلەرگە تۆلەم تەلەپ قىلىشىغا يوشۇرۇنچە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ۋاڭ ئوردىسى ئۆلگەنلەرگە تۆلەم بېرىشنى رەت قىلغان ۋاقىتتا 17 نەپەر ئۆلگەن ئىشچىنىڭ يۇرتىدىكى نەچچە يۈز كىشى ئاكا - ئۇكا تورپاقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ۋاڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق ئۈيغۇر شەھىرىگە ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزئۆز بىر پارچە ئاق خەسىگە ئۆلگەنلەرگە تۆلەم تۆلەپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى چوڭ خەت بىلەن يېزىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويدى. ئەمما، شامەخسۇت بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدى.

مۇشۇنداق تىركىشىش ھالىتىدىن كېيىن، ئۆز خوجا ئەھمەد، موللا نازى، دۇگامەت ھەمدە باي سودىگەر خوجىنىياز قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇل يەرلىك دائىرىلىرىگە ئەرز قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قۇمۇل ۋاڭىنى تۆلەم پۇلىنى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇرلاشنى تەلەپ قىلدى. قۇمۇل يەرلىك دائىرىلىرى ۋاڭلىق باشقۇرۇشى دائىرىسىدىكى ئىشلارنى سوراشنى خالىمىغاچقا، ئۆز خوجا ئەخەت قاتارلىقلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. ئۆز خوجا ئەھمەد قاتارلىقلار بۇنى ئەمەلدارلارنىڭ شامەخسۇتنىڭ پارىسىنى ئالغانلىقىدىن بولغان دەپ قاراپ، بۇ ئويىنى كان ئىشچىلىرىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا مەدەت بەرگىلى ئۈيغۇر شەھىرىگە توپلانغان ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن دېھقانلارغا ئېيتىدۇ. بۇ خەۋەردىن غەزەپلەنگەن دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ئالدىغا توپلىنىدۇ، ئادەم سانى 300 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆز خوجائەھمەد، دۇگامەت، خوجىنىياز قاتارلىقلار ئۈيغۇر شەھىرىدىكى دېھقانلارنى

باشلاپ ۋاڭ ئوردىسىنى قورشاۋغا ئالغان توپقا قېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلاردىن باشقا، قول سانائەتچىلەر، سودىگەرلەر ھەمدە بىر قىسىم دىنىي زاتلارمۇ بار ئىدى. ئاكا - ئۇكا تورپاقلار ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۇمىلاق باغچىدا قوماندانلىق شتابى قۇردى. بۇ ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ تەلىپى كان ئىشچىلىرىغا تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا چەكلەنمىدى. ئۇلار ئوچۇق قىلىپ: ھۆكۈمەتكە بەلگىلەنگەن باجنىلا تۆلەيمىز، ۋاڭغا سېلىق ئاشلىق تۆلىمەيمىز، ۋاڭغا ئىشلىمەيمىز، دېگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ ئوردىسى ئەتراپىدا بولۇۋاتقان غوۋغا پۈتۈن قۇمۇل دائىرىسىدە ئەكس تەسىر قوزغىدى. چەت - ياقا جايلاردىكى كەنت - قىشلاقلاردا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئۈيغۇر شەھىرىدىكى كۆرەش قىلىۋاتقان دېھقانلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ئەكېلىپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاڭ ئوردىسى دەرۋازىنى چىڭ تاقاپ دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاشنى رەت قىلدى. تورپاق راجى، تورپاق زېرىپ، تورپاق شاكىر ۋە ئۆز خوجىئەھمەد، خوجىنىياز قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنى ئەرز قىلىشنى قارار قىلدى. كۆپچىلىك خوجىئەخمەت، ئىبراھىم قاتارلىق 12 كىشىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەر ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن كۆپلىگەن قۇمۇللۇق ئەمەلدار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرزنامىسىنى ھۆكۈمەتكە يامۇلغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەرزنامىدە شامەخسۇتنى ۋاڭلىقتىن ئېلىپ تاشلاش، ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرىدىغان بارلىق ئالۋان - ياساق، باجنى ئېلىپ

تاشلاش، قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بىچىنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش ئېلىش، قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنغانىدى.

## 3. ياڭ زېڭشىننىڭ ياراشتۇرۇشى

قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قۇمۇل ۋاڭى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىق خەۋىرى ھۆكۈمەت ۋە باشقا يوللار بىلەن شىنجاڭ مۇپەتتىش يامۇلىغا ئالللىبۇرۇن يېتىپ كەلگەنىدى. ھەر خىل خەۋەرلەرنىڭ ئوخشاش ۋەقەنى تەسۋىرلىشىدە خەۋەرنىڭ تېز - ئاستىلىقى، ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىك پەرقى بولسىمۇ، ئەمما ۋەقەنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىش ئاقىۋىتىگە قارىتا ليەن كۇينىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمى بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ لەنجۇدىن قۇمۇلغا كەلگەنىدى. ليەن كۇي ياڭ زېڭشىنغا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن ۋاڭ ئوردىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن ۋەقەنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ماجىرانى تېزلىكتە ئاياغلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ياڭ زېڭشىن (1928 ـ 1864) ، يۈننەن ئۆلكىسى مېڭزى ناھىيىسىنىڭ موبىي كەنتىدىن، 1888 ـ يىلى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىسىدا 27 ـ بولغان، 2 ـ يىلى خەتمە كەردە بولغان، ھەمدە گەنسۇنىڭ فەنشۇ دېگەن يېرىگە تەقسىم قىلىنغان. 1890 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن جۇڭۋېي ناھىيىسى ۋە ۋېييۈەن ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان. 1896 ـ يىلى خېجۇنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1901 ـ يىلى بۇيرۇقتا بىنائەن باشقا ئۆلكىلەرگە مائارىپ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە بېرىپ لەنجۇغا

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گەنسۇ ئالىي مەكتىپى (شۆتاڭ) نى قۇرغان ھەمدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە، دارىلمۇئەللىمىن، چارلاش ساقچى ئەترىتى، سانائەت مەكتىپى (شۆتاڭ) قاتارلىقلارنى قۇرغان. 1908 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا مېڭىش يولىدا قومۇلغا كەلگەن.

ياڭ زېڭشىن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شامەخسۇت ۋە دېھقانلار ۋەكىلىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، ئىشلارغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى، ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق دېھقانلارنىڭ ھاشىرىنى 5 ـ 7 كۈندىن ئۈچ كۈنگە قىسقارتتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئەھۋال ئازراق بېسىقتى. ماسلىشىش تەدبىرى قاتارىدا قومۇل ياندىش ئايماقبېگى چېن تيەنلۇ ئاكا ـ ئۇكا تورپاقلار ئىچىدىكى راجىنى ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ شاڭيولۇقىغا تەيىنلەيدۇ.

كۆپلىگەن كىشى بۇ ئارقىلىق ياندىش ئايماقبېگى چېن تيەنلۇنىڭ بۇ ۋەقەگە بولغان پوزىتسىيىسى بىلەن ليەن كۈينىڭ قومۇل دېھقانلىرى بىلەن شامەخسۇت ئوتتۇرىسىدا بولغان توقۇنۇش توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا، چېن تيەنلۇنىڭ قومۇل دېھقانلىرىغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «چېن تيەنلۇ باندىتلار باشلىقى تورپاق راجىنى شاڭيولۇققا بەلگىلىدى. تورپاق راجى كېيىن خوجىنىياز، دوگامەت قاتارلىقلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن قايتا ئادەم توپلاپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، ئۇيغۇر شەھىرىگە قايتا كىرىپ ئىش تېرىپ يېزا ـ بازارلاردىكى ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ۋاڭلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماسلىققا تەھدىت سالدى»③.

بۇ ئابزاس خاتىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسمى ئاللىقاچان يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ چىن تيەنلۇنىڭ تورپاق راجىنى شاڭيولۇققا بەلگىلىگەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر قىسىم مەزمۇن بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى بايانلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ ياراشتۇرۇشىنى قىلچىمۇ قوبۇل قىلغۇسى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ياڭ زېڭشىن قۇمۇلدىن ئايرىلىشى بىلەنلا شامەخسۇت ھەر ئايدا 5 ـ 7 كۈنگىچە ھاشارنى داۋاملىق ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، تارقىلىپ كەتكەن دېھقانلار قايتىدىن توپلىنىپ تورپاق راجى قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا «ۋاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمايمىز» دەپ شوئار توۋلاپ ۋاڭ ئوردىسىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى. قورقۇپ كەتكەن شامەخسۇت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئوردىنىڭ توققۇز دەرۋازىسىنى ئىچىدىن ياغاچ بىلەن ئەتتۈرۈپ، مىخلىتىپ تاشلىدى. غەزەپلەنگەن دېھقانلارمۇ ئوردا دەرۋازىسىنى سىرتىدىن خىش ـ كېسەكلەر بىلەن تام قوپۇرۇپ توسۇپ تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر شەھىرى ئىنتايىن قالايمىقانچىلىققا تولغانىدى.

قۇمۇل ياندىش ئايماقبېگى چىن تيەنلۇ دەسلەپتىلا قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا خەيرخاھلىق قىلغاچقا، شامەخسۇت چىن تيەنلۇدىن دېھقانلارنى توسۇشقا قوشۇن ئەۋەتىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، باشتىن ـ ئاخىر چىن تيەنلۇنىڭ مەدىتىگە ئېرىشەلمىدى.

شامەخسۇت نائىلاج سۇلايمان قازى، خوجىنىياز قازى ۋە بىر خەنزۇ مىرزىبەگنى شەھەردىن چىقىپ تورپاقلار

جەمەتىدىكى ئاكا ـ ئۇكا قاتارلىق دېھقانلار سەردارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىپ، دېھقانلارغا ئاۋۋال تارقىلىپ كېتىش، ئاندىن ئىناق كەيپىياتتا ئىككى تەرەپنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش تەلىپىنى قويدى.

تورپاق جەمەتىدىكى ئاكا ـ ئۇكا قاتارلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەردارلىرى بولسا دېھقانلار «ۋاڭلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماسلىق» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ شامەخسۇتنىڭ كۆتكىنىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەسلىدە ياڭ زېڭشىننىڭ ياراشتۇرۇشنى قوبۇل قىلىش ھالىتىگە قايتىپ، ھەر ئايدىكى 5 ـ 7 كۈنلۈك ھاشارنى ئۈچ كۈنگە ئازايتىشنىلا ئويلىغانىدى، شۇڭا شەھەردىن چىققانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى نەتىجىسىز بولدى.

## 4. قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ باستۇرۇلۇشى

شامەخسۇت قۇمۇل مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن بارىكۆلنىڭ باشبۇغى يى شېڭفۇدىن ياردەم سورىدى. يى شېڭفۇ قوشۇن باشلاپ قۇمۇل ئۇيغۇر شەھىرىگە كىردى ھەمدە تېزلىكتە بارلىق ئېگىزلىكلەرنى كونترول قىلدى.

تورپاق جەمەتىدىكى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراشتەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقاپ، يېڭى تايانچ بازىلارنى ئىگىلەش ئۈمىدىدە دېھقانلارنى باشلاپ ۋاڭ يامۇلىغا ئالدىراپ ـ سالدىراپ ھۇجۇم قىلدى. 1 ـ قېتىملىق ھۇجۇمدا 30 نەچچە دېھقان جەڭگاھتا

ئۆلدى. قارىۋاغ كەنتلىك دېھقان توختى ۋاڭ يامۇلىنىڭ قوۋۇقىغا ھۇجۇم قىلغاندا بېشى قوۋۇق دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقىغا قىسىلىپ قېلىپ ئۆلدى. تۆرلۈك دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تاياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللانغان دېھقانلار ئاخىر تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. بۇ چاغقىچە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يامۇلى توپتوغرا ئۈچ ئايدىن كۆپرەك مۇھاسىرىگە ئېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يامۇلىنى قورشاشقا قاتناشقان 300 نەچچە دېھقان قولغا ئېلىندى.

تورپاقلار جەمەتىدىن زېرىپ، دۇگامەت ئاغا ـ ئىنى ھەمدە ئۆز خوجا ۋە ئەھمەدلەر موللا نازى قاتارلىقلار مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. تورپاقلار جەمەتىدىن شاكىر توختىنىياز قاتارلىق 30 نەچچە كىشى ياقا يۇرتلارغا پالاندى. ئۇلاردىن باشقا 150 نەچچە كىشى بىر يىلدىن 10 يىلغىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىرمەھەل قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا خەيرخاھلىق قىلغان قۇمۇل ياندىش ئايماقبېگى چېن تيەنلۇ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارشى بۇ بىر قېتىمقى كۈرەشكە تۇغرىسىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىدا، بۇ ھەقتە خېلى كۆپ مەلۇمات قالدۇرۇلغان، مەۋقە ئوخشاش بولمىغاچقا، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بۇ يازما يادىكارلىقلىرىدا ۋەقەنىڭ خاراكتېرى ۋە تارىخىي شەخسلەرگە بېرىلگەن باھالارنىڭ ھېسسىيات ئاساس قىلىنغانلىقى روشەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى ۋەقەنىڭ پۈتكۈل جەريانى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ يەنىلا مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتى بار. ئۇ ليەن كۈينىڭ قۇمۇل ئۇيغۇر

دېھقانلىرىنىڭ ۋاڭلىقتا قارشى تۇرغانلىقى ھەققىدە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىگە يوللىغان مەلۇماتنامىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېيەن كۈينىڭ مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ جاساق چىنۋاڭغا بېيئەت قىلىپ، غەللە - پاراق تاپشۇرۇپ، ھاشار مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق بولۇپ قالغانىدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، پاراكەندىچى مۇسۇلمانلاردىن خوجا مىياس، دۆگامەت قاتارلىقلار ئۇيغۇر ۋاڭلىقىغا ئىتائەت قىلماسلىق غەرىزىدە، ئالۋان - سېلىقنى ئازايتىش داۋاسىنى قىلىپ، قۇمۇل نازارەتخانىسىغا ئەرز سۇندى، يانداش ئايماقبېگى چېن تيەنلۇ توغرا - خاتاسىنى ئايرىماي ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلدى، كېيىن بۇ ھەقتە تەپسىلىي يولىيورۇق سورىمىدى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خوجا مىياس، دۆگامەت شايكا توپلاپ پۇل - پۈچەك يىغدى، ئۇيغۇر ۋاڭى بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 27 - كۈنى مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ئون كىشى ۋاڭنىڭ يامۇلىنى كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ قامال قىلىۋالدى. يەرلىك مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى، بۇ ئەھۋاللار ئىلگىرى - كېيىن ئۆلكىگە مەلۇم قىلىنىدى. بۇ چاغدا گەنسۇدىن دوتەيلىككە تەيىنلىنىپ شىنجاڭغا ماڭغان ياڭ زېڭشىن سەپىرىدە قۇمۇلغا كەلگەنىدى، ئۇ ئەھۋاللاردىن ۋاقىپلىنىپ ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. ئۇ ئەھۋال ئىگىلەپ تەدبىر بەلگىلىدى ھەمدە مۇسۇلمانلار ھاشار - سېلىقى ھەققىدە مۇۋاپىق بەلگىلىمە تۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنى رازى قىلىشقا تىرىشتى»④.

توقۇنۇشنىڭ سەۋەبى ۋە دېھقانلارنىڭ تەلىپى توغرىسىدىكى بۇ بىر ئابزاس مەلۇمات ۋاستىلىك بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى «كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ قامال قىلىش» ۋە ياڭ زېڭشىنىڭ

ئارىلىشىشى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ۋاقتى جەھەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەم سانى جەھەتتىمۇ ناھايىتى چوڭ يوچۇق بار، ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش جەھەتتىكى سەۋەنلىكتىن بولغان دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن، دەرۋەقە ئۇنىڭدا ناھەقنى پەردازلاش غەرىزى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋاڭلىققا قارشى كۆرىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ «ۋاڭلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماسلىق» نى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي شوئارى قىلغانلىقى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۇچراپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئاڭلىق تۈردە زەربە بەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ھالبۇكى بۇ تۈزۈم دەل چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋاڭلىققا قارشى كۆرىشى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەش بىلەن ئىچكى جەھەتتە باغلىنىشلىق.

قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىگە قارشى چىققانلىق خەۋىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تېزلىكتە تارالدى. خەلق ئارىسىدا تارالغان خەۋەرلەر بىلەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مەلۇماتى چىقىش نۇقتىسى ۋە ھېسسىيات جەھەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، خەلق ئارىسىدىكى خەۋەرلەردە تۇرپاقلار جەمەتىدىكى موللا راجى، دۇگامەت، شاكىر ۋە باشقا دېھقانلار سەردارلىرى مەدھىيىلەنگەن، شۇڭا، بۇ بىر قەپەس كۆرەشتىكى قەھرىمان شەخسلەر، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەسى كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىلھام ۋە ئىنكاس پەيدا قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

شىنخەي ئىنقىلابىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا تۈرتكە بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋاڭلىققا قارشى كۈرىشى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار سىياسىي ئىسلاھاتلارنىڭ دەسلەپكى سىگنالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پايدىلانمىلار

①قۇددۇس ئابدۇسەمەت: «قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 34 ـ سان (ئۇيغۇرچە)، 136 — 165 ـ بەتلەر.

② «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى دىنلار تەتقىقاتى»، 1 ـ سان.

③ جۇڭگو 1 ـ ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان، خان ئۆزى تەستىقلىغان مىللەتلەر ئىشلىرىغا دائىر مەلۇماتنامىلەر (ئۇيغۇرلارغا ئائىت): «گەنسۇ ـ شىنجاڭ مۇپەتتىشى لىيەن كۈيىنىڭ قۇمۇل، تۇرپانغا قاراشلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ غەللە ـ پاراقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىپ توپلىشىپ جېدەل چىقىرىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە باش گۇناھكارلارنى جازالاش ھەققىدىكى مەلۇماتنامىسى».

④ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

# 3 ـ بۆلۈم ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى

## 1. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى

سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو پايتەختىگە بېسىپ كىرىشى جۇڭگو ئىقتىسادىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، جۇڭگونىڭ سىياسىي ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈپ،

جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىدە ئېغىر جاراھەت پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «جۇڭگو قانداق قىلغاندا خارلىنىشتىن قۇتۇلالايدۇ؟» دېگەن مەسىلە يەنە بىر قېتىم پۈتۈن جۇڭگو كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

1905 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بىر تۈركۈم جۇڭگولۇق ئىنقىلابىي ئوغلانلار سۇن جۇڭشەننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ياپونىيىدە جۇڭگو ئىنقىلابى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، سۇن جۇڭشەننى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسەتتى. ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «خەلق گېزىتى» شۇ كۈنكى تەبرىك ماقالىسىدە ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان «ئۈچ مەسلەك» يەنى «مىللەت مەسلىكى، خەلق هوقۇقى مەسلىكى، خەلق تۇرمۇشى مەسلىكى» نى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە «هازىرقى چىرىك هۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش»، «جۇمهۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش»، «يەر - زېمىن دۆلەتكە مەنسۇپ بولۇش» قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا كىرگۈزدى.

1911 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچتە خۇبېي يېڭى ئارمىيىسى قۇرۇلۇش 8 - باتالىيونى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىر كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا ۋۇخەندىكى ئۈچ ناهىيىنى ئىگىلىدى. مانا بۇ جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشهۇر «شىنخەي ئىنقىلابى» ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شەنشى، خۇنەن، جياڭشى، سەنشى، يۈننەن، جياڭسۇ، گۈيجۇ، ئەنخۇي، گۇاڭشى، جېجياڭ، فۇجيەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلەرمۇ چىڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى

جاكارلىدى.

پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلابىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىقىغا تولغان ئەنە شۇنداق بىر مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا بۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى ۋە شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىپادە بىلدۈرمىگەن ئازغىنە بىر نەچچە ئۆلكىنىڭ بىرى قىلىپ قويدى.

شىنخەي ئىنقىلابى ھارپىسىدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلارنى ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك تەڭشىگەنىدى. ئالدى بىلەن 1910 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يۈەن داخۇانى شەندۇڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىدىن شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە يۆتكىگەنلىكىنى جاكارلىدى ①. ئارقىدىنلا يەنى 1911 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خاڭجۇ جياڭجۈنى جى رۇينى ئىلى جياڭجۈنلۈكىگە يۆتكىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى②.

يۈەن داخۇا ـ ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋۇشيەن ناھىيىسىنىڭ دايۈەن يېزىسىدىن بولۇپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ھەربىي قىسمدا ئۆتكەنىدى. ئىلگىرى ئۇ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ۋە رۇسىيىنىڭ ۋىلادىۋوستوك قاتارلىق جايلىرىغا يوشۇرۇن كىرىپ، رۇسىيە ئارمىيىسىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش، ئىستراتېگىيىلىك جايلارنىڭ خەرىتىسىنى ئىشلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئىككى يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللانغان، كېيىنچە شەندۇڭنىڭ تەپتىش بېگى، خەزىنىنىڭ پەرمانبەردارى، ئاخىر شەندۇڭنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان ئىدى. 1910 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يۈەن داخۇانى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە

تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى يارلىقنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن 1911 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. يۈەن داخۋانىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئەمەلداردىن تېزلا چېگرا رايونىدىكى ئالىي مەمۇرغا ئايلىنىش جەريانى ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا قەتئىي سادىق بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

جى رۇي ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپىدە بولغان بولۇپ، ئۇنى بىر قەلەمدار مەمۇر دېيىشكە بولاتتى. جى رۇي دەسلەپتە گۇاڭشۇ خاننىڭ شاھبانۇلىرىدىن جېن جىننىڭ ئاكىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بولسا، جياۋۇ ئۇرۇشى مەزگىلىدە كىشىلەر ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى: جى رۇي گۇاڭشۈي خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىگە تاقابىل تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى ھەمدە قوشۇن تەشكىللەپ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. ھالبۇكى، جى رۇينىڭ ئويلىغانلىرى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچى گۇرۇھنىڭ دىققەتىنى يېرىدىن چىقالمىغاچقا ئۇنى مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگىنىدىن سىقىپ چىقىرىپ ئۇلاستايغا مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ ئەۋەتىۋېتىلدى. ۋۇ شۈي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جى رۇي ۋېنتوڭخې گۇرۇھىغا چېتىلىپ قېلىپ زىندانغا تاشلىنىشقا قىل قالغاندىن كېيىن، ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلىپ ئىلىدىكى سولۇن باتالىيونىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىلدى. بۇ جى رۇينىڭ ئىلى تۇپرىقىغا تۇنجى قېتىم قەدەم قويۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ نەس باسقان يىللار ئىدى.

1902 - يىلى جى رۇي يارلىقىدا بىنائەن جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ قەشقەر چېگرا تەۋەسىدىكى بېسىلىپ قالغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىلدى. قىسقىغىنە ۋاقىتتىلا جى رۇينىڭ شەخسەن ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن 1 مىڭ 938 پارچە دېلو ئىشلەندى. ئارقىدىنلا پەرمانغا بىنائەن 12 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئالمۇتىغا ئوقۇشقا ئېلىپ باردى.

جى رۇي جۇڭگو - رۇسىيە چېگرىسىدىكى بېسىلىپ قالغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغان تۆھپىسى ۋە شەخسەن ئالمۇتىغا بېرىپ كەلگەنلىكى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچى گۇرۇھقا باشقىدىن ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. 1906 - يىلى جى رۇي ئىلىدىن نىڭشىياغا يۆتكىلىپ ئورۇنباسار تۇتۇقلۇققا تەيىنلەندى. 1910 - يىلىغا كەلگەندە جى رۇي نىڭشىيانىڭ ئورۇنباسار تۇتۇقلۇقىدىن خاڭجۇنىڭ جياڭجۇنلۇقىغا ئۆستۈرۈلدى. 1911 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوردىسى جى رۇينى ئىلى جياڭجۇنلۇقىغا يۆتكىگەنلىك ھەققىدىكى پەرماننى ئېلان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ مەزگىللەرگە كەلگەندە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربىي مەمۇرىي چوڭ ھوقۇق يەن داخۇا ۋە جى رۇينىڭ ئالىقىنىدا بولۇپ كەلدى.

شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ خۇبېي ھەربىي ھۆكۈمىتىگە قارىتا ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى ھەققىدە تۈرلۈك قىياسلار مەۋجۇت. ھەممىدىن بەكرەك كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى ئەينى ۋاقىتتىكى «شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى چاڭ گېڭ، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ باش ۋالىيسى جاۋ ئېرشۈن، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يەن داخۇا، ئىلى جياڭجۇنى جى رۇي قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ۋە خان

جەمەتىنى قۇرۇم (ئۇلانباتور) غا ياكى ئالتايغا كۆچۈرۈش ھەققىدە مەخپىي كېڭەشكەن» دېگەن پىكىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا رۇسىيىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بىر پارچە تېلېگراممىا بۇ قاراشنى ئىسپاتلايدىكەن. خۇبېي ھەربىي ھۆكۈمىتى يوللىغان بۇ تېلېگراممىدا ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى «تېزدىن ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ غەربكە كۆچۈش ۋە غەربىي شىمالنى پاراكەندە قىلىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشقا چاقىرغان» ③.

ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيىسىدىكىلەر ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇشقا پائال تەييارلىنىۋاتقاندا ئۈرۈمچىدە ئالدى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ليۇ شيەنجۇن ئىدى.

ليۇ شيەنجۇن ياپونىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياپونىيىدە ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىگە قاتناشقان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن خۇنەن، نەنجىڭ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى قوشۇنلارنىڭ مەشقاۋۇلى ۋە قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، 1911 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ليۇ شيەنجۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن ۋە تېزلا ئۇيغۇر باي سودىگەر روزى ھاجى بىلەن ئالاقە ئورناتقاندى.

روزى ھاجىم ئىلگىرى يېڭى سىياسەتنى قوللىغان ۋە شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان بولسىمۇ ئاخىر يەنىلا چىڭ سۇلالىسىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. بىر سودىگەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەرقاچان جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدىكى توسالغۇ

ئىكەنلىكىنى، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ بولسا توسالغۇلارنى سۇپۇرۇپ تاشلاشقا قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. مۇشۇ خىل قاراشقا كەلگەندىن كېيىن روزى ھاجى ئۈرۈمچىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقان گېلاۋخۇيچىلار بىلەن ئالاقە باغلىدى. بىر مەزگىللىك ئۇچرىشىشتىن كېيىن روزى ھاجى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ چىلىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك سىياسىي تەشەببۇسىغا پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ تۈرلۈك سورۇنلاردا ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا گېلاۋخۇيچىلارنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى.

ليۇ شيەنجۇن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن روزى ھاجى گېلاۋخۇيچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا ليۇ شيەنجۇن بىلەن تونۇشتى، كېيىنچە روزى ھاجى ۋە ليۇ شيەنجۇن شۇيموگو ۋە نەنسەن قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم ئۇچراشتى. كېيىن روزى ھاجى ليۇ شيەنجۇننى كۆپ قېتىملاپ ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا چىللاپ سۆھبەتلەشتى. ليۇ شيەنجۇن قوزغىلىپ چىقىپ يۈەن داخۇانى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قارار قىلغاندا روزى ھاجى سانجى، مىچۈەن، ماناس، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا ئىنقىلابىي قائىدىلەرنى تەشۋىق قىلىش، ئاشلىق ۋە پۇل - پۇچەك غەملەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

ئىش باشلاشقا ئاز قالغاندا روزى ھاجى ئالىلقاچان 25 مىڭ سەر پۇل تەييارلاپ بولغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زور مىقداردا ئاشلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى توپلىغانىدى. بۇ قېتىمقى پۇل ۋە ئاشلىق توپلاش جەريانىدا ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر بايلىرىدىن مۇھەممەد قارى، ھاجى نامەتئاخۇن، مەخسۇتئاخۇن قاتارلىقلار زور كۈچ بىلەن بۇ ئىشنى

قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روزى ھاجى يەنە ئىلىدىكى بۇرادەرلىرىدىن ھۇسەيىنباي، ھاكىمبەگ خوجا، ياقۇپباي ۋە خۇيزۇ بۇرادەرلىرىدىن ۋاڭ قادىر قاتارلىقلارغا ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىغا پائال ياردەملەردە بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى④.

ليۇ شيەنجۇننىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ئاخىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بايقاپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن گۇچېڭغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇندى ۋە ۋەزىيەت سەل پەسەيگەندە يەنە ئۈرۈمچىگە قايتىپ گۇەنيىن ئىبادەتخانىسىغا جايلاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي گۇەنيىن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەتراپلىرىدا سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىرمۇنچە ئادەملەر پەيدا بولۇپ، ئىبادەتخانا ئەمەلىيەتتە قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان. جاي بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن گۇەنيىن ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ ـ چىققان كىشىلەرلا ئەمەس، توغرا كېلىپ قېلىپ بۇ يەردىن ئۆتكەن كىشىلەردىن تەقى ـ تۇرقى سەل ـ پەللا غەيرىي بولغانلىرى بىردەك قارىقۇيۇق سوراق قىلىنىشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ليۇ شيەنجۇن بىلەن بىللە گۇنيىن ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقانلاردىن يەنە باشقا ئىنقىلابچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى چەكلىمىگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە يېمەكلىك ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەشمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا روزى ھاجى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر بايلىرى ھەر كۈنى نەنمىن ئەتراپىدىكى ناۋايخانىلارنىڭ نانلىرىنى بىراقلا سېتىۋېلىپ ناۋايلارنى نان ساتقان بولۇپ شەھەرگە ئەكىرىپ، نانلارنى گۇەنيىن ئىبادەتخانىسىدىكى ليۇ شەنجۇن قاتارلىقلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتىپ تۇردى.

1911 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىرەيلەن يۈەن

داخۋاغا ليۇ شيەنجۇن قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى پاش قىلىپ قويىدى. يۈەن داخۋا دەرھال ئۈرۈمچىدە ئومۇميۈزلۈك ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، ليۇ شيەنجۇن قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىشنى بۇيرۇدى. ليۇ شيەنجۇن بۇ ۋاقىتتا خۇ چىڭيۈەننىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىۋاتقانىدى، 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ليۇ شيەنجۇننىڭ بىر تۈركۈم يېقىنلىرى قولغا ئېلىندى. شۇ كۈنى ليۇ شيەنجۇن روزى ھاجىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ شەھەر سىرتىدىكى تۇڭگان بايلىرىدىن ليۇ جىنسەينىڭ تۈگمىنىدە قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ شۇ كېچىسى سائەت توققۇزلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

بۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ سوغۇق بولىدىغان قىش پەسلى بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار كوچىلاردىن ئۆتۈپ ھۇجۇمنىڭ بىرىنچى نىشانى بولغان مۇداپىئە يىڭى ئەتراپىغا كەلگەندىمۇ يەرلىك ئاھالىلەر ۋە قوشۇندىكىلەر ئاساسەن ھېچ نەرسىنى سەزمىدى. مۇداپىئە يىڭىدىكى بىر قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچكى قىسىمدىن ماسلىشىشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى تېزلا بۇ گازارمىنى ئىشغال قىلىپ خېلىلا نۇرغۇن ئوق ـ دورا ۋە قورال ـ ياراغقا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا قوزغىلاڭچىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فۇشۇ بارگاھى توپچى قىسىم گازارمىسى ۋە 1 ـ ساقچى رايونى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قوزغىدى.

بۇ جايلارغا قىلىنغان ھۇجۇم ئويلىمىغاندا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. تاڭ سۈزۈلگەندىمۇ بۇ ئۈچ جاينىڭ بىرەرى تېخى ئىشغال قىلىنمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ليۇ شيەنجۇن قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ مۇداپىئە گازارمىسىغا چېكىندى ۋە ئۇنى قاتتىق ساقلىدى. يۈەن داخۋا توپچى قىسمىنى يۆتكەپ كېلىپ

گازارمىنى قاتتىق توپقا تۇتتى ۋە قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى⑤.

ليۇ شيەنجۇن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن مەردانىلەرچە قۇربان بولدى. نەچچە ئونلىغان غوللۇق پىداكارلار يۈەن داخۇانىڭ بۇيرۇقى بويىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ كاللىسى كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن خەلققە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن شەھەر قوۋۇقىغا ئېسىپ قويۇلدى.

## 2. كۈرە قوزغىلىڭى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي مەركەز بولۇپ كەلگەنىدى. كۈرەدە تۇرۇشلۇق ئىلى جىياڭجۈنى بولسا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە ۋاكالىتەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا قارىتا مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي مەركەز ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى ۋە ئىلىنىڭ مەمۇرىي مەركەزلىك ئورنى مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئورنى يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. ئىلى جىياڭجۈنى بىۋاسىتە ھالدا ئىلى ۋە تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىپ رۇسىيە بىلەن بولغان دۆلەت چېگرىسىنى قوغداش ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەربىي ۋەزىيەتنى ساقلاشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلگەنىدى. 1907 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋۇخەندىكى يېڭى ئارمىيىدىن 800 كىشىنى

تەشكىللەپ پىيادە ئەسكەرلەر ئەترىتى، كىچىك توپچىلار ئەترىتى، زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى، قۇرۇلۇش ئەترىتى قاتارلىق تۆت گۇرۇپپىغا بۆلدى ۋە ياڭ زەنشۇنىڭ باشچىلىقىدا ئىلىغا ئەۋەتتى.

ياڭ زەنشۇ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ خۇشەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ۋە ياپونىيىدە ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولسىمۇ يەنىلا ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنىدى. ياڭ زەنشۇ قوماندانلىقىدىكى بۇ قوشۇن 1908 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋۇخەندىن يولغا چىقىپ شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىلىدىكى كۈرە قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فېڭ تېيمىن باشلىق بىر تۈركۈم ئىنقىلابچىلارمۇ قوشۇن بىلەن ئىلىغا كەلدى.

نەچچە مىڭ چاقىرىملىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ يەتتە ئايدا ئىلىغا كەلگەن ياڭ زەنشۇ قاتارلىقلارغا ۋەتەنىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ چەت سانىلىدىغان بۇ رايون پۈتۈنلەي باشقىچە تۇيغۇ بەخش ئەتتى. بۇ جاي «هاۋاسى يېقىشلىق، باياشاتچىلىققا تولغان، رۇسىيە بىلەن چېگرىداش ۋە ئەڭ دەسلەپ ئېچىلغان رايون» ئىدى. يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈلگەندىن بۇيان ئىلىدا «مەكتەپ ۋە زاۋۇتلار كۆپلەپ قۇرۇلغان، يوللار راۋانلاشتۇرۇلۇپ ئاپتوموبىللار قاتناۋاتقان، تېلېفون ئورنىتىلىشقا باشلاپ، كەيپىياتتا ئوچۇق ـ يورۇقلۇق ئەۋج ئالغان، خەلق كۆڭلى پۈتۈنلەي يېڭى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە تەلپۈنۈۋاتقان» ئىدى[6]. ياڭ زەنشۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن كۈرە قەلئەسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال قوشۇننى كېڭەيتىپ يېڭى

ئارمىيىنىڭ ئارىلاشما بىرىگادىسى قىلىپ تولۇقلاپ قۇرۇپ چىقتى، ياڭ زەنشۇ بۇ قوشۇننىڭ بىرىگادا كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ياڭ زەنشۇگە ئەگىشىپ ئىلىغا كەلگەن فېڭ تىيەمىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئارىلاشما بىرىگادىغا ياكى يەرلىك باشقا ئورگانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

فېڭ تىيەمىن قاتارلىقلار تەسىس قىلغان «ئىلى ئاممىباب گېزىتى» ئىلى رايونىدىكى يەرلىك ئىنقىلابىي پارتىيە زاتلىرىنىڭ مۇھىم مۇھاكىمە قورالى بولۇپ قالدى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ئىلى ئاممىباب گېزىتى» كۈندىلىك گېزىت بولۇپ تۆت بەت ئون ئىستونلۇق قىلىپ چىقىرىلاتتى، گېزىتنىڭ يېرىمى خەنزۇچە، يېرىمى ئۇيغۇرچە ئىدى.

ئىلى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، شىبە، سولۇن قاتارلىق غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردا ئوخشاشلا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنقىلاب سېپىگە تارتىلىشى ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئىلى رايونىدىكى غەلىبە قىلالىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۇ خىلۋەت ماكانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن بۇ غايەت زور ئىلھام بولدى. ئۇلار يېڭىۋاشتىن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، جەمئىيەتتە تەشۋىق - تەرغىبات قوزغىدى، بولۇپمۇ يەرلىك

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىگە تارتقىنى ئۇيغۇرلاردىكى يۇرت كاتتىلىرىدىن ھاكىمبەگ خوجا بولدى.

ھاكىمبەگ خوجا تۇرپاندىكى ۋاڭ جەمەتلىرىدىن بولۇپ ئۇلۇغ بوۋىسى، بوۋىسى، ئاتىسى ۋە ئۆزى ئىزچىل ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا مەسئۇل بولۇشتەك مەنسەپنى ئارتقۇزۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما بۇ جەمەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئىمتىيازى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدىلا قولدىن كەتكەن بولۇپ، چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان ئون يىل جەريانىدا بۇ جەمەت ئىزچىل ئىمتىياز دائىرىسىگە يېقىن كەلتۈرۈلمىدى. پەقەت چىڭ سۇلالىسى ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن مەزكۇر جەمەتنىڭ ئەسلىدىكى ئىمتىيازى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى.

ھاكىمبەگ خوجىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇش دائىرىسى سەكسەن يۈزى ئىدى. ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار ھاكىمبەگ خوجا بىلەن ئارىلىشىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇرۇمچىدىكى روزى ھاجى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھاكىمبەگ خوجا دەرھال سەكسەن يۈزدىكى ئۇيغۇرلارنى باشلاپ ئىنقىلابنى قوللاشقا ماقۇل بولدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر يەنە ئايرىم - ئايرىم ھۈسەيىنباي، ياقۇپباي، ۋاڭ قادىر (خۇيزۇ) قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭمۇ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى⑦.

1911 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جى رۇي كۈرەڭگە يېتىپ كېلىپ ئىلى جياڭجۈنى بولغاندىن كېيىن ئىلىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئارىلاشما بىرىگادىسىنى بىكار قىلىش، ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق

چۇشۇردى، شۇنداقلا يۇرتى ئىچكىرىدە بولغانلىرى ئىچكىرىگە قايتىش، يەرلىك ئويرات، چاخارلار ھەرقايسىسى ئۆز يايلىقىغا قايتىشقا بۇيرۇلدى⑧.

ھالبۇكى جى رۇي ئارىلاشما بىرىگادا سەركەردە ـ ئەسكەرلىرىنىڭ سەپتىن ئايرىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرمىگەنىدى. ئىچكىرىگە قايتىدىغان سەركەردە ـ ئەسكەرلەرگە مائاش ۋە يول خىراجىتى بەرمىدى؛ ئويرات ـ چاخار ئەسكەرلىرىگە مائاش ۋە يول خىراجىتى بېرىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنىڭ قوشۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۈچىنچىدىكى قىشلىق كىيىملىرىنى تاپشۇرۇشنى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ياڭ زەنشۇنىڭ قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن جى رۇي ئاخىر ئويرات ـ چاخار سەركەردە ـ ئەسكەرلىرىگە قىشلىق كىيىملەرنى ھازىرچە كىيىپ تۇرۇش، ئۆز ماكانلىرىغا قايتقاندىن كېيىن ئىسكىلاتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. لېكىن، بۇ ئويرات ـ چاخارلاردىن بولغان سەركەردە ـ ئەسكەرلەر گازارمىدىن ئايرىلىپ يولغا چىققاندا جى رۇي ئەۋەتكەن قوشۇن ھەرقايسى ئۆتەر يوللارنى توسۇۋېلىپ ئويرات ـ چاخار سەركەردە ـ ئەسكەرلىرىدىن دەرھال قىشلىق كىيىملىرىنى سېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەم قاقاس دالىدا توڭلاپ ئۆلدى⑨. يەنە بىر قىسىم سەركەردە ـ ئەسكەرلەر قىشلىق كىيىمى بولمىغاچقا يول مېڭىشقا ئىلاجىسىز قېلىپ گازارمىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ ۋەقە كۇرە تەۋەسىدە غايەت زور ئەكس تەسىر قوزغىدى. ھەر مىللەت پۇقرالىرى بىرمەھەل سۈر ـ ھەيۋەت بىلەن مارشقا دەسسەپ يۈرگەن بۇ زەبەردەست قوشۇننىڭ بۇگۈنكىدەك بىچارە

ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا بەكمۇ ئېچىنىپ ۋە قاتتىق غەزەپلىنىشتى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئارىلاشما بېرىگادىنىڭ بۇ ئەسكەرلىرىگە ئوتۇن ـ سامان، ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇردى. بىكار قىلىۋېتىلگەن بۇ قوشۇن ئەنە شۇ رەۋىشتە شەكىلسىز ھالدا كۇرەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە مېھىر ـ شەپقىتىگە ئېرىشتى.

بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا يۈز بەرگەن ئىككى ۋەقە كۇرەدىكى سىياسىي كەيپىياتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىرى 1911 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى ليۇ شيەنجۈن قاتارلىقلارنىڭ ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، يەنە بىرى رۇسىيىنىڭ ئىلىدىكى كونسۇلى ئارقىلىق ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيىسىدىكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن خۇبېي ھەربىي ھۆكۈمىتى تېلېگراممىسى بولدى.

شۇنداق قىلىپ ياڭ زەنشۇ قاتارلىقلار كۇرەدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىشتى. 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى تەشكىللىگەن ۋە رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭچىلار ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى، ھەرقايسى ئاساسلىق ئورگانلار، ئوق ـ دورا ئىسكىلاتى قاتارلىقلارغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغىدى، ئالدىراش ـ تېنەش جەڭگە چىققان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى دەماللىققا مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما بەزى مۇھىم جايلارنى ساقلاۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ جاھىللارچە قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى. كۇرە قەلئەسىدىكى ئۇرۇشنى تېزراق ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر سابىق ئىلى جياڭجۈنى گۇاڭ فۇنى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆزلىرى بىلەن

تىركىشىۋاتقان قوشۇننى تىركىشىشنى توختىتىشقا قايىل قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدى.

گوۋاڭ فۇ موڭغۇل بولۇپ، ئادەتتە كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئىش بېجىرگەندە ئادىل بولغاچقا شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. گوۋاڭ فۇ ئەسلىدە جى رۇي بىلەن بىر ۋاقىتتا خاڭجۇ جياڭجۇنلۇقىگە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما جى رۇينىڭ سامان تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈشى بىلەن كۆرەدە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

گوۋاڭ فۇنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن شۇ كېچىسى كۆرەدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىق ھەرىكىتىنى توختاتتى. 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كۆرەدىكى سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى. مەجلىستە ياڭ زەنشۈنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن ھەممە بىردەك گوۋاڭ فۇنى جوڭخۇا مىنگو ھەربىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا كۆرسەتتى[10]. يىغىن ھارپىسىدا بىر ئۇيغۇر ئىشلەمچىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ھەربىي سەردار ئۇرغاچۇننىڭ ئۆيىدىن جى رۇينى تۇتۇپ كەلدى ۋە شۇ كۈنى سەھەردە جى رۇينى كۆرەدىكى قوڭغۇراق راۋىقىغا يېقىن جايدا جەھەننەمگە ئۇزاتتى[11].

ئىنقىلابىي قوزغىلاڭنىڭ ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە چار پادىشاھنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىغا قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبى، مەقسىتى ۋە چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۇقتۇردى.

ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۆھپىسىگە قارىتا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەشۋىقاتلارنى ۋە پىكىرلەرنى تارقىتىپ يۈردى. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئىلى جياڭجۈننىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئېقىپ يۈردى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىلى قوزغىلىڭىنى ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرنىڭ قوزغىغانلىقىنى بىلمىگەچكە خاتا ھالدا گېلاۋخۇيچىلار ئىلىدا جاڭجۈننى ئاغدۇرۇۋېتىپتۇ دەپ يۈردى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ئىلىدىكى ئىنقىلابقا قارىتا روشەن چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ليۇ شيەنجۈن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ باققانلىقتىن ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر قوزغىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان ئىلى ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلاتتى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن روزى ھاجىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا ئاتاپ زور مىقداردا پۇل - پۈچەك ۋە ماددىي ئەشيالارنى توپلاپ ئابدۇللا ئاخۇن ۋە ناسىر ھەسەن قاتارلىق ئىككىيلەننى مەسئۇل بولۇپ بۇ پۇل ۋە نەرسىلەرنى ئىلىغا ئاپىرىپ قوزغىلاڭچىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئەپسۇسكى، بۇ پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ شىخوغا كەلگەندە ياۋ داخۇانىڭ قىسىملىرى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قالدى⑫.

ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى «بەش مىللەت باراۋەر» دېگەننىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندى، ئۇلارنىڭ ئىلىدىكى پائالىيىتى باشتىن - ئاخىر يەرلىك ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن جۇڭخۇا مىنگو ھەربىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال «بەش مىللەتنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» تەشكىل قىلىندى. بۇ جەمئىيەتنىڭ تۇنجى تۈركۈم ئەزالىرى ئاساسەن ئىلىدىكى ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىدىن تەشكىل تاپتى. ئەزالارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئىزنەكلەرنى تاقاپ يۈرەتتى⑬.

«بەش مىللەتنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» روشەن ئىجتىمائىي سىياسىي خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. شۇنداقلا ئەمەلىيەتتە ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ بىر مۇھىم سىياسىي مەسلىھەت ئورگىنى بولۇپ قالغانىدى. «بەش مىللەتنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» دائىم «ھەر مىللەت زاتلىرىنى تەكلىپ قىلىپ يەرلىك ئىشلاردىن قايسىسىنى قىلىش ھەققىدە پىكىر ئالاتتى ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ھەقىقەتەنمۇ زور بولغانىدى»⑭.

### 3. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت

1912 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆلكە قوشۇنى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى شىخو ئەتراپىدا تىركىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆلكە قوشۇنى ئىلى ئىنقىلابىنى باستۇرۇۋېتىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر يەنىلا

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئۆزگىرىش ئىدى. ئالدى بىلەن 1912 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شۈەنتۇڭ خان تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلىدى، چىڭ سۇلالىسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاخىرلاشتى؛ ئەتىسى يەنى 1912 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن سۇن جۇڭشەن شۇ كۈنىلا نەنجىڭدا ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. نەنجىڭ ۋاقىتلىق كېڭەش پالاتاسى يۈەن شىكەي قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈەن شىكەينى ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭلۇققا سايلىدى.

بېيجىڭ ۋە نەنجىڭلەردە يۈز بەرگەن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى رەسمىي خەۋەر خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن پوچتا تارماقلىرى ئارقىلىق يۈەن داخۇاغا يەتكۈزۈلدى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىنجاڭ باش مۇپەتتىشلىكىنى تۇتۇققا ئۆزگەرتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت يەنە تېلېگرامما يوللاپ شىنجاڭدىكى ئىككى تەرەپتىن «تېزدىن ئۇرۇش توختىتىش»⑮ نى تەلەپ قىلدى. ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە يۈەن داخۇا بۇ خەۋەرلەرنى داۋاملىق يوشۇرۇپ قېلىشقا ئىلاجسىز قېلىپ 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى رەسمىي ئىپادىلىدى ھەمدە ئىلىدىكى باش تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدە تېلېگرامما يوللىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تارباغاتايدا قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى.

شۈەنتۇڭ خاننىڭ تەختتىن چۈشۈشى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي كۈچلەرگە چەكسىز ئىلھام بولدى، بۇلاردىن ھەممىدىن بەكرەك

ئىلھاملانغىنى گېلاۋخۇيچىلار بولدى. ئەنە شۇ ئىشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ گېلاۋخۇيچىلار شىنجاڭدا ھۆكۈمەتكە بولغان قارشىلىق پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋالىيسى چېن جېڭيۈەن گېلاۋخۇيچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا گېلاۋخۇيچىلارنىڭ ئەمەلدارلارنى قەتل قىلىش ۋەقەلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا ئىلاجسىز قېلىپ 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى ۋە قەشقەر ۋالىيسى يۈەن خۇڭيۈنى مەزكۇر ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا تەۋسىيە قىلدى. بۇ ئەھۋال گېلاۋخۇيچىلارنىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش پائالىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى. يۈەن داخۇا ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىغان شۇ كۈنى قاراشەھەر ھاكىمى (ۋالىيسى) جاڭ شيەن گېلاۋخۇيچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىنجاڭ تۇتۇقى بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقان يۈەن خۇڭيۇ قەشقەردە گېلاۋخۇيچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

يۈەن خۇڭيۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يۈەن داخۇا دەرھال ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتكە شىنجاڭ تەپتىش بېگى قوشۇمچە ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا كۆرسەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ ئىلى سۆھبىتىگە مەسئۇل بولۇشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياڭ زېڭشىن 1908 ـ يىلى ئاقسۇغا ۋالىي بولغانىدى، 1911 ـ يىل 4 ـ ئايغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ تەپتىشلىكىگە، قوشۇمچە ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تارباغاتايدا سۆھبەتنى باشلاپ 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئاندىن 11 ماددىلىق «تىنچلىق كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى ۋە ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى.

سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ دەتالاش قىلىشقان ئاساسلىق مەسىلە «شىنجاڭدا بۆلۈپ ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ ياكى بىرتۇتاش ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى تەڭرىتاغنى چېگرا قىلىپ تۇرۇپ شىمالىي شىنجاڭنى ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى ئىدارە قىلىپ تۇرۇش جەنۇبىي شىنجاڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇتۇق مەھكىمىسى ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۆلكە تەرەپ ۋەكىللىرى بولسا ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسەتمىسگە بىنائەن پۈتۈن شىنجاڭدا بىرتۇتاش ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇردى، يەنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇتۇق مەھكىمىسى ئىلى رايونىلا ئەمەس، يەنە تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرىنىمۇ بىرتۇتاش باشقۇرىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

«ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن قولىدىكى ئىمتىياز ۋە پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ يۇرۇپ ئالدى بىلەن ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ يادرولۇق كۈچىنى پارچىلاپ تاشلىدى: ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەيگە ياڭ زەنشۈينى قەشقەرنىڭ باشبۇغلۇقىغا، گۇاڭ فۇنى ئىلىنىڭ چېگرا سەردارلىقىغا تەيىنلەش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. يۈەن شىكەي ناھايىتى تېزلا ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ تەكلىپىنى تەستىقلىدى. ياڭ زەنشۈ تەڭرىتېغى ئارقىلىق بىۋاستە قەشقەرگە چۈشۈپ ۋەزىپىگە

ئولتۇرغاندا گۇاڭ فۇمۇ ئىلىنىڭ چېگرا سەردارلىق مەنسىپىگە ئولتۇرۇشقا ئاتالاندى⑯. ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىلى ئىنقىلابى مانا مۇشۇ يوسۇندا پۈتۈنلەي تۈنجۇقتۇرۇۋېتىلدى.

پايدىلانمىلار

① «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى. شۇەنتۇڭ خان دەۋرى» 43 ـ جىلد، 25 — 26 ـ بەتلەر؛ 48 ـ جىلد 19 ـ بەتلەر.

② ياڭ فېڭچۇن: «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 9 — 10 ـ بەتلەر؛

③ ۋەن شياڭچۈن: «ئىلى ئىنقىلابى تارىخى ھەققىدە»، «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 32 ـ بەت.

④ شېرىپ خۇشتار: «شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ نەمۇنىچىسى — روزى ھاجىم»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 34 ـ سان (ئۇيغۇرچە) 10 — 11 ـ بەتلەر.

⑤ «شۇەنتۇڭ خاننىڭ 3 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانىڭ ئىچكى كابىنىتقا يوللىغان تېلېگراممىسى» ـ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 47 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 48 ـ بەت.

⑦ «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ـ «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 9 ـ بەت.

⑧ دىڭ باۋشەن: «ئىلى ئىنقىلابى ھەققىدە ئەسلىمە» ـ شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 9 ـ بەت.

⑨ گۇەن شىڭسەي (شىبە): «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ـ «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 36 ـ بەت.

⑩ «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخى» 23 ـ بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

⑪ «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 35 ـ بەت.

⑫ «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 ـ سان (ئۇيغۇرچە) 168 — 169 ـ بەتلەر.

⑬ «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 36 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 41 ـ بەت.

⑮ جۇڭگو تارىخشۇناسلىق جەمئىيىتى تۈزگەن «شىنخەي ئىنقىلابى» 7 ـ قىسىم، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 473 ـ بەت.

⑯ «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 44، 45، 33 ـ بەتلەر.

# 4 ـ بۆلۈم قۇمۇل، چىرا دېھقانلىرىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى

## 1. تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى

1912 ـ يىلى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئۆلكە قوشۇنىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، زور كۈچ بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، يۈەن داخۇا قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا 500 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى تەشكىللەش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى سالماقچى بولدى. شامەخسۇت ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىن «ئىككى ئوغلى بارلارنىڭ بىر ئوغلىنى ئېلىش» پرىنسىپى بويىچە ناھايىتى تېزلا 500 كىشىلىك خىللانغان ئۇيغۇر قوشۇنى توپلاپ چىقتى. بۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەگرىتېغىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن ئېلىنغان بولغاچقا سوغۇققا چىدامىلىق بولۇشتىن سىرت يەنە

چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق تۇرمۇشى سەۋەبىدىن چەۋەندازلىق ۋە مەرگەنلىكتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى، بولۇپمۇ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە قارىغا ئېلىشتا ھەممىشە ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. شۇڭا بۇ تارماق قوشۇن مەشىق مەيدانىدا ئاددىيغىنە سەپ مەشىقى قىلغاندىن كېيىنلا دەرھال ئۇرۇمچىگە ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت قۇمۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدا دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولدى. سەھەردە شەھەر سېپىلىدا ناغرا - سۇناي ئاۋازى كۆكنى تىترەتكەن، رەڭگارەڭ تۇغ - ئەلەملەر تۇشمۇ - تۇشتا لەپىلدەپ تۇرغان بىر پەيتتە قوشۇن مەيدانغا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا كۆكنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتقان ناغرا - سۇناي ئاۋازىنى تۇشمۇتۇشتىن كۆرۈلگەن يىغا - زارا، قىيا - چىيا ئاۋازى بېسىپ كەتتى. يىغا - زارا قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ئۇزاتقىلى كەلگەن ئاتا - ئانا، خوتۇن ۋە بالا، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل قاتارلىق تۇغقانلىرى ئىدى. ئۇلارغا ئوغۇللىرى، ئەرلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇزاققا قالماي ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى بەش قولدەك ئايان ئىدى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن قوشۇن يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇل كونا شەھىرىنىڭ كوچىلىرى ئادەملەرگە لىق تولغان بولۇپ، يولنىڭ قاسنىقىدا سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كېتىشكەن ئادەملەر قۇلاقنى يارغۇدەك ناغرا - دۇمباق ساداسى ئىچىدە بىرلىرى يىغا - زارا قىلىشىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشۈۋاتقان، بىرلىرى خوشلاشقاچ ئامانلىق تىلەشكەن ھالەتتە قوشۇننى ئۇزىتىپ قويدى. شامەخسۇت شەخسەن توغۇچى كەنتىنىڭ دورغىسى ھەجەر باقىنى بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەيىنلىدى. 500 كىشىلىك بۇ قوشۇن ئەنە شۇ يوسۇندا كونا

شەھەردىن ئايرىلىپ، شۇ كۈنى كەچتە ئۆتەڭدە قوندى ۋە پەقەت 20 چاقىرىم يول يۈرگەن بولدى.

بۇ تارماق قوشۇن تەشكىل قىلىنغاندىن تارتىپ مەشىق قىلىپ يولغا چىققانغا قەدەر ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ ھاشار مەسىلىسى ھەققىدە بىرەر كونكرېت چۈشەنچە ياكى ۋەدە بېرىپ باقمىدى. قوشۇندىكى تۆمۈر ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق بىرەيلەن شۇ كۈنكى قونالغۇدا ئۆز ھەمراھلىرىغا تۇنجى بولۇپ مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ گەپ تەشتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆپ، ۋاڭ ئوردىسى جەزمەن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھاشار مەجبۇرىيىتىنى يەڭگىللىتىشى كېرەك، بۇمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قىلغان ئاز - تولا ياردىمى بولۇپ قالار» دەپ قاراشتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا پۈتۈن قوشۇندىكىلەر تۈيۈقسىز يىغىلىپ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھاشىرىنى ئېيىغا ئىككى كۈنگە قىسقارتىشى كېرەك، بولمىسا ئۈرۈمچىگە بارمايمىز دەپ تەلەپ قويدى. ھەجەر باقى ئۆزىنىڭ مۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە يىگىتلەر ھەجەر باقى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ھەجەر باقى قومۇلغا قايتىپ شامەخسۇتقا يىگىتلەرنىڭ بۇ تەلىپىنى يەتكۈزۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن بۇ ئىش تىنچىدى. بۇ جەرياندا تۆمۈر خەلىپە ئۆزىنىڭ كۆپچىلىككە باش بولالايدىغان جاسارىتى ۋە تالانتىنى ھەممە روشەن چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

«تۆمۈر خەلىپە ھەققىدە رىۋايەت» دېگەن تېمىدىكى خەلق داستانىدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ كېلىپ چىقىشى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى تۆمۈر بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى نىياز

ئىدى. تۆمۈر قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى بولغاندىن كېيىن خەلق ئاممىسى ئۇنى تۆمۈر خەلىپە① دەپ چاقىرىدىغان بولدى. تۆمۈر خەلىپە قوراي كەنتىدىن بولۇپ، بۇ كەنت تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىنىڭ جەنۇبىي باغرىدا بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق ئۇ ئىككى تاغنىڭ باغرىدىكى كەنتلەردىن ئىدى. بۇ يەرنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى ناھايىتى بۇلۇق بولۇپ، ھاۋاسى ناھايىتى ئارامبەخش ئىدى. شۇڭا تەبىئىيلا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق بازىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا ھالقىپ ئۆتسە بارىكۆلگە بارغىلى بولاتتى، جەنۇبتا گوبىدىن كېسىپ ئۆتسە قۇمۇل بوستانلىقىغا باراتتى.

تۆمۈر خەلىپىنىڭ دادىسى ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق دېھقان بولۇپ، بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. تۆمۈر خەلىپە كىچىكىدىن ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق دېھقانلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆرۈپ چوڭ بولدى. ئۆيىدىكىلەرنى بېقىش ئۈچۈن يىگىتلىكتە قەدەم قويغان تۆمۈر ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ، كېيىنچە قورايدىكى يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەن ماھىر ھۈنەرۋەن بولۇپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە تۆمۈر ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بىر سودا كارۋىنىغا ئەگىشىپ قورايدىن ئايرىلدى ۋە يول بويى مورى، گۇچۇڭ، جىمسار ئەتراپلىرىدا ياغاچچىلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلدى، شۇ تەرىقىدە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى ھەدەپ يېڭى سىياسەتنى يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلار بولۇپ، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن پۈتۈنلەي يېڭىچە مەنزىرە ياش تۆمۈردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

شىنخەي ئىنقىلابى ھارپىسىدا تۆمۈر ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە يۇرتى قورايغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئاكا - ئۇكا تۇرپاقلار قوزغىلىڭىدىن بىر يىلدىن سەل كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن مەزگىل

بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدە، يېزا - قىشلاقلاردا ئاشۇ قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ سۇر - ھەيۋىتى ھەمدە باتۇرلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى تىللاردا داستان قىلىنىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان، جاھان كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان، قانلىرى تۆمۈرلىرىغا پاتماي ئۆركەشلەۋاتقان ياش تۆمۈرگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

قورايدا تۆمۈر باشقىلارغا نىسبەتەن كەڭ قورساق بولغىنى، يەنە كېلىپ كۆرگەن بىلگەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۆز ھۈنىرىگە پىششىق بولۇشى بىلەن قۇرداشلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە، چوڭلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، بۇ كىچىككىنە مەھەللىدىكى سەردارغا ئايلىنىپ قالدى. 500 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىنىپ مەشىققە سېلىنىۋاتقان چاغلاردا تۆمۈرنىڭ ئىناۋەت - ئابرۇيى قوشۇندىكى قوراي يىگىتلىرىنىڭ ۋاستىچىلىكىدە قالغانلارغا ئوبدانلا تونۇشلۇق بولۇپ قالغاندى.

بۇ تارماق قوشۇن قونالغۇدا دەتالاش قىلىشقاندا كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ۋايىساشلىرى، يۇرتىدىن ئايرىلغانلىقى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان رەنجىش ئىدى. پەقەت تۆمۈر ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھاشار مەجبۇرىيىتىنى ئايدا ئىككى كۈن قىلىپ بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ بىر مەيدان دەتالاشنىڭ مۇددىئاسى كونكرېتلاشتى.

ھەجەر باقى تۆمۈر خەلىپە قاتارلىقلارنىڭ تەلىپىنى شامەخسۇتقا يەتكۈزگەندە شامەخسۇت دەرھال بۇ تەلەپنى رەت قىلدى ۋە تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇرۇمچىگە بېرىپ يىغىلىشقا بۇيرۇق كۈتۈشكە بۇيرۇدى.

بۇ خىل جاۋابنىڭ بېرىلىشىنى تۆمۈر ۋە باشقا يىگىتلەر بىلىدىغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇلار شامەخسۇتقا ئۆز تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆمۈر 500

كىشىلىك بۇ قوشۇننى باشلاپ تاغقا چىقىپ كەتتى ۋە بىرىپ يۇرتى قورايغا توپلاندى. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ خەۋەر قۇمۇل تاغلىرى ۋە يېزا - قىشلاقلىرىدىكى بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە يېتىپ باردى. ۋاڭ ئۇردىسىنىڭ زۇلمىدىن تاقىتى - تاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار بەس - بەستە قورايغا كېلىپ تۆمۇر خەلىپىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا قاتناشتى. ئىسيان كۆتۈرگەن بۇ قوشۇن تېزلىكتە زورىيىپ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئاكا - ئۇكا تورپاقلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۆمۇر خەلىپىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ پائالىيىتى «ھاشارنى ئىككى كۈنگە قىسقارتسۇن» دېگەن دائىرىدىن ھالقىپ «ۋاڭ ئۇردىسىغا ھاشارغا ئىشلىمەيمىز» دېگەن يەرگە باردى③.

ئۇزۇن ئۆتمەي قوزغىلاڭنىڭ تەسىر كۈچى شامەخسۇتنىڭ ئىلكىدىكى ھەممىلا جاينى قاپلاپ، قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلدىن بارىكۆلگە تۇتىشىدىغان بارلىق يوللارنى ئۈزۈپ تاشلىدى. دەرۋەقە «ۋاڭ ئۇردىسىغا ھاشارغا ئىشلىمەيمىز» دېگەن شوئار ھاشار مۇددىتىنى قىسقارتىش ھەققىدىكى تەلەپتىن كۆپ سالماقلىق ئىدى. بۇ شوئار ئىشقا ئېشىپلا قالسا شامەخسۇتنىڭ قولىدىن بىرىپ قويىدىغىنى يالغۇز ئىقتىسادىي مەنپەئەت بولۇپلا قالماستىن يەنە قۇمۇل ۋاڭ ئۇردىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان سىياسىي مەنپەئىتىمۇ قولىدىن كېتەتتى، ئاكا - ئۇكا تورپاقلار رەھبەرلىكىدىكى ئاشۇ قېتىملىق قوزغىلاڭدا شامەخسۇت خەلق ئاممىسى غەزەپلەنسە قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەنىدى. شۇڭا ئاشۇ قېتىمقى ۋەقەدىن ساۋاق ئالغان شامەخسۇت بىر تەرەپتىن جىددىي ھالدا يۈەن داخۇاغا ئىسيان ھەققىدە مەلۇمات سۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇمۇلدىكى دىنىي مۆتىۋەر زاتلار ئارىسىدا بىرقەدەر ئابرۇيلۇق سانىلىۋاتقان سەدەنشا ئاخۇن، ماچاڭلىنئاخۇن، ھەسەن بالاھاجى ۋە روزى خوجا

قاتارلىق كىشىلەرنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈش ۋە ھەرئىككىلا تەرەپ قوبۇل قىلالىغۇدەك يارىشىش چارىسىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ④. تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى «ۋاڭ ئوردىسىغا ھاشارغا ئىشلىمەسلىك» دېگەن شەرتتە چىڭ تۇرۇۋالدى، سەدەنشا ئاخۇن قاتارلىقلار بولسا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھۆكۈمەت بەلگىلەيدۇ دەپ تۇرۇۋېلىپ، تۆمۈر خەلىپە قاتارلىقلارنى دەرھال ئۇرۇمچىگە ئاتلىنىشقا ئۈندىدى. ئىككى تەرەپنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ بولغانلىقتىن سۆھبەت نەتىجىسىز ئاياغلاشتى.

بۇ مەزگىلدە يۈەن داخۇا شەرققە ئىلگىرىلەۋاتقان ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقاچقا، شامەخسۇتنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. شۇڭا شامەخسۇت ئىلاجىسىز بارىكۆل ھاكىمى يى شېڭفۇدىن ياردەم سوراش نىيىتىگە كەلدى ۋە يوشۇرۇنچە ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ سەر كۈمۈش سۇڭغۇتتى.

يى شېڭفۇ ئىلگىرى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق تۇرۇپمۇ ۋاڭ ئوردىسىنى قورشىۋالغان تورپاق قوزغىلاڭچىلىرىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا باستۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇزىگە روبىرو بولىدىغانلارنىڭ ھەر خىل قوراللار بىلەن ۋە ئاز - تولا ھەربىي مەشىق كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى.

يى شېڭفۇ بارىكۆلدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ مەھرەملىرىدىن تىلماچ ئاسراب تۇڭچى ۋە بارىكۆل گېلاۋخۇيچىلىرىنىڭ ئاقساقىلى خۇ دېڭكې قاتارلىقلار يى شېڭفۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى توغرۇلۇق تۆمۈر خەلىپىگە ئاستىرتتىن خەۋەر بېرىۋەتتى ⑤. 1912 - يىلى 4 - ئايدا يى شېڭفۇ 130 ئەسكەر بىلەن جەنۇبىي تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە

پىستىرمىدا تۇرغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يې شېڭفۇ باشلىق ھەممەيلەن ئەسىرگە چۈشتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي يې شېڭفۇ ئېتىپ تاشلاندى.

جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدىكى جەڭ ئەھۋالى قۇمۇلنى لەرزىگە كەلتۈردى. كىشىلەر بىر - بىرىگە ئەھۋال يەتكۈزۈشۈپ خۇشاللىقتىن قىين قىنىغا سىغماي قېلىشتى، شامەخسۇت بولسا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قالدى.

كېيىنرەك شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى، 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىننى يۈەن داخۇانىڭ ئورنىغا شىنجاڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى. 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن يۈەن داخۇا قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرىگە قايتىش سەپىرىدە شامەخسۇتنىڭ تەلىپى بويىچە يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قىسىملارنى تەشكىللەپ تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن قاتتىق بىر مەيدان تۇتۇشۇپ كۆرمەكچى بولدى. قوزغىلاڭچىلار مۇھىم جايلارغا پىستىرما قويۇپ، خەتەرلىك يەر شەكلى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۈچ كۈنلۈك جەڭ ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، يۈەن داخۇا بولسا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جىمجىتلا قۇمۇلدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىگە كېتىپ قالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۇداپىئە دائىرىسى قۇمۇل شەھەر ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، ئەكسىچە قوزغىلاڭچىلارنىڭ بولسا توغۇچى، ئاستانە، سۇمقاغۇ ۋە يالغۇز ياغاچ قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى.

قۇمۇلدىكى يەرلىك بەگ - تۆرىلەر ۋە شامەخسۇت قاتارلىقلار ياڭ زېڭشىندىن قۇمۇلدىكى ئىشلارنى تېزدىن تىنچىتىپ بېرىشنى قايتا - قايتا ئۆتۈنگەنلىكتىن ياڭ زېڭشىن ئىلى قوزغىلىڭىدىن

كېيىنكى قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، قەشقەر
گېلاۋخۇيچىلىرىنى باستۇرۇش ۋە ئالتايدىكى چېگرا ماجىرالىرىنى
بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ باش قېتىنچىلىقىدا
يۈرگەن بولسىمۇ قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ داۋاملىق زورىيىپ،
توقۇنۇشنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە
قىلغاچقا، 1912 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۇيغۇر تىلىغا
كامىل بولغان پولكوۋنىك جاڭ سەيتىڭنى قۇمۇلغا بېرىپ تۆمۈر
خەلپە قوزغىلىڭىنى تىنچىتىشقا ماڭدۇردى.

تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ
قىلىش چارىسى ھەققىدە ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى
بار ئىدى. ئۇنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىغان «قۇمۇل
ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپ قېتىملاپ ئىسيان قىلىشىنىڭ سەۋەبى
بولغان سۈيۈرغاللىق ۋە ھازىرقى چارە» ناملىق دوكلاتىدا:
«نۆۋەتتە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. قۇمۇل ۋاڭى يەنىلا زورۇقۇپ
يۈرۈپ ئۆز ئالدىغا يۇرت سورىغانلىقتىن سۈيۈرغال قىلىپ
بېرىلگەن پۇقرانىڭ بۇنىڭغا تاقىتى قالمىدى. بۇ ئەسلىدە چىڭ
سۇلالىسى زامانىسىدىكى سۈيۈرغاللىق ئىدى. شۇڭا قۇمۇل
شەھىرىنىڭ ئەتراپى ۋە تاغ سىرتىدىكى پۇقرالار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ
باشقۇرۇشىدا بولسا، تاغدىكى پۇقرالارنى يەرلىك ئەمەلدارلار
باشقۇرسا يەرلىك ئەمەلدارلار يىللىق باج ـ سېلىقنى ۋاقتى ـ
قەرەلىدە يىغىپ تۇرسا ۋە ۋاڭغا تاپشۇرسا بىرىنچىدىن پۇقرالاردىن
ۋاقتى ـ قەرەلىدە باجنى يىغىۋالغىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن
قۇمۇل ۋاڭىغىمۇ ھېچقانداق زىيان يەتمەيدۇ. پۇقرالار ئېغىر
سېلىقتىن يەڭگىللىسە ئىچ ـ ئىچىدىن رازىمەنلىك بىلەن ئەمگەك
قىلىدۇ، ئۇلاردىن قايتا ۋايىم يەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى
قالمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى[6]. مۇشۇ خىل تونۇشقا ئاساسەن ياڭ
زېڭشىن جاڭ سەيتىڭغا بەرگەن كۆرسەتمىسىدە ئۇنىڭ
مەسئۇلىيىتىنىڭ «تاغقا كىرىپ يول ئېچىش، پۇقرالارنى دەرھال

ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تاپشۇرۇپ ئەل بولۇشقا ئۇندەش ئىكەنلىكىنى، خەلق ماقۇل كۆرسە بۇنىڭ ياخشىلىقتا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى تارقىتىۋېتىپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق» ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئەسكەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىن «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ پۇقرالارنىڭ ھاشار مۇددىتىنى قىسقارتىش ھەققىدە تەكلىپ» دېگەن مەكتۇپىدا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زۇرۇر بولغان بەزى ئىشلاردا يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ياڭ زېڭشىن مەكتۇپتا: «جانابلىرى پۇقرالارنىڭ نادانلىقىنى كۆزدە تۇتۇشلىرى كېرەككى تۇرلۇك ھاشار ۋە باشقا سېلىقلارنى مۇۋاپىق يەڭگىللەتسىلە خەلق بۇنىڭدىن قاتتىق خۇرسەن بولىدۇ. بۇ مۇتەھەملەر خۇشلۇقتىن كېرىلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا جانابلىرى يەنە دانالارچە ئىش كۆرسىلە بولۇۋېرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن جاڭ سەيتىڭ تۆمۈر خەلىپە قاتارلىقلار بىلەن تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇچراشتى ۋە يارىشىشنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە قايتا ـ قايتا سۆھبەتلەشتى، شۇنداقلا ۋاڭ ئوردىسى ھەر ئايدىكى ھاشارنى ئىككى كۈنگە قىسقارتىدۇ، دەپ كېلىشتى. ئەمما بۇ كېلىشىم شامەخسۇتنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. شۇنداقلا شامەخسۇت يەنە ياڭ زېڭشىننى قورال كۈچى ئارقىلىق تۆمۈر خەلىپە ۋە باشقىلار يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ بېرىشكە ئۈندىدى.

شامەخسۇتنىڭ بۇ تەلىپىنى قۇمۇل ئامبىلى بەي ۋېنچاۋ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. دەرۋەقە ئۇ ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىندا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغۇدەك ماددىي ۋە مەنىۋى ماغدۇر يوق ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ جاينىڭ ئۇزۇنغىچە مالىمانچىلىقتا تولغان ھالدا تۇرۇشىنىمۇ خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ ئەكس تەسىر پەيدا

قىلىدىغان سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلاندى. ئۇ بەي ۋېنچاۋنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئامبال ھەدىسە بىرلا جەڭ بىلەن ھەممىنى ھەل قىلىۋېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. زادى ئۇنىڭدا شۇنچىلىك كارامەت بارمىكەن؟ پېقىر تۇتۇق بولۇپ ئىشلەپ لەشكىرىي ئىشلاردا ئاز - تولا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن چېغىمدا ئوغرىلارنىڭ ئۇۋۇسىغا ھۇجۇم قىلىشتا يەڭگىلتەكلىك قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتسام بۇ ئامبال ئىشنى شۇنداق ئاددىي چاغلامدىكەن؟ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ ئالاقىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش زۆرۈر. بولمىسا پۈتۈن ۋەزىيەت بۇزۇلىدۇ»⑨.

قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭ كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان چاغدا تۇرپاندىكى قارىغوجىدا مۆيدىن خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ پارتلىدى.

قارىغوجا — تۇرپاندىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت خېلىلا تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن. مۆيدىن كاتتا باي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەتراپلىق بىلىم ئالغان، كۆپنى كۆرگەن كىشى ئىدى. ئادەتتىمۇ مەرد - مەردانىلىقى ۋە توغرا سۆزلۈكلۈكى بىلەن يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى.

تۇرپاننىڭ ھاۋاسى تولىمۇ قۇرغاق بولغاچقا دېھقانچىلىق قىلىشتا پۈتۈنلەي كارىزغا تايىناتتى. ئەمما كارىزلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىمىن خوجا جەمەتى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، قالغانلىرىمۇ ھەرقايسى پومېشچىكلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا سۇ پۇلى ئۈزۈندىن بۇيان تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنىڭ بىرى

بولۇپ كېلىۋاتاتتى. مۆيدىن خەلىپە ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىق شوئار سۇ پۇلىنى ئازايتىش بولۇپ، بۇ شوئار غايەت زور چاقىرىق كۈچى پەيدا قىلدى، قىسقىغىنە ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا مۆيدىن خەلىپىنىڭ ئىسمى تۇرپاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارالدى. قارىغوجا قوزغىلىڭىغا ئۇلىشىپلا يالقۇنتاغ، بۇيلۇق قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىلا قوزغىلاڭنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى. مانا بۇ دەل ياڭ زېڭشىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغان ئەھۋال ئىدى. ئۇ شۇنى ئويلاپ يەتتىكى تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلدىكىلەر بىلەن بىرلىشىۋالسا پۈتۈن شەرقىي لىنىيە قولدىن كېتەتتى.

قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا مۇئامىلە قىلغىنىدەك ياڭ زېڭشىن مۆيدىن خەلىپە باشچىلىقىدىكى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەنمۇ چوڭ كۆلەملىك تۇتۇشۇشتىن ئامالىنىڭ بارىچە ساقلاندى. شۇڭا ئۇ تۇرپاندىكى قىسىملارغا شەھەرنى مەھكەم ساقلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

ياڭ زېڭشىنغا شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا مەدەت بولغان نەرسە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىدى. شۇڭا تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇشى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇشىغا باغلىق ئىدى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن باشتىن - ئاياغ ئاساسلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى قۇمۇل رايونىغا قاراتتى.

1912 - يىلى 12 - ئايدا ياڭ زېڭشىن باتالىيون كوماندىرى لى شۇفۇنى تۆمۈر خەلىپە بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا قۇمۇلغا ئەۋەتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ لى شوفۇنى ئىشقا سېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبى لى شۇفۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ئىدى. بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن يەنە ئالاھتەن نىياز ۋە ھاپىز ئىسىملىك ئىككى نەپەر ئۇيغۇر

باتالىئون كوماندىرىنى 600 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ بىللە بېرىشقا ئەۋەتتى⑩.

1913 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لى شوفۇنىڭ قۇمۇلغا كەلگەن ۋاقتى تازا قارا قىشقا توغرا كەلدى، پۈتۈن يوللارنى قار كۆمۈپ تاشلىغانلىقتىن لى شوفۇ ياڭ زېڭشىننىڭ نامىدا تۆمۈر خەلىپىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئەل بولۇش ئىستىكى توغرىسىدىكى ئىشلار ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا قاتتىق داۋالغۇش پەيدا بولدى. ئالدى بىلەن قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى تۆمۈر خەلىپە بىلەن تەڭمۇتەڭ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان پاقلان قۇربان ۋە قارا بورسۇق ئىككىيلەندە تۆمۈر خەلىپىگە قارىتا قاتتىق گۇمان پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا تۆمۈر خەلىپىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ۋەقەسى يۈز بەردى⑪.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن قوشۇن بارغانچە كۆپەيتىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ پائالىيەت دائىرىسى تەدرىجىي قۇمۇلنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا سوزۇلۇپ تۇغۇچى، ئاستانە، سۇمقاغۇ ۋە بىر توپ دەرەخ كەنتى (يىكبېشۇ) قاتارلىق ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك جايلاردا مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇلدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ تاغ تەرەپكە بېرىپ ـ كېلىشتە ماڭىدىغان بارچە يولى قامال قىلىندى.

1913 ـ يىلى مارت ئايلىرى، قۇمۇل ۋادىسىدىكى مۇزلار ئېرىشكە باشلىغاندا لى شۇفۇ تۆمۈر خەلىپىگە ئادەم ئەۋەتىپ شەخسەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ كۆرۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي لى شۇفۇ قۇمۇلدىن ئابرۇيلۇق دىنىي مۆتىۋەرلەردىن يۇنۇسئاخۇن، فېڭ ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بازىسىغا يېتىپ كەلدى. لى شۇفۇ يەنە بىر قېتىم تۆمۈر خەلىپىگە ئۇنىڭ ئەل بولۇش

ئارزۇسىنى قوبۇل قىلىشنى تەكرار بايان قىلدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا ھەر ئايلىق ھاشارنى ئىككى كۈنگە قىسقارتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. لى شۇفۇ ئۆز سۆزىنىڭ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئەڭ قاتتىق قەسەملەرنى قىلدى، ئۇ «قۇرئان» تۇتۇپ تۇرۇپ ئەل بولۇشقا قوشۇلسىلا تۆمۈر خەلپە ۋە بارلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەر ئايدا ۋاڭ ئوردىسىغا ئىككى كۈنلۈك ھاشارغىلا ئىشلەش تەلىپىنىڭ قاندۇرۇلىدىغانلىقىنى، تۆمۈر خەلپە باشلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

تۇيۇقسىز بىر قىشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنكى قوزغىلاڭچىلار ماددىي جەھەتتىن ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى قىسمىدىمۇ بەزى يىرىكلىكلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. گەرچى بۇ ۋاقىتتا مۆيدىن خەلپىنىڭ تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، قاتناشتىكى توسالغۇلار تۈپەيلىدىن ئىككى جايدىكى قوزغىلاڭچىلار باشتىن - ئاخىر بىرلىشىپ تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۆمۈر خەلپە ئەل بولۇشنى مۇۋاپىق تاپتى. ياڭ زېڭشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قوزغىلاڭچىلاردىن 200 كىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا رايوننى ئەمىن تاپقۇزۇش ئەترىتىنىڭ ئاتلىق 3 - باتالىئونى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، تۆمۈر خەلپە بۇ باتالىئونغا كوماندىر بولۇپ تەيىنلەندى ۋە تې جېڭيۈەن دېگەن خەنزۇچە ئىسىمنى قوللاندى، قالغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشتى.

4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۆمۈر خەلپە كوماندىر بولغان بۇ

باتالىئون ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇرپاندىكى مۆيدىن خەلپىمۇ ئەل بولۇشقا قوشۇلدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىر باتالىئونى قىلىپ تەشكىللەندى ۋە تۆمۈر خەلپىدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى.

هالبۇكى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئايلىق هاشارنى ئىككى كۈنگە قىسقارتىش ھەققىدىكى ۋەدىسىنى ئورۇندىمىدى، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سابىق قوزغىلاڭچىلارغا تۈرلۈك يوللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى. بۇ خەۋەر ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئەل بولغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۆيدىن خەلپە بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ ئىشنى قايتىدىن باشلاش توغرۇلۇق يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشتى. كېيىنكى كۈنلەردە تۆمۈر خەلپە ۋە مۆيدىن خەلپىلەرنىڭ يىگىتلىرى ھەر كۈنكى شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئاتلارغا ئوت ئورۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم قوراللارنى شەھەر سىرتىغا توشۇپ چىقتى ھەمدە روزى ھېيت مەزگىلىدە قۇمۇلغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشتى، ئويلىمىغان يەردىن تۆمۈر خەلپىنىڭ يىگىتلىرىدىن مۇھەممەد قۇل دېگەن بىرەيلەن بۇ ئىشلارنى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا يەتكۈزۈپ قويدى. شامەخسۇت بولسا بۇنى ياڭ زېڭشىنغا مەخپىي دەپ قويدى.

1913 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئاتلىق قىسىملار قوماندانى مافۇشىڭ مەجلىس ئېچىش نامىدا تۆمۈر خەلپىنى شتابقا چاقىرتىپ يوشۇرۇنچە ئېتىپ تاشلىدى. ئەتىسى مۆيدىن خەلپىمۇ شۇ جايدا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئارقىدىنلا چېگرىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئەترىتىنىڭ ئاتاقلىق 3 ـ باتالىئونى تارقىتىۋېتىلدى، قۇمۇلدىن

كەلگەن 200 جەڭچى ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ قوراللىرى يىغىۋېلىنىپ قومۇلغا قايتۇرۇلدى. ئۇلار مېڭىپ مورى تەۋەسىدىكى تاشلىق دېگەن جايغا كەلگەندە ئالدىغا چىقان پىستىرمىدا مۆكۈپ ياتقانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى.

1914 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىنىسى شاكىر يوشۇرۇن تۇرپانغا بېرىپ مۆيدىن خەلپىنىڭ يىگىتلىرىدىن ئەمەت قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلاشتى ۋە تۇرپان، قومۇلدىكى دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. بىراق كۆتۈلمىگەن يەردىن خائىنلار مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىپ تاشلاندى.

تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغىنى شۇكى، قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىغا قويغان «ۋاڭ ئوردىسىغا ھاشار ئىشلىمەسلىك» دېگەن شوئار يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى روشەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى.

## 2. چىرا ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرىشى

### 1. چىرا ۋەقەسى ھەققىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھۆججەتلىرى

مىنگو دەۋرىدىكى «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى» دىكى «قەشقەر ۋە خوتەنلەردە رۇسىيىلىكلەرنىڭ

زىيانكەشلىكگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى دېلو» دېگەن ھۆججەتتە چىرىلىق نىياز قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بايانلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىشلار 1912 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يۈز بەرگەنىدى.

«تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چىرىلىق نىياز قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە (22 ـ چېسلا يەنى قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) مۇشۇ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنجانلىق سېيىت چىرىغا كەلگەن. ئەتىسى سەۋەبسىزلا توخۇقان كەنتىنىڭ يۈزبېشى رەھمەت، توختى مەمەت ۋە ئونبېشى قاتارلىقلارنى قاتتىق ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان. ئاۋام خەلق بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇلار شىيۇڭ دارېنغا ئەرز قىلغان. 3 ـ كۈنى خەلق شىيۇڭ دارېنغا قايتا ئەرز سۇنغان. 4 ـ كۈنى بۇ مۇتەھەملەر كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلمەيلا قالغان. 5 ـ كۈنى ئۇ ئىشلار سەل ـ پەل پەسكويغا چۈشكەن. 6 ـ كۈنى ئۇ قاراقچىلار لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ كەلمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ توپلىشىپ مۇداپىئەدە تۇرغان. 7 ـ كۈنى بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا شىيۇڭ دارېن چىرىغا يېتىپ كېلىپ دەرھال قاراقچىلارغا بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشنى ئۇقتۇرغان، ئۇلار ئۈچ قېتىم گەپ يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئۇلار كېلىشكە ئۇنىمىغان. شىيۇڭ دارېن بۇ ئىشلارنى ئانچە ـ مۇنچە سوراپ قويۇپلا قەشقەرگە ماڭماقچى بولغاندا سەۋر قاچىسى لىق تولغان چىرىلىقلار مىڭدەك كىشى تىزلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغان، خەلقنىڭ قىقاس ـ چۇقانلىرى پەلەككە يەتكەنلىكتىن شىيۇڭ دارىن رەت قىلىشقا ئىلاجسىز قالغان. تەۋرەپ تۇرغان خەلق يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە قاراقچىلار ئوق چىقىرىپ بىر ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، بىر ئادەمنى يارىدار قىلغان. بۇنىڭدىن پۇقرالار قاتتىق غەزەپلەنگەن، ئىككىنچى جېسەكنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆزلۈكىدىن ئەنجان پۇقرالىقىغا

ئۆتكەن نەچچە ئادەمنى قاراقچىلار ئېتىپ تاشلىغان. 24 ـ چېسلا يەنى قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شيۇڭ دارىن شەھەرگە بېرىپ تۆگچىلاردىن باۋدۇن، ئىسمايىل قاتارلىقلارنى ئېلىپ رۇسىيە سودىگەرلىرى بىللە ئاشۇ يېزىغا كەلگەن كىشىلەردىن سوراشتۇرۇپ ئۇ ئىشلارنى ئېنىقلاپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا مەزكۇر سېيىت 7 ـ چېسلا كېچىدە يۇقرالىرىمىزدىن نىياز قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئېلىپ ئاتلىق خوتەنگە كەتكەن. تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، سېيىت جەمئىي 29 كىشىنى بۇلاردىن 17 كىشى چىرىلىق، ئىككى گۇلاخمىلىق بولۇپ، ئۇلار بىردەك سېيىتتىن سودا كاپالەتنامىسى سېتىۋالغان، قالغان سەككىز كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، يەنە بىر نەپەر ھەقىقىي ئەنجان يۇقراسى ۋە سىرتتىن كەلگەن بىر خەنزۇ يۇقرا بار، ئۇلاردىن بىر قىسمىنى ئائىلىسىدىكىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن ئېلىپ كەتتى، قەيەرلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان سەككىز كىشىگە ۋاقىتىنچە بەلگە قويۇلۇپ تۇغقانلىرىنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە قويۇپ قويۇلدى. چىرا يۇقرالىرىدىن مەمەت سىدىق قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق كىشىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە بۇ كەنتتە ئەسلىدىنلا ئولتۇرۇشلۇق تۆت ئائىلىدىن باشقا بىرەر ئەنجانلىق بولغان ئەمەس. ئۆتكەن يىلى 5 ـ ئايدا رۇسىيىلىك ئىبراھىمجاننىڭ ئايالىنىڭ ئىنىسى بولمىش سېيىت بۇ يەرگە كېلىپ سودا ھۆججىتى تارقاتقان ۋە ئەنجان يۇقرالىقىغا ئۆتكەنلەر بۇنىڭدىن كېيىن شۆتاڭغا بارمىسا، غەللە ـ پاراقنى تاپشۇرمىسا بولۇۋېرىدۇ، پەقەت تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويسىلا بولىدۇ دېگەن»⑬.

چىرا كەنتىدە يۈز بەرگەن ۋەقە ناھايىتى تېزلا بېيجىڭدىكى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىنغان ۋە يۈەن شىكەي شەخسەن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلغان.

«ماكارتنىي قەشقەردە» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، شۇ

يىلى «7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چىرا ھەققىدىكى خەۋەرلەر رۇسىيە پايتەختىدە تارقىلىشقا باشلىغان. ‹يېڭى دەۋر› ژۇرنىلىدا ناھايىتى ئېچىنىشلىق قىلىپ قەشقەردە شيۇڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ ئوفىتسېر سېيىت ئەپەندىنىڭ تۇرالغۇ جايىدا 100 دىن ئارتۇق رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا كۆيدۈرۈپ تاشلىغان دېگەن مەزمۇندىكى خەۋەر ئېلان قىلىنغان. ئەنگلىيىنىڭ رۇسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جورج. بىكنان ئەپەندى ئەتىسى تېلېگراما ئارقىلىق بۇ خەۋەرنىڭ تەرجىمىسىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كاتىپى گېرىستوگ ئېدۋارد. گېرىي ئەپەندىگە يوللاپ بەرگەن. «تايمىس گېزىتى» 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بۇ ماقالىنى ئېلان قىلغان. ئىككى كۈندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى يوھان. جوردان ئۆز دوكلاتىدا رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ قېتىملىق زوراۋانلىق ئۈچۈن ئەپۇ سوراش ۋە تۆلەم تۆلەپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، سېيىت ھاجىنىڭ زىيىنىنى تۆلەشنى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 75 نەپەر رۇسىيە مۇھاجىرلىرىغا تۆلەم بېرىشنى ۋە بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ»⑭.

ئالاقىدار بارلىق تەپسىلاتلارنى تىزىپ كۆرگىنىمىزدە شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «چىرا ۋەقەسى» يۈز بېرىپ 20 كۈننىڭ ئىچىدىلا بۇنىڭغا ئائىت خەۋەرلەر بېيجىڭ، موسكۋا ۋە لوندونلارغا تارقالغان. روشەنكى، جاھانگىرلار جۇڭگونى ھەممىلا كىشى خالىغانچە بىر كېسىم گۆشنى شۇلۇۋالسا بولىدىغان ئۇلجا دەپ قاراۋاتقان ئاشۇ ۋاقىتلاردا بۇ تىمتاس چىرا يېزىسى ئۇلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنىدى.

چىرا يېزىسى (ھازىرقى چىرىيە ناھىيىسى) تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ كېرىيە

ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى، بۇ يەردىن شەرقتىكى كېرىيە ناھىيىسىگە 170 چاقىرىم، غەربتىكى لوپ ناھىيىسىگە 130 چاقىرىم كېلىدۇ. چىرا يېزىسى تەۋەسى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ قالدۇق ئىزلىرى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىگە جايلاشقان بۇ كىچىككىنە بوستانلىقنىڭ ئۆز دەۋرىدە پارلاق ئۆتمۈشى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە چىرا يېزىسىنىڭ نوپۇسى مىڭ تۇتۇنگە يەنى ئۈچ مىڭ كىشىگە يېتىپ كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى خېلى چوڭ يېزىلاردىن بولۇپ قالغان ۋە يىراق ـ يېقىندىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ بىر مەركىزى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەردە مەخسۇس ئاشلىق بازىرى، چارۋا بازىرى، ئاياغ بازىرى، يەنە 17 ـ 18 جايدا يىل بويى تىجارەت قىلىدىغان تۈرلۈك ماللار دۇكانلىرى بار ئىدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى چىرىدا ئىشلەنگەن ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر كېرىيە تەۋەسىدە مەلۇم بازارغا ئىگە ئىدى.

چىرا يېزىسىدىكى 50 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر يەرلىك پۇقرالارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىدىكى تۈۋرۈكى ئىدى. كېرىيە ھاكىمى تەيىنلىگەن مىڭبېشى چىرىدىكى ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدار ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا 16 نەپەر يۈزبېشى بولۇپ ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ چىرىدىكى مەمۇرىي ئورگاننى تەشكىل قىلاتتى. چىرىلىقلار دېھقانچىلىقتا ئاساسەن قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قار ـ مۇزلىرىدىن ئېرىگەن دەريا سۈيىنى ئاساسىي سۇ مەنبەسى قىلاتتى. يەر ئۈستىدىكى دەريا لىنىيىسى چۆللۈكتىن ئۆتكىچە سۇنىڭ خېلى بىر قىسمى پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا چىرىلىقلارغا نىسبەتەن سۇنىڭ ئۆزى جان بىلەن باراۋەر ئىدى. سۇدىن تەرتىپ بويىچە پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ چىرا ئەمەلدارلىرى مەخسۇس مىرابلارنى تەسىس قىلىشقانىدى.

## 2. چىرىدىكى رۇسىيە مۇھاجىرلىرى

1905 ـ يىلى چىرىغا ئۆزىنى قوقەندنىڭ ئوش شەھىرىدە تۇغۇلغان دەۋالغان سېيىت ھاجى ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر رۇسىيە مۇھاجىرى كەلدى. چىرا پۇقرالىرىنىڭ تېخى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرىدىغان ئۇ بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئالىپتە كاستۇم ـ بۇرۇلكىملىرى بىلەن يەرلىك كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ھېچقانچە ئۆتمەيلا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ھاجى دەپ ئاتىۋالغان بۇ كىشىنىڭ مەككىگە بېرىپ باقمىغانلىقىنى بىلىپ كەتتى. دېمەك مەككىگە بارغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان «ھاجى» ئاتالغۇسىنى ئۇ يالغاندىن قوللىنىۋالغانىدى. كېيىنرەك ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ خوتەن سۇ دەرۋازىسىدىكى داموللا سېيىت ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، 15 ـ 16 ياش ۋاقتىلىرىدا خوتەنگە سودا ئىشى بىلەن كەلگەن ئەنجانلىق كارۋانلارغا ئەگىشىپ تاشكەنت قاتارلىق جايلارغا بارغانلىقىنى، ئاندىن شۇ جايلاردا ئوقۇپ كېيىنچە رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلىكىنى، خېلى يىللاردىن كېيىن رۇسىيىلىك سودىگەر سالاھىيىتىدە قەشقەرگە سودا ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى⑮.

بۇ مەزگىللەردە سېيىتنىڭ سودا ئىشلىرى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتەلمىگەچكە، خوتەنگە قايتىپ دوست ـ يارەنلىرىنىڭ ئاز ـ تولا ياردىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ خوتەن بىلەن چىرا ئارىلىقىدا گىلەم سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەسلىدە ئۇ خوتەندە نېسى سېتىۋېلىپ چىرادا پارچە سېتىش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىن پايدا تېپىشنى كۆزلىگەنىدى. ئەمما بۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلمىدى. مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە سېيىت ھاجى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئالدامچىلىقنى ئويلاپ تاپتى.

خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى «چىرا ۋەقەسى» گە قارىتا كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن «چىرا ۋەقەسى ھەققىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى يېزىپ چىققاندى. بۇ دوكلات چىرا ۋەقەسىنى باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سېيىت ھاجىنىڭ بەزى كۆز بويامچىلىقلىرى خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان:

بىرى، بىر قېتىم سېيىت خوتەندىن نېسى قىلىپ بىر تۈركۈم گىلەملەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن چىراغا ئەكېلىپ قولىدىن چىقىرالماي تۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىل باغلىمىلىق قىلىپ يۈرۈپ چىرىلىق سودىگەر كېرەم بايغا يۈز پارچە گىلەمنى نېسى قىلىپ ساتىدۇ ۋە بىر يىلدىن كېيىن پۇلنى تاپشۇرىدىغانغا كېلىشىدۇ. لېكىن يېرىم يىلغا بارا ـ بارمايلا يول تۆپىسىدە كېرەم باينى توسۇۋېلىپ قەرزىنى تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ خېلىلا پۇل تاپىدۇ⑯.

يەنە بىرى: ئۇ بىر قېتىم ھاشىم ئىسىملىك بىرەيلەن بىلەن شېرىكلىشىپ 25 سەر كۈمۈشكە تۈگمە سېتىۋالىدۇ ۋە چىرىلىقلار ئەزەلدىن بۇنداق نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان، شۇڭا يەرلىك بايلار بۇنداق ئەجنەبىي مېلىنى كۆرسە دەرھال دۈم چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپلەپ پايدا ئالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئۇ ۋاقىتتىكى پۇقرالار ماتادىن بەلباغ چىگەتتى، پۇلى بارلار يىپەك بەلباغ تاقايتتى، كىشىلەر ئاساسەن تۈگمە ئىشلەتمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن سېيىت ھاجىنىڭ ماللىرى سورايدىغانغىمۇ خېرىدار يوق تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ئېغىر زىياندىن ئۇ تېپىرلاپ تۇرالماي قالىدۇ. بىر كۈنى كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئۇ ئاستاغىنە ئۆيگە بىر ئاز كىرسىننى تۆكۈپ ئوت يېقىۋېتىدۇ. ئەتىسى سېيىت ھاجى شاپاشلاپ يامۇلغا بېرىپ 200 سەر كۈمۈشكە ئالغان مېلىنى دەڭ ئىگىسىنىڭ ئوت قويۇپ

كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە تۆلەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كېرىيە ھاكىمى بىر ئىشنى، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا رۇسىيە مۇھاجىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ دەڭ ئىگىسى تۇداخۇننى تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، تۆلىمىسە 300 دەررە ئۇرۇلىدىغان بولۇپ، بىرمۇ كەم قىلىنمايتتى. كىچىككىنە دەڭ ئىگىسىدە نەدىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ پۇل بولسۇن؟! شۇڭا ئىلاجىسىز دەررە يېيىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى يامۇلدا ئادەم ئۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى پۇتىنىڭ ئىچ ئوشۇقى ئارىسىغا تاش قىستۇرۇپ تاشقى ئوشۇقنى ئۇرۇلىدىكەن. يامۇلنىڭ چېرىكلىرى تۇداخۇننى يانتۇزۇپ قاتتىق ئۇرىدۇ، يۈز دەررىگە بارا - بارمايلا پۇتى مۇشتۇمدەك ئىششىپ چىقىدۇ. بۇنداق تاياقنى ئادەم دەسلەپ ئاغرىقنى سېزىپ، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكۈدەك قاتتىق ۋايجانلىسىمۇ بارا - بارا ياغاچتەك قېتىپ قالاتتى⑰. ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن سېيىت ھاجى دەيۈز ۋە ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت دېگەن نام بىلەن پۇتكۈل چىرىغا پۇر كېتىدۇ.

سېيىت قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ئېگىز - پەس كەچۈرمىشلەردىن تەدرىجىي ھالدا مەلۇم سىياسىي سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى، كېيىنچە ئۇ «رۇسىيە مۇھاجىرى» دېگەن سالاھىيەتنى تاللىۋالدى. شۇڭا ئۇ تۇنجى قېتىم چىرا كەنتىدە پەيدا بولغاندا ئۆزىنىڭ رۇسىيە مۇھاجىرى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە پەش قىلىپ كەتكەن ۋە مەيدىسىگە رۇسچە خەت بېسىلغان ئىزنەكنى ئالاھىدە تاقىۋالغانىدى.

تۇداخۇننى ئوخشۇشلۇق ھالدا ئۇڭدا قويغاندىن كېيىن سېيىت ھاجى بۇنىڭدىن قاتتىق ئىلھاملاندى. ئۇ بۇ قېتىم «رۇسىيە مۇھاجىرى» دېگەن سالاھىيەتنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سېيىت چىرىدا ھەدەپ رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە كىرىشتى.

ناۋادا چىرىدا رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش دەسلەپتە بىر خىل ئارزۇ دەپ قارالغان بولسا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىككى خىل پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈردى. بىرى سېيىت ھاجى تۇداخۇننى ئوڭدا قويغاندىن كېيىن چىرىدىكى باي سودىگەر ئابلىز قارى قىزىنى سېيىتقا ياتلىق قىلدى ۋە سېيىتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم بۇلىقى بولۇپ قالدى. باياشات ئائىلە مۇھىتى سېيىتنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن چېپىپ يۈرۈشتىن ئازاد قىلدى. يەنە بىرى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن رۇسىيە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلغىلى تۇردى، مۇھاجىرلارنى كۆپەيتىش دەل بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ۋاستىلەردىن ئىدى. 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى 1491 تۈتۈن يەنى 10600 كىشىگە يەتتى⑱.

بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەت بىلەن سېيىت ھاجى سىياسىي كارامىتىنى كۆرسىتىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بولغاچقا ھەرقايسى جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن مەكتەپلەر ئېچىلىۋاتاتتى. كېرىيە ناھىيىسىدە خەنزۇ تىلى ئۆگىتىلىدىغان شۆتاڭ قۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى بايلارنىڭ بالىلىرى مەجبۇرىي رەۋىشتە شۆتاڭلارغا كىرىپ ئوقۇيتتى. چىرا كەنتىدىكى نۇرىلا ھاجى ئىسىملىك بىر باينىڭ ئوغلى تۇرسۇن نىيازمۇ ئىلاجىسىز شۆتاڭغا كىرىپ ئوقۇۋاتاتتى. نۇرىلا ھاجى سېيىتتىن ئوغلىنى شۆتاڭدىن قايتۇرۇپ چىقىشقا ياردەملىشىشنى ئۆتۈنۈۋىدى، سېيىت ھاجى دەرھال نۇرىلا ھاجىنىڭ رۇسىيە مۇھاجىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىر پارچە ھۆججەت ياساپ

چىقتى. كېرىيە ھاكىمى شېن يۈڭچىڭ بۇ ھۆججەتنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھاللا تۇرسۇن نىيازنى دادىسى نۇرىلا ھاجىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

بۇ ۋەقە قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يەتكەندىن كېيىن چىرا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردىكى 50 نەچچە باي ئائىلە ئارقا ـ ئارقىدىن سېيىت ھاجىدىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. سېيىت ھاجى ھەر بىر نوپۇسقا 20 ـ 25 سەر كۈمۈش ئېلىپ بۇ كىشىلەر رۇسىيە مۇھاجىرلىرى دېگەن گۇۋاھنامىنى تارقىتىپ بەردى.

ئارقىدىنلا كىشىلەر يەنە شۇنى بايقىدىكى، سېيىت ھاجى شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقان بالىلارنى قايتۇرۇپ چىقىشتىن سىرت يەنە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان سۇ ئىشلىتىش قائىدىلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىــــشكە قادىر بولۇپ چىقتى. 1910 ـ يىلى چىرىدا قاتتىق قۇرغاقچىلىــق بولۇپ نۇرغۇن دېھقانلار يېرىنى سۇغىرىشقا ئامالسىز قېلىـــپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا سېيىت ھاجى ھەممىلا جايدا رۇسىيە پۇقرالىقىــغا ئۆتكەنلا ئادەم يېرىنىـــــى سۇغىرىپلا قالماي يەنە باج تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ دېگەننى تەشۋىق قىلدى.

ناۋادا سېيىت ھاجىنىڭ كېرىيە ھاكىمىنى شۆتاڭدىكــــى بالىلارنى قايتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىنى باي ئائىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى دېيىلسە، دېھقانچىلىقتىكى سۇ ئىشلىرىغا تاقاپ تۇرۇپ قىلغان تەرغىباتى ئارقىلىــق ئۆزىگە تارتقىنى ئاشۇ يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىـــدىغان كەڭ دېھقانلار بولدى. نۇرغۇن پېشقەدەملەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغدا رۇسىيە مۇھاجىرى دېگەن گۇۋاھنامىنى ئالغانلىقى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باشقىچىلا بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار بازارغا بېرىپ بىرنەرسە ئېلىپ ـ ساتسا باج تۆلىمەيتتى؛ سۇنى خالىغانچە ئىشلىتەتتى، ئېشىپ قالغان سۇنى

باشقىلارغا ساتاتتى، بىرمو يەرنى سۇغارغىلى بولغۇدەك سۇنى يېرىم سەر كۇمۇشكە سانقىلى بولاتتى. شۇڭا سېيىت ھاجىنىڭ ئىشكىنى قاقىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى».

تەكشۈرۈش دوكلاتىدا تۇردى ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئەھۋالى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ چىرىلىق بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئالماس، ھېچقاچان چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغان. تۇردى ھېلىقى سېيىت ھاجى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن ياللاشقاندىن كېيىن بىر ئۆرۈلۈپلا ئۆزىنى ئۇشلىق دەۋالغان ھەمدە ئىشكىگە رۇسىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئېسىۋېلىپ، رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ ئاتامانى بولۇۋالغان»⑲.

مەزكۇر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر ۋەقەمۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ سېيىتنىڭ پوپوزىلىرىدىن قورقۇپ رۇسىيە مۇھاجىرلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ: «سايلىق ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇشلۇق سۇلايماناخۇن دېگەن كىشى سۇغىرىلمىغان قوناقلىرىنىڭ سارغىيىپ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن تىت ـ تىت بولۇپ، ئىلاجىسىز مىرابلىقنى قولىغا ئېلىۋالغان سېيىت ھاجىنى ئىزدەپ بېرىپ ھال ئېيتقان. نەتىجىدە يېرىنى سۇغىرالمايلا قالماي، ئەكسىچە قاتتىق تاياق يېگەن. ئايالى پاتەمخان ئۇنىڭغا: «بولدىلا، خەق بىلەن قانداقمۇ ياقىلاشقىلى بولسۇن! ئۇلارنىڭ پۇل دېسە پۇلى بار، كۈچ دېسە كۈچى بار. پۇقرالىققا ئۆت دېسە ئۆتمەمدۇق. ئىشقىلىپ بىرەر يامان ئىش قىلمىساقلا بولدىغۇ، دېگەندىن كېيىن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ زىرائەتلىرىنى، شۇنداقلار بىر ئۆيلۈكنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلىك ھەققىدىكى مۇھاجىرلىق گۇۋاھنامىسىنى ئالغان ھەمدە ‹ئەنجانلىق› بولۇپ قالغان. بۇ يەردىكىلەردىن ‹ئەنجانلىق› بولغانلارنىڭ يېرىگە سۇ خالىغانچە كىرىۋەرگەن.

سېرىق كەنتتىكى رۇسىيە مۇھاجىرى غۇلامئاخۇن يېرىنى سۇغىرىپ ئاشقان سۇنى بىكاردىن - بىكارلا قۇملۇققا ئاقتۇرۇۋەتكەن»[20].

رۇسىيە مۇھاجىرلىرى بولۇۋالغانلارنىڭ سۇنى خالىغانچە ئىشلىتىشىنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىشى، بولۇپمۇ غۇلامئاخۇننىڭ سۇنى بىكاردىن - بىكارلا چۆللۈككە قويۇۋەتكەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر زۇمرەت مىڭبېگىگە غۇلامئاخۇن ئۈستىدىن ئەرز سۇنغاندىن كېيىن مىڭبېگى غۇلامئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتە قىلدى. سېيىت ھاجى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھاللا چاپانچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ چوڭ يول تۆپىسىدىلا زۇمرەت مىڭبېگىنى قاتتىق ئۇردى.

3. چىرا ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈش كۈرىشى

سۇ ماجىراسى چىرلىقلار بىلەن سېيىت تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن توفا كەنتىدىكى سۇپۇرگىئاخۇن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھەققانىيەتنى ياقىلاپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

سۇپۇرگىئاخۇن 40 نەچچە ياشلاردا بولۇپ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ۋە ھاللىق كىشى ئىدى. دېھقانچىلىقتىن سىرت چىرا بازىرىدا يەنە دەڭ ئاچاتتى. مىجەزى ئوچۇق - يورۇق، ئۆزى كەڭ قورساق ۋە ناھەقچىلىككە قاراپ تۇرالمايدىغان كىشى بولغاچقا، چىرا تەۋەسىدە خېلىلا يۈزلۈك كىشىلەردىن سانىلاتتى.

سۇپۇرگىئاخۇننىڭ سېيىت ھاجى بىلەن يىرىكلىشىپ قېلىشى مىڭبېگى زۇمرەتنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا دۇمبالىنىشىدىن كېيىن باشلانغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا خىجىلچىلىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغان زۇمرەت ياقا يۇرتلارغا كەتمەكچى بولۇپ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇپۇرگىئاخۇن

زۇمرەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى ھەمدە ئۇنىڭغا: «زۇمرەت، ياقا يۇرتقا كەتمەكچى بولغىنىڭ بىلەنلا بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ كېتەلەمسەن؟ ئۇنداق قىلما. ئەڭ ياخشىسى مەسلىھەتلىشىپ بىرنەرسە دەيلى» دەپ نەسىھەت قىلدى㉑.

بىرەيلەن سۇپۇرگىئاخۇننىڭ زۇمرەت مىڭبېگىگە قىلغان گېپىنى تېزدىن سېيىت ھاجىغا يەتكۈزدى. سېيىت ھاجى خېلى بۇرۇندىنلا ئۆزىگە قىلچە پىسەنت قىلماي يۈرگەن بۇ كىشىگە غۇم ساقلاپ يۈرەتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا ھاللىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان گەپدان ۋە ئابرۇيلۇق سۇپۇرگىئاخۇندىن ئەيمىنەتتى. كېيىنچە ئۇ ئارقا - ئارقىدىن سۇپۇرگىئاخۇنغا كىشى ئەۋەتىپ سالا قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، سۇپۇرگىئاخۇن زادىلا قوبۇل قىلمىدى. ئەڭ ئاخىر سېيىت ھاجى ئىلاجىسىز ئۆزى شەخسەن كۆرۈشكىلى كەلدى.

شۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر كۈنى كەچقۇرۇندا سېيىت ھاجى غالچىلىرىدىن ئىدرىس، چىكاچى قاتارلىق تۆت ئادەمنى باشلاپ تۇيۇقسىزلا توفا كەنتىگە بېسىپ كىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا سۇپۇرگىئاخۇن ھويلىسىدىكى سۇپىدا قۇرئان ئوقۇۋاتقانىكەن. سېيىت ھاجى قاتارلىقلار سۇپۇرگىئاخۇننىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە ئۆيدىن ئالدىغا ھېچكىم چىقمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ئۆي ئىگىسى مېھماننى قارشى ئالغىلى چىقمىسا بۇ مېھماننىڭ كۈتۈۋېلىنمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. يۈزى قېلىن سېيىت ھاجى سۇپۇرگىئاخۇننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، سۇپۇرگىئاخۇندىن ئون قەدەمچە نېرىدا تۇرۇپ تەۋەززۇ بىلەن ئەھۋال سورايدۇ. سۇپۇرگىئاخۇننىڭ مىت قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن سېيىت ھاجى ئالغاچ كەلگەن يامبۇلارنى سۇپۇرگىئاخۇننىڭ ئالدىغا ئاۋايلاپقىنە قويۇپ تۇلكىلەرچە ھىجىيىپ: ‹سۇپۇرگە ئاكا، چىرىدا سىلىدىن باشقا

هېچ كىشىنى پەسەنتمىگە ئالمايمەن جۇمۇ، دەيدۇ. سۇپۇرگىئاخۇن سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ: «خاتىرجەم بولسىلا، پۈتۈن ئىش سۇپۇرگە موللامنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ» دەيدۇ. سېيىت هاجى سۇپۇرگىئاخۇننىڭ ئېغىز ئاچقىنىنى كۆرۈپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقىنىچە: «سۇپۇرگە ئاكا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز بىلەن كارىلىرى بولمىسا، هەممىمىز ئەپلىشىپ ئۆم ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ» دەيدۇ. سۇپۇرگىئاخۇن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە سېيىت هاجىغا: «سىلى جۇڭگو تۇپرىقىدا خالىغانچە يولسىزلىق قىلسىلا بىزنىڭ كارىمىز بولمىسا بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلىش نومۇس. بۇ ئەپ ئۆتكەنلىك بولامدىكەن؟»㉒. روشەنكى، سېيىت هاجىنىڭ سۇپۇرگىئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈشى قارشى ئېلىنماسلىق بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەمما يەنە بىر جەهەتتىن ئېيتقاندا سېيىت هاجىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشى ئۇنىڭ سۇپۇرگىئاخۇن بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇشۇشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

ئەتىسى، سۇپۇرگىئاخۇن هال ئۇقتى يامان ئەمەس ئائىلىلەردىن سېرىق كەنتىدىكى زۇمرەت (چىرىنىڭ مىڭبېگى)، كاڭكا كەنتىدىكى قۇناجى، ئەيسا كۆكبېشى، ئوغۇلئېرىق كەنتىدىكى مامۇت ئەركىن قاتارلىق ئون يەتتە سودىگەرنى يىغىپ سېيىت هاجىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى كېڭەشتى. «كۆپچىلىك دەبدەبىلىك قەسەم بېرىپ سېيىت هاجىنىڭ چىرىلىقلارنىڭ بېشىدا دەسسەپ زوراۋانلىق قىلىشىغا ئەمدى يول قويۇشقا بولمايدۇ. داۋالىشىش توغرا كەلسە قانچىلىك پۇل كەتسە مەيلى، بىر سەردىن چىقارساق 17 سەر، 17 سەردىن 170 سەر، 170 سەردىن 1700 سەر كۈمۈش چىقارساقمۇ مەيلى، چىرا پۇقرالىرىغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيمىز، پۈتۈن چىقىمغا بىز ئىگە، مەقسىتىمىزگە يەتمىگۈچە توختىمايمىز؟ دېيىشتى»㉓.

دەل سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىقلار سېيىت ھاجىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇشقا تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە يەنى 1911 ـ يىلى 9 ـ ئايدا رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كاتىپى بىرۇنىس خوتەنگە كەلدى. سېيىت ھاجى ئالاھىتەن خوتەنگە سالامغا بارغاندا بىرۇنىس سېيىت ھاجىنىڭ چىرا كەنتىدە قىلغان پۈتۈن ئىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ماختىدى. «ماكارتىنى قەشقەردە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سكرويىن بىلەن نېدىنگار بىرۇنىسنىڭ چىرا كەنتىدىكى ۋەقەدە ئوينىغان رولى ھەققىدە توختىلىپ: «ناۋادا 1911 ـ يىلى كاتىپ بىرۇنىس جەنۇب تەرەپتىكى بوستانلىق رايوندا ساياھەتتە بولغىنىدا ئارتۇقچە ئىغۋاگەرلىك قىلمىغان بولسا ئۇ ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئۇ نەگىلا بارسا ئەنجانلىقلارنى مەنچىك ئەمەلدارلىرىغا قارشى چىقىشقا قۇتراتتى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن مۆمىن تۈركىستانلىقلار ئارىسىغا بىراقلا سوغۇقچىلىق چۈشتى، دەپ يازىدۇ㉔.

بىرۇنىسنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن سېيىت ھاجى تېخىمۇ كۆرەڭلىگىنىچە چىراغا قايتىپ كەلدى ھەمدە ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە تاك قىلىپ چېقىلالمايدىغانلىقىنى داۋراڭ سالدى.

بىرمەھەل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىق 17 كىشى 1912 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېرىيە ھاكىمى شېن يۈڭچىڭغا سېيىت ھاجىنىڭ تېرىلغۇسىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ جۇڭگولۇق پۇقرالارنى رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتۈشكە مەجبۇرلاۋاتقانلىق قىلمىشىدىن شىكايەت قىلدى. كېرىيە ھاكىمى بۇنى چوڭ دەۋاكەن دەپ قاراپ خوتەن ۋالىيسى تاڭ يۈنجۇڭنىڭ بىرياقلىق قىلىشىغا يوللاپ بەردى.

گەرچە كېرىيە ھاكىمى ۋە خوتەن ۋالىيسى سېيىت ھاجىنىڭ تۈرلۈك ئەسكىلىكلىرىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن سارامسىمىگە چۈشۈپ قالغان بۇ

يەرلىك ئەمەلدارلار دادىللىق بىلەن ئىش بېجىرىش، ئەدلى ـ ئادالەتنى قوغداش، ئىگىلىك هوقۇقىنى ياقلاش دېگەندەك جاسارەتنى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىرا كەنتىدە هەتتا كېرىيە، لوپ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا جۇڭگولۇق پۇقرالارنىڭ رۇسىيە مۇهاجىرلىرى بىلەن دەۋالىشىپ سوتقا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاجايىپ كاتتا ۋەقە سۈپىتىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ هەممىلا جايغا يۇر كەتكەنىدى. كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرى سۇپۇرگىئاخۇننىڭ دەۋادا يېڭىپ چىقىشىنى، سېيىت هاجىنىڭ تېگىشلىك جازاغا تارتىلغانلىقىنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى. بۇ خىل كەيپىياتنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىشى نەتىجىسىدە سېيىت هاجى يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئارىدىن تۆت ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خوتەن ۋالىيسى تاڭ يۇنجۇڭ «ئادەم ۋە ئىسپات تولۇق ئەمەس» دېگەننى باهانە قىلىپ سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىق 17 كىشىنىڭ سېيىت هاجى هەققىدىكى شىكايىتىنى قايتۇرۇۋەتتى.

خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە يوقاپ كەتكەن سېيىت هاجى ئاشۇ خەۋەر تارقىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چىرا كوچىسىدا تۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى هەمدە قوراللىق هەيۋە كۆرسىتىپ كۆرەڭلىدى. ئارقىدىنلا قېيناتىسى ئابلىز قارىنىڭ قورۇ دەرۋازىسىغا رۇسىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئېسىپ دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىغا قوراللىق پوست تۇرغۇزدى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سېيىت هاجى ئادەم ئەۋەتىپ سۇپۇرگىئاخۇننىڭ يېقىنلىرىدىن مەتسەمەتئاخۇنۇم ۋە دورغا بېگىنى تۇتۇپ كېلىپ قېيناتىسىنىڭ قورۇسى ئالدىدىكى دەرەخكە باغلىدى هەمدە سۇپۇرگىئاخۇنغا ئاگاهلاندۇرۇش بېرىش مەقسىتىدە خەلقئالەم ئالدىدا قاتتىق ئۇردى.

سۇپۇرگىئاخۇن دەۋادا يېڭىلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بۇ

ئىزاغا چىدىماي قەشقەرگە بېرىپ ئەرز سۇنۇشقا تەييارلاندى. مۇشۇ چاغدا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى شيۇڭ گاۋشېڭ قەشقەر ۋالىيسى ۋاڭ بىڭكۇننىڭ پەرمانىغا بىنائەت خوتەن قاتارلىق جايلاردا كۆچمەنلەرنى تارقاقلاشتۇرۇۋاتاتتى. سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىقلار شيۇڭ گاۋشېڭنىڭ قەشقەر ۋالىيسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئومۇمنىڭ ئىشىنى ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شيۇڭ گاۋشېڭغا سېيىت ھاجى ئۇستىدىن ئەرز سۇنۇش قارارىغا كەلدى.

شيۇڭ گاۋشېڭ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئۇزاق مەزگىل خىزمەت قىلغان بولغاچقا، چاررۇسىيىنىڭ مۇھاجىرلار ئارقىلىق قىلغان بارلىق ئۆكتەملىكلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئۇ سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ ئەرزلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ يەردىلا سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ قىلغىنىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۇردى ھەمدە بەش چېرىكنى سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىقلار بىلەن بىللە چىرا كەنتىگە ئەۋەتتى. شيۇڭ گاۋشېڭ 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۇنى 30 نەپەر چېرىكنى باشلاپ چىرىغا يېتىپ كەلگەندە يەرلىك پۇقرالارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

شيۇڭ گاۋشېڭنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىنىڭ مۇددىئاسى نېمە ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، چىرلىق ئۇيغۇرلار 40 كىشىگىمۇ يەتمەيدىغان بۇ تارماق قوشۇننى ۋەتىنىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ سېيىت ھاجىنى جازالايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ قارىغانىدى. شۇڭا، شۇ كۇنىلا چىرىدا مۇنداق مەزمۇندىكى بىر قوشاق تارقالدى:

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
يالغان دانغا تويدىغۇ.
ئەنجانلىققا قول بەرگەننى،
سېيىت ھاجى جايلىدىمۇ.

بوش كەلمەڭلار يۈلۈڭلار،
سېيىت ھاجىنىڭ چاچلىرىنى،
بوش كەلمەڭلار يۈلۈڭلار،
قارا قاسقان شەپكىسىنى.

سېيىت ھاجىنىڭ ئاتلىرى،
يەيدىغىنى قۆرۆق بوغۆز.
سېيىت ھاجىنىڭ ئۆيلىرى،
گۈللۈك ياغاچ گۈل تورۆس.

چىرىغا كەلگەن مۆرتەدنى،
كالتەكلەڭلار خالايىق ... ھوي ... ھوي ㉕...

شيۆڭ گاۋشېڭ دەسلەپ ئىشنى يوغانتىۋەتمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ شۇ ئەتراپتا خېلى يۈزلۈك ھېسابلىنىدىغان روزى دۆگابېكنى سېيىت ھاجىنىڭ قورۇسىغا ئەۋەتىپ سېيىت ھاجىنى چىرىدا قىلغانلىرىنى بويىنىغا ئېلىشقا بۆيرۆدى. ئەمما روزى دۆگابېك سېيىت ھاجى قورۆسىغا يېقىن كەلگەندە سېيىت ھاجى چىقارتقان قولچوماقچىلارنىڭ دۆمباسىغا قالدى. ئارقىدىنلا سېيىت ھاجى ھەممىلا جايدا قەشقەردىكى رۆسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئۆزىگە زور مىقداردا قورال ۋە ئوق - دورا بەرگەنلىكىنى، سۆپۆرگىئاخۆن بىلەن تۆتۆشقىنى تۆتۆشقان ئىكەنلىكى توغرىسىدا داۋراڭ سالدى.

سېيىت ھاجى گۇناھىنى بويىنىغا ئالماي يەنە ئەۋەتكەن ئادەمنى ئۇرۇپتۇ، دېگەن گەپ تارالغاندىن كېيىن شيۆڭ گاۋشېڭ شەخسەن چېرىكلىرىنى باشلاپ سېيىت ھاجىنى سوراققا تارتماقچى بولدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن سېيىت ھاجىغا بۆرۆندىنلا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېلىۋاتقان چىرا، گۇلاخما، دامىكو

قاتارلىق جايلاردىكى 500 ئۆيلۈكچە دېھقان شيۇڭ گاۋشېڭ بىلەن بىرلىكتە سېيىت ھاجىنىڭ قېيناتىسىنىڭ قورۇسىغا قاراپ ئاقتى.

بۇ كۈنى سېيىت ھاجى قېيناتىسىنىڭ ھويلىسىدا ئۆزى كۆپەيتكەن يېڭى مۇھاجىرلارغا چاي تارتىپ ئۆزىنىڭ يېڭىۋاشتىن چىرىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىۋاتقانىدى. شيۇڭ گاۋشېڭ قاتارلىقلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن سېيىت ھاجىنى سوئالغا جاۋاب بېرىشكە چاقىرتتى. سېيىت ھاجى شيۇڭ گاۋشېڭنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماي قورۇدا ئۆز ئويۇنىنى ئويناۋەردى. بۇ چاغدا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان يۇقىرالار قورۇنى مەھكەم قورشىۋالدى.

سېيىت ھاجى قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ ئۆزىگە ۋارقىراپ-گەپ يەتكۈزۈۋاتقان چېرىك جۇ شۇتاڭنى غالچىسى قۇۋان نىيازنىڭ قولى بىلەن ئېتىۋەتتى. ئارقىدىنلا سېيىت ھاجىنىڭ يەنە بىر قولچومىقى قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقىپ جۇ شۇتاڭنىڭ كەينىدىكى دېھقان ئىسلامئاخۇننى چانىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەيسا ئاشپەز دېگەن بىر كىشى غالچىلارنىڭ غايىب ئوقىدا جان ئۈزدى. غەزەپلەنگەن ئامما بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چۇقان-سۈرەن كۆتۈرگىنىچە سېيىت ھاجىنىڭ غالچىلىرىغا ئېتىلدى. قاتىللار قورقىنىدىن ئوقتەك يوگۈرۈپ قورۇغا قېچىپ كىرىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شۇ ۋاقىتتا تېخى ھايات تۇرۇۋاتقان ئابدۇنىيازەكئاخۇننىڭ ئاغزىدىن مۇنداق مەلۇماتلارنى خاتىرىلىۋالغان: «سېيىت ھاجى بىر قىسىم قولچوماقچىلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ-كىچىك ئىشىك-دەرۋازىلارنى تامام تاقىۋېلىپ ئادەملىرىگە قاتتىق تىركىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. سوپىۇرگىئاخۇن

باشلامچىلىقىدىكى ئامما قىزىل لاتا چىگىۋالغان بولۇپ كالتەك، چوماق، كەتمەن، پالتا دېگەندەك قوراللار بىلەن ئالغا ئېتىلدى ۋە بۇ چوڭ قورۇنى تارتىۋالماقچى بولدى. ئەمما تام ـ بەك ئېگىز بولغاچقا، يەنە كېلىپ تامنىڭ ئۈستىگە غىچچىدە ئاق تىكەن سانجىپ قويۇلغان بولغاچقا دەماللىقا بۆسۈپ كىرەلمىدۇق. سېيىت ھاجىمۇ ئىچىدىكى ئادەملىرىگە قاتتىق تىركىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى ھەممىمىز تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدۇق، ئەمما زادىلا چارە تاپالمىدۇق. يەنىلا شيۇڭ گاۋشېڭ ئەقىللىقكەن. ئۇ كىشىلەرنى تەرەپ ـ تەرەپتىن سامان ۋە مەڭگەن تېرىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئابلىز قارىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئادەتتە يېپەك تارتقاندا ئىشلىتىدىغان ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت ياقتى. بۇ ئوت ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئاسمان ـ پەلەك يالقۇنغا ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا قورۇنىڭ ئىچىدىكى سېيىت ھاجىنىڭ ئادەملىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. جىق ئادەم يامىشىپ دەرەخلەرگە چىقىۋالدى، سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئوت دەرەخلەرگىمۇ تۇتاشتى. شۇ يەردىلا بەزىلەر كۆيۈپ ئۆلدى، بەزىلەر ئوتتا ئۆلدى. ئاخۇنۇم ئېلىپ چىققان تالىپلاردىن ئاران بىر كىشىلا قېچىپ كېتەلىدى㉖.

قېچىپ كېتەلىگەن، ئاشۇ تالىپ دەل خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەن ئابدۇنىيازەك ئاخۇن ئىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇنى زىيارەت قىلغاندا ئۇ 84 ياشتا بولۇپ چىرا يېزىسىنىڭ شەرق قىزاردى گوڭشېسى 10 دادۈي 2 ـ ئەترىتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى.

«چىرا ۋەقەسى» نىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى بولغان سېيىت ھاجى زور ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندا كېسەلمەن ئايال قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، سۆڭگۈچتىن قاچتى ۋە قولچومىقى ھوشۇر

سوقۇچاقنىڭ ئۆيىگە مۆكۈنۈۋالدى، ئىككى كۈندىن كېيىن مەتسىدىق پاشىشاپنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ بۇ جايدىن چىغىر يول ئارقىلىق قەشقەرگە قېچىپ كەتتى.

سېيىت هاجىنىڭ قېيىناتىسى ئابلىز قارىنى كىشىلەر مۇزخانىدىن تارتىپ چىقىرىپ چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىقىشى بىلەنلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن كىشىلەر ئۇرۇپ - دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى[27].

چار پادىشاھ هۆكۈمىتى «چىرا ۋەقەسى» گە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى. رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى يۈەن شىكەيگە نوتا تاپشۇرۇپ ۋاقىتلىق مەركىزىي هۆكۈمەتتىن قاتىللارنى جازالاشنى، تۆلەم تۆلەش ۋە چار پادىشاھ هۆكۈمىتىدىن ئەپۇ سوراشنى تەلەپ قىلدى.

چار پادىشاھ هۆكۈمىتىنىڭ ئىنكاس بىلدۈرۈشى بىر تەرەپتىن ھىيلىگەرلىكتىن بولسا يەنە بىر ياقتىن قورققانلىقتىن ئىدى. چۈنكى بۇ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگودا يۈز بەرگەن رۇسىيە هۆكۈمىتى نىشان قىلىنغان بىر قېتىملىق ئىستىخىيىلىك ئاممىۋى كۈرەش ئىدى. ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرى كىشىلەرگە چوڭقۇر ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى.

چىرادىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا سېلىشتۇرغاندا يۈەن شىكەي باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق مەركىزىي هۆكۈمەت تولىمۇ بوشاڭلىق ۋە توخۇ يۈرەكلىك قىلدى. بىر قاتار مەسلىهەتلەردىن كېيىن 1912 - يىلى 8 - ئايدا يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىنغا تېلېگرامما يوللاپ «چىرا ۋەقەسى» نى تېزدىن تەكشۈرۈپ هەل قىلىشنى بۇيرۇدى. يۈەن شىكەينىڭ مۇددىئاسىغا بىنائەن ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ ياساۋۇلبېگى جياۋ داجۇ، دوتەي ۋاڭ بىڭكۈن قاتارلىقلارنى رۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئەپۇ سوراش هەمدە جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ خوتەن ۋالىيسى تاڭ

يۈنجۈڭ، كېرىيە ھاكىمى شېن يۈڭچېڭ قاتارلىقلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، شيۇڭ گاۋ شېڭنى قاماققا ئالغانلىقىنى رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ئەمما چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا رازى بولمىدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتە چاررۇسىيە قەشقەر كونسۇلخانىسىدا تۇرۇۋاتقان 300 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى ئەۋەتىپ قەشقەر كوناشەھەرگە باستۇرۇپ كىردى ھەمدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئىغۋاگەرچىلىك پەيدا قىلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنى ئۈچ مىڭ كىشىگە يەتتى. 9 - ئايغا كەلگەندە رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن برۇنىس مەجبۇرەن خوتەن، چىرا، كېرىيە قاتارلىق جايلارغا كېلىپ سېيىت ھاجى كۆرسىتىپ بەرگەن تىزىملىك بويىچە يەرلىك دائىرىلەردىن سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىق 178 كىشىنى قولغا ئېلىش ۋە قەشقەرگە ئاپىرىپ سوتلىشنى تەلەپ قىلدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە تىز پۈككەن ئەھۋال ئاستىدا خوتەن يەرلىك دائىرىلىرى شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى سۇپۇرگىئاخۇن قاتارلىق 178 كىشىنى كېرىيىدىن باشلاپ قولغا ئالدى. برۇنىس سۇپۇرگىئاخۇن باشچىلىقىدىكى 67 كىشىنى بىرىنچى دەرىجىلىك جىنايەتچىلەر، قاسىمئاخۇن باشچىلىقىدىكى 57 كىشىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك جىنايەتچىلەر، ئابدۇكېرىمئاخۇن باشچىلىقىدىكى 54 كىشىنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك جىنايەتچىلەر دەپ ئاتىدى.

بۇ 178 كىشىنىڭ ئارىسىدا چىرىدا تىجارەت قىلىدىغان ۋاڭ ۋە شېن فامىلىلىك ئىككى خەنزۇ سودىگەر بار ئىدى. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ۋاڭ جاڭگۇيدە ۋە شېن جاڭگۇيدە دەپ ئاتايتتى. برۇنىس ۋاڭ ۋە شېن دېگەنلەرنى قىلىچ

ۋە قورال كۆتۈرۈپ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى ئۆگزىگە چىقىپ باشلامچىلىق بىلەن ئوت قويغان، دەپ ئەيىبلىدى㉘.
1913 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى «چىرا ۋەقەسى» دەۋاسى قەشقەردە سوت قىلىندى. روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوف شەخسەن سوتقا قاتناشتى.
سوت باشلانغاندىن كېيىن سوپۇرگىئاخۇن سىيىت ھاجىنىڭ چىرا كەنتىدىكى قىلمىشلىرىنى مەردانىلىك بىلەن بىر ـ بىرلەپ پاش قىلدى. جاۋابكار دەپ ئەيىبلەنگەن سوپۇرگىئاخۇن بۇ ۋاقىتتا ئەمەلىيەتتە دەۋاگەر بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا سوكوف سوپۇرگىئاخۇننىڭ گېپىنى بۆلۈپ: «سوپۇرگە سەن مەن گۇناھسىز دەۋاتىسەن، سەن قاراقچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ بىزنىڭ مۇھاجىرلىرىمىزدىن 30 نەچچە كىشىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردۈڭ. ئەجەبا سەن يەنىلا گۇناھسىزمۇ» دەپ سورىدى.
سوپۇرگىئاخۇن جاۋابەن: «كونسۇل جانابلىرى، چىرا كەنتىدە جۇڭگولۇق پۇقرالار ئارىسىدا بىر قېتىم ماجىرا بولغىنىنى بىلىمەن، ئادەم ئۆلگەنلىكىدىنمۇ خەۋىرىم بار. ئەمما بۇ رۇسىيە بىلەن مۇناسىۋەتسىز. سىز رۇسىيە مۇھاجىرلىرىدىن 30 نەچچە كىشى ئۆلدى دەۋاتىسىز. بۇنى بىز بىلمەيدىكەنمىز. بۇنداق ئىش بولغىنىمۇ يوق» دېدى.
سوكوف «چىرا ۋەقەسى» دە ئۆلگەن 30 نەچچە مۇھاجىرنىڭ ئىسىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇغاندىن كېيىن، سوتتىن بۇ 178 كىشىنىڭ 30 نەچچىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ قازا تاپقان 30 نەچچە رۇسىيە مۇھاجىرىنىڭ خۇنىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.
بۇ ۋاقىتتا سوپۇرگىئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ چىرىدا ياشاۋاتىمىز، چىرىدا ياشىغانلىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيمەن. سىز ئېيتقان بۇ ئەنجانلىقلار كىچىكىدىنلا چىرىدا چوڭ بولغانلار، ئۇلار قانداقتۇر رۇسىيە مۇھاجىرلىرى ئەمەس. ئىشەنمىسىڭىز مەن بىر

— بىرلەپ ساناپ بېرەي، ئاڭلاڭ» دېگىنىچە سوكوفقا ۋاكالىتەن ئۆلگەن مۇھاجىرلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئوقۇۋاتقان كىشىگە قولىنى چىنەپ تۇرۇپ قاتتىق ئاۋازدا: «سەنمۇ ئەنجانلىق ئەمەس. سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ئىسمى مەمەت . . . » دېدى.

سوكوف گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولدى ۋە غەزەپ بىلەن: «سۇپۇرگە، بۇ جاي سېنى سوتلايدىغان سوت، ياۋاش بول. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن سۇپۇرگىنىڭ ئۆيى جايلاشقان توفا كەنتىدىن مۇھاجىرىمىز سېيىت ھاجى تۇرۇۋاتقان ئۆيگىچە بولغان ئارىلىقنى جەزمەن ئۆلچەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇ رۇسىيە مۇھاجىرىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئوت قويدى، ئادەم ئۆلتۈردى. يەنە تېخى مەن گۇناھسىز، دەيدۇ» دېدى.

سۇپۇرگىناخۇن دەرھال رەددىيە بېرىپ: «سوكوف جانابلىرى توفا كەنتىدىن توغراق ئېگەي (سېيىت ھاجىنىڭ قېيناتىسىنىڭ قورۇسى) غىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنى ئۆلچىسەكمۇ بولىدۇ، ئۆلچىمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇ ئارىلىقنىڭ ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىلا جاي جۇڭگونىڭ زېمىنى، قانداقمۇ ئۇسۇپ كىردى دېگىلى بولسۇن؟ سېيىت ھاجى رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەن كىشى. ئۇ رۇسىيىنىڭ ئەنجان دېگەن يېرىدىن جۇڭگونىڭ چىرا دېگەن يېرىگە كېلىپ ئەسكىلىك قىلدى. شۇڭا مەنمۇ بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەشنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇ چىرا كەنتىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئىگىلىۋالدى، مىرابلىقنى تارتىۋالدى. غەللە ـ پاراق تۆكۈشنى رەت قىلدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ چىرىدا ياشاپ كەلگەن پۇقرالارنى رۇسىيە مۇھاجىرلىقىغا ئۆتۈشكە قىستىدى. كىم ئۇنىمىسا شۇنى كىشەنلەپ ئۇرۇپ ـ دۇمبالىدى. ئۆز ئالدىغا قورال ساقلاپ جۇڭگولۇقلارنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى

چىقتى. ئەجەبا بۇ جىنايەت ئەمەسمىكەن؟ سوكوف مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك، دەيدۇ. سېيىت ھاجى ئاۋۋال ئۇق چىقىرىپ جۇڭگولۇقلارنى ئۆلتۈرگەن. مېنىڭچە ئېتىلىدىغىنى مەن ئەمەس، نەق سېيىت ھاجى» دېدى㉙.

سۇپۇرگىنئاخۇننىڭ ھەربىر پىكرى ۋەزىنلىك، سالماق ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق بولغاچقا سوكوفنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى ۋە نەق مەيداندىلا «ئېتىراز بىلدۈردى». ئەمما ئۆزىنىڭ سوتنىڭ سۇپۇرگىنئاخۇننى جىمىقتۇرالمىغانلىقى ياكى سۇپۇرگىنئاخۇننىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى. ئارقىدىنلا سوكوف دېپلوماتىيە قائىدە ـ يوسۇنىغىمۇ قارىماستىن خەلقئئام ئالدىدىلا چىچاڭشىپ سوتتىن چىقىپ كەتتى.

بەختكە قارشى، سۇپۇرگىنئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ قەشقەر سوتىدىكى سوكوفنىڭ ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى ناھايىتى تېزلا يوەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ قولى بىلەن دەپنە قىلىنىۋېتىلدى. يوەن شىكەينىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن «چىرا ۋەقەسى» ئاساسىي جەھەتتىن روسىيىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلار ئىدى: بىرىنچى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى روسىيە تەرەپكە 70 مىڭ 406 سەر كۈمۈش تۆلەيدۇ، ئىككىنچى، تاڭ يوەنجۇڭ، شېن يۈچىڭ قاتارلىقلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئۈچىنچى، سۇپۇرگىنئاخۇن، شيوڭ گاۋشېڭ قاتارلىق كىشىلەرگە قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

شۇ يىلى 10 ئايدا جۇڭگو ـ روسىيە ئىككى تەرەپ «جۇڭگو ـ روسىيە چىرا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

«چىرا ۋەقەسى» جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى بولۇپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى

كۆرىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. بۇ بىر مەيدان كۆرەشتە چىرا خەلقى نامايان قىلغان تەۋرەنمەس ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغۇسى.

## پايدىلانمىلار

① «خەلپە» — ئۇيغۇر تىلىدا بىر تۈرلۈك ھۆرمەت نامى.

② بۇرھان شەھىدى: «قومۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 77 ـ بەت.

③ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

④ زاكىر نىياز: «تورپاقلار قوزغىلىڭى ۋە تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 13 ـ سان، 198 ـ بەت.

⑤ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، B توپلام 3 ـ، 7 ـ بەتلەر.

⑥ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، B توپلام، 12 ـ بەت».

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 2 — 3 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىدىكى كىتاب، 3 — 4 ـ بەتلەر.

⑨ يۇقىرىدىكى كىتاب، 8 ـ بەتلەر.

⑩ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 13 ـ سان، 204 ـ بەت.

⑪ «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 79 ـ بەت.

⑫ سەيپىدىن ئەزىزى: «تۆمۈر داستانى»، 1 ـ قىسىم (ئۇيغۇرچە) مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، 108 ـ بەت.

⑬ «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا دائىر مۇھىم بايانلار»، «قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى رۇسىيىلىكلەرگە دائىر ئارخىپ ماتېرىياللار».

⑭ «ماكارتنىي قەشقەردە»، «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 185 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

⑮ «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ‹چىرا كەنتى ۋەقەسى› نى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 82 — 85 ـ بەتلەر.

⑯ «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 85 ـ بەت.

⑰ «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 85 ـ بەت.

⑱ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 1 — 8 ـ بەتلەر.

⑲ «‹چىرا كەنتى ۋەقەسى› نى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 88 ـ بەت.

⑳ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

㉑ يۇقىرىدىكى كىتاب، 91 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 92 ـ بەت.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 184 — 185 ـ بەتلەر.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 93 ـ بەت.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 96 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 97 ـ بەت.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 88 ـ بەت.

㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 100— 103 ـ بەتلەر.